
يارمۇھەممەت تاھىر تۇغلۇق



# يۇسۇپ خاس ھاجىپنىڭ ئائىلە تەربىيىسى

«قۇتادغۇبىلىك» تەتقىقاتى II

شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى نەشرىياتى

يۇسۇپ خاس ھاجىپنىڭ ئائىلە تەربىيىسى

شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى نەشرىياتى

مۇقاۋىنى لايىھىلىگۈچى: نۇرمۇھەممەد ئۆمەر ئۇچقۇن

## پەرزەنتلىرىمىز ئەقىدىلىك، خاراكتېرلىك ئادەم بولسۇن

ئەسسالامۇ ئەلەيكۇم، ھۆرمەتلىك ئاتا- ئانىلار، مەن بەش يىل بۇرۇن «ئۇيغۇرلاردا پەرزەنت تەربىيىسى» دېگەن قوللانمىنى جەمئىيەتكە سۇنغانىدىم. بۇ قېتىم يەنە بۇ ئەسىرىمنى پەرزەنتلىرىمىزنىڭ بەخت- سائادىتى ئۈچۈن سىلەرنىڭ پايدىلىنىشىڭلارغا سۇندۇم. يۇقىرىقى كىتابلىرىمنى ئەستايىدىل ئوقۇپ، ئۇنىڭ روھى بويىچە پەرزەنت تەربىيىلىسەڭلار چەتئەلنىڭ پەرزەنت تەربىيىسىگە ئائىت كىتابلىرىغا ھاجىتىڭلار چۈشمەيدۇ. چۈنكى بۇ كىتابلىرىمغا سىڭدۈرۈلگەن روھ خەلقىمىزنىڭ ئۇزۇن ئەسىرلەر داۋامىدا يەكۈنلىگەن ئەڭ ئىلغار تەلىم- تەربىيە ئەندىزىسىگە ۋەكىللىك قىلىدۇ.

ئۈچقاندەك تەرەققىي قىلىۋاتقان بۈگۈنكى رىقابەت دۇنياسىدا جەمئىيىتىمىز مەسئۇلىيەتچان، خاراكتېرلىك، ئەقىدىلىك، ياشاش روھىغا باي، ئۈمىدۋار، شەپقەتلىك ۋە قەھرلىك بىر ئەۋلاد ئىز باسارلارنى تەربىيىلەپ چىقىشقا مۇھتاج. پەرزەتلىرىمىزنىڭ تەگرى ئۆزىگە ئاتا قىلغان ئىنسانىي ئىقتىدارنى قانائەتلىنەرلىك جارى قىلدۇرۇش پۇرسىتىگە ئېرىشىپ، ھايات داستىخىنىدىن ئۆزىگە تېگىشلىك رىزقىنى تېپىپ يېيەلەيدىغان، خەلقىمىزنىڭمۇ كۆتكەن يېرىدىن چىقالايدىغان يارامىلىق ئادەم بولۇپ چىقىشى ھەربىرىمىزنىڭ يۈرەك ئارزۇسى. ۋەھالەنكى، تەربىيە قانداق بولسا نەتىجىسى شۇنداق بولىدۇ، پەرزەنتلەرنىڭ تەقدىر- ئىستىقبالىنى تەربىيىنىڭ مەزمۇنى، خاراكتېرى ۋە ئۇسۇلى بەلگىلەيدۇ. شۇڭا ئەۋلادلارنىڭ ۋە مىللەتنىڭ تەقدىرى ئاتا- ئانىلارنىڭ قولىدا، دېگەن يەكۈننىڭ ھەقىقەت ئىكەنلىكىگە ئىشىنىڭلار. خەلقىمىزگە خاراكتېرسىز، ئەقىدىسىز ئىلىم نوپۇزلۇقلىرى كېرەك ئەمەس، بەلكى خاراكتېرلىك، ئەقىدىلىك، مەسئۇلىيەتچان، تەلەپچان، يۈرەكلىك، جاسارەتلىك ھەم ئىلىملىك بولغان يۇقىرى ساپالىق ئەۋلادلار كېرەك.

ھۆرمەتلىك، كۆيۈملۈك ئاتا- ئانىلار، پەرزەتلىرىمىز مۇقەددەس ئائىلە تەربىيىسى ۋە تەربىيىلىنىش ھوقۇقىدىن مەھرۇم بولۇپ قالمىسۇن. ئۇلارنى بۇ پۇرسەتتىن مەھرۇم قىلساڭلار، پەرزەنتلىرىمىزنىڭ بەختسىزلىكى ۋە مەنىۋىي تراگېدىيىسىگە كىم مەسئۇل بولار!؟


20 يۈەن

ISBN 7-5631-2078-5

ISBN 7-5631-2078-5
（民文）定价（两本）：40.00 元


9 787563 120789

www.uyghurkitap.com



قۇتادغۇبىلىكشۇناس، پېداگوگىك يارمۇھەممەت تاھىر تۇغلۇق ئەپەندى
2007- يىل فېۋرالدا ئائىلىسىدىكىلەر بىلەن بىللە

يارمۇھەممەت تاھىر تۇغلۇق



# يۈسۈپ خاس ھاجىپنىڭ ئائىلە تەربىيىسى

«قۇتادغۇبىلىك» تەتقىقاتى II

شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى نەشرىياتى

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

图书在版编目(CIP)数据

《福乐智慧》研究/亚尔买买提·塔依尔著—乌鲁木齐:新疆大学出版社, 2006.12
ISBN 7—5631—2078—5

Ⅰ. 福…　Ⅱ. 亚…　Ⅲ. ①维吾尔族—叙事诗—文学研究—中国—古代—维吾尔语（中国少数民族语言）
Ⅳ. I207.22

中国版本图书馆 CIP 数据核字（2006）第 147476 号

责任编辑:帕力塔洪·艾吾拉洪
责任校对:克龙木·吐尔逊
封面设计:努尔买买提·乌买尔

《福乐智慧》研究

（下）

**龙素甫·哈斯·哈吉甫的家庭教育**

亚尔买买提·塔依尔　著

新疆大学出版社出版
（乌鲁木齐市胜利路 14 号　邮编:830046）
新华书店经销
乌鲁木齐市嘉华印务有限公司印制
开本:787×1092 毫米　1/32　13.875 印张　插页:2
2006 年 12 月第 1 版　2007 年 2 月第 1 次印刷
印数: 0001—5000 册

ISBN 7—5631—2078—5　总定价:40.00 元
定价:20.00 元

# مۇندەرىجە


مۇقەددىمە يوقاتقان ئەڭگۈشتەرنى ئىزدەش يولىدا ............ 1

**بىرىنچى باب ئۇيغۇرلاردا ئائىلە تەربىيىسىنىڭ قەدىمىيلىكى ۋە ئۇنىڭ «قۇتادغۇبىلىك» تىكى راۋاجى** ........ 20

1. ئىنسان تەبىئىتى ۋە ئائىلە تەربىيىسى ........ 20
2. «قۇتادغۇبىلىك» — 11 - ئەسىردىكى ئۇلۇغ پېدا- گوگىكىلىق ئەسەر ........ 30
3. مىللەتنىڭ ۋە پەرزەنتلەرنىڭ تەقدىرى ئانىلارنىڭ قولىدا ........ 41

**ئىككىنچى باب ئىجتىمائىي مۇھىت ۋە ئائىلە شارائىتى پەرزەنت تەربىيىسىنىڭ ياخشى دەرسخانىسى** ........ 53

1. يۈسۈپ خاس هاجىپ تەربىيىلەنگەن ئىجتىمائىي شا- رائىت ۋە ئائىلە مۇھىتى ........ 55
2. تەبىئەت، ئويۇنلار قوينىدا يېتىلگەن خاراكتېر ۋە پاراسەت ........ 69
3. باللارنى تونۇر بېشىدىن دۇنياغا يۈزلەندۈرۈش ۋە خاراكتېر يېتىلدۈرۈش ........ 85

**ئۈچىنچى باب چوڭقۇر ئەقىدە، يارقىن خاراكتېر بىلەن يۇغۇ- رۇلغان هايات** ........ 96

1. هاياتقا ۋە بەختكە تەلپۈنگەن ئەقىدە ........ 96
2. يارقىن خاراكتېر ئۇنى مەردلىككە، سەمىمىيلىككە چاقىرغان ........ 101
3. چوڭقۇر ئەقىدە ئۆلۈمنى مەنسىتمەسلىككە ئۆگەتكەن ........ 106

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

4 . مىللىي مەدەنىيەتكە بولغان ئەقىدىدىن چاقنىغان نۇر ........................................ 111
5 . ۋەتەنپەرۋەرلىك ۋە مىللىي غۇرۇر تەربىيىسى ...... 112
**تۆتىنچى باب پەرزەنت تەربىيىلەش ئۇقتىدارى ئائىلە باشقۇرۇش ئۇقتىدارىنىڭ ئەڭ مۇھىم تەلىپى** .................. 119
1 . ئاتا ـ ئانىلار پەرزەنتلىرىنى ئۆز قولى بىلەن تەربىيىلەش تەلىپى ................................ 119
2 . پەرزەنتلەرنى ئاتا-ئانىلار ئۆز قولى بىلەن تەربىيىلەشنىڭ بەزى شەرتلىرى ............................ 128
**بەشىنچى باب مېھرىبانلىق ئارقىلىق مېھرىبانلىقنى، ۋاپادارلىق ئارقىلىق ۋاپادارلىقنى يېتىلدۈرۈش** ............... 138
**ئالتىنچى باب ھاياتنى، تۇرمۇشنى، دۇنيانى سۆيۈشكە ئۈگەتكەن** ............................................................ 159
**يەتتىنچى باب قانائەتچانلىقنى يېتەكلەش بەخت تەربىيىسىنىڭ مۇھىم ھالقىسى** ................................................ 191
1 . قانائەتچانلىق تەربىيىسى پەرزەنتلەرنى بەختكە، پەزىلەتكە يېتەكلەيدۇ ................................... 193
2 . قانائەتسىزلىك تەربىيىسى تەرەققىياتقا تۈرتكە بولىدۇ، مەسئۇلىيەتچانلىققا ئۈگىتىدۇ ................ 219
**سەككىزىنچى باب پەرزەنتلەرنى كىچىكىدىن باشلاپ مۇۋەپپەقىيەت قازىنىشقا رىغبەتلەندۈرۈش**.............................. 229
1 . بالا كىچىكىدىن باشلاپلا چىڭ تۇتۇلۇشى كېرەك ... 231
2 . بالىلارغا ئىشەنچ ۋە ئۈمىد بېرەيلى ................ 236
3 . پەرزەنتلەرگە ئىلىم ـ ھۈنەر ئۈگىتىش تەلىپى ... 245
4 . ۋاقىتنىڭ قەدىر ـ قىممىتى ھېس قىلدۇرۇلمىغان بالا مەڭگۈ مۇۋەپپەقىيەت قازىنالمايدۇ ............ 254
**توققۇزىنچى باب بەختكە ئېرىشىش ۋە بەھرىمەنلىك تەربىيىسى** ........................................................................ 260
1 . پەرزەنتلەر ئۆزىنىڭ بەختى بىلەن بىللە يارىتىلغان-

لىقىنى ھېس قىلسۇن ........................ 261
2. ياخشىلىق قىلىپ ياخشى نام قالدۇرۇشقا ۋە بەخت-
لىك بولۇشقا رىغبەتلەندۈرۈش ........................ 266
3. بەختنىڭ تېگى مېھنەت ........................ 273
4. پەرزەنتلەر بەختنىڭ نېمە ئىكەنلىكىنى ھەقىقىي
ھېس قىلسۇن........................................ 276
ئونىنچى باب ئۆرپ - ئادەت، قائىدە - يوسۇن تەربىيىسى ... 279
1. سالاملىشىش قائىدىسى توغرىسىدىكى ساۋاتلار...... 280
2. ئاممىۋى سورۇندىكى ئەدەپ - قائىدە ساۋاتلىرى ... 288
3. يۈسۈپ خاس ھاجىپ مۇنتىزىم قائىدە - يوسۇن
بىلەن يېتىلگەن ئالىم ئىدى ........................ 295
ئون بىرىنچى باب پەزىلەت تەربىيىسى ........................ 322
1. نەسىھەت ئائىلە تەربىيىسىنىڭ مۇھىم ئۇلگىلىرىدىن
بىرى ........................................ 325
2. ئەقىدە تەربىيىسى پەزىلەت تەربىيىسىنىڭ يادروسى
........................................................ 327
3. مال - دۇنياغا كۆپ ھېرىسمەن بولما، ياخشى-
لىقنىڭ بەندىسى بول ........................ 331
4. ياخشى قىلىقلىق، دۇرۇس خۇلقلىق بولۇشقا ئۆ-
گىتىش ........................................ 340
5. ئۆزۈڭ ياخشى بول، ياخشىلارغا قوشۇل، يامانلاردىن
نېرى بول ........................................ 344
6. ئۆزگە پۇختا بولۇش، سىر ساقلاش تەربىيىسى ... 349
7. سەۋرلىك ۋە ئېغىر - بېسىق، شېرىن تىللىق بو-
لۇشنىڭ خاسىيىتى........................................ 354
8. باللارنى راستچىللىق ۋە سەمىمىيلىككە ئۆگىتىش
تەلەپلىرى ........................................ 360
9. كەمتەر بولۇش، تەكەببۇر بولماسلىققا ئۆگىتىش ... 365

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

10. ھاراقتا ۋە زىناغا يېقىن بارماسلىق ھەققىدىكى تەربىيە ...... 372

11. ئاتا ـ ئانىلار پەرزەنتلىرىگە پەزىلەتتە ئۈلگە بولۇش كېرەك ...... 375

ئون ئىككىنچى باب تىل مەدەنىيىتى ۋە سۆزلىشىش ئەدەپلىرى تەربىيىسى ...... 380

ئون ئۈچىنچى باب ئائىلە باشقۇرۇش ئىقتىدارىنى يۇقىرى كۆتۈرۈش پەرزەنتلەرنىڭ ئاتا ـ ئانىسىنىڭ ئۈستىدىكى ھەقلىرىنىڭ بىرى ...... 401

ئون تۆتىنچى باب پەرزەنتلەرنىڭ دۇنيادىن بەھرىلىنىش ھوقۇقىنى قولىغا بېرەيلى ...... 427

# مۇقەددىمە

## يوقاتقان ئەڭگۈشتەرنى ئىزدەش يولىدا

مۇھەممەد مۇستاپا سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق بىر مەشھۇر گەپنى قىلغان: «مۇئمىن ئۆزى يوقىتىپ قويغان ھېكمەت گۆھىرىنى قەيەردىن تاپالىسا تېپىشقا ھەقلىق». مەن بۇ ھېكمەتلىك سۆزنىڭ ئىلھامى بىلەن پارلاق ھەم خۇنۇك، يارقىن ھەم جاھالەتلىك، كومېدىيىلىك ھەم تراگېدىيىلىك، مۇۋەپپەقىيەتلىك ھەم مەغلۇبىيەتلىك، كۈلكىلىك ھەم ئازابلىق، سائادەتلىك ھەم قاباھەتلىك تارىخىمىزنىڭ يىراق ئۆتمۈشىگە نەزەر سالدىم. بىز زادى قانداق ھېكمەت گۆھىرىنى يوقىتىپ قويغانىدۇق، دېگەن مەسىلە ئۈستىدە خېلى كۆپ ئويلاندىم. ئىنسانىيەت تارىخىدا شۇنچە شانلىق مەدەنىيەت ئۇتۇقلىرىنى بارلىققا كەلتۈرگەن، دۇنيانىڭ شەرقىدە شەرق بىلەن غەربنى بىر - بىرىگە تۇتاشتۇرىدىغان ئالتۇن كۆۋرۈك بولۇپ رول ئوينىغان، «قاچان ئۇنى ئۇيغۇر دەپ تونۇسا ئۇلۇغلۇق شۇنىڭغىلا تېگىدۇ، ئۇنىڭدىن باشقىسىغا ئاشمايدۇ» (مەھمۇد قەشقەرى) دەپ قەدىرلىنىپ ئۇلۇغلۇق تاجىنى كىيگەن مۇنەۋۋەر مىللەت 13 - ئەسىردىن تاكى 20 - ئەسىرگە قەدەر بولغان سەككىز ئەسىر مۇساپىدە نېمە ئۈچۈن يارا - يارا قەددى پۈكۈلۈپ، زەئىپلىشىپ دۇنيادىكى مەدەنىيەتلىك مىللەتلەر قاتارىدىن شاللىنىپ كەتكەندۇ، دەپ ئويلىنىپ قالدىم. بىر قىسىم تەتقىقات ئەسەرلىرىدە قەدىمكى مەركىزىي ئاسىيادىن ئۆتىدىغان خەلقئارا كارۋان يولىنىڭ دېڭىزغا يۆتكىلىشى بىلەن بۇ چوڭ قۇرۇقلۇق چۆلدىرەپ قالدى، شۇنىڭ

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

بىلەن ئۇيغۇرلار دۇنيا مەدەنىيىتى بىلەن ئۇچرىشىش پۇرسىتىدىن
مەھرۇم بولۇپ قالدى، دەپ باھا بېرىلدى. بىراق مېنىڭ رايىم بۇ
خىل يەكۈنگە قوشۇلۇشقا قەتئىي يول قويمايتتى. ئەجەبا ئۇيغۇلار-
نىڭ ھاياتقا، ئىجتىمائىي تەرەققىياتنىڭ قەدىمگە ماسلىشىش ئىقتىد-
دارى يوق مىللەتمۇ، ئەگەر ئۇلاردا ھەر خىل تەبىئىي ۋە ئىجتىمائىي
ئۆزگىرىشلەرگە ماسلىشىش ئىقتىدارى بولمىسا شۇنچە ئۇلۇغ مەدە-
نىيەت مۆۋەپپەقىيەتلىرىنى يارىتالىشى كىلتۇرەلەيتتىمۇ، ئۇنىڭ ئۈس-
تىگە ئۇيغۇرلار مىلادىيىدىن خېلى بۇرۇنلا كېمىنى ئىختىرا قىلىپ
دېڭىز قاتنىشىنى باشلىغان ئىدى. شۇنداق ئەۋزەللىككە ئىگە تۇرۇپ
نېمە ئۈچۈن قۇرۇقلۇقتىن ئۈزۈلۈپ قالغان مەدەنىيەت رىشتىسىنى
دېڭىز يولى ئارقىلىق ئۇلىيالمىدى؟ يەنە بەزى مۆلاھىزىلەردە ئۇي-
غۇرلار ئىسلام دىنىغا ئېتىقاد قىلغانلىقى سەۋەبلىك مەدەنىيەت جە-
ھەتتە ئارقىدا قالدى، دېگەن پىكىرنىمۇ قىلىشتى. ئەگەر مەسىلىگە
شۇنداق قارايدىغان بولساق، ھالقىلىق نۇقتىدا خاتا يەكۈن چىقارغان
بولىمىز. ئىسلامىيەتتىن بۇرۇن جاھالىيەتتە قالغان قالاق، مەدەنى-
يەتسىز، خاراكتېرى تولىمۇ تۇتۇرۇقسىز بەدەۋى ئەرەبلەرنى مەدەنى-
يەتلىك، پەزىلەتلىك مىللەتكە ئايلاندۇرغان روھ ئىسلام ئېتىقادى
ئەمەسمىدى، ئىسلامىيەتتىن بۇرۇنقى ئەرەب يېرىم ئارىلى بۆلۈ-
نۈش، پارچىلىنىش ھالىتىدە تۇرغان. ئۇ پۈتۈنلەي ئۇرۇش - جېدەل
بىلەن تۈرىدىغان، قىز بوۋاقلىرىنى تىرىك كۆمىدىغان، ئاتىسى
ئالغان ئايالىنى خوتۇنلۇققا ئېلىشتىن ھايا قىلمايدىغان ۋە شۇنىڭغا
ئوخشاش نۇرغۇن ئىنسانلىققا يات بولغان قەبىھ قىلمىشلارغا ئىگە
بىر خەلق ئىدى. قەبىلىلەر ئوتتۇرىسىدىكى پەرق ئىنتايىن چوڭ
بولۇپ، قۇلدارلار قۇللارنى ئادەم ئورنىدا كۆرمەيتتى. ئىسلام دىنى
بۇ ئۇرۇشقاق تارقاق مىللەتنى بىر بايراق ئاستىغا ئۇيۇشتۇردى،
بۇرۇنقى بەدەۋى ناچار ئادەتلىرىنى تۈگىتىپ پەزىلەتلىك، بىر -
بىرىگە ياردەم بېرىدىغان، مېھرىبان بىر مىللەتكە ئايلاندۇردى. شۇ-
نىڭ بىلەن بىرگە، نۇرغۇن ئالىي بىلىم يۇرتلىرى قۇرۇلۇپ دۇنياغا

مەشھۇر ئالىملارنى يېتىشتۈردى. شۇنداق قىلىپ ئەرەبلەر نەچچە ئەسىر دۇنيا مەدەنىيىتىنىڭ ئالدىنقى قاتارىغا ئۆتكەن ئىدى.

ئۇيغۇرلار مىلادىيە 950 - يىللىرى ئىسلام دىنىنى قوبۇل قىلدى. ئىسلام دىنىنى قوبۇل قىلىشى ئۇيغۇرلارنىڭ مەدەنىيەتلىك دەرىجىسىنى بىر بالداق يۇقىرى كۆتۈردى، مانا شۇ ئىسلام دىنىنىڭ مەنىۋى تۈرتكىسىدىن ئۇيغۇرلار 11 - ئەسىردىكى ئەدەبىي ئويغىنىش دەۋرىنى كۈتۈۋالدى. مىللەت سىياسىي، ئىقتىسادىي ۋە مەدەنىيەت جەھەتتە يۈكسەلدى، خەلقنىڭ ئۇنىۋېرسال ساپاسىدا زور يۈكسىلىش بولدى، ئىشلەپچىقىرىش كۈچلىرى تەرەققىي قىلدى، ئىشلەپچىقىرىش ئۇسۇلىدىمۇ زور يېڭىلىنىشلار بارلىققا كەلدى، بىز «تۈركىي تىللار دىۋانى» دىن ئۇيغۇرلارنىڭ ماددىي مەدەنىيەت جەھەتتىكى نەتىجىلىرىنىڭ سىيماسىنى كۆرسەك، «قۇتادغۇبىلىك» تىن مەنىۋى مەدەنىيەت جەھەتتىكى تەسەۋۋۇر قىلغۇسىز پارلاق بىلىش نەتىجىلىرىدىن ۋاقىپ بولالايمىز. دۇنيا مەدەنىيەت تارىخىدا كەم ئۇچرايدىغان مۇنداق بۈيۈك مەدەنىيەت ئۇتۇقلىرىنىڭ قانداق مەدەنىيەت ئارقا كۆرۈنۈشى بارلىقىدىن ھەيران قالىمىز، مەھمۇد قەشقىرى بىلەن يۈسۈپ خاس ھاجىپنىڭ روھى، خاراكتېرى ۋە ئەقىدىسىنى كۆرگەندەك بولىمىز. ئۇ بىر ھاياتىي كۈچكە، ئۈمىدۋارلىققا توشقان روھ، تەۋرەنمەس ئىرادە، يۈكسەك مىللىي غۇرۇر بىلەن سۇغىرىلغان خاراكتېر، پاك، ئالىيجاناب ئەقىدە بىلەن يوغۇرۇلغان ئىنسان تەبىئىتى ئىدى.

مىللەت خاراكتېرىنىڭ زەئىپلىشىشى، روھىنىڭ ئۆلۈشكە ئۇلارنىڭ سىياسىي ئورنىدىن مەھرۇم بولۇشى بىلەن ئىقتىسادىي نامراتلىق سەۋەب بولغانمۇ؟ بۇ ھايات قانۇنىيىتىگە ئۇيغۇن ئەمەس، چۈنكى ھاكىمىيەت ۋە ئىقتىسادىي ئامىل مىللەتنىڭ خاراكتېرىگە، مىللىي روھىغا تەسىر قىلىدىغان ماھىيەتلىك سەۋەب بولالمايدۇ. ئەكسىچە، خاراكتېرنىڭ زەئىپلىشىشى ۋە روھىنىڭ ئۆلۈشى سىياسىي ۋە ئىقتىسادىي جەھەتتىكى ئورنىدىن مەھرۇم بولۇشىنىڭ ئاسا-

www.uyghurkitap.com

سىي ئامىلى بولىدۇ. سىياسىي، ئىقتىسادىي جەھەتتىكى نامراتلىقنىڭ ئاسارىتىدىن قۇتۇلۇش ئوڭاي، بىراق مەنىۋى نامراتلىقنىڭ بويۇنتۇرۇقىدىن قۇتۇلماق تولىمۇ تەس. ئەگەر روھىي نامراتلىق بىلەن خاراكتېر زەئىپلىكى بولمىغاندا مەركىزىي ئاسىيادىن ئىبارەت شۇنچە مۇنبەت، باي تۇپراقتا نامراتلىققا چۈشۈپ قېلىشنى ئەقىل قوبۇل قىلالمايدۇ.

ئۇنداق بولسا، بىزنىڭ ئەجدادلىرىمىز 800 يىل داۋامىدا قولدىن بېرىپ قويغان ئەڭ قىممەتلىك ئەڭگۈشتەر نېمە؟ ئۇلار شۇنچە ئۇزۇنغا سوزۇلغان روھىي قۇللۇق ئىسكەنجىسىدە تۇرۇپ يەنىلا مەۋجۇتلۇقىنى ساقلاپ قالغان كۈچ نەدىن كەلگەن؟ بۇنى ئومۇملاشتۇرغاندا، مۇنداق ئىككى سۆزگە مەركەزلەشتۈرۈپ بايان قىلىش مۇمكىن. بىرى، مىللەت تەربىيىلىنىش پۇرسىتىدىن ئاساسەن مەھرۇم بولدى، مىللەتنى تەشكىل قىلغان ئاھالىنىڭ مۇتلەق كۆپ قىسمى نەچچە ئەسىر ساۋاتسىز، ئاڭسىز قېلىشتەك مەنىۋى تراگېدىيىگە يولۇقتى. يەنە بىرى، قىسمەن تەلىم - تەربىيە يۆنىلىشى ۋە مەزمۇنىمۇ خاتا بولدى. تەربىيىسىزلىكتىنمۇ كۆرە ھاياتنىڭ قانۇنىيىتىگە مۇخالىپ خاتا تەربىيىلىنىپ قېلىنىشنىڭ كەلتۈرىدىغان زىيىنى ئىنتايىن دەھشەتلىك ۋە قورقۇنچلۇق بولىدۇ، شۇڭا مىللەت ئالدىغا ئەمەس، بەلكى ئىزچىل كەينىگە، دەۋرنىڭ قارشى يۆنىلىشىگە قاراپ ماڭدى ياكى چېكىندى. ئەقىل نۇرىمۇ بارا - بارا خىرەلەشتى، روھى ئۆلدى، مىللىي خاراكتېرىمۇ زەئىپلەشتى. قانۇنىيەت شۇكى، ئەقىلمۇ، روھمۇ پەرۋىش قىلىشتىن نۇرلىنىدۇ، خاراكتېرمۇ پەرۋىشتىن كۆكلەيدۇ ۋە زورىيىدۇ، تەربىيىسىز قالسا ئەقىلمۇ تەرەققىي قىلمايدۇ، روھ ئۆلىدۇ، خاراكتېرمۇ سۇسلىشىدۇ. خاتا تەربىيىچۇ؟ ئۇ خۇددى قاغجىراپ يامغۇرغا تەشنا بولۇۋاتقان دەرەخنى سۇ بىلەن سۇغارمىغاننىڭ ئۈستىگە، ئۇنىڭ يىلتىزىغا تۇز كىسلاتاسى قۇيغاندەكلا قۇرۇپ قاقشال بولۇپ قالىدۇ.

يۈسۈپ خاس ھاجىپ 11 - ئەسىردىلا تەلىم - تەربىيە بىلەن

ئىنسانىي كامالەتنىڭ، بىلىم بىلەن ئەقىلنىڭ مۇناسىۋىتىنى ئىنتا-يىن ئىلمىي ئاساستا يورۇتۇپ بەرگەن. خاتا تەربىيىنىڭ كەلتۈرىدى-غان ئاپىتىنىمۇ ئەسكەرتىپ ئۆتكەن ئىدى. ئۇ تەربىيىسىز قالغان ئادەمنى «تىرىك ئۆلۈك»، «كېسەلمەن زەئىپ»، «هايۋان» دېگەن-گە ئوخشاش سۈپەتلەر بىلەن سۈپەتلىگەن. «تىرىك ئۆلۈك» دېگىنى روھى ئۆلگەن تىرىك جەسەت دېگەن مەنىنى بېرەتتى، خاراكتېرسىز گەۋدىنى كېسەلمەن زەئىپ ئادەمگە ئوخشاتقان ئىدى، يۈسۈپ خاس هاجىپ يەنە ئىنساننىڭ ئۇلۇغلۇقى ئاللانىڭ ئۇنىڭغا ئەقىل ئاتا قىلغانلىقىدا، دەپ قارايدۇ. بىراق مانا شۇ ئەقىل چىرىغىنىمۇ بىلىمسىز يورۇتالمايدىغانلىقىنى يەكۈنلەيدۇ، يەنى: «ئەقىل بەدەن-دىن ئىبارەت قاراڭغۇ ئۆيدىكى چىراغ، بىراق ئەقىل چىرىغى هەر-گىز بىلىمسىز يورۇماس (1840)».[①] ئەپسۇسكى، كېيىنكى ۋا-قىتلاردا ئەقىلنىڭ رولىغا ئېتىبار بېرىلمىدى، ئەقىلنى تەرەققىي قىلدۇرۇش يوللىرى ئۇستىدە ئىزدىنىش ئاز بولدى. مەن شۇنىڭدىن تولىمۇ ئەجەبلىنىمەنكى، ئىسلام دىنىمۇ ئەقىلگە يۇقىرى ئىمتىياز ئاتا قىلغان، ئەقىلگە يۈكسەك قەدىر - قىممەت نەسەبىنى بەرگەن دىن. ئەقىلنى ئاللا ئاتا قىلغان ئەڭ كاتتا نېمەت دەپ تونۇيدىغان، ئۇنى ئوقۇپ بىلىم ئېلىش، ئەتراپلىق تەربىيىلىنىش ئارقىلىقلا تاكامۇللاشتۇرغىلى بولىدىغانلىقى توغرىسىدا روشەن دەۋەت ۋە بېشە-رەتلەرگە ئىگە بولۇپ تۇرۇقلۇقمۇ، يەنىلا ئەقىل چىرىغىنى يورۇ-تۇشقا كۆڭۈل بۆلمىگەنلىكىنى ئويلاپ يەتكىلى بولمايدۇ. بۇنىڭدىن-مۇ ئۇيغۇر ئەۋلادلىرىنىڭ كېيىنكى دەۋرلەردە ئىنتايىن خاتا، ئاز-غۇن بىر تەربىيىنىڭ دامىغا چۈشۈپ كەتكەنلىكىنى تەسەۋۋۇر قىلغى-لى بولىدۇ.

«قۇرئان كەرىم» ئاللا يارانقان كىشىلىك هاياتنىڭ ياشاش قانۇنىيەتلىرى يوچۇقسىز، ئېنىقسىز بايان قىلىنغان كىتاب. شۇن-

---

① يۇقىرىقى رەقەم ئارقىلىق كۆرسىتىلگەن سان «قۇتادغۇبىلىك» نەزمىلىرىنىڭ رەت نومۇرىنى كۆرسىتىدۇ.

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

داق تۇرۇقلۇق، مىللەت ئەسلىي قانۇنىيەتكە مۇخالىپ يول تۇتقاند-
لىقىنى، «قۇرئان كەرىم» كىشىلەر تەرىپىدىن خاتا شەرھلەنگەند-
لىكىدىن بولغان دەپ قاراشقا بولىدۇ. خۇددى، سۈرە راھمان
33 - ئايەتنىڭ مەزمۇنىنىڭ خەنزۇ تىلىدىكى تەرجىمىسى بىلەن
ئۇيغۇر تىلىدىكى تەرجىمىسىدە ئاسمان - زېمىن ماھىيەتلىك پەرق
كېلىپ چىققان. مۇھەممەد مۇجىيەن تەرجىمە قىلغان «قۇرئان
كەرىم» نىڭ خەنزۇچە تەرجىمە نۇسخىسىدىن «جۇڭگو مۇسۇلمانلى-
رى» ژۇرنىلىنىڭ 2000 - يىللىق 4 - سانىدا مالىيەن يازغان
«ئىسلام دىنى ئىلىم - پەننى تەشەببۇس قىلىپ خۇراپاتلىققا قارشى
تۇرىدىغان دىن» دېگەن ماقالىغا ئالغان مەزكۇر ئايەتنىڭ تەرجىمە-
سىنى: «ئەگەر سىلەر ئاسمانلارنىڭ ۋە زېمىنىنىڭ چېگرالىرىدىن
ئۆتۈپ كېتەلىسەڭلار ئۆتۈپ كېتىڭلار، سىلەر پەقەت قۇۋۋەت بىلەن
ئۆتۈپ كېتەلەيسىلەر»، (55 - سۈرە 33 - ئايەت) دەپ ئالغان
بولسا، مۇھەممەد سالىھ تەرجىمە قىلغان ئۇيغۇر تىلىدىكى تەرجىمە-
سىدە «. . . ئەگەر سىلەر (ئاللانىڭ قازاسىدىن قېچىپ) ئاسمانلا-
رنىڭ ۋە زېمىنىنىڭ چېگرالىرىدىن ئۆتۈپ كېتەلىسەڭلار ئۆتۈپ كې-
تىڭلار، سىلەر پەقەت قۇۋۋەت بىلەن ئۆتۈپ كېتەلەيسىلەر (لېكىن
سىلەرگە مۇنداق قۇۋۋەت قەيەردىن كەلسۇن) .» دېيىلگەن.
ئەسلىدە بۇ ئايەتنىڭ بېشىدىكى ۋە ئاخىرىدىكى ئايەتلەرنىڭ
مەزمۇنىدا ئاللانىڭ بەندىلىرىگە ئاتا قىلغان بۈيۈك نېمەتلىرى توغرى-
سىدا گەپ بولۇۋاتاتتى، يەنى 55 - سۈرىنىڭ 32 - ئايىتىدە:
«سىلەر پەرۋەردىگارىڭلارنىڭ قايسى نېمەتلىرىنى ئىنكار قىلىسىلەر»
دېگەن بولسا، 34 - ئايىتىدە يەنە تەكىتلەپ، يۇقىرىقى كەلىمىنى
قايتا تەكرارلايدۇ. ئەگەردە ئۇ ئايەتنىڭ مەنىسىنى ئۇيغۇر تىلىدا
تەرجىمە قىلىنغاندەك مەزمۇندا ئالغاندا قانداقمۇ مەنتىقىلىق باغلى-
نىش بولسۇن؟! بۇنىڭغا ئاساسلانغاندا، يۇقىرىقى ئايەتنىڭ مەنى-
سىدىنمۇ ئىنسانلارغا ئاتا قىلىنغان كۈچ - قۇۋۋەت ۋە بۇ
كۈچ - قۇدرەتكە ئىگە قىلىدىغان ۋاستىلەردىن بېشارەت بېرىۋاتات-

تى، يەنى قۇۋۋەت ئارقىلىق ئاسمان بىلەن زېمىننىڭ چېگراسىدىن ئۆتۈپ كېتەلەيسىلەر دەپ ئىلھام قىلىنۋاتاتتى. بۇ ئايەتنى: «تۆمۈرنى ياراتتۇق (تۆمۈردىن ئۇرۇش قوراللىرى ياسىلىدىغانلىقى ئۈچۈن) تۆمۈر كۈچ - قۇۋۋەتنى ئۆز ئىچىگە ئالغان. تۆمۈردە ئىنسانلار ئۈچۈن نۇرغۇن مەنپەئەتلەر بار»① دېگەن ئايەتتىكى «تۆمۈر كۈچ - قۇدرەتنى ئۆز ئىچىگە ئالغان» دېگەن ئىبارە ئىنسانلارغا ئۆلۈمنى ئەسلىتىش ئۈچۈن ئەمەس، بەلكى پەن - تېخنىكا ئارقىلىق ئاسمانلارغا چىقىپ ئاللا ئاتا قىلغان ھېكمەتلەرنىڭ سىرىنى ئېچىشقا دەۋەت قىلىنۋاتقانلىقىنى پەم قىلغىلى بولاتتى. يۇقىرىقى ئايەتلەرنىڭ مەنىسىنى يۇسۇپ خاس ھاجىپ ياشىغان 11 - ئەسىرلەردە ناھايىتى ياخشى چۈشەنگەن، شۇڭا يۇسۇپ خاس ھاجىپ ئىلىم - پەنگە تايانغاندا ئاسمانغا يول ئالغىلى بولىدۇ، دېگەن ئىلمىي تەسەۋۋۇرنى ئىشەنچ بىلەن دۇنياغا جاكارلىغان. بىراق، كېيىن ئوتتۇرا ئەسىرگە كەلگەندە بۇ ئايەت يۇقىرىقىدەك خاتا شەرھلىنىپ، ئىلىم - پەن ۋە تەرەققىياتقا ئىلھام بېرىۋاتقان، كۈچ - قۇۋۋەتكە دەۋەت قىلىنۋاتقان ئايەت پۈتۈنلەي ئەكسىچە ئۆلۈم ۋەھىمىسى مەنىسىدە تەپسىر قىلىنغان. ئەگەر يۇقىرىقى ئايەت توغرا تەپسىلىي شەرھلىنىدىغان بولسا، نەچچە كىتاب يېزىش مۇمكىن ئىدى. بىراق ئۇ دەۋرلەردە ئىلىم - پەننىڭ رولىغا ئەھمىيەت بېرىلمىگەنلىكى ئۈچۈن، كىشىلەر ئاسمانغا چىقىش ھەققىدىكى يۇقىرىقى بېشارەتنى تەسەۋۋۇرغا سىغدۇرالمىغان. نەتىجىدە، تۇنجى بولۇپ ئىلىم - پەنگە تايىنىپ ئاسمانغا چىقىشقا بولىدىغانلىقىدىن ئىبارەت ئىلمىي تەسەۋۋۇرنى 11 - ئەسىرلەردىلا دۇنياغا جاكارلىغان مىللەت، غەرب دۇنياسى ئاللا بۇرۇن ئىنسانلاردا ئۇچۇش تەسەۋۋۇرىنى رېئاللىققا ئايلاندۇرغان چاغلاردا، بۇ زېمىندىكى بەندىلەر تېخىچىلا قوتۇر ئېشەككە باغلىنىپ ياشاۋاتاتتى. بىز بۇنىمۇ خاتا تەربىيىنىڭ كاساپىتى دەپ قارايمىز.

---

① «قۇرئان كەرىم» مىللەتلەر نەشرىياتى 1987 - يىلى ئۇيغۇرچە نەشرى 57 - سۈرە ھەدىد 25 - ئايەت.

www.uyghurkitap.com

بىز ھازىرقى ئىلىم - پەننىڭ يۈكسەك تەرەققىيات تۈرتكىسىدە، ئىنسانلارنىڭ ئاسمانلارنىڭ چېگراسىدىن ھالقىپ كەتكەنلىكىنى كۆرگەندە، ئاندىن يۇقىرىقى بېشارەتلەرنىڭ ھەقىقىتىنى ھېس قىلىش پۇرسىتىگە ئېرىشتۇق.

يۈسۈپ خاس ھاجىپ ياشىغان ۋە تەربىيىلەنگەن 11 - ئەسىردىكى ئۇيغۇرلارنىڭ ئائىلە تۈزۈمى ۋە ئائىلە تەربىيىسى ھەرقانداق دەۋردىكىدىن ئىلغار ۋە ئىلمىي بولغانلىقىنى بىز «قۇتادغۇبىلىك» ئۆز ئىچىگە ئالغان ئائىلە تەربىيىسى ئىدىيىسىدىن روشەن كۆرۈش پۇرسىتىگە ئېرىشتۇق. ئۇنداق بولسا، ئۇيغۇر خەلقى قاراخانىيلاردىن كېيىن نېمە ئۈچۈن يۈسۈپ خاس ھاجىپ، مەھمۇد قەشقەرىدەك دۇنياۋى ئالىملارنى، شۇنداق مۇكەممەل ۋە كامالەتلىك ئىنساننى تەربىيىلەپ چىققان ئائىلە تەربىيىسى ئەنئەنىسىدىن، «قۇتادغۇبىلىك» ئەنئەنىسىدىن جۇدا بولۇپ قالغان بولغىيتتى؟ بىز ئەڭ ئەجەبلىنىدىغان ئىشنىڭ بىرى، ئۇيغۇر خەلقى ئۆزىنىڭ سىياسىي تارىخى ۋە مەدەنىيەت تارىخىدا بۇرۇلۇش خاراكتېرلىك يۈكسىلىشكە تۈرتكە بولغان ئىككى بۈيۈك ئالىم تۇرغۇزۇپ بەرگەن، لايىھىلەپ بەرگەن مائارىپ ئەندىزىسىدىن تامامەن يىراقلىشىپ كېتىپلا قالماي، بەلكى بۇ ئىككى ئالىمنىمۇ پۈتۈنلەي ئۇنتۇپ كەتكەندەك تۇرىدۇ. بىز قاراخانىيلاردىن كېيىنكى سەككىز ئەسىرلىك تارىخىي مۇساپىدە، بىرەر تارىخىي كىتابلاردا ياكى ئەدەبىي ئەسەرلەردە بولسۇن، بۇ ئىككى بۈيۈك زاتقا تېگىشلىك ئورۇن بېرىلمىگەنلىكىنى، مائارىپ، تەلىم - تەربىيە دەرسلىكلىرىدىن بۇ ئىككى ئالىمنىڭ ئۇلۇغ ئىدىيىسى تامامەن بوش قالدۇرۇلغانلىقىنى كۆردۇق. ئەسلىدە ئۇيغۇر ئىدېئولوگىيىسىگە ۋەكىللىك قىلىدىغان بۇ ئىككى ئەسەرنىڭ مائارىپ سەھنىسىدە مۆتىۋەر ئورۇنغا ئىگە بولالماسلىقى ئۇيغۇر ئىدېئولوگىيە تارىخىدىكى، جۈملىدىن مائارىپ تارىخىدىكى كەچۈرگىلى بولمايدىغان زور خاتالىق ئىدى. يەنە بىر تەرەپتىن، ئەگەر ئۇيغۇر خەلقى «قۇتادغۇبىلىك» ئەنئەنىسى ۋە روھىدىن جۇدا

بولۇپ قالمىغان بولسا، شۇنداق ئۇلۇغ بىر ئەڭگۈشتەرنى قولدىن بېرىپ قويماي، ئۇنىڭغا ئىزچىل ۋارىسلىق قىلغان بولسا، سەككىز ئەسىرلىك روھىي نامراتلىقنىڭ ئاسارىتىدە ئۇنداق تېنەپ - تەمتىرەپ، نىشانىنى يوقىتىپ قويمىغان بولاتتى، دەپ ئەپسۇسلىنىمىز.

بىز يۈسۈپ خاس ھاجىپ، مەھمۇد قەشقەرىنىڭ «قۇتادغۇبىلىك» بىلەن «تۈركىي تىللار دىۋانى» دۇنياغا كەلگەن دەۋردىن توققۇز ئەسىر كېيىنكى بىر تارىخىي باسقۇچتا ياشاۋاتقان ئەۋلادلىرى، دۇنيا ئۇ دەۋرلەرگە قارىغاندا ئاجايىپ زور تەرەققىياتلارغا ئېرىشتى. پەن - تېخنىكا ئىنسانىيەتنى زامانىۋى ئۇچۇر دەۋرىگە ئېلىپ كىردى. قانداقلا بولمىسۇن، ھازىرقى مەدەنىيەت دۇنياسىنى 11 - ئەسىرگە ھەرگىزمۇ سېلىشتۇرغىلى بولمايدۇ. بىراق بىز بىلەن تەرەققىي قىلغان دۇنيانىڭ ئوتتۇرىسىدا ئاسمان - زېمىن پەرق بار ئۇلار ئاسماندا بولسا، بىز تېخى يەردە، ئۇلار بۈگۈنگە ۋە كەلگۈسىگە مەنسۇپ بولسا، بىز تېخى تۈنۈگۈنگە مەنسۇپ، بىز ھەقىقىي بۈگۈنىمىزنى قۇرۇپ چىقىشتا ئاجىزلىق قىلدۇق ۋە تېخى ئۈلگۈرمىدۇق.

«قۇتادغۇبىلىك» بىلەن «تۈركىي تىللار دىۋانى» ئالدىنقى ئەسىرنىڭ 80 - يىللىرىدا ئالىملىرىمىزنىڭ زور تىرىشچانلىق كۆرسىتىشى بىلەن قايتىدىن تۇغۇلغاندەك ئۇيغۇر جەمئىيىتى بىلەن يۈز كۆرۈشتى، شۇنىڭدىن كېيىن بۇ ئەسەر توغرىسىدا خېلى كۆپ تەتقىقات ئەسەرلىرى مەيدانغا كەلدى. بىز بۇ ئەسەرلەرگە سىڭدۈرۈلگەن مەزمۇنلارنى كۆرگەندە ئۇنىڭ 11 - ئەسىردە مەيدانغا كەلگەنلىكىگە ئىشەنگۈمىز كەلمىدى. چۈنكى ئۇنىڭدىكى ئالڭ ھازىرقى ئۇيغۇرلارنىڭ ئېڭىدىن خېلىلا يۇقىرى ئىدى، چۈنكى ئۇ ئىككى ئالىم ئەسەرلىرىنى ئۆز دەۋرى ئۈچۈنلا ئەمەس، بەلكى ئەۋلادلىرى ئۈچۈن مەڭگۈلۈك قىممەتكە ئىگە بولۇشىغا چوڭقۇر ئىشەنگەن ئىدى. مەھمۇد قەشقەرى مۇنداق تىلەكلىرىنى ئوتتۇرىغا قويىدۇ: «ئەبەدىي يادىكارلىق ۋە پۈتمەس - تۈگىمەس بىر بايلىق بولۇپ قالسۇن

دەپ، ئاللاغا سىغىنىپ بۇ كىتابنى تۈزۈپ چىقتىم»، «مەن ئىشنى يېنىكلىتىش ۋە كىتابنى ئىخچام قىلىش ئۈچۈن، بۇ ئەسەرنى مەندىن بۇرۇن ھېچكىم ئىشلەتمىگەن ۋە ھېچكىمگە مەلۇم بولمىغان ئالاھىدە بىر تەرتىپتە تۈزۈپ چىقتىم. بۇ يازغان ئەسىرىم تەلەپكە ئۇيغۇن بولسۇن، پايدىلانغۇچىلارغا قوللانما بولغۇدەك بىر قىممەتكە ئىگە بولسۇن دېگەن نىيەت بىلەن بىرمۇنچە قائىدىلەرنى تۈزۈپ يېڭى - يېڭى ئۆلچەملەرنى قويدۇم. . . ئىلگىرىلەشنى خالىغۇچىلارغا توغرا نىشان كۆرسىتىپ كەڭ يول ئېچىپ بېرىش، يۈكسىلىش تىلىكىدە بولغۇچىلارغا شوتا قويۇپ بېرىش ئۈچۈن شۇنداق قىلدىم، جۈملىدىن تۈرك خەلقلىرىنىڭ كۆرگەن- بىلگەنلىرىنى ئىپادىلەيدىغان شېئىر ۋە قوشاقلىرىدىن، قايغۇلۇق ۋە خۇشاللىق كۈنلىرىدە ئېيتقان چوڭقۇر مەنىلىك ماقال - تەمسىللىرىدىن مىساللار كەلتۈردۈم، تاكى بۇنىڭدىن پايدىلانغانلار كېيىنكىلەرگە، ئۇلار ئۆزىدىن كېيىنكىلەرگە يەتكۈزسۇن. شۇنىڭ بىلەن بىللە، يەنە بىرمۇنچە قائىدىلەرنى كىرگۈزدۈم، شۇنداق قىلىپ، بۇ كىتاب يېڭىلىقلار بېرىشتە قىيامىغا، قىممەت ۋە گۈزەللىكتە پايانىغا يەتتى.»[1] مانا شۇ ئىشەنچ ۋە ئۇلۇغۋار ئارزۇ. يۈسۈپ خاس ھاجىپ مۇنداق تەۋسىيە قىلىدۇكى: «تىلىكىم سۆزلىرىمنى كېيىنكىلەرگە يادىكار قالدۇرۇش ئىدى.»، «ئەسىرىمگە «قۇتادغۇبىلىك» دەپ ئات قويدۇم، مەقسىتىم ئوقۇغۇچىنىڭ قولىدىن تۇتۇپ بەخت يولىغا يېتەكلىسۇن دېگەن نىيەت» (30 - بېيىتنىڭ مەزمۇنى).

ئەمدى بىز ئۆزىمىزگە سوئال قويۇپ باقساق بولىدۇ، ئۇيغۇرلارنى دۇنياغا تونۇتقان يۈسۈپ خاس ھاجىپ، مەھمۇد قەشقەرى ھەقىقەتەن بىزنىڭ بوۋىلىرىمىزمۇ؟ ئەگەر بۇنى ئېتىراپ قىلساق، بىز ئۇ بوۋىلىرىمىزنى قانچىلىك چۈشىنىمىز؟ ئۆزىمىزنىڭ ھازىرقى بىلىش سەۋىيىمىزنى بۇنىڭدىن مىڭ يىل بۇرۇن ياشىغان بوۋىلىرىمىزنىڭ

[1] شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى 1980 - يىلى نەشر قىلغان «تۈركىي تىللار دىۋانى» ئۇيغۇرچە نەشرى 1 - توم، 7 -، 8 - بەت.

بىلىش سەۋىيىسىگە سىڭىشتۇرساق، كىم ئۇستۇن ئورۇندا تۇرىدۇ-
غاندۇ؟ ئۇلار بىزنىڭ تەقدىر - ئىستىقبالىمىزغا كۆڭۈل بۆلۈپ،
ئۆمۈر بويى ئىزدىنىپ شۇنچە قىممەتلىك يادىكارلىقلىرىنى قالدۇرۇپ
كېتىپتۇ، ئۇنداقتا بىز ئۇلارنىڭ ئىرادىسىگە قانچىلىك ۋارىسلىق
قىلدۇق؟ شۇنچە ئۇزۇن ئەسىر يوقىتىپ قويغان دانىشمەن بوۋىلى-
رىمىزنى تېپىۋالغاندا ئۇنىڭغا پەرۋامۇ قىلمىغان بولسىڭىز سىز
قانداق ئەۋلاد؟

مەن دەۋرىمىزدىن مىڭ يىل بۇرۇنقى ئۇيغۇرلارنىڭ ئائىلە تەر-
بىيىسى ئەندىزىسىنى 21 - ئەسىردە كۆتۈرۈپ چىقسام، كىشىلەر
بۇنىڭدىن ئەجەبلىنىشى مۇمكىن. ھازىرقى زامان شۇنداق تەرەققىي
قىلغان تۇرسا، 11 - ئەسىردىكى ئائىلە تەربىيىسى ئەندىزىسىنى
ھازىرقى زاماندا ئۆرنەك قىلىشقا بولامدۇ، دېيىشى، ھەتتا يەنە بەزى
غەربپەرەس چەت ئەللىكلەرنىڭ پەرزەنت تەربىيىلەشكە ئائىت شۇنچە
مەشھۇر كىتابلىرى نەشر قىلىنىپ چىقتى، شۇنداق كىتابلار تۇرغان
يەردە يۈسۈپ خاس ھاجىپنىڭ پەرزەنت تەربىيىلەش ئۇسۇلى قانچى-
لىك رول ئوينار دېيىشى مۇمكىن.

ئۇلۇغ مۇتەپەككۇرلىرىمىزدىن ئەلشىر ناۋائى مۇنداق دېگەن:
«سەن ئاجايىپ - غارايىباتلارغا يول تاپىمەن دەپ ئارزۇ قىلىسەن،
ئــاگاھ ۋە دانا بولغىنىكى، ئاجايىپ - غارايىباتلارنىڭ ھەممىسى
ئۆزۈڭدە، نېمە ئىزدىمەكچى بولساڭ ئۆزۈڭدىن ئىزدە، نېمە تاپماق-
چــى بولساڭ ئۆزۈڭدىن تاپ - دە توغرا يولغا قەدەم قوي.»[1]
ئىنسانلار ئۆزلىرىنىڭ ھاياتلىق ۋە مەدەنىيەت تارىخىدا ئۇزلۇكسىز
ئىزدىنىپ مۇۋەپپەقىيەت يولىنى ئېچىپ، ياشاش قابىلىيىتىنى ۋە
ياشاش شارائىتىنى ياخشىلاپ، گۈزەل تۇرمۇش بەرپا قىلىش ئۈچۈن
تىنىمسىز ئىزدىنىشتى. گەرچە جەمئىيەتنىڭ تەرەققىياتىغا ئەگە-
شىپ بىر قىسىم نەرسىلەر ئۆزگەرگەن بىلەن، بىر نەرسە ھەرگىزمۇ

[1] ئەلشىر ناۋائى «لىسانۇتتەيىر» (قۇشلار تىلى) دىن ئېلىندى.

ئۆزگەرگىنى يوق، ئۇ بولسىمۇ ھاياتنىڭ قانۇنىيىتى. مانا شۇ قانۇنىيەت ئاساسىدا بارلىققا كەلگەن، ھېس قىلغان، تەجرىبىدىن ئۆتكەن، تارىخ ئەمەلىيىتى ئىسپاتلىغان نۇرغۇن - نۇرغۇن بىلىش نەتىجىلىرى يىغىلىپ ھازىرقى تۇرمۇش ئەندىزىسىنى بارلىققا كەلتۈرگەن، مانا شۇ ئەندىزە ئىنسانىيەت تۇرمۇشىنىڭ ئاساسلىق ئۇلى بولۇپ، بۇرۇنقىلار يارىتىپ بەرگەن تەييار داستىخان ئۈستىدە ياشاۋاتىدۇ، ئادەم مەڭگۈ يەنىلا ئادەم، دەۋرنىڭ ئۆزگىرىشى بىلەن ئىنسانلارنىڭ ماھىيىتى ئۆزگىرىپ قالمايدۇ، ئادەم تەربىيىلىنىشكە موھتاج مەخلۇق، ئەمما پەرزەنت تەربىيىسىنىڭمۇ قانۇنىيىتى بار. بىراق ئۇ ئۆزىنىڭ قانۇنىيىتىنى زاماننىڭ ئۆزگىرىشىگە ئەگىشىپ ئۆزگەرتمەيدۇ، دەۋر تەرەققىياتىغا ئەگىشىپ ئۆزگىرىپ بارىدىغىنى قانۇنىيەت ئەمەس، بەلكى ئۇسۇل. مەسىلەن، بۇرۇنقى تونۇر بېشىدا ھېكايە ئېيتىپ بېرىش ئارقىلىق تەربىيىلەش ئۇسۇلى ۋە ئورنى ھازىرقى زامانىۋى ياشاش ئۇسۇلىنىڭ ئۆزگىرىشىگە ئەگىشىپ ئۆزگەردى. ھازىر تونۇر بېشى ھېكايىلىرىنىڭ ئورنىنى تېلېۋىزوردىكى كارتون فىلىملەر ئىگىلىدى، بىراق باشقىلارنىڭ ھەر خىل تۇرمۇش ھېكايىلىرىنى ئاڭلاشقا موھتاجلىقىنى بۇ ئارقىلىق ئۇلارنىڭ تەپەككۇرىنى ۋە ھاياتقا قاتنىشىش ئىقتىدارىنى يۇقىرى كۆتۈرۈشكە بولىدىغانلىقىدىن ئىبارەت قانۇنىيەت ئۆزگەرگىنى يوق. دېمەك، ئادەم زاماننىڭ ئۆزگىرىشىگە ئەگىشىپ ئۆزىنىڭ ماھىيىتىنى يوقىتىپ باشقا مەخلۇققا ئايلىنىپ قالمايدۇ.

ھەرقانداق بىر مىللەتنىڭ تۇرمۇش شارائىتى، ئۆرپ - ئادىتى ۋە ياشاش ئۇسۇلىغا ماس ھالدا ئائىلە تەربىيىسى تۈزۈمى بارلىققا كەلگەن، ئۇنى خەلق ئۆزىنىڭ تەبىئىتى ۋە ياشاش شارائىتىغا ئاساسەن تاللىغان ۋە بارا - بارا مۇكەممەللەشتۈرگەن. چۈنكى ئۆزلىرىنىڭ تۇرمۇش شارائىتى ۋە تەبىئىتىگە ماس كەلمىگەن تەربىيە ئۇسۇلى گەرچە ھەرقانچە ئىلغار بولسىمۇ، ئۇنىڭ ئۈنۈمىنىڭ ياخشى بولمايدىغانلىقى ناھايىتى ئېنىق.

جەمئىيىتىمىزدە بىر تۈركۈم چەت ئەل پېداگوگلىرىنىڭ پەر-
زەنت تەربىيىسىگە دائىر كىتابلىرى نەشىر قىلىنىۋېدى، بىزنىڭ
بەزى ئادەملىرىمىز گۆھەر تېپىۋالغاندەك ئۆزىنى ئۇنىڭغا ئۇرۇشتى،
بىراق ئوقۇپ كۆرگەندىن كېيىن، بىر قىسىم ئىلمىي تەربىيىلەش
ئۇسۇللىرىنى قوبۇل قىلىشقا بولسىمۇ، باشقا خېلى كۆپ تەرەپلەر-
نىڭ بىزنىڭ تۇرمۇش شارائىتىمىز، مەدەنىيەت ساپايىمىز، قىممەت
قارىشىمىز، ئۆرپ - ئادەتلىرىمىزگە ماس كەلمەيدىغانلىقىنى ھېس
قىلىشتى. ئومۇمەن، ئۇ كىتابلاردا كۆرسىتىلگەن خېلى كۆپ ئۆر-
نەكلەرنى تۇرمۇشىمىزدا قوللىنىش ئىمكانىيىتى يوق، ھەتتا بەزى
ئۇسۇللارنىڭ بىز ئۈچۈن زۆرۈرىيىتىمۇ يوق. مەسىلەن، يېقىندا
«كارىل ۋېتىرنىڭ پەرزەنت تەربىيىسى» دېگەن كىتاب بىلەن «ستېنا
خانىمنىڭ پەرزەنت تەربىيىسى» دېگەن كىتابلار ئۇيغۇر تىلىدا نەشر
قىلىنىپ كىشىلەرنىڭ قىزىقىشىنى قوزغىدى، ئەمەلىيەتتە ستېنا
خانىممۇ، كارىل ۋېتىرمۇ ئادەتتىكى ئائىلە باشلىقلىرى ئەمەس،
بەلكى ئۇلار بالىلار پسىخولوگىيە مۇتەخەسسىسى ۋە مەشھۇر پېدا-
گوگلار، ئۇلارنىڭ بالىلىرىمۇ ئادەتتىكى نورمال تۇرمۇش شارائىتىدا
تەربىيىلەنگەن بالىلار بولماستىن، بەلكى ئالاھىدە تۇرمۇش مۇھىتى-
دا تەجرىبە ئوبيېكتى قىلىنغان بالىلار. سېتېنىنا خانىم قىزىنىڭ
ئاڭلاش، كۆرۈش ئىقتىدارى ۋە مۇزىكا سېزىمىنى يۇقىرى كۆتۈرۈش
ئۈچۈن كۆپ كەپ قىلىپ بەرگەنلىكى، تاملارغا ھەر خىل ھايۋانلار-
نىڭ رەسىمىنى سىزىپ بەرگەنلىكى، پىئانىنو چېلىپ بېرىپ، نوتا
ئۆگىتىپ مۇزىكا سېزىمىنى يۇقىرى كۆتۈرگەنلىكى توغرىسىدىكى
تەجرىبىسىنى سۆزلەيدۇ. ئەمەلىيەتتە ئۇيغۇرلارنىڭ ياشاش ئادىتى
ۋە تۇرمۇش شارائىتىغا نىسبەتەن ئېيتقاندا، يۇقىرىقى بىر قاتار
ئىقتىدارلارنى يېتىلدۈرۈشتە سۈنئىي ۋاستىنىڭ زۆرۈرىيىتى يوق.
تەبىئىي ۋاستىلارنىڭ ھەممىسى تۇرمۇشىمىزدا بار، بىزنىڭ بالىلى-
رىمىز كىچىكىدىن باشلاپلا ھەر خىل ھايۋانلارنى كۆرۈپ، ئۇلار
بىلەن بىرگە ئويناپ چوڭ بولىدۇ، پىئانىنو سېتىۋېلىپ ئۇنى

www.uyghurkitap.com

بالىلارنىڭ مۇزىكا سېزىمىنى يۇقىرى كۆتۈرۈشنىڭ ۋاسىتىسى قى-
لىشىنىڭمۇ قىلچە زۆرۈرىيىتى يوق. بىزنىڭ يېزا - قىشلاقلىرى-
مىزدىكى بالىلار قەدىمدىن تارتىپ سەنئەت ئىچىدە چوڭ بولىدۇ،
توي - تۆكۈندىكى ئەلنەغمىلەر، مەشرەپلەردە ئورۇندىلىدىغان مۇقام-
لار، ئانىلارنىڭ مۇڭلۇق ئەللەي ناخشىلىرى، خامان ناخشىلىرى،
ئورما ناخشىلىرى ۋە باشقىلار تەبىئىي هالدا پەرزەنتلىرىمىزنىڭ مۇ-
زىكا جەھەتتىكى تەربىيىلىنىش ئېھتىياجىنى ئەڭ مۇكەممەل يوسۇن-
دا قامدايدۇ. ئۇيغۇرلارنىڭ نەچچە مىڭلىغان گۈزەل خەلق ناخشىلى-
رىنى مانا مۇشۇنداق مۇھىتتا چوڭ بولغان ئۇيغۇر خەلق ناخشىچى-
لىرى ئىجاد قىلغان، پىشانىنو بىلەن تەربىيىلەنگەن شۇنچە كۆپ
چەت ئەللىك بالىلارنىڭ مۇزىكا سېزىمى ئۇيغۇر بالىلىرىنىڭ مۇزىكا
سېزىمىنىڭ ئالدىدا يىپ ئېشەلمەيدۇ، بۆشۈكتىكى بالىلىرىمىزمۇ
مۇزىكا رىتىمىگە ماسلاشتۇرۇپ ئۇسسۇل ھەرىكەتلىرىنى دورىيالاي-
دۇ، بۇ ئىشلار چەت ئەللىك بالىلارنىڭ قولىدىن كەلمەيدۇ، بۇ
جەھەتتە ئۆزىمىزگە تەمەننا قويساق ئەرزىيدۇ. ئۇيغۇر بالىلاردا يې-
تىلگەن مۇنداق يۇقىرى مۇزىكا سېزىمى ھەرگىزمۇ تۇغما ئەمەس،
بەلكى ئۇنى تۇرمۇش شارائىتىمىز، ياشاش ئۇسۇلىمىز يېتىلدۈر-
گەن. ئەمدى ئاساسىي مەسىلە هازىرقى شـەھـەرلىـشىش دولقۇنىدا
ئاتا - ئانىلارنىڭ پەرزەنتىگە ئاشۇ قايناق تۇرمۇش قوينىدا ئۆسۈپ
يېتىلىش ئىمكانىيىتىنى بېرىش - بەرمەسلىكىدە. بەزى ئاتا - ئانىلار
چەت ئەل ئاقسۆڭەكلىرىنى دوراپ بالىلىرىغا پىئانىنو ئېلىپ بەردى.
بىزنىڭ مىللىي چالغۇ ئەسۋابلىرىمىز دەۋرنىڭ تەلىپىگە ماس كەلمى-
دىمۇ؟ بالىلارنىڭ مۇزىكا ئىقتىدارىنى يۇقىرى كۆتۈرۈشنىڭ ھۆددى-
سىدىن چىقالمىدىمۇ؟ ياق! بىزنىڭ چالغۇلىرىمىز ئۇيغۇرلارنىڭ
ئەركىن، شوخ خاراكتېرىگە ماسلاشتۇرۇلغان نامايەندىلەر، ئۇيغۇرلار
ئـۇ چالغۇلارنى تاغدىمۇ، باغدىمۇ، چۆللەردىمۇ، مەشرەپلەردىمۇ،
توي - تۆكۈنلەردىمۇ ئەركىن چالالايدۇ، ئۇنىڭدىن ھەرقانداق چاغدا
ئەركىن بەھرە ئالغىلى بولىدۇ. بىز يۇقىرىدا ئەسكەرتكىنىمىزدەك،

يۈقىرىقى ئاپتورلار ئادەتتىكى ئائىلە باشلىقلىرى ئەمەس بەلكى مۇتە-
خەسسىس. ئۇلارنىڭ ئۆزى بىرنەچچە چەت ئەل تىلىنى بىلىدۇ،
پەقەت ئۇلار بىر تەجرىبە ئۆلگىسى، ئەگەر بۇلارنىڭ تەربىيىلەش
ئۇسۇلى پۈتۈن غەرب دۇنياسىدا ئومۇملاشقان، ھەممە ئادەمنىڭ
تۇرمۇش شارائىتىغا ماسلاشقان ئىلمىي قانۇنىيەت بولىدىغان بولسا،
چەت ئەللىك باشقا بالىلار نېمىشقا ئۇنداق ئىقتىدارنى ھازىرلىيال-
مىدى، بىزنىڭ جەمئىيىتىمىزدىكى ئاتا - ئانىلاردىن بىرقانچە چەت
ئەل تىلىنى بىلىدىغانلاردىن نەچچىسى باردۇر، ئىلمىي ئوزۇقلاندۇ-
رۇش ئۇسۇلىنى قوللىنىشتا قايسىمىزنىڭ تۇرمۇش شارائىتىدا بالا
تۆت ئايلىق بولغاندا، ئاۋۋال ئازراق ئاپېلسىن سۈيى، ئازراق ۋاقىت
ئۆتكەندىن كېيىن شورپا، سۇدا پىشۇرۇلغان تۇخۇم ۋە ياڭيۇنى
بېرىشكە، كالا سۈتى، قوي سۈتى، گۈرۈچ، ئۇن، سېرىق پۇرچاق
قاتارلىقلاردىن ياسالغان ھەر خىل سۇتلۇك يېمەكلىكلەرنى بېرىشكە،
بالا بىر ئايلىقتىن ئۈچ ئايلىقىچە بولغان ئارىلىقتا ئاپېلسىن،
پەمىدۇر، سەۋزە، پالەك قاتارلىق مېۋە سۈيى ۋە كۆكتات سۈيى
بېرىشكە، ئالتە ئايلىقىچە بولغان ئارىلىقتا بانان، ياڭيۇ، سەۋزە،
تۇخۇم سېرىقى قاتارلىقلارنىڭ قىيامى، بېلىق شورپىسى، چىڭسەي
شورپىسى . . . يەنە نۇرغۇن نەرسىلەرنى ئۆز قەرەللىرىدە يەتكۈزۈپ
ئوزۇقلاندۇرۇش ئىمكانىيىتى بارلاردىن بىرەرسى بارمۇ؟ ئەلۋەتتە
يوق. ئەگەر شۇنداق ئىمكانىيەت بار دېيەلىگەندە يۇقىرىقىدەك ئۇ-
سۇل بىلەن ئوزۇقلاندۇرۇشنىڭ زۆرۈرىيىتى بارمۇ؟ مېنىڭچە، ئۇ-
نىڭمۇ ئانچە زۆرۈرىيىتى يوق، بىزنىڭ تۇرمۇش ئادىتىمىزدە شۇنداق
بىر تەبىئىي ئەركىنلىكىمىز باركى، بىزنىڭ نۇرغۇن باللىرىمىز
جەننەتتەك باغلاردا چوڭ بولىدۇ، مېۋە ئارقىلىق تولۇقلايدىغان
ئوزۇقلۇق شۇنىڭ بىلەن بولىدۇ، يېزىلىرىمىزدىكى ھەممە ئائىلىدە
دېگۇدەك قوي، كالا دېگەنلەردىن ئاز دېگەندە بىرقانچە تۇياقتىن بار،
ئۇلاردىن سۈت ئالىدۇ، قېتىق ئۇيۇتىدۇ، قايماق چىقىرىدۇ، ئۆزد-
دىن ئېشىپ قالسا قوشنىلارغا بېرىدۇ، ساتىدۇ. بۇ جەھەتتىمۇ

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

بالىلارنىڭ ئوزۇقلىنىشى تەبىئىي ھالدا كاپالەتكە ئىگە قىلىنىدۇ، بىزدىكى بىر ئاجىزلىق شۇكى، شۇنچە مول يېمەكلىكلەرنى بالىلارنىڭ ھەزىم قىلىش ئىقتىدارىغا مۇۋاپىقلاشتۇرۇپ بېرىشكە تازا دىققەت قىلمايمىز، بەزى بالىلار كۆپ يېۋېلىپ، ئاشقازاننى بۇزۇۋالىدۇ، ئىچى سۈرىدۇ، قورسىقى ئاغرىيدۇ — دە، ھەرەج تارتىدۇ. بەزى بالىلار ئويۇن بىلەن بولۇپ كېتىپ ئەتىگەندىن كەچكىچە ئوزۇقلىنالمايدۇ.

ئومۇمەن، بىزدە بار نۇرغۇن ئەۋزەللىكلەر چەت ئەللەردە يوق، چەت ئەللەردە بار بەزى ئەۋزەللىكلەر بىزدە يوق. بىز ئۆزىمىزدە بار بولغان ئىمكانىيەتلەردىن، ئەۋزەللىكلىرىمىزدىن ئۈنۈملۈك پايدىلانساقلا ياراملىق، ئەقىللىق بالىلارنى تەربىيىلەپ چىقىشىمىزدا گەپ يوق، گەپ مۇشۇ ئىشقا ئەستايىدىل مۇئامىلە قىلىشتا. ھەرقانداق ئىشقا بىلمەي، چۈشەنمەي تۇرۇپ قەدەم باسسا نەتىجىسى ياخشى بولمايدۇ، بولۇپمۇ پەرزەنت تەربىيىسى ئىشىدا قارىغۇلارچە ئاڭسىز ئىش تۇتۇشقا قەتئىي بولمايدۇ.

«قۇتادغۇبىلىك» نىڭ روھى ساپ، ساغلام ئۇيغۇر روھى، ئۇ يۈسۈپ خاس ھاجىپتەك، مەھمۇد قەشقەرىدەك ئەقىللىق خاراكتېرلىك ئەزىمەتلەرنى تەربىيىلەپ ئۆستۈرگەن روھ. «قۇتادغۇبىلىك» دىكى تەلىم - تەربىيە تەلىپى ئۇيغۇر خەلقىنىڭ ئەۋلاد تەربىيىسىگە قويغان يۇقىرى تەلەپلىرىنىڭ مەھسۇلى، يەنە بىر نۇقتىدىن «قۇتادغۇبىلىك» روشەن خاسلىققا ئىگە پېداگوگىكىلىق ئەسەر، يۈسۈپ خاس ھاجىپمۇ مەشھۇر پېداگوگ، ئۇنىڭدا تەلەپ قىلىنغان پرىنسىپلىق قانۇنىيەت، ئىلمىي تەلەپ ۋە تەۋسىيىلەر مەڭگۈ ئۆزىنىڭ قىممىتىنى يوقاتمايلا قالماي، بەلكى بىزنىڭ تەبىئىتىمىزگە شۇنداق يارىشىدىغان مەنىۋى لىباس.

ھازىرقى نەشر قىلىنىۋاتقان پەرزەنت تەربىيىسىگە ئائىت ئەسەرلەردە دېگەندەك بىر تەرەپكە ئېغىپ كېتىش خاھىشى ناھايىتى ئېغىر بولۇۋاتىدۇ. بۇلاردا كۆپىنچە بالىلارنىڭ بىلىملىك، ئالىم،

پروفېسسور بولۇشىغا كۆپرەك كۆڭۈل بۆلۈپ، پەرزەنتلەرنىڭ ئەقىللىق، ئەقىدىلىك، خاراكتېرلىك ئادەم بولۇشىغا ئانچە كۆڭۈل بۆلۈنمىگەن، ھەتتا بۇ نۇقتا ئاق قالدۇرۇلغان دېسەكمۇ بولىدۇ.

«قۇتادغۇبىلىك» نىڭ پېداگوگىكىلىق ئالاھىدىلىكى شۇكى، ئۇ ئەقىل بىلەن بىلىمنىڭ رولىغا ئىنتايىن ئەھمىيەت بېرىلىش بىلەن بىرگە، پەرزەنتلەرنىڭ ئەقىدىلىك، پەزىلەتلىك، خاراكتېرلىك ئادەم بولۇشىغا زور كۈچ سەرپ قىلىنغان. مېنىڭ قارىشىمچە، پەرزەنتلەرنىڭ كۆپ خىل تىل بىلىشى، ئەستە تۇتۇش، تەسەۋۋۇر قابىلىيىتىنى يۇقىرى كۆتۈرۈش، ئىجاد قىلىش قابىلىيىتىنى يېتىلدۈرۈش، ئەقىل بۇلىقىنى ئېچىش ئەڭ ئاخىرىدا كاتتا ئالىم بولۇشنى مەقسەت قىلىش تەلىم- تەربىيە ئىشىدا ھەممە ئادەم كۆڭۈل بۆلىدىغان مۇھىم پېداگوگىكىلىق تەلەپ بولسىمۇ، لېكىن ئۇنى پېداگوگىكىنىڭ بىردىنبىر مەقسىتى قىلىۋېلىشقا بولمايدۇ. بىزدە: «ئالىم بولماق ئوڭاي، ھەقىقىي ئادەم بولماق تەس» دېگەن گەپ بار. ئادەم دوختۇر، ئىنژېنېر، گېنېرال، ئالىم، ئوقۇتقۇچى . . . . قاتارلىقلار بولۇشتىن كۆرە، ئۇ ئالدى بىلەن مۇكەممەلرەك ئادەم بولۇشى كېرەك. چەت ئەللەرنىڭ ساپا مائارىپى تەلىپىدە ئەمدى بۇ ئىشقا كۆڭۈل بۆلۈشكە باشلىغان. بىر ماقالىدە مۇنداق مەزمۇن بايان قىلىنىدۇ: بىز ئاتا- ئانىلار بالا تۇغۇلغاندىن كېيىن پەرزەنتلەرنىڭ نېمە بولۇشىغا كۆپرەك كۆڭۈل بۆلىمىز. بالىلىرىمىزدىن «سەن چوڭ بولساڭ نېمە بولىسەن؟» دەپ سوراپ كېتىمىز، ئۇ «دوختۇر بولىمەن، ئوقۇتقۇچى بولىمەن، ئىنژېنېر بولىمەن» دەپ جاۋاب بېرىدۇ. بىز بۇنىڭدىن سۆيۈنۈپ كېتىمىز. ئەمەلىيەتتە ئادەم بولۇپ تۇغۇلغاندىن كېيىن ئادەم بولۇشى كېرەك ئىدى، شىرمۇ شىر بولىدۇ، چوشقىمۇ چوشقا بولىدۇ، ئىت ئىت بولىدۇ، ئادەم ئادەم بولماي باشقا نەرسە بولۇپ قالسا بولامدۇ؟ ئادەمنىڭ ئەسكەر بولۇشى، دوختۇر بولۇشى، ئالىم بولۇشى، دوكتور بولۇشى ياخشى ئىش، بىراق ئادەم بولماسلىقى يامان دەپ مۇھاكىمە قىلىنىدۇ.

يۇقىرىقى مۇلاھىزە دىققەت قىلىشقا ئەرزىيدۇ، بىزگە خاراكتېرلىك، ئەقىللىق، ئەقىدىلىك، مەسئۇلىيەتچان، قەيسەر ئادەم كېرەكمۇ ياكى ئەقىلسىز، ئەقىدىسىز، مەۋقەسىز، خاراكتېرسىز، فورما - تېئورىيىلارغا غەرق بولۇپ كەتكەن، ئىشلارغا كۆڭۈل بۆلمەيدىغان، ئەمەلدارلىق مەنسىپىگىلا باغلىنىپ قالغان، باشقا ھېچقانداق ئىشقا مەسئۇل ئىگى بولمىغان ئالىملار، ئەمەلدارلار كېرەكمۇ؟ ھازىرقى جەمئىيەتتە بىزنىڭ ئاتا - ئانىمىز بالىلارنىڭ ئۆگىنىشىگە، ئىمتىھاندىن ئالغان نومۇرىغا، ئالىي مەكتەپكە ئۆتۈش - ئۆتمەسلىكىگە كۆپرەك كۆڭۈل بۆلۈپ، ئۇ بالىنىڭ تۇراقلىق بىر ئەقىدىگە ئىگە خاراكتېرلىك ئادەم بولۇشىغا ئانچە ئېتىبار بەرمەيدۇ. شۇڭا پوزىتسىيە ئۇچۇق بولمىغان، يۈرەكسىز، مەيدانسىز، مەسئۇلىيەتسىز، خاراكتېرى زەئىپ بالىلار كۆپىيىپ كېتىپ بارىدۇ. بۇ بالىلار ھەر قانچە چەت ئەللەردە ئوقۇپ كەتكەن تەقدىردىمۇ، جەمئىيەتكە قانچىلىك مەنپەئەت ئېلىپ كېلەر، ئۇنداق ئادەم كىچىككىنە زەربىگىمۇ بەرداشلىق بېرەلمەي تېزلا شاللىنىپ كېتىدۇ. يەنە بىر تەرەپتىن قارىساق، بىز پەرزەنتلىرىمىزنىڭ ھەممىسىنى ئالىم قىلىشنى مەقسەت قىلمايمىز، ئالىملارنىڭ كۆپ بولغانلىقىلا شۇ مىللەتنىڭ ئۇنىۋېرسال ساپاسىنىڭ يۇقىرى كۆتۈرۈلگەنلىكىنىڭ بىردىنبىر ئۆلچىمى بولالمايدۇ. ئەڭ مۇھىم بىر ئۆلچىمى شۇكى، ئالدى بىلەن ئاڭ ئىلغارلاشقان بولۇشى، خاراكتېرى تۇراقلىق، مەسئۇلىيەتچان، ئەقىدىلىك، ئىرادىلىك، ئۈمىدۋار، ئۆزىنى پىدا قىلىش روھىغا باي، نومۇس تۇيغۇسى يۇقىرى، تىرىشچان، قەيسەر ئادەملەرنىڭ كۆپرەك بولۇشىدا، ئەقىدىسىز، خاراكتېرسىز تەربىيىلەنگەن بالىلارنىڭ ھەممىسى گەرچە ئالىم بولۇپ كەتكەن تەقدىردىمۇ، ئۇ مىللەت يەنىلا ساپاسىز، زەئىپ مىللەت ھېسابلىنىدۇ، ئەقىدە بىلەن خاراكتېرى ئۆلگەن مىللەتنىڭ ئەۋلادلىرىنى ئۆلۈك ھېسابلاشقا بولىدۇ.

ئىنسانىيەتنىڭ مەدەنىيەت تارىخىدا ۋە كۈرەش تارىخىدا دەۋر بۆلگۈچ رول ئوينىغان، ئىنسانىيەتكە نۇرلۇق مەشئەل بولۇپ بەر-

گەن ئۇلۇغ ئادەملەر پەقەت ئىلىم نوپۇزلۇقلىرىلا بولماستىن، بەلكى قەتئىي، تىز پۈكمەس، يېڭىلمەس، ئىرادىلىك، ھەققانىيەتچى، ئىنسانپەرۋەر، تەرەققىيپەرۋەر گىگانت ئادەملەر ئىدى. شۇڭا بىز خاراكتېرلىك ئەزىمەتلەرنى ئۆز دەۋرىنىڭ ۋىجدانى دەپ ئاتايمىز. ئەقىدىسىز، خاراكتېرسىز ئىلىم نوپۇزلۇقلىرىنى باشقىلارنىڭ ئويۇنچۇقى ۋە پايدىلىنىش قورالى دەپ ئاتايمىز. شۇڭا پەرزەنت تەربىيەسىدە خاراكتېر يېتىلدۈرۈش تەربىيىسى بىلەن ئىلىم- مەرىپەتلىك بولۇش تەربىيىسىگە ئوخشاش ئېتىبار بېرىش لازىم.

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com

# بىرىنچى باب

## ئۇيغۇرلاردا ئائىلە تەربىيىسىنىڭ قەدىمىيلىكى ۋە ئۇنىڭ «قۇتادغۇبىلىك» تىكى راۋاجى

### 1. ئىنسان تەبىئىتى ۋە ئائىلە تەربىيىسى

ئۇيغۇرلارنىڭ بىر پۈتۈن مائارىپ تارىخىدا ئائىلە تەربىيىسى ئەڭ قەدىمكى ئانا مائارىپ بولۇش سۈپىتى بىلەن ئۇيغۇرلارنىڭ ئىجتىمائىي تەرەققىياتى ۋە ئىنسانىي كامالەت تەرەققىياتىدا ناھايىتى مۇھىم ئورۇن تۇتقان.

ئادەم ئانىسىنىڭ قورسىقىغا تۆرەلگەندىن باشلاپلا ئانىسىنىڭ باغرى پەرزەنت ئۈچۈن تۇنجى مەكتەپ بولىدۇ. بۇ ئانا مەكتەپنىڭ مۇھىتىنىڭ قانداق بولۇشى پەرزەنتلەرنىڭ ساغلام ئۆسۈپ يېتىلىشىگە ۋە ھاياتىنىڭ بىر پۈتۈن باسقۇچلىرىدىكى تەقدىر- ئىستىقبالىغا پەۋقۇلئاددە تەسىر كۆرسىتىدۇ. دىنىي ئېتىقاد بويىچە پەرزەنت قورساقتا تۆرىلىپ 40 كۈن بولغاندىن كېيىن ئۇنىڭ ھاياتى، دۇنيادىكى تەقدىر - قىسمەتلىرى پۈتۈلۈپ كېتىدۇ دېگەن چۈشەنچە بەلكىم بالىنىڭ قورساقتىكى تەلىم - تەربىيە شارائىتىنىڭ قانچىلىك مۇھىملىقى ھەققىدىكى بېشارەت بولسا كېرەك، چۈنكى قورساقتىكى شەرت- شارائىت بالىنىڭ تۇغما تەبىئىتىگە ئاساس سالىدىغان تۇنجى ئامىل. ئەگەر بالا قورساقتا ياخشى تەربىيە تاپسا، ئۇ ئۇنىڭ ھايات مۇساپىسىدىكى ئەڭ ھەل قىلغۇچ ئامىل بولۇپ قالىدۇ، ئەگەر بالا قورساقتىكى چاغدا ياخشى تەربىيە تاپمىسا، ئۇ ئۇنىڭ ھاياتىدىكى

پۈتكۈل قىسمەتلىرىگە يامان تەسىر بېرىشى مۇقەررەر.

يۈسۈپ خاس ھاجىپمۇ ئىنسان تەبىئىتىگە ئالاھىدە ئەھمىيەت بىلەن قارىغان، ئۇ پەرزەنتنىڭ خۇي ـ پەيلىنىڭ نەسىل ـ نەسەبىگە تارتىدىغانلىقىنى، ئۇرۇق قانداق بولسا، مېۋىسى شۇنداق بولىدىغانلىقىنى تەكىتلەيدۇ: «ئۇرۇغلۇق كىشى ئۆلمەس، ئۆلسە ئۇرىغى قالىدۇ.» دېگەندەك، يەرگە نېمە تېرىسا، شۇ نەرسە ئۈنگەندەك، ئوغۇلنىڭ قىلىقىمۇ ئاتىسىنى تارتىدۇ، مانا بۇ ئايتولدى ئوغلى (ئۆگدۈلمىش) كە «ئۇلۇغ بولغۇچى ئوغلان ئۇ مەرد تۇغۇلۇر، كىچىك چېغىدىلا ھەممە نىشان كۆرۈنىدۇ. بۇ بېيىتنى ئوقۇساڭ شۇنىڭغا ئوخشايدۇ، چوڭقۇر ئوقۇساڭ مەنىسى تېخىمۇ روشەن بولىدۇ» (1648 ـ 1649) دەيدۇ:

1650 يارامىلىق نېمەنىڭ بولۇر بەلگىسى،
كىچىكتىن چوڭ ئۇلغۇنچە بىلىنگۈسى. ①

1651 چېچەكتىن بىلىنۇر دەرەخ مېۋىسى،
بۇ ھەممە ئۈچۈن بىر مىسال بولغۇسى.

يۇقىرىقى يەكۈن ئىنسان تەبىئىتىنىڭ ئەسلىي نەسىل ۋە نەسەبىگە مۇناسىۋەتلىك بولىدىغانلىقى ھەققىدىكى تەبىئىي قانۇنىيەتنىڭ ئۆز دەۋرىدىكى بىلىنىشكە ئايلىنىشى. مەنىمۇ ئىنسان تەبىئىتىگە تولىمۇ ئەھمىيەت بىلەن قارايمەن ۋە ئىنسان تەبىئىيىتىگە ھۆرمەت قىلىمەن، مەن يەنە ئىنسان تەبىئىتى تۇغما بولىدۇ، ئۇنى ھەرگىز تەلىم ـ تەربىيە ئارقىلىق ئۆزگەرتكىلى بولمايدۇ دەپ قارايمەن، بۇ مېنىڭ ئۇزۇن يىللىق تەكشۈرۈش، تەتقىق قىلىش، تەجرىبىلەرنى

① بۇ بېيىتنىڭ ئىككىنچى مىسراسىدىكى مەنىسى ئەسلىدىكى مەتىندىن ئازراق قىچىپ كەتكەن، بېكىست: «كىچىكىدە بەدۇگىنچە ئۇل بولغۇنەڭ» مەنىسى: ئۇنىڭ چوڭ بولغاندا قانداق بولىدىغانلىقىنى بىلىدۇ.

www.uyghurkitap.com

يەكۈنلەش ئاساسىدا چىقارغان ئىلمىي يەكۈنۈم، بۇ ھەقتە كېيىن مۇنتىزىم ۋە مەخسۇس بىرەر ئەسەر يېزىش پىلانىم بار. ئادەم زور تىرىشچانلىق كۆرسىتىش ئارقىلىق ئالىم بولۇشى، دوكتور بولۇشى مۇمكىن، بۇ ئۇنىڭ ئىلىم جەھەتتىكى تەربىيىلىنىشىنىڭ نەتىجىسى. بىراق ئادەم ئۇ بىلىمنى ئۆز تەبىئىتىگە مۇناسىپ جارى قىلدۇرىدۇ، كۆيۈملۈك، مېھرىبان ئادەمنىڭ بىلىمى ئىنسانىيەتكە بەخت كەلتۈرۈش ئۈچۈن خىزمەت قىلدۇرۇلسا، پەس تەبىئەتلىك، زوراۋان، ياۋۇز ئادەملەرنىڭ قولىدىكى بىلىم ئىنسانىيەتكە ئاپەت كەلتۈرۈشى مۇمكىن. بۇنداق پەرقنى بىلىم بەلگىلەمدۇ ياكى ئىنسان تەبىئىتى تەربىيىدىن بەلگىلىنەمدۇ؟ يۈسۈپ خاس ھاجىپ مانا شۇنداق ئىنساننىڭ تۇغما تەبىئىتى توغرىسىدىكى بىلىش نەتىجىلىرىگە ئاساسەن ئايتولدىنىڭ ئوغلى ئۆگدۈلمىشنى تەربىيىلەپ، دادىسىنىڭ ئىز باسارى قىلىشنىڭ ئىستىقبالى بار دەپ قاراپ، ئۇنىڭغا كۈن تۇغدى ئېلىگ ئارقىلىق ئەتراپلىق تەربىيىلىنىش پۇرسىتىنى يارىتىپ بېرىدۇ. نەتىجىدە، ئۇ ئەقىل - پاراسەتتە، ئىلىم - كامالەتتە، ئەخلاقىي پەزىلەتتە يېتىلگەن كاتتا دۆلەت ئەربابى بولۇپ يېتىشىپ چىقىپ، دادىسى ئايتولدىنىڭ ئىزىنى باسىدۇ ۋە دۆلەت ئۈچۈن ئاجايىپ تۆھپىلەرنى قوشىدۇ. بۇ ئارقىلىق يۈسۈپ خاس ھاجىپ ئىنسان تەبىئىتى بىلەن تەلىم - تەربىيىنىڭ بىرلەشتۈرۈلۈشىدىن ھاسىل بولغان ئۇلۇغ مۆجىزىنى كۆرسىتىدۇ.

يۈسۈپ خاس ھاجىپ ئۆز دەۋرىدىكى رېئال مائارىپ ۋە ئائىلە تەربىيىسىنىڭ شانلىق مېۋىسى بولسا، ئۆگدۈلمىش يۈسۈپ خاس ھاجىپنىڭ بەدىئىي تەپەككۇرى ئارقىلىق يارىتىلغان تەلىم - تەربىيە ئەندىزىسىنىڭ ۋە غايىسىنىڭ مۆجىزىسى.

تۇغما ياخشى تەبىئەتلىك بالىلارنىڭ تۇغۇلۇشى ئۈچۈن ئالدى بىلەن، ئاتا - ئانىلار ئۆزىنىڭ تەبىئىتىنى ياخشىلاشقا تىرىشىش زۆرۈر بولسا، يەنە بىر تەرەپتىن، مائارىپقا ۋە مائارىپنىڭ سۈپىتىگە ئەھمىيەت بېرىش كېرەك، ئەگەردە مۇمكىن بولسا ئىدى، ياخشى

تەبىئەتلىك، ئېسىل پەزىلەتلىك، خاراكتېرلىك ئاتا ـ ئانىلاردىن
كۆپرەك بالا تۇغۇلسا ئىكەن، دېگەننى خىيال قىلىپ كېتىمەن.
جەمئىيەتتە ئەل ئۈچۈن زور تۆھپىلەرنى قوشۇۋاتقان، تارىختا ئاجا-
يىپ ئۆچمەس تۆھپىلەرنى قوشقان ئېسىل تەبىئەتلىك، پەزىلەتلىك،
سۇنماس ئىرادىلىك، پۈكۈلمەس خاراكتېرلىك، باھادىر ئەزىمەتلەر-
نى پەقەت تەلىم ـ تەربىيىنىڭ، مائارىپنىڭ نەتىجىسى دېيىش بىر
تەرەپلىمىلىك بولۇپ قالىدۇ، ئۇ ئالدى بىلەن بىرىنچى مائارىپ ئانا
قورسىقىنىڭ مەھسۇلى، ئاندىن كېيىن، ئىككىنچى مائا-
رىپ تەلىم ـ تەربىيىسىنىڭ شان ـ شەرىپى، ئەگەر بۇ ھەقىقەت
ئېتىراپ قىلىنمىسا جەمئىيەتتىكى بىر قىسىم ناچار تەبىئەتلىك،
زەئىپ خاراكتېرلىك، نەپسانىيەتچى، قارا نىيەت، ياۋۇز ئادەملەرنى-
مۇ شۇ مائارىپ تەربىيىلەپ چىققانغۇ، بىر خىل مۇھىتتا، بىر
سىنىپتا، بىر مۇئەللىمنىڭ دەرسىنى ئېلىپ تەربىيىلەنگەن بالىلار-
نىڭ خاراكتېرى نېمىشقا ئوخشاش بولمايدۇ؟ ھېلىقى يامان تەبىئەت-
لىك بالىلارنى مائارىپ تەلىم ـ تەربىيە ئارقىلىق ئۇلارنىڭ يامان
تەبىئىتىنى ئۆزگەرتىپ ياخشى تەبىئەت ھاسىل قىلىشقا قادىر بولا-
لىدىمۇ؟ ئېتىراپ قىلىش كېرەككى، تۇغما تەبىئەت ئىنسانلارنىڭ
ھايات مۇساپىسىدە ھەل قىلغۇچ رول ئوينايدۇ.

ئۇيغۇرلارنىڭ قەدىمكى ئېتىقاد چۈشەنچىلىرىدە 40 مۇقەددەس-
لىك ۋە توققۇز مۇقەددەسلىك ئەنئەنىسى بار. بۇ مۇقەددەسلىك
چۈشەنچىلىرى ئۇلارنىڭ تۇرمۇشىنىڭ ھەر خىل باسقۇچلىرىدا ئاجا-
يىپ مول، رەڭگارەڭ ئەنئەنىۋى ئادەتلەرنى شەكىللەندۈرگەن. ئۇ-
نىڭدا ھەربىر ئادەمنىڭ ھايات قىسمەتلىرىنىڭ باغلىنىشى، تەبىئىي
يارالمىشى بىلەن ئۇنىڭ تەقدىر-قىسمەتلىرى ئوتتۇرىسىدا زىچ باغلى-
نىشنىڭ بارلىقى چۈشەندۈرۈلىدۇ، ئىنسانلارنىڭ بىلىش دەرىجىلى-
رى ھازىر تېخى ھەربىر ئادەمنىڭ ئەقلىي كامالىتى، مىجەز ـ
خاراكتېرى، ياشاش ئىقتىدارى قاتارلىقلار بىلەن تۇغما تەبىئىتى
ئوتتۇرىسىدىكى باغلىنىشنىڭ قانچىلىك رول ئوينىغانلىقىنى ئىرسى-

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

يەت بىلەن تەقدىر ـ قىسمەتنىڭ مۇناسىۋىتى قاتارلىقلار توغرىسىدا چوڭقۇر ئىلمىي يەكۈنگە كەلگەندەك نەتىجىگە ئېرىشەلمىدى. بىراق ئائىلە مائارىپىنىڭ بالىلارنىڭ كېيىنكى تەرەققىياتى بىلەن بولغان مۇناسىۋىتىنى خېلى ئىلمىي چۈشىنىپ يەتتى. بىرىنچى تەبىئەتنى قورساق مائارىپى يېتىلدۈرسە، ئىككىنچى تەبىئەتنى ئائىلە مائارىپى يېتىلدۈرىدۇ، يەنە بىر تەرەپتىن، بىرىنچى تەبىئەتنى تەلىم ـ تەربىيە ئېخىمۇ كۈچەيتىدۇ ياكى ئاجىزلاشتۇرىدۇ. مەكتەپ مائارىپى ئىنسان تەبىئىتىنى ھاسىل قىلغۇچى مۇئەسسەسە ئەمەس، بەلكى تەبىئىي يارىتىلغان ئۇل ئۈستىگە تام قوپۇرۇش ۋەزىپىسىنى ئادا قىلىدۇ. شۇڭا قورساق مائارىپى بىلەن ئائىلە تەربىيىسىدىن ئىبارەت ئىككى قاتلام تەربىيىنىڭ رولىغا ئەھمىيەت بېرىشكە توغرا كېلىدۇ.

بىز قەدىمكى ئۇيغۇرلارنىڭ ئائىلە تەربىيىسىگە دائىر كۆپ مەلۇماتلارغا ئىگە بولمىساقمۇ، لېكىن بىزگە يېتىپ كەلگەن قىسمەن ئۇچۇرلاردىن ئۇيغۇر خەلقىنىڭ قەدىمدىن بېرى پەرزەنتلىرىنىڭ ئەتراپلىق تەربىيىلىنىشىگە زور ئەھمىيەت بەرگەنلىكىنى ھېس قىلالايمىز. ئۇيغۇرلارنىڭ ئەڭ قەدىمكى قەھرىمانلىق ئېپوسى «ئوغۇزنامە» دە بىزگە ئوغۇزخان ۋە ئۇنىڭ تارىخىي تۆھپىسى ئۇنىڭ خاراكتېرى ئارقىلىق ئۇيغۇرلارنىڭ ئائىلە تەربىيىسىنىڭ زور ئۇتۇقلىرى نامايان قىلىنىدۇ، ئوغۇزخاننىڭ پەرزەنتلىرىگە بەرگەن نەسىھەتلىرىدىن ئۇيغۇرلارنىڭ ئائىلە تەربىيىسىدىكى ئەنئەنىۋى ئىزچىللىقنىڭ سېيماسىنى كۆرىمىز: «ھەي ئوغۇللىرىم، ئۇۋنى كۆڭلۈم تارتىپ تۇرىدۇ، ياشىنىپ قالغانلىقىم ئۈچۈن، ئوۋغا چىقىشقا چامىم يەتمەيدۇ، كۈن، ئاي، يۇلتۇز ئۈچۈڭلار تۈن قاراڭغۇسى تەرەپكە بېرىڭلار، ئاسمان، تاغ، دېڭىز ئۈچۈڭلار تاڭ ئاتار تەرەپكە بېرىڭلار! شۇنىڭ بىلەن ئۈچەيلەن تۈن قاراڭغۇسى تەرەپكە، ئۈچەيلەن تاڭ ئاتار تەرەپكە كەتتى، كۈن، ئاي، يۇلتۇز نۇرغۇن ھايۋان، قۇشلارنى ئوۋلىدى ھەمدە يولدىن بىر ئالتۇن يانى تېپىۋالدى، شۇنداقلا ئۇنى ئاتىسىغا تاپشۇرۇپ بەردى، ئوغۇزخان شادلاندى ھەمدە ئالتۇن يانى

ئۈچ بۆلەككە بۆلدى ۋە ئېيتتىكى: ھەي ئاكىلار، بۇ يا سىلەرگە مەنسۇپ بولسۇن، سىلەر ياغا ئوخشاش ئوقنى كۆككە ئېتىڭلار. يەنە شۇندىن كېيىن، ئاسمان، تاغ، دېڭىز نۇرغۇن ھايۋان ۋە قۇشلارنى ئوۋلىغاندىن كېيىن، يولدىن ئۈچ كۈمۈش ئوق تېپىۋالدى ھەمدە ئۇنى ئاتىسىغا تاپشۇرۇپ بەردى، ئوغۇزخان شادلاندى ھەمدە ئوقلارنى ئۈچكە بۆلۈپ بەردى، ئېيتتىكى، ھەي ئىنىلەر، بۇ ئوق سىلەرگە مەنسۇپ بولسۇن، يا ئوقنى توغرىلايدۇ، سىلەر ئوققا ئوخشاش ياغا بويسۇنۇڭلار.» ① يۇقىرىقى بايانلاردىن شۇنى كۆرۈشكە بولىدۇكى، ئوغۇز خاقان (ئەل - دۆلەتنىڭ سىمۋولى) ئالتۇن قىسمەتلىك (ئىمتىيازلىق) ئالتۇن ئۇرۇقلۇق ئوغۇللار، كۈمۈش قىسمەتلىك (ئىمتىيازلىق) كۈمۈش ئۇرۇقلۇق ئوغۇللار بىر پۈتۈن گەۋدىگە ئايلىنىدۇ، ئوغۇز خاقان بىر ئاتا بولۇش سۈپىتى بىلەن كۆك تەڭرى ئەۋەتكەن خوتۇنىدىن بولغان كۈن، ئاي، يۇلتۇز ئىسىملىك ئوغۇللىرى، زېمىندىن تۆرەلگەن خوتۇنىدىن بولغان ئاسمان، تاغ، دېڭىز ئىسىملىك ئوغۇللىرى بولۇپ ئالتە پەرزەنتىگە ئەل - ۋەتەننىڭ مەنپەئىتى ئۈچۈن مىزىنى - مىزىگە تىرەپ كۈرەش قىلىشنى ئۆگىتىدۇ، بۇلارغا مۇستەقىل ياشاش قابىلىيىتىنى ئۆستۈرىدىغان پۇرسەتلەرنى يارىتىپ بېرىدۇ، ئوغۇزخان ئوغۇللىرىغا ساداقەت ۋە ۋاپادارلىقتا ئۈلگە بولىدۇ. قەھرىمانلىقتا نەمۇنە بولىدۇ، ئوغۇللىرىمۇ ساداقەت ۋە ۋاپادارلىق بىلەن ئوغۇز خاقاننى شادلاندۇرىدۇ، ئاخىرىدا ئوغۇز خاقان ئەل - ۋەتەننىڭ كېيىنكى تەقدىرىگە كۆڭۈل بۆلۈپ، دۆلەت، خەلقنىڭ تەقدىرى ۋە تىزگىنى ئالتە ئوغۇلنىڭ ئىناق - ئىتتىپاقلىقىدا ئىكەنلىكىنى بىلىدۇ، شۇڭا ئۇلارغا ناھايىتى خاسىيەتلىك ۋە ھېكمەتلىك نەسىھەتلەرنى قىلىپ، كىچىكلەرنىڭ چوڭلارنىڭ گېپىنى ئاڭلاشنىڭ لازىملىقى، ھەرگىزمۇ باشباشتاقلىق قىلىپ، ئارىدا دۈشمەنلىك پەيدا قىلىپ

① «ئوغۇزنامە»، مىللەتلەر نەشرىياتى 1980 - يىل ئۇيغۇرچە نەشرى، 59 - ، 60 - بەتلەر.

www.uyghurkitap.com

قويماسلىقى لازىملىقىنى قاتتىق تاپىلايدۇ، ئالتۇن ياغا يەنى چوڭ
ئوغۇللىرىغا يېتەكچىلىك قىلىش ھوقۇقىنى بېرىدۇ، كۈمۈش ئوق
يەنى كىچىك ئوغۇللىرىنى چوڭ ئوغۇللىرىنىڭ يېتەكلىشىنى، ئەم-
رىگە ئىتائەت قىلىشىنى تاپىلايدۇ. يەنە بىر تەرەپتىن دىققەت قىلى-
دىغان بولساق، ئوغۇز خاقانىنىڭ ئالتۇن قىسمەتلىك (ئىمتىياز-
لىق) ئوغۇللىرى بىلەن كۈمۈش قىسمەتلىك (ئىمتىيازلىق) ئو-
غۇللىرىنىڭ ۋەزىپە مەجبۇرىيەتلىرىدە، چوڭ ئوغۇللىرى باشلامچى،
يېتەكچى ئورۇندا تۇرۇشى، كىچىك ئوغۇللىرى بويسۇنغۇچى، ئە-
گەشكۈچى ئورۇندا تۇرۇشى باللارنىڭ ياش جەھەتتىكى پەرقىگە،
ئۇكىلار ئاكىلارنىڭ يېتەكلىشىنى قوبۇل قىلىش ھەققىدىكى ئومۇ-
مىي قائىدىدىن باشقا بۇ يەردە مۇھىم رول ئويناۋاتقان ئامىل نە-
سەب، چۈنكى چوڭ ئوغۇللار كۆك تەڭرى چۈشۈرگەن ئىلاھىي
ئايالدىن تۇغۇلغان، كىچىك ئوغۇللار زېمىندىن تۆرەلگەن ئايالدىن
تۇغۇلغان. نەسىل، نەسەب بولۇپمۇ ھاكىمىيەت ئىشىدا مۇھىم
ئورۇندا تۇرىدۇ.

«قۇتادغۇبىلىك» تە نەسىل، نەسەبكە ئەھمىيەت بېرىشنىڭ
مۇھىملىقى قايتا ـ قايتا تەكىتلىنىدۇ، بىرى ياخشى تەبىئەتلىك،
پاك، تەقۋادار ئاياللاردىن ياخشى، يارامىلىق، پاك تەبىئەتلىك باللار
تۇغۇلىدۇ، ناپاك نەسلىدىن ياخشى تەبىئەتلىك باللار تۇغۇلمايدۇ،
شۇڭا خوتۇن ئېلىشتا تۇخۇم ـ ئۇرۇقىنى ياخشى سۈرۈشتۈرۈش
ئائىلە بەختى ئۈچۈنلا ئەمەس، بەلكى يارامىلىق ئەۋلادلارنىڭ تۇغۇلۇ-
شى ئۈچۈنمۇ مۇھىم ئىكەنلىكىنى تەكىتلەيدۇ:

4476 تېگى ياخشى بولسۇن، تۇخۇم ۋە ئۇرۇغ،
ئۇياتچان ۋە تەقۋا ئۆزى بەك ئېرىغ.

ھەرقانداق بىر شەيئى ئۆزىنىڭ ئەسلىي تەبىئىتىگە مايىل بولى-
دىغانلىقى، ئەسلىي نەسلىنى تارتىدىغانلىقى تەبىئىي قانۇنىيەت.

لەرنىڭ بىرى، ھەرگىزمۇ سادىر ئاق قۇ تۇغۇلمايدۇ، ئىتتىن شىر تۇغۇلمايدۇ، سادىن سا، ئاق قۇدىن ئاققۇ، ئىتتىن ئىت، شىردىن شىر تۇغۇلىدۇ. ئىنسانمۇ بۇ قانۇنىيەتنىڭ سىرتىدا ئەمەس. گەرچە ئادەمدىن ئادەم تۇغۇلسىمۇ، لېكىن ئادەملەرنىڭ تەبىئىتى، خاراكتېر - مىجەزى بىر - بىرىدىن پەرق بولىدۇ. كۆرۈنۈشتە ھەر ئادەم ئادەم سۈرىتىدە كۆرۈنگەن بىلەن، ئىچكى دۇنياسىدا ئاسمان-زېمىن پەرق بولىدۇ، شۇڭا بۇ دۇنيادا ئالىيجانابلىق، پاكلىقمۇ بار، رەزىللىك ۋە ناپاكلىقلارمۇ بار، بىرىنىڭ تەبىئىتى ياخشىلىققا مايىل بولسا، يەنە بىرىنىڭ تەبىئىتى يامانلىققا مايىل بولىدۇ: بەزىلەر قانائەتچان، ئىنساپلىق بولسا، بەزىلەر قانائەتسىز، نائىنساپ، نەپسانىيەتچى بولىدۇ. ئۇيغۇرلارنىڭ: «نەپس كۆزىنى گۆر توپىسىدىن باشقا نەرسىلەر تولدۇرالمايدۇ» دېگەن گەپ بار. بۇمۇ ئاخىرقى ھېسابتا ئىنسان تەبىئىتىنىڭ مۇھىم رول ئوينايدىغانلىقىنىڭ ئىپادىسى، شۇڭا مۇھەممەت ئەلەيھىسسالاممۇ نەسلى، نەسەب توغرىسىدا: «ياخشى نەسلىدىن چاتاق چىقمايدۇ» (بۇخارى رىۋايەت قىلغان) دېگەن ئىدى. ئەزەلدىن پەس تەبىئەتلىك كىشىلەردىن ۋاپا كەلگەن ئەمەس، ناچار تەبىئەتلىك كىشىلەرگە نەسىھەتمۇ، تاياق - توقماقمۇ كار قىلمايدۇ، ئېسىل تەبىئەتلىك ئادەم ھەرقانداق قىيىن شارائىتلاردىمۇ، قاتمۇقات تەقىب ئاستىدىمۇ، ئىقتىسادىي قىزىقتۇرۇشلار ئالدىدىمۇ ھەرگىزمۇ ئىرادىسىنى سۇندۇرمايدۇ، روھىنى، ۋىجدانىنى بۇلغىمايدۇ، ئۇنداق ياخشى تەبىئەتلىك ئادەم نومۇسىنى بۇلغايدىغان ھەرقانداق بىر يامان ئىشنىڭ ئۆزىدىن سادىر بولۇپ قېلىشىدىن ئۆلۈمنى ئارتۇق بىلىدۇ. تەبىئىتى پەس ئادەمچۇ؟ بىر ۋاقلىق تاماق ئۈچۈن ئاتا - ئانىسىنىمۇ سېتىۋېتىشتىن يانمايدۇ، ھەرقانداق رەزىللىكلەرنى قىلىشتىن خورلۇق ھېس قىلمايدۇ.

ئىسلامىيەت دەۋرىدە مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام يوشۇرۇن دەۋەتتىن ئاللانىڭ ئەمرى بىلەن ئاشكارا دەۋەتكە ئۆتكەندىن كېيىن، نۇرغۇن رىيازەتلەرنى تارتتى، تۆھمەتلەرگە ئۇچرىدى، بۇلاردىن ئەڭ

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com

كۆپ يىتىنە - پاسات تارقاتقانلار ئىچىدە ئەبۇلەھەب بىلەن ۋەلىد ئىبنى مۇغىرە ئەڭ قەبىھ ئىدى، بۇلار پەيغەمبىرىمىزنى، ھەقنى ئىنكار قىلاتتى، كىشىلەرنى ھەققە قارشى تۇرۇشقا كۇشكۇرتەتتى. بۇ ھەقتە مۇنداق ئايەت نازىل بولغان. «قەسەمخور، پەس، غەيۋەتخور، سۇخەنچى، بېخىل، ھەددىدىن ئاشقۇچى، گۇناھكار، قوپال، ئۇنىڭ ئۇستىگە، ھارامدىن بولغان ئادەم (يەنى ۋەلىد ئىبىن مۇغىرە) گە ئىتائەت قىلمىغىن.» (قەلەم سۈرىسى 10 ~ 13- ئايەت) يۇقىرىقى ئايەتتە ۋەلىدئىبنى مۇغىرەنىڭ شۇنچە ئەسكى تەبىئەتلىك بولۇشىغا نەسلى - نەسەبىنىڭ پاك بولمىغانلىقى، ئۇنىڭ ئەسكى تەبىئىتىنى ھاسىل قىلىشقا تەسىر كۆرسەتكەن ئاساسىي ئامىل ئىكەنلىكى روشەن بولىدۇ. ئەل ئارىسىدا ئادەملەرنىڭ ئەڭ ئەسكىسىنى «ھارامدىن بولغان» دېگەن يامان ئاتاق بىلەن سۈپەتلەيدۇ. چۈنكى ھارامدىن بولغان ئادەم ناپاكلىقنىڭ، زىناخورلۇقنىڭ، ئاسىيلىقنىڭ مەھسۇلى، شۇڭا ئۇنىڭ تەبىئىتىگە ناپاكلىق، ئاسىيلىق، نەپسانىيەتچىلىك ئېغىر سىڭگەن. ئۇنداق ئادەملەردىن ھەرگىزمۇ ۋاپا كەلمەيدۇ، ئۇلار ئۆزىنىڭ قارا نىيىتى ۋە شۇم تەبىئىتى بىلەن ئالەم يۈزىنى قارا قىلىشتىن باشقا ئىشقا يارىمايدۇ.

پاك نەسىل، ئېسىل ئۇرۇقنىڭ ئەۋلادلىرى ئىنسانىيەت تارىخىدا بۈيۈك تۆھپىلەرنى قوشقان كىشىلەردۇر. ئىسلام دىنىنىڭ پەيغەمبىرى مۇھەممەد سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ نەسەبى شۇنداق ئېسىل ئىدى، بۇ ھەقتە مۇھەممەد خۇزەرى «مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنىڭ تەرجىمىھالى» دېگەن كىتابىدا ئاتا ۋە ئانا جەمەتلىرىنىڭ نەسەبىنى بىرمۇ بىر ساناپ چىققاندىن كېيىن مۇنداق دەيدۇ: «قىسقىسى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ نەسەبى ئىبراھىمنىڭ ئوغلىغا يەنى كېيىن ئەرەبلىشىپ كەتكەن ئەرەبلەرنىڭ ئاتىسى ئىسمائىلغا يېتىپ بارغانلىقى مەسىلىسىدە تارىخ ئالىملىرى ۋە مۇھەددىس ئالىملارنىڭ پىكرى بىردەك، كۆرۈپ تۇرۇۋىسىزكى، مۇ-

ھەممەد ئەلەيھىسسالامنىڭ نەسەبى ئېسىل نەسەب، پاك ئاتىلار، پاك ئانىلاردۇر. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ يۇقىرىدىكى ئاتىلىرىنىڭ پۇشتىدىن ئانىلىرىنىڭ قارنىغا يۆتكىلىپ، ئاخىرى تۇغۇلۇش بىلەن ئاللا ئۇنى پەيغەمبەرلىككە تاللىغان، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ نەسەبى ئەرەبلەر ئىچىدە ئەڭ ئېسىل ۋە ئەڭ يۇقىرى مەرتىۋىلىك بولغان قۇرەيش قەبىلىسىدىن ئىدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ زەنجىرسىمان ئاتا ـ بوۋىلىرىنىڭ ھەممىسى ئېسىل زاتلار، ئەربابلار بولۇپ، ئۇلارنىڭ ئىچىدە بىرەر چاكىنا ئادەمنى ئۇچراتمايسىز، شۇنىڭدەك ئۇنىڭ ئانا تەرەپ ئەجدادلىرىمۇ نوپۇزلۇق، ئاتاقلىق قەبىلىلەردىن ئىدى. شۈبھىسىزكى، نەسەبى ئېسىل، تېگى پاك بولۇش پەيغەمبەرلىكنىڭ شەرتلىرىدىندۇر. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ئاتا ـ ئانىلىرىنىڭ قوشۇلۇشى، ئەرەبلەرنىڭ قائىدىسى بويىچە، قانۇنىي يول بىلەن بولغان، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ نەسەبى جاھالىيەتنىڭ پاھىشىۋازلىقلىرى بىلەن بۇلغانمىغان. خۇداغا شۈكۈر، ئاللا پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنى ئۇنىڭدىن پاك قىلغان» .① بۇنىڭدىن مەلۇم بولدىكى، پاك نەسەب، ئېسىل ئۇرۇق ئادەملەر ئاللانىڭ رەھمىتىگە كۆپرەك ئېرىشىدىكەن، ناپاكلىقتىن ناپاكلىق سادىر بولغانلىقى ئۈچۈن مۇغەرەگە ئوخشاش ئاللانىڭ لەنىتىگە ئۇچرايدىكەن.

يۇسۇپ خاس ھاجىپ تارىخى تەجرىبىلەرنى يەكۈنلەپ، يارامىلىق ئادەملەرنى جەمئىيەتكە چىقىشتا نەسىل ـ نەسەبكە ئېتىبار بېرىشكە چاقىرىدۇ، بولۇپمۇ ھاكىمىيەت مەسىلىسىدە بۇنىڭ رولىنىڭ ئىنتايىن مۇھىم ئىكەنلىكىنى تەكىتلەيدۇ.

108 ئەي خۇيى گۈزەل، پاك نەسەب، پاك ئۇرۇق،
جاھان قالمىسۇن سەندىن ھەرگىز قۇرۇق.

---

① مۇھەممەد خۇزەرى: «مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنىڭ تەرجىمىھالى»، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، 1983 ـ يىل ئۇيغۇرچە نەشرى 8 ـ ، 9 ـ بەتلەر.

www.uyghurkitap.com

## 2. «قۇتادغۇبىلىك» — 11 - ئەسىردىكى ئۇلۇغ پېداگوگىكىلىق ئەسەر

يۇسۇپ خاس ھاجىپ 11 - ئەسىردىكى ئېسىل نەسەبلىك، ئوقۇمۇشلۇق، تەقۋادار، پاك مۇسۇلمان ئائىلىسىدە تۇغۇلۇپ ئۆسكەن. ئۇنى ئاتا - ئانىسى ئۇيغۇرلارنىڭ ئەنئەنىۋى تەلىم - تەربىيە ئەندىزىسى بىلەن ئىسلام دىنى ئەقىدىسىنىڭ تەلىپىنى بىرلەشتۈرۈپ ئەتراپلىق تەربىيىگە ئىگە قىلغان. بىز يۇسۇپنىڭ تەڭداشسىز ئىستېداتى، خاراكتېرى ۋە پەزىلىتىدىن ئۇنىڭغا ئاتا - ئانىسىنىڭ ئۆز دەۋرىدە قانچىلىك زور ئەجىر سىڭدۈرگەنلىكىنى تەسەۋۋۇر قىلالايمىز، يۇسۇپ خاس ھاجىپ ئۆزىنىڭ تەربىيىلىنىش جەريانى توغرىسىدا مۇنداق ئۇچۇرلارنى قالدۇرىدۇ: «ھەي تىلىم، يارانقۇچىنى، يامانلىقنى مەندىن يىراق قىلغۇچى ئىگەمنى تىنماي مەدھىيىلە. ئۇ تاللاپ مېنى ياراتتى ۋە قەلبىمنى يورۇتتى، ھىدايەت يولى بىلەن قەلبىمنى خاتىرجەملىككە ئىگە قىلدى. قاراڭغۇدا ئىدىم، تۈنۈمنى يورۇتتى، زۇلمەتتە ئىدىم، كۈنۈمنى تۇغدۇردى، ئادىشىپ تېنەپ يۈرگىنىمدە يولۇمنى كۆرسەتتى. ئۇ ئۆزى ساقلىمىغان بولسا ئوتتا كۆيەتتىم. ئۇ مېنى تاللاپ يۈكسەلدۈردى. ئازغان يولدىن تارتىپ چىقىرىپ، ھىدايەت يولىغا سالدى. دىلىمنى يورۇقلۇق بىلەن بېزىدى، تىلىمنى شاھادەت بىلەن زىننەتلىدى. ئۇ ماڭا كۆڭۈل، كۆز، بىلىم، ئاڭ، ئەقىل بەردى ۋە تىلىمنى راۋان قىلىپ سۆزلەشكە يول ئاچتى. مېنى يېتەكلىگۈچى سۆيۈملۈك پەيغەمبىرىمىزنىڭ يولىدۇر، پەيغەمبىرىمىزلا ماڭا يول كۆرسەتكۈچى بولسۇن. ئۇ مەندەك تائەتسىز قۇلىنى قەدىرلىك قىلدى. بۇلارنىڭ ھەممىسى ئىگەمنىڭ كۆرسەتكەن پەزىلىتىدىن بولدى. يىللاپ، ئايلاپ ياشىسامۇ ئىگەمنىڭ شۈكۈرىسىنى قانداقمۇ ئادا قىلىپ بولاي؟!» (381 - 390)

بۇنىڭدىن بىز يۇسۇپ خاس ھاجىپنىڭ تەربىيىلىنىش يۆنىلىشىنى بىلىپلا قالماي، بەلكى ئۇنىڭ ئەقىدە - ئېتىقادىنىڭ قانچىلىك

چوڭقۇرلۇقىنى، ئىمان نۇرىنىڭ قانچىلىك نۇرلۇق ئىكەنلىكىنى كۆرەلەيمىز. ناھايىتى روشەنكى، يۇسۇپ خاس ھاجىپنى شۇنچە يۈكسەك كامالەتكە يەتكۈزگەن ئىدىيە قانداقتۇر بىرەر ئىزمىلار بولماستىن، بەلكى ئىسلام روھى ئىدى. شۇڭا ئۇنىڭ ئەسىرىگە ئىسلام روھى چوڭقۇر سىڭدۇرۇلگەن. پەرزەنت تەربىيىسى مەزمۇن قىلىنغان سەھىپىلىرىدە ئىسلام روھى بىلەن ئۇيغۇرلارنىڭ ئەنئەنىۋى ئائىلە تەلىم - تەربىيە ئەندىزىسى ئورگانىك ھالدا يۇغۇرۇلغان. ئەسەردە ئورۇن ئالغان نۇرغۇن مەزمۇنلاردا ئۇيغۇرلاردىن چىققان بەگ، يابغۇ، سانغۇن، ھېكىم، ئالىم، شائىر، كۆپىنى كۆرگەنلەرنىڭ نەسىھەتلىرىدىن مىساللار كەلتۈرۈپ پىكرىنى ئىلمىي ئاساسقا ۋە مىللىي خاسلىققا ئىگە قىلىدۇ.

273 كېلۈر بۇڭا ئوخشاپ تۈركچە مەسەل،
بۇنى ئىبەرتتىن مەن مۇشۇ يەردە دەل:

274 ئەقىل كۆرۈكى تىلدۇر، بۇ تىل كۆرۈكى سۆز،
كىشى كۆركى يۈزدۇر، بۇ يۈز كۆرۈكى كۆز.

4152 نېمە دەيدۇ ئاڭلا، قېرىلار سۆزى،
قېرى سۆزى تۇتسا، ئېچىلغاي كۆزى:

4153 ئۇلۇغقا ھۆرمەت بۇ، جاھان قانۇنى،
ئۇلۇغ كەلسە قوپۇپ كۈتۈپ ئال ئۇنى.

4154 كېرەكتۇر كىچىكتىن ئۇلۇغقا ھۆرمەت،
ئۇلۇغمۇ كىچىككە قىلۇر ئەيىنىنى.

بۇنداق مىساللار ناھايىتى كۆپ، بۇنىڭدىن ئالىمنىڭ ئەنئەنىگە

www.uyghurkitap.com

قانچىلىك ئەھمىيەت بېرىدىغانلىقىنى كۆرەلەيمىز.

«قۇتادغۇبىلىك» ئىنسانىيەت تارىخىدا دۇنياغا كەلگەن ئەۋلاد تەربىيىلەشنى مەقسەت قىلغان ئەسەرلەر ئىچىدە ئۆزگىچە ئۇسۇل بىلەن مەزمۇن يورۇتۇلغان ۋە ئەڭ مۇۋەپپەقىيەتلىك چىققان يېگانە ئەسەر، ئۇ ئىسلامىيەتتىن بۇرۇن بولسۇن ياكى ئىسلامىيەتتىن كېيىن بولسۇن، ئەۋلاد تەربىيىسىگە بېغىشلاپ يېزىلغان مەخسۇس تەلىم - تەربىيە خاراكتېرىنى ئالغان پېداگوگىكىلىق ئەسەرنىڭ ئەڭ كاتتىسى، بىز بۇنىڭ ئالدىغا ئۆتىدىغان يەنە بىر پېداگوگىكىلىق ئەسەرنىڭ بارلىققا كەلگەنلىكىدىن ۋاقىپ ئەمەسمىز. يۇسۇپ خاس هاجىپ ئەسىرىنى كېيىنكى ئەۋلادلارنى يېتۇك ئىزباسارلاردىن قىلىپ تەربىيىلەش مەقسىتىدە بۇ ئەسەرنى يازغانلىقى ئۈچۈن، ئەۋلادلىرىغا بايان قىلغان: «ھەي ھېكىم، تىلىكىم، ئارزۇيۇم كېيىنكى ئەۋلادلارغا يادىكار قالغۇدەك سۆزنى سۆزلەش ئىدى» (192) دېگەن سۆزىمۇ ئەسەرنىڭ مەخسۇس تەلىم - تەربىيىنى نىشان قىلغانلىقىنى ئۇقتۇرىدۇ. بىراق ئەسەر ھەرگىزمۇ «قابۇسنامە»، «سىدىقنامە»، «ئەتەبەتۇل ھەقايىق» كەبى ئەسەرلەرگە ئوخشاش نوقۇل نەسىھەت ئۇسلۇبىدا يېزىلغان تەلىم - تەربىيە ئەسىرى ئەمەس. ئەسەردە ئۇيغۇرلارنىڭ ئائىلە مائارىپى، مەكتەپ مائارىپى، ئوردا مائارىپى ۋە ئاۋام مائارىپى ئەنئەنىسىنى ناھايىتى يۇقىرى ماھارەت بىلەن ئەكس ئەتتۈرۈپ بەرگەن. يۇسۇپ خاس هاجىپ ئەسىرىدە شەخس، ئائىلە ۋە جەمئىيەتنى ناھايىتى مۇستەھكەم ئورگانىك بىر گەۋدىگە ئايلاندۇرىدۇ.

«قۇتادغۇبىلىك» تىكى ئائىلە تەلىم - تەربىيە ئەندىزىسى ئىككى قاتلام بويىچە بايان قىلىنىدۇ. بىرىنچى قاتلام چوڭ ئاساسىي قاتلام بولۇپ، بۇ قاتلامدا يۇسۇپ خاس هاجىپ شەخسەن ئۆزى مىللەتنىڭ ئەۋلادلارنىڭ ئۇلۇغ ئاتىسى سۈپىتىدە ئوتتۇرىغا چىقىپ، ھاياتنىڭ ھەقىقەتلىرىنى چۈشەندۈرىدۇ، ياشاش يوللىرىنى كۆرسىتىدۇ، مۇۋەپپەقىيەت نىشانىغا تۇغ - ئەلەم قادايدۇ، ئەدەپ -

ئەخلاق، قائىدە- يوسۇن تەربىيىسىنى بېرىدۇ، كۆزلەرنى ئېچىپ،
قەلبلەرنى يورۇتىدۇ، تۇرمۇشنى، ھاياتنى سۆيۈشكە ئۆگىتىدۇ،
ياخشىلىق يوللىرىنى كۆرسىتىدۇ، يامانلىق يوللىرىدىن ئاگاھلاندۇ-
رىدۇ، مەسئۇلىيەت ئېگىنى يۇقىرى كۆتۈرۈپ، مىللەتنىڭ، دۆلەت-
نىڭ چوڭ ئىشلىرىغا، تەقدىرىگە كۆڭۈل بۆلۈشكە، شەخس ھاياتى
بىلەن ئومۇمنىڭ ھاياتىنى بىر گەۋدە دەپ قاراشقا ئىلھاملاندۇرىدۇ،
ھەتتا ئادەتتىكى پەرزەنت تەربىيىلەش ئۇسۇلى ۋە چارىلەرگىچە كونك-
رېت پىكىر بايان قىلىدۇ. يۈسۈپ خاس ھاجىپ «ھەي ئوغلۇم»
دەپ پىكىر بايان قىلىدۇ، ئۇ «ھەي ئوغلۇم» دەپ خىتاب قىلىۋات-
قاندا، ئۇ يالغۇز بىرەر ئائىلە باشلىقى ياكى بىر يۇقىرى دەرىجىدىكى
ئەمەلدارلىق ئىمتىيازى بىلەن ئەمەس بەلكى پۈتۈن مىللەتنىڭ،
ھەتتا پۈتۈن ئىنسانىيەتنىڭ ئەڭ ئوقۇمۇشلۇق، مېھرىبان، مەسئۇ-
لىيەتچان ئاتىسى، سۈپىتى بىلەن ئوتتۇرىغا چىقىپ نەسىھەت قىلى-
دۇ «. . . ئەي دانا مەن سۆزلىرىمنى ئوغلۇمغا سۆزلەۋاتىمەن، ئۇ
مەندىن تۆۋەن تۇرىدۇ، قانداقمۇ ماڭا تەڭ بولالىسۇن؟ (186)
ھەي ئوغلۇم، سۆزلىرىمنى ساڭا سۆزلىدىم. بۇ نەسىھەتلى-
رىمنى سەن ئۈچۈن قىلدىم، ساڭا مەندىن ھەرقانچە ئالتۇن، كۈ-
مۈش قالسىمۇ، بۇ سۆزلىرىمگە تەڭ كۆرمە. كۈمۈشنى خەجلىسەڭ
تۈگەيدۇ، يوقىلىدۇ، سۆزلىرىمنى يادىڭدا تۇتۇپ ئىشلەتسەڭ كۈ-
مۈش قازىنىسەن.» (187 - 189)
كىشىدىن كىشىگە مەڭگۈلۈك قالىدىغان مىراس سۆزدۇر ۋە
قىلىنغان سۆزلەرنى ئېسىڭدە تۇتساڭ پايدىسى تۈگىمەستۇر، ھەي
ياخشى يىگىت، ھاياتىڭ خۇشال- خۇراملىقتا ئۆتسۇن، سۆزلىرىم-
نى زايە قىلماي كۆڭۈل قويۇپ ئوقۇ» (190) يۇقىرىقى خىتابلار
ئەسەرنىڭ باش قىسمىدىكى پىكىر تاپشۇرۇش بابىدا بايان قىلىنىۋا-
تىدۇ، ئۇ بۇ ئارقىلىق مىللەتنىڭ پۈتۈن بالىلىرىغا ھاياتىڭ قانۇنى-
يىتىگە ئىنسانىي قىممەتتىن ھاكىمىيەت بىلەن خەلقنىڭ بىر پۈتۈن-
لۈكى، ئەقىل - پاراسەتنىڭ خاسىيىتى، بىلىم - مەرىپەتنىڭ

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

ئۇلۇغلۇقىدىن تەلىم - تەربىيە بېرىدۇ. ئەسەر بەزىلەر دېگەندەك ياالغۇز پادىشاھلار ۋە شاھزادىلەرگىلا قىلىنغان نەسىھەت كىتابى ئەمەس، بەلكى ئۇ يۇقىرىدىن تارتىپ تۆۋەنگىچە، ئۆتمۈشتىن كەلگۈسىگىچە، يۇقىرى ۋە تۆۋەن تەبىقىلەرنى، زامان - ماكاننى بىر گەۋدىگە ئايلاندۇرۇپ، ئۇلارنىڭ تەقدىر ئىستىقبالى توغرىسىدىكى ئەڭ ماھىيەتلىك مەسىلىلەر ھەققىدە مۇنتىزىم تەلىم - تەربىيىگە ئىگە قىلىدۇ، ئىنسانىيەت تارىخىدا يۈز بەرگەن تۈرلۈك - تۈمەن تراگېدىيىلەر ۋە نۇرغۇن كومېدىيىلىك ھاياتنىڭ مەنزىرىلىرىگە باشلاپ كىرىدۇ، بۇ ئارقىلىق ئومۇمىي نۇقتىدىن نۇرغۇن ئۈلگىلەردىن ۋاقىپلاندۇرىدۇ. ئەسەرگە «قۇتادغۇبىلىك» دەپ ئات قويغانلىقىنى بۇ ئەسەر ئەۋلادلىرىنىڭ قولىدىن تۇتۇپ بەخت سائادەت مەنزىلگە يېتەكلىشنى مەقسەت قىلغانلىقىنى تەكىتلەپ ئۆتىدۇ. ئۇ شۇنداق قىلىپ پۈتكۈل جەمئىيەتنى، زاماننى ۋە كەلگۈسى ئەۋلادلىرىنى ئۆزىنىڭ مۇقەددەس چوڭ ئائىلىسىگە ئايلاندۇرىدۇ، ئۇ مانا شۇ چوڭ ئائىلىلىرىنىڭ مەسئۇلىيەتچىسى، دانا ئاتىسى، ئۇلارنىڭ ئۇلۇغ ئۇستازى سۈپىتىدە ئۇلارغا گۈزەل ئىستىقبال يارىتىپ بېرىش ئۈچۈن نادىر مەنىۋى يېتەكچىنى بارلىققا كەلتۈرىدۇ.

ئەسەرنىڭ ئىككىنچى قاتلام ئائىلە تەربىيىسى يۆنىلىشىدە، ئايتولدى ۋە ئۇنىڭ ئائىلىسىنى ئۆرنەك قىلىپ، پەرزەنت تەربىيەسىنىڭ كونكرېت تەلەپلىرىنى تەپسىلىي بايان قىلىدۇ، بۇ ئارقىلىق ئائىلە مائارىپىنىڭ رولى ۋە ئەھمىيىتىنى مۇكەممەل ئۈلگە قىلىش ئارقىلىق نامايان قىلىپ بېرىدۇ، بىز ئەسەردىكى ئۆگدۈلمىشنىڭ ئەقىل - پاراسەت، ئىلىم - مەرىپەت، ئەخلاقىي پەزىلەت جەھەتتە مۇكەممەل ئادەم بولۇپ يېتىلىپ، دۆلەتنىڭ مۇھىم ئەربابى قاتارىدىن ئورۇن ئالغانلىقىدەك ئۆرنەكتىن يۈسۈپ خاس ھاجىپ پەرزەنت تەربىيىلەش ئەندىزىسىنىڭ شانلىق نەتىجىسىنى كۆرىمىز. يەنە بىر تەرەپتىن، بۇ خۇددى يۈسۈپ خاس ھاجىپنىڭ كىچىكىدىن تارتىپ ئىنتايىن قاتتىق تەلەپ بىلەن ئەتراپلىق تەربىيە كۆرگەنلىكىنىڭ

خاسىيىتى بىلەن ئىنسانىيەت تارىخىدا بارلىققا كەلگەن ئون چوڭ مۇتەپەككۇرنىڭ بىرىگە ئايلىنىپ، ئىنسانىيەت مەدەنىيەت مۇساپىسىنىڭ 11 ـ ئەسىر سەھىپىسىدە چولپان بولۇپ پارلىغانلىقىنى تەسەۋۋۇر قىلالايمىز. خېلى كۆپ تەتقىقاتچىلار ئۆگدۈلمىشنىڭ بەدىئىي سىيماسىدىن يۈسۈپ خاس ھاجىپنىڭ ھايات كارتىنىسىنى كۆرگىلى بولىدۇ دەپ قاراشماقتا. دېمىسىمۇ يۈسۈپ خاس ھاجىپ بىلەن ئۆگدۈلمىشنىڭ خېلى كۆپ تەرەپلەردە ئورتاقلىقى ۋە ئوخشاشلىقى بار.

«قۇتادغۇبىلىك» تە تەسۋىرلەنگەن ئىككىنچى مۇھىم شەخس بەخت ـ سائادەتنىڭ سىمۋولى ئايتولدى بىلەن ئەسەردىكى ئۈچىنچى شەخس ئەقىل ـ پاراسەتنىڭ ئېتى (ياكى سىمۋولى) ئۆگدۈلمىش ئوتتۇرىسىدىكى چوڭقۇر ئاتا ـ بالىلىق مېھىر ـ مۇھەببەت، ئايتولدىنىڭ ئوغلى ئۆگدۈلمىشنى يارامىلىق، ئەقىل ـ پاراسەتلىك، پەزىلەتلىك، مۇكەممەل ئادەم قىلىپ تەربىيىلەش ئۈچۈن قىلغان نەسىھەت، ۋەسىيەتلىرى ئارقىلىق ئائىلە ۋە تەلىم ـ تەربىيە تەلىپىنىڭ مەزمۇنى ۋە ئەھمىيىتىگە نىسبەتەن ناھايىتى چوڭقۇر چۈشەنچىگە ئىگە قىلىدۇ.

يۈسۈپ خاس ھاجىپ ئائىلە تەربىيىسىدىكى بىرىنچى ئاساسنى ئائىلە باشلىقلىرىنىڭ ساپاسىغا مەركەزلەشتۈرۈپ ئىپادىلەيدۇ، ئايتولدى ئالدى بىلەن يارامىلىق، ئوقۇمۇشلۇق، تەلەپچان، مەسئۇلىيەتچان، كۆيۈمچان بىر ئاتا، يەنە بىر تەرەپتىن، ئۇ يېتىلگەن دۆلەت ئەربابى. ئۇ ئائىلىسىگە، بالىسىغا ئىنتايىن كۆڭۈل بۆلۈش بىلەن بىرگە، دۆلەتنىڭ ئىشلىرىغىمۇ قاتتىق كۆڭۈل بۆلىدۇ، بالىسىنىڭ غېمىنى قانداق يېسە دۆلەتنىڭ غېمىنىمۇ شۇنداق يەيدۇ، ئايتولدىدىكى مەسئۇلىيەت ئېڭى ناھايىتى كۈچلۈك، ئۇ ھاياتى ئاخىرلىشىپ سەكراتقا چۈشكەن چاغدىمۇ يەنىلا دۆلەتنىڭ تەقدىرىگە كۆڭۈل بۆلۈپ تۇرىدۇ، بالىسىنىڭ يارامىلىق ئادەم بولۇپ ئەلگە يارىشىنىڭ غېمىنى يەيدۇ. ئەمەلىيەتتە دۆلەتنىڭ مەنپەئىتى بىلەن

www.uyghurkitap.com

ئائىلە ۋە پەرزەنتلەرنىڭ مەنپەئەتى بىردەكلىككە ئىگە. بىرىگە سەل قاراپ يەنە بىرىگە كۆڭۈل بۆلۈشنىڭ ھەممىسى ئۈنۈمسىز قۇرۇق ئۇرۇنۇش بولۇپ قالىدۇ، دۆلەتتە تىنچلىق، خاتىرجەملىك بولمىسا، ئائىلىلەر ۋەيران بولىدۇ، پەرزەنتلەرمۇ تەربىيىسىز قېلىپ قۇرۇپ قاقشال بولىدۇ؛ پەرزەنتلەر ياراملىق، ئەتراپلىق، كۆڭۈل قويۇپ تەربىيىلەنمىسە دۆلەتنىڭ قۇيرۇقىنى قۇم باسىدۇ، چۈنكى بىر دۆلەت پەقەت پادىشاھقا تايىنىپلا مەۋجۇت بولۇپ تۇرالمايدۇ، بەلكى شۇ دۆلەتنىڭ ئومۇمىي پۇقرالىرىنىڭ ئۈنۈۋېرسال ساپاسى دۆلەتنىڭ پۇت تىرەپ تۇرۇشىنىڭ يادرولۇق تۈۋرۈكى. پادىشاھ بولسۇن، پۇقرا بولسۇن ئائىلە بىلەن دۆلەتنىڭ مەنپەئىتىنى بىر گەۋدە دەپ چۈشەنگەندىلا، ئاندىن ياراملىق، ئەلگە پايدىلىق، ۋاپادار، شەخسىيەتسىز، پىداكار ئەزىمەتلەرنى تەربىيىلەپ چىقالايدۇ، ئەگەر ئۇنداق بولمايدىكەن پەرزەنتلەرنى جەمئىيەتنىڭ ياراملىق بىر ئەزاسىغا ئايلاندۇرۇپ چىقىش مۇمكىن ئەمەس.

پەرزەنت تەربىيىسىدە ئائىلە ئوق، ئائىلە يادرو. تارىختىن بېرى ئائىلە ساپاسى ۋە پەرزەنت تەربىيىلەش مەسىلىسى شۇ مىللەتنىڭ تەقدىر ـ ئىستىقبالىغا مۇناسىۋەتلىك ئەڭ يادرولۇق مەسىلىلەرنىڭ بىرى بولۇپ كەلدى. ئادەم ئاتا بىلەن ھاۋا ئانا ئائىلە قۇرغاندىن كېيىنلا ئائىلە زىددىيىتىنى قانداق ھەل قىلىش، پەرزەنتلەرنى قانداق تەربىيىلەشتىن ئىبارەت سىناققا دۇچ كەلدى، ئادەم ئاتا بىلەن ھاۋا ئانىنىڭ تۇنجى پەرزەنتلىرى يەنى ئادەمدىن يارالغان تۇنجى ئادەم ھابىل بىلەن قابىل ئوتتۇرىسىدا بولۇپ ئۆتكەن تراگېدىيىلىك ئاقىۋەتلەر، يەنى قابىل ئۆزىنىڭ شەخسىي نەپسى ئۈچۈن قېرىندىشى ھابىلنى ئۆلتۈرۈۋېتىشى ئادەم ئاتىدىن كېيىنكى ئىنسانلارنىڭ تۇنجى ئېغىر جىنايىتى ئىدى، مانا شۇ تۇنجى جىنايەت ئائىلىدىن باشلانغان، ئائىلىنى مەنبە قىلغان. ئادەم ئاتا پەرزەنتلىرى ئوتتۇرىسىدىكى زىددىيەتنى توغرا بىر تەرەپ قىلالمىغانلىقى ئۈچۈن، بىر تۇغقان قېرىنداشلار ئوتتۇرىسىدا يېرتقۇچ ھايۋانلارمۇ قىلىشنى ھار

ئالىدىغان قەبىھ قاتىللىق ۋەقەسى يۈز بېرىپ، قابىلنى ئاللانىڭ
ئەمرى بىلەن يەر يۇتقان. ئىنسانلار جەمئىيەت شەكلىدە تەشكىل
تاپقاندىن كېيىن ئائىلە تەدرىجىي ئىنسانلار تۇرمۇشىنىڭ ئاساسىي
پائالىيەت مەركىزى بولۇش رولىنى ئۆتەپ كەلدى، ۋەھالەنكى ئائى-
لىسىز مىللەتمۇ، ئائىلىنى ئۆز ئىچىگە ئالمىغان دۆلەتمۇ مەۋجۇت
ئەمەس، مۇھەببەت، نىكاھ، جىنسىي تۇرمۇش، ئائىلە تەربىيىسى،
كۈندىلىك تۇرمۇش مەئىشىتى ۋە باشقا تۈرلۈك ئىجتىمائىي مۇناسى-
ۋەت تۈرىنىڭ تۈنجى ئۆرۈمى ئائىلىدىن چىگىلگەن ئىدى. شۇڭا
ئائىلە قەدىمدىن ھازىرغىچە جەمئىيەتنىڭ بىر پۈتۈن گەۋدىسىنى
ئۇيۇشتۇرۇپ تۇرغان ھايات بەخش مۆجىزە، ئۇ ھەم مىللەتنى ۋە
ئۇنىڭ ئەۋلادلىرىنى تەۋەللۇت قىلىپ يېتىلدۈرىدىغان ئانتروپولو-
گىيىلىك بۇلاق، ھەم جەمئىيەتنىڭ ماددىي ۋە مەنىۋى قىياپىتىگە
پەۋقۇلئاددە تەسىر كۆرسىتىپ تۇرىدىغان پائالىيەت مەركىزى. قە-
دىمدىن بېرى بىر مىللەتنىڭ جەمئىيەت گەۋدىسىنىڭ ساغلاملىقى
ۋە كامالەت دەرىجىسى ئائىلە ھۇجەيرىسىنىڭ ساغلاملىقى ۋە كامالەت
دەرىجىسىگە باغلىق بولۇپ كەلدى. ئائىلىنىڭ ساپاسى مىللەتنىڭ
ماددىي ۋە مەنىۋى ساپاسىغا، مىللەتنىڭ گۈللىنىشى ياكى گۇمران
بولۇشىغا پەۋقۇلئاددە تەسىر كۆرسىتىپ كەلدى. تارىختىكى نۇرغۇن
مىللەتلەرنىڭ ھالاك بولۇشىنىڭ تېگى - تەكتىنى سۈرۈشتۈرگەندە،
بۇ ھالاكەت ئوتى ئالدى بىلەن ئائىلىنى بىرلىك قىلىپ تۇتاشقانلىقى
ۋە يەنە شۇ ئائىلىنى بىرلىك قىلىپ كېڭەيگەن ۋە ئومۇملاشقان-
لىقىنى تارىخ ئاللىبۇرۇن ئىسپاتلىغان. ئىسلام دىنىنىڭ مۇقەددەس
كىتابى «قۇرئان كەرىم» دە تارىختىكى نۇرغۇن قوۋملەرنىڭ بۇزۇق-
چىلىقىدا بېرىلىپ كەتكەنلىكى، بىر - بىرىنى يامانلىقتىن توسۇپ
ياخشىلىققا دەۋەت قىلمىغانلىقى ئۈچۈن ھالاك قىلىنغانلىقى توغرى-
سىدا خەۋەرلەر بېرىلگەن. «بىز بۇ شەھەر ئاھالىسىنى چوقۇم ھالاك
قىلىمىز. ئۇنىڭ ئاھالىسى ھەقىقەتەن زالىم ئىدى.» (سۇرە ئەنكە-
بۇت 31 - ئايەت)

www.uyghurkitap.com

ئائىلە دېگەن مىللىي تىپتىكى ئىنسانلار تۈركۈمى، مىللىي تىپتىكى ماددىي ۋە مەنىۋى مەدەنىيەتنىڭ ئىجادكارى ۋە داۋاملاشتۇرغۇچىسىدۇر. ئائىلە چوڭ جەمئىيەت بىرلىكىنى تەشكىل قىلغان ھۇجەيرە بولۇش بىلەن بىرگە، ئۇ ئالدى بىلەن مىللەت تۇپرىقىدا ئۆسكەن، مىللىي مەدەنىيەت قۇچىقىدا تاكامۇللاشقان مەدەنىيەت بۇلىقىدۇر. ئائىلىدىن شۇ مىللەتنىڭ نوپۇسى يېتىلىدۇ، مىللەتنىڭ ئەزالىرى، دىنىي ئېتىقادى، مىللىي تىل - يېزىقى، ئۆي - روزغار تۇتۇش، قائىدە - يوسۇن، مىجەز - خۇلق، مىللىي پسىخىكا، مىللىي سەنئەت قاتارلىق مىللىي مەدەنىيەت ئەنئەنىسى بارلىققا كېلىدۇ، يەنە شۇ ئائىلىدىن مىللىي قەھرىمانلار، مىللەتنىڭ پەخرى ۋە ئىپتىخارى بولغان مىللىي داھىيلار ۋە ئالىملار يېتىشىپ چىقىدۇ، ۋەتەن خائىنلىرى، ساتقىنلار، مۇناپىقلار، نەپسىگە ئەسىر بولغان، ئۆزىنى قۇللۇققا مەھكۇم قىلغان ئەڭ پەس تەبىئەتلىك ئادەملەرمۇ يەنىلا شۇ ئائىلىنىڭ مەھسۇلاتى سۈپىتىدە جەمئىيەتكە ئاپەت كەلتۈرىدۇ. ئىرسىيەت نۇقتىسىدىن ئېيتقاندا، ناھايىتى روشەنكى، يۇقىرى ساپالىق ئائىلىدىن يۇقىرى ساپالىق پەرزەنتلەر يېتىشىپ چىقىدۇ، تۆۋەن ساپالىق ئائىلىدىن يۇقىرى ساپالىق پەرزەنتنىڭ يېتىشىپ چىقىشى ناتايىن. بۇ مەنىدىن ئالغاندا، يۇقىرى سۈپەتلىك، تەلەپچان، مەسئۇلىيەتچان ئائىلىلەر مىللەت گەۋدىسىدىكى تۆھپىكار ئەۋلادلارنىڭ يېتىلدۈرگۈچىسى بولۇش سۈپىتى بىلەن ئالقىشقا، ھۆرمەتكە سازاۋەر، تۆۋەن ساپالىق ئائىلىلەر لەنەتلىك، زىيانداش بىر ئوچۇم داشقال باللارنى يېتىشتۈرۈپ چىققانلىقى ئۈچۈن ئەيىبلىكتۇر.

ئۇيغۇر خەلقىنىڭ تارىختا ئەڭ گۈللەنگەن، قۇدرەت تاپقان، مەدەنىيەت جەھەتتە بايراقدار بولغان چاغلىرى ئائىلە بىلەن جەمئىيەت ھەقىقىي مەنىدىكى بىر پۈتۈن گەۋدىگە ئايلانغان دەۋرلەر ئىدى، زاۋاللىققا يۈزلەنگەن، ھاقارەتلەنگەن، قۇللۇق، مەھكۇملۇق ئاسارىتىگە چۈشۈپ قالغان چاغلىرى ئائىلە ساپاسى تۆۋەنلەپ، كىشىلەر

مىللەتنىڭ مەنپەئەتىنى تەرك ئېتىپ شەخسىي مەنپەئەتىنى بىرىنچى ئورۇنغا قويۇۋاتقان، بۇزۇلۇش، چۈشكۈنلىشىش ئېغىر بولغان دەۋرلەر ئىدى. ئۇيغۇرلار 10 ـ ئەسىرلەردىن باشلاپ ئىسلام دىنىنى قوبۇل قىلدى، شۇنىڭدىن كېيىن ئۇيغۇرلار ئائىلە تۈزۈمى ۋە پەرزەنت تەربىيىلەش تۈزۈمى ئەنئەنىسىنى ئىسلام دىنىنىڭ ئائىلە تۈزۈمى ۋە پەرزەنت تەربىيىلەش ئەندىزىسى ئاساسىدا ئۆزىنى قايتىدىن قۇردى، ۋەھالەنكى ئىسلام دىنى تارىختىكى ھەرقانداق بىر دىنىي ئاڭدىن يېڭى ۋە ئىلغار ھەم ھېكمەتكە تويۇنغانلىقى بىلەن ئائىلىلەرنى پارلاق بىر مەدەنىيەت چەمبىرىكى ئىچىگە باشلاپ كىردى، جامائەتكە ئىنسانلارچە ياشاشنىڭ بۈيۈك مەنىۋى قورالىنى تەقدىم قىلدى. چۈنكى ئىسلام دىنى ئىنسانلارنى ئۆزىنىڭ ئالەمدىكى ئورنىنى، قىممىتىنى بىلىش، ئادەمنىڭ خوجايىنلىق ھوقۇقىنى قولغا ئېلىش، تەڭلىك، باراۋەرلىك بىلەن دۇنيانىڭ نېمەتلىرىدىن ئورتاق بەھرىمەن بولۇش ئۈچۈن تىرىشىشقا چاقىردى، شۇنىڭ بىلەن ياشاش، ھاياتلىق مۇددىئاسى ۋە مەقسىتى، قىممەت قارىشى ۋە ئائىلە قارىشىدىمۇ تۈپلۈك ئۆزگىرىشنى بارلىققا كەلتۈردى، ئائىلىدە ئاتا ـ ئانىلارنىڭ ۋە پەرزەنتلەرنىڭ مەسئۇلىيەت ۋە مەجبۇرىيەتلىرىنى ئېنىق بېكىتىپ بەردى، ئىسلام دىنىدا دەۋەت قىلىنغان پۈتكۈل ئەقىدە سىستېمىسىنىڭ ئومۇرتقىسىدا شەخس، ئائىلە ۋە جەمئىيەت بىر پۈتۈن گەۋدىسىنىڭ ئورگانىك مۇجەسسىمى سۈپىتىدە تىلغا ئېلىنىدۇ. شەخسىي كامالەت ئائىلە كامالىتىگە، ئائىلە كامالىتى جەمئىيەتنىڭ، مىللەتنىڭ كامالىتىگە تەسىر كۆرسىتىدىغان زەنجىرسىمان باغلىنىشقا ئىگە بىر پۈتۈنلۈك ئىكەنلىكىدىن خەۋەر بېرىدۇ، شۇڭا ئائىلىنىڭ بەربات بولۇشى جەمئىيەتنىڭ، مىللەتنىڭ بەربات بولۇشىنىڭ مۇقەددىمىسى، ئائىلە ئەخلاقىنىڭ بۇزۇلۇشى جەمئىيەتنىڭ ئومۇمىي گەۋدىسىنىڭ ئەخلاقىي سىستېمىسىدا مەنىۋى ئىستېمالنىڭ تۈنجى مەنبەسىدىن مەھرۇم قېلىشقا ئېلىپ بارىدۇ.

يۇسۇپ خاس ھاجىپ ئائىلىنىڭ گۇمران بولۇشقا يۈز تۇتقانلىقى ئۇلارنىڭ ئەخلاقىي ساپاسىنىڭ، مەدەنىيەت ساپاسىنىڭ ئىنتايىن تۆۋەنلەپ كەتكەنلىكى، ئائىلىدە مەسئۇلىيەت تۆۋەنلەپ كەتكەنلىكى ئۈچۈن پاھىشىۋازلىق، زىناخورلۇققا ئوخشاش يامان قەبىھ قىلمىشلار باش كۆتۈرگەنلىكى، كەيپ - ساپاغا بېرىلىش، ھاراق - شارابقا دۇم چۈشۈش بىلەن ئەقىدە - ئېتىقاد كۆتۈرۈلۈپ كېتىپ، ھايۋان سۈپەت مەخلۇقلار جەمئىيەت ئېتىكىنى بۇلغايدىغان، دۆلەتنىڭ ھالاك بولۇشىنى تېزلىتىدىغان خەۋپلىك بىر ئەۋلاد ئوتتۇرىغا چىققانلىقىدىن قاتتىق چۆچۈگەن: «نەسىھەت دېگەن سۆزلا قالدى، ئۇنى ئادا قىلغۇچى قېنى؟ قېنى يامانلىقتىن توسقۇچى؟ قېنى ياخشىلىققا دەۋەت قىلغۇچى» (6471 - 6472)، «سودىگەرلەر ئامانەت مەجبۇرىيىتىنى ئۇنتۇدى، ھۈنەرۋەن ئۇستىلار نەسىھەتنى تەرك ئەتتى» (6473)، «ئاياللاردىن ھايا كۆتۈرۈلۈپ، يۈزلىرىنى ياپماس بولدى»، «ئوغۇل ئاتىسىغا ئاتلىق قىلىۋاتىدۇ، ئوغۇل بەگ بولۇپ، ئاتا بولغۇچى قۇل بولۇۋاتىدۇ، ئوغۇل - قىزلار ئانا ھۆرمىتىنى تاشلىدى، (قېرى) دېگەن ھۆرمەتلىك نام ئەمدى ھاقارەت بولۇپ قالدى، يامانلارنى كۆرۈپ ياخشىلارمۇ ئايىنىدى»[1]، «بۇنىڭ ھەممىسى قىيامەتنىڭ بەلگىسىدۇر»[2]. يۇسۇپ خاس ھاجىپ بۇنداق بولۇشنى ئائىلىنىڭ مەسئۇلىيىتى ۋە دۆلەتنىڭ قانۇن - تۈزۈمىنىڭ بۇزۇلغانلىقىدىن دەپ قارايدۇ. بۇ خىل بۇزۇلۇشنىڭ دۆلەتنىڭ تەقدىر ئىستىقبالىغا كۆرسىتىدىغان خەۋپ - خەتىرىدىن قۇتۇلۇشنىڭ بىردىنبىر يولى قانۇن - تۈزۈم ئارقىلىق ئائىلىنى قۇتۇلدۇرۇش، ئائىلىنىڭ ساپاسىنى يۇقىرى كۆتۈرۈش ئارقىلىق ئومۇمىي مىللەتنىڭ ئۇنىۋېرسال ئىقتىدارىنى ئاشۇرۇش ئىكەنلىكىنى تونۇپ يېتىدۇ.

«قۇتادغۇبىلىك» تە قانۇن - تۈزۈمنى ياخشىلاپ، ئائىلىلەرنىڭ

---

①② «قۇتادغۇبىلىك» مىللەتلەر نەشرىياتى، 1984 - يىلى نەشرى، 6485 -، 6491 - 6493 - بېيىتلارنىڭ مەزمۇنى.

ساپاسىنى يۇقىرى كۆتۈرۈشكىمۇ، ئائىلىلەرنىڭ ئىلغار، ئاكتىۋئال-لىقىدىن ئۇنۇملۇك پايدىلىنىپ دۆلەتنىڭ ئۇنىۋېرسال كۈچىنى يۇ-قىرى كۆتۈرۈشكىمۇ ئېتىبار بېرىلگەن. كۈنتۇغدى ئىلىگ دۆلەت ۋە قانۇننىڭ سىمۋولى، ئايتولدى كۈنتۇغدى هامىلىق قىلىۋاتقان ئائىلىنىڭ هەم بەخت - سائادەتنىڭ سىمۋولى، ئۆگدۈلمىش كۆ-ڭۈل قويۇپ تەربىيىلەپ چىقىلغان ئەقىل - پاراسەتلىك، پەزىلەت-لىك، ساپالىق پەرزەنتلەرنىڭ تىپى. ئۇ ئىككى خىل ئالاھىدىلىككە ئىگە: بىرى، ئۇ مۇكەممەل بىر ئادەم، يەنە بىرى، ئۇ قابىلىيەتلىك رەھبەر. (ئۇنىڭ رەھبەرلىك جەھەتتىكى تەلىم - تەربىيە يۆنىلىشى ۋە مـــۇۋەپپەقىيىتى ئەسىرىمىزنىڭ ئوردا مائارىپى قىسمىدا بايان قىلىنىدۇ.)

### 3. مىللەتنىڭ ۋە پەرزەنتلەرنىڭ تەقدىرى ئاتىلارنىڭ قولىدا

يـــۈسۈپ خاس هاجىپ ئائىلىنىڭ ساپاسىغا كۆڭۈل بۆلۈپلا قالماي، بەلكى ئاتىلارنىڭ ساپاسى ۋە پاك - دىيانىتىگە تېخىمۇ كۆڭۈل بۆلىدۇ؛ چۈنكى ئۇ مىللەتنىڭ ۋە ئەۋلادلارنىڭ تەقدىرىنىڭ ئاتىلارنىڭ قولىدا ئىكەنلىكىنى مۇئەييەنلەشتۈرگەن.

قەدىمدىن بېرى ئائىلىنىڭ بەختى، پەرزەنتلەرنىڭ تەقدىرىنىڭ نېگىزى ئائىلىنىڭ مۇستەھكەملىكى ۋە ئەر - ئاياللارنىڭ دىيانىتىگە باغلىنىپ كەلدى. ئائىلە خىيانەت ئۈستىگە قۇرۇلغان بولسا، ئائى-لىنى خانىۋەيران قىلىپلا قالماي، بەلكى پەرزەنتلەرنىڭ تەقدىر - ئىستىقبالىنى نابۇت قىلىدۇ.

تارىختا نۇرغۇن تەقۋادار ئەر - خوتۇنلار بارلىققا كېلىپ، ئىنسا-نىيەتنىڭ ئىلگىرىلىشى ئۈچۈن ئارقا سەپ مەدەتكارى بولۇپ خىزمەت قىلغان بولسا، يەنە بەزى خىيانەتچى، پاسىق ئەر - خوتۇنلارمۇ ئائىلە قۇرۇپ، پاك زېمىننىڭ ئېتىكىنى بۇلغاشتى، دىيانەتلىك خوتۇنلار

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

ئائىلىدە ئەرلىرىنى گۈل قىلىپ سۆيۈندۈردى، پەرزەنتلەر دىيانەتلىك ئاياللار قولىدا پاك، ساغلام ئۆستى. دىيانەتلىك ئاياللار سەۋەبلىك بۇ دۇنيا شۇنچە گۈزەل ۋە شۇنچە جەلپكار. ئاياللارنىڭ مېھىر-مۇھەببىتى بىلەن دۇنيا شۇنداق سۆيۈملۈك ھەم مېھرىبان.

ئىنسانىيەت تارىخىدا بىر قىسىم نائەھلى، ناپاك خوتۇنلارمۇ ئۆتتىكى، ئۇلار ئۆزلىرىنىڭ شۇم نىيەتلىرى، نەپسانىيەتلىرى ئۈچۈن ئالەم يۈزىنى كېچىدەك قارايتىۋەتتى. گۈلدەك شاھزادىلەرگە قانائەت قىلماي زەڭگى قۇللارنىڭ باغرىغا ئۆزىنى ئاتتى، نى نى باھادىر ئەزىمەتلەرنى تىرىك يەرگە كۆمدى، شۇنچە ياخشى ئائىلىلەرنىڭ كۈلىنى كۆككە سورۇۋەتتى. ئۇلار بۇ پاك تۇپراقنى ناپاك ئىتەكلىرى بىلەن بۇلغاشتى، مانا شۇنداق ناپاكلىق دەستىدىن پۈتۈن بىر قوۋمگە ھالاكەت ئېلىپ كېلىشتى.

يۈسۈپ خاس ھاجىپ ئاياللارنىڭ دىيانىتىنىڭ مىللەتكە ۋە ئەۋلادلارغا كۆرسىتىدىغان ساخاۋىتى ۋە ئاپىتى توغرىسىدا ناھايىتى قاتتىق تەلەپ پوزىتسىيىسىدە بولىدۇ. بۇنداق بولۇشتا بىرى، ئۇ تارىخىي تەجرىبىلەردىن يەكۈنلىگەن بولسا، يەنە بىرى ئىسلام روھى بويىچە پىكىر بايان قىلىدۇ. چۈنكى «قۇرئان كەرىم» دە ئاياللارنىڭ دىيانىتى بىلەن ئاتا قىلىنىدىغان رەھمەت، ئاياللارنىڭ خىيانىتى بىلەن ئۇچرىغان كۈلپەتلەر توغرىسىدا نۇرغۇن قوۋملەرنىڭ مىساللىرىنى كەلتۈرگەن، نۇھ ئەلەيھىسسالام، لۇت ئەلەيھىسسالامنىڭ ئاياللىرىنىڭ مىسالىدا: «ئۇلار بولسا بىزنىڭ بەندىلىرىمىزدىن ئىككى ياخشى بەندىمىزنىڭ ئەمرىدە ئىدى، ئۇلارنىڭ ئىككىلىسى ئەرلىرىگە خىيانەت قىلدى، ئۇلاردىن ئۇلارنىڭ ئەرلىرى ئاللانىڭ ئازابىدىن ھېچ نەرسىنى دەپئى قىلالمىدى.» (66 - سۈرە تەھرىم 10 - ئايەت) ئارقىدىن مەريەمنىڭ مىسالىنى بېرىدۇ: «ئۇ نومۇسىنى ساقلىدى، ئۇنىڭغا بىزنىڭ تەرىپىمىزدىن بولغان روھنى پۈۋلىدۇق

( دەم ئۇنىڭ ئىچىگە كىرىپ، ئەيساغا ھامىلىدار بولدى) ، ئۇ پەر-
ۋەردىگارنىڭ سۆزلىرىنى ۋە نازىل قىلىنغان كىتابلىرىنى تەستىق
قىلدى ۋە ئالLاغا ئىتائەت قىلغۇچىلاردىن بولدى. » (66 - سۈرە
تەھرىم 12 - ئايەت) يۇقىرىقى ئايەتتە ناھايىتى روشەن سىپلىشتۇرما
بېرىلگەن. بىرى، نۇھ بىلەن لۇتنىڭ ئاياللىرى گەرچە پەيغەمبەرنىڭ
ئاياللىرى بولسىمۇ، پەيغەمبەرلەرگە ئاسىيلىق قىلدى. ئۇلار ئۆزد-
لىرىنىڭ ئەرلىرىگە ئىشەنمىدى. شۇنىڭ بىلەن پۈتۈن قوۋمى بىلەن
تەڭ ھالاك بولدى. مەريەم پاك بولغانلىقى، ئالLادىن ھايا قىلىد-
غان، نومۇسىنى ساقلايدىغان دىيانەتلىك ئايال بولغانلىقى ئۈچۈن
ئۇنىڭدىن ئىنسانىيەتنى قۇتۇلدۇرۇشقا ئاگاھلاندۇرغۇچى ئەيسا تۇ-
غۇلدى. بۇنىڭدىن بىر بېشارەتنى كۆرىمىزكى، پاك دىيانەتلىك ئايال-
لاردىن دىيانەتلىك، پاك روھلۇق باللار تۇغۇلىدۇ. دىيانەتسىز
ئاياللاردىن ئەلگە ئاپەت بولىدىغان شۇم تەبىئەتلىك باللار تۇغۇلى-
دۇ. قۇرئاندا ئىسرائىللارنىڭ ھالاك بولۇشىدىكى سەۋەب، بۇزۇق-
چىلىق ئۇلارنىڭ ئاياللىرىدىن باشلانغانلىقى توغرىسىدا خەۋەر بېرى-
دۇ، يۈسۈپ خاس ھاجىپ كاتتا ئىسلام ئۆلىماسى بولغانلىقى ئۈ-
چۈن ئەسىرىگە ئىسلامنىڭ روھىنى ناھايىتى چوڭقۇر سىڭدۈرگەن
ۋە شۇ ئاساستا پىكىر بايان قىلغان. ئۇ تارىخىي تەجرىبە - ساۋاقلار-
نى يەكۈنلەپ، ئائىلىنىڭ بەختى، پەرزەنتلەرنىڭ تەقدىرى، ئەلنىڭ
تەختى ئانىلارنىڭ قولىدا ئىكەنلىكىنى ئومۇملاشتۇرۇپ ئەكس ئەت-
تۈرۈپ بەردى.

4523 نىچە مىڭ جەسۇر ئەر يىگىتلەر ئۆزى،
خوتۇنلار تۇپەيلى قۇرۇدى يىلتىزى.

4524 تالاي ئابرۇيلۇق قىزىل يۈزلۈك ئەر،
خوتۇنلار تۇپەيلى ئۆزى بولدى يەر.

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

4525 تۈمەن مىڭ ئاتاقلىق باھادىرلارنى،
خوتۇنلار تىرىك يەرگە كۆمدى ئۆنى.

نىكاھ ۋە ئائىلە ئىنسانلارنى ھايۋانات تۈركۈمىدىن ئايرىيدىغان مۇھىم بىر مەدەنىيەت سىستېمىسى. ئىنسانلار نىكاھ ئارقىلىق جەمئىيەتنىڭ مۇكەممەل ئائىلە ھۆجەيرىسى سىستېمىسىنى قۇردى، بۇ كىچىك جەمئىيەت ئارقىلىق ئەر ـ ئايال، ئاتا ـ ئانا، پەرزەنت ۋە ئەۋلاد، ئەجداد، قېرىنداشلىق ھەم ئۇرۇقداشلىق سىستېمىسىنى بارلىققا كەلتۈردى، شۇ بىرلىك ئاساسىدا ئۇرۇقداشلار، مىللەتلەر ۋە دۆلەتلەرگە تەرەققىي قىلىپ چوڭ ئىنسانلار ئائىلىسى جەمئىيىتى قارار تاپتى.

ئىنسانلار جەمئىيەت شەكلىگە كىرگەندىن كېيىن، ئائىلە تەدرىجىي ھالدا ئىنسانلار تۇرمۇشىنىڭ ئاساسىي پائالىيەت بىرلىكى بولۇش رولىنى ئۆتەپ كەلدى، ئائىلە ئەڭ قەدىمكى ئىجتىمائىي كاتېگورىيە بولۇش سۈپىتى بىلەن پۈتۈن ئىنسانىيەتنى ئۆزىنىڭ چەمبىرىكى دائىرىسىگە كىرگۈزۈپ، ئىنسانلارنىڭ بىر پۈتۈن تۇرمۇش شەكلىنى بارلىققا كەلتۈردى. ۋەھالەنكى، ئائىلىسىز مىللەتمۇ، ئائىلىنى ئۆز ئىچىگە ئالمىغان دۆلەتمۇ مەۋجۇت بولمىغان. شۇنىڭ بىلەن بىرگە، قەدىمدىن تارتىپ ھەرقانداق بىر مىللەتنى تەشكىل قىلغان جەمئىيەت گەۋدىسىنىڭ ساغلاملىقى ۋە كامالەت دەرىجىسى ئائىلە ھۆجەيرىسىنىڭ ساغلاملىقى ۋە كامالەت دەرىجىسىگە باغلىق بولۇپ كەلگەن، شۇڭا ئائىلىنىڭ ساپاسى جەمئىيەتنىڭ ماددىي ۋە مەنىۋى ساپاسىغا، مىللەتلەرنىڭ گۈللىنىشى ياكى زاۋاللىققا يۈزلىنىشىگە پەۋقۇلئاددە تەسىر كۆرسىتىدۇ، چۈنكى ئائىلە مىللىي تىپتىكى ئىنسانلار تۈركۈمى، مىللىي تىپتىكى ماددىي ۋە مەنىۋى مەدەنىيەتنىڭ بىرىنچى ئىجادكارى ۋە داۋاملاشتۇرغۇچىسى، ئائىلىدىن شۇ جەمئىيەتنىڭ نوپۇسى يېتىلىدۇ، مىللەتنىڭ ئەزالىرى، دىنىي ئېتىقادى، مىللىي تىل ـ يېزىقى، ئۆي روزغارى،

ئۆرپ - ئادىتى، قائىدە - يوسۇنى، مىجەز - خۇلقى ۋە خاراكتېرى يېتىلىدۇ، شۇنداق قىلىپ ئائىلە بىر مىللەتنىڭ بىر پۈتۈن مىللىي مەدەنىيەت ئەنئەنىسىنى بارلىققا كەلتۈرىدۇ. بۇ مەنىدىن چىقىپ بىز ئائىلىنى بىر پۈتۈن جەمئىيەتنىڭ مەنىۋى قىياپىتىگە پەۋقۇلئاددە تەسىر كۆرسىتىپ تۇرىدىغان پائالىيەت مەركىزى دەيمىز. ئائىلە ساغلام بولسا جەمئىيەت ساغلام بولىدۇ. ئائىلە ھۇجەيرىسىدە كېسەللىك كۆرۈنىدىكەن جەمئىيەتنىڭ بىر پۈتۈن گەۋدىسىدىمۇ كېسەللىك پەيدا بولىدۇ. ئائىلە تۈزۈلمەيدىكەن مىللەت تۈزۈلمەيدۇ، ئائىلىنىڭ ساپاسى يۇقىرى كۆتۈرۈلسە ئاندىن مىللەتنىڭ ساپاسى يۇقىرى كۆتۈرۈلىدۇ، بىر مىللەتنىڭ گۈللىنىشى ياكى گۇمران بولۇشى ئاخىرقى ھېسابتا ئائىلىنىڭ گۈللىنىشى ۋە گۇمران بولۇشىغا باغلىق. شۇڭا، مىللەتنى قۇتۇلدۇرۇش ئۈچۈن ئاۋۋال ئائىلىنى قۇتۇلدۇرۇش كېرەك.

ئۇيغۇر خەلقى ئائىلىنى مۇقەددەس بىلىدۇ، ئائىلىلەرنى پاكلىق، ساداقەت ئۈستىگە قۇرۇش ئۇيغۇر ئائىلىلىرىنىڭ ئارزۇسى ۋە قەسىمى، شۇڭا يۈسۈپ خاس ھاجىپ ئائىلىنىڭ مۇقەددەسلىكى، ئۇنىڭ ھەر بىر شەخسىي، ئائىلە ۋە جەمئىيەت بىلەن بولغان تەقدىرداشلىق باغلىنىشىنى كۆپ تەرەپتىن كۆرسىتىپ مۇكەممەل، ساپالىق ئائىلە قۇرۇپ چىقىشقا دەۋەت قىلىدۇ.

بىرىنچى، يۈسۈپ خاس ھاجىپ نىكاھلىنىشنى تەبىئىي ۋە ئىجتىمائىي زۆرۈرىيەت دەپ كۆرسىتىدۇ، ئۇ ئۆز دەۋرىدە يېڭىدىن باش كۆتۈرۈۋاتقان تەركىدۇنيالىق تەتۈر ئېقىمغا قارشى ئوتتۇرىغا چىقىپ، نىكاھ ۋە ئائىلىنىڭ، جەمئىيەتنىڭ پاكلىقىنى قوغداش، مىللەتلەرنىڭ ئىزباسارلىرىنى يېتىلدۈرۈش جەھەتتىكى رولىنى تەكىتلەپ ئۆتىدۇ:

3371 خىرتۇن ئال، ئۇ تۇغسۇن ئوغۇل - قىز قەۋەت،
دېسە ئەۋلادى يوق، ئەرەن ئۈچۈن سەت.

www.uyghurkitap.com

3372 نېمە دەر، ئىشتىكىن كىشىلەر خىلى،
خوتۇندۇر نەسىلنى ئۆزمەسلىك يولى.

3373 ئوغۇل ـ قىزسىز ئۆتكەن پۇشايمان يېدى،
كېيىن كەلگۈچى قىل ئوغۇل ـ قىز دېدى.

3374 ئۆزىدىن بىر ئەۋلاد قالدۇرسا كېيىن،
ئۇنى ئۆلدى دېمەي، تىرىكتۇر دېگىن.

3375 نەسىلسىز ئۆلسە ئەر، تۈگەيدۇ ئورۇق،
جاھاندا ئات، ئورنى قالۇر بوش ـ قۇرۇق.

3370 يوق ئەرسە تىرىكچىلىك نىشان بەلگۈسى،
ئۇنىڭ ياخشىلىقىن نەدىن بىلگۈسى.

مانا بۇ ئۇيغۇر خەلقى چۈشەنگەن نىكاھنىڭ ئىجتىمائىي قانۇنىيىتى. نىكاھ شەخس ئۈچۈن تىرىكلىكنىڭ نىشانى، روزغارنىڭ چىرىغىنى ياققۇچى. ئۆزىدىن نەسىل قالدۇرالىغان كىشى پەرزەنتى ئارقىلىق ھاياتىنى داۋاملاشتۇرىدۇ، چۈنكى ئەر ـ خوتۇننىڭ جىسمى ۋە روھى بالىغا ئۆتىدۇ ۋە مەڭگۈ داۋاملىشىدۇ، ئەگەر نىكاھلىق بولماي پەرزەنتسىز ئۆتسە، ئۇنداق ئادەمنىڭ بۇ دۇنيادا ھېچقانداق نام ـ نىشانى قالمايدۇ، ئۇنىڭ بۇ دۇنياغا كەلگەن ـ كەلمىگەنلىكىنىڭ پەرقىمۇ بولمايدۇ، مەلۇم مەنىدە نىكاھلىنىپ بالا ـ چاقىلىق بولۇش ئۇلارنىڭ جەمئىيەتكە قوشقان تۆھپىسى بولۇپ ھېسابلىنىدۇ. يارامىلىق پەرزەنت ئۇلارنىڭ قەدىر ـ قىممىتىنى ئاشۇرىدۇ، ئەگەر پەرزەنتى مەشھۇر شەخسكە ئايلىنالىسا، ئاتا ـ ئانىسىمۇ ئۇنىڭ بىلەن مەڭگۈ يادلىنىدۇ. دېمەك، نىكاھنىڭ مۇقەددەسلىكى ئارقىلىق بۇ دۇنيا مانا مۇشۇنداق ئاۋاتلاشتى، ئەگەر ئۇنداق قانۇنىيەت

بولمىغان بولسا تەبىئەت دۇنياسىنىمۇ، جەمئىيەتنىمۇ، ئەرنىمۇ، ئايالنىمۇ، ئائىلىنىمۇ، پەرزەنتنىمۇ، مىللەتنىمۇ، دۆلەتنىمۇ تەسەۋۋۇر قىلىش مۇمكىن بولمايتتى. ئەر ـ ئايالنىڭ بىر ـ بىرىگە موھتاجلىقى بىر ئۇلۇغ مۆجىزە، ئۆلارسىز ھاياتنىڭ مەنىسى يوقتۇر، ھاياتلىقمۇ يوقتۇر، بۇ تەبىئەتنىڭ ئىنسانلارغا ئاتا قىلغان ئاجايىپ مەپتۇنكار نېمەتلىرىنىڭ بىرى بولۇپ، ئەگەر ئۇنىڭ شۇنچىلىك قۇدرەتلىك سېھرىي كۈچى بولمىغاندا ئىدى، ئەر ـ ئايال ئوتتۇرىسىدا چوڭقۇر باغلىنىش بولمىغان، ئائىلىمۇ ۋۇجۇدقا كەلمىگەن بولاتتى. ئەگەر ئىنسانلار نىكاھلىنىشنى تەرك ئەتسە قانداق ئـاقىۋەت يۈز بېرىدۇ. بىرى، «جـاھـان قـانۇنـى بـۇزۇلـۇپ، بـارچـە شەھەر ـ كەنت قۇرۇپ، ئادەم بالىلىرىنىڭ ئۇرۇقى قۇرۇيدۇ» (3652 ـ 3653) . يەنە بىر تەرەپتىن، جەمئىيەتتە ناپاكلىق ئەۋج ئالىدۇ. نەسىل ـ نەسەب ئارىلىشىپ كېتىپ، جەمئىيەت ئۆزىنىڭ نورمال جەمئىيەت بولۇش ئۆلچىمىنى بۇزۇپ، ھايۋانلىق تەرەپكە يۈزلىنىدۇ.

ئىككىنچى، نىكاھلىنىشتا جورىسىنى ياخشى تاللاش ساغلام ئائىلە قۇرۇشنىڭ ئەڭ مۇھىم ئاساسى ئىكەنلىكىنى تەكىتلەيدۇ. ئەگەر ئائىلە ساغلام بولمىسا، پاكلىق، ساداقەت ئۈستىگە قۇرۇلمىسا ئائىلىدە بەخت قارار تاپمايدۇ. شۇڭا يۈسۈپ خاس ھاجىپ ئۆيلەنمەكچى بولغان كىشىلەرگە شۇنى تەۋسىيە قىلىدۇكى، ئالدى بىلەن ئالماقچى بولغان خوتۇننىڭ نەسلى، نەسەبىگە دىققەت قىلىش كېرەك.

4476 تېگى ياخشى بولسۇن تۇخۇم ھەم ئۇرۇغ،
ئۇياتچان ۋە تەقۋا ئۆزى بەك ئېرىغ.

ھەرقانداق بىر شەيئى ئۆزىنىڭ ئەسلىي تەبىئىتىگە مايىل بولىدىغانلىقى، ئەسلىي نەسلىنى تارتىدىغانلىقى مۇھىم ئىجتىمائىي ۋە

تەبىئىي قانۇنىيەتلەرنىڭ بىرى، ھەرگىزمۇ جىگدە ئۇرۇقىدىن خورما ئۈنمەيدۇ. كىشىلەرنىڭ ھەممىسى كۆرۈنۈشكە بىر- بىرىدىن ئانچە پەرق قىلمىغاندەك كۆرۈنگەن بىلەن ئەمەلىيەتتە بىر- بىرىدىن روشەن پەرق قىلىدۇ، شۇڭا بۇ دۇنيادا ئالىيجانابلىق، پاكلىقمۇ بار. رەزىللىك، ناپاكلىقمۇ بار، ئۇلۇغلۇقمۇ بار، پەسلىكمۇ بار، ياخشىلىقمۇ بار، يامانلىقمۇ بار. بىرى ئىجابىي تەرەپكە مايىل بولسا، يەنە بىرى سەلبىي تەرەپكە مايىل بولىدۇ. بەزىلەر قانائەتچان، ئىنساپلىق بولسا، بەزىلەر قانائەتسىز، ئىنساپسىز، نەپسانىيەتچى بولىدۇ، بۇنداقلارنىڭ كۆزىنى گۆر توپىسىدىن باشقا نەرسە تولدۇرالمايدۇ. بۇ ئىنسان تەبىئىتىنىڭ ئۆزگەرمەيدىغانلىقىنىڭ بىر بەلگىسى. ئەزەلدىن پەس تەبىئەتلىك كىشىلەردىن ۋاپا كەلگەن ئەمەس. ئۇنداق كىشىلەرگە نەسىھەتمۇ، تاياق- توقماقمۇ كار قىلمايدۇ، ئېسىل تەبىئەتلىك ئادەم ھەرقانداق قىيىن شارائىتلاردىمۇ، قاتتىق تەقىپ ئاستىدىمۇ، ئىقتىسادىي قىزىقتۇرۇشلار ئالدىدىمۇ ھەرگىز ئۆزىنىڭ روھىنى، ۋىجدانىنى بۇلغىمايدۇ. ئۇلار نومۇسنى بۇلغايدىغان ھەرقانداق يامان ئىشنىڭ سادىر بولۇپ قېلىشتىن ئۆلۈمنى ئەۋزەل كۆرىدۇ، تەبىئىتى پەس ئادەمچۇ؟ بىر ۋاقلىق تاماق ئۈچۈن ئاتا- ئانىسىنىمۇ سېتىۋېتىشتىن يانمايدۇ، شۇڭا يۈسۈپ خاس ھاجىپ ئادەمنىڭ نەسلى ئېسىل، پاك بولسا ئۇنىڭدا نومۇس بولىدۇ، تەقۋا بولىدۇ، پاك بولىدۇ، ياخشىلىققا مايىل بولىدۇ، دەپ قارايدۇ. مانا مۇشۇنداق ئېسىل تەبىئەتلىك ئائىلىدە چوڭ بولغان قىز- يىگىتلەرمۇ ياخشى تەربىيە كۆرگەن، ياخشى تەسىر ئالغان ۋە ياخشى ئۇدۇم ئالغان بولىدۇ، ئۇ پەرزەنتلەرمۇ بالىلىرىنى ياخشى تەربىيىلەپ چىقىدۇ.

خوتۇنلارغا قويۇلىدىغان يەنە بىر تەلەپ، ئۇنىڭ ياتلىق بولمىغان، ئۆي قىزى بولۇش شەرتىدىن ئىبارەت.



ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

4477 تىرىش، ئۆي قىزىنى ئال، قول تەگمىگەن،
سېنىڭدىن بۆلەك ئەر يۈزىن كۆرمىگەن.

نېمە ئۈچۈن باشقىلارنىڭ قولى تەگمىگەن پاك ئۆي قىزلىرىنى ئېلىش تەلەپ قىلىنىدۇ؟

4478 سېنىلا سۆيۈپ باشقىسىنى بىلمىگەي،
يارامسىز، قىلىقسىز ئىشلار قىلمىغاي.

قىزلىق ئائىلىلارغا بېرىلگەن پاكلىق پېچىتى، ئۇنى ساقلاش قىزلارنىڭ ئەڭ گۈزەل پەزىلىتى، گەرچە نىكاھتىن ئىبارەت مۇقەددەس «يېڭىلاش» ئارقىلىق كىشىلەرگە پاكلىق تۇيغۇسىنى ئاتا قىلىدىغان بولسىمۇ، لېكىن ئەردىن ئەرگە چىقىش، بىرىنى قويۇۋېتىپ يەنە بىرىنى ئېلىش ئۇلارنىڭ تۇيغۇسىدا مەڭگۈ ئۆچۈرگىلى بولمايدىغان تەسىرلەرنى قالدۇرىدۇ.

يۈسۈپ خاس ھاجىپنىڭ خوتۇنلارغا قويغان ئەڭ مۇھىم شەرتلىرىدىن بىرى، ئۇلار پاك، تەقۋادار، ئوقۇمۇشلۇق، ياخشى تەربىيە كۆرگەن بولۇشىدىن ئىبارەت. «ئۆيلەنگۈچىلەرگە مېنىڭ تەۋسىيەم شۇكى، ھەي باي خوتۇنغا ھېرىسمەن ئوغۇل، ئاگاھ بولغىنكى، خوتۇننىڭ قۇلى بولۇپ قالمىغايسەن! ھەي گۈزەل جامالغا ھەۋەسمەن ئوغۇل، بەك گۈزەل خوتۇننى قوغلاشما، ئۇ سېنى كىشىلەرنىڭ كۆلكىسىگە قويمىسۇن، ئەي ئېسىل نەسەب، ئالىي ئۇرۇقنى قوغدىغۇچى ئەر، ئۇلارنىڭ ئارىسىدا ئۆزۈڭنى خار قىلما، ھەي نازۇك، تەقۋادار، پەزىلەتلىك خوتۇنغا كۆڭۈل باغلىغان ئوغۇل، ئۇنداق خوتۇنغا ئېرىشسەڭ يۈقىرىقى تۆت نەرسىگە تولۇق ئېرىشكەن بولىسەن، باي بولاي دېسەڭمۇ ئۇ خوتۇن بىر بايلىق، پەزىلەتتە ياخشى بولسىلا گۈزەللىك دېگەن شۇ، ئائىلىلارغا نىسبەتەن ئەڭ قىممەتلىك گۈزەللىك دېگەن شۇ، ئائىلىلارغا نىسبەتەن ئەڭ قىممەت-

www.uyghurkitap.com

لىك گۈزەللىك ئەخلاق - پەزىلەتتۇر.» يۇقىرىدا تىلغا ئېلىنغان دەۋەتلەر رېئال تۇرمۇش قايتا - قايتا ئىسپاتلىغان ھەقىقەتلەر بو-لۇپ، ئۇ ئائىلىنىڭ بەختى. پەرزەنتلەرنىڭ ئىستىقبالى بىلەن مۇنا-سىۋەتلىك مۇھىم تەلەپ.

ھەرقانداق بىر غۇرۇرلۇق ئەركەك شۇنىڭغا ئىشىنىدۇكى، بىر ئائىلىنى چىراي گۈزەللىكىگە تايىنىپلا بەختلىك قىلغىلى بولماي-دۇ، خوتۇن دېگەن ئۆيىنىڭ زىننەت بۇيۇمى ئەمەس. چىراي، نەسەب ۋە ئىقتىسادنى دەستەك قىلغان ئائىلىدە بەخت بولمايدۇ. دىيانەت بولغاندىلا يۇقىرىقى باشقا شەرتلەر ھازىر بولىدۇ، ئەگەر دىيانەت بولمىسا ئۇنداق خوتۇن ھەرقانچە ئاپتاپ بولۇپ كەتكەن تەقدىردىمۇ ئەڭ يىرگىنىشلىك، بەتبەشىرە خوتۇندۇر، بۇ ھەقتە لۇتفى شۇنداق دەيدۇ:

كىشىكىم يوقتۇرۇر مېھرۇ ۋەفاسى،
ئەگەر خۇرشىددۇر[①] ئاندىن نە ھاسىل؟[②]

يۇسۇپ خاس ھاجىپ ئائىلىنىڭ بەختى ئۈچۈن كىشىلەرگە مۇنداق تەۋسىيەلەرنى قىلىدۇ: «خوتۇنۇڭنىڭ ئائىلىۋى ئورنى سې-نىڭكىدىن تۆۋەنرەك بولسۇن، ھەرگىز ئېگىز ئورۇقنى ئالما، بولمىسا خوتۇننىڭ ئەسىرى بولۇپ قالىسەن، تۇرمۇشتا پىشقان تەجرىبىلىك كىشىلەر شۇڭا: ‹خوتۇننىڭ ئۆزىدىن تۆۋەنى، خۇلقى مىجەزى دۇرۇسنى تاللىسالڭ كۆڭلىرىڭ بەخت ئىچىدە ئۆتىدۇ› دې-گەن. شۇڭا خوتۇن تاللىغاندا ھۆسن - جامال قوغلاشماي، پەزىلەت-لىك قىزنى ئىزدە، خوتۇنۇڭ ئېسىل پەزىلەتلىك بولسا سېنى روناق تاپقۇزىدۇ، مەرد بولساڭ ئۆزۈڭگە مۇناسىپ خوتۇننى، تەقۋادارنى

---

① خۇرشىد — قۇياش، كۈن مەنىسىدە.

② شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى 1980 - يىلى نەشر قىلغان «ئۇيغۇر كلاسسىك ئەدەبىيات نەمۇنىلىرى» دېگەن كىتابتىن ئېلىندى.

ئال، بولمىسا خوتۇن ئالما، پەزىلىتى ياخشى، تەقۋادار بولسا ھەممە تەرەپتىن توشقان ھېسابلىنىدۇ. ھۆسن ـ جامال قوغلىشىپ خوتۇن ئېلىپ، قىزىل مەڭزىڭ زەپىرەڭدەك سارغىيىپ قالمىسۇن.»①

شۇنداق، ناپاك، ئەسكى خوتۇن، بەجايىكى شەيتاندۇركى، ئۇنداق ئايال بۇ دۇنيانى ئېرى ۋە بالىلىرى ئۈچۈن دوزاخقا ئايلاندۇرۇپ قالماي، ئەلگىمۇ ئاپەت كەلتۈرىدۇ، تەقۋادار، پاك خوتۇنلار ئاددىي كەپىنى ئۆزىنىڭ پەزىلىتى ۋە ئىسسىق قەسىرىگە ئايلاندۇرالايدۇ، پەزىلەتسىز خوتۇنلار ئىسسىق قەسىرلەرنى گۆرگە ئايلاندۇرۇشقا يارايدۇ، ياخشى ئانىغا ئېرىشكەن بالا ئەلنىڭ ئىپتىخارىغا ئايلىنىدۇ، ئىبلىس ئايالدىن تۆرەلگەن بالا ئەلگە بالا ـ قازا ئېلىپ كېلىشتىن باشقىغا يارىمايدۇ، پەزىلەتلىك ئاياللار قانائەتچان، جاپاكەش ئانىلاردۇر. ئۇلار شۇنداق تەلەپچان ۋە مەسئۇلىيەتچان، ھەرقانداق قىيىن شارائىتلاردىمۇ چېچىنى سۈپۈرگە، قولىنى كۆسەي قىلىپ ئۆي تۇتۇپ، بالىلىرىنى تەربىيىلەپ قاتارغا قوشىدۇ.

يەنە بىر نۇقتىدىن چىقىپ پىكىر يۈرگۈزگەندە، نېمە ئۈچۈن ئىنسانىيەت مەدەنىيەت تارىخىدا زور تۆھپىلەرنى ياراتقان گىگانت ئادەملەرنىڭ كۆپىنچىسى يۇقىرى تەبىقە ئاقسۆڭەكلەردىن چىقتى؟ تۆۋەن تەبىقە كىشىلەر ئارىسىدىن مەشھۇر كىشىلەر ئاز چىقتى؟ بۇنىڭدا ئۇلار ئوتتۇرىسىدىكى سىياسىي، ئىقتىسادىي، ئىجتىمائىي شەرت ـ شارائىت پەرقىدىن باشقا، ئەڭ مۇھىم بىر سەۋەب يۇقىرى تەبىقىدىن چىققان ئانىلار مۇنتىزىم تەربىيە كۆرۈش پۇرسىتىگە ئېرىشەلىگەن، ئۇلار ناھايىتى يۇقىرى تەلەپ بىلەن تەربىيىلەنگەچكە، ئۇلارمۇ بالىلىرىغا شۇنداق يۇقىرى تەلەپ قويۇپ تەربىيىلىگەن. ئۇنداق ئوقۇمۇشلۇق، نەزەر دائىرىسى كەڭ ئانىلارنىڭ قولىدىن تەربىيىلىنىپ ئۆسكەن پەرزەنتلەر پاراسەتلىك ۋە قابىلىيەتلىك بولۇپ يېتىلگەن. بۇ يەردىكى شەكىللەنگەن پەرق ھەرگىزمۇ يۇقىرى

① يۈسۈپ خاس ھاجىپ: «قۇتادغۇبىلىك» ئۇيغۇرچە نەشرى 4479 ~ 4485 ـ بېيىتلارنىڭ مەزمۇنى.

تەبىئەتنىڭ بالىلىرى ئەقىل-پاراسەتلىك، توۋەن تەبىئەتنىڭ بالىلىرى ئەقلىي ئىقتىدارى توۋەن، دۆت بولغانلىقىدىن ئەمەس، بۇ قانۇنىيەتنى ئۇيغۇر خەلقى ئۆزلىرىنىڭ ئۇزۇن ئەسىرلىك هايات ئەمەلىيىتى داۋامىدا يەكۈنلەپ، ئۆزىنىڭ ئاغزاكى ئىجادىيەتلىرىدە ئەكس ئەتتۈرۈپ بەرگەن. چۆچەكلەردە كۆرۈنىدىغان پادىشاھ بېقىۋالغان نامرات دېھقاننىڭ بالىلىرىنىڭ كېيىن ئەقىل-پاراسەتتە تەڭداشسىز بولۇپ يېتىلگەنلىكى بۇنىڭ دەلىلى. بۇ مەنىدىن قارىغاندا، پەرزەنتلەرنىڭ يارامىلىق بولۇشى ئۈچۈن ئانىلار يارامىلىق بولۇشى كېرەك، يارامسىز ئاتا-ئانىدىن هەرگىزمۇ يارامىلىق ئىنسانلارنىڭ يېتىلىپ چىقىشىنى تەسەۋۋۇر قىلغىلى بولمايدۇ، ئاچچىق ئۆرۈك بەرىبىر ئاچچىق ئۆرۈك بېرىدۇ-دە. شۇڭا، ئائىلىنىڭ ۋە ئاياللارنىڭ ساپاسىنى يۇقىرى كۆتۈرۈش پەرزەنتلىرىمىزنىڭ كەلگۈسى تەقدىرى، مىللەتنىڭ ئۇنىۋېرسال ساپاسى بىلەن مۇناسىۋەتلىك جىددىي ئىش بولۇپ قالدى، پەرزەنتلەر شۇنداق چۇقان سالىدۇكى: «بىزگە يارامىلىق، پەزىلەتلىك، تەقۋادار، تەلەپچان، مەسئۇلىيەتچان ئاتا-ئانىلارنى بېرىڭلار!»

# ئىككىنچى باب

## ئىجتىمائىي مۇھىت ۋە ئائىلە شارائىتى پەرزەنت تەربىيىسىنىڭ ياخشى دەرسخانىسى

ئادەم بۇ دۇنيادا ياخشىراق، قانائەتلىنەرلىك ياشىشى، كۆپرەك
بىر نەرسىنى بىلىپرەك ياشىشى ئۈچۈن چوقۇم ئوقۇشى كېرەك.
دۇنيادىكى مىليونلىغان باشلانغۇچ، ئوتتۇرا ۋە ئالىي مەكتەپلەر
ئىنسانىيەتنىڭ پەن ـ مەدەنىيەت سەۋىيىسىنى يۇقىرى كۆتۈرۈش
ئارقىلىق ياشاش ئىقتىدارىنى ئۆستۈرۈش ئۈچۈن خىزمەت قىلىدۇرۇ-
لىدۇ. بىراق، بىز يەنە شۇنى بىلىمىزكى، ئادەم مەكتەپتە ئوقۇمىسا
ياشىيالامدۇ؟ مەكتەپتە ئوقۇمايمۇ يەنىلا ياشىيالايدۇ، ئۇلارنىڭمۇ
ياشاش ئىقتىدارى بولىدۇ. ئۇنداقتا بۇنداق ئىقتىدار قەيەردىن كەل-
گەن؟ تەبىئەت دۇنياسىدىن، جەمئىيەتتىن ۋە ئائىلىدىن كەلگەن.
ئەمەلىيەتتە تەبىئەت دۇنياسىدىكى تۈمەنلىگەن شەيئىلەر، جەمئىيەت-
تىكى مۇرەككەپ ھايات پائالىيەتلىرى، ئائىلە مۇناسىۋەتلىرى تەبى-
ئىي بىر چوڭ دەرسخانا بولۇپ، ھەرقانداق كاتتا مەكتەپمۇ ئۇنىڭ
ئورنىنى باسالمايدۇ، شۇنداقلا ئۇنىڭسىز پەننىي مەكتەپلەرنىڭ بولۇ-
شىمۇ ۋە ئۆزىنىڭ رولىنى جارى قىلدۇرۇشىمۇ مۇمكىن ئەمەس.

ئادەم تۇغۇلۇپ تاكى ئۆلگۈچە تەبىئەت ۋە جەمئىيەتنىڭ ئوقۇ-
غۇچىسى. خۇددى ئوقۇتقۇچى قانداق بولسا ئوقۇغۇچىسى شۇنداق
بولغانغا ئوخشاشلا، ئاللا ئاتا قىلغان تەبىئەت ۋە جەمئىيەت ئۇستاز-
نىڭ قانداق بولۇشى شۇ جەمئىيەت ئەزالىرى، يەنى ئوقۇغۇچىسىنىڭ

قانداق ئادەم بولۇشىنى بەلگىلەيدىغان مۇھىم ئاچقۇچ. ئەگەر ئادەمنىڭ ئەركىن تاللاش ئىمكانىيىتى بولسا ئىدى، ئەڭ ياخشى ئىلغار مەدەنىيەتلىك جەمئىيەتكە، قەيسەر خەلقنىڭ قوينىغا، ئوقۇمۇشلۇق، مەسئۇلىيەتچان ياخشى ئائىلىنىڭ قۇچىقىغا تۇغۇلۇۋالغان بولاتتى. ئامال قانچە، بۇ ئادەمنىڭ تاللاش ئىقتىدارىنىڭ سىرتىدىكى ئىش. شۇڭا، بەزى ئادەملەر ئۆتمۇشتە تۇغۇلغان، بەزى ئادەملەر كەلگۈسىدە تۇغۇلىدۇ. بەزى ئادەملەر ئېسكىموسلاردەك ئەڭ شىمالدا مۇز ئۆڭكۈرلەردە تۇغۇلۇپ ئۆسىدۇ. بەزىلەر مەركىزىي ئاسىيادەك تۆت پەسىل روشەن ئالمىشىپ تۇرىدىغان مۆتىدىل زېمىنغا تۇغۇلىدۇ. بەزىلەر تەربىيىلىنىش پۇرسىتىگە ئېرىشەلەيدۇ، بەزىلەر ئېرىشەلمەيدۇ. بەزىلەر مېھرىبان ئاتا - ئانىسىنىڭ تەربىيىسىدە ئۆسكەن بولسا، يەنە بەزىلەر زوراۋان، مۇشتۇمزور ئائىلىدە چوڭ بولىدۇ. بەزىلەر باي - باياشات ئائىلىدە چوڭ بولىدۇ، بەزىلەر نامرات ئائىلىدە چوڭ بولىدۇ، بەزىلەر ئىسلام دىنى ئېتىقادى مۇھىتىغا تۇغۇلغان بولسا، بەزىلەر خىرىستىئان دىنى ئېتىقادى ھۆكۈمرانلىقىدىكى جەمئىيەتتە تۇغۇلىدۇ؛ بەزىلەر مەدەنىيەتلىك خەلقنىڭ قوينىغا تۇغۇلسا، بەزىلەر مەدەنىيەتسىز خەلقنىڭ ئارىسىغا تۇغۇلىدۇ.

شۇنىڭدەك، جەمئىيەتنىڭ خاراكتېرى قانداق بولسا مەكتەپنىڭ خاراكتېرىمۇ شۇنداق بولىدۇ، ئائىلە تەربىيىسىنىڭ خاراكتېرىمۇ جەمئىيەتنىڭ خاراكتېرىگە بېقىنىدۇ.

يۇسۇپ خاس ھاجىپ تەلەيلىك ئىكەن، ئۇ مەركىزىي ئاسىيادا گۈللەنگەن، مەدەنىيەتلىك قاراخانىيلار خانلىقىدا، يۇقىرى تەبىقە ئائىلىسىدە تۇغۇلۇپ ئۆستى. ئۇنىڭ ئاتا - ئانىسى ئىسلام دىنىنىڭ تەقۋادار مۇخلىسى بولغاچقا، يۇسۇپقا تارىختىكى يۇسۇپ ئەلەيھىسسالامنىڭ ئىسمىنى قويىدى ۋە كۆڭۈل قويۇپ تەربىيىلىدى. ئۇنى ئۆز دەۋرىنىڭ ئالىي بىلىم يۇرتلىرىدا ئوقۇتتى. نەتىجىدە، ئەڭ كاتتا ئالىم ۋە دۆلەت ئەربابى بولۇپ، دۆلەت ۋە خەلققە رىياسەتچى-

لىك قىلىش ھوقۇقىغا ئېرىشتى. ئەگەر ئۇ مەدەنىيەتسىز، قالاق، بەدەۋى بىر جەمئىيەتتە تۇغۇلغان بولسا، ئۇنداق كاتتا ئالىم بولالىمىغان بولاتتى. دۇنيادا ھازىرغىچە مەدەنىيەتسىز، قالاق ئەلدىن دۇنيا مەدەنىيىتىگە تەسىر كۆرسەتكۈدەك ئۇلۇغ ئالىملارنىڭ چىققانلىقىنى ئۇقمايمىز.

تۆۋەندە ئائىلە تەلىم ـ تەربىيە شارائىتىغا مۇناسىۋەتلىك بىر قىسىم ئالاھىدىرەك مەسىلىلەر ھەققىدە پىكىر يۈرگۈزىمىز.

## 1. يۈسۈپ خاس ھاجىپ تەربىيىلەنگەن ئىجتىمائىي شارائىت ۋە ئائىلە مۇھىتى

بىز ھازىر يۈكسەك تەرەققىي قىلغان بىر دۇنيادا ياشاۋاتىمىز. چۈنكى، 21 ـ ئەسىر ئۇچۇر دەۋرى بولۇش سۈپىتى بىلەن دۇنيانىڭ يېڭىلىنىقلىرىنى ناھايىتى تېز كۆز ئالدىمىزدا نامايان قىلىدۇ، پۈتۈن دۇنيا خۇددى كىچىكلەپ كەتكەندەك، ئالەمنىڭ بىر چېتىدىن يەنە بىر چېتىگە بىر قانچە سائەتلىكلا مۇساپە، دۇنيانىڭ كۇتۇپخانىلىرى بىزنىڭ ئۆيلىرىمىزگىلا كىردى. كومپيۇتېرنى ئېچىپ، قانداق كىتابنى ئوقۇيمەن دېسەك، شۇ كىتاب كۆز ئالدىمىزدا نامايان بولىدۇ. ئەتراپىمىزدا كىتاب دۇنياسى بىلەن توشقان كىتابخانىلار، كۇتۇپخانىلار، داڭلىق ئۇنىۋېرسىتېتلار، بۇنداق ساناپ كەلسەك نۇرغۇن ئەۋزەللىكلەرنى بايقايمىز. بىراق، 11 ـ ئەسىرلەردە مۇنداق ئىلمىي مۇھىتنى تەسەۋۋۇر قىلىش مۇمكىن ئەمەس ئىدى. دۇنيانىڭ باشقا جايلىرىدا مەيدانغا كەلگەن بىرەر يېڭىلىقتىن نەچچە يىل، ھەتتا نەچچە ئون يىللاردىن كېيىن ئاندىن خەۋەردار بولاتتۇق. يەنە بىر جەھەتتىن ئالغاندا، نەشرىياتچىلىقنىڭ قالاقلىقى كىتابلارنىڭ كەڭرى تارقىلىشىغا ئىمكانىيەت بەرمەيتتى. بىر نۇسخا كىتاب يېزىلسا ئۇنى بىر پادىشاھقا ياكى بىرەر بەگكە تەقدىم قىلىۋەتسىلا،

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

ئۇ شۇ پادشاھ ۋە خانزادە، بەگزادىلەرنىڭ بەھرىمەن بولۇشى بىلەنلا چەكلىنەتتى. بولۇپمۇ ئاددىي پۇقرالارغا نىسبەتەن ئېيتقاندا، ئۇلار- نىڭ كۆپىنچىسى تەبىئەت مائارىپى، ئائىلە مائارىپى ۋە ئاۋام مائارى- پى ئاساسىدىلا بەلگىلىك ھايات بىلىملىرىگە ۋە ياشاش ماھارەتلىرىگە ئېرىشەتتى. شۇڭا، ئىنسانىيەت تارىخىدا تۆۋەن تەبىقە پۇقرالاردىن جاھانغا تونۇلغان مەشھۇر ئالىملار ئاساسەن چىقمىغان. بۇنىڭ سە- ۋەبى ناھايىتى ئاددىي، يەنى ئۇلارنىڭ تەربىيىلىنىش پۇرسىتى يوق ئىدى. ئۇلار ئۇچۇن يېتەرلىك ئىلمىي مۇھىتتىن سۆز ئېچىشمۇ مۇمكىن ئەمەس ئىدى. شۇڭا، تارىختا ئۇلۇغلۇق تاجىنى كىيگەن، ئىنسانىيەتنىڭ مەدەنىيەت خەزىنىسىگە قىممەتلىك تۆھپىلەرنى قوشـ- قان مەشھۇر ئالىملارنىڭ ھەممىسى دېگۈدەك يۇقىرى تەبىقىدىن چىققان قولدارلار، فېئوداللار، بۇرژۇئازلار بولدى. ئۇيغۇرلار ئارد- سىدىن چىققان يۇسۇپ خاس ھاجىپ، مەھمۇد قەشقەرى، ئەلىشىر ناۋائى قاتارلىق ئالىملارنىڭ ھەممىسى بىزنىڭ تىلىمىز بويىچە ئېيت- قاندا، فېئوداللاردىن ئىدى. ئۇلار ئۆز دەۋرىنىڭ بار ئىمكانىيەت- لىرىدىن پايدىلىنىپ تەربىيىلىنىش سالاھىيىتىگە ئىگە ئىدى. بو- لۇپمۇ ئۇلار بىر تەرەپتىن، دۇنيانىڭ باشقا جايلىرىدىكى يېڭىلىقلار- دىن ئەڭ بالدۇر ۋاقىپ بولالايتتى، يەنە بىر تەرەپتىن، ئۆز دەۋرىد- كى ئائىلە كۇتۇپخانىسى ۋە ئوردا كىتابخانىسى ئۇلار ئۈچۈن ئەڭ ياخشى تەلىم - تەربىيە مۇھىتىنى ھازىرلاپ بەرگەنىدى. بىز بۇنى مەھمۇد قەشقەرى ۋە يۇسۇپ خاس ھاجىپلار ئەسەرلىرىدە نەقىل ئالغان ستاتلاردىن بىلدۇق. بىز بۇ ئۇچۇرلاردىن ئۇلارنىڭ نۇرغۇن ياخشى كىتابلارنى كۆرۈپ بىلىمىنى ئۈزلۈكسىز يېڭىلاش ۋە چوڭ- قۇرلاشتۇرۇش ئىمكانىيىتىگە ئىگە بولغانلىقىنى تەسەۋۋۇر قىلالاي- مىز.

يەنە بىر ياخشى ئىلمىي مۇھىت شۇ ئىدىكى، مەھمۇد قەشقەرد- نىڭ ئاتا - ئانىسى بولسۇن، يۇسۇپ خاس ھاجىپنىڭ ئاتا - ئانىسى بولسۇن، ئۆز دەۋرىنىڭ ئەڭ ئوقۇمۇشلۇق، ئەقىللىق، پاراسەت-

لىك، مەسئۇلىيەتچان ئاتا - ئانىلاردىن ئىدى. شۇڭا، ئۇلار پەر-
زەنتلىرىنى كۆڭۈل قويۇپ، قاتتىق تەلەپ بىلەن ئەتراپلىق تەربىيە-
لىنىش پۇرسىتىگە ئىرىشتۇرگەن. بىز ئۆز دەۋرىدە ئائىلە تەربىيە-
سىگە ناھايىتى ئەھمىيەت بېرىلىدىغانلىقىنى «قۇتادغۇبىلىك» تىكى
قىسمەن ئۇچۇرلار ئارقىلىق ۋاقىپ بولدۇق. «قۇتادغۇبىلىك» نىڭ
«پەرزەنتلەرنى قانداق تەربىيىلەش» بابىدا:

4508 پەرزەنتنى قويماي ئوغۇلغا ئۆگەت،
ئاڭا مال بەرگۇسى يىغىپ پەرزەنت.

4509 ئوغۇلنى بىكار، بوش يۇرمەسەن قويۇپ،
بىكارچى بولۇر ئۇ لاغايلاپ يۇرۇپ.

1218 ئاتا ئەمگىكى سىڭسە ئوغۇلغا كۆپ،
بولۇر بۇ ئوغۇلنىڭ خۇي - پەيلى خوپ.

1219 ئوغۇلنى قىسىپ تۇتسا، ياخشى ئىرۇر،
ئاتاسى، ئاناسى بەختلىك بولۇر.

1220 ئەگەر چىڭ تۇتۇلماس ئىكەن ئۇ ئوغۇل،
بولۇر زايە، ئاندىن سەن ئۆزگىن كۆڭۈل.

ئايتولدى ئوغلى ئۆگدۈلمىشنى كۆنتۇغدى ئىلىگكە تاپىلاپ يەنە
مۇنداق دەيدۇ:

1494 ئوغۇل - قىز ئايىماي تاياق بىرلە ئۇر،
تاياق قىز - ئوغۇلغا بىلىم ئۆگىتۇر.

www.uyghurkitap.com

بۇنداق مەزمۇندىكى مىسرالار خېلى كۆپ، باشقا جايدا بۇ ھەقتە مەخسۇس توختالغانلىقىمىز ئۈچۈن، زۆرۈرىيەتتىن بۇ مىسرالارنى مىسال ئېلىپ ئۆتتۇم. بۇنىڭدىن بىز قاراخانىيلار دەۋرىدە پەرزەنت تەربىيىسى مەسىلىسى ئەڭ مۇھىم، قىزىق نۇقتا بولغانلىقى، بالىلارنى چىڭ تۇتۇپ تەربىيىلەش، ئەركە ئۆگىتىپ قويماسلىق ئومۇمىي ئىلمىي قاراشقا ئايلانغانلىقىنى كۆرۈۋالالايمىز.

ئاتا ـ ئانىلارنىڭ ساپاسى — پەرزەنتلەرنى ئەتراپلىق، كۆڭۈل قويۇپ تەربىيىلەشنىڭ بىرىنچى ئاساسى. ئەگەر ئاتا ـ ئانا يارامىلىق بولمىسا، نېمىگە تايىنىپ يارامىلىق پەرزەنتلەرنى قاتارغا قوشالايدۇ؟ بۇ مەنىدىن ئېيتقاندا، ئائىلىنىڭ ئىلمىي مۇھىتىنى ياخشىلاش ئۈچۈن، ئاتا ـ ئانىلار ئىشنى ئۆزىنىڭ ساپاسىنى يۇقىرى كۆتۈرۈشتىن باشلاش كېرەك. ھېچبولمىغاندا، ئىلمىي، تارازىغا توختايدىغان نەسىھەت بىلەن بالىلارنىڭ روھىي دۇنياسىغا تاقالغۇدەك تەربىيە بېرىش ئىقتىدارى بولمىسا، پەقەت بالىلارغا ئۆگەن، يارامىلىق ئادەم بول، دېگەن بۇيرۇق بىلەنلا بالىلارغا تەسىر قىلىش مۇمكىنمۇ؟ قوپاللىق، تىللاش، ھاقارەتلەش، قارىسىغىلا ئۇرۇش ساپاسىز ئاتىلارنىڭ تەلىم ـ تەربىيىسىدە قوللىنىدىغان بىر پاسسىپ ئۇسۇلى. ھاقارەتلەنگەن بالىلاردىن يارامىلىق بالىلار ئاز چىقىدۇ، ئىلھام بېرىلگەن، ھەقىقىي كۆيۈنۈشكە ئېرىشەلىگەن بالىلاردىن يارامىلىق بالىلار كۆپ چىقىدۇ. بۇ ئىلمىي ھەقىقەتنى ھەر بىر ئائىلە باشلىقلىرى ھەرگىزمۇ ئۇنتۇپ قالماسلىقى كېرەك.

يۈسۈپ خاس ھاجىپلار يېتىشىپ چىققان شۇ جەمئىيەتكە نىسبەتەن، ئاتا ـ ئانىلارنىڭ پەرزەنتلەرنى ئەقىللىق، پەزىلەتلىك، بىلىملىك قىلىپ تەربىيىلەپ چىقىشى دىنىي ئېتىقاد نۇقتىسىدىنمۇ يەرز سانىلىدىغان مۇھىم ئەقىدە ئىدى.

ئاتا ـ ئانىلار يارامىلىق پەرزەنتلەرنى جەمئىيەتكە چىقىرىش بىلەن ئاتا ـ ئانىلىق بۇرچىنى ئادا قىلىپلا قالماي، بەلكى ئۇلار دۆلەت، مىللەت ئالدىدىكى مەجبۇرىيىتىنىمۇ ئادا قىلىش بىلەن تۆھپىكار

ئاتا - ئانىلار بولۇپ قالىدۇ. گەرچە ئۇلارنىڭ تۆھپىسى ئىتتىكلا بايقالمىسىمۇ، دۇنيادىكى ئەڭ ئۇلۇغ تۆھپىكار زاتلارنىڭ ئارقىسىدا ئۇنى تەربىيىلەپ ئۆستۈرگەن بىر جۈپ ئۇلۇغ ئاتا - ئانىنىڭ يۈرەك قېنىنىڭ قوشۇلۇپ كەتكەنلىكىنى كىممۇ ئىنكار قىلالىسۇن. مەھمۇد قەشقەرى، يۈسۈپ خاس ھاجىپلارنىڭ ئۇيغۇر مەدەنىيەت مۇنبىرىدە چاقنىغان چولپانلاردىن بولۇپ قېلىشىغا ئۇلارنىڭ ئاتا - ئانىلىرى قانچىلىك ئەجىر سىڭدۈرگەنلىكىنى تەسەۋۋۇر قىلىش تەس ئەمەس. يۈسۈپ خاس ھاجىپ شۇنداق بىر ھەقىقەتنى ئېيتقانىدى:

1485 ھەر ئىشقا قىلۇر بىر سەۋەبنى خۇدا،
يامان - ياخشىلىقتۇر ئۇنىڭ قولىدا.

1486 ئوغۇل - قىز سەۋەبى ئاتا ھەم ئانا،
بۇزۇلسا قىلىقى، تۈزەلسە يەنە.

1225 ئوغۇل - قىز خۇيى - پەيلى بولسا يامان،
يامان قىلغان ئاتا بۇلارنى ھامان.

يۇقىرىقى يەكۈندىن بىز شۇنى ھېس قىلالايمىزكى، پەرزەنتلەرنىڭ تەقدىر - ئىستىقبالى ئاتا - ئانىنىڭ قولىدا بولىدۇ. خۇدا ھەرقانداق ئىشقا بىر سەۋەبنى بىللە ياراتقان، ئوغۇل - قىزنىڭ ياخشى - يامان بولۇشىنىڭ سەۋەبچىسى ئاتا - ئانا. بۇ يەكۈندىن بىز يەنە شۇنى بىلىمىزكى، يۈسۈپ خاس ھاجىپ ئۆزىنىڭ تەربىيىلەپ شۇنچە ئىقتىدارلىق دۆلەت ئەربابى بولۇشىدا ئاتا - ئانىسىنىڭ كۆپ ئەجىر كۆتكەنلىكىدىن سۆيۈنۈۋاتىدۇ ھەم ئۇلاردىن پەخىرلىنىپ، مىننەتدارلىقىنى ئىپادىلەۋاتىدۇ. يەنە تارىختا نۇرغۇن بالىلار ئاتا - ئانىسىنىڭ ياخشى تەربىيىلىمەي، يامان يولدىن توسماي، ياخشى يولغا يېتەكلىمەي، بۇ دۇنيادا خار - زار بولۇپ، دۇنيانىڭ

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

ھېچقانداق خوۋلۇقىنى كۆرمەي، يامان يوللارغا مېڭىپ، ئاخىر ئۆمرىنى زىندانلاردا ئۆتكۈزگەنلەر، دارغا ئېسىلغانلار ئاتا ـ ئانىسىدىن قانچىلىك نەپرەتلەنگەن بولغىيتتى. ئاتا ـ ئانىلار ئۆزىنىڭ پەرزەنتلەر ئۈستىدىكى قەرزىنى تولۇق ئادا قىلماي، بالىلىرىنىڭ زىيانداش ئادەم بولۇپ چىقىشىغا ۋە ئۇنىڭ ھاياتىنىڭ پاجىئەلىك ئاخىرلىششىغا سەۋەبچى بولىدىكەن، ئۇ ئاتا ـ ئانا بۇ بالىنىڭ دۈشمىنى بولىدۇ. ئاخىرەتتە بالىنىڭ تىرنىقى ئاتا ـ ئانىسىنىڭ ياقىسىدا بولىدۇ.

11 ـ ئەسىردە ئۇيغۇرلار ئىسلام دىنىغا ئېتىقاد قىلاتتى. ئىسلام دىنى پەرزەنت تەربىيىسىگە ھەممىدىن ئەھمىيەت بەرگەن دىن. بۇ ھەقتە مۇنداق بىر قانچە مۇھىم ھالقىلىق تەرەپلەرنى ئەسكەرتىپ ئۆتۈش مۇمكىن. ئىسلام دىنىنىڭ ئاتا ـ ئانىلارغا تاپشۇرغان مۇقەددەس مەجبۇرىيەتلىرىنىڭ بىرى پەرزەنتلەرنى يارامىلىق، سالىھ پەرزەنت قىلىپ تەربىيىلەپ چىقىشتىن ئىبارەت. چۈنكى، پەرزەنت خۇدانىڭ ئاتا ـ ئانىلارغا تاپشۇرغان ئامانىتى ھېسابلىنىدۇ. قۇرئاندا ئاتا ـ ئانىلار خۇدادىن ياخشى سالىھ پەرزەنت ئاتا قىلىشنى تىلىشىنىڭ ئەڭ قۇتلۇق تىلەك ئىكەنلىكىدىن بېشارەت بەرگەنىدى. بىراق، ئاتا ـ ئانىلار يارامسىز بولسا، خۇدا يارامىلىق بالا ئاتا قىلسىمۇ، ئۇنى يارامسىز ئادەم قىلىپ قويىدۇ. بۇ خۇسۇستا مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن: «ھەرقانداق بوۋاق تۇغۇلغان چاغدا ئىسلام بىلەن تۇغۇلىدۇ، كېيىن ئۇنىڭ ئاتا ـ ئانىسى ئۇنى يەھۇدىي قىلىپ چىقىدۇ، يا خرىستىئان قىلىپ چىقىدۇ ياكى مەجۇسىي قىلىپ چىقىدۇ.» (بۇخارى رىۋايەت قىلغان ھەدىس). بۇ دېگەنلىك، پەرزەنت بۇ دۇنياغا تۇغۇلغاندا ھەرگىزمۇ ئەسكى بولۇپ تۇغۇلمايدۇ، بەلكى پاك، بىغۇبار، گۇناھسىز تۇغۇلىدۇ. ھەرگىزمۇ قەبىھ، رەزىل خۇيلارنى ئۆزلەشتۈرگەن، ھەقتىن تايدىغان، ئەلگە ئاپەت بولىدىغان ھالەتتە يارىتىلمايدۇ. بىراق، ئائىلە تەربىيىسىنىڭ توغرا بولماسلىقى، ئاتا ـ ئانىسىنىڭ نىيىتىنىڭ توغرا بولماسلىقى

سەۋەبلىك، ئۇ بالا ھەق، توغرا يولدىن ئازغۇچى، گۇناھلىق ئىش- لارغا بېرىلگۈچى، ئىنسانىي قەدىر - قىممەتنى يەر بىلەن يەكسان قىلغۇچى ئاسىي گۇناھكار بولۇپ چوڭ بولىدۇ. بۇنىڭدىن شۇنداق بىر قانۇنىيەتكە ئىگە بولىمىزكى، پەرزەنتلەرنىڭ ياخشى ياكى يامان ئادەم بولۇشى ھەرگىزمۇ تەقدىردىن ئەمەس، بەلكى ئاتا - ئانىدىن ۋە ئۇلارنىڭ تەربىيىسىنىڭ تەسىرىدىن بولىدۇ. شۇڭا، ئاتا - ئانا بولغۇچىلارنىڭ پەرزەنتنى تۇغۇپ، ئاش - نان بېرىپ، كىيىم - كېچەك بېرىپ چوڭ قىلىشى ئۇلارنىڭ ئاتا - ئانا بولۇش شەرتىنىڭ ئەڭ ئاددىي بىر قىسمى، ئەڭ مۇھىم شەرت بالىنى قانداق تەربىيە- لەشتە.

مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام پەرزەنت تەربىيىسى توغرىسىدا مۇنداق دېگەن: «ھېچقانداق ئاتا - ئانا ئۆز پەرزەنتىگە خۇلق، ئەدەپتىن بۈيۈكرەك مىراس قالدۇرالمايدۇ» (بۇخارى رىۋايەت قىلغان). ھەر- قانداق مىراس، ھەرقانداق بايلىق قىممەتلىك بولمايدۇ. كىشىلىك تۇرمۇشتا، ياخشى خۇي - ئەخلاقنىڭ خاسىيىتى بىلەن ئەڭ بەخت- لىك ياشىغان، گەرچە مال - دۇنيا ھەددى - ھېسابسىز كۆپ بولسىمۇ، پەزىلەتتىن مەھرۇم بولغانلىقى تۈپەيلى، نام - نىشانسىز، خار - زارلىقتا بۇ دۇنيادىن كەتكەنلەر ئازمۇ؟ شۇڭا، نۇرغۇن دانىش- مەن ھۆكۈمالار پەرزەنتلىرىگە ئىلىم، ھۈنەر ئۆگىتىش، پەزىلەتتە ئۈلگە بولۇش توغرىسىدا قىممەتلىك بايانلارنى قالدۇرۇپ كەتكەن: ئابدۇل مەلىك ئىبنى مەرۋان ئۆزىنىڭ بالىسىنى تەربىيىلەيدىغان كىشىگە نەسىھەت قىلىپ مۇنداق دېگەن: «كىچىك بالىلارغا خۇددى قۇرئان كەرىمنى ئۆگەتكەندەك، راستچىل بولۇشنى ئۆگەتكىن. ئۇلارنى گۈزەل ئەخلاققا ئۈندە، ئۇلارغا شېئىر دېكلاماتسىيە قىلىپ بەرگىن، يۈرەكلىك، باتۇر بولۇپ يېتىشىدۇ، ئۇلارنى مۆتىۋەر - مويسىپىت كىشىلەر بىلەن، ئىلىم ئەھلىلىرى بىلەن ھەمسۆھبەت قىل، ئۇلارنى تۆۋەن تەبىئەتلىك كىشىلەردىن يىراق تۇت، چۈنكى ئۇلار (كۆپىنچە ھاللاردا) ئەدەپسىز كېلىدۇ. ئادەم بار يەردە ئۇلار-

www.uyghurkitap.com

نىڭ ھۆرمىتىنى قىل، ئادەم يوق يەردە ئەدەپلەپ تۇر. يالغان گەپ قىلسا ئۇر، يالغان گەپ ئەخلاقسىزلىققا چاقىرىدۇ، ئەخلاقسىزلىق دوزاخقا چاقىرىدۇ.»①

بۇنداق دەۋەتلەر ئىخلاسمەن، تەقۋادار مۇسۇلمان ئاتا - ئانىلارنىڭ پەرزەنتلەرنى كۆڭۈل قويۇپ پەزىلەتلىك ئادەم قىلىپ تەربىيىلىشى خۇدانىڭ دەرگاھىدىمۇ كاتتا ساۋاب ئىكەنلىكىنى بىلگەچكە، پەرزەنتلىرى ئۈچۈن يۈرەك قېنىنى سەرپ قىلىشنى شەرەپ ھېسابلايتتى. مۇشۇنداق ئەقىدە - ئېتىقاد مۇھىتىدا ئۆسكەن يۈسۈپ خاس ھاجىپ ۋە مەھمۇد قەشقەرى ھەقىقىي مەسئۇلىيەتچانلىق بىلەن تەربىيىلىنىش پۇرسىتىگە ئېرىشكەن.

11 - ئەسىرلەردە ئۇيغۇر پەرزەنتلىرىنىڭ ئەتراپلىق، ياراملىق تەربىيىلىنىپ چىقىشىدا رول ئوينىغان يەنە بىر ئىجتىمائىي ئامىل، بۇ دەۋردە ئىلىمنى قەدىرلەش، ئىلىم ئىگىلىرىنى ھۆرمەتلەش، ئالىملارغا يۇقىرى ئورۇن بېرىش ئومۇمىي ئىجتىمائىي ئېقىمغا ئايلانغان. بىلىمسىزلىك، نادانلىق ئادەم ئۈچۈن ھاقارەتلىك نام بولۇپ قالغان. بىز ئىنساننىڭ ماھىيەتلىك پەرقىنىڭ بىلىم بىلەن ئۆلچىنىدىغانلىقىدىن ئىبارەت قىممەت تارازىسىنىڭ «تۈركىي تىللار دىۋانى»، «قۇتادغۇبىلىك»، «ئەتەبەتۇلھەقايىق»، «قۇچۇ شېئىرلىرى» قاتارلىق ئەسەرلەر ئارقىلىق تارتىلغانلىقىدىن ۋاقىپ بولالايمىز. مەھمۇد قەشقەرى «قۇت بەلگىسى — بىلىم» دېگەن ئۇلۇغ ھېكمەتنى ئوتتۇرىغا قويغان. بۇ ھېكمەت ئىلىم - ھېكمەتنىڭ ئىنسانىيەتنىڭ بەخت - سائادىتى بىلەن بولغان مۇناسىۋىتىنى ئەڭ ئىخچام ئەكس ئەتتۈرۈپ بەرگەن پەلسەپىۋى ھەقىقەتتۇر. ناھايىتى روشەنكى، بىلىمسىز ئادەمنىڭ بەختلىك بولالىشى مۇمكىن ئەمەس، ئاددىيسى نادان ئادەم بەختنىڭ نېمىلىكىنى بىلىش ئىقتىدارىغىمۇ ئىگە ئەمەس. ئۇنداق ئادەم پەقەت بىر ۋاخ قورسىقى تويسىلا شۇنىلا

① شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى 2003 - يىل نەشرى «سەھىھ ھەدىسلەر» دېگەن كىتابتىن ئېلىندى.

بەخت ھېسابلايدۇ، بۇنداق ھايۋانىي بەخت تۇيغۇسىنىڭ ئىنسان ئۈچۈن قانچىلىك بەختسىزلىك ئىكەنلىكىنى ھېس قىلمايدۇ.

يۈسۈپ خاس ھاجىپ ئۆز دەۋرىدىكى ئۇيغۇر جەمئىيىتىدە ھۆكۈمران ئىدېئولوگىيە بولغان ئىلىم ـ پەننى قەدىرلەش، ئۇنىڭ قىممىتىنى ھەقىقىي جارى قىلدۇرۇش، جەمئىيەتنى نادانلىقتىن قۇتۇلدۇرۇش، جاھالەت ئىسكەنجىسىدىن ئازاد قىلىش ھەقىقىتى ئوتتۇرىغا چىققان چۈشەنچە ۋە يەكۈنلەرنى تېخىمۇ بېيىتىپ، ئۇنى ئۆزىنىڭ ئىلغار دۇنيا قارىشى بىلەن يۇغۇرۇپ، تېخىمۇ كۈچلۈك ئىلمىي ئاساسقا ئىگە قىلغان. ئەۋلادلارنىڭ ياشاش قابىلىيىتىنى ئاشۇرۇش، ئىنسانىي قىممىتىنى يۇقىرى كۆتۈرۈشنىڭ ماھىيەتلىك ھالقىسى ئۇلارنى ئەتراپلىق تەربىيىلەشتە ئىكەنلىكىنى نۇرغۇن ئىلمىي سېلىشتۇرمىلار ئارقىلىق يورۇتۇپ بەرگەن.

يۈسۈپ خاس ھاجىپ ئىلىمنىڭ ئەۋلادلارنىڭ ئىجتىمائىي ئورنىنى يۇقىرى كۆتۈرىدىغانلىقى، بىلىم ئارقىلىق ھاياتنىڭ يولىنىلا ئېچىپ قالماي، بەلكى ئاسمانغىمۇ يول ئالالايدىغانلىقىنى مۇنداق مۇئەييەنلىككە ئىگە قىلىدۇ: «پۈتۈن خاسىيەتلىك ئىشلار بىلىمنىڭ ساخاۋىتىدىندۇر. مىسالى بىلىم بىلەن كۆككە يول ئېچىش مۇمكىن. ئەقىللىق، بىلىملىك بولۇش نېمىدېگەن ياخشى ئىش ـ ھە؟! ئەگەر ئۇنىڭغا ئېرىشەلىسەڭ جايىدا ئىشلەت-تە، ئۇچۇپ كۆككە يەت، جاھان سوراش ئۈچۈنمۇ، خەلقنى باشقۇرۇش ئۈچۈنمۇ ئەقىل ھەم يۈرەك كېرەك. بىلىم بىلەن ئەقىل بىرىكسە ئەر كامالەت تاپىدۇ. كامالەت ئىگىسى دۇنيا نېمەتلىرىدىن تولۇق بەھرىمەن بولالايدۇ. بۈگۈنگە قەدەر قايسى زاماندا بولسۇن، ھۆرمەتلىك ئورۇن بىلىملىكلەرگە تەگدى. كىشىلەرنىڭ يامىنىمۇ ئوقۇش، بىلىش بىلەن تۈزىلىدۇ. خەلق ئىچىدىكى بۇلغىنىشلارمۇ بىلىم بىلەن سۈزۈلىدۇ» يۈسۈپ خاس ھاجىپ ئادەمنىڭ بۇ ئالەمدىكى شەيئىلەر ئىچىدە ئەڭ قەدىرلىك، ئۇلۇغ يارىتىلغانلىقىنىڭ سەۋەبىنىمۇ ئادەمدە ئەقىل ۋە بىلىم بولغانلىقى ئۈچۈن دەپ قارايدۇ: «ئاللا

www.uyghurkitap.com

ئادەمنى تاللاپ ئەزىز ۋە قەدىرلىك قىلدى، ئۇنىڭغا ئەقىل، ئىدراك، ئىلىم ۋە پەزىلەت بېرىپ يۈكسەلدۈردى، گۈزەللىك، خۇش پېئىللىق ۋە نومۇس بەردى. ئادەم بىلىم بولغانلىقى ئۈچۈن بۈگۈنكىدەك ئۇلۇغلۇققا يەتتى. ئەقىل بولغانلىقى ئۈچۈن پۈتۈن تەس تۈگۈنلەر يېشىلدى. خۇدا كىمگە ئەقىل بىلەن بىلىم ئاتا قىلغان بولسا بارلىق ياخشىلىقلارغا قول سالالايدۇ. بىلىمنى بۈيۈك، ئەقىلنى ئۇلۇغ بىلگۈلۈك، بۇ ئىككىسى قۇلنىمۇ يۈكسەلدۈرۈپ بۈيۈكلۈككە ئىگە قىلالايدۇ»[1]، «قۇتادغۇبىلىك» تە بىلىم بىلەن ئەقىلنىڭ، ئىنساننىڭ ھاياتى ۋە بەختى، جەمئىيەتنىڭ ئومۇمىي مۇساپىسى، دۆلەتنىڭ قۇدرەت تېپىشى بىلەن بولغان مۇناسىۋىتىنى ئەكس ئەتتۈرگەن مەزمۇنلار ناھايىتى كۆپ. ئۇيغۇرلارنىڭ بىلىش تارىخىدا بىلىمنىڭ قىممىتىنى يۈسۈپ خاس ھاجىپتەك چوڭقۇر، ئەتراپلىق چۈشەندۈرگەن ئادەم يوق. بۇنداق ئەتراپلىق چۈشەنچىنىڭ پەيدا بولۇشى ئۆز دەۋرىدە بىلىمنىڭ ئومۇمىي خەلقنىڭ ئورتاق ساداسى ۋە چۈشەنچىسىگە ئايلىنىپ كەتكەن ئاممىۋى ئاساسىنىڭ ئىپادىسى ئىكەنلىكىنى چۈشەنگىلى بولىدۇ.

يۈسۈپ خاس ھاجىپتىن كېيىنرەك ياشىغان ئەھمەد يۈكنەكى دېگەن بىر ئەما شائىر بار. ئۇ «ھەقىقەتنىڭ بوسۇغىسى» ناملىق بىر ئەسەر يېزىپ قالدۇرغان. ئۇنىڭ ئەسىرىدىكى بايانلاردىن قارىغاندا، بىلىمگە ۋە بىلىم نوپۇزلىرىغا ناھايىتى يۈكسەك ئورۇن بەرگەنلىكىنى كۆرىمىز: «ئەي دوستۇم، بىلىملىككە ئۆزۈڭنى بېغىشلا، سائادەت يولى بىلىم بىلەن ئېچىلىدۇ، بىلىم ئال، سائادەت يولىنى ئاچ، بىلىملىك كىشى قىممەتلىك دىناردۇر، بىلىمسىز نادانلار قىممەتسىز يارماقتۇر. بىلىملىك بىلەن بىلىمسىز قانداقمۇ تەڭ بولالىسۇن، بىلىملىك ئايالنى ئەر دېسەڭ، نادان ئەر گويا ئايالدۇر، ئادەمدە بىلىم بولۇشى سۆڭەكتە ئىلىك بولغانغا ئوخشايدۇ. ئادەم-

[1] «قۇتادغۇبىلىك» رومانلاشتۇرۇلغان نۇسخىسىدىن ئېلىندى. شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى نەشرىياتى، 2001 - يىل نەشرى، 108 - بەت.

نىڭ زىننىتى ئەقىل بولسا، سۆڭەكنىڭ زىننىتى يىلىكتۇر. بىلىمسىز كىشى يىلىكسىز سۆڭەكتۇركى، يىلىكسىز سۆڭەككە ھېچكىم قول ئۇزاتمايدۇ. ئادەم بىلىم بىلەن ئەر ئاتالدى. بىلىمسىزلەر تىرىك تۇرۇپ كۆزگە كۆرۈنمەيدۇ. بىلىملىك كىشى ئۆلگەن بىلەن نامى ئۆلمىدى، بىلىمسىزلەر تىرىك بولغىنى بىلەن نامى ئۆلگەن.①

ئەمدى قۇچۇ شېئىرلىرىدىكى ئۆگلۇلەرگە سەپ سالىدىغان بولساقمۇ، ئىلىمنىڭ تەرىپىنى مۇھەببەت بىلەن قىلغانلىقىنى كۆرىمىز:

بىلىگ بىلىڭ يا بېگىم
بىلىگ ساڭا ئەش بولۇر،
بىلىگ بىلگەن ئول ئەركە
بىر كۈن دۆلەت تۇش بولۇر.

(ئەي بېگىم، ئىلىم ئۆگىنىڭ، ئۇ سىزگە ھەرقاچان سىرداش ھەمراھ بولىدۇ، بىلىم ئۆگەنگەن ئەرگە بىر كۈن دۆلەت يار بولىدۇ).

بىلىگلىك ئەر بىلىگە
تاش قورسانسا قاش بولۇر،
بىلىكسىزنىڭ يانىڭا
ئالتۇن قويسا تاش بولۇر.

(بىلىملىك ئەرنىڭ بېلىگە تاش قىستۇرسا، قاشتېشىغا ئايلىنىدۇ، بىلىمسىزنىڭ يېنىغا ئالتۇن قويسا تاش بولىدۇ».②

ناھايىتى روشەنكى، قۇچۇ دەۋرىدىكى ئۇيغۇرلارنىڭ قىممەت قارىشىدىمۇ بىلىم ئەڭ ئەزىز ئورۇنغا ئۆتكەن. ئۇلار بىلىمنى ھەمراھ، دوست، سىرداش، دۆلەت، بەخت ھېسابلىغان. بىلىملىك ئەر قىممەتسىز نەرسىنى قىممەتلىك نەرسىگە ئايلاندۇرالاي-

① ئەھمەد يۈكنەكى «ئەتەبەتۇلھەقايىق»، مىللەتلەر نەشرىياتى 1980 - نەشرى.
② «قەدىمكى ئۇيغۇر يازما ئەدەبىيات يادىكارلىقلىرى» شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، 1980 - يىل نەشرى.

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

دىغانلىقىنى، بىلىمسىز ئەر قىممەتلىك نەرسىنى قىممەتسىز نەرسىگە ئايلاندۇرۇپ قويىدىغانلىقىنى بىلگەن.

دېمەك، بىزنىڭ يۇقىرىقى بايانلاردىن ئەسكەرتىپ ئۆتۈشىمىزدىكى سەۋەب شۇكى، 11 – ئەسىرلەردە بولسۇن ياكى ئۇنىڭدىن بۇرۇنقى تارىخىي دەۋرلەردە بولسۇن، ئۇيغۇر جەمئىيىتىدە ھۆكۈمرانلاردىن تارتىپ، ئاددىي پۇقرالارغىچە ھەممە كىشىنىڭ قىممەت قارىشىدا بىلىم بىرىنچى ئورۇندا تۇرغان. ئۇلار پۇلنى، ھوقۇقنى مەدھىيىلىمىگەن، بىلىم بولسا ئاندىن پۇلمۇ بولىدۇ، ھوقۇقمۇ بولىدۇ، قەدىر – قىممەتمۇ بولىدۇ. دەپ چۈشەنگەن. بۇنداق قىممەت قارىشى ھۆكۈمران ئورۇنغا ئۆتكەن جەمئىيەتتە ھەربىر شەخس، ھەربىر ئائىلە ئەزاسى ئۆزىنى بىلىم بىلەن زىننەتلەشنىڭ مۇھىملىقىغا نىسبەتەن ئالاھىدە ئېتىبار بېرىدۇ، ھەتتا بىلىمسىز ئادەمنى ساقايماس كېسەل، ھايۋان، ئۆلۈك، خوتۇن كىشى، يامان ئىللەت دەپ ھاقارەت قىلىنىدىغان جەمئىيەتتە ئاتا – ئانىلارنىڭ پەرزەنتلىرىنى ئەتراپلىق تەربىيىلەشكە كۆڭۈل بۆلمەسلىكى مۇمكىنمۇ، پۈتۈن دۆلەت ئەۋلادلارنىڭ ياراملىق تەربىيىلىنىشىگە كۆڭۈل بۆلمەسمۇ.

ھاكىمىيەت ئۈستىدىكىلەرنىڭ ئىلىم – پەنگە بولغان مۇھەببىتى، ئىلىم ئەھلىلىرىگە بولغان ھۆرمىتى، ئىلىم نوپۇزلىرىغا بېرىلىدىغان يۇقىرى ئىمتىيازى پۈتۈن جەمئىيەت ئەزالىرىنىڭ پەرزەنتلىرىنى ياراملىق تەربىيىلەشكە نىسبەتەن ئەڭ ياخشى تۈرتكە. ئەگەر ھاكىمىيەت بېشىدىكىلەرنىڭ ئېڭىدا پەن – مەدەنىيەت، مائارىپ بىرىنچى ئورۇندا تۇرمايدىكەن، ئۇ ئەلدە ئىلىملىكلەر ئۈچۈن ياخشى كۈن يوق. مەسىلەن، جۇڭگو ھۆكۈمىتى 20 – ئەسىرنىڭ 60 – يىللىرى ئىدېئولوگىيە جەھەتتە ئەڭ زور ئېزىققان بىر تارىخىي دەۋر بولدى. بۇ دەۋردە «قانچىلىك بىلىملىك بولسا شۇنچىلىك ئەكسىيەتچىلىشىدۇ» دېگەن بىر تەتۈر تەرغىبات ئوتتۇرىغا چىقىپ زىيالىيلارنى «كاپىتالىزم يولىغا ماڭغان ھوقۇقدار»، «جىن – شەيتان»، «ئەكسىيەتچىل ئىلىم نوپۇزلۇقلىرى» دېگەنگە ئوخشاش تۈرلۈك بەتناملار بىلەن ھاقارەتلەپ كۈرەش قىلدى. ئۇن يىلغا

سوزۇلغان بۇ ئىنقىلابتا جۇڭگودىكى بىلىم ئىگىلىرىنىڭ ھەممىسى دېگۇدەك زەربە يېدى. شۇنداق بولغانلىقى ئۈچۈن جۇڭگودا بىر ئەۋلاد ياشلار ساۋاتسىز، مەدەنىيەتسىز قېلىشتەك پاجىئە كېلىپ چىقتى.

ئەمدى ھازىر جۇڭگودا دۆلەتنى مائارىپلا قۇتقۇلدۇرالايدۇ، دېگەن ئۇلۇغ چاقىرىق ئوتتۇرىغا قويۇلدى، پەن - تېخنىكا بىرىنچى ئىشلەپچىقىرىش كۈچى دېگەن پەلسەپىۋى ھەقىقەت جاكارلاندى. دۆلەت بىلىملىكلەرگە يۇقىرى ئىمتىياز بەردى؛ ئۇلارنىڭ ئورنىنى يۇقىرى كۆتۈردى. پۈتۈن جۇڭگولۇقلارنىڭ ئېڭىدا ھازىرقى جەمئىيەتتە زادى بىلىم بولمىسا ياشىغىلى بولمايدۇ، دېگەن كۆز قاراشنى شەكىللەندۈردى. نەتىجىدە ھەممە ئادەم ئىلىم ئۆگىنىش ئۈچۈن جان پىدا قىلىدىغان، ئاتا - ئانىلارمۇ ھەرقانچە بەدەل تۆلىسىمۇ، بالىلىرىنى يارامىلىق ئادەم قىلىپ چىقىشقا بەل باغلاشتى. شۇنداق قىلىپ جۇڭگو تېز ئارىدىلا ئون يىللىق جاراھەت داغلىرىنى يۇيۇۋېتىپ، قەددىنى رۇسلاپ زور ئۇتۇقلارغا ئېرىشتى. شۇنداق قىلىپ، جۇڭگو ھازىر ئەڭ گۈللەنگەن بىر باسقۇچقا كىردى. مىڭلىغان يېتۇك ئالىملار قوشۇننى تەربىيىلەپ چىقتى. بۇ ئەلۋەتتە ئىلىم ئۆگىنىش قىزغىنلىقى زور ئاممىۋى ئاساسقا ئېرىشكەنلىكىنىڭ شادلىق نەتىجىسى.

يۇسۇپ خاس ھاجىپ، مەھمۇد قەشقەرىلەر ياشىغان شۇ دەۋردە ئىلىمنى قەدىرلەش، ئىلىم ئىگىلىرىنى ھۆرمەتلەش ئاشۇنداق ئاممىۋى ئاساسقا ئىگە بولغانلىقى ئۈچۈن ئاشۇنداق ئۇلۇغ ئالىملارنى تەربىيىلەپ چىقالىغان. مەدەنىيەت جەھەتتە ئەڭ گۈللەنگەن ئالتۇن دەۋرنى يەنى ئۇيغۇر دەۋرنى ياراتقان.

* * *

ئۇيغۇر خەلقى ئۇزاق ئەگرى - توقاي مۇساپىلەرنى بېسىپ

www.uyghurkitap.com

21 - ئەسىر بوسۇغىسىغا قەدەم قويدى. گەرچە بىز ھازىر ئەڭ
گۈللەنگەن، تەرەققىي قىلغان بىر دەۋردە، ئەۋزەل شارائىت ۋە
مەدەنىي جەمئىيەتتە ياشاۋاتقان بولساقمۇ، بىراق، بىزنىڭ پەرزەنت
تەربىيىلەشتە ئائىلىدە يېتەرلىك مەدەنىي مۇھىت ھازىرلاپ بەرگەن
ئائىلىلەر ناھايىتى ئاز. بىر قىسىم ئائىلىلەرنىڭ ئىقتىسادىي ئەھۋا-
لى يار بەرمىگەنلىكى ئۈچۈن بالىلىرىنى ياخشى ئائىلە مۇھىتى بىلەن
تەمىنلەش جەھەتتە بەلگىلىك چەكلىمىلەرگە ئۇچرىغان بولسا، ئىق-
تىسادىي شارائىتى ناھايىتى ياخشى بولغان بىر قىسىم كىشىلەر
پەرزەنتلىرىگە مەدەنىي ئىلغار مۇھىت يارىتىپ بېرىشنىڭ پەرزەنت
تەربىيىسىدە قانچىلىك مۇھىم ئەھمىيەتكە ئىگە ئىكەنلىكىنى چۈ-
شەنمەيدۇ، چۈشەنسىمۇ ئېتىبار بەرمەيدۇ. بىزنىڭ تەكشۈرۈشى-
مىزگە قارىغاندا، پەقەت ئاتا - ئانىلار كىتابقا قىزىقىدىغان ئائىلى-
لەردىلا كىتاب جازىسى بار ئىكەن ھەم ئۇنىڭدا بىر نەچچە يۈز پارچە،
ھەتتا نەچچە مىڭ پارچە كىتاب بار ئىكەن. ئاتا - ئانىلار كىتابقا
ھېرىسمەن بولمىغان، كىتابنى ياقتۇرمايدىغان ئائىلىلەردە بولسا
كىتاب جازىسى ئۈچۈن ئورۇن بېرىلمىگەن. بۇنداق ئۆيدىن بىر قانچە
پارچىمۇ كىتاب تاپقىلى بولمايدۇ. تەخمىنىي قىياس بىلەن قارىغان-
دا، 90 پىرسەنت ئائىلىدە كىتاب جازىسى يوق. بىز بۇنداق ئائىلى-
نى مەدەنىي مۇھىت بەرپا قىلغان ئائىلە دەپ قارىمايمىز. يەنە بىر
تەرەپتىن، بىز ئۇلارنى 21 - ئەسىردىكى بىلىم ئىگىلىكى دەۋرىدە،
ئۇچۇر دەۋرىدە ياشاۋاتىدۇ، دەپمۇ قارىمايمىز. ئۇلارنىڭ ئۆزى گەرچە
21 - ئەسىردە يەپ - ئىچىۋاتقان بولسىمۇ، لېكىن ئۇلارنىڭ تۇر-
مۇش ئۇسۇلى، ياشاش شارائىتى، روھىي دۇنياسىدىكى نامراتلىق
تۈپەيلى ئۇلارنى ئوتتۇرا ئەسىرگە مەنسۇپ ئادەملەر دەپ قاراشقا
بولىدۇ. بۇنداق كىشىلەر روھىدىكى نامراتلىقنى بالىلىرىغىمۇ مى-
راس قالدۇرۇۋاتىدۇ. بۇ ئەلۋەتتە پەرزەنتلەرنىڭ ھوقۇقىغا خىيانەت
قىلىش ھېسابلىنىدۇ، ئۇلار پەرزەنتلىرىنىڭ بىلىم ئېلىش تەشنال-
قىنى بوغىدۇ، گۈزەل ئىنتىلىشلىرىگە سوغۇق سۇ سېپىدۇ. كەڭ
كەتكەن يېزىلىرىمىزدا مىليونلاپ پەرزەنتلىرىمىز مەجبۇرىيەت مائارى-

پى قوينىدا ئوقۇۋاتىدۇ. نۇرغۇن بالىلار دەرسلىك كىتابلاردىن باشقا ئۇنىۋېرسال مەزمۇندىكى كىتابلاردىن بىرەرنىمۇ ئوقۇپ بېقىش پۇرسىتىگە ئېرىشمىگەنىكەن. گەرچە مەكتەپلەردە مەكتەپ كۇتۇپخانىلىرى، يېزىلاردا مەدەنىيەت ئۆيلىرى بولسىمۇ، قانداقتۇر بالىلار بۇنىڭدىن پايدىلىنالمايدىكەن. نۇرغۇن ئوقۇتقۇچىلار ئۆزىمۇ كىتاب ئوقۇمىغاچقا، بالىلارنىڭ قەلبىدە كىتاب ئوقۇشقا بولغان قىزغىنلىقىنىمۇ ئويغىتالمايدىكەن.

بىز ئاتا ـ ئانىلارغا شۇنى تەۋسىيە قىلىمىزكى، تۇرمۇش ھەم ئائىلە مۇھىتىنىڭ قانداق بولۇشىنىڭ بالىلارنىڭ ساغلام ئاڭغا ئىگە بولۇشىغا كۆرسىتىدىغان تەسىرى ناھايىتى چوڭ بولىدۇ. شۇڭا، سىلەر ئۆزۈڭلار ساۋاتسىز بولساڭلارمۇ، كىتابنى، بىلىمنى ياقتۇرمىساڭلارمۇ، پەرزەنتلەرنى ياخشى ئائىلە مۇھىتىدىن مەھرۇم قىلماڭلار، جەمئىيىتىمىزدە كىتابنىڭ باھاسى ئۆزىنىڭ ئەسلىي قىممىتىدىن قارىغاندا، ھەرقانداق مەھسۇلاتتىن ئەرزان. سىلەر بىر قۇر قىممەتلىك كىيىم ئورنىغا كىتاب سېتىۋالىدىغان بولساڭلار، بىر كىتاب جازىسىنىڭ يېرىمىنى تولدۇرۇشى مۇمكىن. بىر قېتىملىق رېستوران چىقىمىڭلارنى قويۇپ تۇرۇپ، شۇنىڭغا كىتاب ئالساڭلار كىتاب جازىسى تولۇق تولىدۇ. رېستوران زىياپىتى شۇ رېستوراننىڭ جوزىسىدىلا قالىدۇ، كىتاب بولسا ئەۋلادتىن ئەۋلادقا مىراس بولۇپ قالىدۇ. سىلەر بىلسەڭلار بىر كىتاب بىر ئالەم. ئۇ پەرزەنتلەرنى مەدەنىيەت دۇنياسىغا باشلاپ كىرىدۇ. بالىلاردا قوزغالغان شۇ كىتاب قىزغىنلىقى، بەلكىم ئۇلارنى ئۇلۇغ شان ـ شەرەپلەر بىلەن مۇكاپاتلىشى مۇمكىن. بۇنىڭ ئۈچۈن ئازراق بەدەل تۆلىسەڭلار، ئەرزىمەمدۇ؟

## 2. تەبىئەت، ئويۇنلار قوينىدا يېتىلگەن خاراكتېر ۋە پاراسەت

ئادەم ئانىسىنىڭ قورسىقىدىن بۇ دۇنياغا كۆز ئېچىشى بىلەنلا

مائارىپ ئۈستىگە تۇغۇلىدۇ ۋە تەلىم - تەربىيىگە موھتاج بولىدۇ. دۇنياغا يارىتىلغان تۇنجى ئادەممۇ بىلىش ئۈستىگە يارىتىلغان ئەمەس، بەلكى تەلىم - تەربىيىگە، يەنى مائارىپقا موھتاج بولۇپ يارىتىلغان. مائارىپ دېمەك، تەلىم - تەربىيە دېمەكتۇر. ئىنسانلارنىڭ تەربىيىلىنىش ئېھتىياجىنى قاندۇرۇشنى ئۈستىگە ئالغان ھۆددىگەر مائارىپنى تۆت تۈركۈمگە ۋە تۆت باسقۇچقا بۆلۈشكە بولىدۇ. بۇنىڭ بىرىنچىسى، ئەڭ ئىپتىدائىي ھەم مەڭگۈلۈك مائارىپ — تەبىئەت مائارىپى. تەبىئەتتىن ئايرىلغان مائارىپمۇ بولمايدۇ، بولۇشىمۇ مۇمكىن ئەمەس. تەبىئەت ئىنسانلارغا نۇرغۇن نەرسىلەرنى ئۆگەتتى. ئۇ ھەم كىشىلەرگە قانداق ياشاشنى، تەبىئەت دۇنياسىدىن قانداق پايدىلىنىشنى، ئۇنىڭغا قانداق ماسلىشىشنى ئۆگەتتى. ئىپتىدائىي ئىنسانلار شۇ تەبىئەتنىڭ سىرلىق ئۆزگىرىشلىرىدىن ئېتىقادنىمۇ ئۆگەندى، مەدەنىيەتنىمۇ، تىلنىمۇ، گۈزەللىكنىمۇ، ئۆرپ - ئادەتنىمۇ تەبىئەت ئارقىلىق ھاسىل قىلدى. ھازىرقى زامانىۋى پەن - تېخنىكا دۇنياسىغا باشلاپ كەلگەن تۈپ ھەرىكەتلەندۈرگۈچ كۈچ ۋە مەنبە يەنىلا تەبىئەت بولىدۇ. ئەگەر تەبىئەتنىڭ ئىچكى قانۇنىيەتلىرى ئىنسانلارنىڭ بىلىشى بىلەن بىردەكلىك ھاسىل قىلالمىغان بولسا، ئىنسانلار نېمىگە ئاساسلىنىپ ئالەم سەپىرىنى مۇۋەپپەقىيەتلىك باشلىيالايتتى. سۇ لەيلىتىش خۇسۇسىيىتىگە ئىگە، ئۇ ئىنسانلارغا بۇ قانۇنىيىتىدىن نىشان بەرمىگەن بولسا، ئىنسانلار سۇنى بويسۇندۇرۇپ، ئۇنى قاتناش يولى قىلىپ پايدىلىنىش ئۇقۇمىغا قانداق ئېرىشىش مۇمكىن ئىدى. سۈركىلىشتىن ئوت پەيدا بولىدىغانلىقىنى تەبىئەت ئۆگەتتىمۇ ياكى ئادەملەر ئۆز كاللىسىدىن ئويدۇرۇپ چىقىپ ئىجاد قىلدىمۇ؟ ئادەملەر ھازىرغىچە ناھايىتى نۇرغۇن نەرسىلەرنى بايقاپ، كۆپلىگەن يېڭى شەيئىلەرنى بارلىققا كەلتۈرەلىگەن بولسىمۇ، لېكىن قانۇنىيەتنى ئىجاد قىلالمىدى. چۈنكى، قانۇنىيەت دېگەن تەبىئەتتىكى تۈرلۈك - تۈمەن شەيئىلەرنىڭ ئۆزىدىكى ئەزىلى نەرسە ۋە ئۇنىڭ مەۋجۇتلۇق شەكلى. ئىنسانلار پەقەت تەبىئەتتىكى ئەزىلى مەۋجۇت

بولغان شۇ قانۇنىيەت ئارقىلىق ئۇنىڭدىن پايدىلىنىپ تەقلىدىي
سۇنئىي نەرسىلەرنى بارلىققا كەلتۈرۈپ، تۇرمۇشىدا قوللىنىشنىڭ
پۇرسىتىگە ئېرىشتى. ئېتىراپ قىلىش كېرەككى، تەبىئەت ئەڭ
ئۇلۇغ مۆجىزە، ئۇ ئىنسانلارنى ياشاش مۇھىتى بىلەن تەمىن ئېتىپ-
لا قالماي، ياشاش ۋاستىلىرىنىڭ ھەممىسى بىلەن تەمىن ئەتتى.
ئىنسانىيەت مەدەنىيەت تارىخىدا بارلىققا كەلگەن بارلىق ئىختىرالار
تېگى - تەكتىدىن ئالغاندا، تەبىئەتنىڭ ئىنسانلارغا ئاتا قىلغان
سوۋغىسى. ئىنسانلار تەبىئەت ئارقىلىق ئۆزىنى تونۇدى. يەنە بىر
تەرەپتىن، تەبىئەتنى ئادەملەشتۈردى. ئادەم مانا شۇنداق ئۈزلۈك-
سىزلىك داۋامىدا تەدرىجىي تەرەققىي قىلىپ ھازىرقى زامانىۋى
دەۋرگە قەدەم قويدى. بۇنىڭدىن كېيىنكى تەرەققىيات مۇساپىسىدى-
مۇ تەبىئەت ئۇلارغا يەنىلا ئۇستاز بولىدۇ. ئىنسانلار ھەرقانچە
يۇقىرى پەن - تېخنىكىغا ئىگە بولۇپ كەتكەن تەقدىردىمۇ يەنىلا
تەبىئەتكە تايانماي مۇمكىن ئەمەس؛ ئىنسانىيەتنىڭ بۇنىڭدىن كې-
يىنكى تەرەققىيات ئىستىقبالىمۇ يەنىلا تەبىئەتنىڭ قانۇنىيىتىگە
ھۆرمەت قىلىش، ئۇنىڭ بىلەن يارىشىش ئارقىلىق بولىدۇ. ئەگەر
تەبىئەتنىڭ قانۇنىيىتىگە خىلاپلىق قىلىنسا، تەبىئەت ئىنسانلارنى
جازالاش ئارقىلىق ئۇلارغا ئېچىنىشلىق سەلبىي دەرسلىك بېرىدۇ.
ئەگەر ئىنسانلار بۇنداق يامان تەقدىرنىڭ ھالاكىتىدىن ساقلىنىپ
قالماقچى بولىدىكەن، تەبىئەتتىن يەنە نۇرغۇن نەرسىلەرنى ئۆگى-
نىشكە توغرا كېلىدۇ.

ئۇيغۇرلاردا تەبىئەت ۋە ئۇنىڭ قانۇنىيىتىگە ھۆرمەت قىلىش
ھەققىدىكى چۈشەنچە ناھايىتى قەدىمكى تارىخىي دەۋرلەردىلا شەكىل-
لەنگەن پەلسەپىۋى چۈشەنچىلەرنىڭ بىرى ئىدى. ئۇلار مانا شۇ
ئۇقۇم ئاساسىدا تەبىئەت بىلەن دوستلۇق ئورناتتى، تەبىئەت بىلەن
تەڭ كۈلدى، تەبىئەت بىلەن تەڭ يىغلىدى. قەدىمكى ئۇيغۇرلارنىڭ
تۆت زات كۆزقارىشى، تۆت زاتنىڭ ئۆزئارا باغلىنىش ۋە مەۋجۇتلۇق
قانۇنىيىتى ئۇيغۇرلارنىڭ تۇرمۇش ۋە ئېتىقادىغا پەۋقۇلئاددە تەسىر
كۆرسەتكەنىدى. ئۇيغۇرلارنىڭ قەدىمكى پەن- مەدەنىيەت ئۇتۇقلىرى-

ـنىمۇ ئۇلارنىڭ تۆت زات چۈشەنچىسى ئاساسىدا پەيدا بولغان دەپ قاراشقا بولىدۇ. ئۇيغۇرلارنىڭ قەدىمكى چۈشەنچىسى بويىچە، تۆت زات (سۇ، ھاۋا، ئوت، تۇپراق) — ماددىي دۇنيانىڭ تۆت زات ئاساسىدا بىرىكىشى، مەۋجۇت بولۇش قانۇنىيىتى ھەققىدىكى بىلىشى ئىدى. شۇڭا، ئۇلارغا چېقىلىشقا، ئۇلارنىڭ بىر پۈتۈنلۈك قانۇنىيىتىگە خىلاپلىق قىلىشقا بولمايتتى. چۈنكى، پۈتۈن شەيئى «ئوتتۇرا ھال» لىقتا ئۆزىنىڭ نورمال مەۋجۇتلۇق ھالىتىنى ساقلايدۇ، ئەگەر «ئوتتۇرا ھال» لىق بۇزۇلىدىكەن، ئالەمنىڭ بىر پۈتۈنلۈكى بۇزۇلىدۇ ـ دە، تەبىئەت ھالاكەتكە يۈزلىنىدۇ. ھەرقانداق بىر ئىشنىڭ ئۆلچىمى، ھەرقانداق بىر شەيئىنىڭ ئۆلچىمى بولىدۇ. ئەگەر ئۆلچەمگە خىلاپلىق قىلىپ، تۆۋەن ياكى يۇقىرى بولىدىكەن، ھېچقانداق ئىشنى ۋۇجۇدقا چىقىرىشقا بولمايدۇ.

يۈسۈپ خاس ھاجىپ بۇ خىل بىلىش نەتىجىلىرىنى تولىمۇ ئوبرازلىق ۋە ئىخچام ئىپادىلەپ بەرگەنىدى.

چىقارما ھېچ ئىشنى ئۆلچىمىدىن سەن،
ھەر ئىش ئوتتۇراھال بولسا بولغاي ئېسەن.

يۇقىرىدا ئوتتۇرىغا قويۇلغان ئۆلچەم بىر دەۋاتقان قانۇنىيەتنىڭ تەقەززاسى. ئەگەر ئۇ ئۆلچەم بۇزۇلسا، ھەرقانداق ئىش ئوڭۇشلۇق روياپقا چىقمايدۇ، ئېسەنلىكمۇ بولمايدۇ. يەنە مۇنداق دەيدۇ:

ئۆرلىگەن چۈشەر ھەم چۈشكەنلەر چىقار،
يورۇغان ئۆچەر ھەم يۈرگەنلەر تىنار.

نە ئىشكىم قىلىنسا تولۇقلۇق كۆتەر،
تولۇقلۇقا يەتسە چۈشۈشكە يانار.

بىز يۇقىرىقى خۇلاسىنى ئالەمنىڭ بىر پۈتۈنلۈكى، ئۆزگىرىـ
ـشى، تەرەققىي قىلىش، يەنە يوقىلىش، يەنە تەرەققىي قىلىش
قانۇنىيىتىنىڭ فورمۇلىسى دەپ قارايمىز. ھەرقانداق بىر شەيئى
تەرەققىي قىلىپ چېكىگە يەتكەندە، ئەكسىگە قايتىدۇ، دېگەن پەلـ
سەپىۋى چۈشەنچە 11 ـ ئەسىرلەردىلا ئۇيغۇرلار تەرىپىدىن مۇكەممەل
پەلسەپىۋى چۈشەنچىگە ئىگە بولۇپ بولغان.

شۇنىمۇ ئەسكەرتىپ ئۆتۈشكە ئەرزىيدۇكى، ئۇيغۇر خەلقى ئوتـ
تۇراھاللىق ئۆلچەم، بىر پۈتۈنلۈك قارىشىنى جەمئىيەت قانۇنىيىـ
تىگىمۇ تەتبىقلاپ چۈشەندۈرۈشتە خېلى زور ئىلگىرىلەشلەرنى قولغا
كەلتۈرگەن. جەمئىيەتتىكى تەبىقىلەر ئۈچ تۈركۈمگە بۆلۈنىدۇ.
بىرىنچىسى، يۇقىرى تەبىقە — ئاقسۆڭەكلەر؛ ئىككىنچىسى، ئوتـ
تۇرا ھال تۇرمۇش كەچۈرۈۋاتقانلار؛ ئۈچىنچىسى، نامراتلار. بۇ
ئۈچ تەبىقە ئوتتۇرىسىدىكى ئىقتىسادىي پەرق ۋە ئىجتىمائىي ئورنىـ
دىكى پەرق ھەددىدىن ئارتۇق چوڭىيىپ كېتىپ ئوتتۇرا ھاللىق
بۇزۇلۇپ كەتسە، دۆلەت ھالاكەتكە قاراپ يۈزلىنىدىغانلىقىنى بايقىـ
غان. بۇ خۇسۇستا يۈسۈپ خاس ھاجىپ دۆلەتنىڭ بىر پۈتۈنلۈكىـ
نى، مۇقىملىقىنى قوغداش، سىجىل تەرەققىياتقا كاپالەتلىك قىـ
لىش، دۆلەتنى قۇدرەت تاپقۇزۇش ئۈچۈن، ئاساسىي غول ئېقىم
بولغان تۆۋەن تەبىقە نامراتلارنى زور كۈچ بىلەن يۆلەش تەشەببۇسىـ
نى ئوتتۇرىغا قويغان. ئۇلارغا ھەرگىزمۇ يۇقىرى تەبىقە ۋە ئوتتۇرا
ھال تۇرمۇش ئۆتكۈزۈۋاتقانلارنىڭ يۈكىنى ئارتماسلىق كېرەك. ئوتـ
تۇرا ھاللارغا بايلارنىڭ يۈكىنى ئارتماسلىق لازىم. ئەگەر ئۇنداق
قىلىنىدىكەن، ئوتتۇرا ھاللار نامراتلىشىدۇ، نامراتلار ھالاك بولىـ
دۇ، ئۇلار ھالاك بولسا دۆلەتمۇ ھالاكەتتىن قۇتۇلالمايدۇ. شۇڭا،
نامراتلارغا يۈكلەنگەن باج ـ سېلىقنى كۆتۈرۈۋېتىش ئارقىلىق ئۇلار ـ
نىڭ ئۆزىنى ئوڭشىۋېلىشقا ئىمكانىيەت بېرىلسە، ئۇلار ئورتتۇرا ھال
سەۋىيىگە يېتىدۇ، ئوتتۇرا ھاللار بېيىيدۇ. نەتىجىدە دۆلەت بېـ

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

يىپ، قۇدرەت تاپىدۇ، دېگەن بۈيۈك ئىستراتېگىيىلىك تەدبىرنى ئوتتۇرىغا قويغان.

بىزنىڭ تەبىئەت ھەققىدىكى يۇقىرىقى بىلىش نەتىجىلىرىنى ئوتتۇرىغا قويۇشىمىزدىكى سەۋەب شۇكى، ئۇيغۇر خەلقى پەرزەنتلىرىنى تەبىئەت دۇنياسى ئارقىلىق تەربىيىلەشكە زور ئېتىبار بىلەن قارىغان. ئائىلە مائارىپىدا بولسۇن، مەكتەپ ـ مەدرىسە مائارىپىدا بولسۇن، تەبىئەتنى پەرزەنتلەرنى تەربىيىلەشنىڭ ئەڭ مۇھىم دەرسخانىسى قىلغان. ئەسلىدىمۇ تەبىئەت دۇنياسىدىن ئايرىلغان مائارىپ ئۆزىنىڭ ھاياتىي كۈچىدىن مەھرۇم بولغان مائارىپتۇر. يۇسۇپ خاس ھاجىپ ئوتتۇرىغا قويغان يۇقىرىقىدەك يۇقىرى دەرىجىدىكى بىلىش نەتىجىلىرى شۇ تەبىئەتتىن كەلگەن. ئۆز دەۋرلىرىدە ئاددىي دېھقانلارمۇ ئاسترونومىيە بىلىملىرىدىن خەۋەردار بولاتتى. شۇلار شۇ بىلىملىرىگە تايىنىپ ئىشلەپچىقىرىش بىلەن شۇغۇللىناتتى. بالىلارمۇ تەبىئەتنى باغاشلاپ، تەبىئەت بالىلارنى قۇچىقىغا ئېلىپ پەپىلەپ ئۆستۈرەتتى. ئۇلار نۇرغۇن بىلىش نەتىجىلىرىنى ئويۇنلارغا، قوشاقلىرىغا، ھېكايىلىرىگە سىڭدۈرۈۋەتكەنىدى.

پەسىللەر، پەسىللەرنىڭ ئۆزگىرىشى، پەسىللەرنىڭ ئۆزگىرىشى بىلەن ھاياتلىقنىڭ مۇناسىۋىتى، ھايۋانلارنىڭ پەسىللەرگە ئەگىشىپ ئۆزگىرىشى، ھايۋانلار ۋە تەبىئەتنىڭ ئۆزگىرىشىنىڭ ھاياتلىققا كۆرسىتىدىغان تەسىرى توغرىسىدىكى ساۋاتلارنى قەدىمكى ئۇيغۇر بالىلىرى ئويۇنلار ۋە مۇنازىرە قوشاقلىرى، تېپىشماقلار ئارقىلىق ئۆگىنىۋالاتتى.

«تۈركىي تىللار دىۋانى»دا ياز بىلەن قىشنىڭ مۇنازىرىسى ئەكس ئەتتۈرۈلگەن. مۇنداق بىر ئېيتىشىش خاراكتېرىدىكى داستان پارچىسى خاتىرىلەنگەن:

قىش ياز بىلەن توقۇنۇشتى،
قىغىر كۆزىن باقىشتى.

تۆتۈشقالى ياقمىتى،
ئوتخالىمات ئوغراشتۇر.

(قىش بىلەن ياز بىر - بىرى بىلەن ئۆچەكىشىپ سوقۇشقىلى تۇردى، بىر - بىرىگە يامان كۆز بىلەن قاراشتى. بىر - بىرىنى تۇتۇش ئۈچۈن يېقىنلاشتى، بىر- بىرىنى تۇتۇش ئۈچۈن تىرىشىۋاتىدۇ).

يۇقىرىقى پارچە ئارقىلىق بالىلار قىشنىڭ كەينىدىن قوغلىشىپ يازنىڭ كېلىدىغانلىقى، يازنىڭ كەينىدىن يەنە قوغلىشىپ قىشنىڭ كېلىدىغانلىقى، بۇلار بىر - بىرىنى تۇتۇۋېلىش ئۈچۈن ھەرقاچان تىركىشىدىغانلىقى، بىراق ھەرگىزمۇ بىرى يەنە بىرىنى تۇتۇۋالالمايدىغانلىقىنى ھېس قىلدۇرىدۇ. بىراق، يازنىڭمۇ ئۆزىگە خاس ھاياتقا ئېلىپ كېلىدىغان نېمەتلىرى ۋە خۇشاللىقى بار، قىشنىڭمۇ ھاياتقا ئېلىپ كېلىدىغان خاسىيىتى بار.

ياز قىشقا شۇنداق دەيدۇ:

بالچىق بالىق يۇغرۇلۇر،
چىغاي ياۋۇز يىغرۇلۇر،
ئەركەكلىرى ئوغرۇلۇر،
ئۇرغۇچ بىلەن ئەۋرىشتۇر.

(سەندە لاي- پاتقاقلار يۇغۇرۇلۇپ، ئۇيۇپ كېتىدۇ. يوقسۇللار دۇگدىيىشىپ كېتىدۇ. ئۇلارنىڭ بارماقلىرى قورۇلۇپ، قوۋۇشماي قالىدۇ- دە، بىرەر پارچە چوغ بىلەن ھەپىشلىپ، سۆيۈنۈپ كېتىدۇ).

قىش يازغا شۇنداق دەيدۇ:

ئول قار قاموغ قىشىن ئىنار،
ئاشلىق تارىخ ئاندىن ئۈنەر،

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com

ياۋلاق ياغى مەندە تىنار،
سەن كەلىبان تەبرەشۇر.

(پۈتۈن قار قىشتا چۈشىدۇ، تېرىق، بۇغدايلار شۇنىڭ بىلەن ئۈنىدۇ ۋە كۆكىرىدۇ. ياۋۇز قۇرت ـ قوڭغۇزلار مەندە تىنىدۇ، سەن كېلىش بىلەن يەنە تەۋرىشىدۇ).

يۇقىرىقى مۇنازىرىنىڭ مەزمۇنى باللارغا قىش بىلەن يازنىڭ ھاياتقا ئېلىپ كېلىدىغان خاسىيەتلىرىنىڭ مەلۇم تەرەپلىرىنى ھېس قىلدۇرىدۇ. قىش گەرچە يوقسۇللارنى دۇگدەيتكەن بىلەن لېكىن قارلار ياغمىسا، تېرىق ـ بۇغدايلار ياخشى ئوخشىمايدۇ، زىيانداش قۇرت ـ قوڭغۇزلار ئۆلمىسە، دېھقانچىلىققا زىيان سالىدۇ، دېگەن ئۇقۇمنى ھاسىل قىلىدۇ.

ياز قىشقا دەيدۇ:

سەندىن قاچار سۇندۇلاچ،
مەندە تىنار قارلىغاچ.
تاتلىغ ئۆتەر ساندۇۋاچ،
ئەركەك تېشى ئۇچراشۇر.

(سەندىن سۇڭگۈلگۈچ قاچىدۇ، مەندە بولسا قارلىغاچلار ياي-رايدۇ، بۇلبۇللار تاتلىق سايرىشىدۇ، ئەركەك بىلەن چىشىسى قو-شۇلىدۇ)

قىش يازغا شۇنداق دەيدۇ:

قىش يايغارۇ سۆۋلەنۇر،
ئەرئات مەنىس ياۋرايۇر.

ئىگلەر يەمە ساۋرىيۇر،
ئەت يەن تاقى بەكرىشۇر[①].

(ئادەملەر بىلەن ئاتلارنىڭ مۇسكۇللىرى مەندە قەيسەرلىشىدۇ، كېسەللەر قىشتا ئازىيىدۇ، ئادەملەرنىڭ ئەت يېنى مەندە چىڭىيىدۇ).

قىش كېتىپ ياز كېلىشى بىلەن قارلىغاچلار كېلىشىپ ئۇۋا تىزىدۇ، گۈل - چېچەكلەر ئېچىلىپ، بۇلبۇللار خەندان ئۇرۇپ سايرىشىدۇ. بىر - بىرى بىلەن جۈپلىشىپ ئەۋلاد كۆپەيتىدۇ. قىشتا بولسا، ئۇلار قاچىدۇ. بىراق قىشتا ئات - ئۇلاغلارنىڭ ئەت يېنى چىڭىپ قەيسەرلىشىدۇ، كېسەللەر ئازىيىدۇ، ئادەملەرمۇ ساغلام بولىدۇ.

يۇقىرىقى مەزمۇنلاردىن باشقا، يازدا پۈتۈن يايلاقلارنىڭ سۈت، قايماق، ئايران، قىمىزلارغا توشۇپ كېتىدىغانلىقى، ئوغلاق، تېكىلەر سەكرىشىپ ئويىنىشىدىغانلىقى توغرىسىدىكى مەزمۇنلارمۇ بار.

قوچقار، تېكە ئايرىلدى،
ساغلىق پادىسى توپلاندى،
سۈتلەر ھەممىسى ئاقتى،
ئوغلاق - قوزىلار قوشۇلدى.[②]

بىز يۇقىرىقى قوشاقلارنىڭ مەزمۇنى ۋە ئورامىدىن ئۇنى ئۆز دەۋرىدىكى بالىلارنىڭ مۇنازىرە قوشاقلىرى دەپ قارىساقمۇ بولىدۇ. ئۇلار مانا شۇنداق قوشاقلار ئارقىلىق تەپەككۇرىنى كۈچلەندۈرۈپ، تەسەۋۋۇر قۇۋۋىتىنى ئاشۇرۇپلا قالماي، بەلكى پەسىللەرنىڭ تەبىئەتكە، تەبىئەتنىڭ ھاياتقا كۆرسىتىدىغان تەسىرى توغرىسىدا دەس-

① «تۈركىي تىللار دىۋانى»، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، 1984 - يىل نەشرى، 3 - توم، 380 - بەت.
② «تۈركىي تىللار دىۋانى» شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، 1984 - يىل نەشرى، 3 - توم 139 - بەت

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com

لەيكى ساۋاتلارغا ئىگە قىلىنغان. بۇ ئارقىلىق بالىلاردا يەنە تەبىئەت-نى سۆيۈش، تەبىئەتتىن پايدىلىنىش، تەبىئەتتىن ھوزۇرلىنىش تۇيغۇسىنى ئاشۇرۇشتا بەلگىلىك رول ئوينىغان.

يۈسۈپ خاس ھاجىپ، مەھمۇد قەشقەرىدەك ئۇلۇغ ئالىملار مانا شۇ بۈيۈك تەبىئەت ئاتا قىلغان مەرىپەت بۆشۈكى ئىچىدە مەزمۇن-لۇق، چوڭقۇر پىكىرلىك، خىلمۇخىل ئويۇنلار ئىچىدە تەبىئەتنىڭ گۈزەللىكىنى ئۆزىنىڭ قەلبىگە نەقىشلىۋالغان. بۇ بالىلىق تۇيغۇلار كېيىن تەرەققىي قىلىپ، «قۇتادغۇبىلىك» تەك باھارىيات تەسۋىرى-گە ئوخشاش گۈزەل تەسەۋۋۇر ۋە سۈرەتلەرنىڭ چىقىشىغا ئاساس بولغان.

63 ئېسىپ كەلدى شەرقتىن باھارنىڭ يېلى،
بېزەشكە جاھان ئاچتى جەننەت يولى.

64 قوڭۇر يەر ئىپار تولدى، كافور كېتىپ،
بېزەنمەك تىلەر دۇنيا كۆركەم ئېتىپ.

65 جاپا قىشنى قوغلاپ يازغى ئېسىن،
پارلاق ياز يەنە قۇردى دۆلەت ياسىن.

67 قورۇغان ياغاچلار كىيىندى يېشىل،
بېزەندى يىيۇن، ھال، سېرىق، كۆك، قىزىل.

68 قوڭۇر يەر يېپىندى يېشىل تورقىنى،
تاۋغاچ رەختى يايدى قىتان كارۋىنى.

69 دالا، تاغ، قىر، ئويمان تۈشەندى يېپىنىپ،
بېزەندى ۋادىلار يېشىل، ھال كىيىپ.

70 تۈمەن رەڭ چېچەكلەر ئېچىلدى كۆلۈپ،
ئىپار، كافور ھىدىغا دۇنيا تولۇپ.

72 غاز، ئۆردەك، قىل، ئاق قۇ خۇشاللىق بىلەن،
قاقىلداپ ئۇچۇشۇر يۇقىرى - تۆۋەن.

«قۇتادغۇبىلىك» تىكى 120 مىسرالىق بۇغراخان ۋە باھارىيات تەسۋىرىنىڭ ھەربىر مىسراسىدىن تەبىئەتكە بولغان ئوتلۇق مۇھەببىتىنىڭ ھارارىتىنى ھېس قىلىمىز. شائىر تەبىئەتكە شۇنداق جان كىرگۈزگەنكى، بىزنى سېخىي تەبىئەتنىڭ ئىللىق قوينىدا پەرۋاز قىلدۇرىدۇ. يۈسۈپ خاس ھاجىپنىڭ يەتتە يۈلتۇز ئون ئىككى بۇرج ھەققىدىكى بايانلىرىدىن كەڭ تەبىئەتنىڭ ئىنسانلارنىڭ ھاياتلىقى بىلەن بولغان مۇناسىۋىتى قانچىلىك چوڭقۇرلۇقتا يەتكەنلىكىنى پەم ئېتىش مۇمكىن. بۇنىڭدىن بىز ئۆز دەۋرىدىكى ماتېرىيىنىڭ تەبىئەت ئارقىلىق تەربىيىلەشكە قانچىلىك زور كۈچ سەرپ قىلغانلىقىنى تەسەۋۋۇر قىلالايمىز.

بىز شۇ مۇناسىۋەت بىلەن ئاتا - ئانىلارغا شۇنى تەۋسىيە قىلىمىزكى، بالىلار ئەمدى يورۇق دۇنياغا كۆز ئاچقاندىن باشلاپلا ئۇلارنى جانلىق ۋە جانسىز تەبىئەت بىلەن ئۇچراشتۇرۇشقا ھەرگىز سەل قارىماڭلار. بالىلارنىڭ كۆزىگە چېلىققان ھەرقانداق بىر نەرسە ئۇلارنىڭ قىزىقىشىنى قوزغايدۇ، مانا شۇ قىزىقىش ئىچىدە ئەقلىي ئورگانلىرىنى غىدىقلايدىغان ناھايىتى مۇھىم ئامىل. سىلەر شۇنى تەسەۋۋۇر قىلساڭلار بولىدۇكى، ئۆي ئىچىگە قاماپ باققان، تەبىئەت بىلەن كۆپ ئۇچراشتۇرۇلمىغان بالا خۇددى پارنىكتا ئۆسكەن مايسىغىلا ئوخشايدۇ. ئۇنىڭ ھاياتىي كۈچى تۆۋەن بولىدۇ. ھازىرقى شەھەرلىشىش قەدىمىنىڭ تېزلىشىشىگە ئەگىشىپ، بالىلارنىڭ كەڭ تەبىئەت بىلەن بولغان مۇناسىۋىتى بارا - بارا يىراقلاپ كەتمەكتە. ئۇلار خۇددى قەپەستىكى قۇشقا ئوخشاش مەكتەپتىن ئۆيگە،

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

ئۆيدىن مەكتەپكە كېلىدۇ، كۆرىدىغانلىرى كوچىدىكى ماشىنىلار، ئېگىز بىنالار، ھەتتا مەكتەپتە ئۆگەنگەن تەبىئەت دەرسلىكلىرىدىكى نەرسىلەرنىمۇ پەقەت كىتابنىلا ئوقۇش بىلەن چەكلىنىپ قالىدۇ، شۇ شەيئىنىڭ ئۆزىنىڭ يېنىغا ئاپىرىپ كۆرسىتىشكە تازا ئېتىبار بېرىلمەيدۇ. يېزىلاردىكى بالىلار گەرچە ياخشى تەربىيىلىنىش پۇرستىگە ئېرىشەلمىسىمۇ، لېكىن ئۇلار كەڭ تەبىئەت بىلەن قانغۇچە ئۇچرىشىدۇ. شۇڭا، ئۇلارنىڭ ئىچىدىن نۇرغۇن ئەقىللىق بالىلار يېتىشىپ چىقىدۇ. يېزا بالىلىرىنىڭ خاراكتېرى بىلەن شەھەر بالىلىرىنىڭ خاراكتېرىدىمۇ روشەن پەرق بولىدىغانلىقىنى ھېس قىلماقتىمىز. شەھەر بالىلىرىنىڭ خاراكتېرى بىر ئاز زەئىپ، تۇراقسىز، يېزا بالىلىرىنىڭ خاراكتېرى خېلىلا ئەركىن ۋە قەيسەر. يېزا بالىلىرىنىڭ كۆڭلى خۇددى پاك تەبىئەتتەك بىغۇبار، كىرسىز، شەھەر بالىلىرىنىڭ كىيىم- كېچەكلىرى، يۈز- كۆزلىرى ناھايىتى پاكىزدەك بولسىمۇ، لېكىن ئۇلارنىڭ كۆڭلى يېزا بالىلىرىنىڭكىدەك ئۇنچە سۈزۈك، تۈز بولمايدىغانلىقىنى ھېس قىلىش مۇمكىن.

ئومۇمەن، تەبىئەت بالىلارغا گۈزەل سېزىم، پاك تەلەپ، قەيسەر خاراكتېر يېتىلدۈرۈشكە تۈرتكە بولىدىغان جانسىز دەرسخانا. بىراق، بىزدە بالىلارنى كىچىكىدىن تارتىپ مەقسەتلىك، نىشانلىق ھالدا تەبىئەت بىلەن ئۇچراشتۇرۇشقا، بالىلارنى تەبىئەت بىلەن پىكىر ئالماشتۇرۇشقا ئەھمىيەت بېرىشىمىز كەمچىل. بىز شۇنىڭغا دىققەت قىلىشىمىز كېرەككى، تەبىئەت دەرسخانىسى بىزدىن ھېچقانداق كۈچ تەلەپ قىلمايدىغان، ھەممە ئادەم ئۇچۇن سېخىي قوينىنى ئاچىدىغان سېخىي ئانا. شۇڭا، بىز بالىلارنى تەبىئەتتىن بەھرىمەن بولۇش ھوقۇقىدىن ھەرگىزمۇ مەھرۇم قىلمايلى.

ئويۇن ئىچىدە بالىلارنىڭ تەپەككۇر قابىلىيىتىنى، تەبىئەت، جەمئىيەتكە بولغان تونۇشىنى يۇقىرى كۆتۈرۈش ھازىرقى زامان بالىلار تەربىيىسى مۇتەخەسسىسلىرى ئورتاق تەشەببۇس قىلىۋاتقان ئىلغار، تەبىئىي تەربىيىلەش ئۇسۇلىدىن بىرى. بۇ ھەممە مىللەتتە

ئورتاق بىر ئومۇملۇق بولۇپلا قالماي، بەلكى ھايۋانلارمۇ ئويۇن ئويناش ئارقىلىق ياشاش ماھارىتىنى ئۆگىنىدۇ.

بىز «قۇتادغۇبىلىك» ئەسىرىدە بالىلار ئويۇنلىرىنىڭ پەرزەنت تەربىيىسى بىلەن بولغان مۇناسىۋىتى توغرىسىدا بىرەرمۇ مىسرانى ئۇچراتمايمىز. لېكىن، يۈسۈپ خاس ھاجىپنىڭ بالىلىق دەۋرىدە خىلمۇخىل، تۈرلۈك بالىلار ئويۇنلىرىنىڭ قوينىدا ئۆسۈپ چوڭ بولغانلىقىنى، «تۈركىي تىللار دىۋانى» دا بېرىلگەن بالىلار ئويۇنلىرىنىڭ رەڭگارەڭ، جەلپكار شەكلى ۋە مەزمۇنىدىن تەسەۋۋۇر قىلالايمىز.

ھاياتنىڭ ئۆزىمۇ مەلۇم بىر نۇقتىدىن قارىغاندا، خۇددى بالىلار ئويۇنلىرىغا ئوخشايدۇ، شۇڭا كونىلار كىشىلىك ھاياتنى بىر مەيدان ئويۇنغا، بىر كېچىلىك چۈشكە، ئېقىن سۇغا، ئاتقان ئوققا، بالىلارنىڭ لايدا ياسىغان روزغارىغا ئوخشىتىپ تەسەۋۋۇر قىلغىنى شۇنىڭدىن بولسا كېرەك. بالىلارمۇ ئويۇنلارنى تۇرمۇشتىن ئۆگەنگەن ۋە تۇرمۇشقا تەقلىد قىلغان. ئۇلار ئويۇنلار ئارقىلىق ھاياتنىڭ تەقلىدىي بوسۇغىسىغا قەدەم قويغان. شۇنداق قىلىپ ئۇلار ھاياتنى، ياشاشنى ئۆگىنىشكە باشلىغان. ئۆي روزغار تۇتۇش، ئاش - تاماق ئېتىشتىن تارتىپ ئويۇنلىرىدا ئۇرۇش مانېۋىرلىرىنى ئۆتكۈزگۈچە بولغان چوڭ - چوڭ ئىشلارنىڭ بالىلىق ھېسلىرىغا ئىگە بولۇشقان.

ئۇيغۇر خەلقى بالىلار ئويۇنلىرىغا ئەڭ باي خەلقلەرنىڭ بىرى. بۇ ئويۇنلارنىڭ كۆپىنچىسىنى شۇ بالىلار ئۆزلىرى ئىجاد قىلغان، بالىلاردىن بالىلارغا مىراس بولۇپ قالغان ۋە تەدرىجىي شەكىل ۋە مەزمۇن جەھەتتىن كۆپ خىللىققا ئىگە بولغان. بىز ھازىرقى زاماندىكى بالىلار ئويۇنلىرىنى قويۇپ تۇرايلى، دەۋرىمىزدىن مىڭ يىللار مۇقەددەم مەھمۇد قەشقەرى، يۈسۈپ خاس ھاجىپلار ياشاۋاتقان دەۋرلەردىلا ئۇيغۇر بالىلار ئويۇنلىرىدىن نەچچە يۈزلىگەن تۈرى بولغانلىقى ناھايىتى ئېنىق. مەھمۇد قەشقەرى ئۇنىڭ ئىچىدىن پەقەت بىر قانچە ئويۇنلارنى ۋە ئۇنىڭ ئويناش ئۇسۇلى ۋە جەريانىنى خاتىرى-

www.uyghurkitap.com

لەپ قويغانىكەن. بۇ ئويۇنلارنىڭ ھەممىسى دېگۈدەك تۇرمۇشقا شۇنداق يېقىن.

بالىلىق چاغلار ئادەمنىڭ ئەڭ جۇشقۇن، ئەڭ غەمسىز، ئەڭ ئەركىن چاغلىرى ھېسابلىنىدۇ. ئۇلاردا پۇل - بايلىق غېمى ۋە تەمەسى يوق، ئەمەل - مەنسەپ تەمەسى يوق، ئادەملەرنىڭ يۇقىرى مەرتىۋىلىك ۋە تۆۋەن مەرتىۋىلىك پەرقى يوق. بالىلارنىڭ ھەممىسى ئوخشاش، تارغاقنىڭ چىشىدەك باراۋەر ئاساستا ئويۇنغا قاتنىشىدۇ. پۈتۈن تەبىئەت بالىلارنىڭ دۇنياسىدەك، تەبىئەتنى بالىلار باغاش ئېتىدۇ، تەبىئەت بالىلارنى باغرىغا باسىدۇ. بالىلارنىڭ تال چىۋىقنى ئات ئېتىپ چېپىۋاتقانلىقىنى، قىيپالىڭاچ ھالدا سۇغا سەكرىشىپ ئويناۋاتقانلىقىنى كۆرگەن ھەرقانداق ئادەم ئىختىيارسىز بالىلىق چاغلىرىدىكى شېرىن ئەسلىملىرىنى ئەسلەيدۇ: مانا تۈنۈگۈن ئاشۇ سەبىي بالىلاردەك غەمسىز، ئەركىن، شوخ بالىلار ئىدۇق. مانا بۈگۈن نۇرغۇن غەم - غۇسسىلەرگە چىرماشتۇق، كۆزلىرىمىز خىرەلەشتى دەپ بالىلارنىڭ تۇرمۇشىغا ھەۋەسلىنىمىز، بىراق ئامال قانچە، بالىلىق، ياشلىق ئوتلىرىدا قايتا يانالامدۇق.

ئۇيغۇر بالىلىرى ئەڭ قەدىمكى زامانلاردىن تارتىپ، ھاياتنىڭ ھەربىر باسقۇچلىرىنى مەنىلەر بىلەن بېزەشكە تىرىشقان. ھاياتنىڭ ھەربىر باسقۇچلىرىنىڭ ئۆزىگە تۇشلۇق خۇشاللىقى ۋە ئەۋزەللىكى بولىدۇ، ھەربىر دەۋرنىڭ ئادەمگە ئاتا قىلىدىغان سوۋغاتلىرى بولىدۇ. ئۇيغۇر بالىلىرى بالىلىقنىڭ خۇشاللىقىنى، بالىلىقنىڭ جۇشقۇن كۈلكىسىنى، بالىلىقنىڭ ئىنئاملىرىنى ئويۇنلاردىن ئالاتتى. ئۇلار ئويۇن ئارقىلىق تاۋلىناتتى، ئويۇن ئارقىلىق ھاياتنى، تۇرمۇشنى چۈشىنىش پۇرسىتىگە ئېرىشەتتى، ھەتتا ئويۇن ئارقىلىق ئۇلارنىڭ ئىشلىرىغا تەقلىد قىلىپ، ئۆي - روزغار تۇتۇش ماھارىتىنى يېتىلدۈرۈشكە تىرىشاتتى، تۆۋەندىكىلەر مەھمۇد قەشقەرى، يۈسۈپ خاس ھاجىپ بوۋاملار بالىلىق چاغلىرىدا ئوينىغان ئويۇنلاردىن بىرقانچە ئۆرنەك.

بىرىنچى، مۈڭگۈز ـ مۈڭگۈز ئويۇنى. بۇ ئويۇندا بالىلار دەريا، ئۆستەڭنىڭ بويلىرىدا تىزىلىشىپ ئولتۇرۇپ، پۇتلىرىنى ھۆل قۇم بىلەن كۆمىدۇ. ئۇنىڭدىن كېيىن قوللىرى بىلەن قۇمنى شاپىلاقلايدۇ، بالىلارنىڭ ئارىسىدىن بىرى ئويۇنغا رىياسەتچىلىك قىلىپ: «مۈڭگۈز، مۈڭگۈز» دەيدۇ. باشقا بالىلار «نېمە مۈڭگۈز؟» دەپ سورايدۇ. رىياسەتچى بالا ئارقا ـ ئارقىدىن مۈڭگۈزلۈك ھايۋانلارنىڭ نامىنى ئاتايدۇ. قالغان بالىلار ئۇنىڭ دېگەنلىرىنى تەكرارلايدۇ. شۇ ئارىدا رىياسەتچى بالا مۈڭگۈزسىز ھايۋانلاردىن تۆگە، ئېشەك، زىراپە قاتارلىقلارنىڭ ئىسمىنى ئارىلاشتۇرۇۋېتىدۇ، ناۋادا بىرەر بالا ئۇنىڭغا ئەگىشىپ مۈڭگۈزسىز ھايۋاننىڭ ئىسمىنى ئاتاپ قويسا، ئۇتتۇرغان بولىدۇ ـ دە، جازاسى ئۈچۈن بالىلار ئۇنىڭ قول ـ پۇتىدىن تۇتۇپ سۇغا تاشلايدۇ.

بۇ ئويۇن بالىلارنى ئۆزلىرى بىلەن بىللە ياشاۋاتقان ھايۋان ۋە ئۇلارنىڭ خۇسۇسىيەتلىرى توغرىسىدا دەسلەپكى چۈشەنچىگە ئىگە قىلىدۇ. يەنە بىر تەرەپتىن، بۇنداق خاراكتېردىكى ئويۇنلار بالىلارنىڭ تەسەۋۋۇرىنى بېيىتىپ، ئىنكاسىنى تېزلىتىدۇ، يەنە بىر تەرەپتىن، تەلەپچان، مەسئۇلىيەتچان، چىداملىق بولۇش ئېڭىنى ئۆستۈرىدۇ.

ئىككىنچى، تەپكۈچ ئويۇنى. بۇ ئويۇننى ئۆز دەۋرىدە «تەپكۈچ» دەيتتى. بۇ ئويۇندا دۈگىلەك قوغۇشۇننىڭ تۆشۈكىگە ئۆچكە چۈپۈرىغا ئوخشاش نەرسىلەرنى ئۆتكۈزۈپ، تېپىپ ئوينىلىدۇ. بۇ ئويۇن پۇت ۋە پۇتۇن گەۋدىنىڭ ھەرىكەت ئىقتىدارىنى يۇقىرى كۆتۈرۈشكە، ئىككى پۇتنىڭ، قولنىڭ ماسلىشىشچانلىقىنى ئاشۇرۇشقا، پۇتۇن گەۋدىنىڭ تەڭپۇڭلۇقىنى ساقلاش قابىلىيىتىنى ئۆستۈرۈشكە پايدىلىق. يەنە بىر تەرەپتىن، ئويۇندا كەسكىن مۇسابىقە تۈسى بولغاچقا، بالىلارنىڭ رىقابەت ئېڭىنى يۇقىرى كۆتۈرىدۇ. بۇ ئويۇننىڭ تۈرتكىسىدە بالىلار مەكتەپكە كىرىشتىن بۇرۇنلا نەچچە مىڭغىچە بولغان سانلارنى ساناش، قوشۇش، ئېلىش ھەققىدە خېلى

ياخشى ئاساس سالالايدۇ. يەنى باللاردا سانلار ئۇقۇمى ياخشى يېتىلىدۇ.

ئۈچىنچى، كۆچۈرمە («ئون تۆت») ئويۇنى. بۇ ئويۇن قەدىمكى ئۇرۇشلارغا تەقلىد قىلىنىپ باللارغا خاس تەپەككۇر بىلەن قورغاننى ئېلىش، قورغاندىن قۇتۇلۇشنى ئۆگىتىش ئۈچۈن كەشىپ قىلىنغان. بۇ ئويۇندا يەرگە قورغان شەكلىدە تۆت سىزىق سىزىلىپ، ئۇنىڭغا ئون ئىشىك ئېچىلىدۇ. ئۇنىڭدىن كېيىن يۇمىلاق تاش ۋە شۇنىڭغا ئوخشاش نەرسىلەر ئۇرۇق قىلىنىپ تىزىپ ئوينىلىدۇ.

بۇ ئويۇن باللارنى كاللا ئىشلىتىشكە، خەتەرلىك ئەھۋاللاردا ئۆزىنى قۇتۇلدۇرۇش ئۈچۈن يول ئىزدەشكە، ئۈمىدۋار خاراكتېر يېتىلدۈرۈشكە تۈرتكە بولىدۇ.

تۆتىنچى، ئىلەڭگۈچ ئويۇنى. بۇ ئويۇننى ئاساسەن قىزلار ئوينىغان. ئارغامچىنىڭ ئىككى ئۇچى ئايرىم ـ ئايرىم ياغاچقا باغلىنىدۇ. ئوتتۇرىسىدا قىز ئولتۇرۇپ پۇتلىرى بىلەن يەرنى تېپىدۇ، شۇنىڭ بىلەن ئىلەڭگۈچ ئۇچۇپ، بەزىدە ئېگىزلەپ، بەزىدە پەسلەيدۇ. بۇ ئويۇننى ئۇ چاغلاردا «ياڭگۇ» دەپ ئاتىغان.

بۇ ئويۇن باللارغا ھۇزۇر ـ شادلىق، ئازادىلىك ۋە كەڭلىك تۇيغۇسىنى بېرىدىغان بوشلۇق ئويۇنى. ئۇيغۇرلاردا «راھەت يەردىن بىر گەز ئېگىزلىكتە» دېگەن ھېكمەت بار. بۇ ئويۇن قارىغاندا قەدىمكى باللارنىڭ يۇقىرى ئۆرلەش، بوشلۇقتا پەرۋاز قىلىش ئارزۇسىنى ئەكس ئەتتۈرۈپ بەرسە كېرەك.

يۇقىرىقىلاردىن باشقا، تۇپەك مىلتىق ئويۇنى، «تەتەچلىك» دەپ ئاتىلىدىغان ياڭاق ئويۇنى، «جەڭلى ـ مەڭلى» دەپ ئاتىلىدىغان لىڭگىرتاقتاق ئويۇنى، كېچىسى ئوينايدىغان «قاراغتى» دېگەنگە ئوخشاش يەنە نۇرغۇن ئويۇن تۈرلىرى بولغان. بۇلار كۆرۈنۈشتە پەقەت بىر ئويۇندەك قىلغان بىلەن، ئۇ باللارنىڭ تۇرمۇشى، باللارنىڭ دۇنياسى، باللارنىڭ ھاياتقا قاتنىشىش پراكتىكىسى.

ئۇيغۇر بالىلىرى ناھايىتى ھوشيار ۋە ئەقىللىق، ئۇلار ئۆزىنىڭ بالىلىق ھېسلىرىنى، بالىلىق تۇرمۇشىنى بېيىتىش ئۈچۈن نۇرغۇن - نۇرغۇن ئويۇنلارنى بارلىققا كەلتۈرگەن. بۇ ئويۇنلارنىڭ ھەربىرىدە ئىنتايىن نازۇك مەنە بولۇشتىن باشقا، بالىلارنىڭ ئەقلىي تەرەققىياتىنى ئىلگىرى سۈرىدىغان، خاراكتېر يېتىلدۈرىدىغان، تۇرمۇش، ھايات بىلىملىرىنى ھاسىل قىلىشقا ياردەم بېرىدىغان ناھايىتى مول مەزمۇنلىرى ۋە قىممىتى بار. نۆۋەتتە كەلگەندە ئۇلارنىڭ ئىشتىياق بىلەن ئويناۋاتقان بىر سائەتلىك ئويۇنى، ئەزمىلىك قىلىپ سۆزلەۋاتقان ئوقۇتقۇچىنىڭ ياكى ئاتا- ئانىنىڭ بىر كۈنلۈك ۋەز - نەسىھەتىدىن ياخشىراق ئۈنۈم بېرىدۇ. شۇڭا، بالىلارنى بالىلىق ئويۇنلىرىدىن مەھرۇم قىلىپ قويمايلى.

## 3. بالىلارنى تونۇر بېشىدىن دۇنياغا يۈزلەندۈرۈش ۋە خاراكتېر يېتىلدۈرۈش

«تونۇر بېشى» ئوبرازلىق ئاتالغۇ. بىزنىڭ تونۇر بېشىنى تىلغا ئېلىشىمىزدىكى سەۋەب شۇكى، قەدىمدىن تارتىپ تونۇر بېشى ئۇيغۇرلارنىڭ مۇھىم ئائىلىۋىي دەرسخانىسى بولغان. تونۇر بېشىدا نۇرغۇن قىسسىلەر، نۇرغۇن جەڭنامىلەر، شاھانى شاھلارنىڭ گۈللىنىشى ۋە خاراب بولۇشى، نۇرغۇن ئاددىي پادىچى بالىلارنىڭ ئەقىل - پاراسىتىنىڭ خاسىيىتى بىلەن بېشىغا بەخت قۇشى قونۇپ پادىشاھ بولغانلىقى قاتارلىق چۆچەكلەر ئوقۇلاتتى. بۇ ئۇيغۇرلارنىڭ ئەنئەنىۋى ئائىلە مائارىپىنىڭ بىر شەكلى ئىدى.

ئۇيغۇرلارنىڭ مۇنداق تەلىم - تەربىيە ئۇسۇلىنىڭ شەكلى ھەر خىل، مەزمۇنى تولىمۇ جانلىق ئىدى. بالىلار بوۋاق ۋاقتىدا ئەللەي ناخشىلىرى بىلەن بالىلارنىڭ قۇلىقىغا ھاياتنىڭ ئەڭ ئۇلۇغ مېلودىيىسىنى ياڭرىتىپ، گۈزەل ئارمانلارنى بالىلارنىڭ قەلب ئېتىزىدا بىخلاندۇرماقچى بولسا، بالىلار بۆشۈكتىن چۈشكەندە يوتقاندا يېتىپ

ئېيتىلىدىغان ھېكايىلەر ۋە تونۇر بېشى ھېكايىلىرى ئارقىلىق بالىلارنىڭ تەسەۋۋۇرىنى قاناتلاندۇراتتى. خاراكتېر يېتىلدۇرۇشكە نۇرغۇن - نۇرغۇن ئۈلگىلەر كۆرسىتىلەتتى. «چىن تۆمۈر باتۇر»، «شىراق»، «ئوغۇزخان» ۋە شۇنىڭغا ئوخشاش ھېكايە، قىسسىلەردىكى باھادىر ئوبرازلار بالىلارنىڭ قەلبىدە باتۇرلۇق، ئۈمىدۋارلىق، شىجائەت ئۇرۇقىنى بىخلاندۇرۇشتا زور رول ئوينىغاندى. بۇ خىل تەلىم - تەربىيە ئۇسۇلى تولىمۇ جانلىق، تەبىئىي ۋە ئىختىيارىي بولۇپ، تۈيدۇرماستىن ناھايىتى ياخشى ئۈنۈمگە ئېرىشكىلى بولاتتى. ھەتتا ئاۋامنىڭ ئارىسىدا نۇرغۇن ۋائىزلار، مەدداھلار بولۇپ، بۇلار شەھەر - بازار رەستىلىرىدە رۇستەمىي داستانىدىن، ھەزرىتى ئەلى، شاھىمەرداندىن تولىمۇ قىزىقارلىق، جەلپ قىلارلىق قىسسە، جەڭنامىلەرنى تولىمۇ يۇقىرى ماھارەت بىلەن سۆزلەيتتى. نەچچە يۈزلىگەن كىشىلەر بۇ ھېكايىلەرنى ئاڭلاپ بېرىپ تونۇر بېشىدا، يوتقاندا يېتىپ بالىلىرىغا ئېيتىپ بېرەتتى. ئۇيغۇرلارنىڭ ئەڭ تۆۋەن سەۋىيىدىكى پۇقرالىرىمۇ نەچچە ئون ھېكايىنى بىمالال سۆزلىيەلەيتتى. بالىلارمۇ نۇرغۇن چۆچەكلەرنى سۆزلىيەلەيتتى.

يۇسۇپ خاس ھاجىپ، مەھمۇد قەشقەرىلەرنىڭ ئاتا - بوۋىلىرىدىمۇ بالىلىرىنى شۇنداق يېڭىلمەس خاراكتېرگە، يۇقىرى دەرىجىدىكى تەسەۋۋۇرغا، مەسئۇلىيەتچانلىققا ۋە گۈزەل پەزىلەتكە ئىگە قىلىشتا يۇقىرىقى ئۇسۇللارنى قوللانغانلىقى ئېنىق. شۇڭا، مەھمۇد قەشقەرى ۋە يۇسۇپ خاس ھاجىپلارنىڭ ۋۇجۇدىغا ئەجدادلارنىڭ روھى شۇنداق نەقىشلەنگەنكى، بۇ ئۇلارغا شۇنداق يۈكسەك مىللىي غۇرۇر، مەغرۇر خاراكتېر، ۋەتەنپەرۋەرلىك، خەلقپەرۋەرلىك، ئىنسانپەرۋەرلىك روھ ئاتا قىلغانىدى. ئۇلارنىڭ ھەربىر سۆزىدىن مەردانىلىق، شىجائەت ۋە ئۈمىدۋارلىقنىڭ شولىسى چاقناپ تۇرىدۇ.

بىز «تۈركىي تىللار دىۋانى» ۋە «قۇتادغۇبىلىك» ئەسىرىگە قارايدىغان بولساق، ھەربىر مىسرا، ھەربىر بايانلاردا مىللىي روھ-

نىڭ چاقناۋاتقانلىقىنى كۆرىمىز. مەھمۇد قەشقەرى ئۆز دەۋرىدىكى
ئابباسىيلارنىڭ خەلىپىسى ئوبۇل قاسىم ئابدۇللاھ مۇقدەدى ئەم-
رۇللانىڭ ئالدىدا قەددىنى تىك تۇتۇپ تۇرۇپ مەغرۇر ھالدا: «مەن
تەڭرىنىڭ دۆلەت قۇياشىنى تۈركلەر بۇرجىدا تۇغدۇرغانلىقىنى ۋە
پەلەكنىمۇ شۇلارنىڭ زېمىنى ئۈستىدە چۆرگىلەتكەنلىكىنى كۆردۈم.
تەڭرى ئۇلارنى 〈تۈرك〉 دەپ ئاتىدى ۋە سەلتەنەتكە ئىگە قىلدى؛
دەۋرىمىزنىڭ خاقانلىرىنى تۈركلەردىن قىلىپ، زامان ئەھلىنىڭ
ئىختىيار تىزگىنىنى شۇلارنىڭ قولىغا تۇتقۇزدى؛ ئۇلارنى ئىنسانلا-
رغا باش قىلدى؛ ھەق ئىشلاردا ئۇلارنى قوللىدى؛ ئۇلار بىلەن بىر
سەپتە تۇرۇپ كۆرەشكەنلەرنى ئەزىز قىلدى ۋە تۈركلەر تۇپەيلىدىن
ئۇلارنى ھەممە تىلەكلىرىگە ئېرىشتۈرۈپ، يامانلارنىڭ زىيانكەشلى-
كىدىن ساقلىدى. تۈركلەرنىڭ ئوقىدىن ساقلىنىش ئۈچۈن، ئۇلار-
نىڭ يولىنى مەھكەم تۇتۇش ھەربىر ئەقىل ئىگىسىگە لايىق ۋە
مۇناسىپ ئىش بولۇپ قالدى.»[①] دېيىلگەن. ئەمدى يۈسۈپ خاس
ھاجىپنىڭ بۇغراخانغا قىلغان مەردانە خىتابلىرىغا نەزەر سېلىپ
باقايلى: «ھەي خاقان، ئەتراپىڭغا ئوبدانراق نەزەر سال. ھەممە
ئىش - ھالەتلەر پۈتۈنلەي باشقىچە بولۇپ كەتتى، بىلىملىكلەر
خارلاندى، ئەقىللىقلار كېكەچ بولۇپ ئېغىز ئاچالماس بولدى. ئەل
ئىچىدە يارىماس، پەس كىشىلەر كۆپىيىپ كەتتى، ياۋاشلار دەپسەندە
بولۇپ بېشىنى كۆتۈرەلمەس بولدى. مەي بىلەن يۈزىنى يۇيىدىغان
بىنامازلار مەرد، باتۇر ئاتىلىپ، مەي ئىچمەيدىغان پاك كىشىلەر
خەسىس تونۇلۇۋاتىدۇ. ئەي ئەل ھۆكۈمدارى، ھەممىدە ھارام ئۇس-
تۇنلۇككە ئېرىشىپ، ھالال يوقالدى. ھارام يېگۈچىلەرنىڭ كۆڭلى-
نى قارا كىر بېسىپ كەتتى. ھەقىقەت ئۈچۈن دورۇس ئىش قىلىدى-
غانلار قېنى؟ ئامانەتنىڭ ئورنىنى خىيانەت ئىگىلىدى. قېنى ياما-
لىقتىن توسۇپ ياخشىلىققا دەۋەت قىلغۇچى؟ . . . تۈرمۇش ئېغىر-

① «تۈركىي تىللار دىۋانى» شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، 1980 - يىلى ئۇيغۇرچە نەشرى، 1 - توم، 1 - ، 2 - بەت.

لىشىپ تەشۋىش كۆپىيىپ كەتتى. ئاچ كۆزلۈك ئەدەپ، خۇشاللىق سىرىكلەشتى. پېقىر، تۇل خوتۇن، يېتىم باللارغا شەپقەتچى يوق. جاھان ئاستىن ـ ئۈستۈن بولۇپ كەتتى. بۇنىڭغا ئەجەبلەنگۈچى قېنى؟ قانۇن بۇزۇلۇپ دۇنيا تەرتىپى ناچارلاشتى. يامانلارنى كۆرۈپ ياخشىلارمۇ ئاينىدى، بەزىلەر زۇلۇم چېكىۋاتىدۇ، بەزىسى ئاچ، بەزىسى يالىڭاچ، بەزىسى قايغۇ بىلەن نادامەت چەكمەكتە. بۇ كېسەلنىڭ داۋاسى سەندە، ئۆزۈڭ تېۋىپ بولۇپ، دورا ـ دەرمان بىلەن ئېلىڭنى كېسەلدىن قۇتۇلدۇر. ئەگەر سەن ئۇلارنى دورا ـ دەرمان (قانۇن دېمەكچى. ئا) بىلەن داۋالىمىساڭ خەلق ھاياتىنىڭ ئاپىتى بولىسەن، ئاخىرەتتە ئاللا بۇنىڭ سورىقىنى ئالىدۇ» ① مانا يۇقىرىقىلار خاراكتېر تەربىيىسىنىڭ ئۇلۇغ مۆجىزىسى. بۇلار يۇقىرىقى خىتابلارنى پەيغەمبىرىمىزنىڭ ئورنىدا ئولتۇرغان پۈتۈن مۇسۇلمانلارنىڭ خەلىپىسىگە، قاراخانىيلارنىڭ ئۇلۇغ خاقانىغا دەۋاتىدۇ. ئىنسانىيەتنىڭ تارىخىدا مۇشۇنداق يۈكسەك خاراكتېر ئۈلگىسىنى تېپىش مۇمكىنمۇ؟ ئۇلار كىچىكىدىن تارتىپ ھەقىقەت ئالدىدا ھەرقانداق ئۇلۇغ شانۇ شاھلارنىڭ ئالدىدىمۇ ھايا قىلىپ ئولتۇرماسلىققا ئۆگىتىلگەن. ئۇلارغا ئۆزىگە ئىشىنىشنى ئۆگەتكەن. شۇڭا، ئۇ قوشكېزەك ئالىملار ئۆزى قىلىۋاتقان ئۇلۇغۋار ئىشنىڭ ھەقىقىتىنى، قىممىتىنى بىلگەچكە، تېڭىرقىماستىن تۇرۇپ، يۈرىكىدىكى گەپلىرىنى دادىل ئوتتۇرىغا قويۇشقا مۇۋەپپەق بولالىغان. شۇڭا، ئۇلار تارىختا ئۇلۇغلۇق تاجىنى كىيىشكە مۇۋەپپەق بولالىدى. خاراكتېرى زەئىپ ئادەملەر مەڭگۈ شان ـ شەرەپ تەختىدىن ئورۇن ئېلىشقا مۇشەررەپ بولالمايدۇ.

ئۇلارغا شۇنداق ئۇلۇغۋار خاراكتېرنى يېتىلدۈرۈشتە قۇرۇق ۋەز ـ نەسىھەت رول ئوينىغان بولۇشى ناتايىن، ئەڭ مۇھىمى، تەبىئىي تەلىم ـ تەربىيە ئۇسۇلى ئەڭ ياخشى رول ئوينىغان.

① «قۇتادغۇبىلىك» نىڭ يارمۇھەممەد تاھىر تۇغلۇق رومانلاشتۇرغان نۇسخىسىدىن.

بۇنداق تەربىيە ئائىلىدىن، تونۇر بېشىدىن، يوتقاندىن باشلىنىپ، جەمئىيەتتە، مەشرەپتە، ھاياتنىڭ ئېتىكىدە، ئىلمىي مۇنازىرە سو-رۇنلىرىدا تەدرىجىي يېتىلىپ بارغان. بىر بالىنى سەن مەردانە بول، ھەقىقەت ئالدىدا مەغرۇر بول، تىز پۈككۈچى، قورقۇنچاق بولما، دېگەن سۆزلەرنى كۈنىگە مىڭ قېتىم تەكرارلاپمۇ ياخشى خاراكتېر يېتىلدۈرۈش ئۇنۇملۇك ئۈنۈمگە ئېرىشكىلى بولمايدۇ. ئەگەر نەسىھەتۋازلىق بىلەنلا بالىلارنى يارامىلىق ئادەم قىلىپ چىققىلى بولىدىغان بولسا، دۇنيادا ھازىرغىچە يېزىلغان نۇرغۇن كىتابلار ئەمەلىيەتتە ياكى ئۇن-داق ياكى مۇنداق شەكىلدىكى نەسىھەت كىتابلىرىغۇ. شۇ مەنىدىن ئالغاندا تۇرمۇشنىڭ ئۆزى ئىنتايىن ياخشى دەرسخانا. نۇرغۇن نەر-سىلەر تەبىئىي ھالدا بالىلارنىڭ ئېڭىغا سىڭىپ كېتىدۇ. بۇ ئۇلار-نىڭ خاراكتېر يېتىلدۈرۈشىدە ھەقىقەتەن مۇھىم رول ئوينايدۇ.

«قۇتادغۇبىلىك» تە قوللىنىلغان ئۇسۇل ھەرگىزمۇ نوقۇل ۋەز - نەسىھەت ئەمەس، بەلكى ئۇنىڭدا مۇكەممەل بىر دۆلەتنىڭ بەدىئىي سىيماسىنى، بىر پۈتۈن جەمئىيەتنىڭ بەدىئىي كارتىنىسىنى سىزىۋېلىپ، تەبىئىي ھالدىكى مۇنازىرە ۋە مۇھاكىمە، ئۆتكۈر روھىي توقۇنۇش، بۇگۈن بىلەن ئۆتمۈش، مەۋجۇت رېئال شاھلار بىلەن بەدىئىي شاھلار ئوتتۇرىسىدا ئەركىن سېلىشتۇرما قانات يايدۇرۇپ، دېمەكچى بولغان پىكىرلىرىنى ئەڭ ئوڭۇشلۇق ئوتتۇرىغا قويىدۇ. ئەسەردىكى كۈنتۇغدى ئىلىگ، ئايتولدى، ئۆگ-دۈلمىش، ئۇدغۇرمىشلار ئىنسانىنىڭ ئەڭ ئېسىل خىسلەتلىرىنى ئۆزىدە مۇجەسسەملىگەن، پاراسەت بابىدا يېگانە، پەزىلەت جەھەتتە دۇردانە، خاراكتېرى مەردانە ئادەملەر. ئەسەردىكى بۇ ئوبرازلار بىلەن سىرداشقان، ئۇلار بىلەن ئارىلاشقان ئادەم تەبىئىي ھالدىلا ھەقىقىي ئادەمىيلىكنىڭ ئۆلچىمىنى ھېس قىلىپ يېتىدۇ. ئادەمىيلىكنىڭ قەدىر - قىممەتىنى تونۇۋالالايدۇ. يۇسۇپ خاس ھاجىپ يۇقىرىقى ئوبرازلارنى ئەۋلادلارنىڭ ئۈلگە ئېلىشى ئۈچۈن ياراتقان. بۇنداق ھېكايىلەر بوۋىلىرىدىن يۇسۇپنىڭ ئېڭىغا سىڭىپ كىرگەن، ئۇ

www.uyghurkitap.com

بۇنداق ئادەملەردىن ئىپتىخارلانغان ۋە ئىلھام ئالغان. مانا شۇ تونۇر بېشى ھېكايىلىرى قاناتلاندۇرغان ئاڭ بارا - بارا مۇكەممەللىشىپ ئاجايىپ ئۇلۇغ ئەسەرلەرنىڭ ۋۇجۇدقا چىقىشىنىڭ ئۇلى بولغان. يۈسۈپ خاس ھاجىپ ئۆزى ياراتقان ئوبرازلاردىن پەخىرلىنىدۇ، ئۇلاردىن سۆيۈنىدۇ ۋە ئەۋلادلارنى ئاشۇنداق ئادەم بولۇشقا ئۈندەيدۇ: «ئەي دانا ئوغلۇم، نەزەر سالغىن، بۇنداق ئېسىل سۈپەت كىشىلەرنىڭ كۆرۈنۈشى ئادەم، قىلغان ئىشلىرى پەرىشتىلەرنىڭ ئىشى، قېنى ئېيتىپ باققىن، ئۇ ئادەملەر ھەقىقىي ئادەم ئاتىلىدىغان بولسا، بۇگۈنكى خەلقنى نېمە دېگۈلۈك؟ ئەگەر بىز ئۆزىمىزنى ئادەم دەپ ئاتايدىغان بولساق، شۈبھىسىزكى، ئۇلارنى پەرىشتە دېگۈلۈك. ئۇلارنىڭ ئىش - ھەرىكىتىدىن ئۆگىنىش، سۆزلىرىنى ئاڭلاش، ئۇلار باسقان ئىزدىن مېڭىش ھەرقانداق ئادەمگە قۇت ئاتا قىلغاي»[1].

مەھمۇد قەشقەرى ئۆزىنىڭ «تۈركىي تىللار دىۋانى» ناملىق ئۇلۇغ ئەسىرىدە مىللىي خاراكتېرنىڭ ئەڭ يارقىن سىيماسىنى نامايان قىلغانىدى. ئۇنىڭ ۋۇجۇد قەسىرىگە ۋەتەن تۇپرىقىدا ئۆسكەن باھادىر ئوغلانلارنىڭ شىجائىتىدىن پۈتۈلگەن قىسسىلەر نەقىش چېكىلىپ كەتكەن، بۇ تەبىئىي ھالدا ئۇنىڭغا ۋەتەنپەرۋەرلىك، مىللىي مەدەنىيىتىدىن پەخىرلىنىش، مىللىي مەدەنىيىتىنى ھەرقانداق غەيرىي مەدەنىيەتكە تەڭ قىلماسلىقتەك مىللىي روھنى ئاتا قىلغان. ئۇ مىللىتىنى سۆيىدۇ، ۋەتىنىنى سۆيىدۇ، ئانا تىلىنى ھەممىدىن ئەزىز بىلىدۇ. شۇڭا، ئۇ ھېچ تەپ تارتىپ تۇرماستىن، ئاللانىڭ كالامى يېزىلغان تىل — ئەرەب تىلى بىلەن تۈرك - ئۇيغۇر تىلىنى سېلىشتۇرما قىلىشقا جۈرئەت قىلالىدى. يەنە ئۇ مەردانىلەرچە ئەرەب تىلى بىلەن تۈرك - ئۇيغۇر تىلىنىڭ بەيگىگە چۈشكەن ئىككى ئاتقا ئوخشاش تەڭ چېپىپ كېتىۋاتقانلىقىنى جاكارلىدى. «تۈركىي تىل-

---

[1] شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى نەشرىياتى 2001 - يىلى نەشر قىلغان «قۇتادغۇبىلىك» نىڭ يارمۇھەممەد تاھىر تۇغلۇق رومانلاشتۇرغان نۇسخىسى، 387 - بەت.

لار دىۋانى» دا ۋەتەنپەرۋەرلىك، باتۇرلۇق تېما قىلىنغان نۇرغۇن ھېكايە - قىسسىلەرنىڭ پارچىلىرى، رىۋايەتلەر سۆزلىنىدۇ. ئالىپ ئەرتۇڭا ھەققىدىكى قىسسىلەر، ئۇيغۇر دېگەن نامنىڭ كېلىپ چىقىشى ھەققىدىكى رىۋايەتلەر بۇنىڭ تىپىك مىسالى بولالايدۇ. يەنە نۇرغۇن - نۇرغۇن ماقال - تەمسىللەر، قوشاقلاردا مىللەتنىڭ مەنىۋى قىياپىتىنى يارقىن نامايان قىلىپ بېرىدىغان نەمۇنىلەرنى كۆرىمىز. بۇ ئۆلگىلەر مەھمۇد قەشقەرى، يۈسۈپ خاس ھاجىپلارغا ۋە ئۆز دەۋرىدىكى مىليونلىغان بالىلارغا بۆشۈكىدىن تارتىپ، تۇنۇر باشلىرىغىچە ئىزچىل سىڭدۈرۈلۈپ كەلگەن. ئۇلارنىڭ روھى ئەجدادلىرىنىڭ يېڭىلمەس روھى بىلەن سۇغىرىۋېتىلگەن.

قەھرىم كېلىپ ئېتىلدىم،
ئارسلاندەك ھۆركىرىدىم.
باتۇرلار بېشىنى توغرىدىم،
ئەمدى مېنى كىم تۇتار.

بىر باتۇرنى تەرىپلەپ شۇنداق دەيدۇ: «غەزىپىم كېلىپ دۈشمەن ئۈستىگە ئېتىلدىم، ئارسلاندەك ھۆركىرىدىم، باتۇرلارنىڭ كاللىسىنى ئالدىم. ئاندىن كۆپچىلىك ئوتتۇرىسىغا چىقىپ، قېنى، ئەمدى مېنى كىم تۇتالايدۇ، دەپ ۋارقىرىدىم»①.

مېنى قويۇپ بەرگىن
مەردلىك مېنىڭ لەقىمىم بولسۇن،
مېنى ئۇرۇشقا ئەۋەتكىن،
ماڭا بىر ئات ياردەم قىل.

① «تۈركىي تىللار دىۋانى»، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، 1981 - يىل، ئۇيغۇرچە نەشرى. 1 - توم، 169 - بەت.

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

«مېنى ئۆز مەيلىمگە قويۇپ بەرگىن، مەن بىر مەردلىك قىلاي، شۇنىڭ بىلەن مەردلىك مېنىڭ لەقىمىم بولۇپ قالسۇن، مېنى جەڭگە ئەۋەت ۋە جەڭگە ئېلىپ بارالايدىغان بىر ئات ياردەم قىل» [1].

يۇقىرىقىدەك مىڭلىغان باتۇرلۇقتا، مەردلىكتە دەۋەت قىلىندىغان قوشاقلار ئەل ئارىسىدا كەڭرى تارقىلىپ، ئەۋلادتىن - ئەۋلادقا مىراس بولغان. بۇنداق قوشاقلار ئاتىلاردىن بالىلارغا، بالىلاردىن بالىلارغا ئۆتۈپ تونۇر باشلىرىدا، ئويۇنلىرىدا ئوقۇلۇپ، بالىلارنىڭ سەبىي قەلبىدە باھادىر ئەجدادلىرىغا بولغان سۆيۈنۈش ھېسسىياتىنى ئويغاتقانىدى. بۇ قوشاقلار ئەسلىي ئۇنداق يەككە - يېگانە بولۇپ قالماستىن، بەلكى ئۇ چوڭ - چوڭ داستانلار قىسسەلەر ۋە جەڭنامىلىرىنىڭ پارچىلىرى ئىدى.

يۇسۇپ خاس ھاجىپمۇ ئەسىرىدە نۇرغۇن تونۇر بېشى ھېكايىلىرىنىڭ جەۋھەرلىرىدىن مىساللار كەلتۈرىدۇ. «قىياسەن مەن ئۆزۈمنى كىسرا [2] ياكى قەيسەر [3] دەپ ھېسابلاپ كېرىلدىم، شەدداتتەك جەننەتمۇ ياساتتىم. ئىسكەندەردەك پۈتۈن دۇنيانى تەسەررۇپۇمغا ئالدىم. . . چاقماقتەك قىلىچلىق ھەيدەر بولدۇم ياكى رۇستەمدەك دۇنيادا داڭق قازاندىم، ئەيسادەك كۆككىمۇ ئۆرلىدىم، نوشىرۋاندەك ئادىل قانۇن يۈرگۈزدۈم. بايلىقىم قارۇننىڭ بايلىقىدەك تولدى ياكى ئىسھابى رېستەك تۆمۈردىن شەھەر سالدۇردۇم.» [4] يۇقىرىدا تىلغا ئېلىنغان تارىخىي شەخسلەر تارىختا ئىجابىيلىقى ۋە سەلبىيلىكى بىلەن ئەل ئارىسىدا نامى چىققان شەخسلەر بولۇپ، ئۇلار توغرىسىدا ناھايىتى ئۇزۇن - ئۇزۇن قىسسەلەر بارلىققا كەلگەن. بۇلارنىڭ ھېكايىلىرىنى يۇسۇپ خاس ھاجىپ ئائىلىسىدىن، مەكتەپتىن،

---

① «تۈركىي تىللار دىۋانى»، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، 1981 - يىل ئۇيغۇرچە نەشرى 3 - توم، 237 - بەت.

② كىسرا - ئىران شاھلىرىنىڭ ئۇنۋانى.

③ قەيسەر - رۇم شاھلىرىنىڭ ئۇنۋانى.

④ ياربۇھەممەت تاھىر تۇغلۇق رومانلاشتۇرغان «قۇتادغۇبىلىك» شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى نەشرىياتى، 2002 - يىل نەشرى 393 - بەت.

مەدداھلاردىن ئاڭلاپ، ئۇلارنىڭ ھايات قىسمەتلىرىدىن نۇرغۇن قىمـ-
مەتلىك تەجرىبىلەرگە ئىگە بولغان. شۇڭا، تونۇر بېشى ھېكايىلىرىـ-
نىڭ پەرزەنت تەربىيىلەشتىكى رولىغا ھەرگىزمۇ سەل قاراشقا بولـ-
مايدۇ.

ھازىرقى ئۇيغۇر جەمئىيىتىگە نىسبەتەن ئېيتقاندا، يازما ئەدەـ-
بىياتنىڭ خەلق ئېغىز ئەدەبىياتىنىڭ ئورنىنى ئىگىلىشى، نەشرىياتـ-
چىلىقنىڭ تەرەققىي قىلىشى بىلەن بىر كىتابنىڭ نەچچە مىڭ نۇسخا
نەشر قىلىنىپ تارقىتىلىشى نەتىجىسىدە تەلىم-تەربىيە ۋاسىتىلە-
رى كېڭەيگەندەك قىلغان بىلەن، بىراق ئۇ بىر بۆلۈك ئوقۇمۇشلۇق
ئادەملەرگە مەركەزلىشىپ قېلىپ، كۆپ سانلىق خەلق بۇ ئەسەرلەر-
دىن بەھرىمەن بولالمايدىغان بىر بوشلۇق شەكىللىنىپ قالدى. بۇ
بىر تەرەپ، يەنە بىر تەرەپتىن، بۈنىڭدىن 20، 30 يىل بۇرۇن
ئۇيغۇرلارنىڭ ئارىسىدا ناھايىتى ماھارەتلىك قىسسەچى ۋە داستانچىـ-
لار بار ئىدى، ئۇلارنىڭ قىسسە، داستان ئېيتىۋاتقاندىكى قىياپىـ-
تى، سۆزلىرىدىكى راۋانلىق، جانلىقلىق ھەرقانداق ئادەمنى شۇ
قىسسىلەرنىڭ ۋەقەلىكى ئىچىگە باشلاپ كىرىپ، خۇددى شۇ قىسـ-
ـمەتلەرنى باشتىن كەچۈرۈۋاتقاندەك، شۇ جەڭلەرگە قاتنىشىۋاتـ-
قاندەك تۇيغۇغا كەلتۈرەتتى. نۇرغۇن ئادەملەر ئەتىگەندىن كەچكىچە
ئولتۇرۇپ بۇ قىسسىلەردىن ھوزۇرلىناتتى. ھازىر بۇ قىسسەچىلەر،
داستانچىلار، مەدداھلار نەگە كەتكەندۇ، ئۇلار ئۆلۈپ تۈگىدى،
بىراق ئۇلارنىڭ ئورنىنى باسىدىغان ئىز باسارلار چىقمىدى. بۇ
بىزنىڭ مۇھىم بىر ئەنئەنىدىن جۇدا بولۇپ قالغانلىقىمىزنى ئۇقتۇر-
ماقتا. ئۇلار تونۇر بېشى ھېكايىلىرىنىڭ ئىجادچىلىرى ئىدى. شۇ-
نىڭغا ئەگىشىپ بىزنىڭ نۇرغۇن ئاتا-ئانىلىرىمىز ھازىر بىرەر
ھېكايىنى، بىرەر قىسسىنى مۇكەممەل سۆزلەپ بېرەلمەيدىغان ئەھـ-
ۋالغا چۈشۈپ قالدى. شۇنىڭ بىلەن تونۇر بېشى ھېكايىلىرى،
يوتقاندىكى ئەللەي ھېكايىلىرىنىڭ قۇيرۇقىنى قۇم باستى. نۇرغۇن
ھېكايە-چۆچەكلەر كىتاب بولۇپ جەمئىيەتكە تارقالغان بولسىمۇ،

لېكىن ئۇنى پەقەت ساۋاتلىق ئادەملەرلا ئوقۇيالايدۇ. نۇرغۇن ئادەملىرىمىز ساۋاتسىز ۋە چالا ساۋات بولغانلىقى ئۈچۈن بۇ كىتابلارنىڭ تارقىلىشىمۇ ناھايىتى چەكلىك بولماقتا. يەنە بىر تەرىپى شۇكى، ئاغزاكى ئېيتىلغان ھېكايىلەرنىڭ تەلىم - تەربىيە رولى كىتابتىن ئوقۇپ بەرگەنگە قارىغاندا چوڭراق بولىدىغانلىقى ناھايىتى ئېنىق. بۇنداق ياخشى ئەنئەنىنىڭ ئائىلە مائارىپىدىكى ئورنىنىڭ بوش قىلىنىشى مەھمۇد قەشقەرىنىڭ تۆۋەندىكى سۆزىنى ئەسلىتىدۇ: «بۇرۇنقى زامانلاردا ئىلىم - ھېكمەت ۋە پەزىلەت ئىگىلىرى بار ئىدى. ئۇلار جىق ئۇگۇت - نەسىھەتلەرنى ئېيتقانىدى. بۇ ئۇگۇت - نەسىھەتلەرنى ئەسلىسەم، كۆڭلۈم يايراپ كېتىدۇ»①.

يۇسۇپ خاس ھاجىپمۇ ئائىلە تەربىيىسىدە نەسىھەتنىڭ رولىنىڭ مۇھىم ئىكەنلىكىنى تەكىتلىگەن ھەم پەرزەنت تەربىيىسىدە نەسىھەتنىڭ رولىغا سەل قارىغانلىقتىن بەك ئېچىنغان:

6472 قېنى ئەمر - مەرۇپ قىلغۇچى كىشى،
قېنى ئۇ يامانلىق توسقۇچى كىشى؟

6473 سودىگەر ئامانەت ۋەسىيىن يوقاتتى،
ھۈنەرۋەن نەسىھەت - ئۇگۇت تەرك ئەتتى.

مانا شۇنداق ئېسىل ئەنئەنىگە سەل قارىغانلىقى ئۈچۈن ئائىلىنىڭ مىزانى بۇزۇلۇپ، ئەۋلادلارنىڭ ياخشى ئادەتلەرنى تەرك ئېتىپ، يامان خۇيلارنى ئۆزلەشتۈرۈۋالغانلىقىنى ئەمەلىي مىساللار بىلەن كۆز ئالدىمىزدا نامايان قىلىدۇ: «نەزەر سال ئوغۇل ئاتىسىغا ئاتىلىق قىلىۋاتىدۇ، ئوغۇل بەگ بولۇپ، ئاتا بولغۇچى قۇل بولۇۋاتىدۇ. ئوغۇل - قىزلار ئاتا ھۆرمىتىنى تاشلىدى، ‹قېرى› دېگەن

① «تۈركىي تىللار دىۋانى»، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، 1981 - يىل نەشرى، 1 - توم، 120 - بەت.

ھۆرمەتلىك نام ئەمدى ھاقارەت بولۇپ قالدى»[1]. يۈسۈپ خاس ھاجىپنىڭ نارازىلىقىنى قوزغىغان ۋە ئائىلە تەرتىپىنى، ئائىلە ئەدەبىنى بۇزۇشقا سەۋەب بولغان ئاساسىي ئامىل، پەرزەنتلەرگە بېرىلىدىغان تەلىم- تەربىيىنىڭ سۇسلاپ كەتكەنلىكىدىن دەپ قارىغان. ئالىم دەۋاتقان نەسىھەت تەلىپى تونۇر بېشى ھېكايىلىرى ئارقىلىق بېرىلىدىغان تەبىئىي نەسىھەتلەرنىمۇ ئۆز ئىچىگە ئالىدىغانلىقى بىزگە مەلۇم.

ئەگەر ھازىر تونۇر بېشى ھېكايىلىرى ئارقىلىق تەربىيىلىنىشنىڭ ۋاقتى ئۆتكەن بولسا، ئۇنىڭ ئورنىنى باسالايدىغان، ئۇنىڭدىنمۇ ئەھمىيەتلىك ۋە ئۈنۈملۈك ئۇسۇللار بولسا ئىزدىنىپ بېقىشقا توغرا كېلىدۇ. ئېسىمىزدە بولسۇنكى، تېلېۋىزور ھەرگىزمۇ ئۇيغۇرلارنىڭ تەبىئىي تەربىيىلىنىشىنىڭ ئورنىنى ئالالمايدۇ. ھازىرقى ئەھۋالدا ئۇ ياتلاشتۇرۇش رولىنى ناھايىتى ياخشى ئارتقۇرۇۋاتىدۇ.

---

① «قۇتادغۇبىلىك»، يارمۇھەممەد تاھىر تۇغلۇق رومانلاشتۇرغان نۇسخىسىدىن.

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

# ئۈچىنچى باب

# چوڭقۇر ئەقىدە، يارقىن خاراكتېر بىلەن يۇغۇرۇلغان ھايات

## 1. ھاياتقا ۋە بەختكە تەلپۈنگەن ئەقىدە

950 - يىللىرى ئەبۇ ناسىر سامانىنىڭ ئىشتىراك قىلىشى
بىلەن تۇنجى بولۇپ قاراخانىيلارنىڭ شاھزادىسى سۇلتان سۇتۇق
ئىسلام دىنىنى قوبۇل قىلغان. ئۇزۇن ئۆتمەي ئۇ نائىبخان ئوغۇل-
چاقتىن ھاكىمىيەتنى تارتىۋېلىپ، قاراخانىيلارنىڭ ئۇلۇغ خاقانى
بولغان ۋە ئىسلام دىنىنى دۆلەت دىنى قىلىپ بەلگىلىگەن. 11 -
ئەسىرگە قەدەم قويغاندا ئىسلام دىنى قاراخانىيلار جەمئىيىتىدە ئەڭ
مۇكەممەل ئىدېئولوگىيە سۈپىتىدە زور تەرەققىياتلارغا ئېرىشكەن.
ئائىلە مائارىپىدا بولسۇن، مەدرىسە مائارىپىدا بولسۇن، ئاۋام مائا-
رىپىدا بولسۇن، ئىسلام ئەقىدىسى بىلەن ئەۋلاد تەربىيىلەش ئەڭ
يۇقىرى دولقۇنغا كۆتۈرۈلگەن. مەھمۇد قەشقەرى، يۈسۈپ خاس
ھاجىپ كەبى مىليونلىغان ئۇيغۇر پەرزەنتلىرى ئىسلام ئېتىقادى
ئىچىدە چوڭ بولغان. ئۇلارنىڭ قەلبىگە كىچىكىدىن تارتىپ ئىسلام
دىنىنىڭ كىشىلىك تۇرمۇش قارىشى، كىشىلىك مۇناسىۋەت ئىدىيە-
سى چوڭقۇر سىڭدۈرۈۋېتىلگەن. ئاددىيسى، شەخسنىڭ ھەربىر
ئىش - ھەرىكىتى، ئائىلە مۇناسىۋىتى، گەپ - سۆزلىرى ئىسلام
دىنىنىڭ كۆرسەتمىسى بويىچە قېلىپلاشتۇرۇلغان.

ئىسلام دىنى ئىنسانلارغا يۈكسەك ئەخلاقىي پەزىلەت،

ئىلىم ـ مەرىپەت ئېلىپ كەلگەن دىن؛ كىشىلەرگە سەمىمىيلىكنى،
مېھرىبانلىقنى، ياخشىلىقنى ئاتا قىلغان دىن. ئۇ ئىنسانلار ئارىسى-
دىكى تەڭسىزلىك، زۇلۇمغا چەك قويۇپ، ئادالەتنى، ھەققانىيەتنى
تەشەببۇس قىلىدىغان دىن. ئىسلام دىنى تۇنجى بولۇپ پۈتۈن ئىن-
سانلارنىڭ باراۋەرلىكىنى دۇنياغا جاكارلىغان، ئىنسانلارنى نادانلىق
جاھالىتىدىن قۇتۇلدۇرۇپ، ھىدايەتكە، مەرىپەت دۇنياسىغا يېتەك-
لەشنى مەقسەت قىلغان دىن.

ئىسلام دىنى ئىنسانلارنى مەرىپەتلىك، ئىقتىدارلىق، يارامىلىق
ئادەم بولۇشقا دەۋەت قىلىدۇ. ئىسلام دىنىنىڭ مۇقەددەس كىتابى
«قۇرئان كەرىم» نىڭ 96 ـ سۈرە «ئەلەق» تە: «ياراتقان پەرۋەردىگا-
رىڭنىڭ ئىسمى بىلەن ئوقۇغىن، ئۇ ئىنساننى لەختە قاندىن يارات-
تى. ئوقۇغىن، پەرۋەردىگارىڭ ئەڭ كەرەملىكتۇر، ئۇ قەلەم بىلەن
(خەت يېزىشنى) ئۆگەتتى. ئىنسانغا بىلمىگەن نەرسىلەرنى بىلدۇر-
دى.» دېيىلگەن. بۇ ئايەتنىڭ بىر يۈنىلىش مەنىسىدە، ئادەم ئەس-
لىي بىر پارچە لەختە قاندىن ھاسىل بولغان گۆش ئىدى، ئاللا
ئۇنى چىرايلىق شەكىلگە كىرگۈزۈپ، بۇ دۇنياغا كۆز ئاچقۇزدى.
بىراق ئۇ ھېچ نەرسىنى بىلمىگەن ھالەتتە دۇنياغا كەلدى. شۇڭا
ئــۇ «ئوقۇ» دېگەن ئەمرنى قىلىپ، ئوقۇش ۋە ئوقۇش قورالى
قەلەمنى دۇنيانى بىلىش، دۇنيانى چۈشىنىش ۋە ياراتقۇچىسىنى
تونۇشنىڭ ۋاسىتىسى ئىكەنلىكىدىن بېشارەت بېرىۋاتىدۇ. مانا شۇ
ۋاسىتە ئارقىلىقلا شۇنچە ئەرزىمىگەن لەختە قاندىن ئاپىرىدە بولغان
ئىنسان ئالەمدىكى بارلىق مەخلۇقاتتىن كامالەتلىك ۋە پەزىلەتلىك،
شەرەپلىك ئادەمگە ئايلىنىدىغانلىقىدىن خەۋەر بېرىدۇ. ئادەمنىڭ
ئىلىم ـ مەرىپەتنىڭ نۇرى بىلەن جاھالەت قاراڭغۇلۇقىدىن قۇتۇ-
لۇپ، نۇرلۇق ساھىلغا چىقالايدىغانلىقىدىن ئۇچۇر بېرىۋاتىدۇ. بۇ
ئىنسان تىرىشىش ئارقىلىق شۇنچە تۆۋەن دەرىجىلىك لەختە قاندىن
كائىناتتىكى سىر ـ ئەسرارلارنىڭ سىرىنى ئاچالايدىغان، كۆڭۈلدىن
كېچىپمۇ باقمىغان مۆجىزىلىك ئىختىرالارنى بارلىققا كەلتۈرۈشكە

كامىل ۋە ئىمكانىيلىق قىلىپ ياراتقانلىقىدىن بېشارەت بەرگەن.

يۈسۈپ خاس ھاجىپ ئۆز دەۋرىنىڭ ئەڭ كاتتا ئىسلام ئۆلىماسى. چۈنكى، ئۇنىڭ ۋۇجۇدىغا كىچىكىدىن باشلاپ ناھايىتى ساپ ئەقىدە سىڭدۈرۈلگەن. مۇشۇنداق بۈيۈك ئەقىدە ئۇنى گۈزەل، قۇتلۇق ئىستىقبال بىلەن كۈتۈۋالغان. شۇڭىمۇ ئۇنىڭ «قۇتادغۇبىلىك» ئەسىرى ئىسلام دىنىنىڭ ئەڭ ساپ، ئەڭ ساغلام روھى بىلەن يۇغۇرۇلۇپ كەتكەن. ئەسەرنىڭ ھەمدۇسانا قىسمىدىن تارتىپ، ئۇدغۇرمىش بىلەن ئۆگدۈلمىشنىڭ بۇ دۇنيا ۋە ئۇ دۇنيا، ساۋاب ۋە گۇناھ ھەققىدىكى كەسكىن مۇنازىرىسىگىچە، ھەتتا ئەسەرنىڭ پۈتكۈل قاتلاملىرىغا ئىسلام دىنىنىڭ ئەڭ ئىلغار ئىدىيىسى سىڭدۈرۈلگەن. ئۇنىڭ نادانلىق ئۈستىگە قۇرۇلغان ئېتىقادنىڭ قارىغۇ، گاس، مەجرۇھ، ئۆلۈك ئېتىقاد ئىكەنلىكى توغرىسىدىكى بايانلىرى ئۇنىڭ ئەقىدە ـ ئېتىقاد جەھەتتە قانچىلىك چوڭقۇرلۇق ھاسىل قىلغانلىقىنى ئىسپاتلاپ تۇرۇپتۇ. (سىلەر بۇ كۆزقاراشنىڭ تەپسىلاتىنى «ئوغلۇم، ئالدىڭغا قارا» دېگەن كىتابىمدىن كۆرۈۋالساڭلار بولىدۇ). بۇ يەردە پەقەت پىكرىمىزنىڭ دەلىلى ئۈچۈنلا قىسمەن مىساللار بىلەن كۇپايىلىنىمىز: ئۇ ئەقىدە، ئېتىقاد ھەققىدە مۇنداق مەزمۇندىكى ئىلغار پەلسەپىۋى ھەقىقەتلەرنى جاكارلايدۇ: ھەرقانداق ئېتىقاد مۇكەممەل بىلىش ۋە چوڭقۇر چۈشىنىش ئاساسىغا قۇرۇلسا مۇستەھكەم ۋە تايماس بولىدۇ. ھەرقانداق تەۋرىنىش ۋە ئازغۇنلۇق پەقەت چۈشەنچە ۋە بىلىشىڭدىكى ئاجىزلىقتىن، يۈزەكىلىكتىن، ئىرادەڭدىكى تەۋرىنىشتىن بولىدۇ. بىلىمسىزلىك، نادانلىق، ئەقىلسىزلىك ۋە تەۋرىنىش بىلەن قىلغان قارىغۇلارچە تائەت ـ ئىبادەتنى ئاللا قوبۇل قىلمايدۇ. ئىبادەتنىڭ قوبۇل قىلىنىشى ئۈچۈن بىلىم بولۇشى كېرەك، چوڭقۇر بىلىشكە ئىگە بولغاندىلا، بايات (ئاللا) بىلەن ئۆزۈڭنىڭ ئوتتۇرىسىدىكى، بۇ دۇنيا بىلەن ئۆزۈڭ ئوتتۇرىسىدىكى، بۇ دۇنيا بىلەن ئاخىرەت ئوتتۇرىسىدىكى باغلىنىشنى ئەقلىي چۈشىنىپ يېتەلەيسەن. تەڭرىنىڭ قۇد-

رەت كامالىغا بىلىم نۇرى بىلەن يورۇغان ئەقىل كۆزۈڭ بىلەن باققاندىلا، ئاندىن بۇ دۇنياغا ئاپىرىدە قىلىنغان چەكسىز نېمەتلەرنى ھېس قىلالايسەن. ئەگەر بىلىمسىز، نادان بولساڭ، ھەقنى ئەقىل كۆزۈڭ بىلەن كۆرەلمەيسەن، سەن تەڭرى ئۆزىنىڭ قۇدرەت كامالىتى بىلەن ياراتقان نۇرغۇن نەرسىلەرنىڭ سىر - ئەسرارلىرىنى بىلىپ، ئۇنىڭ ماھىيىتىگە يېتىپ، ئۆزۈڭنى ئادىمىلىك سۈپەت بىلەن سۈپەتلىسەڭلا، ئاندىن ھەقىقەتكە يېقىنلىشالايسەن، چۈنكى، ھەقنى ھەقىقەت نۇرى بىلەن قەلبىنى نۇرلاندۇرغان كىشىلەرلا ھەقىقىي كۆرەلەيدۇ. پاكىزلىقنى قەلبى پاك بولغان ئادەملا ھېس قىلالايدۇ. شۇڭا، ئىبادەت ئۇچۇن ئاۋۋال كۆپلىگەن بىلىملەرنى ئۆگىنىش كېرەك. بىلىمسىزلىكتە قىلىنغان ئىبادەتنىڭ پايدىسىز ئىكەنلىكىنى چۈشەن. ئاللا ئادەمنى ئاڭلىق، بىلىملىك، ئەقىللىق، بەختىيار ھالەتتە كۆرۈشنى خالايدۇ. شۇڭا، خۇدا بىلىمسىز، نادان، ئەقىلسىزنىڭ قاپقاراڭغۇ قەلب بىلەن قىلغان ئۆمۈرلۈك ئىبادىتىدىن كۆرە، ئاڭلىق، بىلىملىك، مەنىۋىيەتلىك، قەلب كۆكسى كەڭ، ياخشىلىقنىڭ بەندىسى بولغان كىشىلەرنىڭ ئۇخلىغىنىنىڭ ساۋابىنى يۇقىرى بىلىدۇ.

3225 بىلىمسىز قىلىنغان تائەتنى كۆرە،
گەر ئۇخلار بىلىملىك ساۋابى ئۆرە.

3224 بىلىپ قالسا تائەت ساۋابى تۈمەن،
ساۋاب كۈتمە بىلىمسىز ئىبادەت بىلەن.

يۈسۈپ خاس ھاجىپ يەنە ئۆز دەۋرىدىكى تەركىدۇنيالىقتا، كىشىلەرنىڭ دۇنيانىڭ ماددىي نېمەتلىرىدىن ئەركىن پايدىلىنىپ ئۆزلىرىنى قۇدرەت تاپتۇرۇشلىرىغا قارشى تۇۋۇلغان ئازغۇن مۇقاملىرىغا قارشى مۇنداق ھەقىقەتنى ئوتتۇرىغا قويىدۇ: «بۇ دۇنيانىڭ

ماددىي نېمەتلەرنى تەرك ئېتىش ئازغۇنلۇق، ئاللا ھەرگىزمۇ بەندىلەرنىڭ بەختسىزلىك، موھتاجلىق، خار - زارلىقتا ياشىشىنى خالىمايدۇ. ئۆزى ئەڭ مۇكەممەل ياراتقان بەندىلەرنىڭ شۇنچە خاراب، زەئىپ، ئىقتىدارسىز، مەجرۇھ، كېرەكسىز ھالەتتە ئۆزلىرىنى جاھالەتكە بەند قىلىشىنى خالىمايدۇ. ئۇ بۇ كەڭ دۇنيانى باياشاتچىلىقنى، بەختىيارلىقنىڭ ئۇرۇقى چېچىلغان مەئىشەت باغچىسىنى خاتا تەرغىباتلارغا قۇل بولۇپ ئۆزۈڭگە ھارام قىلما. بۇ دۇنياغا يارىتىلغان نېمەت ھەرگىزمۇ يامان نەرسە ئەمەس، ئۇ بەندىلەرنىڭ بەخت - سائادىتى ۋە بەھرىمەنلىكىنى كۆزلەپ بىنا قىلىنغان. شۇنى ئۇنتۇمىغىنكى، بۇ گۈزەل دۇنيانىڭ ۋاسىتىسى بىلەن ھەر ئىككى دۇنيانىڭ بەخت - سائادىتىگە ئېرىشىش يولىنى تاپقىلى بولىدۇ. دۇرۇس يول بىلەن تېپىپ، توغرا يولغا سەرپ قىلغان مال جەننەت دەرۋازىلىرىنى ئاچىدىغان ئاچقۇچ، جەننەتتى فىردەۋسنىڭ يول خېتى بولىدۇ.

3924 ھالال مال تاپقان ئەر ھەر ئىككى جاھان،
يېمەك ۋە كىيمەكتىن قىسىلماس ھەرئان.

3926 بۇ دۇنيا مېلى گەر ياخشىغا چۈشەر،
ھەر ئىككى جاھان ئۇ ھالاۋەت كۆرەر.

3927 تېپىپ دۇنيا مېلىن، يېيىش بىلسە،
بۇلۇر بەك ئېغىر يۇك يۇدۇپتۇ دېسە.

مانا بۇ ئىسلام دىنىنىڭ ئەڭ ئىلغار تەشەببۇسلىرىنىڭ ئۆز دەۋرىدىكى ئۆزلىنىشى. يۇسۇپ خاس ھاجىپ ئۆز دەۋرىدىكى ئازغۇن ئەقىدىنىڭ قۇربانى قىلىنمىغان، ئۇ ئاتا - ئانىسى ۋە ئۇستازلىرىنىڭ ئىلغار دۇنيا قارىشى نەتىجىسىدە ئەڭ ئىلغار دۇنيا قاراش

بىلەن تەربىيىلەنگەن. شۇڭا، ئۇنىڭ ئەسەرلىرىدىنمۇ ھەرگىز چۈش-
كۈنلۈك، ئۈمىدسىزلىك، يىغا- زار، قۇرۇق دۇئالارنىڭ سايىسىنى
كۆرمەيمىز. بەلكى، ئۇ ناھايىتى يۈكسەك ئىشەنچ، غۇرۇر، ئۈمىد-
كە تولغان روھىنى ئەسىرىگە سىڭدۈرگەن. كىشىلەرنى ھاياتقا،
بەختكە، گۈزەللىككە، تەرەققىياتقا يېتەكلىمەكچى بولغان. بىز بۇنى يۇ-
سۇپنىڭ باللىق چاغلىرىدىلا سىڭدۈرۈلگەن ساغلام ئېتىقادىنىڭ كې-
يىنكى نەتىجىسى دەپ قارايمىز.

## 2. يارقىن خاراكتېر ئۈنى مەردلىككە، سەممىيلىككە چاقىرغان

يۈسۈپ كىچىكىدىن باشلاپ ئائىلىدە سەممىيلىك، كەڭ قور-
ساقلىق، راستچىللىق، مەردلىككە ئادەتلەندۈرۈلگەن. ئىسلام ئەقى-
دىسىدە مەردلىك تەشەببۇس قىلىنىدۇ، نامەردلىك چەكلىنىدۇ؛
سەممىيلىك مۆمىنلەرنىڭ ھايات مىزانى بولۇشنى تەكىتلەيدۇ،
ساختىپەزلىكنى مۆمىن ھېسابلىمايدۇ. يالغانچىلىقنى مۇناپىقلىق-
نىڭ جۈملىسىدىن دەپ قارايدۇ. «قۇرئان كەرىم» دە نەمۇنە قىلىن-
غان يۈسۈپ ئەلەيھىسسالام بىلەن ئۇنىڭ بىر تۇغقانلىرى ئوتتۇرىسى-
دىكى سېلىشتۇرمىدا: يۈسۈپ ئەلەيھىسسالام راستچىل، سەممىي،
كەڭ قورساق، مەرد، شۇڭا ئۇ ئاللانىڭ قوللىشى ۋە يۆلىشى بىلەن
ئاخىر مىسىرنىڭ كاتتا ئەمىرى بولالىدى. ئۇنىڭ بىر تۇغقانلىرى
يالغانچى، قورسىقى تار، كۆرەلمەس، نامەرد، تەخىرسىز بولغانلىقى
بىلەن ئاخىر ئاللانىڭ ۋە ياقۇپ ئەلەيھىسسالامنىڭ ئالدىدا رەسۋا
بولىدۇ. يۈسۈپ خاس ھاجىپقا يۈسۈپ ئەلەيھىسسالامنىڭ ئىسمىنى
قويغان ئاتا- ئانىسى ئۇنىڭغا يۈسۈپ ئەلەيھىسسالامنىڭ ئەقىدە-
ئېتىقادىنى، مىجەز- خاراكتېرىنى سۆزلەپ بەرگەنلىكى چوقۇم.
مۇھەممەد ئەلەيھىسسالاممۇ راستچىللىق، كەڭ قورساقلىق، سەمى-
مىيلىك، مەردلىك، مېھرىبانلىق بىلەن پۈتۈن دۇنيانىڭ ھۆرمىتى-

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

ــگە ئېرىشكەن ئۇلۇغ زات ئىدى. شۇڭا ئاللا ئۇنى ئەڭ ئۇلۇغ پەيغەمبەرلىك بىلەن مۇكاپاتلىغان، پۈتۈن ئىنسانلارغا باش قىلغان- دى. ئىسلامىيەت تارىخىدا مۇنداق مىساللار ناھايىتى كۆپ ئىدى. بۇنداق ئەقىدە - ئېتىقاد يۈسۈپنىڭ بالىلىق قەلبىگە نەقىش بولۇپ چېكىلگەنىدى. ئۇ بۇ خىل ئەقىدىسىنى ھەم ئەسىرىدە شۇنداق ئوتلۇق مىسرالىرى بىلەن ئىپادىلىدى. ئۇ ھەقىقىي چىن كىشى قانداق بولىدۇ، دېگەن سوئالغا: «يۈرىكىنى ئالىقىنىغا ئېلىپ قويۇپ، ئەل ئارىسىدا ئۇياتماي يۈرەلىگەن ئادەم ھەقىقىي چىن ئىنسان ھېسابلىنىدۇ» دەپ جاۋاب بېرىدۇ. مانا بۇ مەردلىك، سەمىمىيلىك، ئاق كۆڭۈللۈكنىڭ بەلگىسى.

بىز «قۇتادغۇبىلىك» ئارقىلىق يۈسۈپنىڭ قەلبىدە ئادالەت، ھەققانىيەت ئۈچۈن تەۋرەنمەي قەتئىي كۈرەش قىلىشتىن ئىبارەت ئەڭ ئۇلۇغۋار ئەقىدىنىڭ سىڭدۈرۈلگەنلىكىنى كۆرىمىز. يۈسۈپ خاس ھاجىپنىڭ بۇ ئەسەرنى يېزىشتىكى تۈپكى مەقسىتىمۇ ئەلدە ئادالەت ئورنىتىش ئۈچۈن بولغانلىقى ناھايىتى ئېنىق. ئۇنىڭ سە- بىي چاغلىرىدىكى قەلب دەپتىرىگە ئاتا - ئانىسى ئادالەت، ھەققانى- يەتتىن ئىبارەت ئەقىدىنى چەككەنلىكىنى كۆرىمىز. ئىسلام ئەقىدى- سىدە ئىنسانلارنىڭ بىر ئاتا، بىر ئانىدىن تۇغۇلغانلىقى، ئۇلارنىڭ بۇ دۇنياغا باراۋەر يارىتىلغانلىقى، شۇڭا كىشىلىك ھوقۇقتا، ئىم- تىيازدا، قانۇن ئالدىدا پادىشاھ بىلەن پۇقرالار باراۋەر بولۇشنىڭ كېرەكلىكى توغرىسىدىكى دەۋەت باشتىن - ئاياغ سىڭدۈرۈلگەن. ئۇ بــۇ دۇنيانىڭ زۇلۇم دۇنياسى ئەمەس، بەلكى ئادالەت دۇنياسى ئىكەنلىكىنى، ئىنسانلار بۇ دۇنياغا بىر - بىرىنى ئېزىش، قۇل قىلىش ئۈچۈن ئەمەس، بەلكى بىر - بىرىگە ياردەم قىلىش، ئۆزئارا كۆيۈنۈش، دۇنيانىڭ نېمەتلىرىدىن ئورتاق بەھرىمەن بولۇش ئۈچۈن يارىتىلغانلىقىنى ھېس قىلغان. شۇڭا ئۇ بۇ دۇنيادا بۆرە بىلەن قوي بىر ئېرىقتىن سۇ ئىچەلەيدىغان ئىناق بىر جەمئىيەت قۇرۇشتىن ئىبارەت غايىسىنى ئەسىرىنىڭ بېشىدىن تارتىپ ئاخىرىغىچە سىڭدۇ-

رىدۇ. ئۇ ئەلدىكى تەڭسىزلىك، زۇلۇم، ئادالەتسىزلىكتىن تولىمۇ بىئارام بولىدۇ. بۇنداق ناھەقچىلىككە سۈكۈت قىلىپ تۇرۇشنىڭ شۇ ناھەقچىلىك ۋە زۇلۇمغا شېرىك بولغانلىق ئىكەنلىكىنى ئۇ ناھايىتى ياخشى چۈشىنەتتى. يېگەنلەر يەۋەرسە، زۇلۇم چەككەنلەر زۇلۇم چېكىۋەرسە، تۇل خوتۇن، يېتىم باللارغا شەپقەت قىلىدىغان ئادەم بولمىسا ئاخىر تەڭرىنىڭ قاتتىق جازاسىغا ئۇچرايدىغانلىقىنى ئاگاھلاندۇرۇش ئۆزىنىڭ بۇرچى ئىكەنلىكىنى بىلىدۇ. ئۇ مەردانەلەرچە ئۆز دەۋرىدىكى ئەڭ چوڭ ھۆكۈمران بۇغراخانغا شۇنداق خىتاب قىلىدۇ: «ئەي بەگ، سەن بەگلىكىم ئۇزۇن داۋام قىلسۇن، دەيدىكەنسەن، ئادىل بول، زۇلۇمنى ئېلىڭدىن تامامەن يوقات، سەن خەلقىڭ باشچىسى ئىكەنسەن، ئويغاق، ئەقىللىق خەلق ساقچىسى بول»[①]. «ھەي ھۆكۈمدار، بەندىلەرگە مۇلايىم ياخشى مۇئامىلىدە بول، ئادىل بول، ئادالەت بىلەن تۇر، تەڭرى سېنى ئۇلارنىڭ ئۈستىگە ئادالەت ئۈچۈن تىكلىدى. ئادالەت نۇرۇڭ چوڭ - كىچىككە ئوخشاش چۈشسۇن. ھەممىنىڭ ياخشى بولۇشىنى تىلىسەڭ، ئاۋۋال ئۆزۈڭ ياخشى بول. ئەل ئىچىدىكى بۇلغىنىشلارنى تازىلايمەن دېسەڭ، ئالدى بىلەن ئۆزۈڭنى تازىلا. ئاندىن ئەل ئىچى يامانلاردىن تازىلىنىدۇ.»[②] «قانۇن تۈز، ئۇنى ياخشى ئادالەت ئۈستىگە قۇر، ئەگەر قانۇن يامان تۈزۈلىدىكەن، تىرىك ئۆلگۈچى بولىسەن. ئادىل قانۇن دېگەن كۆككە بىر تۈۋرۈكتۇركى، ئەگەر قانۇن يامان تۈزۈلىدىكەن، ئەرشىنىڭ تۈۋرۈكى يىقىلىدۇ.»

2136 گەر قايسى بەگ خەلققە قانۇن بەرمىسە،
خەلقنى كۆزەتمەي، يېگەنلەر يېسە.

---

① «قۇتادغۇبىلىك»، رومانلاشتۇرۇلغان نۇسخىسى، شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى نەشرىياتى 2000 - يىلى نەشرى، 78 - بەت، 7 - 2 - بەت.
② يۇقىرىقى بىلەن ئوخشاش.

www.uyghurkitap.com

2137 بۇزۇلۇپ ئېلى، ئۇ خەلققە چاچار ئوت،
بۇ بەگلىك ئۇلى بولغاي شەكسىز نابۇت.

3464 يوق ئەرسە قانۇنلۇق بەگلەر مۇبادا.
يەتتە قات زېمىننى بۇزاتتى خۇدا.

يۇسۇپ خاس ھاجىپ مانا مۇشۇنداق ھەققانىيەتچىلىكى، ئادالەتپەرۋەرلىكى بىلەن ئۆمۈر بويى ئادالەت ئۈچۈن كۈرەش قىلدى. ئەلدە ئادالەت ئورنىتىپ، ئېلىنى بەختكە ئېرىشتۈرۈش ئۈچۈن يۈرەك قېنىنى سەرپ قىلدى. ئۇ ئىسيانكارلىق بىلەن ئادالەتسىزلىككە باتۇرلارچە جەڭ ئېلان قىلدى. ئۇ ۋاپادارلىق، ساداقەت ئۈچۈن چۇقان كۆتۈردى. ئۇنىڭ زامانىسىغا بولغان نارازىلىقى پەلەككە يەتتى: «مەن ئەمدى ئورنۇمدىن تۇرۇپ يۈرەي، جاھان كېزىپ دۇنيادا ۋاپادار ئادەم بولسا ئىزدەپ كۆرەي، بۇ دۇنيادا ھەقىقىي ئادەم قىس بولۇپ كەتتى، ھەقىقىي، چىن ئادەملەرنى قەيەردىن ئىزدىسەم بولاركىن. قېنى، ئىزدەپ تاپقۇدەك بولسا ئىزدەپ باقاي. ھەممە ئارزۇيۇمغا يەتتىم، لېكىن ھەقىقىي ئادەمگە ئېرىشەلمىدىم. دۇنيانى جاپا قاپلاپ، ۋاپا قەھەتچىلىكى بولدى، قېنى سوراپ باقاي، كىمدە ۋاپا باركىن. مۇبادا ۋاپادار، سېخىي ئەرنى تاپسام ئىدىم، يەلكەمدە كۆتۈرەتتىم، كۆزۈمگە سۈرتەتتىم»، «ئى ئاللا، ۋاپاسىزلارغا يولۇقۇپ غەمگە پاتتىم. ۋاپادار كىشىنى تاپسام، شېرىن جانىنى پىدا قىلاتتىم. ئادەم دېگەن ناملا قالدى. ھەقىقىي ئادەمىيلىك يوقالدى. ئەگەر قەيەردە ئادىمىيلىك بولسا، مەنمۇ شۇ ياققا باراتتىم.»[1]

«نېمىسىنى ئېيتاي، ئاداش - قولداشلاردىن ئۈمىد قالمىدى، قېرىنداشلىرىم ياتلىشىپ كەتتى. ئەگەر ئىشەنچ بىلەن خاتىرجەملىك

① ② ، ③ «قۇتادغۇبىلىك»، رومانلاشتۇرۇلغان نۇسخا، ئاخىرقى ئىلاۋىنىڭ 2 - بۆلىكىگە قاراڭ.

قەسەم بىلەن بولىدىغان بولسا، قېنى ئۇ قەسەمگە ئەمەل قىلغۇچى، ئۇنى ئەر ئاتاي. نان ـ تۇز ھەققىنى ساقلىغۇچى بارمۇ. ئۇنداق كىشى بولسا ئالتۇن ـ كۈمۈش، مەرۋايىتلارغا كۆمۈۋېتەتتىم. «ئەپسۇس، مىڭ ئەپسۇسكى، دۇنيادا ۋاپادارلىق نامىنى قالدۇرۇپ كەتكەنلەر قېنىدۇ، بىر ماختىۋالسام كاشكى، ئۇلار يولغا قويغان ياخشى قائىدە ـ تۈزۈملەرنى بۈگۈنمۇ كۆرسەم ئىدى، قانچە شادلانغان بولاتتىم. يا بولمىسا ياخشى قائىدە ـ قانۇنلارنى تۈزىدىغانلار بولسا تۈزسۇن، ياخشىلارنى تۆرگە باشلاپ، يامانلارنى سۈرۈپ چىقىراي، بۇ يەردىن ياخشىلىق تاپالمىدىم. ئۇلۇس، شەھەرلەرنى تاشلاپ كىشىلەردىن يىراقلىشاي. نامىنىمۇ بىلمىسۇن، مېنىمۇ كۆرمىسۇن، ئىزدەپمۇ تاپمىسۇن، گېپىم شۇ. چاياندەك چاقىدۇ، چىۋىندەك شورايدۇ، ئىتتەك قاۋايدۇ. قايسىبىرىنى ئۇراي. بۇ جاھىللارنىڭ ئارىسىدا ماڭا ئەلەم يەتتى، ئەمدى كېچە ـ كۈندۈز بۇ ئەلەمدە يەنە قانداق يۈكلەرنى يۈدەي. پۈتكۈل جەبىر ـ جاپا ماڭىلا كېلەمدۇ، بۇ پەس، جاھىللاردىن چەتتىرەك تۇراي.

بىز يۇقىرىقى ئوتلۇق، جاراڭلىق خىتابلاردىن ئاجايىپ ئالىيجاناب بىر ئىنساننىڭ سىيماسىنى كۆرىمىز، جاھالەتكە يۈرەكلىك ئوت ئاچالىغان، قاباھەت دەشتلىرىدە ئات چاپتۇرغان گىگانت بىر ئىنسان تەبىئىتىنى كۆرىمىز. ئۇنىڭ قەلبى ئەلەمدىن ئۆرتەنمەكتە، باغرى ياتلىشىشتىن تىلىنماقتا. ئەسلىي ئىنسان تەبىئىتىنىڭ بۇزۇلغانلىقىدىن ئەپسۇسلانماقتا. ئۇ بىر يورۇق مەنزىلنى ئىزدىمەكتە، بىراق ئۇ يالغۇزلۇق قىلماقتا ئىدى، نادانلار ئۇچۇن قورساقنىڭ غېمىدىن باشقا غەم، شەخسىي مەنپەئەت تەمەسىدىن باشقا ئەلەم بولمايدىكەن. يۈسۈپ خاس ھاجىپ ئۆزىنى ئەمەس، ئەلنى ئويلايتتى. نەپسىنى ئەمەس، ئەلنىڭ قىسمەتلىرىدىن ئەلەم چېكەتتى. ئادەم قانچىلىك كۆپ نەرسىلەرنى بىلسە، ئۇنىڭ ئازابى شۇنچىلىك ئارتىپ بارىدۇ. ئۇنىڭ ئېڭىدا ئادەم ئەڭ ئۇلۇغ مەۋجۇدات ئىدى، بىراق ئۇلارنىڭ پەرۋاسىز، بىغەم، مەسئۇلىيەتنى ئۇنتۇغان ھالەتتە ئۆزلىرىنىڭ

www.uyghurkitap.com

ئەسلىنى ئۇنتۇپ قېلىشۋاتقانلىقىدىن يۈرىكى ئېچىشماقتا ئىدى. ۋاپاسىزلارنىڭ دەردىدە ئۇنىڭ باغرىنى چايان چاققاندەك، چىۋىنلەر شورىغاندەك، لەختە - لەختە قان قىلماقتا. ياتقانلار ئۇنىڭ كەينىدىن ئىتتەك قاۋايتتى. بىراق ئۇ ئۇنداق ئىنسانلارغا، چايانلارغا پەرۋامۇ قىلماي، ئۆزىنىڭ غايىسى ئۈچۈن كۈرەش قىلىشنى تاللىۋالغانىدى.

يۈسۈپ ئۈمىدۋار ئىنسان ئىدى، شۇڭا ئۇ: «ئىتتىن قاچقاننى قانداقمۇ بۆرە دېگىلى بولسۇن، ئەرنىڭ كەينىدىن ھاۋشىپ-قاۋاپ تۇرىدىغان مىڭ ئىتنىڭ ئۈنى ئاڭلىنىپ تۇرمىسا ئۇنى قانداقمۇ ئەر دېگىلى بولسۇن» دەپ ئۆزىنىڭ يولىنى مەردانىلەرچە داۋاملاشتۇرغانىدى. ئۇ قەلبىدىكى دەردلەرنى ئىچىگە يۇتۇپ، سۈكۈت ئىچىدە پۈرسەت كۈتۈشنى خالىمايتتى. كىشىلەر ئالدىدا قۇرۇق داۋراڭلارنى سېلىپ، ئەمەلىيەتتە ھېچقانداق ئەمەلىي ئىش قىلمايدىغان ۋە ئەمەلىي ئىش قىلىش قولىدىن كەلمەيدىغان پوپاڭچىلارغىمۇ ئوخشىمايتتى. ئۇ ۋۇجۇدىنى ئىگىلىۋالغان ئەلەم داغلىرىنى ئەمەلىي ھەرىكەتى ئارقىلىق يۇيۇشنى، تەشۋىش ۋە بىئارامىلىق تومانلىرى ئىچىدىن قەلەم زۇلپىقارى بىلەن يورۇق مەنزىلگە يېتىشنى ھاياتىنىڭ مەقسىتى قىلغانىدى. شۇنىڭ بىلەن ئۇ قولىغا قەلەم ئېلىپ، ئادالەتنىڭ قوڭغۇرىقىنى چالدى، ۋاپادارلىقنىڭ سىگنالىنى ياڭراتتى، ئەسلىي ئىنسان تەبىئىتىنىڭ سىيماسىنى جەۋلانغا كەلتۈردى. مانا بۇ ئۇلۇغۋار، تاۋلانغان ئىنسان خاراكتېرىنىڭ كۈچ - قۇدرىتى، مانا بۇ ئەقىدە - ئېتىقادتىن سۇغىرىلغان، ئەسلىي ئىنسان تەبىئىتىدىن نۇرلانغان، ئەتراپلىق تەربىيىدىن قاناتلانغان يېڭىلمەس خاراكتېر ئىدى.

## 3. چوڭقۇر ئەقىدە ئۆلۈمنى مەنسىتمەسلىككە ئۈگەتكەن

ئادەم ئۈچۈن ئەڭ ۋەھىملىك ۋە قورقۇنچلۇق تەشۋىشنىڭ

بىرى ئۆلۈم كۆلەڭگىسى. بۇ دۇنياغا تۆرەلگەن بارلىق شەيئىنىڭ
ھەممىسى ئۆلۈمنىڭ تەمىنى تېتىغۇچىدۇر. بىراق، ئۇنىڭ
ئالدى ـ كېيىنلىك پەرقى بار. ئۆلۈم دېگەن ياشقىمۇ بار، قېرىغىمۇ
بار. بىراق، ئۆلۈمنىڭ قەدىر ـ قىممىتى خاراكتېرلىك پەرق قىلى-
دۇ. ئۆلۈم ھەممە نەرسىنىڭ تۈگەللىنىشىمۇ، ئۆلۈم ھاياتلىق
تراگېدىيىسىنىڭ ئۈزۈلگەنلىكىمۇ؟ ئۆلىدىغان جان ئۈچۈن ئۆي ـ
ۋاقىسىز، بالا ـ چاقىسىز، ۋەتەنسىز تەركىدۇنيا بولۇپ ياشاش
كېرەكمۇ، ھامىنى ئۆلۈپ كەتكەندىن كېيىن بۇ دۇنيانىڭ
كەيپ ـ ساپاسىغا، ئويۇن ـ تاماشاسىغا ئالدىراپ ۋاستە تاللىماي
نومۇسسىزلارچە، شەرمەندىلەرچە ياشاپ، لەنەت ـ نەپرەتكە، قارغىش-
قا نىشان بولۇپ ئىز ـ دېرەكسىز غايىب بولۇش كېرەكمۇ، ۋەتەن،
خەلق ئۈچۈن، ھاياتلىقنىڭ مەڭگۈلۈكلۈكى، ياخشى نامنىڭ ئەبە-
دىيلىكى ئۈچۈن پاك ياشاپ ئالەمدىن شان ـ شەرەپ بىلەن كېتىپ،
ئەۋلادلار ئۈچۈن ئۈلگە بولۇش كېرەكمۇ؟ مانا بۇ تارىختىن بۇيان
ئىككى خىل دۇنيا قاراش، ئىككى خىل قىممەت قارىشىغا ئىگە
كىشىلەرنىڭ ئېتىقادىدىكى ماھىيەتلىك پەرق.

مۇسۇلمانلارنىڭ ئەقىدىسىدە مۆمىنلەر ئۈچۈن ئۆلۈم يوق ھەم
ئۆلۈمدىن قورقۇش يوق، ئۆلۈمدىن قورققان ئادەمدە ئىماندىن ئە-
سەر يوق. ئادەم ناپاكلىق بىلەن بۇ دۇنيانىڭ ئېتىكىنى بۇلغاپ
ياشىغاندىن ئۆلگىنى ياخشى، ئۆلگىنى ياخشى ئادەمنىڭ ھاياتلىق
دۇنياسى ئۈچۈن نېمە قىممىتى بولسۇن، يۇسۇپ خاس ھاجىپنىڭ
ئەقىدىسىدە ئادەم ئۆلۈش ئۈچۈن ياشىماستىن، ياشاش ئۈچۈن ئۆ-
لۈشى كېرەك، دېگەن ئىدىيە مۇھىم ئورۇننى ئىگىلىگەنىدى. ئۇ
«قۇتادغۇبىلىك» نىڭ باشتىن ـ ئاخىرىغىچە ئۆلۈمنى ئەسلىتىپ
ماڭىدۇ. ئۇ بۇ ئارقىلىق ھاياتلىقنىڭ ئىنسانغا بېرىلگەن ئەڭ قىم-
مەتلىك پۇرسەت ئىكەنلىكىنى، ئۇنىڭدىن توغرا، ئۈنۈملۈك پايدىلا-
نىسا بىر ئادەم مىڭ ئادەممۇ قىلالمىغان خاسىيەتلىك ئىشلارنى ۋۇ-
جۇدقا چىقىرالايدىغانلىقىنى، ئەگەر ئۇنىڭدىن ئۈنۈملۈك پايدىلانمى-

www.uyghurkitap.com

سا خۇددى چۈشتەك، شامالدەك مەنىسىز هالدا ئۆمۈر گۈلشىنى خازان بولىدىغانلىقىنى ئەسلىتىدۇ.

يۈسۈپ خاس هاجىپ ئۆلۈم ھەققىدە مۇنداق بىر قانچە تەرەپتىن چۈشەنچە هاسىل قىلغان.

ئۇ ئالدى بىلەن يۈسۈپ خاس هاجىپ ئۆلۈمنىڭ مۇقەررەرلىكى، هاياتنىڭ قىسقىلىقى ئىنسان هاياتىنىڭ ئەڭ قىممەتلىك پۇرسەت ئىكەنلىكىدىن ئىبارەت چۈشەنچىگە ئىگە قىلىنغان. بۇ خىل چۈشەنچە ئۇنى ئۆمرىنىڭ هەربىر مىنۇت، هەربىر دەقىقىلىرىنى قەدىرلەشكە، هاياتىنىڭ هەربىر مەۋسۇملىرىنى مەنىلەر بىلەن بېزەشكە، ئۆمۈر كۆچىتىدىن ئەلگە شېرىن - شېكەر مېۋىلەرنى قالدۇرۇپ كېتىشكە ئىشتىراك قىلىپ تۇرغان. ئۇ بۇ خىل ئەقىدىسىنى ئۆزىگە هەرقاچان دەۋەتچى قىلغان ۋە ئەسەرلىرىنىڭ هەربىر سەهىپىسىگە سىڭدۈرۈپ، ئەۋلادلارغىمۇ مىراس قالدۇرغان. «هايات دېگەن شامالدەك ئۆتۈپ كېتىدىكەن، بۇنىڭغا ئامال يوق. ئۇنى پارا بېرىش بىلەنمۇ توسۇپ قالغىلى بولمايدىكەن. ئۆلۈمنى تونۇپ ئويغانغانلار يەنە: ئۆلۈم كەلگەندە هېكىمنىڭ تىلى كېكەچلىنىپ، ئەقلىمۇ لال بولىدىكەن. بۇ ئۆلۈمنىڭ تىرنىقى نېمانچە يامانىدۇر. مۇشتۇمنىڭ زەربىسى نېمىدېگەن زور! ئۆلۈم ھەشەمەتلىك سارايلارنىمۇ بۇزىدىكەن، جەم بولغانلارنى تېزىتىدىكەن. شۇڭا ئۇلار:

نېمە بار جاهاندا ئاڭا هىيلە يوق،
نېمە هىيلە باردۇر، ئاڭا چارە يوق.
پۈتۈن ئىشقا هىيلە، ئۇسۇل - چارە بار،
مەگەر بۇ ئۆلۈمگە، ئاڭا چارە يوق.

دېگەن.

ئۆلۈمگە ئالتۇن - كۈمۈش پايدا قىلمايدۇ. ئۇنى ئەقىل ۋە بىلىممۇ توسۇپ قالالمايدۇ. ئەگەر ئۆلۈمنى دۇنيانىڭ مال - دۇنياسى توسۇپ قالالايدىغان بولسا، بەگلەرنىڭ بېگى ئالىپ ئەرتۇڭا

ئۆلمەس ئىدى. ئۆلۈم پەيتىدە ھېكىملەرگە ھېكىملەرمۇ كار قىلمىدى. ئالىملارغا بىلىممۇ ياردەم قىلالمىدى. ئەگەر تېۋىپلارنىڭ داۋاسى ئۆلۈمنى توسۇپ قالالايدىغان بولسا، تېۋىپلار مەڭگۇ ئۆلمىگەن بولاتتى. ئەگەر ئۆلۈم يۈز ـ خاتىر قىلىدىغان بولسا، ئۇلۇغ پەيغەمبىرىمىز ھايات قالسا بولماسمىدى!؟ تۇغۇلغانلارنىڭ ھەممىسى ئۆلۈش ئۈچۈن يارىتىلغان، تىرىك قالغانلاردىن قېنى كىم بار؟ بۇ دۇنيا دېگەن يولۇچى چۈشۈپ ئۆتىدىغان قونالغۇ.»①

«ئادەم بالىسى كارۋانغا ئوخشايدۇ، مەنزىلدىن مەنزىلگە يۈرۈپ تۇرىدۇ. ئوغۇل ئاتا پۇشتىدىن ئانا قارنىغا تۆرەلگەندىن كېيىن، پەقەت توققۇز ئايلا ئانا قارنىدىن تىنچ جايغا ئېرىشىدۇ. ئاندىن تۇغۇلۇپ ئات قويۇلغاندىن كېيىنلا، يولۇچى بولۇپ ۋاقىت ئېتىنى مىنىدۇ. شۇنىڭدىن تارتىپ كۈندۈزى بىر قەدەم، كېچىسى بىر قەدەم مېڭىپ ئاخىر ئۆلۈمگە يېقىنلىشىدۇ. جاھان بىر قونالغۇ ئۆتەڭ، ئۇ ئۆتەڭدىن يۆتكەلسەڭ ئاخىرقى مەڭگۈلۈك ئۆتەڭگە بارىسەن. بۇ ئۆتەڭدە سېنى ئىككى يول كۈتۈپ تۇرۇپتۇ. ساڭا ئىككى يولدىن قايسىسى نېسىپ بولاركىن؟ ئىشىڭ ئوڭغا تارتسا كۆلىسەن، ئەگەر تەتۈر كېلىپ قالسا ئىگراپ بېشىڭنى ئۇرىسەن.»②

ھايات ھەققىدە مۇنداق ئەقىدىگە ئىگە قىلىدىغان يۈسۈپ خاس ھاجىپ يەنە، ھاياتلىق پۈرسىتىدىن قانداق پايدىلىنىش، ھاياتلىق كارۋىنىنى قايسى مەنزىلگە باشلىغاندا ئاخىر ئۇتۇقلۇق بولىدۇ، قايسى مەنزىلگە باشلىغاندا كۆلپەتلىك بولىدۇ، دېگەن مەسىلە ھەققىدىمۇ ئەڭ ئىلغار ئەقىدىگە ئىگە قىلىنغان: «بۇ دۇنيا بىر تېرىلغۇغا ئوخشاش. تېرىغان ئادەم تىرىكلىك ئوتىغا ئېرىشىدۇ. يەرگە نېمە تېرىغان بولسا شۇنىلا ئالىدۇ. ئۆزۈڭنىلا ئويلاپ كىشىنىڭ

① «قۇتادغۇبىلىك» رومانلاشتۇرۇلغان نەسرىي نۇسخىسىدىن، 68 ـ ، 69 ـ بەتلەر.
② «قۇتادغۇبىلىك» 1386 ـ ، 1392 ـ بېيىتلارنىڭ مەزمۇنى.

www.uyghurkitap.com

قېنىنى تۆكمە، مېلىنى زورلۇق بىلەن تارتىۋالما، بۇ ئىككى گۇناھتىن جان ئىگراپ چىقىدۇ. سېخىيلىق يولىنى تۇت، بېخىل بولما، سېخىيلارنىڭ نامى مەڭگۈ قالىدۇ. بۇ دۇنيانىڭ مېلى خۇددى تۇزلۇققا ئوخشاش، ئىچكەنسېرى تېخىمۇ ئۇسسىتىدۇ، ئېغىز نەم بولمايدۇ. بۇ دۇنيا خۇددى كۆلەڭگىگە ئوخشاش قوغلىساڭ قاچىدۇ، قاچساڭ قوغلايدۇ! دۇنيانىڭ ئىشى ئالۋۇنغا ئوخشاش، تۇتاي دەپ قول سۇنساڭ يوقىلىپ كېتىدۇ.»①

ھايات ۋە ۋاقىت ئىنسانغا بېرىلگەن ئەڭ ئۇلۇغ نېمەتلەرنىڭ بىرى. شۇڭا، مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام مۇنداق بىر چوڭقۇر مەنىلىك ھېكمەتنى قالدۇرغان: «ئىنسانلارغا بېرىلگەن تەن ساقلىق ۋە بوش ۋاقىتتىن ئىبارەت ئىككى نېمەت بار، نۇرغۇن كىشىلەر ئۇنىڭ قەدرىگە يەتمەي، زىيان تارتىدۇ.» (بۇخارى رىۋايەت قىلغان) ھەقىقەتەن ۋاقىتنى ھەرقانداق نەرسىنىڭ قىممىتى بىلەن ئۆلچەشكە بولمايدۇ. چۈنكى، ۋاقىت ھەرقانداق قىممەتلىك نەرسىلەرنى ئۆزگەرتىۋېتەلەيدۇ ۋە يوقىتىۋېتەلەيدۇ. يەنە بىر جەھەتتىن ھەرقانداق بىر مۆجىزە، زامان ۋە ماكانسىز ۋۇجۇدقا كەلمەيدۇ. بىراق، ۋاقىت ئۆزى بەخت يارىتالمايدۇ، ۋاقىتنىڭ نېمىتىدىن ئۈنۈملۈك پايدىلىنىپ ئۇلۇغ مۆجىزە يارىتىش ۋاقىت ئېتىغا مىنگەن ئادەمنىڭلا قولىدىن كېلىدۇ. يەنە بىر تەرىپىمۇ باركى، ۋاقىت ھەرگىزمۇ ئادەمنى ساقلاپ تۇرمايدۇ، بەلكى ئۆزىنىڭ قانۇنىيىتى ۋە رىتىمى بويىچە چەكسىز ھەرىكەت ئىچىدە ئۆتۈپ كېتىۋېرىدۇ. بۈگۈن ھەرگىزمۇ ئەتىنىڭ تەكرارلىنىشى ئەمەس، ئۆمۈرنىڭ ھەقىقىي قەدىر- قىممىتىگە يەتكەن ئادەم ئۇچۇن ھاياتنىڭ قانچىلىك بۈگۈن ۋە ئەتىلەردىن تەشكىل قىلىنغانلىقىنى ھېس قىلالايدۇ. ئۆمرىنىڭ ئاخىرىدا پۇشايمان يېمەيدۇ.

---

① «قۇتادغۇبىلىك»، 1393-، 1395-، 1408-، 1410- بېيىتلارنىڭ مەزمۇنى.

## 4. مىللىي مەدەنىيەتكە بولغان ئەقىدىدىن چاقنىغان نۇر

بىز ئالدى بىلەن شۇنى مۇئەييەنلەشتۈرەلەيمىزكى، يۈسۈپ خاس ھاجىپ يازغان «قۇتادغۇبىلىك» ناملىق بۇ ئۇلۇغ ئەسەر تۆت ئۇل ئۈستىگە قۇرۇلۇپ، شۇ تۆت لىنىيە بويىچە بايان قىلىنىدۇ. بىرىنچىدىن، ئەسەر مۇكەممەل ھاكىمىيەت باشقۇرۇش دەستۇرى؛ ئىككىنچىدىن، ئۇ ئەخلاق، پەزىلەت ئەڭگۈشتىرى؛ ئۈچىنچىدىن، مۇكەممەل ئەقىدە - ئېتىقادتىن تىكلەنگەن ئابىدە؛ تۆتىنچىدىن، بەخت ۋە بەختكە ئېرىشىشنىڭ ئىلمىي ئاساسلىرى دەلىللەنگەن قامۇس. يۈسۈپ خاس ھاجىپنىڭ ئىدىيىسى ۋە خاراكتېرى مانا شۇ تۆت مۇھىم مەسىلىنى يورۇتۇش ئۈچۈن قويغان پىكىرلىرى ۋە چۈشەنچىلىرى داۋامىدا ئوتتاشتەك چاقناپ تۇرىدۇ.

يۈسۈپ خاس ھاجىپ ئۆز دەۋرىدە پەزىلەت جەھەتتە زامانىسىنىڭ ئەڭ مۆتىۋىرى ۋە تەقۋادارى ئىدى. ئۇ ئۆزىنىڭ يۇقىرى دەرىجىدىكى ھاكىمىيەت باشقۇرۇش ئىقتىدارى ۋە ئالىملىق دەرىجەسى بىلەنلا ئەمەس، بەلكى ئۇ ئەخلاقىي پەزىلىتى بىلەن مەشھۇر تەقۋادار زات دەپ ئۇلۇغلانغان. بۇ پىكرىمىزنى «قۇتادغۇبىلىك» نىڭ بېشىغا يېزىلغان نامەلۇم ئاپتورلارنىڭ ئىلاۋىسىدىكى باھا تولۇق ئىسپاتلايدۇ: «بۇ كىتابنى يازغۇچى بالا - ساغۇندا تۇغۇلغان بىر تەقۋادار زاتتۇر. »①نەزمىي ئىلاۋىدە ئۇنىڭ سۈپىتى تېخىمۇ گەۋدەلەندۈرۈلىدۇ:

54 كۆرەرسەن كىتابنى بۇ يازغان كىشى،
ھۈنەرلىك ئەرەنكەن، كىشىلەر بېشى.

① «قۇتادغۇبىلىك» مىللەتلەر نەشرىياتى 1984-يىلى نەشرى، نەسرىي ئىلاۋە، 32 - 33 - قۇرلار.

www.uyghurkitap.com

55 بۇ تۇرلۇك پەزىلەت، ئەقىل ئاڭ بىلەر،
ئۇ ئەرمىش بېزەنگەن، يۇرەرمىش كۆلە.

56 ئۇ توغرا، با ھۆرمەت بىر زاھىت ئېرۇر،
بىلىملىك ۋە تەقۋا، ئېرىغ - پاك يۇرۇر.

57 تۇرۇقلۇق ماكانى «قۇز ئوردۇ» ئېلى،
تۇپ ئەسلى نەسەبىنىن خەۋەرچى تىلى.

يۇقىرىقى بايانلاردىن روشەن بولىدىكى، يۇسۇپ خاس ھاجىپ ئۈچ جەھەتتە ئۆزىنى بېزىگەن: بىرى، ئەقىل؛ ئىككىنچىسى، بىلىم؛ ئۈچىنچىسى، پەزىلەت. يۇقىرىقى ئۈچى بىر گەۋدە بولۇپ، ئۇنى تەقۋادارلىق مۇقامىغا كۆتۈرگەن. تەقۋادار دېمەك، ئۇنىڭ دىنىي ئىلىمغىمۇ توشقان، دىنىي پەرزلىرىنىمۇ ئۆلۈغ ئادا قىلىدىغان، ئاللانىڭ ئەمرىنى تۇتقان، گۇناھلىق ئىشلاردىن يىراق بولغان پاك ئەقىدىلىك، پاكىز تەبىئەتلىك زات دېگەن بولىدۇ.

بۇنىڭدىن قارىغاندا، يۇسۇپنىڭ ئاتا- ئانىسى ئۇنىڭغا كىچىكىدىن تارتىپ دىنىي ئەقىدە بىلەن ئەنئەنىۋى مىللىي ئەخلاقنى بىر گەۋدە قىلىپ، ناھايىتى ئەتراپلىق پەزىلەت تەربىيىسى ئېلىپ بارغان.

## 5. ۋەتەنپەرۋەرلىك ۋە مىللىي غۇرۇر تەربىيىسى

مەھمۇد قەشقەرى ۋە يۇسۇپ خاس ھاجىپلار ئۆز دەۋر ئېتىبارى بىلەن يۇكسەك ۋەتەنپەرۋەرلىك روھ بىلەن تەربىيىلەنگەن مەدەنىيەت سەركەردىلىرى، ئۇلار دۆلەت ۋە مىللىي مەنپەئەت ئەڭ قاتتىق خىرىسقا ۋە تەھدىتكە يۈز تۇتقان چاغدا قەلەمدىن ئىبارەت ئۆتكۈر قورالى بىلەن جەڭگاھقا چۈشۈپ، ئۆزلىرىنىڭ ۋەتەنگە، مىللىي

مەدەنىيەتكە بولغان ساداقەتنى نامايان قىلىپ، گىگانت ۋەتەن ئوغلانلىرى قىلىشقا تېگىشلىك بۇرچنى ئادا قىلدى.

ئۆز دەۋرىدە دىنىي ئەقىدە بىلەن مىللىي مەدەنىيەت، دىنىي ئەقىدە ئورتاقلىقى بىلەن سىياسىي مەيدان مەسىلىسى توقۇنۇشى يۈز بەرگەن. سىياسىي گەۋدە بولغان دۆلەت ۋە ۋەتەن ئەقىدىسى بىلەن دىنىي ئورتاقلىق ئوتتۇرىسىدىكى مۇناسىۋەتنى، دىنىي ئەقىدە بىلەن مىللىي مەدەنىيەت ئوتتۇرىسىدىكى مۇناسىۋەتنى توغرا بىر تەرەپ قىلىش ۋەتەنپەرۋەر زىيالىيلارنىڭ ئۈستىگە چۈشكەن مۇھىم ۋەزىپە ئىدى. بىز بۇ خىل كۆرەشنىڭ ئىپادىلىرىنى «تۈركىي تىللار دىۋانى» ۋە «قۇتادغۇبىلىك» تىكى روشەن خاھىشچانلىقتىن ئېنىق ھېس قىلالايمىز.

ئۇيغۇرلار 10 - ئەسىرنىڭ 50 - يىللىرى ئىسلام دىنىنى قوبۇل قىلدى. بۇنىڭ بىلەن ئىسلام دىنىنى ئاساس قىلىپ بارلىققا كەلگەن ئەرەب ئىسلام مەدەنىيىتى بىلەن مىللىي مەدەنىيەت ئوتتۇرىسىدا توقۇنۇش كېلىپ چىقتى. چۈنكى، ئۇيغۇرلارنىڭ ئەنئەنىۋى مەدەنىيىتى ئىسلامىيەتتىن بۇرۇنقى شامان دىنى ۋە بۇددا دىنى ئاساسىدا شەكىللەنگەن مەدەنىيەت ئىدى. ئىسلام دىنى بۇ خىل مەدەنىيەت بىلەن ھەرگىز چىقىشالمايتتى. شۇنىڭ بىلەن مەدەنىيەت جەھەتتە زور داۋالغۇش بولماسلىقى مۇمكىن ئەمەس ئىدى. گەرچە ئۇيغۇرلار بۇرۇنقى دىنلارنىڭ تەسىرىدە بارلىققا كەلگەن مەدەنىيەت ئامىللىرىنى سىقىپ چىقىرىپ، ئۇيغۇر مەدەنىيىتىنى ئىسلاملاشقان مىللىي مەدەنىيەتكە ئۆزگەرتىشتەك ئۆتكۈنچى باسقۇچتا، ئۆرپ - ئادەت، يېمەك - ئىچمەك، كىيىم - كېچەك، تۇرالغۇ جاي، توي - تۆكۈن، ئۆلۈم - يېتىم ئىشلىرىدا ئىسلام دىنىنىڭ تەلىپى بويىچە ئۆزگىرىش ياسالدى. گەرچە بىر قىسىم ئادەتلەرنىڭ ئۆزگىرىشى دىنىي ئېتىقادنىڭ زۆرۈرىيىتى بولسىمۇ، لېكىن يەنىلا دىنىي ئەقىدە بىلەن مۇناسىۋەتى بولمىغان مەدەنىيەت ئامىللىرىغا زورلۇق ئىشلىتىش يامان ئاقىۋەت كەلتۈرۈپ چىقىراتتى. بولۇپمۇ تىل ۋە يېزىق مەدەنىيىتى

مىللەتنىڭ بىر پۈتۈن مەدەنىيەت سىستېمىسى بىلەن مۇناسىۋەتلىك ناھايىتى سەزگۈر مەدەنىيەت ئامىلى ھېسابلىناتتى. ئەگەر بۇنىڭدا ئۆزگىرىش ياسىسا دۆلەتنىڭ كۆپچىلىك ئائىلىسى مەدەنىيەتسىز، ساۋاتسىز قېلىشى، مىللىي مەدەنىيەت گۇمران بولۇشى مۇمكىن ئىدى. شۇڭا، قاراخانىيلاردا مىللىي مەدەنىيەتنى سۆيۈش، مىللىي مەدەنىيەتنى قوغداش ئۆز دەۋرىدىكى ۋەتەنپەرۋەرلىك تەربىيىسىنىڭ مۇھىم مەزمۇنى بولغانىدى.

ئىسلام ئەقىدىسىدە مىللەت، ئىرق، مىللىي مەدەنىيەت ھەرگىزمۇ چەتكە قېقىلمايدۇ. ئىسلام دىنىدا «ۋەتەننى سۆيمەك ئىماننىڭ جۈملىسىدىندۇر» دېگەن ۋەتەنپەرۋەرلىك روھنى ئۇرغۇتىدىغان تەشەببۇس بار. «قۇرئان كەرىم» دە دۇنيادىكى خەلقلەرنى ئۆز ھېكمىتى بىلەن نۇرغۇن مىللەت ۋە خەلق قىلغانلىقى ئۇلارغا ئۆزىگە خاس تىل ئاتا قىلغانلىقى توغرىسىدا ھەم بېشارەتلەر بار. شۇڭا، ۋەتەنپەرۋەرلىك تەربىيىسى ئېلىپ بېرىشتا مىللىي مەدەنىيەتنى سۆيۈش توغرىسىدا كىچىكىدىن تارتىپ چوڭقۇر مىللىي مەدەنىيەت ئەقىدىسى سىڭدۈرۈلەتتى. يۈسۈپ خاس ھاجىپ، مەھمۇد قەشقەرى كەبى ئىز باسارلار كىچىكىدىن تارتىپ مىللىي مەدەنىيەتكە بولغان چوڭقۇر ئەقىدە بىلەن تەربىيىلەنگەن. ئۇلار مىللىتىنى ۋە مىللىي مەدەنىيىتىنى ھەممىدىن ئۇلۇغ بىلەتتى، مىللىي مەدەنىيەتنىڭ باشقا مىللەتلەرنىڭ مەدەنىيىتىدىن ئىلغارلىقىغا قەتئىي ئىشىنەتتى. مانا شۇنداق ئاڭ ئۇلاردا مىللىي مەدەنىيەتنى قوغداشتىن ئىبارەت مەڭگۈ ئۆرۈش سېپىگە ئاتلىنىشقا ئىشتىراك قىلغان.

يۈسۈپ خاس ھاجىپ ئەسىرىنى ئۇيغۇر تىلى ۋە ئۇيغۇر يېزىقى بىلەن يېزىش ئارقىلىق، ئانا تىلىنىڭ كۈچ - قۇدرىتىنى نامايان قىلغان بولسا، مەھمۇد قەشقەرى «تۈركىي تىللار دىۋانى» دېگەن تىلشۇناسلىققا دائىر مەشھۇر ئەسىرىنى يېزىپ، مىللىي تىل ۋە مىللىي مەدەنىيەتنىڭ ئۇلۇغلۇقىنى نامايان قىلىپ بەردى. يۈسۈپ

خاس هاجىپ ئەسىرىنىڭ ئاخىرىدا مۇنۇ مۇھەببەتلىك قۇرلارنى تىزى-
دۇ:

6617 بۇ تۈركىي سۆزنى كۆردۇم ياۋايى كېيىك،
ئۇنى ئاستا تۇتتۇم، ئۆگەتتىم ئارا.

6618 سىلاپ ئەركىلەتتىم، كۆڭۈل بەردى تېز،
تېخى بەزى قورقۇپ، ھۈركۈپلا تۇرا.

6619 سۆز ئالدىم قولۇمغا چىققىنىچە مەن،
كېلىشۈەردى خۇش ھىد ئىپاردەك پۇرا.

يۇقىرىقى مىسرالاردىكى ئانا تىلغا بولغان ئوتلۇق مۇھەببىتى-
نى، ئاپتورنىڭ ئۇنىڭغا بولغان ئەركىلەشلىرىنى، ئانا تىل بىلەن
يۇرىكىنىڭ ئىچكى قاتلاملىرىدىكى ھېسسىيات ئۇنچىلىرىنى مارجان-
دەك مىسرالىرىغا تىزىۋاتقاندا ئانا تىلنىڭ بايلىقى، ئويناقلىقى،
شوخلۇقىدىن سۆيۈنۈپ كېتىۋاتقان ئوتلۇق بىر ھېسسىياتنى كۆر-
گەندەك بولىمىز. ئانا تىل بىلەن ئىپادىلىيەلىگەن مەنىنى باشقا بىر
تىل بىلەن ھەرگىزمۇ شۇنداق چوڭقۇرلۇقتا ئىپادىلەش مۇمكىن
ئەمەس. چۈنكى، ئانا تىل دېگەن ئادەمنىڭ تەپەككۇرى بىلەن قان
بىلەن گۆشتەك يۇغۇرۇلۇپ كەتكەن بولىدۇ، ئۇ پۈتۈن ۋۇجۇدىغا
سىڭىپ، تەپەككۇرىدا مەۋج ئۇرىدۇ.

يۇسۇپ خاس ھاجىپتىن كېيىنرەك ۋە ياكى زاماندىش ياشىغان
مەلۇم ئاپتور يۇسۇپنىڭ ئەسىرىنى تۈركىي تىل بىلەن يەنى ئۆز
دەۋرىدىكى مەركىزىي دىئالېكت بۇغراخان تىلى ياكى قەشقەر تىلى
بىلەن يازغانلىقىدىن چەكسىز ئىپتىخارلىنىقا چۆمىدۇ. ئۇنىڭ مىل-
لىي روھىدىن پەخىرلىنىپ تۇرۇپ مۇنداق بايانلارنى قىلىدۇ: «پۈ-
تۈن تۈركىي خەلقلەر ياشايدىغان يەرلەردە، بۇغراخان تىلىدا تۈركىي

سۆز بىلەن (ھېچكىم) بۇنىڭدىن ياخشىراق كىتابنى ھەرگىز يازغىنى يوق. بۇ كىتاب قايسى پادىشاھلىقتا ياكى قايسى ئىقلىمغا يەتسە، غايەت ئۈزلۈكى ۋە پەۋقۇلئاددە گۈزەللىكىدىن، ئۇ ئەللەرنىڭ ھېكىملىرى بىلەن ئالىملىرى قوبۇل قىلىپ، ئۇنىڭغا ھەربىرى بىر تۈرلۈك ئات ۋە لەقەم بەردى.»①

بۇ باھا ئەلۋەتتە بىر تەرەپتىن، ئەسەرنىڭ ئۇيغۇر تىلىنىڭ باي دۇردانىلىرى بىلەن پۈتۈلگەن مەنىۋى مەدەنىيەت خەزىنىسى ئىكەنلىكىگە بولغان ئىپتىخار تۇيغۇسىنىڭ ئىپادىلىنىشى بولسا، يەنە بىر تەرەپتىن، يۈسۈپ خاس ھاجىپنىڭ ئۇيغۇر تىلىنى جەۋلانغا كەلتۈرۈپ، ئۇنىڭدىن مەڭگۈلۈك ئۇلۇغ مەنىۋى ئابىدە تىكلىگەنلىكىگە بولغان سۆيۈنۈش ھېسسىياتىنى ئىپادىلەيدۇ.

بىر ئادەمنىڭ ۋەتەنپەرۋەرلىك روھىنىڭ ئۆلچىمى ھەرگىزمۇ جەڭگاھتا قان كېچىپ ئۇرۇش قىلىش بىلەنلا ئىپادىلىنىدىغان پەزىلەت ئەمەس، بەلكى ئۇ شۇ كىشىنىڭ ۋەتىنىنىڭ تەقدىرىگە بولغان مەسئۇلىيەتچانلىقى، ۋەتىنىنىڭ ئۆتمۈشى ۋە كەلگۈسىگە بولغان كۆيۈنۈش ھېسسىياتى، مىللىي مەدەنىيەتكە بولغان ئوتلۇق مۇھەببىتى، ۋەتەن خەلقىگە بولغان سۆيگۈ تۈرتكىسىدە قىلغان ئەمەلىي ھەرىكىتى ئارقىلىق ئىپادىلىنىدۇ. ۋەتىنىنىڭ بىر ئەزاسى بولغان ئادەم دۆلەت دۈشمەنىنىڭ تەھدىتىگە ئۇچرىغاندا، دۆلەتنىڭ بىر پۈتۈنلۈكى، خەلقنىڭ ئەركىنلىكى ئۈچۈن كۈرەش قىلىشقا تەييار تۇرىدۇ. دۆلەت نىسبىي تىنچلىق ھالەتتە تۇرغاندا ئۇنىڭ تەرەققىياتىغا، گۈللىنىشىگە، خەلق تۇرمۇشىنىڭ باياشات بولۇشىغا كۆڭۈل بۆلىدۇ. بىز «قۇتادغۇبىلىك» نىڭ بەزى مەزمۇنلىرىدىن ئۆز دەۋرىدە يۈسۈپنىڭ ۋەتىنىنىڭ سىرتقى دۈشمەنىنىڭ ئېغىر تەھدىتىگە ئۇچراۋاتقانلىقىنى، ئىراق ھاكىمىيەت بېشىدا تۇرغان يۇقىرى دەرىجىلىك ئەمەلدارلارنىڭ چىرىكلىك يولىنى تۇتۇپ، دۆلەتنىڭ تەقدىرىگە كۆ-

① «قۇتادغۇبىلىك» مىللەتلەر نەشرىياتى، 1984-يىلى نەشرى، نەسرىي ئىلاۋە، 19 – 25 – مىسرالار.

ئۇل بۆلمىگەنلىكىدىن قاتتىق ئېچىنغانلىقىنى كۆرىمىز: «مۇسۇلمانلار قارشىلىشىپ بىر - بىرىنىڭ گۆشىنى يېيىشمەكتە، ۋەتەن دۈشمەنلىرى ھۇزۇر - ھالاۋەت ئىچىدە يۈرۈشمەكتە. ۋەتەنىنىڭ بايلىقلىرى بۇلاندى، تالاندى، ھالال بىلەن ھارامنى پەرقلەندۈرگۈچىلەر قېنى؟» (6481 - 6488).

ھەرقانداق بىر بۈيۈك ئەسەرنىڭ دۇنياغا كېلىشى ئۈچۈن ئاساس بولىدىغان ئىككى مۇھىم ئامىل بار. بىرى، ئۆز دەۋرىدىكى ئوبيېكتىپ شارائىت ۋە ئىجتىمائىي زۆرۈرىيەت نۇقتىسىدىن ئالغاندا دەۋرنىڭ شۇ دەۋرنىڭ ئوقۇمۇشلۇق كىشىلىرىنىڭ ئۈستىگە يۈكلىگەن تارىخىي ۋەزىپە بىلەن شۇ تارىخىي زۆرۈرىيەتنى ھېس قىلىپ، ئۇنى ئادىللىق بىلەن ئۈستىگە ئالالايدىغان ئىختىيار. يەنە بىرى، يۈكسەك ۋەتەنپەرۋەرلىك روھ بىلەن مەسئۇلىيەت ئېڭى بولۇشى كېرەك. ئەگەر يۇقىرىقى شەرتلەر ھازىر بولمىسا، تارىخىي زۆرۈرىيەت زۆرۈرىيەت پېتى قېلىۋېرىدۇ.

يۈسۈپ خاس ھاجىپ ئۆزى ياشاپ تۇرغان جەمئىيەتنىڭ ئومۇمىي ئەھۋالىنى، يۈزلىنىشىنى، كەلگۈسى ئىستىقبالىنى ئەقىل كۆزى بىلەن كۆرگەن. يەنە بىر تەرەپتىن، ۋەتىنىنىڭ ھەرقايسى تەرەپلەردە تۇتقان ئورنىنى، ھەربىر قاتلاملاردىكى ئۆزگىرىشلەرنى چوڭقۇر كۆزەتكەن، شۇنداقلا دەۋرنىڭ ئۆزىنىڭ ئۈستىگە يۈكلىگەن مۇھىم مەسئۇلىيەت ۋە مەجبۇرىيىتىنى ئەقەللىي ھېس قىلغان. ئۆزىنىڭ ۋەتىنى ۋە خەلقىنى قىزغىن سۆيەلىگەن ئادەم ئۇنىڭ مەدەنىيىتىنىمۇ سۆيىدۇ، ۋەتەن، خەلقنىڭ مەنپەئەتىنى مۇقەددەس بىلىدۇ. يۈسۈپ ۋەتىنى ئۈچۈن تۇغۇلۇپ، ۋەتىنى ئۈچۈن ياشىغان، ۋەتىنىنىڭ بەخت - سائادىتى ئۈچۈن كۈرەش قىلىپ، بۇ دۇنيادىن ئارمانسىز كەتكەن.

6106 سېخىيلىق ئەمەستۇر، تارقاتماق كۈمۈش،
سېخىيلىق — خەلققە جانپىدا بولۇش.

www.uyghurkitap.com

بۇ ئۇنىڭ يۈرەك قېتىدىن چىقىۋاتقان قەسىمى ئىدى. ئۇ مانا شۇنداق ئۇلۇغۋار روھ بىلەن يۇغۇرۇلغانلىقى ئۈچۈن، پۈتۈن ھاياتىدا زور ئىجتىھات بىلەن ئىلىمنىڭ يۈكسەك چوققىسىغا چىقالىغان ھەم ئۇ بىلىمنى ۋەتەن، خەلقنىڭ جانىجان مەنپەئىتى بىلەن مۇناسىۋەتلىك بولغان ئۇلۇغۋار ئىشلار ئۈچۈن ئۇنۇملۇك ئىشلىتەلىگەن.

# تۆتىنچى باب

## پەرزەنت تەربىيىلەش ئىقتىدارى ئائىلە باشقۇرۇش ئىقتىدارىنىڭ ئەڭ مۇھىم تەلىپى

### 1. ئاتا - ئانىلار پەرزەنتلىرىنى ئۆز قولى بىلەن تەربىيىلەش تەلىپى

ئىنسانىيەت جەمئىيىتىدە ئاتا - ئانا بىلەن پەرزەنت مۇناسىۋىتىدەك يېقىن مېھىر - مۇھەببەت بولمايدۇ. ئاتا- ئانىلار پەرزەنتلىرىگە بەرگەن مېھىر - مۇھەببەتنى باشقا ھەرقانداق ئادەم بېرەلمەيدۇ. پەرزەنت بۇ دۇنياغا كۆز ئاچقاندىن باشلاپلا ئاتا - ئانىلار پەرزەنت ئۈچۈنلا ياشاشقا باشلايدۇ، كۆزى پەرزەنت سەۋەبلىك كۆرىدۇ، يۈرىكى پەرزەنت ئۈچۈن سوقىدۇ. پۈتۈن ئارزۇ - ئارمانلىرى پەرزەنت ئۈچۈن بولىدۇ. پەرزەنتىگە يېمەي يېگۈزىدۇ، كىيمەي كىيگۈزىدۇ. غىزاسى پەرزەنت غېمىنى يېيىش بولىدۇ. بۇ خىل مۇناسىۋەتنى يۈسۈپ خاس ھاجىپ مۇنداق ئىپادىلەيدۇ:

1164 ئوغۇل - قىز غېمى بۇ — تۇۋى يوق دېڭىز،
ئوغۇل - قىز غېمىدىن سارغايدى مېڭىز.

1165 كىشىنىڭ بولسا ئوغلى - قىزى، خوتۇنى،
نېچۈك كۆرگەي ئۇنىڭ كۆزى ئۇيقۇنى.

www.uyghurkitap.com

چۈنكى پەرزەنتلەرنىڭ غېمىنى يېمەسلىك ئاتا ـ ئانىلارنى كۆتۈرگۈسىز غەملەرگە مۇپتىلا قىلىدۇ. بىر پەرزەنتنى ياراملىق تەربىيىلەپ جەمئىيەتكە چىقارغان ئاتا ـ ئانا بۇ دۇنيادىن رازى بولۇپ كېتىدۇ. ئەگەر پەرزەنت يارامسىز، كېرەكسىز چىقىپ قالسا، ئۇلارنىڭ كۆزى ئوچۇق كېتىدۇ. ياخشى تەربىيە كۆرگەن پەرزەنت ئۆزىنىمۇ بەختلىك قىلالايدۇ، ئاتا ـ ئانىسىنىمۇ شادلاندۇرىدۇ. ئۇلار بۇ ئالەمدىن كەتكەندىن كېيىنمۇ نام ـ ئاتىقى بۇلغانمايدۇ. ئەگەر پەرزەنت يارامسىز بولۇپ قالسا، ئۇ ئۆزىگىمۇ ياخشىلىق ئېلىپ كەلمەيدۇ، ئاتا ـ ئانىسىنى بۇ دۇنيادىمۇ قاڭغىر قاقشاتسا، ئۇلار ئالەمدىن ئۆتكەندىن كېيىنمۇ، ئۇلارغا ئاراملىق بەرمەيدۇ. بۇ دۇنيادىمۇ ئۇلارنىڭ نام ـ شۆھرىتى بۇلغىنىدۇ، ئەل ئۈچۈنمۇ ئاپەت بولىدۇ. شۇڭا پەرزەنت غېمى ئاتا ـ ئانىلار ئۈچۈن تۈۋى يوق دېڭىز. گەرچە قىز ـ ئوغۇل ئاتا ـ ئانىنىڭ كۆزىگە روشەنلىك بېغىشلىسىمۇ، ئۇلارنىڭ قەلبىدە ئۈمىد شامىنى ياندۇرسىمۇ، لېكىن پەرزەنت غېمىدىن ئۇلارنىڭ مەڭزى سارغىيىدۇ. ئاتا ـ ئانا بولۇش بۇ دۇنيادىكى بىر بەخت، لېكىن ئۇلارنىڭ يۈكىنى كۆتۈرمەك ھەقىقەتەن مۈشكۈل. ئائىلە دېگەن مانا شۇنداق شادلىق بىلەن غەم ـ قايغۇ يۇغۇرۇلۇپ كەتكەن ئارامگاھ.

ئاتا ـ ئانىلار بۇ دۇنيا ھەم ئۇ ئالەمدە خاتىرجەملىككە ئېرىشمەن دەيدىكەن، خاتىرجەمسىزلىك ۋە تىنىمسىزلىك بىلەن پەرزەنتلىرىنى ياراملىق تەربىيىلەشنىڭ غېمىنى قىلىشى كېرەك. پەرزەنتلىرى ئۈچۈن غەم يېمەسلىك مەڭگۈلۈك كۈلپەتكە سۆرەپ كىرىشى مۇمكىن. شۇڭا يۈسۈپ خاس ھاجىپ ئۇزۇن ئەسىرلىك تەجرىبە ـ ساۋاقلارنى يەكۈنلەپ، ئاتا ـ ئانىلارنىڭ غېمىنى تۈگىتىش ئۈچۈن چوڭقۇر باش قاتۇرغان. ئۇ ئوتتۇرىغا قويغان پەرزەنت تەربىيىسىدە قەتئىي ئەمەل قىلىشقا تېگىشلىك پرىنسىپال تەلەپلەرنىڭ بىرى، ئاتا ـ ئانىلار پەرزەنتلىرىنى ئۆز قولى بىلەن تەربىيىلەش

پرىنسىپىدىن ئىبارەت. ئۇ مۇنداق تەۋسىيە قىلىدۇ:

4504 تۇغۇلسا ساڭا ئاي كەبى قىز ـ ئوغۇل،
ئاڭا تەربىيىچى سەن ئۆزۈڭلا بول.

بۇ نۇرغۇن تەجرىبە ـ ساۋاقلار ئارقىلىق چىقىرىلغان يەكۈن. پەرزەنت ئۈچۈن ئەڭ كۆيۈملۈك، جان كۆيەر ئىنسان ئاتا بىلەن ئانا، ئۇلارنىڭ ئورنىنى ھېچكىم باسالمايدۇ. ئاتا ـ ئانىنىڭ بالىغا بولغان مېھىر ـ مۇھەببىتى بالىنىڭ قەلبىدىمۇ مېھرىبانلىق، كۆيۈمچانلىق ۋە سۆيگۈنى ئويغىتىدۇ. ئانا باغرىنى بوقۇلدۇتۇپ ئېمىـ ـۋاتقان بالا ئانىنىڭ ئۇلۇغلۇقى، ھاياتنىڭ گۈزەللىكىنى قەلب ھېسلىرى ئارقىلىق سېزىپ ۋىلىقلاپ كۈلىدۇ؛ ئانىنىڭ چېھرىدە چاقنىغان جىلۋە پەرزەنتلەرنىڭ روھىغا ساغلاملىق ئاتا قىلىدۇ؛ ئانا بىلەن بالىنىڭ ئورتاق كۈلكىسى زېمىنغا جان بېغىشلايدۇ. ئانا بىلەن بالا شادلانسا زېمىن كۈلىدۇ. ئەگەر ئاتا ـ ئانا ئۆزىنىڭ نابابلىقى ۋە يارىماسلىقى بىلەن پەرزەنتىنىڭ كۆزىدىن ئاققۇزغان ھەربىر تامچە ياش ئۈچۈن، ئاتا ـ ئانا كۆزىدىن قان ئېقىش بىلەن بەدەل تۆلۈشى مۇمكىن. بۇ خىل ئاقىۋەتنى يۈسۈپ خاس ھاجىپ: «ئۆلەرسەن پۇشايماندا سەن ئاغرىماي» دەپ خۇلاسىلىغان.

يۈسۈپ خاس ھاجىپ تەكىتلىگەن: «پەرزەنتىڭنىڭ تەربىيىچىسى ئۆزۈڭ بول» دېگەن دەۋەت، ئۇيغۇر خەلقىنىڭ پەرزەنت تەربىيىسى جەريانىدا ئىزچىل داۋاملاشتۇرۇپ كېلىۋاتقان ياخشى ئەنئەنىلىرىنىڭ بىرى. ئاتىلار كۆپىنچە سىرتنىڭ ئىشلىرى بىلەن، سودا ـ سېتىق، جەڭ ئىشلىرى بىلەن بولسا، ئانىلار پەرزەنتلىرىنى تەربىيىلەش ۋەزىپىسىنى ئۈستىگە ئالغان. بولۇپمۇ ئەڭ قەدىمكى كۆچمەن چارۋىچىلىق بىلەن شۇغۇللىنىدىغان قوۋملەرگە نىسبەتەن ئانىلار يالغۇز ئائىلە ئايالى بولۇش بىلەنلا چەكلەنگەن ئەمەس، بەلكى ئۇلار نۆۋىتى كەلگەندە ئۇرۇشلارغا قاتنىشاتتى.

شۇڭا ئۇيغۇر ئانىلىرىنىڭ ۋۇجۇدىغىمۇ قەھرىمانلىق، مەردلىك خىسلەتلىرى مۇجەسسەملەنگەن. مەھمۇد قەشقەرى ئۇيغۇر ئاياللىرىنىڭ ۋۇجۇدىدىكى جاسارەتنى سۈپەتلەپ مۇنداق بىر مىسالنى كەلتۈرىدۇ: «قىز بىلەن چېلىشما، تۇغمىغان بايتال بىلەن چېپىشما.» بۇ ماقالىنىڭ پەيدا بولۇش سەۋەبى توغرىسىدا: «خاقانىيە قىزلىرىدىن بىرى نىكاھ كېچىسى سۇلتان مەسئۇدنى تېپىپ يىقىتىۋەتكەنلىكى ئۈچۈن خاقانىيىلىكلەر ئارىسىدا سۇلتان مەسئۇد توغرۇلۇق چىقىرىلغان بىر ماقال» دېيىلگەن. خاقانىيە قىزلىرى دېگەن كەڭ مەنىدە قەشقەرنى مەركەز قىلغان مەركىزىي ئۆلكىنىڭ قىزلىرىنى كۆرسەتسە، تار مەنىدە قەشقەر قىزلىرىنى كۆرسىتىدۇ. خاقانىيە قىزلىرى دېمەك ئۇيغۇر قىزلىرى دېمەكتۇر. بىز بۇنىڭدىن ئۇيغۇر ئاياللىرىنىڭ ۋۇجۇدىدىكى ئاجايىپ جاسارەت ۋە ئەرلەرگە خاس خاراكتېرىنى كۆرەلەيمىز. بىز تارىختا مەيدانغا كەلگەن نۇرغۇنلىغان باھادىر ئەزىمەتلەرنىڭ، سەركەردىلەرنىڭ، ئالىملارنىڭ ئانىلىرىنىڭ تولىمۇ ئوقۇمۇشلۇق، مۇنتىزىم تەربىيە كۆرگەن، جاسارەتلىك ئانىلاردىن بولغانلىقىنى بىلىمىز. ئوغۇزخاننىڭ دادىسى ئاي خاقان ئوغۇز خاقاننى ئاشۇنداق دەۋر بۆلگۈچ تارىخ يارىتالايدىغان ئۇلۇغ خاقان قىلىپ تەربىيىلەپ چىققان. مەھمۇد قەشقەرىنىڭ شۇنچە تەبىئەتلىك، غۇرۇرلۇق، جاسارەتلىك، ئەلەمدىمۇ، قەلەمدىمۇ كامالەتلىك يېتىلگەن، يىراقنى كۆرەر ئالىم بولۇپ يېتىشىپ چىقىشىدا، يۈسۈپ خاس ھاجىپنىڭ ھەم شۇنچە ئىستېداتلىق، پەزىلەتلىك، سىياسىي سەزگۈرلىكى يۇقىرى، پىداكار، قاراخانىيلارنىڭ سىياسىي تەقدىرىگە پەۋقۇلئاددە تەسىر كۆرسەتكەن سىياسىئون بولۇپ چىقىشىدەك ئۇلۇغ خاراكتېرلىك ئىنسانلارنىڭ يېتىلىشىدە، ئۇلارنىڭ ئاتا ـ ئانىلىرى بالىلىرىنى بالا باققۇچىلارغا تاشلاپ بەرمەي، ئۆز قولى بىلەن پەپىلەپ قاتارغا قوشقانلىقىدىن بولغان دەپ قارايمىز.

بىز يەنە بىر نۇقتىدىن چىقىپ پىكىر يۈرگۈزۈپ باقايلى. نېمە

ئـۇچۇن ئىنسانىيەت مەدەنىيەت تارىخىدا زور تۆھپىلەرنى ياراتقان
گىگانت ئادەملەرنىڭ كۆپىنچىسى يۇقىرى تەبىقە ئاقسۆڭەكلەردىن
چىققىنى؟ تۆۋەن تەبىقە ئائىلىلەردىن مەشھۇر كىشىلەر ئاز چىققىنى.
بۇنىڭدا ئۇلار ئوتتۇرىسىدىكى سىياسىي، ئىقتىسادىي، ئىجتىمائىي
شەرت ـ شارائىت پەرقىدىن باشقا، يەنە بىر مۇھىم سەۋەب، يۇقىرى
تەبىقىدىن چىققان ئانىلار مۇنتىزىم تەربىيە پۇرسىتىگە ئېرىشەلى-
گەن، ئۇلار ناھايىتى يۇقىرى تەلەپ بىلەن تەربىيىلەنگەچكە، ئۇلار
بالىلىرىغىمۇ شۇنداق قاتتىق تەلەپ قويۇپ تەربىيىلىگەن. شۇڭا
ئۇنداق ئوقۇمۇشلۇق، نەزەر دائىرىسى كەڭ ئانىلارنىڭ قولىدىن
تەربىيىلىنىپ چىققان پەرزەنتلەر شۇنداق پاراسەتلىك ۋە قابىلىيەت-
لىك بولۇپ يېتىلگەن. بۇ يەردە شەكىللەنگەن پەرق ھەرگىزمۇ
يۇقىرى تەبىقىنىڭ بالىلىرى ئەقىل ـ پاراسەتلىك، تۆۋەن تەبىقىنىڭ
بالىلىرى ئەقلى تۆۋەن دۆت بولغانلىقىدىن ئەمەس. بۇ مەنىدىن
قارىغاندا، پەرزەنتلەرنىڭ ياراملىق بولۇشى ئۇچۇن ئانىلار ۋە ئاتىلار
ياراملىق بولۇشلىرى كېرەك. يارامسىز ئاتا ـ ئانىدىن ھەرگىزمۇ
ياراملىق ئۇلۇغ ئىنسانلارنىڭ چىقىشىنى تەسەۋۋۇر قىلغىلى بولماي-
دۇ. ئاچچىق ئۆرۈك بەربىر ئاچچىق ئۆرۈك بېرىدۇ ـ دە. شۇڭا
يۈسۈپ خاس ھاجىپ خوتۇنلۇققا ئايال تاللىغاندا ئېگىز ئوقۇرغا
ئېسىلماي، گۈزەللىكنى تاللىماي، بەلكى ياخشى تەربىيە كۆرگەن،
پەزىلەتلىك، تەقۋادار خوتۇنلارنى تاللاشنىڭ لازىملىقىنى كۆرسەتتى:
«ئۆيلەنگۈچىلەرگە مېنىڭ تەۋسىيەم شۇكى، ھەي باي خوتۇنغا ھې-
رىسمەن ئوغۇل، ئاگاھ بولغىنكى، خوتۇننىڭ قۇلى بولۇپ قالمى-
سىغايسەن؛ ھەي گۈزەل جامالغا ھەۋەسمەن ئوغۇل، بەك گۈزەل
خوتۇننى قوغلاشما، ئۇ سېنى كىشىلەرنىڭ مەسخىرە، كۈلكىسىگە
قويمىسۇن. ئەي ئېسىل نەسەب، ئالىي ئۇرۇقنى قوغلاشقۇچى ئەر،
ئۇلارنىڭ ئارىسىدا ئۆزۈڭنى خار قىلما. ھەي نازۇك، تەقۋادار،
پەزىلەتلىك خوتۇنغا كۆڭۈل باغلىغان ئوغۇل، ئۇنداق خوتۇنغا ئې-
رىشسەڭ يۇقىرىقى تۆت نەرسىگە تولۇق ئېرىشكەن بولىسەن. ئەگەر

www.uyghurkitap.com

ئۇنداق خوتۇنغا ئۇچراپ قالساڭ، ھەرگىز پۇرسەتنى قولدىن بېرىپ قويما. باي بولاي دېسەڭمۇ شۇنداق خوتۇن بىر بايلىق، پەزىلەتنى ياخشى بولسىلا گۈزەللىك دېگەن شۇ. ئاياللارغا نىسبەتەن ئەڭ قىممەتلىك گۈزەللىك ئەخلاق ـ پەزىلەتتۇر. بىلىملىك كىشىلەرلا بۇنى ھېس قىلالايدۇ. پەزىلەتلىك خوتۇنغا ئۇچرىشالىساڭ ھەممە شەرتىڭ ھازىرلىنىدۇ، ئۇنداق ئايالنى ھەرگىز قولدىن چىقىرىپ قويما».① يۇقىرىدا قىلىنغان دەۋەتلەر رېئال تۇرمۇش قايتا ـ قايتا ئىسپاتلىغان ھەقىقەتلەر بولۇپ، ئۇ ئائىلىنىڭ بەختى ھەم پەرزەنتلەرنىڭ ئىستىقبالى بىلەن ناھايىتى زىچ مۇناسىۋەتلىك.

جەمئىيىتىمىزدە ھازىر پەرزەنت تەربىيىلەش مەسىلىسىدە ئىككى خىل ئەھۋال، يەنى بالا تەربىيىلەشتىكى ئاجىزلىق ۋە مەسئۇلىيەتسىزلىك ساقلىنىۋاتىدۇ. بىرى، بەزى ئاتا ـ ئانىلاردا پەرزەنت تەربىيىلەشنىڭ مۇھىملىقى ۋە ئۇنىڭ ئىلمىي ئۇسۇللىرىغا نىسبەتەن ئاساسەن چۈشەنچە يوق، ئۇلاردا بالىلىرىم ياراملىق بولسىكەن، دېگەن بىر ئۈمىد بولسىمۇ، لېكىن ئۇلارنى ياراملىق تەربىيىلىگۈدەك ئىقتىدار يوق. چۈنكى ئۇلارمۇ ئاتا ـ ئانىسىدىن مۇنتىزىم، ياخشى تەربىيە ئېلىش پۇرسىتىگە ئىگە بولمىغان. يەنە بىرى، بەزى ئاتا ـ ئانىلار ياخشى تەلىم ـ تەربىيە پۇرسىتىگە ئېرىشىپ ئالىي مەلۇماتلىق بولغان بولسىمۇ، ئۇلاردا مەسئۇلىيەت ئېڭى تۆۋەن بولۇۋاتىدۇ. خىزمەت بېسىمى، تۇرمۇش رىتىمىنىڭ تېزلىكى، قاتار ـ قاتار چايلار، ئايىغى ئۈزۈلمەيدىغان باردى ـ كەلدى مېھماندارچىلىق، ئويۇن ـ تاماشىدىن قىيالماسلىق، پەرزەنت تەربىيىلەش جەھەتتە تەجرىبە بولماسلىق قاتارلىق سەۋەبلەر تۈپەيلىدىن بالىلىرىنى ئۆزى باقماي ئاتا ـ ئانىسىنىڭ بېقىشىغا تاشلاپ بېرىدىغان، بالا باققۇچى ياللاپ شۇلارغا بالا باققۇزىدىغان ئەھۋاللار ئومۇملىشىپ كەتتى. بۇنىڭ بىلەن بالىلار ئاتا ـ ئانىسىنىڭ مېھىر ـ

① «قۇتادغۇبىلىك» نىڭ رومانلاشتۇرۇلغان نۇسخىسىدىن قىسقارتىپ ئېلىندى.

مۇھەببىتىگە قانماي، ئۇلارنىڭ ئەتراپلىق كۆڭۈل بۆلۈشىدىن مەھ-
رۇم بولۇپ قالغاچقا ئەقلىي ئىقتىدارى ۋە خاراكتېرىنىڭ ساغلام
تەرەققىي قىلىشىدا ناھايىتى زور بوشلۇقلار كېلىپ چىقىۋاتىدۇ.
بالىنى ئاتا - ئانىنىڭ ئۆز قولى بىلەن تەربىيىلەشنىڭ مۇھىملىقى
ھازىرقى زامان غەرب ئاپتورلىرىنىڭ ئەسەرلىرىدىمۇ كەسكىنلىك
بىلەن دەۋەت قىلىنغان. دەسلەپكى تەربىيىگە ئەھمىيەت بېرىپ زور
مۇۋەپپەقىيەتكە ئېرىشكەن كارىل ۋىتېر گېرمانىيىلىك داڭلىق تالا-
نت ئىگىسى، ئۇ توققۇز ياشلاردىلا بىرقانچە چەت ئەل تىلىنى بىمالال
ئىشلىتەلەيدىغان بولغان. شۇنىڭ بىلەن بىرگە، كۆپ خىل تەبىئىي
پەن بىلىملىرىگىمۇ پۇختا ئىدى. ئۇ، توققۇز يېشىدا ئۇنىۋېرسى-
تېتقا كىرگەن. 14 يېشىدا پەلسەپە ئىلمى بويىچە، 16 يېشىدا
قانۇن ئىلمى بويىچە دوكتورلۇق ئۇنۋانى ئالغان. ئۇنىڭ كىشىنى
ھەيران قالدۇرارلىق مۇنداق نەتىجىلەرگە ئېرىشىشى ئۇنىڭ تۇغما
تالانتلىق بولغانلىقىدىن ئەمەس. چۈنكى، كارىل تۇغۇلغان چاغدا
تۇغما دېۋەڭ دەپ قارالغان. ئۇنىڭ مۇنداق شۆھرەت قازىنىشىنى
ئىنچىكىلىك بىلەن كۆزەتكەندە ئاتا - ئانىسىنىڭ بىر قوللۇق تەربى-
يىلىگەنلىكىدىن بولغان. ئەگەر ئاتا - ئانىسى ئۇ بالىسىغا شۇنداق
يۈرەك قېنىنى سەرپ قىلمىغان بولسا، كارىل دېۋەڭ بولۇپ قېلى-
ۋەرگەن بولاتتى. سېتىنا خانىمنىڭ تۆۋەندىكى يەكۈنىمۇ بۇ پىكرى-
مىزنى ئىسپاتلاشقا يېتەرلىك: ئەتراپىمىزغا نەزەر سالساق كۆپ
ساندىكى ئانىلار بالىسىنى بالا باققۇچىسىغا تاشلاپ قويىدۇ. مەن
ئەزەلدىن بۇنداق ئانىلارنى ئانا ھېسابلانمايدۇ دەپ قارايمەن، ئانىنىڭ
مەسئۇلىيىتى يالغۇز بالىنى دۇنياغا ئاپىرىدە قىلىشلا ئەمەس، ئەڭ
مۇھىمى ئۇنى ئەتراپلىق تەربىيىلەش، ئانا بولغۇچى بالىنى ھەرگىز-
مۇ باشقىلارنىڭ تەربىيىلىشىگە تاشلاپ قويماسلىقى، بەلكى چوقۇم
ئۆزى بىر قوللۇق تەربىيىلىشى كېرەك. پەقەت ئىنسانلارلا ئۆز
پەرزەنتىنى باشقىلارنىڭ تەربىيىلىشىگە ھاۋالە قىلىدۇ. ھايۋانلار
قەتئىي مۇنداق قىلمايدۇ. رىم ئىمپېرىيىسىنىڭ مەغلۇپ بولۇشىدى-

كى سەۋەب شۇكى «رىملىق ئانىلار پەرزەنتىنى تەربىيىلەشتىن ئىبارەت مۇھىم ئىشنى باشقىلارغا ھاۋالە قىلغان». [1] يۇقىرىقى ھەقىقەتنى غەربلىكلەر ئەمدى بىلىپ چۈشەنگەن بولسا، ئۇيغۇر خەلقى بۇنىڭدىن مىڭ يىللار بۇرۇنلا ئىلمىي چۈشەنچىگە ئىگە بولۇپ بولغان.

ئانىلارنىڭ ساپاسى مەسىلىسىدە ئۇيغۇرلارنىڭ تارىخىي مۇساپىسىغا نەزىرىمىزنى ئاغدۇرىدىغان بولساق، قاراخانىيلار سۇلالىسى مۇنقەرز بولغاندىن كېيىن، جاھالەتلىك ئوتتۇرا ئەسىردىن تاكى 20 ـ ئەسىرنىڭ باشلىرىغىچە بولغان 800 يىللىق قاباھەت دەشتلىرىدە مىللەت ئىچىدە تۇغۇلغان ھەددىدىن ئارتۇق خۇراپاتلىق، فېئوداللىق تەقىب، ئىقتىسادىي نامراتلىق، مائارىپتىكى قالاقلىق ۋە ئاجىزلىق قاتارلىق ئامىللار سەۋەبلىك ئۇيغۇر ئانىلىرى ئەتراپلىق تەربىيىلىنىش پۇرسىتىدىن مەھرۇم قىلىندى. بۇنداق ئەسلىي ماھىيەتتىن ياتلاشقان خۇراپاتلىق ۋە تەقىب مىللەتنىڭ ئانىلىرىنىلا ئەمەس، بەلكى پۈتۈن مىللەتنى ساۋاتسىز، نادان قويۇشتەك پاجىئەلىك تەقدىرگە دۇچار قىلغان ئىدى. نەتىجىدە بۇ ئۇزاققا سوزۇلغان جاھالەت كېچىسىدە ناھايىتى ئاز بىر قىسىم زىيالىيلارنى ۋە يۇقىرى تەبىقە ئاقسۆڭەكلەرنىڭ بالىلىرىنى ھېسابقا ئالمىغاندا، قالغان بالىلار دېگۈدەك تەربىيىسىز قالدى. تەربىيە پۇرسىتىگە ئېرىشكەن بالىلارمۇ خاتا تەلىم ـ تەربىيىنىڭ قۇربانى بولدى. نەتىجىدە مىللەتنىڭ تەقدىرىگە تەسىر كۆرسەتكۈدەك يارامىلىق پەرزەنتلەر تەربىيىلىنىپ چىقمىغانلىقى ئۈچۈن پۈتۈن مىللەت خارلىق، زەبۇنلۇق، خورلۇق، ھاقارەتكە سۈكۈت قىلىش، ئازغۇنلۇق دەشتىدە تېنەپ ـ تەمتىرەش بىلەن خەلقنىڭ ئۇنىۋېرسال ساپاسى ئەڭ تۆۋەن ئۆلچەمگە چۈشۈپ قالغان. ئۇلاردا ھەتتا ھەقىقىي مەنىدىكى ئىنسانىي ئاڭ، قىممەت ئېڭى، باشقۇرۇش ئېڭى دېگەنلەردىن ئەسەرمۇ قالمىغان ئىدى.

---

① «ستېپنا خانىمنىڭ پەرزەنت تەربىيىسى» شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، 2004 ـ يىل نەشرى.

تەمەخورلۇق، قۇلچىلىق، قارىغۇ تەقدىرچىلىك، شۈكۈر - قانائەتنىڭ قۇچاقلىرىغا رەھىمسىزلەرچە تاشلاپ قويۇلغانىدى. ئۇلار دۇنيانى ئۇنتۇپ كەتكەن، دۇنيامۇ ئۇلارنى ئۇنتۇپ كەتكەن ئىدى. «بىزنى ئۇنتۇغان قوۋمنى بىزمۇ ئۇنتۇيمىز» دېگەندەك، بۇ قوۋمنى ئاللامۇ ئۇنتۇپ كەتكەن بۇ قوۋمنى ئىدى. شۇنداق قىلىپ 800 يىللىق جاھالەت ئىسكەنجىسىگە بەند قىلىنغان بۇ مىللەت ئىزچىل ئۆزىنى ئوڭشۇۋېلىش پۇرسىتىگە ئېرىشەلمىدى. جۇل-جۇل، خاراب، روھى ئۆلگەن «قۇرۇق قاقشال بولۇپ قالدۇق، ئوتۇنچى ئاپىرىپ ساتسۇن» دېگەندەك مۇردا گەۋدىسىنى ئاران - ئاران كۆتۈرۈپ 20 - ئەسىرنىڭ بوسۇغىسىغا قەدەم قويغان. بىز بۇلارنىڭ روھسىز گەۋدىسىنى چەت ئەل ئېكسپېدىتسىيىچىلىرى ئۆز دەۋرىدە تارتقان خېلى كۆپ فوتو سۈرەتلەردىن تېخىمۇ ئوچۇق ھېس قىلدۇق. مانا بۇ تەلىم - تەربىيىدىن مەھرۇم قالغان خەلقىمىزنىڭ ئېچىنىشلىق تەقدىر - قىسمەتلىرى ئىدى. بۇنداق تەربىيىسىز قېلىشنى يۈسۈپ خاس ھاجىپ «تىرىك ئۆلۈك» دېگەن سۈپەت بىلەن سۈپەتلىگەن:

156 بىلىم مەنىسىن بىل، بىلىم نېمە دەر،
بىلىم ئۇ ساقايتۇر كېسەل بولسا ئەر.

157 بىلىمسىز كىشى بارچە ئاغرىق بولۇر،
داۋالانمىسا ئۇ تىرىكلا ئۆلۇر.

دېمەك، بىلىمسىز، نادان قالغان، نادان، ئېتىقادسىز ئاتا - ئانىلار تەربىيىلىگەن بالىلار، بالا باققۇچىلار باققان بالىلار روھى زەئىپ، تىرىك ئۆلۈك بولۇپ قالىدۇ. تىرىك ئۆلۈك بالىلاردىن نېمىنىمۇ كۈتكىلى بولسۇن. بۇنداق كېسەلنىڭ داۋاسى، بىرى، ئاتا - ئانىلارنى مۇنتىزىم تەربىيىگە ئىگە قىلىش، يەنە بىرى،

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

بالىلارنى توغرا يۆنىلىش بىلەن بىلىملىك، قابىلىيەتلىك قىلىپ تەربىيىلەش.

ئومۇمەن ئالغاندا، پەرزەنتلەرنى بىلىمسىز، نادان، گۆدەكلەر-نىڭ تەربىيىسىگە تاشلاپ قويۇش بىلەن، بىلىمسىز، نادان ئاتا-ئانىلارنىڭ بالا تەربىيىلىشىنىڭ نەتىجىسى ئوخشاش. ئىقتىدارسىز، يارامسىز ئاتا-ئانىلارنىڭ قولىدىن بالىنى بوزۇشتىن، ئەقىللىق بالىنى دۆت قىلىشتىن، ياراملىق، ئىستىقباللىق بالىلارنى يارامسىز قىلىپ، ئىستىقبالىدىن مەھرۇم قىلىشتىن باشقا نەرسە كەلمەيدۇ.

## 2. پەرزەنتلەرنى ئاتا-ئانىلار ئۆز قولى بىلەن تەربىيىلەشنىڭ بەزى شەرتلىرى

ئاتا-ئانىلار بالىلىرىنى باشقىلارنىڭ بېقىشىغا تاشلاپ بەرمەي ئۆز قولى بىلەن بېقىش بالىلارنىڭ ساغلام ئۆسۈپ يېتىلىشىدە مۇھىم ئەھمىيەتكە ئىگە بولسىمۇ، لېكىن ھازىرقى جەمئىيەتتە بەزى شەرت-شارائىتلارنىڭ يار بەرمەسلىكى تۈپەيلىدىن ۋە ئاتا-ئانىلار-نىڭ سەل قارىغانلىقى سەۋەبلىك ھەل قىلىش مۇمكىن بولغان بەزى شەرتلەرمۇ ئورۇنلانماي، بالىلارنىڭ ھوقۇق-مەنپەئەتى، بالىلىق تەلەپلىرى قاندۇرۇلمايۋاتىدۇ. بۇ جەھەتتە بەزى مەقسەتلىك قىلىنى-ۋاتقان ئىشلار ئۈچۈن ئاتا-ئانىلارنى گۇناھكار ھېسابلىساق بولى-دۇ.

بىرىنچى، ئانىلار بالىلارنى ئانا سۈتىدىن ئۈزۈلۈش ھوقۇ-قىدىن مەھرۇم قىلماقتا. 11-ئەسىرلەردىلا يۈسۈپ خاس ھاجىپ بەزى زۆرۈرىيەتلەرنىمۇ ئېتىبارغا ئېلىپ، ئەگەر ئانىنىڭ بالىنى بېقىش ئىقتىدارى بولمىسا ناھايىتى ئېرىغ، ئوقۇمۇشلۇق، تەجرىبى-لىك، كۆيۈملۈك ئاياللارنى تاللاپ ئىنىكئانا قىلىشنى تەۋسىيە قىلغان.

4505 ئېرىغ ياخشىنى ئال ئىنىكە قىلىپ،
ئوغۇل - قىز ئۆسەر پاك ۋە ساغلام بولۇپ.

يۈسۈپ خاس ھاجىپ ئوغۇل - قىزلارنىڭ پاك، ساغلام ئۆسۈپ يېتىلىشىنىڭ بىر شەرتى سۈپىتىدە ئىنىكئانا بولغۇچى ئېرىغ، ساغلام، ياخشى خۇلۇقلۇق بولۇشىنىڭ كېرەكلىكى شەرتىنى قويغان. قەدىمكى زامانلاردا شاھلارنىڭ ئائىللىرى بەگزادىلىرىنى ئىنىكئانىنى ئېمىش ئارقىلىق ئوزۇقلاندۇرىدىغان ئادەت بار ئىدى. ئۇيغۇرلاردا «سۈت بىلەن كىرگەن خوي ئۆلگەندە چىقىدۇ» دېگەن ئەقىدە بولغاچقا، ئىنىكئانا تاللاشتا پاكلىق، تەقۋادارلىق ۋە ياخشى خۇيلۇق بولۇشنى ئالدىنقى شەرت قىلغان. چۈنكى ئۇلار سۈت ئارقىلىق ئىنىكئانىنىڭ خوي - پەيلى بالىغا ئۆتىدۇ دەپ قارايتتى. مەن بۇ خۇسۇستا مۇنداق بىر مىسالنى ئالغۇم كېلىۋاتىدۇ.

«مۇسەيىن مىرزىنىڭ بىر تۇلپىرى بار ئىكەن، پادىشاھ ئۇنىڭغا يەرۇ كۆككە ئىشەنگەندەك ئىشىنىدىكەن. ئۇ، تۇلپىرىغا پەقەت ئوۋغا چىققان، ئۇزۇن سەپەرگە ئاتلانغان چاغلىرىدىلا مىنىدىكەن. كۈنلەردىن بىر كۈنى شىكاردىن قايتقان پادىشاھ ئارغىمىقىدىن رازى بولۇپ ئەلچىسىر ناۋائىغا ماختىنىپتۇ:

— ئالەمدە بىزنىڭ ئارغىماقتەك ئۇچقۇر ئات بولمىسا كېرەك؟ بۇ تۇلپارنىڭ قايسى نەسلىدىن ئىكەنلىكىنى بىلەمسەن؟

— سىيىر نەسلىدىن، تەقسىر، — دەپ جاۋاب بېرىپتۇ ئەلچىسىر نەۋائىي.

— نېمە بالا، كاللىڭىز جايىدىمۇ، شۇنداق تۇلپار سىيىرغا ئوخشامدىكەن؟ قايسى زاماندا سىيىر نەسلىدىن ئات تۇغۇلۇپتىكەن، ئەي ۋەزىر نادان، — دەپتۇ جەھلى قاتقان پادىشاھ.

ئەلچىسىر نەۋائىي قىلچە پەرۋا قىلماي:

— تەقسىر، ئاخىرىنى دېگۈچە سەۋر قىلىڭ، مەسىلە تېخى تېگىگىچە ئېچىلغىنى يوق. سىيىر نەسلىدىن تۇلپار تۇغۇلامدۇ،

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

يوقمۇ، بۇنى بىلىش ئۈچۈن مۇشۇ ئاتنى بېقىپ چوڭ قىلغان ئات باقارنىڭىزنى چاقىرتسىڭىز، — دەپتۇ.

ھۈسەيىن مىرزا شۇ زامانلا بۇيرۇق بىلەن ئات باقارنى كەلتۈرۈپتۇ.

— بۇ تۇلپارنىڭ نەسلى ساپمۇ؟ — دەپ سوراپتۇ ئات باقاردىن.

— ئالەم پاناھ، بىر قوشۇق قېنىمدىن كەچسىڭىز، مەن بىر كەمبەغەل ئادەممەن، غەزەپلىنىپ كېتىپ، بالا چاقامنىڭ ئۇۋالىغا قالمىغايلا، خۇدا خەيرىڭىزنى بەرسۇن، ھىممىتىڭىزنى ئايىماڭ، سىزگە بىر گەپنى دەپ بېرەي، — دەپ يالۋۇرۇپتۇ ئات باقار.

— خوپ كەچتىم، ئېيتىۋەر، — دەپتۇ ھۈسەيىن مىرزا.

— تۇلپىرىڭىزنىڭ نەسلى سېيىرنىڭ نەسلىدىن، تەقسىر، — دەپ گەپ باشلاپتۇ، ئات باقار — بايتاللىرىڭىزدىن بىرى مۇشۇ قۇلۇننى تۇغدى ـ دە، ئۆمرى قىسقا ئىكەن، ئۆلۈپ قالدى. قانداق قىلىشىمنى بىلمەي قالدىم. شۇ كۈنى ئېغىلدا بىر نەسىللىك سىيىرمۇ تۇغقانىدى. بىچارە قۇلۇنغا رەھىم كېلىپ، شۇ سېيىرنى ئەمدۈردۈم. بۇ تۇلپارنىڭ ئىنىكئانىسى ئەسلىي شۇ سېيىر، تەقسىر.

پادىشاھ ئەجەبلەنگەنلىكىدىن ھاڭ ـ تاڭ بولۇپ، ياقىسىنى تۇتۇپ قاپتۇ ۋە ئەلشىر ناۋائىدىن سوراپتۇ:

— دوستۇم ئەلشىر، بۇ سىرنى سىز نەدىن بىلىۋالدىڭىز؟

— تەقسىر، سىز بىلەن تۇنۇگۈن ئوۋغا چىققاندا، پالانى يەردىكى سۇدىن ئۆتۈۋاتقىنىمىزدا قارىسام ئېتىڭىز كېچىكتىن ئۆتۈپلا خۇددى سېيىرلاردەك پۇتىنى كەينىگە قارىتىپ سىلكىتتى. مەن بۇنى شۇنىڭدىن قىياس قىلدىم، — دەپتۇ ئەلشىر ناۋائى.[1] »

(1) «بۇلاق» ژۇرنىلىنىڭ 1991 ـ يىللىق سانىدىن.

هادىسىدىن ماھىيەتنى كۆرۈۋېلىش دېگەن مانا شۇ. بىلىش كېرەككى، ئالەمدىكى نۇرغۇن ماھىيەت ھادىسە ئارقىلىق زاھىر بولىدۇ. چۈنكى، ماھىيەت كونكرېت شەيئىنىڭ ئىچىگە يوشۇرۇنغان بولىدۇ. دۇنيادا يەككە - يېگانە ماھىيەت، يەككە - يېگانە ھادىسە يوق، ماھىيەتنىڭ كونكرېت ئاشكارىلىنىغۇچىسى — ھادىسە. يۇقىرىقى ھېكايىدە ئەكس ئەتتۈرۈلگەن ھادىسە بىزگە ناھايىتى مۇھىم بىر ماھىيەتلىك باغلىنىشنى ھېس قىلدۇردى. نەسلىنى تارتىش يالغۇز قانداشلىق ئارقىلىقلا بولمايدۇ، بەلكى بوۋاق ۋاقتىدا ئەمگەن سۈتمۇ قانداشلىقنى كەلتۈرۈپ چىقىرىدۇ. جەمئىيىتىمىزدە خېلى كۆپ ئاياللار بالىسى بۇ دۇنياغا كۆز ئېچىشى بىلەن بالىنى ئانا سۈتىدىن مەھرۇم قىلىۋاتىدۇ، كالا سۈتىدىن ئىنىكئانا ئورنىدا پايدىلىنىۋاتىدۇ. ئۇلار ئىلمىي قانۇنىيەتكە چۈشمىگەن باھانىلىرى، بىمەنە پەتىۋالىرى بىلەن ئەمدى دۇنياغا تۆرىلىپ ئانىنىڭ سۈتىگە تەشنا بولۇۋاتقان ئۇ بالا ئۈچۈن ئەڭ لازىملىق بولغان ئانا سۈتىدىن مەھرۇم قىلىپ، ھايۋان سۈتى بىلەن بېقىپ چوڭ قىلىۋاتىدۇ. بىز بىلەمدۇق ياكى خۇپسەنلىك قىلىۋاتامدۇق؟ ھايۋان دېگەن ھايۋان، ئادەم دېگەن ئەقىل - پاراسەتكە ئىگە ئالىي تەبىئەت، ھايۋان سامان يەيدۇ، ئادەم بولسا ئاشلىق يەيدۇ. سامان يېگەن ئەقىلسىز مەخلۇقنىڭ سۈتى بىلەن ئېسىل غىزالارنى يەيدىغان ئەقىل - پاراسەتلىك ئادەمنىڭ سۈتى ئوتتۇرىسىدا قانچىلىك زور پەرق بارلىقىنى چۈشەندۇرۇش كېتەمدۇ؟ ئەقىل - پاراسەتلىك، ئالىي تەبىئەتلىك ئادەمنىڭ سۈتى بىلەن ئەقىلسىز مەخلۇقنىڭ سۈتى قانداق ئوخشىسۇن؟ يۈسۈپ خاس ھاجىپ ئىنىكئانا بولغان ئادەم ئېرىغ، پاك، تەقۋادار، ياخشى تەبىئەتلىك بولسۇن، دېگەن تەلەپنى قويۇۋاتىدۇكى، ھەرگىزمۇ ئادەملا بولسا، تەربىيە كۆرمىگەن، پەزىلەتسىز، ناپاك ئايال بولسىمۇ بولىۋېرىدۇ، دېمەيۋاتىدۇ. ئۇنداق بولسا ھايۋاندىن قانداقمۇ پاكلىق، پەزىلەتلىك، ئەقىللىق بولۇش تەلىپىنى كۈتكىلى بولىدۇ.

www.uyghurkitap.com

ئىككىنچى، قەدىمدىن تارتىپ ئەمەل قىلىنىپ كېلىۋاتقان بىر ئەقىدە، ئانا بالىنى تولۇق ئىككى يىل ئېمىتىش تەلىپىدىن ئىبارەت. ئانىلارنىڭ ئۇلۇغلىنىشىنىڭ ئىككى مۇھىم ئاساسى بار. بىرى، ئۇلارنىڭ توققۇز ئاي توققۇز كۈن ئېغىر بوي بولۇپ بالىنى قورسىقىدا تەربىيىلىگەنلىكى ۋە تۇغۇتنىڭ ئاچچىق تولغىقىنى يەپ تۇغقانلىقى؛ يەنە بىرى، ئۇلار شېرىن ئۇيقۇدىن ئويغىنىپ ئۆزىنىڭ باغرىدىن بالىسىغا ئابىھايات بەرگەنلىكى. شۇڭا ئانىنىڭ بالىغا بولغان مېھىر - مۇھەببىتى ئاتىنىڭكىدىن يۇقىرى بولىدۇ. چۈنكى بالا ئانىنىڭ قارنىنى يېرىپ چىقىدۇ ۋە ئانىنىڭ باغرىدىن ئوزۇقلىنىدۇ. ئانىلارنىڭ بالىلارنى ئۆز سۈتى بىلەن ئوزۇقلاندۇرۇشى بالىنىڭ ساغلام ئۆسۈپ يېتىلىشكە پايدىلىق. ئانا سۈتىنىڭ ئوزۇقلۇق قىممىتى ناھايىتى يۇقىرى بولۇپ، بوۋاقلارغا نىسبەتەن ئانا سۈتىنىڭ ئورنىنى ھەرقانداق يېمەكلىك تولدۇرالمايدۇ. ئانا سۈتىنىڭ ھەزىم قىلىنىشى ۋە بەدەنگە سۈمۈرۈلۈشى ناھايىتى ئوڭاي، ئۇ بالىنىڭ ئوزۇقلىنىش ئېھتىياجىنى ناھايىتى ياخشى كاپالەتلەندۈرەلەيدۇ. ئانا سۈتىدە يەنە ئىممۇنىتتلىق ماددىلار مول بولۇپ، بالىنىڭ ساغلام ئۆسۈپ يېتىلىشىنى كاپالەتلەندۈرىدۇ. ئانا سۈتى مىكروبسىز، تېمپېراتۇرىسى مۇۋاپىق، ئېمىتىش قۇلايلىق بولۇشتەك ئەۋزەللىككە ئىگە. بۇلار بالىنىڭ ئەقلىي ۋە جىسمانىي تەرەققىياتىنى ئىلگىرى سۈرىدىغان مۇھىم ئامىللاردۇر.

ئانىلارنىڭ بالىلىرىنى ئېمىتىشى بالىنىڭ ساغلام ئۆسۈپ يېتىلىشىگە پايدىلىق بولۇپ قالماستىن، بەلكى ئانىلارنىڭ سالامەتلىكى ئۈچۈنمۇ پايدىلىق. ئانىلار تۇغۇتتىن كېيىن بالىسىنى ئىزچىل ئېمىتكەندە، ئانىنىڭ بالىياتقۇسىنىڭ قىسقىرىشىنى كۈچەيتىپ، بالا ھەمراھىنىڭ تېزرەك ئاجرىلىپ چىقىشىنى تېزلىتىشكە پايدىلىق. شۇنىڭ بىلەن بىرگە، بالىياتقۇنىڭ تۇغۇتتىن كېيىنكى قاناشنى ئازايتقىلى، ئانىنىڭ سالامەتلىكىنى قوغدىغىلى بولىدۇ. يەنە بىر پايدىسى شۇكى، ئانا سۈتىنى ئېمىتكەندە توخۇمىنىڭ ئاجرىلىپ

چىقىشىنى تورمۇزلاپ، ھەيزىنىڭ قايتا كېلىشىنى كېچىكتۈرىدۇ. بۇنىڭ بىلەن قەرەلسىز ھامىلىدار بولۇشتىن ساقلانغىلى بولىدۇ. ھازىرقى ئىلىم - پەن نەتىجىلىرى شۇنى ئىسپاتلىدىكى، ئەمچەك راكى، تۇخۇمدان راكىنىڭ يوز بېرىش نىسبىتى بالا ئېمىتكەن ئانىلارغا قارىغاندا، بالا ئېمىتمىگەن ئانىلاردا يۇقىرى بولىدىكەن. بالا ئېمىتىش ئانىلارنىڭ ماددا ئالماشتۇرۇش، قانىنىڭ ئايلىنىشىنى تېزلىتىش، ئىشتىھانى ئېچىش قاتارلىق جەھەتلەردىمۇ رولى ناھايىتى يۇقىرى.

يۇسۇپ خاس ھاجىپنىڭ پەرزەنتلەرنى ئاتا - ئانىلارنىڭ ئۆز قولى بىلەن تەربىيىلەش تەلىپىنىڭ ئارقىسىدا دىنىي ئەقىدىمۇ مۇھىم تۈرتكىلىك رول ئوينىغان. «قۇرئان كەرىم» دە ئانىلارغا بۇيرۇلغان مۇنداق ئايەت بار: «ئانىلار (بالىلارنى ئېمىتىش مۇددىتىدە) تولۇق ئېمىتمەكچى بولسا، تولۇق ئىككى يىل ئېمىتىشى لازىم. ئاتىلار ئانىلارنى قائىدە بويىچە يېمەك - ئىچمەك ۋە كىيىم - كېچەك بىلەن تەمىنلەپ تۇرۇشى كېرەك» (سۈرە بەقەرە 233 - ئايەت). يۇقىرىقى ئايەتتىن دەۋەت قىلىنغان مەزمۇن ئىككى مەنىنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. بىرى، بالىلارنى ئانا سۈتىدىن مەھرۇم قىلماسلىق، يەنە بىرى، ئانىلار بالىسىنى ئۆز قولى بىلەن بېقىش تەلىپىدىن ئىبارەت.

يەنە بىر تەرەپتىن قارىغاندا، بالا بىلەن ئانا ئوتتۇرىسىدىكى ئېمىتىش، ئېمىش مۇناسىۋىتى پەقەت ئوزۇقلۇق بىلەن تەمىنلەش، تەمىنلىنىش مۇناسىۋىتىلا ئەمەس، بەلكى ئۇ يەنە ئانا - بالا ئوتتۇرىسىدىكى مېھىر - مۇھەببەتنى چوڭقۇرلىتىدىغان مۇھىم ھېسسىيات ئالماشتۇرۇش ۋاستىسى. بالىنى ئېمىتكەن ئانىلارنىڭ بالىغا بولغان مېھىر - مۇھەببىتى بىلەن بالا ئېمىتمىگەن ئانىلارنىڭ مېھىر - مۇھەببىتىدە روشەن پەرق بولىدۇ. بالىلارنىڭمۇ ئانىغا بولغان مېھرى - مۇھەببىتى ئاشىدۇ. بۇ ئارقىلىق مېھرىبانلىق، مۇھەببەت ئارقىلىق مېھرىبانلىقنى يېتىلدۈرۈشنىڭ دەسلەپكى ئاسا-

سىنى سىلىش مۇمكىن.

ئەمدى ئائىلىق مەسئۇلىيەت ۋە مەجبۇرىيەت نۇقتىسىدىن قارى-غاندىمۇ، ئاياللارنىڭ پەرزەنتلىرىنى ئېمىتىش ھوقۇقىدىن مەھرۇم قىلىشقا ھەققى يوق، سىلەردىكى شۇ كۆكرەك نېمە ئۈچۈن پەيدا بولغان، ئۇنى تومپايتىپ كىشىلەرگە كۆز- كۆز قىلىش ئۈچۈنمۇ. سىلەرگە ئاتا قىلىنغان كۆكرەك ھەم ئاياللىق گۈزەللىكىنىڭ بىر نامايەندىسى، ھەم ئاياللىق سۈپىتىنىڭ بەلگىسى. ئەڭ مۇھىمى ئۇ بالىلارنىڭ ئىككى ياشقىچە ئوزۇق ئالىدىغان مۇقەددەس بۇلىقى. ئۇ، بۇلاق ئەنە شۇ بالىلار ئۈچۈن يارىتىلغان. ئۇ، بالا بوقۇلدۇتۇپ ئېمىتىۋاتقان ۋاقىتتىلا شۇنچىلىك ئۇلۇغۋار ۋە قىممەتلىك ھەم گۈ-زەل. ئەگەر ئۇ، بالىنى ئېمىتىش مەجبۇرىيىتىدىن مەھرۇم قىلىن-سا كېرەكسىز بىر بەز.

ئى ئانىلار، سىلەر ئانىلارنىڭ ئۇلۇغلىنىشىنىڭ، مۇقەددەسلى-كىنىڭ سەۋەبى ئاق سۈتۈڭلار بىلەن بالىلىرىڭلارنىڭ بەختىنىڭ ئاق بولۇشىغا كاپالەتلىك قىلىشتا. سىلەر ئۆزۈڭلارنىڭ رۇخسارىڭلارنى ساقلاپ قېلىشتىن ئىبارەت خام تەمە بىلەن دۇنياغا ئەمدى كۆز ئــاچقان ئوماق ئىزباسارنى ئۆز بەختىدىن مەھرۇم قىلىشنى راۋا كۆرگەن ۋاقىتىڭلاردا، رۇخسارىڭلارنىڭ پەقەت بىر مەزگىللىك ئۆت-كۈنچى جىلۋە ئىكەنلىكىنى، ئۇنىڭ بەرىبىر سۇلىشىدىغانلىقىنى يادىڭلاردىن چىقاردىڭلارمۇ. ھەرقانچە ئۇپات ئەڭلىك بىلەن ئۆزۈڭلا-رنى پەرداز قىلغىنىڭلار بىلەن، كۈنلەرنىڭ ئۆتۈشى بىلەن قورۇپ قاقشال بولۇپ قالىدىغان قورايدەك بولۇپ قالىدىغانلىقىڭلارنى، تەبى-ئىي قانۇنىيەتنى ئۆزگەرتكىلى بولمايدىغانلىقىنى ئۇنتۇپ قالغانلى-قىڭلار نېمىسى. ئەگەر پەرزەنت يارامسىز، پاراسەتسىز يېتىلسە، سىلەرنى نەچچە ئون يىل بۇرۇن گۆرىستانلىققا ئاپىرىشقا يارايدۇ. پەرزەنت دېگەن مىللەتنىڭ ئۈمىدى، ئەلنىڭ كەلگۈسىدىكى تايانچى، ئۇنىڭ ئەقلىي، جىسمانىي قابىلىيىتىنى ساغلام ئۆستۈرۈش خەلق-نىڭ سىلەرگە تاپشۇرغان ئامانىتى. بۇ مۇقەددەس ئامانەتكە خىيانەت

قىلىپ نىمىگە ئېرىشمەكچى. پەرزەنتىڭلارنىڭ ئەقىلسىز، بىغەرەز-لىك بالاسى بىلەن خەلققە ئاپەت بولۇشتىن ئىبارەت گۇناھىنى ئۇس-تۈڭلارغا ئېلىشنى خالامسىلەر. خەلقنىڭ ناخشىلىرىدىكى «ئانىلار-نىڭ سۈت ھەققىنى ئادا قىلىش» دېگەن مەدھىيىلەر ئەمدى سىلەرگە مۇناسىپ كەلمەمدۇ. سىلەر پەرزەنتىڭلارغا «ئەل ئۈچۈن ياشىمى-سالىڭ، ھەققانىيەت يولىدا پىداكار بولمىسالىڭ ئېمىتكەن سۈتۈمگە رازى ئەمەس» دېگەن ئۇلۇغ ئانىلىق نەسىھەتنى قىلىش ئىقتىدارىڭلا-رىدىن ئۆزۈڭلارنى نېمە ئۈچۈن مەھرۇم قىلىسىلەر. ئەگەر سىلەر بالىغا بېرىشكە تېگىشلىك ھەققىنى بەرمىسەڭلار، ئۇ بالا سىلەرگە قەرزدار ئەمەس.

يۇسۇپ خاس ھاجىپنىڭ تەۋسىيىسىنىڭ يەنە بىر مەنىسى، ئەگەر زۆرۈرىيەت بالا باققۇچى تورغۇزۇشنى تەقەززا قىلسا، تەربىيە-لىگۈچى، چوقۇم پاك، ئەخلاقلىق، ياخشى مىجەزلىك، كۆيۈم-چان، تەجرىبىلىك بولۇشى تەلەپ قىلىنىدۇ. ھازىر بالا باققۇچىلىق-قا ياللانغان تورغۇن قىزلار تېخى باشلانغۇچ ساۋاتىمۇ تولۇق چىقمى-غان بالىلار. ئۇلار پەقەت بالىغا ھەمراھ بولۇش، يىغلاتماسلىققىلا يارايدۇ. بالىغا مەقسەتلىك، نىشانلىق، ئاڭلىق يوسۇندا بىر نەرسى-لەرنى ئۆگىتىپ، ئۇلارنىڭ ئەقىل بۇلىقىنى ئېچىش قولىدىن كەل-مەيدۇ. يەنە بىر تەرەپتىن، ئۇلار ئۆزىدە ناھايىتى ناچار، يامان ئادەتلەرنى يېتىلدۈرۈۋالغان بولۇپ، ئەخلاقىي پەزىلىتىمۇ ياخشى ئەمەس. ئۇلارنىڭ بۇ خىل يامان ئادەتلىرى كۆنىپىرى بالىلارغا تەسىر كۆرسىتىپ، بالىدا نورمال بولمىغان كەيپىياتلارنىڭ، ئەخ-لاقسىزلىقلارنىڭ تۇغۇلۇشىغا سەۋەبچى بولۇۋاتىدۇ. مەن بىلىدىغان يېقىن تۇغقىنىمنىڭ ئوغلىنى گاراڭ، تۇتامى يوق، پاراسەتسىز بىر گۆدەك قىزغا باقتۇرغان ئىدى. ئۇ قىز پەقەت ئۇ بالىنىڭ يىغلىماس-لىقىغىلا كاپالەتلىك قىلسىلا بولاتتى. بۇنىڭ بەدىلىگە بالىنىڭ ھەر خىل يولسىز تەلەپلىرىنىمۇ ئورۇنلاپ بېرىدۇ. بالىنى قورقۇتىدۇ. ھەتتا بەزىدە بالىغا بېرىشكە بولمايدۇ دېگەن يېمەكلىكلەرنى بېرىپ

www.uyghurkitap.com

قويۇپ كېسەل قىلىپ قويىدۇ. ئۇ بالا شۇنداق بىغەرەز، ئاغزى يامان، قىلىقسىز، جاھىل، كاج مىجەز بولۇپ ئۆستىكى، ئاتا-ئانىسىنى نۇرغۇن سورۇنلاردا يەرگە قاراتتى. تىلىمۇ كېچىكىپ چىقتى، ئوقۇمىمۇ تۆۋەن. يەنە بىر تۇغقاننىڭ بىر نەۋرىسى بار، ئۇ تولىمۇ ئىنجىمارۇق، ئاجىز. ئەسلىي ئۇلارنىڭ ئائىلىسىنى چوڭ كاپىتال دەپ قارىساق بولىدۇ. ئۇلار بالىسى ئۈچۈن نۇرغۇن ئويۇنچۇقلارنى ئېلىپ بەرگەن، نېمە دېسە شۇنى قىلىپ بەرگەن بولسىمۇ، ئۇ بالا دېگەندەك ساغلام ئۆسمىدى. بالا باققۇچى ئۇ بالىنىڭ يىقىلىپ چۈشمەسلىكىگىلا مەسئۇل. ئۇلار بالىنىڭ بىرەر قېتىم يىقىلىپ كېتىشىگە پۇرسەتمۇ بەرمەيدۇ. بىر قېتىم ئېھتىياتسىزلىقتىن ئۇ بالا قاتتىقراق يىقىلىپ چۈشكەن ئىكەن. شۇ سەۋەبلىك شۇ ئائىلە بۇزۇلۇپ كەتكىلى تاس قالدى. بۇنى ئۇلار بالىغا ھەقىقىي كۆيۈنۈش دەپ بىلىدۇ، ئەمەلىيەتتە مەن بۇنى ھەقىقىي مەنىدىكى كۆيۈنۈش دەپ قارىمايمەن. بۇنداق مىساللار ناھايىتى كۆپ. بىراق نۇرغۇن كىشىلەر بەزى ئىنچىكە نۇقتىلارغا تازا ئېتىبار بېرىپ كەتمەيدۇ، شۇ سەۋەبلىك كېلىپ چىقىدىغان پەرقنى ۋە ئۇ بالىنىڭ كېيىنكى ئىستىقبالىغا كۆرسىتىدىغان تەسىرىنى ھېس قىلمايدۇ. ئادەتتە بالىلىق دەۋرىدە سېلىنغان ئادەتتىكى كىچىككىنە پەرقمۇ كېيىنكى زور پەرقنى كەلتۈرۈپ چىقىرىشقا ئاساس بولىدۇ.

خىزمەت ۋە تۇرمۇشنىڭ بېسىمى ھەرقانچە ئېغىر بولسىمۇ، ئاتا-ئانىلار بالىلىرى بىلەن بىرگە بولىدىغان ۋاقىتقا ئەستايىدىل مۇئامىلە قىلىشى كېرەك. خىزمەت دېگەن سەككىز سائەت، بىر كۈن دېگەن 24 سائەت. 16 سائەت ۋاقىتنىڭ ئۈچ-تۆت سائىتىنى بالىلار بىلەن قەلب ئالماشتۇرۇش، ئۇلار بىلەن سۆزلىشىش، مەقسەتلىك، نىشانلىق ئۇلارغا تەسىر كۆرسىتىش، ياخشى ئىشلارغا ئادەتلەندۇرۇش ئۈچۈن سەرپ قىلىسىمۇ پۇرسەتنى قولدىن بېرىپ قويغانلىق ھېسابلانمايدۇ. ھېچبولمىغاندا ئائىلىدە ئۇرۇش-جېدەل قىلىپ، يامان گەپ سۆزلەرنى قىلىشىپ،

ياسىنىپ، تارىنىپ بالىغا يامان تەسىر بەرمەسلىكىنىڭ ئۆزىمۇ مۇھىم
ئەقەللىي تەلەپلەرىنىڭ بىرى. بەزى ئاتا- ئانىلار مۇشۇنچىلىك ئىشلا-
رىنىڭمۇ ھۆددىسىدىن چىقالمايدۇ. ئۇلارنىڭ ئورغۇن ۋاقتى سىرتتا
ئۆتىدۇ، بالىسى ئۇخلاپ قالغاندا قايتىدۇ، ئويغىنىش بۇرۇن ئىشقا
كېتىدۇ. ئۆيىدە بولغان چاغلىرىدا تېلېۋىزور كۆرۈش بىلەن ۋاقتى-
نى ئۆتكۈزىدۇ. مانا بۇ بىزنىڭ بەزى ئاتا- ئانىلىرىمىزنىڭ پەرزەنتى-
گە كۆرسىتىۋاتقان ئۈلگىلىرى. ئاخىرىدا ئۇلار بالىسىنىڭ يارامسىز
بولۇپ قالغانلىقىنى ئۆزىدىن كۆرمەي، زاماندىن ۋە مۇئەللىملە-
رىدىن ئاغرىنىدۇ.

# بەشىنچى باب

## مېھرىبانلىق ئارقىلىق مېھرىبانلىقنى، ۋاپادارلىق ئارقىلىق ۋاپادارلىقنى يېتىلدۈرۈش

مېھرىبانلىق بىلەن ۋاپادارلىق ئادەمنىڭ مىجەز ـ خاراكتېرىنى سىنايدىغان مۇھىم پەزىلەت تەلىپىدىن بىرى. ئۇيغۇر خەلقى قەدىمدىن تارتىپ پەرزەنتلەرنىڭ مېھرىبانلىق ۋە ۋاپادارلىق تەربىيىسىگە ئىنتايىن كۆڭۈل بۆلگەن. كىشىلەر ئارىسىدا مېھرىبان، ۋاپادار ئادەملەر ساداقەتمەن، مەرد ئادەملەردۇر. مېھىرسىز، ياۋۇز، ۋاپاسىز ئادەملەر ئادەملەرنىڭ ئەڭ ئەسكىسى ۋە ئەڭ پەسكەشىدۇر. شۇڭا كونىلار «ۋاپاسىز ئادەمدىن ۋاپادار ئىت ياخشى» دەپ بىكار ئېيتىشمىغان.

ئىسلام ئەقىدىسى بويىچە قارىغاندىمۇ مېھرىبانلىق ۋە ۋاپادارلىق مۇسۇلمانلارنىڭ ئىمانىنى سىنايدىغان مۇھىم ئۆلچەملەردىن بىرى ھېسابلىنىدۇ. شۇڭا مۇسۇلمان ئائىلىلەر پەرزەنت تەربىيىسىدە بالىلارنىڭ قەلبىنى ئىمان نۇرى بىلەن نۇرلاندۇرۇشقا تىرىشىپلا قالماي، بەلكى ۋاپادارلىق ۋە مېھرىبانلىقنى ئۆگىتىپ، ئىمانىنى مۇستەھكەملەشكە ھەممىدىن كۆپرەك كۆڭۈل بۆلىدۇ.

ئىسلام ئەقىدىسىدە مېھرىبانلىق ئۇلۇغ سۈپەتلەرنىڭ بىرى. ئاللانىڭ ئىسىملىرى ئىچىدىكى «شەپقەتلىك، مېھرىبان» دېگەن ئىككى ئىسىم ئەڭ شەرەپلىك ئىسىملاردۇر. چۈنكى بۇ ئىككى ئىسىم «ئاللا» دېگەن ئۇلۇغ نامدىن قالسىلا ئەڭ كاتتا ئىسىملار

(سۈپەتلەر) بولۇپ ھېسابلىنىدۇ. شۇڭا بىز ھەرقانداق بىر ئىشنى قىلماقچى بولساق «ناھايىتى شەپقەتلىك ۋە مېھرىبان ئاللانىڭ ئىسمى بىلەن باشلايمەن» دېگەن مۇبارەك ھۆرمەت ۋە ئىلتىجا بىلەن باشلايمىز. ئىنسانلارنىڭ ھەممىسى ئاللانىڭ شەپقىتىگە موھتاج، ئاللانىڭ شەپقىتى ۋە مېھرىبانلىقى سايىسىدا تىنچ. خاتىرجەم ياشىيالايدۇ. ئاللا ھەم پۈتۈن ئىنسانلارنى شەپقەتلىك، مېھرىبان بولۇشقا دەۋەت قىلىدۇ، ياۋۇز، رەھىمسىز بولۇشتىن قاتتىق چەكلەيدۇ. شۇڭىمۇ ئىسلام ئەقىدىسىدە «شەپقەت قىلمايدىغان ئادەمگە ئاللامۇ شەپقەت قىلمايدۇ، ئۆزئارا بىر - بىرىگە مېھرىبان بولغان ئادەمگە ئاللامۇ مېھرىبان بولىدۇ» دېگەن قائىدىگە ئەمەل قىلىش بۇيرۇلغان.

ئىنسانىيەت تارىخىدا مېھرىبانلىقنى ئىنسانىي خىسلەتلەرنىڭ ئەڭ چىرايلىقى دەپ قارىساق، ياۋۇزلۇقنى ئىنسان تەبىئىتىدىكى ئەڭ بەتبەشىرە خۇلق دەپ قاراشقا بولىدۇ. دۇنيادا تۆكۈلگەن مىليون، مىليون بىگۇناھ قانلار مانا شۇ شەپقەتسىز ياۋۇز كىشىلەرنىڭ قىلىچىدىن تامدى، يەنە نۇرغۇن ياۋۇز جانلارنى تېنىدىن جۇدا قىلغان ئادالەت قىلىچلىرى شەپقەت ۋە مېھرىبانلىق نۇرىدىن يالتىرىدى. ئەگەر ئىنسانلارئارىسىدا شەپقەت ۋە مېھرىبانلىقتىن ئىبارەت شولا بىر - بىرىگە نۇر بەرمەيدىغان بولسا، ئىنسانلار بىر - بىرىنى تىرىك تۇرغۇزۇپ يېگەن بولاتتى. مانا شۇ شەپقەت ۋە مېھرىبانلىقتىن ئىبارەت ئۇلۇغ نېمەت خاسىيىتىدىن كىشىلەر ۋە بىر- بىرىگە مېھىر بىلەن باقىدىغان كۆز، بىر- بىرىدىن سۆيۈنىدىغان، ھاياجانلىنىدىغان، ئىچ ئاغرىتىدىغان قەلبىنى ئاتا قىلغان. شەپقەت، مېھرىبانلىقتىن ئەسەر يوق ئادەمنىڭ ۋۇجۇدىنى تۆمۈر - تەسەككە، چالما - كېسەككە ئوخشىتىشقا بولىدۇ. ئىنسان تەبىئىتى ئەسلى ئۇنىڭ ئۇنداق ھېسسىياتسىز، مېھىرسىز، ياۋۇزلۇق ئەمەس بەلكى كۆيۈنۈش، ئىچ ئاغرىتىش، ياۋۇزلۇقتىن نەپرەتلىنىش، مېھرىبانلىقتىن سۆيۈنۈش ئۇرغۇپ تۇرىدىغان بىر قەلبتۇر. چۈنكى ئۇ

ئادەم، مۇسۇلمان ئىچ ئاغرىتىش، مىسكىنلەرگە كۆيۈنۈش، ھاجەتمەنلەرگە ياردەم قولىنى سۇنۇش، باشقىلارغا ناھەق ئازار بەرمەسلىك، ئۆزىنى دەپ باشقىلارنىڭ جېنىنى قاقشاتماسلىق، ئاجىزلارنىڭ جېنىنى قاقشىتىۋاتقان ياۋۇز كۈچلەرگە قەتئىي قارشى تۇرۇش ئارقىلىق جەمئىيەتتە خاتىرجەملىك، ئاسايىشلىق، مېھىر- شەپقەتلىك مۇھىت ھازىرلىنىدۇ. بۇ خىل مېھرىبانلىق ئادەملەرنىڭ ئادەملەرگە بولغان مېھرىبانلىقى ئارقىلىقلا ئىپادىلىنىپ قالماستىن، بەلكى بارلىق جان - جانىۋارلارغا، ھەتتا دۈشمەنلەرگىمۇ شەپقەت قىلىش ئارقىلىق ئىپادىلىنىدۇ. تەبرانى رىۋايەت قىلغان بىر ھەدىستە، رەسۇلىللاھ ساھابىلەرگە: «بىر- بىرىڭلارغا مېھرىبان بولمىغۇچە ئىمان ئېيتقان بولمايسىلەر» دېۋىدى. ساھابىلەر: «بىز ھەممىمىز بىر- بىرىمىزگە مېھرىبان» دېدى. رەسۇلىللاھ: «ئۇ سىلەرنىڭ بىر - بىرىڭلارنىڭ ئۆز ھەمراھلىرىغا بولغان مېھرىبانلىقى ئەمەس، بەلكى ئۇ ئومۇمىي مېھرىبانلىقتۇر» دېدى. بۇ ھەدىستە كۆرسىتىلگەن مەنە ھەمراھلىرى، ئۇرۇق- تۇغقان، دوست- بۇرادەرلىرىگە شەپقەت قىلىشلا ئەمەس، بەلكى شەپقەت قىلىش لازىم بولغان بارلىق ئادەم ۋە ھايۋانلارغا ئىمكانقەدەر مېھرىبانلىق قىلىشنىڭ زۆرۈرلۈكىنى ئۇقتۇرىدۇ.

ئۆز دەۋرىدە ئائىلىدىكى تۇغقانلار ئوتتۇرىسىدىكى شەپقەت بىلەن شەپقەتسىزلىك، مېھرىبانلىق بىلەن ياۋۇزلۇققا ھابىل بىلەن قابىلنىڭ، يۇسۇپ بىلەن ئۇنىڭ بىر تۇغقانلىرىنىڭ بىر- بىرىگە تۇتقان مۇئامىلە ۋە مۇناسىۋەتلىرىدىكى ماھىيەتلىك پەرق ۋە بۇلارنىڭ ئاخىرەتلىك قىسمەتلىرىدىكى مۇكاپات ۋە جازالار ئارقىلىق مېھرىبانلىق ۋە ۋاپادارلىق تەربىيىسى بېرىلەتتى. ئادەم ئوغلى ھابىل قابىل تەرىپىدىن قەبىھلەرچە ئۆلتۈرۈلىدۇ. شۇنىڭ بىلەن قابىلنى يەر يۇتىدۇ ۋە مەڭگۈلۈك كۈلپەتكە قالىدۇ. ھابىل قېرىندىشى قابىلنىڭ تەھدىتىگە ئۇچرىغاندا، ئىپادىلىگەن پوزىتسىيىسىدە «ئەگەر سەن مېنى ئۆلتۈرۈشكە قولۇڭنى سوزىدىغان بولساڭ، مەن سېنى

ئۆلتۈرۈشكە قولۇمنى سوزمايمەن. مەن ھەقىقەتەن ئالەملەرنىڭ پەرۋەردىگارى ئاللادىن قورقىمەن. (سۈرە مائىدە 28 - ئايەت) دەيدۇ. بىرى يەنى قابىل ئاللانى ئۇنتۇدى. ئۇنىڭدىن شەپقەت ۋە مېھرىبانلىق كۆتۈرۈلۈپ كەتتى. ھابىل ئىماندا راستچىل بولغانلىقى ئۈچۈن ئاللانىڭ ئالدىدا شەرمەندە بولۇشتىن قورقۇپ، ئۆلۈشكە رازى بولدىكى، ۋاپادارلىقنى، شەپقەتنى تەرك ئېتىشتىن ھايا قىلدى. نەتىجىدە ئاللانىڭ شەپقىتىگە ئېرىشتى.

ھايۋانلارغا قىلىنغان مېھرىبانلىقنىڭ خاسىيىتىدىن بىر پاھىشە ئايال جەننەتكە ئېرىشىپ، ئاللانىڭ رەھمىتىگە ئېرىشكەنلىكى، بىر مۈشۈكنى باغلاپ قويۇپ ئۆلتۈرۈۋەتكەن رەھىمسىز ئايالغا دوزاخنىڭ دەرۋازىسىنىڭ ئېچىلغانلىقى توغرىسىدىكى مىسال ئىسلام دۇنياسىدا مەشھۇردۇر. شۇڭا، ئىسلام ئەقىدىسىدە ھايۋانلارغىمۇ مېھرىبانلىق قىلىش، كۆيۈنۈش، ئۇلارنىڭ ھالىدىن ياخشى خەۋەر ئېلىش، ئۇسسۇز قويماسلىق، ئاچ قويماسلىق، ئېغىر يۈك ئارتىپ قويماسلىق ھەققىدە نەسىھەت قىلىنىدۇ. شۇڭا، كىچىك ئۆسمۈر بالىلارمۇ قۇشلارنىڭ ئۇۋىسىنى چۇۋۇۋېتىپ بالىنى ئانىسىدىن ئايرىۋېتىپ ئانا قۇش بىلەن بالا قۇشقا ئۇۋال قىلسا يامان بولىدۇ، دەپ ئۇلارغا چېقىلمايدۇ. تارىخىي خاتىرىلەردە قەيت قىلىنىشىچە: ئەمر ئىبنى ئاس مىسىرنى ئىشغال قىلغان مەزگىلدە، ئۇنىڭ چېدىرى ئۈستىگە بىر كەپتەر ئۇۋا سالغانىكەن، ئەمر كۆچمەكچى بولغاندا ئۇۋىنى كۆرۈپ قېلىپ، ئەگەر ئۇ چېدىرنى چۇۋۇسا ئۇۋىنىڭ بۇزۇلۇپ كېتىشىدىن ئەنسىرەپ چېدىرنى چۇۋۇمىغان. كېيىنچە چېدىر ئەتراپىغا ئۆيلەر سېلىنىپ، بۇيەر «چېدىر كەنتى» دەپ ئاتىلىپ مېھرىبانلىقنىڭ بىر سىمۋولى بولۇپ قالغان. ئۆز دەۋرىدىكى بەزى خەلىپىلەر جىددىي ھاجەت بولمىسا ئاتنى قاتتىق چاپتۇرۇپ، ئۇنى قىيناشنى مەنئى قىلغان. يەنە يول قاراۋۇللىرىغا پەرمان چىقىرىپ، ئۇلاغلارغا ئېغىر يۈك ئارتىپ، تۆمۈر، ئۇچلۇق تاياقلارنى سانجىپ ھەيدەشكە يول قويۇلمىسۇن، تۆگىگە مىڭ رەتل (454 كىلوگرام) يۈك ئارتىدىغان تۆگىچىلەر، بۇنىڭدىن كېيىن 600 رەتل (274

www.uyghurkitap.com

كىلوگرام) دىن ئارتۇق مال ئارتىمىسۇن، دەپ ئەمر قىلغان.
مۇشۇنداق ھەر قاتلام، ھەر ساھە بويىچە مېھرىبانلىق ۋە شەپ-
قەت تەشەببۇسلىرى ئىماننى تېخىمۇ كۈچلەندۈرۈش رولىنى ئوينى-
غان. مېھرىبانلىقنىڭ كۈچىيىشى ۋە تەرەققىي قىلىشى ئىنسانلاردا
ئـادالەت ۋە ھەققانىيلىق تۇيغۇسىنى ئاشۇرىدىغان، قەبىھلىككە،
ياۋۇزلۇققا قارشى قەتئىي تەۋرەنمەي كۈرەش قىلىدىغان يۈيۈك ئىرا-
دىنى ۋۇجۇدقا كەلتۈرىدۇ. مېھرى يوق ئادەمدە ئادالەت، ھەققانى-
يەت تۇيغۇسى بولمايدۇ، مېھرىبان ئادەم قەبىھ كۈچلەرنىڭ رەزىللى-
كى، شەپقەتسىزلىكىدىن غەزەپلىنىدۇ، ئاخىر مەسۇملارنىڭ زۇلۇم
تارتىۋاتقانلىقىدىن ئېچىنىدۇ ۋە ئۇلارنى زوراۋاننىڭ قولىدىن قۇتۇل-
ــدۇرۇپ، شەپقەت، مەرھەمەت قىلىشنى ھايات ئىقتىداسى دەپ
بىلىدۇ. شۇڭا. ئىمام غەززالى: «شەپقەتلىك، مېھرىبان» دېگەن
ئۇلۇغ سۈپەتلەرگە ئېرىشىلما بەرگەندىن كېيىن مۇنداق مەزمۇندا
گېپىنى خۇلاسىلىگەن: «بەندىنىڭ ‹شەپقەتلىك، مېھرىبان› دېگەن
ئىككى ئىسمىدىن ئالىدىغان مېۋىسى ئاللانىڭ غاپىل بەندىلەرگە
شــەپقەت قىلىپ، ئۇلارنى غەپلەت يولىدىن سىلىق - سىپايىلىق
بىلەن ۋەز - نەسىھەت قىلىپ ئاللاغا قايتۇرۇش، ئاسىيلارغا ئازاب
كۆزى بىلەن قارىماي، رەھمەت كۆزى بىلەن قاراش، ئالەمدە بولۇ-
ۋاتقان ھەم گۇناھنى ئۆزىنىڭ گۇناھىدەك كۆرۈپ، ئۇ گۇناھلارنى
يوقىتىش يولىدا كۈچىنىڭ بارىچە تىرىشچانلىقلارنى ئايىماسلىق،
ئـاسىيلارنى ئاللانىڭ غەزىپىگە ئۇچراپ كېتىشتىن ياكى رەھمەت
دەرگاھىدىن يىراقلاپ كېتىشتىن قۇتقۇزۇپ قېلىشتۇر. مانا بۇلار
شەپقەت ھېسابلىنىدۇ.»
يۈسۈپ خاس ھاجىپ كىچىككىدىن تارتىپ ئىماننىڭ شەپقەت،
مېھرىبانلىقتىن ئىبارەت ھەۋزى - كەۋسەر بىلەن ۋۇجۇد قەسرىگە
نۇر بېرىلگەنلىكى ئۈچۈن ئۇ شەپقەت، مېھرىبانلىقتىن ئۆز - ئۆزد-
نىڭ ئىمان بىلەن قوراللانغان خاراكتېرىنى نامايان قىلالىغانىدى.
يۈسۈپ خاس ھاجىپ زۇلۇمدىن، ئادالەتسىزلىكتىن جان تالى-
شىۋاتقان مەسۇمە بىچارىلەرگە شەپقەت قىلىش، ئۇلارنى زۇلۇمدىن،

خورلۇقتىن، موھتاجلىقتىن، نامراتلىق، ئاچ - يالىڭاچلىقتىن قۇتۇلدۇرۇش ئۈچۈن تەۋرەنمەي كۆرەش قىلىدۇ. ئۇ ئاجىزلارغا كۆيۈنىدۇ، ئۇلارغا ياردەم قولىنى سۇنىدۇ. يۈسۈپ خاس ھاجىپ زۇلۇمغا ئۇچرىغانلارغا بىر توغرام نان بېرىش، ئىككى يارماق سەدىقە قىلىش بىلەن ئۇلارغا بولغان مېھرىبانلىقنى ئادا قىلىپ بولالمايدىغانلىقىنى، بەلكى ئەلدىن زۇلۇمنى كۆتۈرگەندە، زۇلۇم تىغلىرىنى پاچاقلىغاندا، ئەلدە ئادالەت ئورناتقاندىلا، ئاندىن ئۇلارغا ھەقىقىي خەير - ساخاۋەت قىلغانلىق، مېھرىبانلىق قىلغانلىق بولىدىغانلىقىنى چۈشىنىپ يېتىدۇ. شۇڭا ئۇ ئادالەت، باراۋەرلىك، توغرا، ھەققانىي قانۇن بايرىقىنى كۆتۈرۈپ چىقىپ زۇلۇمدىن ئىڭراۋاتقان جانلارغا شەپقەت قىلىش ئەڭ كاتتا ساۋابلىق ئىش ئىكەنلىكىگە ئىشىنىدۇ. يۈسۈپ خاس ھاجىپ خۇددى ناۋائى ئېيتقاندەك: ئۆزىگە قىلىنغان زۇلۇمدىن بىر قېتىم نالە - پەرياد قىلسا، ئەلگە قىلىنغان زۇلۇمدىن مىڭ قەترە پەرياد چېكىدۇ. يۈسۈپ خاس ھاجىپ زوراۋان بەگلەرگە شەپقەتلىك، مېھرىبان بولۇش ھەققىدە نەسىھەتلەر قىلىدۇ، ئۇلارنى ئادالەتكە، ھەققانىي بولۇشقا، بۇ ئارقىلىق ئۆزىنى مەڭگۈلۈك كۈلپەتتىن قۇتۇلدۇرۇشقا ئاگاھلاندۇرىدۇ. بۇ ئارقىلىق ئۇ زوراۋان ھۆكۈمرانلارغىمۇ مېھرىبانلىقنى ئايىمايدۇ. ئۇلارنىڭ مەڭگۈلۈك ئازاب - ئوقۇبەتكە، قۇتۇلغۇسىز خورلۇققا قېلىشىدىن ئەنسىرەيدۇ ۋە ئۇلارنى بۇنداق يامان ئاقىۋەتتىن قۇتۇلدۇرماق بولىدۇ. «خەلقنىڭ تۇرمۇشى ئېغىرلىشىپ كەتتى، تەشۋىش كۆپىيىپ كەتتى، مېھرىبانلىق، سۆيۈنۈش ئازلاپ، ھېرىسلىق، ياۋۇزلۇق ئەدەپ كەتتى. پېقىر، تۇل، يېتىملەرگە شەپقەتچى يوق، پۈتۈن جاھان ئۆزگىرىپ، بۇنداق ناھەقچىلىككە ئېچىنىدىغانلار قالمىدى،[1] «قېنى، كۆزى تويمىغان ئاچ، ياۋۇز بەگلەر، شۇكۇرنى قايرىپ قويۇپ، نۇرغۇن ئەللەرنى بۇلاپ - تالىغانلار، ئۇلار ئۇنىڭدىن ھېچقانداق مەنپەئەت ئالالمىدى. قېنى، باشقىلارنىڭ يېرىنى كۆزلە-

① «قۇتادغۇبىلىك»، 6486 - ، 6487 - بېيىتلارنىڭ مەزمۇنى.

www.uyghurkitap.com

گەنلەر، مانا ئەمدى غۇلاچ يەردە ئىگراپ ياتامدۇ. قېنى ئۇ مۇسۇلمانلارنىڭ قېنىنى ناھەق تۆككۈچى، ئۇنىڭ قانداق يەرگە كىرگەنلىكىنى، ئۇنىڭ شۇنچە ھەۋىسى، كۈچىنىڭ نەگە كەتكەنلىكىنى بىلمەسەن.»[1] زالىم، زوراۋان، شەپقەتسىز ھۆكۈمرانلارغا مۇنداق ئاگاھلاندۇرۇش بېرىدۇ: «خەلققە ئادىل، مېھرىبان بول. كۆيۈمچان بولۇپ خەلقنىڭ دەردىگە قۇلاق سال، ئۆزۈڭنى قۇتقۇزۇشقا تىرىشقىن. خەلققە شەپقەت قىلساڭ خۇدا ئەجرىڭگە خۇۋلۇق يولىنى ئاچىدۇ. يامانلىق قىلغان ئادەم ئۆزىگە قىلىدۇ. يامانلىقنىڭ جاۋابى يامانلىقتۇر. ئەگەر يامانلىق تىلىسەڭ نېمە قىلساڭ قىل، ئۇنىڭ ئازابى ئاخىر سېنىمۇ ئىگرىتىدۇ، بۇنى بىلىپ قوي.»

يۈسۈپ ئۇلۇغ تەڭرىدىن پۈتۈن مۆمىنلەرگە ۋە پۈتۈن ئىنسانلارغا مېھرىبان بولۇپ، شەپقەت قىلىشنى، ئۇلارنىڭ ئازغۇنلۇقتا ئۆتكۈزگەن گۇناھلىرىنى كەچۈرۈشنى تىلەيدۇ:

6512 كەچۈرگىن يەنە ھەممە مۆمىنلەرنى،
شەرقتىن غەربكە قەدەر ھەممىنى.

مانا بۇ مېھرىبانلىق، شەپقەت تەربىيىسىدىن تىكلەنگەن ئالىيجاناب خاراكتېر. ئۇ شۇنداق ئۇلۇغ خاراكتېرنىڭ ئىشتىراكى، ئۇنى ئىنسانىيەتنى بەخت ـ سائادەتكە يېتەكلەيدىغان، زۇلۇمنى چەكلەيدىغان شۇنداق كاتتا ئەسەرنى يېزىشقا ئۈندىگەن.

* * *

سۆيگۈدىن سۆيگۈ، مېھرىبانلىقتىن مېھرىبانلىق تۇغۇلىدۇ؛ نەپرەتتىن نەپرەت، ياۋۇزلۇقتىن ياۋۇزلۇق ئاپىرىدە بولىدۇ. سۆيگۈ

① «قۇتادغۇبىلىك» 6438 ـ، 6440 ـ بېيىتلارنىڭ مەزمۇنى.

ۋە مېھرىبانلىق ئارقىلىق بالىلاردا سۆيگۈنى، مېھرىبانلىقنى يېتىلدۈرۈش ئۇيغۇرلارنىڭ پەرزەنت تەربىيىسىدىكى ياخشى، ئۈلگىلىك ئەنئەنىلىرىدىن بىرى. بۇ خۇسۇستىمۇ ئۇيغۇرلارنىڭ تۇرمۇشىغا، پەرزەنت تەربىيىلەش ئەنئەنىسىگە تەسىر كۆرسەتكەن ئىسلام دىنىنىڭ نۇرغۇن ياخشى ئۈلگىلىرى بار.

رىۋايەت قىلىنىشىچە، بىر ئەرەبىي (تاغلىق، سەھرالىق دېگەن مەنىدە) پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ نەۋرىسى (پاتىمەنىڭ ھەزرىتى ئەلىدىن بولغان ئوغلى) ھەسەننى سۆيگەنلىكىنى كۆرۈپ: سىلەر كىچىك بالىلارنى سۆيىدىكەنسىلەر، بىز سۆيمەيمىز» دېگەنىدى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۇنىڭغا: «ئاللا سېنىڭ قەلبىڭدىن مېھرىبانلىقنى كۆتۈرۈۋەتكەن تۇرسا، مەن ئۇنى سېنىڭ دىلىڭغا سالالامتىم» دېگەن. ئاتا - ئانىنىڭ پەرزەنتلىرىگە بولغان مېھرىبانلىقى ئىنسانلاردىلا ئەمەس، بەلكى ھايۋانلاردىمۇ بولىدۇ. ھايۋانلاردا ئاڭسىز بولسا، ئادەمدە ئاڭلىق بولىدۇ. ئىنسان ئىنساننى سۆيىدۇ، سۆيگۈ، مېھرىبانلىق بۇ دۇنيانىڭ كۆركى، تولۇق مەنىسى. ئاتا - ئانا شۇ سۆيگۈ ئۈچۈن پۈتۈن ھاياتىنى تەسەددۇق قىلىپ پەرزەنتلەر ئۈچۈن ياشايدۇ، پەرزەنتلىرى ئۈچۈن كۆيىدۇ، ئۇلارنىڭ پۈتۈن ئارزۇ - ئارمانلىرى پەرزەنتلەرنىڭ بەختى ئۈستىگە قويۇلىدۇ، ئۇلارنىڭ چۈشىمۇ، ئويىمۇ پەرزەنتلىرى ئۈچۈن ئىستىقبال مەنزىلىنى ئىزدەش بولىدۇ. ھايات دېگەن مانا شۇنداق. پۈتۈن ھايۋان ۋە قۇشلار دۇنياسى بالىلىرى ئۈچۈن شۇنچىلىك مېھرىبانلىق قىلىدۇ، پەرق شۇكى، ھايۋان ۋە قۇشلار ئۇ بىر خىل مەۋجۇدىيەت، بىراق ئىنسان مېھرىبانلىقىنىڭ، سۆيگۈسىنىڭ ئەسلىي كۆركى ۋە مەنىسى. چۈنكى، ئادەم ئاڭلىق بولغانلىقى ئۈچۈن، ئۇنىڭ سۆيگۈسى، مېھرىبانلىقى پۈتكۈل تەبىئەتكە جان، جەمئىيەتكە ھۇزۇر - ھالاۋەت بەخش ئېتىدۇ.

ئەل ئارىسىدا پادىچىلار مېھرىبان كېلىدۇ، دېگەن بىر ئەقىدە بار. مېنىڭچە، بۇ تۇرمۇش ئەمەلىيىتى ئارقىلىق چىقىرىلغان خۇلا-

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

سە. تارىخىي رىۋايەتلەردىن قارىغاندا، ئىنسانىيەت تارىخىدا بارلىققا كەلگەن پەيغەمبەرلەرنىڭ كۆپىنچىسى پادىچىلىق قىلغان، پادىچىلاردا كۆيۈنۈش، ئاددىي - ساددىلىق، كىچىك پېئىللىق، تۈز كۆڭۈللۈكتىن ئىبارەت ياخشى خاراكتېر يېتىلىدىكەن. شۇڭا، يۇسۈپ خاس ھاجىپمۇ پادىشاھنى پادىچىغا، خەلقنى قويلارغا ئوخشىتىپ، پادىچى دېگەن قويلىرىغا مېھرىبان بولىدۇ، دەپ سۆيپەتلەيدۇ.

بىز ئۆيدە چارۋىلار بىلەن بىللە چوڭ بولغان، پادا باققان. يېزا بالىلىرىنىڭ خاراكتېرى بىلەن شەھەر بالىلىرىنىڭ مىجەز - خاراكتېرىنى سېلىشتۇرۇپ باقىدىغان بولساق، ئۇلاردا خېلى روشەن پەرق بارلىقىنى ھېس قىلالايمىز، يېزا بالىلىرى ھايۋانلارغا شۇنداق كۆيۈنىدۇ، ئۇلار ئاچ قالغان، ئۇسسۇز قالغان مۈشۈك، ئىت ۋە باشقا ھايۋانلارنى كۆرگەندە، يانچۇقلىرىدىكى نان ئۇۋاقلىرىنى ئېلىپ بېرىۋاتقانلىقىنى، قولىدا ئوچۇملاپ سۇ ئىچۈرۈپ قويۇۋاتقانلىقىنى كۆرىمىز. بىر قىسىم شەھەر بالىلىرىدا مۇنداق كۆيۈنۈش، مېھرىبانلىق كۆرۈنەرلىك ئىپادىلەنمەيدۇ. ئۇلار ھەتتا شەھەرلەردە ئاشۇنداق كۈچۈك، مۈشۈك قاتارلىق ھايۋانلارنى ئۇچرىتىپ قالسا، ئۇلارغا تاش - چالما ئېتىۋاتقانلىقىنى، قۇيرۇقلىرىغا يىپ باغلاپ سۆرەپ يۈرگەنلىكىنى ئۇچرىتىپ قالىمىز. دېمەك، ئۇلاردا ئۇ ھايۋانلارغا ئىچ ئاغرىتىش يوق. يېزا بالىلىرى ھايۋانلار بىلەن ناھايىتى يېقىن دوستلۇق ئورنىتىدۇ، ئۇلارنى سىلاپ، ئەركىلىتىپ ئوينايدۇ. ئەگەر ئۇ ھايۋان دوستلىرىغا بىرەر كېلىشمەسلىك كېلىپ قالغۇدەك بولسا، ناھايىتى ئۆكسۈپ يىغلايدۇ، شەھەر بالىلىرى مۇنداق دوستلۇقنى، ھايۋانلار بىلەن پىكىر ئالماشتۇرۇشنى بىلمەيدۇ. چۈنكى، ئۇلار كۈچۈك، قويلارنىڭ ئەركىلەپ يۈزلىرىنى يالاپ قويغان چاغدىكى ھېسسىيات ئالماشتۇرۇشتىن خەۋەرسىز. مۈشۈكنىڭ مىياڭلاپ قۇيرۇق شىپاڭلاتقان چاغدىكى دوستلۇقنى بىلمەيدۇ. شۇڭا، ئۇلاردا ئۇلارغا بولغان كۆيۈنۈش، ئامراقلىق، دوست-

لۇق رىشتىسى ئوڭاي باغلانمايدۇ. بىز يەنە شۇنداق بىر سېلىشتۇر-
مىنى ئەسلەپ باقساق ئەرزىيدۇ. قاسساپلار بىلەن ئادەتتىكى كىشى-
لەرنىڭ ھايۋانلارغا تۇتقان پوزىتسىيىسى ئوخشاش بولمايدۇ. قاس-
ساپلارنىڭ يۈرىكى قېتىپ كەتكەن بولغاچقا، قويلارنى، كالىلارنى
بوغۇزلىغاندا قەتئىي قولى تىترىمەيدۇ، ھەتتا ئۇلارغا ئىچ ئاغرىتىش
تۇيغۇسىمۇ بولمايدۇ. ئادەتتىكى ئادەملەر ھەتتا بىر توخۇنى بوغۇز-
لىغان چاغدىمۇ ئۇنىڭغا ئىچى ئاغرىپ قولى تىترەيدۇ. بۇ نېمىدىن؟
يەنىلا مېھرىبانلىقتىن. رىۋايەت قىلىنىدۇكى: بىر ئادەم رەسۇلۇل-
لاھتىن: «مېنىڭ قوينى بوغۇزلاشقىمۇ ئىچىم ئاغرىيدۇ» دېگەندە،
رەسۇلۇللاھ ئۇنىڭغا: ئۇنىڭغا رەھىم قىلساڭ ئاللا ساڭىمۇ رەھىم
قىلىدۇ، دېگەن. (ھاكىم رىۋايەت قىلغان ھەدىس). يەنە بىر
رىۋايەتتە ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ بىر ئادەمنىڭ قوينى بوغۇزلاش
ئۈچۈن پۇتىدىن سۆرەپ ئېلىپ ماڭغانلىقىنى كۆرۈپ،
ئىست ساڭا... ئۇنى ئۆلۈمگە چىرايلىق يېتىلىگىن، دېگەن. بىز
شۇنداق قارايمىزكى، ھايۋانلارغا ئىچى ئاغرىمىغان ئادەمنىڭ ئادەم-
لەرگە ئىچى ئاغرىشى ناتايىن، ھايۋانلارغا كۆيۈنۈشنى بىلمىگەن،
ئۇنىڭغا رەھىمسىزلىك قىلىشنى راۋا كۆرگەن ئادەمنىڭ ئىنسانلارغا
رەھىم - شەپقەت قىلىشى ناتايىن. جاھالىيەت دەۋرىدىكى ئەرەبلەر
قىز بوۋاقلىرىنى تىرىك كۆمۈشتىن قەتئىي ھايا قىلمايتتى، شەپقەت-
سىزلىك بىلەن ئەمدى بۇ دۇنياغا كۆز ئاچقان بالىسىنى تىرىك
كۆمۈشكە كۆزى قىياتتى، رەھىم قىلمايتتى. ئىسلام دىنى ئۇلارغا
مېھىر - شەپقەت ئاتا قىلغان. چۈنكى، ئاللا پۈتۈن ئىنسانلارنىڭ
ئۆزئارا بىر - بىرىگە مېھرىبان بولۇشنى بۇيرۇغان، ئاتىلارنىڭ
بالىلىرىنى سۆيۈشنى، ئۇلارنى ھىمايە قىلىشنى، بالىلارنىڭ
ئاتا - ئانىسىغا ساداقەتمەن، مېھرىبان بولۇشنى بۇيرۇغان. شۇڭا،
ئىسلام تەربىيىسىدە بالىلارغا كىچىكىدىن تارتىپ مېھرىبانلىقنى،
ئاق كۆڭۈللۈكنى، بارلىق جانلىقلارغا كۆيۈنۈشنى ئۆگىتىدۇ. بۇن-
داق مېھرىبانلىق ئەمەلىيەتتە ئۇلارنى ئىماندا مۇستەھكەم ئادەم

قىلىپ يېتىلدۈرىدۇ.

يۈسۈپ خاس ھاجىپ ئائىلىدە سۆيگۈ، مېھرىبانلىق ئىچىدە ئۆسكەن، ئاتا ـ ئانىسىنىڭ يۈرىكىدىن ئېتىلىپ چىققان سۆيگۈ، مېھىر ئاتىشى ئۇنىڭغا بۇ دۇنيانىڭ ئىللىقلىقىنى ھېس قىلدۇرغان. شۇنىڭ بىلەن ئۇ بۇ دۇنياغا، ئىنسانلارغا سۆيگۈ بىلەن بېقىشنى، پۈتۈن ئىنسانلارغا مېھرىبان بولۇشنى ئۆگەنگەن. ئۇ ئەسلىدە بالىنى ئاتا ـ ئانا ئۆز قولى بىلەن باقسۇن، دېگەن تەشەببۇسنى ئوتتۇرىغا قويىدۇ. بۇنىڭ باشقا جەھەتتىكى قىممىتىنى ئايرىم بابتا سۆزلەيمىز. بىز توختىلىۋاتقان مېھرىبانلىقنى، كۆيۈنۈشنى ئۆگىتىش جەھەتتە ئاتا ـ ئانىلارنىڭ بالىلىرىنى ئۆزى تەربىيىلەپ قاتارغا قوشۇشى ئىنتايىن مۇھىم. ھەرقانداق بىر ئادەم ئاتا ـ ئانىنىڭ بالىغا بولغان مېھرىبانلىقىدەك مېھرىبان بولالمايدۇ. ئاتا ـ ئانىسى بالىسىنى سۆيگەندەك سۆيەلمەيدۇ. بۇ مەنىدىن ئالغاندا بالىدا ھەقىقىي مېھرىبانلىق قەلبىنى ئويغىتىشتا ئاتا ـ ئانىنىڭ ئورنىنى ھېچكىم باسالمايدۇ. كىشىلەر ئارىسىدا رەھىمسىز، ئەسكى، ساياق، گەپ ئاڭلىمايدىغان بالىلارنى «ئاتا خۇۋالۇقى، ئانا خۇۋلۇقى كۆرمىگەن» دېگەن سۈپەت بىلەن سۈپەتلەيدىغان ئادەت بار. بۇ دېگەنلىك ئانا تەربىيىسى، دادا تەربىيىسى، ئانا سۆيگۈسى، دادىنىڭ مېھرى يۇقمىغان بالا دېگەن مەنىنى ئۇقتۇرىدۇ. بىز بىلىمىزكى، ھەقىقىي مېھىر ـ مۇھەببەتتىن ئاجايىپ ياخشى خاراكتېر تاۋلىنىپ چىقىدۇ.

يۈسۈپ خاس ھاجىپ ئەسىرىدە ئۆي خىزمەتچىلىرىگە ھەرگىزمۇ قوپاللىق، قاتتىقلىق قىلماسلىق تەشەببۇسىنى ئوتتۇرىغا قويىدۇ. ئۇ مۇنداق دەيدۇ: «ئائىلەڭدە يەنە قول ئاستىڭدىكى خىزمەتچىلەرگە ياخشى مۇئامىلىدە بولۇشمۇ ئائىلە بەختى ئۈچۈن مۇھىمدۇر. ئۇلارنىڭ قورسىقىنى ئوبدان تويدۇر، يىرتىقىنى پۈتۈنلە، ئۇلارنىڭ قابىلىيىتىگە يارىشا ئىش تاپشۇر. ئۇلارغا ئارتۇق مۇشەققەت يۈكلىمە. قادىر ئاللا بۇلارنىڭ ھېسابىنى ئالىدۇ. ئۇلارمۇ خۇدانىڭ بەندىسى. ئۇلارغا زۇلۇم قىلىپ، ئاللانىڭ غەزىپىگە دۇچار بولما. سەن مەرتى-

ۋىلىك، ئۇلار سەندىن كىچىك بولغانىكەن، ئۇلۇغلارنىڭ كىچىك-
لەرگە رەھىم - شەپقەت قىلىشى بەرھەق. مەرتىۋىلىك بولغاندا
كۆڭلۈڭنى كىچىك تۇت، كىچىك پېئىللىق ئۇلۇغلۇقنىڭ زىننى-
تى.»[1] يۇقىرىقى بايانلاردىن بىز مۇنداق خۇلاسىگە ئىگە بولىمىز:
بىرى، يۈسۈپ خاس ھاجىپ ھەقىقىي مېھرىبان، كۆيۈملۈك، يۇقى-
رى مەرتىۋىلىك بولسىمۇ، ئاددىي - ساددا، كىچىك پېئىل ئائىلىدە
چوڭ بولغان. ئۇلارنىڭ ئۆي خىزمەتچىلىرىگە شۇنداق ياخشى مۇئا-
مىلىدە بولىدىغانلىقى ناھايىتى ئېنىق. شۇڭا، يۈسۈپتە «ئۆي خىز-
مەتچىلىرىنى ئەدەپلە، گەپكە كىرمىسە قاتتىق ئۇر» دېگەندەك شەپ-
قەتسىز ئادەملەرنىڭ ئېغىزىدىن چىققان گەپلەر چىقمايدۇ. ئەگەر
ئائىلىسىدە خىزمەتچىلەرگە قارىتا زۇلۇم، قاتتىق قوللۇق، رەھىم-
سىزلىك قىلىنغان بولسا، يۈسۈپكە مانا شۇ ئادەت ئۆزلىشىپ
قالغان بولاتتى.

بىز تۇرمۇشتا بەزىبىر ئىشلارغا ئانچە ئېتىبار قىلماي كەتمەي-
مىز. بىراق، بىز سەل قارىغان ئاددىي ئىشلارمۇ پەرزەنت تەربىيىسى-
دە ناھايىتى مۇھىم رول ئوينايدىغانلىقىنى نەزەردىن ساقىت قىلماس-
لىقىمىز لازىم. مەسىلەن، بىر تىلەمچى ئىشىك ئالدىمىزغا كەلسۇن
ياكى كوچا دوقمۇشلىرىدا ئولتۇرۇپ تىلەمچىلىك قىلسۇن، ئۇلارغا
ھەرگىز قاتتىق قوللۇق، قوپاللىق قىلماسلىقىمىز لازىم. بۇنداق
مۇئامىلە بالىلارغا ناھايىتى يامان تەسىر بېرىدۇ. ئۇلارنى ئاستا -
ئاستا رەھىمسىزلىككە سۆرەپ كىرىدۇ. بولسا، بالىلارغا «يۈگۈر
بالام، ئاۋۇ تاغاڭغا ياكى ھاماڭغا نان ئەپچىقىپ بەر، ئۇسسۇغان
بولسا سۇ ئەپچىقىپ بەر، دېيىش، كوچىلاردا بولسا، بالىلىرىمىز
يېنىمىزدا بولسا پۇلنى بالىمىزنىڭ قولىغا تۇتقۇزۇپ، بالام بۇ
پۇلنى ئاۋۇ ئاكاشقا، تاغاشقا ئاپىرىپ بەرگىن» دەپ بۇيرۇشىمىز
كېرەك. بۇ بالىلاردا ئاستا - ئاستا باشقىلارغا كۆيۈنۈش، سېخىيلىق

---

① «قۇتادغۇبىلىك» رومانلاشتۇرۇلغان نەسرىي نۇسخا، 267 - بەت.

ئادىتىنى شەكىللەندۈرۈشكە پايدىلىق. بىر تۇغقىنىمىز ياكى دوستىمىز، قولۇم - قوشنىلىرىمىز قىيىنچىلىققا ئۇچرىغاندا باللارغا بىلدۈرۈپ ئۇلارغا ياخشىلىق قىلىش، ياردەم قىلىش ئارقىلىقمۇ، ئۇلاردا ياخشى خاراكتېرنى يېتىلدۈرگىلى بولىدۇ. ئۆيدە ھەرگىزمۇ: ئۇلارغا نېمىشقا ياردەم قىلىدىكەنمىز، ئۇلارنىڭ تۇرمۇشى ئۆزگە، بىرنىڭ تۇرمۇشىمىز ئۆزىمىزگە، ئۇلار بىزگە قاچان ياردەم قىپتىكەن، دېگەندەك گەپ - سۆزلەرنى قىلساق، باللار بارا - بارا شەخسىيەتچى، ۋاپاسىز ئادەم بولۇپ يېتىلىدۇ - دە، كېيىنچە ئۇ ئاتا - ئانىسىغىمۇ ۋاپا قىلمايدىغان، شەپقەتسىز، رەھىمسىز ئادەم بولۇپ يېتىشىپ چىقىشىنىڭ بىر يامان ئامىلى بولۇپ قالىدۇ.

ئىسلام ئەقىدىسى بويىچە «سەن باشقىلارغا شەپقەت قىلساڭ، تەڭرىنىڭ شەپقىتىگە ئېرىشىسەن، باشقىلارغا رەھىمسىزلىك قىلساڭ تەڭرىنىڭ رەھمىتىدىن مەھرۇم بولىسەن» دېگەندەك ئېتىقاد سىڭدۈرۈلىدۇ. شۇڭا، مېھرىبانلىق تەربىيىسى ئۇتۇقلۇق بولغاندا، ئادەم ياخشىلار ئۈچۈن ئۆزىنى تەسەددۇق قىلىشقا تەييار تۇرالايدىغان، ئاجىزلارغا مېھرىلىك، ياۋۇز كۈچلەرگە شەپقەتسىز ئادەم بولۇپ يېتىلىدۇ. ھېكايەتتە كەلتۈرۈلۈپتۇلەركى: «بىر دەرۋىش بەك موھتاجلىق دەستىدىن بىر يېقىن بۇرادىرىنىڭ ئۆيىگە كىرىپ بىر پالىسىنى ئوغرىلىغانىدى، ھاكىم ئۇنى جازالاپ قولىنى كېسىشكە بۇيرۇدى. ئىسلام دىنىنىڭ شەرىئىتى بويىچە ئوغرىلىق قىلغانلارنىڭ قولى كېسىلىدۇ. بۇ ۋاقىتتا پالاسنىڭ ئىگىسى ئۇ دوستىغا رەھمى كېلىپ: «مەن ئۇنى ئەپۇ قىلدىم» دەپ شاپائەت تىلىگەن. ھاكىم بولسا، شاپائەتنىڭ سەۋەبى بىلەن ھەرگىز شەرىئەتنىڭ ھۆكمىدىن چىقمايمەن! دەپ تۇرۇۋالغاندا، پالاسنىڭ ئىگىسى بىر پالاس ئۈچۈن بۇرادەرنىڭ قولىنىڭ ناكا بولۇشىغا چىدىماي يەنە مۇنداق دەيدۇ: «بۇ دېگىنىڭ توغرا، لېكىن ۋەخپە مالدىن نەرسە ئوغرىلىسا، قولىنى كېسىش لازىم بولمايدۇ، چۈنكى پېقىرنىڭ مال - مۈلكى بولمايدۇ، دەرۋىشنىڭ قولىدىكى بارلىق نەرسە موھتاجلارنىڭ

ۋەخپىسى» دەيتۇ. دېمەك، ئادەمدىكى مېھرىبانلىق تەرەققىي قىلغاندا، شۇنداق ئۆزى ئۈچۈن ياشاشتىن باشقىلار ئۈچۈن ياشاشقا ئۆزىنى پىدا قىلالايدۇ.

*　　　　*　　　　*

يۈسۈپ خاس ھاجىپ مىللەتنىڭ ئەڭ ۋاپادار ئوغلانى، ئۇنىڭ پۈتۈن ھاياتى ۋاپادارلىق بىلەن ھەم كىشىلەرنى ۋاپادارلىققا دەۋەت قىلىش بىلەن، ياخشىلىققا بۇيرۇپ، يامانلىقتىن توسۇش بىلەن ئۆتكەن ھايات. ئۇ ئىسلام دىنىنىڭ تەقۋادار مۇخلىسى. شۇڭا، ئۇ ئاللا ياقتۇرىدىغان ئىشلارنى قىلدى، ئاللا يامان كۆرىدىغان ئىشلاردىن ئۆزىنى تارتتى. ئاللا ۋاپادارلىقنى ياخشى كۆرىدۇ، ۋاپاسىزلارنى يامان كۆرىدۇ. «سىلەر ئەھدە تۈزۈشكەنلىرىڭلاردا ئاللانىڭ ئەھدىگە ۋاپا قىلىڭلار، قەسەمىڭلارنى (ئاللانىڭ نامىنى تىلغا ئېلىپ) پۇختىلىغاندىن كېيىن بۇزماڭلار .... ئاللا قىلمىشىڭلارنى بىلىپ تۇرىدۇ.»① يەنە مۇنداق دەيدۇ: «ئۇلار ئاللانىڭ ئەھدىگە (يەنى ئاللا تاپشۇرغان ئىشلارغا) ۋاپا قىلىدۇ، بەرگەن ۋەدىسىنى بۇزمايدۇ.» بۇخارى رىۋايەت قىلغان بىر ھەدىستە: «ۋەدىسىگە ۋاپا قىلمىغان ھەربىر ئادەم ئۈچۈن قىيامەت كۈنى ۋاپاسىز دېگەن بايراق تىكلىنىدۇ» دېيىلگەن. ۋاپادارلىق دېگەن ئاجايىپ بۈيۈك مۇھەببەت، يىقىلماس ئىرادە، تىز پۈكمەس ئەقىدە، يېڭىلمەس كۈچ. ۋاپا ئىنسانلارغا ئاتا قىلىنغان تەڭداشسىز مەنىۋى نېمەتلەرنىڭ بىرى. ۋاپا بىلەن نېسىۋىگە ئېرىشەلمىگەن ئىنسان قۇرۇق جەسەتتۇركى، ئۇنىڭ بۇ ھاياتلىق ئالىمىدە ھېچقانداق ئەتىۋارى يوق، ئۇ بىر ئاپەت كەلتۈرگۈچى زىيانداش مەخلۇقكى، ئۇنى ئەلدىن تازىلىمىغۇچە ئەلدە

① «قۇرئان كەرىم»، سۈرە نەھل، 91 ـ ئايەت.

ئامانلىق يوق. ئىنساننىڭ ئۇلۇغلۇقىمۇ، بۈيۈكلۈكىمۇ ۋاپادىن، ئۇنىڭ پەسلىكىمۇ، زەئىپلىكىمۇ ۋاپاسىزلىقتىن. شۇڭا، ئۇيغۇرلار پەرزەنت تەربىيىسىدە ۋاپادارلىق تەربىيىسىگە تولىمۇ ئەھمىيەت بەرگەن. ئۇيغۇرلارنىڭ تارىخىدا ۋاپادارلىقتىن تىكلەنگەن ئابىدەلەر سان - ساناقسىز ئىدى، ۋاپاسىزلىقتىن لەنەتكە ۋە مەڭگۈلۈك كۈلپەتكە قالغان نائەھلىلەرمۇ كۆپ ئىدى. بۇ خىل ئۆلگىلەر پەرزەنت تەربىيىسىدە ئەڭ ياخشى دەرسلىك بولۇپ رول ئوينىغان. ئىسلامىيەت تارىخىدىمۇ ۋاپادارلىقنىڭ ئۆلگىلىرى ناھايىتى كۆپ. ئىسمائىل ئەلەيھىسسالامنىڭ بويىنىنى ئاللا يولىدا قۇربانلىق قىلىش ئۈچۈن دادىسى ئىبراھىم ئەلەيھىسسالامغا تۇتۇپ بەرگەنلىكىمۇ ۋاپادارلىقتىن ئىدى. ئەيۇب ئەلەيھىسسالامنىڭ ۋاپادار ئايالىنىڭ ئەيۇب ئەلەيھىسسالامنىڭ پۈتۈن ئەت يېنى قۇرتلاپ، يۇراپ يېنىدا تۇرغۇچىلىكى قالمىغاندىمۇ، ئۇنىڭدىن ئايرىلماي، ئۇنىڭ ھالىدىن خەۋەر ئالغانلىقىمۇ ۋاپادارلىقتىن ئىدى. مەھمۇد قەشقەرىنىڭ پۈتۈن ھاياتىنى تۈركىي خەلقلەرنىڭ تىل ۋە مەدەنىيىتىنى قوغداپ قېلىشقا، ئەنئەنىگە ۋارىسلىق قىلىشقا ئاتاپ چەككەن رىيازەتلىرى ۋاپادارلىق تەربىيىسىنىڭ خاسىيىتى ئىدى. نوزۇگۇمنىڭ ۋەتەن دۈشمەنلىرىگە نامىنى بۇلغاتماسلىق ئۈچۈن قالماق سولۇنىنىڭ بېشىنى تېنىدىن جۇدا قىلىپ، قومۇشلۇقلاردا قوشاق توقۇشى ۋاپادارلىقنىڭ غەزىلى ئىدى. مىليونلاپ باتۇر ئەزىمەتلەرنىڭ ۋەتەن ۋە مىللەتنىڭ مەنپەئىتى ئۈچۈن تۆككەن قانلىرى ۋاپادارلىقتىن ئېچىلغان قىزىل گۈلنىڭ تىمسالى ئىدى. ۋاپا ئەھدىسى دېگەن مانا شۇنداق ئاقلانمىغان بولسا، ئىنسانلار ئارىسىدىكى مېھىر - مۇھەببەتمۇ، ۋەتەنپەرۋەرلىكمۇ، خەلقپەرۋەرلىكمۇ بولمىغان بولاتتى. ئادەم بىلسە، ھەربىر ئادەم ۋاپادارلىقنىڭ مېۋىسى. ۋاپاسىزلىقتىن تۆرەلگەن بالىنى ھاردمى دەيدۇ. ئۇنىڭ تېگى پەس ۋە ناكەس بولغانلىقى ئۈچۈن، ئۇنىڭدىن ۋاپا كەلمەيدۇ، دەپ قارايدۇ. شۇڭا، ۋاپادار ئاتا - ئانىلاردىن ۋاپادار پەرزەنت دۇنياغا كېلىدۇ، ۋاپاسىز ئاتا - ئانىلاردىن ۋاپاسىز

پەرزەنت تۇغۇلىدۇ.

يۇسۇپ ۋە مەھمۇدلار پاك نەسىل ۋە پاك ئۇرۇقتىن تۇغۇلغان ۋاپادارلىقنىڭ مېۋىلىرى ئىدى. ئۇلار ۋاپادارلىق بىلەن ۋاپادارلىققا جاۋاب قايتۇرۇش ئۈچۈن تىرىشچانلىق قىلىشتى. ئۇلار ۋاپادارلىقتىن ئۇلۇغ ئابىدە تىكلىدى. ۋاپادارلىق ئۇلارغا ئۈمىد، ئىشەنچ ئاتا قىلغان، ۋاپادارلىق ئۇلارغا تەۋرەنمەس ئىرادە ۋە كۈچ بېغىشلىغان، ۋاپادارلىق ئۇلارنى ھەققانىيەتچى قىلغان، ۋاپادارلىق ئۇلارنى ئەلنىڭ مەنپەئىتىنى ھەممىدىن ئۈستۈن ئورۇنغا قويۇشقا ئىشتىراك قىلغان. ۋاپادارلىق ئۇلارنىڭ ئۆزىگە قاتتىق تەلەپ قويۇشنى ئۆگەتكەن.

يۇسۇپ ئۆزىگە قاتتىق تەلەپ قوياتتى. ئۇ ئاسىي بەندىلەرنىڭ قاتارىدا بولۇپ قېلىشتىن ھەرقاچان ئۆزىنى ئاگاھ قىلىپ تۇراتتى. ئۇ «ۋاپاسىز دۇنيا سېنى تاشلىۋېتىپ رەسۋا قىلىشتىن بۇرۇن، سەن ئۇنى تول قالدۇرۇپ، ئاللانىڭ ئەھدىنى ئاقلا، بۇ دۇنيانىڭ ھالاۋىتىگە ئۆزۈڭنى كۆپ ئۇرما، مال ـ دۇنيا سېنى قىزىقتۇرۇپ كۆزۈڭنى پەردىلەپ قويمىسۇن، بولمىسا خەلقنىڭ ئاھ ـ زارىنى كۆرەلمەيسەن» دەيتتى. «ئەي يۇسۇپ، جاھان بىۋاپادۇر، خۇلقىمۇ ئىشەنچسىز، ئاقىل بولساڭ ئۇنىڭدىن يىراق تۇر. سەن ئۇنىڭغا چىڭ يېپىشىۋالدىڭ، ئۇنىڭدىن كۆڭلۈڭنى ئۈزۈشكە تىرىشقىن. بۇ دۇنياغا ئۇنداق ئىشىنىپ كەتمە، خۇدانى يادىڭدىن چىقارما، ئۇنىڭغا چىڭ ئېسىلىپ يالۋۇر. بۇ ۋاپاسىز جاھان خېلى كۆپ خەلقنى تاشلىۋەتتى، كۆرمەمسەن، مانا شۇ دۇنيا مەنپەئەتلىرىنى دەپ نۇرغۇن ئەللەر ھەق يولىدىن ئادىشىپ، ۋاپاسىز ئاتالدى. ساڭىمۇ ھەرخىل بېزەكلىرى بىلەن جابدۇنۇپ كۈلۈپ خىرىس قىلىۋاتىدۇ، ئاگاھ بول، ئۇنىڭغا بېرىلىپ ھوشۇڭنى يوقىتىپ قويما.» (6629 ـ 6633) يۇسۇپ شۇنچە تەقۋادار ۋە ۋاپادار تۇرۇپ، يەنىلا ئۆزىنى گۇناھكار ھېسابلايتتى. ئۇ ئاللا بىلەن ئۆزى ئوتتۇرىسىدىكى ئەھدىنى تولۇق ئادا قىلالمىدىم، دەپ ئەپسۇسلىناتتى: «گۇناھىم

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

تولا، ئۇياتسىز بەندەڭمەن، بارلىق رەھىم ـ شەپقەت سەندىنلا كېلى-
دۇ، سېنىڭدىن قېچىپ، كۆپ گۇناھلارنى قىلدىم، مانا بۈگۈن
ساڭا سېغىنىپ يالۋۇرماقتىمەن. يۈسۈپ ئەمدى يولۇڭنى تۈزەت-
كىن، خوي ـ پەيلىڭنى دۇرۇس قىل. ھەر ئىككى دۇنيادا تۆردە
ئولتۇرۇشقا ئورۇن ھازىرلا. ئى كەرەملىك خۇدا، پۈتۈن مۆمىنلەر-
نى كەچۈرگىن، چەكسىز رەھمىتىڭدىن ئۇلارنى تولۇق بەھرىمەن
قىل!» (6638 ـ 6644 ـ بېيىتلارنىڭ مەزمۇنى).

ئادەم ئۈچۈن ئەڭ چوڭ ئېزىتقۇ شەيتان مال ـ دۇنيا ھەۋىسى،
نەپسى بالاسى. مال ـ دۇنيانىڭ تۇزىقىغا ئىلىنىپ قالغان ئادەم
ئەھدىنى ئۇنتۇپ، ۋاپاسىزلىق يولىنى تۇتىدۇ. كىشىلىك ھاياتتا
ۋاپاسىزلىق نامىنى ئالغان ئادەملەرنىڭ تۇتقان يولى مال ـ دۇنيا
ئۈچۈن ۋاستە تاللىماسلىق. ئۇلار مانا شۇ مەنپەئەت ئۈچۈن دوس-
تىغىمۇ ئاسىيلىق قىلالايدۇ، ئاتا ـ ئانا، بىر تۇغقان قېرىنداشلى-
رىدىنمۇ يۈز ئۆرىيەلەيدۇ، ۋەتىنىگە ۋە خەلقىگە قارا يۈزلۈك قىلىپ
ساتقىنلىق قىلالايدۇ. ئۇنداق ئادەمدە ھايا كۆتۈرۈلۈپ كەتكەن بولى-
دۇ، نومۇس ئۇنتۇلۇپ كەتكەن بولىدۇ، چۈنكى ۋاپا بىلەن ھايا
قوشكېزەك بولۇپ، بىرى بولمىسا يەنە بىرىمۇ بولمايدۇ. بۇ خۇ-
سۇستا ئۇلۇغ شائىرىمىز ئەلىشىر ناۋائى مۇنداق تەۋسىيەلەرنى قىلى-
دۇ: «كەرەم بىلەن مۇرۇۋۋەت ئىككىسى خەلقتە ۋاپا يوقلۇقىنى
كۆرۈپ، ئۇنى ئىزدەشكە يوقلۇق مەملىكىتىگە كېتىپتۇ. جاھاننىڭ
گۈلشىنى ۋاپا گۈلىنىڭ يوقلۇقىدىن زىننەتسىزدۇر. ئادەم ئەۋلادى-
نىڭ گۈلى ۋاپا بۈيىنىڭ يوقلۇقىدىن خۇشبۇي ئەمەستۇر. ۋاپانىڭ
چىرىغى ھەم قاراڭغۇ ئۆينى يورۇتالمايدۇ ۋە زاماننىڭ بىۋاپالىرىنىڭ
كۆڭلى بىلەن كېلىشەلمەيدۇ. ۋاپا نەرگىز گۈلىدۇركى، دەۋراننىڭ
گۈلزارلىقىغا كۆز سالمايدۇ. ۋاپانىڭ كۆڭلىدە مەئىشەت ۋە ئۆچمەن-
لىك يوشۇرۇنالمايدۇ. ۋاپا پاك يارالغان بىر مەھبۇبىدۇركى، پاك
كۆڭۈلدىن باشقىغا يېقىنلىقى ۋە ئۈلپىتى يوقتۇر. ئۇ پاك يارالغان
بىر بىلەكتۇركى، پاكىز يارالغاندىن باشقىغا مەيلى ۋە رىغبىتى يوق.

ئۇ بىر قىممەتلىك گۆھەردۇركى، ئىنسانىيەتنىڭ تاجىغا زىننەتتۇر. ۋاپاغا ھايا بىلەن يەتكىلى بولىدۇ، ھاياغا ۋاپا بىلەن يەتكىلى بولىدۇ.

ۋاپانىڭ تېگىدىن ھايانىڭ زىكرى بار، كەرەم بىلەن مۇرۇۋۋەت ئاتا بىلەن ئانا بولسا، ۋاپا بىلەن ھايا بىر قورساقتىن چىققان بىر تۇغقانلاردۇر. ۋاپاسىزلاردا ھايا يوق. ھاياسىزلاردا ۋاپا يوق. قانداقلىكى كىشىدە بۇ ئىككىسى بولمايدىكەن، ئۇنىڭ ئىمانى يوق. ھەر كىمدە ئىمان بولمايدىكەن، ئۇنىڭدا ئادەمگەرچىلىكنىڭ ئىمكان يوق.»① شۇنداق، ۋاپادىن ھاياتلىق چىمەنى بوستانلىق بولغان، ۋاپاسىزلىق ئىنساننىڭ ئىمانىنى كۆمۈۋېتىدىغان گۆركار بولغان. ۋاپا دېگەن ئاللا بىلەن بەندە ئوتتۇرىسىدا تۈزۈلگەن ئەھدە ـ توختام ئىكەن، ھەرقانداق بىر ۋاپاسىزلىق ئەمەلىيەتتە ئاللاغا قىلىنغان ۋاپاسىزلىق بولىدۇ. شۇڭا، يۈسۈپ ھاياتىغا ۋاپادارلىقتىن زىننەت بەرگەن، ئىماندىن يىقىلماس ئابىدە تىكلىگەن.

يۈسۈپ خاس ھاجىپ ھاياتىنى ئەلگە تەئەللۇق ھايات دەپ قارىغان، ئۇممۇمنىڭ ئىشلىرىنى ئۆزىنىڭ ئىشى دەپ قاراپ، سۈدەك ئۇممۇمغا ياراشقان ئەھدە قىلغان. ئۇ ئۆز ـ ئۆزىگە مۇنداق بۇيرۇيدۇ: «ئەي يۈسۈپ، بىلىم ئۆگىنىپ، ئىلىم تۆرىدىن ئورۇن ئال. بىلىمىڭ ئۆزۈڭ ئۈچۈن مۇستەھكەم قورغان بولىدۇ. بىلىمسىز قەلب بىلەن تىل نېمىگە يارايدۇ؟! بىلىم بىلەن ئۇممۇمغا سۈدەك يارىغىلى بولىدۇ. ھەرقانچە بىلسەڭمۇ يەنە سوراپ ئىزدەن، بىلىملىك ئادەملەر سوراش بىلەن تىلەككە يەتكەن. ‹بىلىمەن› دېگەنلىكىڭ بىلىمسىزلىكىڭنىڭ نىشانىدۇر، بىلىملىكلەر ئۇنداقلارنى نادان ھېسابلايدۇ. بىلىم دېگەن تۈۋى ۋە چېكى يوق دېڭىزغا ئوخشايدۇ، سۈندۈك شوراپ ئۇنىڭدىن قانچىلىق سۈنى قۇرۇتالايدۇ؟ بىلىم بولغاندىلا ئۆز بېشىڭ ئۆزۈڭ بىلەن بىللە بولىدۇ. شۇڭا،

---

① ئەلىشىر نەۋائى «مەھبۇبۇلقۇلۇب» قەشقەر ئۇيغۇر نەشرىياتى 1984 ـ يىلى نەشرى، 153 ـ ، 154 ـ بەتلەر.

بىلمەسلىك ئۆزۈكنى ئۆزۈكدىن يىراقلاشتۇرىدۇ. يا بىلىم ئۆگە-
نىپ، ئادەم قاتارىغا كىرىپ ئۆزۈكنى يوكسەلدۈر، ياكى ھايۋان
ئاتىلىپ كىشىلەردىن چەتلەش. »[1] كۆرۈنۈپ تۇرىدۇكى، يۈسۈپ
ئۆزىنى ھەقىقىي ئادىمىيلىك مەرتىۋىسىگە يەتكۈزۈشنىڭ ئاچقۇچى
بىلىم ئۆگىنىش دەپ قارىغان، بىلىم ئۆگىنىشتىكى مەقسىتى يا-
راملىق ئادەم بولۇپ، ئەلگە ياراش ئۈچۈن ئىدى. ياراملىق ئادەملەر-
لا ئەلگە ۋاپادارلىق كۆرسىتەلەيدۇ، نادان ئادەم ھەرقانچە ۋاپادار
بولىمەن دېسىمۇ قولىدىن ھېچ ئىش كەلمەيدۇ. نادان ئادەم كۆپ
ئازغۇچى ھەم تايغۇچىدۇر. ۋاپاسىزلارنىڭ كۆپىنچىسى نادان كېلى-
دۇ. ئاقىل ئادەم ھەرگىز ۋاپانى ئۇنتۇپ قالمايدۇ. چۈنكى، ۋاپا-
سىزلىق ئادىمىيلىكتىن مەھرۇم قىلىدۇ. ئادىمىيلىكتىن مەھرۇم
بولغان مەخلۇق نېمىگە يارايدۇ.

يۈسۈپ خاس ھاجىپ بۇ دۇنيادىن ۋاپا بىلەن ئۆتۈشكە قەسەم-
ياد قىلىدۇ. كىشىلەرگە ۋاپادارلىق بىلەن ئۆلگە بولۇش ئۈچۈن
ئۆمۈر بويى تىرىشچانلىق قىلىدۇ. ئەلدىن ۋاپادارلىقنى تەلەپ قىلى-
دۇ، ۋاپادار ئىنسانلارنى قەدىرلەيدۇ. ئۇ ئەل ئىچىدە ۋاپاسىز مەخ-
لۇقلارنىڭ كۆپىيىپ، دۆلەتكە، خەلققە ئاپەت ياغدۇرۇۋاتقانلىقىدىن
قاتتىق ئېچىنىدۇ. «ھەي ئىگەم، ۋاپاسىزلارغا ئۇچراپ، قاتتىق
قايغۇغا چۆمدۈم، ۋاپالىق ئىنسانلارنى تاپسام شېرىن جانىنى پىدا
قىلاتتىم» دەيدۇ. يەنە ئۇ بۇرۇن ۋاپادارلىق بىلەن نام قازانغان
كىشىلەرنى سېغىنىپ ئەسلەيدۇ؛ زامانىسىدىكى ۋاپاسىزلارنىڭ كۆ-
پىيىپ كەتكەنلىكىدىن تولىمۇ بىئارام بولۇپ، ئۇلارنىڭ ھالىغا
ئېچىنىدۇ: «مەن ئەمدى ئورنۇمدىن تۇرۇپ يۈرەي، جاھان كېزىپ
دۇنيادا ۋاپادار ئادەم بولسا ئىزدەپ كۆرەي، بۇ دۇنيادا ھەقىقىي
ئادەم قىس بولۇپ كەتتى، ئۇلارنى نەلەردىن ئىزدىسەم بولاركىن،
قېنى ئىزدەپ تاپقۇدەك بولسا ئىزدەپ باقاي. ھەم ئاززۇيۇمغا يەت-

[1] «قۇتادغۇبىلىك»، مىللەتلەر نەشرىياتى، 1984 ـ يىل، ئۇيغۇرچە نەشرى، 6605 ـ ، 6611 ـ بېيىتلارنىڭ مەزمۇنى.

تىم، لېكىن ھەقىقىي ئادەمگە ئېرىشەلمىدىم. ئەگەر بۇ ئارزۇيۇم ھاسىل بولسا دىدارىغا قېنىۋالاي، دۇنيانى جاپا قاپلاپ، ۋاپا قەھەت-چىلىكى بولدى. قېنى سوراپ باقاي، كىمدە ۋاپا باركىن. مۇبادا ۋاپادار، سېخىي ئەرنى تاپسام ئىدىم، يەلكەمدە كۆتۈرەتتىم، كۆزۈمە-گە سۈرتەتتىم. ۋاپادار ئىنساننى تاپالمايدىغان بولسام، تاغدا كېيىك بىلەن ھايات كەچۈرەي، قۇمنى تۆشەك قىلىپ، تاغاردىن تون كىيەي، يېمەك - ئىچمىكىممۇ يامغۇر سۈيى بولسا بەس. كىشىلەر-دىن يىراقلاپ، دۇنيادىن ئۆتەي ياكى ياۋايى ھايۋان كەبى باياۋاندا يۈگۈرۈپ يۈرەي. بۇمۇ بولمىسا دۇنيانى تەرك ئېتىپ، دەريادەك ئاقاي، شامالدەك ئۇچاي.»[1] «كىشىلەرنىڭ تىلى دىلىغا شاھىت ئىدى، ئەمدى تىلى بىلەن دىلى ئالا بولۇپ كەتتى.»[2] «نېمىنى ئېيتاي، ئاداش - قولداشتىن ئۈمىد قالمىدى، قېرىنداشلىرىم ياتلىشىپ كەتتى. ئەگەر ئىشەنچ بىلەن خاتىرجەملىك قەسەم بىلەن بولىدىغان بولسا، قېنى ئۇ قەسەمگە ئەمەل قىلغۇچى، ئۇنى ئەر ئاتاي، نان - تۇز ھەققىنى ساقلىغۇچى بارمۇ؟ ئۇنداق كىشى بولسا ئالتۇن - كۈمۈش، مەرۋايىتلارغا كۆمۈۋېتەتتىم. خۇشاللىق ۋە قايغۇدا ئورتاقلىشىدىغان قوشنا - قولۇملار بولىدىغان بولسـا، ئۆي - ۋاقامنى ئۇلارغا قالدۇرۇپ چىقىپ كېتەي. ئىشەنچكە يارىغۇدەك دوست - يارەنلىرىم بولسىدى، ئۇنى بېگىم ئاتاپ، ئۆزۈم قۇلى بولۇشقا رازى بولاتتىم.»[3]

يۈسۈپ خاس ھاجىپ كىشىلىك ھاياتقا ۋاپا ۋە ساداقەت بىلەن كىرىپ كېلىدۇ. ۋاپا - ساداقەتنى ھاياتنىڭ مىزانى قىلىدۇ. جەمـ-ئىيەتكە ھەم ۋاپادارلىق تەلىپىنى قويىدۇ، ۋاپادارلىق ۋە ساداقەت-نىڭ سۇسلاپ كېتىۋاتقانلىقىدىن قاتتىق قايغۇ - ئەلەمگە چۆمىدۇ. ئۇ ھۆكۈمدارلارنىڭ ۋاپاسىزلىقى ئادەتتىكى كىشىلەرنىڭ ۋاپاسىزلىـ-

---

① «قۇتادغۇبىلىك» مىللەتلەر نەشرىياتى، 1984 - يىلى نەشرى، 6565 - بېيىت.
② يۇقىرىقى مەنبە 6579 - بېيىت.
③ «قۇتادغۇبىلىك» مىللەتلەر نەشرىياتى، 1984 - يىل، ئۇيغۇرچە نەشرى، 6582 - ، 6586 - بېيىتلارنىڭ مەزمۇنى.

www.uyghurkitap.com

قىدىن نەچچە ھەسسە خەتەرلىك ئىكەنلىكىنى تونۇپ يېتىدۇ. چۈنكى، كىشىلەر ئوتتۇرىسىدىكى ۋاپاسىزلىق ئۆز - ئۆزىگە زىيان سېلىش ۋە ئۆزىگە ئۆزى زۇلۇم قىلىش بىلەن چەكلەنسە بەگلەرنىڭ ۋاپاسىزلىقى پۈتۈن ئەلنى خاراب قىلىپ، كەچۈرگۈسىز گۇناھقا پاتاتتى. شۇڭا، ئۇ ئەسىرىدە بەگلەردىن ئاللانىڭ ئەھدىگە ۋاپا قىلىشنى، ئەجدادلارنىڭ قىممەتلىك ئەنئەنىسىگە ۋاپا قىلىشنى، خەلققە ۋاپادارلىق قىلىشنى تەلەپ قىلىدۇ. ئەسەردە باشتىن - ئاياغ بەگلەرنىڭ خەلققە ۋاپادار بولۇپ، ئۇلارنى جېنىدەك ئاسرىشىنى، ئەلگە يالغانچىلىق، كاززاپلىق قىلماسلىقنى، ئۇلارغا سەممىي بولۇپ، كۆڭۈل، تىلنى يۇمشاق قىلىشنى، توغرا قانۇن تۈزۈپ ۋاپاسىزلارنى يوقىتىپ، ساداقەتمەنلەرنى كۆتۈرۈشنى، ئەلدىن زۇلۇمنى تۈگىتىپ، ئادالەت ئورنىتىشنى تەلەپ قىلىدۇ. بەگلەردە پاكلىق، تەقۋادارلىق، نەسلى ئېرىغ بولمىسا ۋاپاسىزلىق سادىر بولۇپ، ئەلگە ئاپەت بولىدىغانلىقىنى ئەسكەرتىدۇ: «بەگ تەقۋا، دىلى ئېرىغ بولمىقى لازىم، دۆلەت دېگەن ئاشۇنداق ئېرىغلىقنى تەلەپ قىلىدۇ، ئېرىغلىق نەسلى ئېرىغ بولۇشنى تەلەپ قىلىدۇ، ئادەم تەقۋا بولغاندىلا دىلى قورققاق بولىدۇ، دىلى قورققاق بەگ ھايا بىلەن ئىشنى تۈز قىلىدۇ.»[1]

ئۇمۇمەن يۈسۈپ خاس ھاجىپنىڭ ۋاپادارلىقى شۇنچىلىك ئەمەلىي ھەرىكەتكە ئايلاندىكى، ئۇ ئەلگە بولغان ۋاپادارلىقنى، ئۇلارغا بولغان شاپائىتىنى نامايىش قىلىش ئۈچۈن كىشىلەرنى ۋاپادارلىققا ئۈندەيدۇ ۋە ۋاپادارلىق ئارقىلىق ۋاپادارلىققا دەۋەت قىلىدۇ.

---

① «قۇتادغۇبىلىك» مىللەتلەر نەشرىياتى، 1984 - يىل ئۇيغۇرچە نەشرى، 1985 - ، 1988 - بېيىتلارنىڭ مەزمۇنى.

# ئالتىنچى باب

## ھاياتنى، تۇرمۇشنى، دۇنيانى سۆيۈشكە ئۆگەتكەن

ھايات ئىنسان ئۈچۈن ئىنتايىن قىممەتلىك نېمەت پۈرسىتى،
تۇرمۇش شۇنداق گۈزەل، رەڭگارەڭ ۋە جەلپ قىلارلىق. دۇنيا مول
نېمەتكە تولغان مەڭگۈلۈك بولاق. بۇ دۇنيا ئىنسانلارنىڭ ھاياتلىق
ماكانى، ئۇ ھەممىنى ئاتا قىلىدۇ. بۇ دۇنيا ئارقىلىقلا ئادەم ئۆزد-
ىنىڭ كىشىلىك قىممىتىنى تاپالايدۇ، بۇ دۇنيادا كىشىلىك قىممەت-
كە ئىگە بولالمىغان ئادەم ئۇ دۇنيادىمۇ قىممەت تارازىسىدا يەڭگىل
كېلىپ قالىدۇ. ھايات، تۇرمۇش، دۇنيا ئادەملەرنىڭ ساۋاب مەنبە-
سى ۋە قەدىر - قىممەت ئېتىزى. شۇڭا يۈسۈپ خاس ھاجىپ
ھاياتنى، بۇ دۇنيانى بىر ئېتىزغا ئوخشاتقان ۋە ئۇنىڭغا نېمە تېرىغان
بولسا شۇنداق ھوسۇلغا ئېرىشىدىغانلىقىنى ئېيتقان. ھاياتنى ۋە
دۇنيانى ئاللانىڭ رەھمىتى دەپ بىلگەن مۇسۇلمانلار بۇ دۇنيادا
ياخشى ئىشلارنى قىلىپ، ئاللانىڭ رەھمىتىگە جاۋاب قايتۇرۇش پەرز
ئىكەنلىكىنى بىلىدۇ. ھاياتمۇ، تۇرمۇشمۇ، دۇنيامۇ بۈيۈك قۇدرەت
ئىگىسىنىڭ ھېكمەتلىك ئورۇنلاشتۇرۇشىدىكى، ئۇنىڭدىن ئېۋەن ۋە
قۇسۇر تاپالمايمىز ۋە قۇسۇر ئىزدەشكە بولمايدۇ: «ئۇلار ئۆرە تۇر-
غاندىمۇ، ئولتۇرغاندىمۇ، ياتقاندىمۇ ئاللانى ئەسلەپ تۇرىدۇ. ئاسمان-
لارنىڭ ۋە زېمىننىڭ يارىتىلىشى توغرىسىدا پىكىر يۈرگۈزىدۇ،
(ئۇلار ئېيتىدۇ) پەرۋەردىگارىمىز! بۇنى بىكار ياراتمىدىڭ.»[1] يۇقى-

① «قۇرئان كەرىم» مىللەتلەر نەشرىياتى، ئۇيغۇرچە نەشرى، ئال ئىمران سۈرىسى، 191 - ئايەت.

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

رىقى ئايەت ئارقىلىق، ئادەمنىڭ بۇ دۇنياغا پىكىر قىلىشقا، تەپەككۇر قىلىشقا، بۇ ئارقىلىق دۇنيا نېمەتلىرىدىن بەھرىمەن بولۇپ، ئاللادىن مەمنۇن بولۇشقا يارىتىلغانلىقىنى بىلىمىز. ئادەمگە ئەقىل پىكىر قىلىش ئۈچۈن بېرىلگەن بۈيۈك نېمەت ئىكەنلىكىنى چۈشىنىشكە ئىشتىراك قىلىنىدۇ.

يۈسۈپ خاس ھاجىپقا بېرىلگەن ياشاش، ھاياتنى قەدىرلەش، تەربىيىسىدە ئەقىلنى قەدىرلەش ئەقىلنىڭ رولىدىن ئۈنۈملۈك پايدىلىنىشقا ناھايىتى كۆپ ئىشتىراك قىلىنغانلىقىنى، بىز «قۇتادغۇبىلىك» تە ئەقىلگە ئەڭ ئېتىبار بىلەن ئەڭ مۇتىۋەر ئورۇن بەرگەنلىكىدىن بىلدۇق. چۈنكى، ئادەمنىڭ دۇنيانى بىلىشىگە ۋەھىيدىن قالسىلا ئەقىلدىن باشقا بىلىش، پىكىر قىلىش قورالى يوق ئىدى. ۋەھىي دېگەن پەقەت پەيغەمبەرلەرگىلا چۈشىدۇ، بىراق، باشقا بارلىق ئىنسانلار ئەقىل ئورگىنى ئارقىلىقلا دۇنيانىڭ سىرلىرىنى بىلىدۇ. شۇڭا، يۈسۈپ خاس ھاجىپ ئەقىل نېمىتىنى ئىنتايىن ئۇلۇغلايدۇ. ئۇ ئادەمنى ھايۋانلاردىن ۋە باشقا مەۋجۇداتتىن ماھىيەتلىك پەرققە ئىگە قىلغان نەرسىنىڭ ئەقىل ئىكەنلىكىنى چۈشىنىپ يەتكەن. «ئاللا ئادەمنى تاللاپ ئەزىز ۋە قەدىرلىك قىلدى. ئۇنىڭغا ئەقىل ـ ئىدراك، بىلىم، پەزىلەت بېرىپ يۈكسەلدۈردى»، «ئادەمدە ئەقىل بولغانلىقى ئۈچۈن تەس تۈگۈنلەر يېشىلدى. بىلىمنى بۈيۈك، ئەقىلنى ئۇلۇغ بىلگۈلۈك.» «نەدە ئەقىل بولسا بۈيۈكلۈك شۇ يەردە بولىدۇ»، «ھەرقانداق ئەر ئەقىل مەرتىۋىسىگە يەتسە تۈمەن ئارزۇسى بولسىمۇ قېنىپ، تىلىكى ھەل بولىدۇ، ئەقىلنىڭ ئىنسان ئۈچۈن پايدىسى زور. ئۇنىڭ ئۈستىگە بىلىم قوشۇلسا، ئادەمنىڭ قەدىر ـ قىممىتى تېخىمۇ ئاشىدۇ. بىلگىنكى، ئىنسان بالىسىنىڭ قىممىتى ئەقىل بىلەن بىلىمدە.»، «دۇنيادىكى بارلىق قەدىر ـ قىممەت ئەقىل ـ ئىدراك ئۈچۈن بولىدۇ. ئەقىلسىز، ئىدراكسىز بىر ئۈچۈم لاي بىلەن باراۋەر.» «ئەقىل قەدىر ـ قىممەتتە ھەممىدىن ئۈستۈن بولغاچقا، ئۇ باشقا يارىتىلغان.» يۇقىرىقى

ئەقىلگە بولغان يۈكسەك چۈشەنچە ۋە مەمنۇنلۇقتىن باشقا، دىققىتىمىزگە ئەڭ سازاۋەر بولغان بىر ئىش شۇكى، يۈسۈپ خاس ھاجىپ ئەسىرىگە تاللىغان تۆت ئوبرازنىڭ ئۈچىنچىسى بولغان ئۆگدۈلمىش ئەقىلنىڭ ئېتى يەنى سىمۋولى ئىدى. شۇڭا، يۈسۈپ ئۇنى «ئۇنى ئەقىل ـ پاراسەت» دەپ ئاتىدىم، دېگەن. ئۇنىڭدىن ئەقىلنىڭ ھاياتقا ئېلىپ كېلىدىغان بارلىق خاسىيەتلىرى يورۇيدۇ.

بىز «قۇتادغۇبىلىك» تىكى ئەقىلنىڭ سۈرىتىنى كۆرگەندە، ئۆز دەۋرىدە ئەقىلنىڭ ئورنى، رولى ۋە ھەممىتى توغرىسىدا يۈسۈپ خاس ھاجىپنىڭ روشەن، چوڭقۇر، ئەتراپلىق چۈشەنچىلەرنى ئوتتۇرىغا قويغان يەنە بىر ئەسەرنىڭ يوقلۇقىغا ئىقرار بولىمىز. بۇنداق چوڭقۇر چۈشەنچىنىڭ ئائىلە ۋە مەكتەپ تەربىيىسىدە ئەقىل ـ پاراسەت تەربىيىسىگە قانچىلىك ئەجىر سىڭدۈرۈلگەنلىكىنى ھېس قىلىمىز. كۆز ئالدىمىزدا ئەقىل توغرىسىدا تەلىم ـ تەربىيە ئېلىپ بېرىلىۋاتقان سېيماسى ھازىر بولىدۇ: بالام، ئاللا ساڭا ئاتا قىلغان بارلىق نېمەتلەرنى قەدىرلىگەيسەن، ئەقىل ساڭا ئاتا قىلىنغان ئۇلۇغ نېمەت، ئۇنىڭ شۈكرانىسىنى تولۇق ئادا قىلىش ئۈچۈن ئۇنى بىلىم نۇرى بىلەن يورۇتماق لازىمدۇر. ئادەم دېگەن ئالەمدىكى غايەت قۇدرەتلىك كۈچ، بۇ دۇنيانىڭ روھ ھەم بېزىكى. چۈنكى، ئاللا ساڭا ھېكمىتى بىلەن ئەقىلنى بەردى. بىلسەڭ ساڭا ئالەمدىكى بارلىق نېمەتلەردىن ئەركىن پايدىلىنىش ھوقۇقى بېرىلگەن ھەم شۇنىڭغا يەتكۈدەك ئەقىل كۈچىمۇ ئاتا قىلىنغان. ئەقىل دېگەن ساڭا بېرىلگەن تەڭدىشى يوق بايلىق. ئەقىلنىڭ ئالدىدا دۇنيانىڭ بارلىق نېمەتلىرى، ئوردا ـ قەسىرلىرى خەسچىلىك ئېتىبارغا ئىگە ئەمەس. ئادەمدە ئەقىل مۇقەددەسلىكى بولمىغاندا ئىدى، ئىككى پۇتلۇق ھايۋاندىن پەرقلەنمەس ئىدى. ئەقىل سەن ئۈچۈن قوماندان، قوماندان ياخشى تەربىيە كۆرمىگەن بولسا، ئۇ باشقا ئەزالىرىنى يامان، مەغلۇبىيەتلىك يولغا باشلايدۇ. قوماندان يارامىلىق بولسا ئاندىن باشقا ئەزالارنىڭ رولىمۇ ئۇنۇملۇك جارى بولىدۇ. ئەقىل

www.uyghurkitap.com

ئۇ نۇر، ئۇنىڭ بىلەن پۈتۈن ئالەم شۇنداق گۈزەل ۋە جەلپكار.
ئەقىل بولمىسا ئۇنىڭ گۈزەللىكىنىمۇ ھېس قىلالماس ئىدىڭ.
ئەقىل بولمىسا كۆزۈڭمۇ تام تۈشۈكىدىن پەرقلەنمەيدۇ. ئەقىل
بولمىسا كۆڭلۈڭمۇ بولمايدۇ. شۇڭا، ئۆزۈڭگە ئاتا قىلغان ئەقىلدىن
ئىبارەت مۇقەددەس بايلىقىڭدىن توغرا پايدىلىنالمىساڭ، ھاياتىڭدىن-
مۇ توغرا پايدىلىنالمايسەن. ئەقىل دېگەن كۆزى يوقلا كۆز، تىلى
يوقلا تىل، ئۆلۈك تەنگە جان بەخش ئېتىدۇ. شۇنچە قىممەتلىك
بايلىقتىن جايىدا پايدىلىنالمىساڭ، شۇنداق نۇرلۇق مەشئەلنى يو-
رۇتماي قاراڭغۇ زۇلمەتكە پاتۇرۇپ قويساڭ، ئەڭ چوڭ جىنايەتكار
بولىسەن، بۇنىڭ ھېسابىنى قىيامەتتە بەرمەك تەس. دۇنيادىكى
ھەرقانداق مەھرۇملۇق ئەقىل بايلىقىنى نابۇت قىلىشتىن ئارتۇق
بولمايدۇ. دۇنيادىكى ھەممە قىممەتلىك نەرسىگە ئەقىل ئارقىلىق
ئېرىشىش مۇمكىن، ئەگەر ساڭا ئەقىل يېتىشمىسە، ساڭا ھەممە
نەرسە يېتىشمەيدۇ.

بالام، ئاللا ئۆز كەرىمى بىلەن ھەممە نەرسە ئۈچۈن ۋاستە
ياراتتى. ئەقىلنىڭ تەرەققىياتى ئۈچۈن، پىكىر قىلىشىڭ ئۈچۈن
دۇنيانى ياراتتى، دۇنيانى بىلىشىڭ ئۈچۈن ئوقۇشنى ياراتتى. ئاللا-
نىڭ «ئوقۇ، پەرۋەردىگارىڭ ئەڭ كەرەملىكتۇر. ئوقۇ، ساڭا قەلەم
بىلەن خەت يېزىشنى ئۆگەتتى» دېگەن ئەمرىگە ئەمەل قىلغايسەن.
ئوقۇپ بىلىم ئېلىشنى ئەقىلنىڭ تەرەققىياتىغا ۋاستە قىلغان.
ئوقۇمىساڭ ئەقىل چىرىغىڭ مەڭگۈ يورۇمايدۇ. ئاللا كەرەملىكتۇر،
دېگەن ئەمر بىلەن «ئوقۇ» دېگەن ئەمرنىڭ بىللە ئېيتىلغانلىقىنى
چۈشەن.

بىز ئۆز دەۋرىدە مۇشۇنداق ئۇلۇغ تەلىم-تەربىيىلەرنى بېرىۋال-
غان ئاتا-ئانىلاردىن چەكسىز ئىپتىخارلىنىمىز، يۈسۈپتەك ئۇلۇغ
ئاقىللارنىڭ يېتىشىپ چىقىپ، ئۆز دەۋرىدە ئەقىل-پاراسەتتە
ھەممىدىن ئۈستۈن تۇرالىغانلىقى ۋە ھازىرقى دەۋرىمىز ئەقىل-
پاراسەتنىڭ ئۈلگىسى بولالىغانلىقىنى تەلىم-تەربىيىنىڭ شان-

شەرىپىدىن بولغان، دەپ قارايمىز.
بىز ھازىرقى ئەقىل كۈچىنىڭ سېلىشتۇرمىسىدا ئەڭ كەينىدە
تۇرىدىغانلىقىمىزنى تەن ئېلىشىمىز كېرەك. جۇڭگو ھۆكۈمىتى ۋە
كوممۇنىستىك پارتىيە ئەقىلنىڭ رولىغا ۋە ئۇنىڭ تەرەققىياتىغا
ئىنتايىن كۆڭۈل بۆلۈۋاتىدۇ. شۇڭا، مائارىپ فاڭجېنىنىڭ بىرىن-
چى شوئارى ئەقلىي جەھەتتە تەرەققىي قىلغان ئىزباسارلارنى تەربىيە-
لەپ چىقىشتىن ئىبارەت. ھازىرقى ساپا مائارىپ تەربىيىسىنىڭ
ئالدىغا قويغان بىرىنچى ۋەزىپىسىمۇ ئەۋلادلارنىڭ ئەقىل بۇلىقىنى
ئېچىش، تەرەققىي قىلدۇرۇش ئەمەسمۇ؟ بىز ئاتا - ئانىلار بالىلار-
نىڭ ئەقلىي تەرەققىياتىغا تۈنجى ئاساسنى سالغۇچىلار، ئەگەر بۇنىڭ-
غا سەل قاراپ پەرزەنتلىرىمىزنى يارامسىز ئادەم قىلىپ قويساق،
بالىلارنىڭ جىنايەتكارى بولۇپ قالىمىز. ئەقلىنى نابۇت قىلغان
ئادەم مىڭ ھەسسە قاتىلدۇر. بالىلار ئەقلىي تەرەققىياتقا ئېرىشەلمە-
سە تىرىك ئۆلۈك بولۇپ قالىدۇ، بۇ دۇنيانىڭ نېمەتلىرىدىن بەھرى-
مەن بولۇش ئىقتىدارى ۋە ھوقۇقىدىنمۇ مەھرۇم بولىدۇ. ئەلگە
يۈك ۋە ئاپەت بولىدۇ. بۇنداق يامان ئاقىۋەتنىڭ كېلىپ چىقىشىدا
قايسى ئاتا - ئانا ئۆزىنىڭ مەسئۇلىيىتىنىڭ بارلىقىدىن تانالمايدۇ.
بىز بالىلىرىمىزنى خاتا - ئازغۇن تەرغىباتلارنىڭ قۇربانىغا ئايلاندۇ-
رۇپ قويماسلىقىمىز لازىم. كلاسسىكلىرىمىزنىڭ ئارىسىدا كىچىك-
دە خاتا ئەقىدە تەربىيىسىنى قوبۇل قىلىۋېلىپ، شۇنىڭ ئاسارىتى-
دىن ئۆمۈر بويى قۇتۇلالماي چۈشكۈنلۈك بىلەن ئۆتكەن نۇرغۇن
كىشىلەرنى بىلىمىز. كېيىنكى ئوتتۇرا ئەسىردە ئەقىل تەرەققىياتىغا
ئېتىبار بېرىلمىدى، ھە دېگەندە ئىلاھىي ئىشق تەرغىباتى بازار
تاپتى، ئاقىۋەتتە خېلى ئوقۇمۇشلۇق زىيالىيلارمۇ تەركىدۇنيالىق
يولىغا سۆرەپ كىرىلىپ، ئاسىي بولۇپ كەتتى. ئۇلۇغ ئالىم ۋە
شائىر ئەلىشىر ناۋائى كىچىك چاغدا پەرىددىن ئەتتارنىڭ: «مەنتى-
قۇتتەيىر» دېگەن تەسەۋۋۇپ ئىدىيىسى بىلەن سۇغۇرۇلغان ئەسىرى-
نى ئوقۇغاندىن كېيىن ئەلىشىردە بالىلار بىلەن ئارىلاشمايدىغان،

www.uyghurkitap.com

يالغۇزلۇق خالايدىغان، جىمغۇر، چۈشكۈن بىر ئەھۋال شەكىللەنگەن. بۇ خىل ئەھۋالنى ئەسلەپ ئۆزى مۇنداق يازغان: بالىلىق چېغىمدا. . . بالىلار دەرسنى ئۆگىنىش ئۈچۈن تەرەپ - تەرەپتىن بىر ئاۋاز چىقىرار ئىدى. دەرسنىڭ ئازابىدىن «يا خۇدا!» سۆزىنى تەكرار ئېيتىشتىن بەزگەنلىرىدە، مۇدەررىس ئوقۇغۇچىلارنىڭ خاتىرىسىنى جانلاندۇرۇش ئۈچۈن شېئىر ئوقۇتار ئىدى. ئۇ چاغدا مېنىڭ ھەۋەسمەن تەبىئىتىم «مەنتىقۇتتەيىر» نى ئىستەر ئىدى. «مەنتىقۇتتەيىر» نى ئاستا - ئاستا تەكرارلاش نەتىجىسىدە ساددا كۆڭلۈم ئۇنىڭ سۆزلىرىدىن بەھرە ئالدى. تەبىئىتىم بۇ سۆزلەرگە ئاشنا بولغاچقا، باشقا سۆزلەرگە مەيلىم قالمىدى. كىتابنىڭ ھېكايىلىرىگە ۋە قۇش تىلى بىلەن قىلىنغان كىنايىلەرگە كۆڭۈل كۆپ كەتتىم. بىرەر سۆزدىن تەبىئىتىم ئېچىلسا، بۇ سۆزنىڭ مەنىسىنىڭ نېمىلىكىنى تېپىشقا ئىنتىلەتتىم. بۇ كىتابنى ئوقۇش زوقى مېنى خۇش قىلار ئىدى، بىراق ئۇنى ئىزهار قىلالماس ئىدىم. بۇ كىتاب يالغۇز چاغلىرىمدا دوست بولدى. كىشىلەرنىڭ ئاددىي سۆزلىرىنى ياقتۇرماس بولدۇم. بۇنداق ئەھۋالىمنى بايقىغان بالىلار چۈۋۈلدۇشۇپ، گەپ - سۆز قىلىشقا باشلىدى. بۇ سۆزلەردىن ئاتا - ئانامنىڭ خەۋەر تاپتى. ئۇلار مەندىن كۆپ ئەنسىرەپ، گويا بىلىمسىز كىشىلەردەك ۋەھىمىگە چۈشۈپ قالدى، ئۇلار مېنى ئېلىشىپ قالمىسۇن، دېگەن ئەندىشە بىلەن، كىتابنى يوقىتىۋەتتى - دە، بۇ كىتاب بىلەن مەشغۇل بولۇشتىن مېنى مەھرۇم قىلدى. . . مەن بۇ شېئىرلارنى يادلىۋالغانىدىم، ھەرۋاقىت ئۇلارنى يوشۇرۇنچە تەكرار قىلۇر ئىدىم. ئۇنىڭدىن باشقا سۆزگە مەيلىم ئاز بولۇپ، قۇشلار مەنتىقىسى بىلەن مەشغۇل ئىدىم.» بۇنىڭدىن كۆرۈشكە بولىدۇكى، تەلىم - تەربىيە ئىشىدا بالىلارنىڭ قەلب ئېتىزى تېخى ئاپئاق بولىدۇ، ئۇنىڭغا قانداق خەت يېزىلغان بولسا ئۇنىڭ تەسىرى مەڭگۇ ساقلىنىپ قالىدۇ. كىتاب ئوقۇتقاندىمۇ كىتابنىڭ مەزمۇن جەھەتتىكى ساغلاملىقىغا ئالاھىدە دىققەت قىلىش كېرەك. بالىلاردا ئۇ

مىد، ئىشەنچ، شىجائەت بېغىشلايدىغان، تەپەككۇر قىلىشقا، ھاياتقا بولغان مۇھەببىتىنى ئاشۇرۇشقا ياردىمى بولىدىغان كىتابلارنى تاللاپ ئوقۇشقا ئىشتىراك قىلىش كېرەك. چۈشكۈنلۈك، ئۈمىدسىزلىك روھى بىلەن سۇغىرىلغان كىتابلار بالىلارنى نابۇت قىلىدۇ.

يۇسۇپ خاس ھاجىپنىڭ دۇنيا قارىشىدىن قارىغاندا، ئۇ يامان تەسىرگە ئۇچرىمىغان، يامان تەربىيە سىڭدۈرۈلمىگەن. ئۇ ناھايىتى ساغلام، ھاياتقا بولغان ئۈمىدۋارلىق ۋە سۆيگۈ بىلەن تەربىيىلەنگەنلىكىنى كۆرىمىز. ئۇنىڭ ئىدىيىسى شۇنداق ئەركىن ۋە ھۆر، تەپەككۇرىمۇ شۇنداق ئازادە، ئۇنىڭ تەسەۋۋۇرى ۋە ھېسسىياتىنىڭ دۇنيانىڭ، ھاياتلىقنىڭ ئەڭ جۇشقۇن قاينامىلىرىدا قانات قاققانلىقىنى كۆرىمىز. ئۇنىڭ ھەربىر تىنىقلىرىدا ھاياتقا بولغان سۆيگۈ، مۇھەببەتنىڭ ھارارىتى تەپچىرەيدۇ، ھەربىر مىسراسى كىشىلەرنى تۇرمۇش ساھىلىغا باشلايدىغان ماياك بولىدۇ.①

ھاياتنى سۆيۈش ئۆزىنى قەدىرلەش، ئۆزىدىن مەمنۇن بولۇش ئارقىلىق ئورۇنلىنىدۇ. ئادەم ئۆزىنى قانچىلىك سۆيسە، ئۆزىدىن قانچىلىك مەمنۇن بولسا، ئۆزىگە يېقىنلىشىش ئۈچۈن شۇنچە كەڭ ئىمكانىيەت تاپالايدۇ، ئەگەر ئىنسان ئۆزىنى خار قىلسا، دۇنيادىكى ئورنىنى ۋە قىممىتىنى، نېمە ئۈچۈن دۇنياغا يارالغانلىقىنى بىلمىسە، ئۆزىدىن شۇنچىلىك يىراقلاپ ياتلىشىپ كېتىدۇكى، ئۇنىڭ كۆلپىتى بەك ئېغىر بولىدۇ. نۇرغۇن بالىلار مۇشۇ ئۆتكەلدىن ئوڭۇشلۇق ئۆتەلمەي نابۇت بولۇپ كېتىدۇ. چۈنكى ھاياتنىڭ بىر تەرىپىدە ئەجىر - مېھنەت بولسا، يەنە بىر تەرىپىدە راھەت - پاراغەت بار. قىزىق يېرى، ئەجىر - مېھنەت بار يەردە ئادەمنىڭ ئۆزى بار، قىممەت ۋە مەمنۇنلۇقلار بار، راھەت - پاراغەت مەپتۇن قىلغان يەردە ياتلىشىش، خارلىق ۋە نابۇت بولۇش بار.

يۇسۇپ خاس ھاجىپ مانا شۇ ئۆتكەلدىن ئوڭۇشلۇق ئۆتكەن.

① بۇ ھەقتىكى تەپسىلىي مەلۇماتنى خالىسىڭىز، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى نەشر قىلغان «ئوغلۇم، ئالدىڭدا قارا» دېگەن كىتابىمىزنىڭ 3 - بابىنى ئوقۇپ كۆرگەيسىز.

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com

ئۇ ھاياتنى مېھنەت ئۇچۇن يارىتىلغان ھايات، دەپ چۈشەنگەن. ئۇ مانا شۇ مېھنەت ئىچىدە ئىزدىمەكچى بولغان ئەسلىي بەختنى تاپالىغانلىقىدىن مەمنۇن بولغان. بىر قىسىم ئەجرى مېھنەتسىز ھاياتنىڭ قىممىتىنى كەيپ ـ ساپادىن ئىزدىمەكچى بولغان كىشىلەردىن ئېچىنغان.

2841 ئۆمۈرگە نە ئەپسۇس، ئەمگەككە ئىسىت،
ئەمگەكسىز ئۆتكەن بۇ ئۆمۈرگە ئىسىت.

5317 جاھان تولىقى بارچە ئاچلىق ئېرۇر،
ھۇزۇرى، سۆيۈنچى قېيىنلىق ئېرۇر.

يۇقىرىقى بېيىتلاردا يۇسۇپ خاس ھاجىپ ھايات توغرىسىدىكى چوڭقۇر پەلسەپىۋى ئىدىيىسىنى ئەكس ئەتتۈرگەن. ئۇ ئۆلۈم ئەپسۇسلىنارلىق ئەمەس، مېھنەتنىڭ زايا كېتىشى ئەپسۇسلىنارلىقتۇر؛ ھاياتتا ئەپسۇسلىنىشنىڭ ھاجىتى يوق، ئەمگەكسىز ئۆتكەن ھاياتتا مىڭ ئەپسۇس قىلىش كېرەك دەيدۇ. دۇنيانىڭ توقلۇقى، راھەت ـ پاراغىتىنى ئىزدەشنىڭ ھەممىسى ئاچلىقنىڭ ئىپادىسى، ئۇ كىشىگە ھەقىقىي سۆيۈنچ، توقلۇق ئاتا قىلىدىغان نەرسە ئەمەس، بەلكى ئەمگەكتە. ئەمگەكسىز ھاياتنىڭ قىممىتىمۇ، مەنىسىمۇ، ھۇزۇرىمۇ يوقتۇر. ئەمگەك ئارقىلىق ئاللا ياراتقان چەكسىز نېمەتلەرگە ئېرىشىش مۇمكىن، ئۇنىڭدىن تۇغۇلغان مەمنۇنلۇق ھەقىقىي مەمنۇنلۇق بولىدۇ. ئۇنداق بۈيۈك نېمەتلەرنى ھېس قىلمىغان ئادەم، ياستۇق قىرلاپ يېتىپ قانداقمۇ مەمنۇنلۇق تۇيغۇسى ئويغانسۇن.

يۇسۇپ خاس ھاجىپتا ئويغانقان مۇنداق مەمنۇنلۇق ئېڭىنىڭ تورغۇزۇلۇشىنى، ئۇنىڭغا كىچىكىدىن تارتىپ بېرىلگەن ئەمگەكنى سۆيۈش، ئەمگەكنى ئۇلۇغلاش، ئەمگەك بىلەن چېنىقتۇرۇش تەربى-

ـىيسىنىڭ رولىدىن ئايرىپ قارىغىلى بولمايدۇ. شۇڭا، ئۇنىڭدا
ھاياتنىڭ پۈتۈن لەززىتىنى ئەمگەككە باغلاپ چۈشەندۈرىدىغان مۇ-
كەممەل ئەقىدە ۋە پەلسەپىۋى چۈشەنچە پىشىپ يېتىلگەن. ئەمگەك-
نىڭ ئادەمگە ئاتا قىلىدىغان نېمىتى بۇنىڭ بىلەن چەكلەنمەيدۇ.
ئىنساندا تەمكىن، مەزمۇت، چىرايلىق بىر خىل خاراكتېر يېتىلدۇ-
رىدۇ، تەكەببۇرلۇق ئېتىغا يۈگەن سېلىپ، كەمتەرلىك لىباسىنى
كىيدۈرىدۇ. سۆيگۈ، ۋاپادارلىققا ئۆگىتىدۇ. ئەمگەكنى بىلمىگەن،
ئەمگەكنى سۆيمىگەن ئادەمدە ئاددىيسى ئەقەللىي بىر ئىنسانپەر-
ۋەرلىك ھېسسىياتىمۇ ئويغانمىغان بولىدۇ.
يۈسۈپ خاس ھاجىپ ئەمگەكنى ئۇلۇغلاپلا قالماي، بەلكى
ئەمگەكچىلەرنى تىبخىمۇ ھۆرمەتلەيدۇ. ئۇ مېھنەتكەش خەلقنىڭ ئەم-
گەكچانلىقى ۋە ئەمگىكىدىن ئىپتىخارلىنىدۇ. ئۇلارغا كىشىلىك
جەمئىيەتنىڭ تۆرىدىن ئورۇن بېرىدۇ. جەمئىيەتتە ھەربىر كىشى-
نىڭ، يۇقىرىدىن تۆۋەنگىچە ھەرقايسى كەسىپ ۋە ئورۇندىكىلەرنىڭ
مەسئۇلىيەت ۋە مەجبۇرىيەتلىرىنى ناھايىتى تەپسىلىي بايان قىلى-
دۇ. پادىشاھ ھۆكۈمدار ئەمەس، بەلكى ئۇ ھەممىدىن ئارتۇق مېھ-
نەت يۈكىنى ئارتقۇچى، دۆلەتتە ئەلدىن ئىبارەت پۇقرالارنىڭ «پادى-
چىسى» دەپ قارايدۇ. باشقا ئورۇندا ئەمەلدارلىرىنى مانا شۇ پادىچى-
نىڭ سادىق ياردەمچىلىرى، ئىش بېجىرگۈچىلىرى قاتارىدا سۆپەت-
لەيدۇ. ۋەتەن ـ خەلقنىڭ ماددىي ئېھتىياجىنى كاپالەتلەن-
دۈرۈۋاتقان، زېمىنغا جان كىرگۈزۈۋاتقان دېھقان، چارۋىچى، قول
ھۈنەرۋەنلەرگە، شەرقنى غەربكە تۇتاشتۇرۇۋاتقان مەدەنىيەت ئەلچى-
لىرى سودىگەرلەرگە چوڭقۇر مۇھەببەت بىلەن مەدھىيە ئوقۇيدۇ:
«كىشىلىك ھاياتتا ئىنتايىن كېرەكلىك يەنە بىر تەبىقە بار،
نەپەس ئېلىۋاتقان، قىمىرلاپ تۇرغان جانلىقلار ئۇلارغا موھتاج.
ئۇلارنى تېرىقچى دەيمىز. سەنمۇ ئۇلارغا موھتاج بولماي قالمايسەن،
ئاش ـ ناندىن غەمسىز ياشاي دېسەڭ، ئۇلار بىلەن ياخشى ئارىلاش،
ئۇلارغا ياخشى مۇئامىلىدە بول. تامىقىم پاك، ئىشلىرىم ھالال

www.uyghurkitap.com

بولسۇن دېسەڭ، ئۇلارغا دۇرۇس مۇئامىلە قىلىشنى بىل. تەقۋادار
كىشىلەر بۇ توغرىدا: ئەستايىدىل، توغرا يول تۇتاي دېسەڭ، گې-
لىڭنى پاك تۇت، ھەقىقىي تەقۋادارلىق تونىنى كىيەي دېسەڭ،
يېمەك - ئىچمىكىڭ، كىيىم - كېچىكىڭ ھالالدىن پۈتۈنلەنسۇن،
دېيىشكەن. تېرىقچىلارنىڭ قولى ئوچۇق كېلىدۇ، كۆڭۈل - كۆك-
سىنى خۇدا بەرگەندىنمۇ زىيادە كەڭ تۇتىدۇ. ئۇلار بىلەن ئارىلاش،
يۈزۈڭنى يورۇق تۇتۇپ، ياخشى سۆز قىل.»

«ئېلىم - سېتىم بىلەن تاپاۋەت قىلىدىغان بىر گۇرۇھ بار،
ئۇلار تىجارەتچىلەردۇر. ئۇلار ئەقىل ۋە دىلىنى خۇداغا تاپشۇرۇپ،
تىرىكچىلىك ئۈچۈن جاھان كېزىپ يۈرىدۇ. بۇ دۇنيادا سەن ئارزۇ
قىلغانلىكى نەرسىلەر بۇلاردىن تېپىلىدۇ. ئەلنىڭ ماددىي بېزەكلى-
رى، تاللانغان ئېسىل نەرسىلەر ئۇلاردا بولىدۇ. ئۇلار شەرقتىن
غەربكە كېزىپ يۈرۈپ، ساڭا كېرەكلىك بۇيۇملارنى يەتكۈزۈپ بېرى-
دۇ. ئەڭ قىممەتلىك نەرسىلەر، مىڭ تۈرلۈك تاۋار - دۇردۇنلار
ئۇلاردا بولىدۇ. قاراپ باق، جاھانكېزەر سودىگەرلەر بولمىغاندا
كىشىلەر قارا سۆسەر جۇۋىنى قاچان كىيەلەيتتى؟ قىتان كارۋىنى
چاڭ - توزان توزۇتۇپ كارۋان تارتمىغان بولسا، تۈمەن خىل
تاۋار - دۇردۇنلار قاياقتىن كېلەتتى. ئۈنچە - مارجان، تىزىقلارنى
كىممۇ كۆرەلەيتتى؟! ئۇلارغا دائىم ئىشىكىڭنى ئوچۇق قىل،
مۇئامىلىدە ياخشى بولۇشقا تىرىشقىن.»

يۈسۈپ خاس ھاجىپ چارۋىچىلار ھەققىدە توختالغاندا: «ئۇلار-
نىڭ باشقىلارغا ئېغىرى چۈشمەيدۇ، ئۇلار ئوچۇق - ئاشكارا، راست-
چىل كىشىلەردۇر. ئۆيۈڭنىڭ بىساتى بولىدىغان يۇڭ، كىگىز،
پالاسلار شۇلاردىن كېلىدۇ، يېمەك - ئىچمەكتە لازىملىق قىمىز،
سۈت، ماي، سۈزمە ۋە قۇرۇتلار شۇلاردا بولىدۇ، مىنىشكە
ئات - ئۇلاغ، يۈك توشۇشقا لازىملىق تۆگە، قېچىرلارنى شۇلار
تەمىنلەيدۇ. ئۇلارغا توغرا مۇئامىلە قىلىپ يېمەك - ئىچمىكىڭنى
ئايىما.» ھۈنەرۋەنلەر توغرىسىدا مۇنداق دەيدۇ: «تۆرمۇشۇڭنىڭ

زىننىتىنى بارلىققا كەلتۈرگۈچى بىر تەبىقە بار، ئۇلار تىرىكچىلىك
ئۈچۈن ھۈنەر ـ سەنئەت بىلەن مەشغۇل بولغۇچى ھۈنەرۋەنلەردۇر.
ئۇلارمۇ ئىنتايىن كېرەكلىك تەبىقىدۇر. تۆمۈرچى، موزدۇز، ئويـ
مىچى، كۆنچى، سىرچى، بوياقچى، ئوقچى، ياچى دەيلى، سانىسام
سان ـ ساناقسىزدۇر. دۇنيادىكى تاڭ قالارلىق ئىشلار شۇلارنىڭ
قولىدىن چىقىدۇ. ئۇلار بىلەن دۇرۇس مۇئامىلىدە بول، ھەققىنى
تولۇق ئادا قىل.»
بىز يۇقىرىقى بايانلاردىن يۈسۈپ خاس ھاجىپنىڭ مېھنەتكەش
خەلق ئاممىسىنى ناھايىتى چوڭقۇر چۈشىنىدىغانلىقىنى، ئۇلار بىـ
لەن قويۇق باردى ـ كەلدى قىلغانلىقىنى، كىچىكىدىن باشلاپ
ئۇلارنىڭ تۇرمۇشىغا يېقىن تۇرغانلىقىنى پەرەز قىلالايمىز. شۇڭىمۇ
ئۇنىڭدا ئۇلارغا نىسبەتەن ئاشۇنداق يۈكسەك مۇھەببەت ئويغانغان،
ئۇلار بىلەن دوستلۇق ئورنىتالىغان. ئۇ ھاكىمىيەت بېشىغا چىققانـ
دىن كېيىنمۇ ئۇلارنىڭ ھاياتلىقتا ئويناۋاتقان رولىنى ئۇنتۇپ قالـ
مىغان، ئۇلاردىن قەلب رىشتىسىنى ئۈزمىگەن. ئۇ ھەر دائىم ئۇلارنىڭ
غېمىنى يېگەن، شۇلارنىڭ مەنپەئىتى ئۈچۈن سۆزلىگەن، قولىدىن
كېلىدىغانلىكى ياخشىلىق بولسا ئۇلاردىن ئايىمىغان. يۈسۈپ خاس
ھاجىپمۇ خەلقنىڭ ئۆز دەردىنى يۈرەكلىك ئېيتالايدىغان باشپاناھىغا
ئايلانغان.
بىز بىلىمىز، ئەمەلدارلىقنىڭ سېھرىي كۈچى ناھايىتى چوڭ،
ئۇنىڭدىن مەھرۇم بولۇش ئازابى ناھايىتى ئېغىر. بايلىق تەمەننا-
سى، كىشىلەرنىڭ خۇشامەتتىن ئېگىلگەن قەددىلىرى نۇرغۇن ئە-
مەلدارلارنى مەستخۇش قىلىۋەتكەچكە، ئۆزىنى دۇنيادىكى بىردىنبىر
ئادەم ھېسابلايدۇ. باشقىلارنىڭ ماڭا ئېگىلىپ قۇللۇق بىلدۈرۈش
قەرزى بار، مەن ئۇلارغا غادىيىشقا ھەقلىق، دەپ خەلققە بويۇنتاۋلىق
قىلىدۇ. ئۇلار تۆۋەن تەبىقە خەلقنى ھەتتا ئادەم قاتارىدىمۇ كۆرمەيـ
دۇ، ئۇلارغا ئىتتەك مۇئامىلە قىلىدۇ. ئۆزىنىڭ مەنپەئىتى كاپالەتـ
كە ئىگە بولسىلا، خەلقنىڭ ئۆلە ـ تىرىلىشى بىلەن كارى بولمايدۇ.

مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام مۇنداق تۈزكور ئەمەلدارلارغا قارىتىپ مۇنداق دېگەن: «ئەمەلدار بولۇشنىڭ دەسلىپى نېمىدېگەن ياخشى، ئاخىرى نېمىدېگەن يامان.» بۇ دېگەنلىك، ئەمەلدار بولغاندا دەسلەپ ئىنتايىن خۇشال بولىدۇ، لېكىن ئۇنى جايىدا ئادا قىلالمىغاندا، ئەلنىڭ نەزىرىدىن چۈشكەندە، خۇدانىڭ غەزىپىگە يولۇققاندا، ئۇنىڭ ئازابى ئەڭ ئېغىر بولىدۇ. ئالدىنقى ھۇزۇر بىردەملىك، ئازاب مەڭگۈلۈك بولىدۇ. شۇڭا، مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام ئاگاھلاندۇرۇپ شۇنداق دەيدۇكى: «سىلەردىن بىر كىم پۇل ـ مال ۋە چىراي ـ شەكىل جەھەتتە ئۆزىدىن ئۈستۈن ئادەمگە نەزەر سالغاندا، ئۆزىدىن تۆۋەن ئادەمگە قارىسۇن.» يەنە مۇنداق دەيدۇ: «مۇسۇلمانلارنىڭ ئەرز ـ دادىغا قۇلىقىنى يوپۇرۇۋالغان ئەمەلدارنىڭ ئەرزادىغا قىيامەتتە ئاللامۇ قۇلىقىنى يوپۇرۇۋالىدۇ.»[1] قاراخانىيلاردا پەرزەنتلەرنىڭ خەلقتىن ئايرىلىپ قېلىشىغا يول قويمىغان، شەھەر بالىلىرى ۋە ئوردا ئەمەلدارلىرىنىڭ بالىلىرىنىڭ مىشچان ئادەم بولۇپ قېلىشىنى ئۈنۈملۈك تىزگىنلەپ، ئۇلارغا ئەمگەكچىلەرنى چۈشىنىش ئىمكانىيىتىنى ھازىرلاپ بەرگەن.

مەھمۇد قەشقەرى قاراخانىيلارنىڭ شاھزادىسى ئىدى. بىز ئۇنىڭ ئەسىرىدىن تۇرمۇشتا قانچىلىك پىشقانلىقىنى، مېھنەتكەشلەر بىلەن قانچىلىك چوڭقۇر مۇناسىۋەت ئورناتقانلىقىنى تېخىمۇ بىر قەدەم ئىلگىرىلىگەن ھالدا كۆرەلەيمىز. مەھمۇد قەشقەرى بىر قىسىم سۆزلۈكلەرنى ئىزاھلاش زۆرۈرىيىتىدىن خېلى كۆپ ھۈنەر ـ سەنئەتلەرنى، ئۇنىڭ ياسىلىشىنى، تاماقلارنىڭ ئېتىلىش ئۇسۇللىرى ۋە خۇرۇچلىرىغىچە تەپسىلىي تونۇشتۇرغان. بىز ئۆرنەك ئۈچۈن بىر قانچە مىسال كەلتۈرىمىز.

«بۇخسى. بىر خىل يېمەكلىكنىڭ ئىسمى. بۇ يېمەكلىك مۇنداق تەييارلىنىدۇ: قاينىتىپ ئېلىنغان بۇغدايىنىڭ ئۈستىگە بادام

---

① بۇخارى رىۋايەت قىلغان ھەدىس.

مېغىزى سېلىنىدۇ، ئاندىن ھەسەل ۋە سۈت بىلەن قىلىنغان بۇل-
ماقنى قۇيۇپ، شۇ پېتى ئېچىتىلىدۇ. تەييار بولغاندا بۇغدىيى
يېيىلىدۇ، سۈيى ئىچىلىدۇ. (1 - توم، 551 - بەت).
قارا سۆزىنى ئىزاھلاپ كېلىپ مۇنداق دەيدۇ: «قارا ئەتمەك،
نانىنىڭ بىر خىلى. بۇ مۇنداق تەييارلىنىدۇ: گۆش ئېزىلگۈچە
پىشۇرۇلىدۇ، كېيىن ئۈستىگە سېرىق ماي، شېكەر قۇيۇپ ئارىلاش-
تۇرۇپ، قويۇلغۇچە قاينىتىلىدۇ، ئاندىن يېيىلىدۇ. (3 - توم،
307 - بەت).
يالما- يېپىنچا، يامغۇرلۇق. پارسلار بۇنى تۈركلەردىن ئېلىپ
«يەلمە» دەپ تەلەپپۇز قىلىدۇ. ئەرەبلەر پارسلاردىن ئېلىپ «يەل-
مۇق» شەكلىدە قوللىنىدۇ. ئەرەبلەر «ھ» نى «ق» غا ئايلان-
دۇرغان . . . ھېچكىم بۇ سۆزنى تۈركلەر پارسلاردىن ئالغان دېيەل-
مەيدۇ. چۈنكى مەن بۇ سۆزنى ئەڭ يىراق چېگرادا ياشىغۇچى قارا
تۈركلەردىنمۇ ئاڭلىغانىدىم. ئۇلارنىڭ يۇرتىدا قار - يامغۇر كۆپ
ياغقاچقا ئۇلار باشقىلارغا قارىغاندىمۇ يامغۇر يېپىنچىلىرىغا كۆپرەك
موھتاج ئىدى.» (3 - توم، 44 - بەت).
يۇقىرىقىغا ئوخشاش مەلۇماتلار «تۈركىي تىللار دىۋانى» دا
ناھايىتى كۆپ. توقۇمىچىلىقتا، قول ھۈنەرۋەنچىلىكتە دائىر مەلۇ-
ماتلارمۇ خېلىلا تەپسىلىي تونۇشتۇرۇلغان. يەنە بىر تەرەپتىن،
نەچچە يۈزلىگەن ماقال - تەمسىل، شېئىر - قوشاقلار، ئەپسانە -
رىۋايەتلەر كىرگۈزۈلگەن. بۇنداق باي ماددىي، مەنىۋى مەدەنىيەتكە
ئىگە، پەزىلەتلىك، ئەمگەكچان خەلقنىڭ پەرزەنتى بولغانلىقىدىن
چەكسىز ئىپتىخارلانغان مەھمۇد قەشقەرى، ئۆزىنىڭ تىل مەدەنىيىتى-
گىمۇ چوڭقۇر مۇھەببەت باغلايدۇ. چۈنكى ئۇ تۈركىي تىلنىڭ
گۈزەل، مەدەنىي تىل ئىكەنلىكىنى بىلىدۇ. شۇڭا، ئىپتىخار بى-
لەن «ئەرەب تىلى بىلەن تۈركىي تىلنىڭ خۇددى بەيگىگە چۈشكەن
ئىككى ئاتقا ئوخشاش تەڭ چېپىپ كېتىۋاتقانلىقىنى» پەخىرلىنىش
بىلەن جاكارلاشقا ھەقلىق بولىدۇ. خەلقنى چۈشەنگەن، ئۇلار بىلەن

www.uyghurkitap.com

چوڭقۇر ئارىلاشقان ئادەم ئاندىن خەلقنىڭ مەدەنىيىتىنىڭ ئۇلۇغلۇقىنى ھېس قىلالايدۇ. مىللىي مەدەنىيىتىنىڭ ئۇلۇغلۇقىنى چۈشەنگەندىلا، شۇ مەدەنىيەتنى چىن دىلىدىن سۆيەلەيدىغان ئەقىدىگە ئېرىشەلەيدۇ. مىللىي مەدەنىيەتتىن خەۋەرسىز، مىللىتىنىڭ تارىخىي مەدەنىيىتىدىن خەۋەرسىز ئادەمدە، مىللىي مەدەنىيەتكە نىسبەتەن مۇھەببەتنىڭ ئويغىنىشى مۇمكىن ئەمەس، ئۇنداق كىشىلەردە مىللىي غۇرۇرمۇ بولمايدۇ. مىللىي مەدەنىيەتتىن يۈز ئۆرۈگەن ئادەم ئەمەلىيەتتە مىللەتتىن يۈز ئۆرۈگەن ئادەمدۇر. ئۇنداق ئەۋلادتىن قانداقمۇ ۋاپادارلىق، ساداقەتتىن سۆز ئاچقىلى بولسۇن.

بۇنىڭدىن مەلۇم بولىدىكى، ئۇيغۇرلار قەدىمكى پەرزەنت تەربىيىلەش ئەنئەنىسىدە بالىلارنى كەڭ خەلق ئاممىسى بىلەن يېقىنلاشتۇرغان، ئۇلارنىڭ تۇرمۇشىغا ئارىلاشتۇرغان، ئۇلارنىڭ مەشرەپ سورۇنلىرىغا قاتناشتۇرغان، مىللەتنىڭ شانلىق تارىخىدىن مۇكەممەل چۈشەنچىلەرگە ئىگە قىلغان. شۇڭا ئۇ بالىلار قەددىنى تىك تۇتۇپ، مەن ئۇيغۇر پەرزەنتىمەن، دەپ ئۆزىدىن پەخىرلىنەلىگەن، مىللىي غۇرۇرغا ئىگە بولغان. ئەگەر بالىلاردا مىللىي مەدەنىيەتنى چۈشىنىش ئىمكانىيىتىنى بەرمەي، ئۇلارغا ئەجدادلارنىڭ تارىخىنى بىلدۈرمەي، خەلقنى ھەقىقىي چۈشىنىش پۇرسىتىگە ئىگە قىلماي تۇرۇپ، بالىلاردا مىللىي غۇرۇرنى ئويغىتىش، مىللىي مەدەنىيەتكە بولغان ھۆرمەت تۇيغۇسىنى قوزغىتىش ئۇخلىماي چۈش كۆرگەنلىك بولىدۇ.

ھازىرقى زامان ئائىلە تەربىيىسىدە بولسۇن، مەكتەپ تەربىيىسىدە بولسۇن، بالىلارغا بولغان مىللىي مەدەنىيەت، مىللىي ئەنئەنە، مىللىي غۇرۇر تەربىيىسىگە ئاساسەن ئېتىبار بېرىلمىدى. نۇرغۇن شەھەر بالىلىرى يېزىلارنى چۈشەنمەيدۇ، يېزا بالىلىرى شەھەرلەرنى چۈشەنمەيدۇ. ئۆيمۇ تۆت تامنىڭ ئارىسى، مەكتەپمۇ ئىككى تامنىڭ ئارىسى. بالىلارنى سىرتقى دۇنيا بىلەن ئۇچراشتۇرمىدۇق. شەھەرلەردىكى نۇرغۇن ئوتتۇرا مەكتەپ ئوقۇغۇچىلىرى، ھەتتا بىر-

قانچە تۈرلۈك گۈلنى تونۇپ، نامىنىمۇ ئېيتىپ بېرەلمەيدىكەن. بۇنىڭ بىلەن ئۇلار گۈزەللىك تۇيغۇسىدىنمۇ مەھرۇم بولۇپ قالغان. بەزى بالىلار يېزىلاردىن شەھەرلەرگە كىرگەن دېھقانلار بىرەر كوچا ئاپتوبۇسلىرىغا چىقىپ قالغۇدەك بولسا، ئۇلارنىڭ يېنىدا تۇرۇپ قېلىشتىن، بىللە ئولتۇرۇپ قېلىشتىن شۇنداق بىزارلىق ھېس قىلىدىكەن. ئومۇمەن، ھازىرقى ياشلىرىمىزنىڭ مىللىي مەدەنىيەت، مىللىي ئەنئەنىدىن ئېغىر دەرىجىدە ياتلىشىپ كېتىپ بارغانلىقىنىڭ سەۋەبى، ئائىلە تەربىيىسىنىڭ ياخشى بولمىغانلىقىدا. مەكتەپ تەربىيىسىنىڭ كۆزىگە ماسكا تارتىپ قويۇپ قارىغۇلارچە ئوقۇتۇۋاتقانلىقىدا. بىز بالىلارغا ئۆزىمىز چۈشەندۈرمەي، ئۇلارنىڭ قەلبىدىن مەيلى مەدەنىيەتكە بولغان ھۆرمەت تۇيغۇسىنى قوزغىتالماي تۇرۇپ، ئۇ بالىلارنى ياتلىشىپ كەتتى، مىللىي مەدەنىيەتنىڭ قەدرىگە يەتمەيدۇ، دەپ ئاغرىنىشقا ئاساسىمىز يوق. بالىلارنىڭ كۆزىنى ھەقىقىي ئاچمىساق، ئۇلارنىڭ قۇيرۇقىنى قۇم باسىدۇ. بۇنىڭ جاۋابكارلىقىنى كىم ئۈستىگە ئالاركىن.

*　　　　*　　　　*

11 - ئەسىرلەردىكى ئۇيغۇرلارنىڭ ئومۇمىي ئىدېئولوگىيىلىك يۈزلىنىشىدىن قارىغاندا، ھاياتنى، دۇنيانى، تۇرمۇشنى سۆيۈش، ئۇنىڭغا چىن ئەقىدە بىلەن مۇئامىلە قىلىش بىلەن، دۇنيادىن بىزار بولۇش، دۇنيانى قارىلاش، تۇرمۇشتىن يۈز ئۆرۈش، ئۆزىنى ھايات قاينىمىدىن قاچۇرۇپ، خىلۋەتكە، تەركىدۇنيالىققا ئۆزىنى ئۇرۇشتەك ئىككى خىل ئىدېئولوگىيە بىر- بىرى بىلەن قاتتىق توقۇنۇشقاندى. بىرى، تەرەققىياتقا، گۈللىنىشكە، ئىنساننىڭ ئەسلى تەبىئىتىگە ھۆرمەت قىلىپ، ئىنساني قابىلىيەتنى جارى قىلدۇرۇشقا يول ئاچسا، يەنە بىرى، جەمئىيەتنىڭ خارابلىشىشىنى، ھالاكىتىنى

تېزلىتىدىغان، تەرەققىياتنى بوغىدىغان، ئىنساننىڭ ئىزدىنىش يوللىرىنى قامال قىلىپ، ئىنسانىي ماھىيەتكە ئاسىيلىق قىلىشقا يۈزلەندۈرەتتى. بۇ خىل ئىككى يول ئارىسىدا تاللاشقا دۇچ كەلگەن ئۇچۇرلار ئائىلە تەربىيىسىدە بولسۇن، مەكتەپ تەربىيىسىدە بولسۇن بالىلارغا قانداق ئەقىدىنى سىڭدۈرۈش، بالىلارنىڭ كەلگۈسى ئىستىقبالى، دۆلەتنىڭ، مىللەتنىڭ تەقدىرى بىلەن مۇناسىۋەتلىك ناھايىتى جىددىي مەسىلە ئىدى.

يۈسۈپ خاس ھاجىپ ناھايىتى ئىلغار ئىدېئولوگىيە بىلەن تەربىيىلەنگەن. ئۇ ئۆز دەۋرىدىكى يامان، ئازغۇن ئىدېئولوگىيىنىڭ تەسىرىگە ئۇچرىمىغان. شۇڭا، ئۇ قورامىغا يەتكەندىن كېيىن، خاتا، ئازغۇن ئەقىدىچىلەر بىلەن كەسكىن كۆرەش قىلىپ، دۆلىتىنى، مىللىتىنى ھالاكەتتىن قۇتۇلدۇرۇپ قېلىشتا ئۆچمەس تارىخىي تۆھپىلەرنى قوشقان.

«قۇتادغۇبىلىك» نىڭ ئۈچتىن ئىككى قىسىم مەزمۇنى تەركىدۇنيا، زاھىد ئۇدغۇرمىش بىلەن بۇ دۇنيا، ئۇ دۇنيا، توغرا ئېتىقاد، خاتا ئېتىقاد، دۇنيانى سۆيۈش، دۇنيانى تەرك ئېتىش، ئازغۇن ئىبادەت، توغرا ئەقىدە قاتارلىق دىنىي ئېتىقادقا ياتىدىغان نازۇك مەسىلىلەر ئۈستىدە ئۆتكۈر، ئۇزۇل - كېسىل مۇنازىرىگە ئورۇن بېرىلىدۇ. بۇ مۇنازىرە داۋامىدا ئىلغار دۇنيا قاراش غالىب كېلىدۇ. بىز ئەسەردىكى كۈچلۈك ئىلمىي دەلىللەردىن يۈسۈپ خاس ھاجىپنىڭ ھاياتقا، دۇنياغا، تۇرمۇشقا بولغان چوڭقۇر ئەقىدىسىنى كۆرۈۋالالايمىز.

كۈنتۇغدى ئىلىگ ئۇدغۇرمۇشنى تاغدىن قايتۇرۇپ كېلىش ئۈچۈن مۇنداق مەزمۇندا نامە يازىدۇ: «سۆزۈمنى ئايىغۇچى ۋە كۆيۈنگۈچى ئاللانىڭ نامى بىلەن باشلايمەن. ئاللانىڭ نامى ھەرقانداق دەردنىڭ شىپالىق دورىسى، قۇدرىتى چەكسىز پەرۋەردىگارىمغا مىڭ مەرتىۋە مەدھىيىلەرنى ئوقۇيمەنكى، ئۇ ئۆز ئىرادىسى بويىچە بارلىق جانلىقلارنى ياراتتى. ئۇلارنىڭ ھاياتلىقى ئۈچۈن رىزىق بېر-

دى. ئۇ ھەممىگە قادىر. ئۇنىڭ قانۇن - پەرمانىنىڭ قۇدرىتى بارلىق خەلققە يېتىدۇ. ئۇ زۇمرەتتەك ئاسماندا كۈن بىلەن ئاينى يورۇتۇپ، قارا تۈن، يورۇق كۈنلەر ھېسابىغا يىللار ۋە ئايلارنى تەرتىپلىدى. ئۇنىڭ ھۆكمى، تەقدىرى بىلەن پەلەك چۆرگىلەيدۇ، مەۋجۇدات مىدىرلايدۇ. ئۇ يارىتىشتىن بۇرۇنلا قازايى تەقدىرنى ياراتتى. قازاغا رىزا بول، بويۇن ئەگ. ئۇ نېمىنى ئىرادە قىلغان بولسا قىلدى، نېمىنى ئىرادە قىلسا قىلالايدۇ، نېمىگە ئەمر قىلسا شۇنداق بولىدۇ، نېمە دېسە شۇ بولىدۇ.

ئەمدى مەندىن ساڭا سالام، كۆڭلۈمنى ئىزھار قىلىش ئۈچۈن ساڭا نامە يازدىم. ئالدى بىلەن ئېسەنلىكىڭنى سورايمەن. زامانىنىڭ ئېغىر يۈكلىرىنى يۈدۈپ، تېنىڭ ساق - سالامەت ۋە ئامان - ئېسەن تۇرۇۋاتامسەن. مەن سېنىڭ دۇنيادا كەمدىن - كەم تېپىلىدىغان ياخشى خۇلق، پەزىلەتلىرىڭدىن ۋاقىپ بولدۇم. خۇدا ساڭا مېھىر - شەپقەت قىلىپ شۇنچە ئەقىل - پاراسەت ۋە بىلىم - پەزىلەت ئاتا قىپتۇ. ئەي گۈزەل، چىرايلىق دوستۇم، سېنىڭ مۇنداق ياخشى تەرىپىڭنى ئاڭلاپ، قەلبىمنى ساڭا ئېرىشىش ئارزۇسى ئىگىلىدى. . .

سەن يېقىن قوۋم - قېرىنداشلىرىڭنى تەرك ئېتىپ، ئەل - يۇرتتىن يۈزۈڭنى ئۆرۈپ، يالغۇز تاغقا چىقىۋېلىپ ئىبادەت بىلەن مەشغۇل بولۇۋېتىپسەن. قوۋم - قېرىنداشلار ساڭا نېمە قىلغان؟ ! ماڭا ئېيت. ئۇلاردىن نېمىشقا باش تارتتىڭ؟ زورلۇق - زومبۇلۇقتىن ئەلەم تارتقان بولساڭ، ماڭا كېلىپ ئېيتقىن. مەن ساڭا كۈچ ۋە ئادالەت بېرەي. خۇشال - خۇرام، شادلىقتا ياشا. دوست - بۇرادەرلەر بىلەن بېرىش - كېلىش قىلىپ، ئۆزئارا مەنپەئەت يەتكۈزۈشۈپ، ئوقۇشنىڭ پايدىسىنى كۆر. ئۇلار بىلەن ئىنسانىڭ كۈنى لەززەتكە تولىدۇ. شۇڭا شائىرلار قوڭۇر يەر بىلەن يېشىل سۇ كېلىشىپ ياراشقانلىقى ئۈچۈن زېمىندا مىڭلىغان گۈل - چېچەكلەر كۆلۈپ ئېچىلدى، دېگەن. قەيەردە ئىناقلىق ۋە يېقىنلىق

www.uyghurkitap.com

بولسا، شۇ يەردىكى ئىشلار كۆڭۈلدىكىدەك بولىدۇ. دوست-بۇرادەرلەر يارىشىپ ئۆتۈشسە، بۇنىڭدىن دوستلار خۇرسەن بولىدۇ. ئەگەر تائەت-ئىبادەت ئۈچۈنلا تاغقا چىققان بولساڭ، دەرھال قايتىپ چۈشۈپ، ئىبادىتىڭنى شەھەردە قىلساڭمۇ ھەقىقىي دىن يولىنى تۇتقان بولىسەن. يېگانىلىقتا قىلغان ئىبادىتىڭ شەھەردە جامائەت بىلەن بىللە قىلغان ئىبادىتىڭدەك خاسىيەتلىك بولمايدۇ. ئىبادەتنى كامالىغا يەتكۈزۈش ئۈچۈن، كۆپلەپ بىلىم ئۆگىنىشكە توغرا كېلىدۇ. چۈشەنسەڭ، بىلىمسىزلىكتە قىلغان ئىبادەتنىڭ ھېچقانداق پايدىسى يوق. ئىككى تۈرلۈك ئادەم ھەقىقىي ئادەم ھېسابلىنىدۇ، بىرى ئۆگەتكۈچى، يەنە بىرى ئۆگەنگۈچى. بۇنىڭدىن باشقىسىنى ھايۋان سانىساڭ بولىدۇ، قايسىسىغا تۇرساڭ ئىختىيارىڭ. قېنى ماڭا ئېيت، سەن قايسىسىغا تۇرىسەن، مەيلى قايسىسىغا تۇرساڭ تۇر، ئۈچىنچىسىدىن يىراق بول. زور مۇشەققەت بىلەن ئىلىم تەھسىل قىلغان بولساڭ، ئەمدى ئۇنى ئەجىر بىلەن جايىدا ئىشلەتكىن. ئەگەر ئىلىمدە كەم تەرەپلىرىڭ بولسا، ئاۋۋال بىلىمىڭنى تولۇقلاپ، ئاندىن ئىبادەتكە قەدەم قوي. بىلىملىك، تائەتمەن ئۇستازلارنىڭ نېمە دېگەنلىكىنى ئاڭلا: 〈ئاللانىڭ ئىبادىتىگە بىلىم بىلەن يارىغىن، بىلىم دوزاخنىڭ ئىشىكىنى پېچەتلىۋېتەلەيدۇ.〉 بىلىپ قىلغان ئىبادەتنىڭ ساۋابى ئۆرە، بىلىمسىزلىكتە قىلغان ئىبادەتتىن ساۋاب كۈتمە. نادانلىقتا قىلغان ئىبادەتتىن كۆرە، بىلىملىك ئادەمنىڭ ئۇخلىغىنى ئەۋزەل.

سەن 〈زاھىد〉 لىق نامىنى يۇدۇپ تاغقا چىقىپ، ئۆزۈڭنى تائەتكە غەرق قىپسەن. ئۇ يەردە قىلغان ئىبادىتىڭ بىلەن شەھەر-كەنتتە قىلغان ئىبادەتنىڭ يېرىم ساۋابىغىمۇ ئېرىشەلمەيسەن. چۈنكى، بۇ يەردە ئىبادەت دېگەن بەكمۇ تولا. ئۇ يەردە قىلىدىغان تائىتىڭ ناماز ئوقۇماق بىلەن روزا تۇتماق تايىنلىق، ئۇنىڭدىن باشقا تائىتىڭ بولسا قېنى ماڭا ئىزھار قىلىپ باققىن. ئەگەر شۇنىڭغىلا تەمەننا قويۇپ ئۆتىدىكەنسەن، ئوشۇق گەپنىڭ

ھاجىتى يوقكى، بۇنداق ئىبادەت پۈتۈنلەي بوشقا كېتىدۇ. توغرا، ئىبادەت دېگەننى قانچىلىك قىلساڭمۇ يەنە ئازلىق قىلىدۇ، لېكىن تائەتنى يوشۇرۇن تۇتۇپ قىلغان تېخىمۇ ياخشى. ئادەمنىڭ ياخشىلىرى تائەت - ئىبادەتنى ئەلدىن يوشۇرۇنچە قىلىدۇ. ساڭا ئۆزۈمنىڭ يوشۇرۇن سىرىمنى ئاشكارىلىۋېتىدىغان بولدۇم. ھەي مەرد ئوغلان، مەرد ئەرلەر كىشىلەر ئارىسىدا ئۆزىنى يوشۇرىدۇ، يۈز يىل ئىبادەت قىلىپمۇ ئۇنى ئاز سانايدۇ. بۇ ياققا كەلگىن، بۇ يەردە قانچىلىك ئىبادەت قىلساڭ قىل، بۇ يەردە پۈتۈن ياخشىلىقلارنىڭ ئىشىكى ساڭا ئوچۇق. بۇ يەردە تۇل خوتۇن، يېتىم بالىلار، ئەما، پالەچ، مەجرۇھلار ناھايىتى كۆپ. ئۇلارنىڭ دەردىگە دەرمان بولۇپ، دىلىنى سۆيۈندۈرگىن. بىلسەڭ، پېقىرلەر ئوچۇن جامائەت بىلەن بىللە ئوقۇغان جۈمە نامىزى ھەج قىلغان بىلەن باراۋەر. قولۇڭدىن كەلسە، ھالالدىن مال - دۇنيا تېپىپ، يوقسۇللارغا ئۆلەشتۈرۈپ بەر، ئەلنىڭ يۆلەنچۈكى بولۇپ، قولىنى تۇتقىن، مانا بۇلارنىڭ ھەممىسى تائەت ئەمەسمۇ؟ سەن بولساڭ شۇنچە ساۋابلىق ئىشلارنى قايرىپ قويۇپ، ئۆزۈڭ يالغۇز روزا - ناماز بىلەنلا ئۆتىدسەن. روزا - نامازلىرىڭ پەقەت ئۆزۈڭنىڭ مەنپەئىتى ئوچۇندۇر. ئۆزىنىڭ مەنپەئىتى ئوچۇنلا ياشىغان ئادەمدە قەلب بولمايدۇ. مېھرىبان ياخشى كىشى شۇنداق دۇرۇس ئېيتقانىكەن: 〈ھەقىقىي ياخشى ئادەم ئۆزىنىڭ مەنپەئىتىنى قايرىپ قويۇپ، باشقىلارنىڭ مەنپەئىتى ئوچۇن مۇشەققەت چېكىدۇ.〉 گۈزەل قەلبلىك ئادەم يامانلارغا ياخشىلىق يولىنى ئېچىپ بەرمىكى لازىمدۇر، ياشىغانىكەن، ئەلگە نەپ بەرمىكى لازىم. ئەلگە پايدىسىز ئادەمنىڭ ياشىغىنىدىن ئۆلگىنى ئەۋزەل. خەلققە ھەقىقىي كۆيۈمچان، يارامىلىق ئادەملەر كېرەك. ئادەم تائەتكىلا ئىشىنىپ يۈرىدىكەن، ھەرگىزمۇ ئاللانىڭ مەرھەمەتىگە ئېرىشەلمەيدۇ. گەپنىڭ قىسقىسى، ئەگەر سەن خۇدانىڭ شەپقىتىگە ئېرىشىشنى ئارزۇ قىلساڭ، ئالدى بىلەن مۇسۇلمانلارنىڭ بەختىنى كۆزلە. بىلسەڭ، ئاللا ھەرگىزمۇ بەندىسىنىڭ ئىبادىتىگە

www.uyghurkitap.com

موھتاج ئەمەس، ئۆزۈڭنىڭ بەندىلىكىڭنى ئادا قىلىپ، ياخشى نامغا ئىگە بولۇشنى ئىزدىگىنىڭ تۈزۈك. تائەت ـ بەندىلىكىڭنىڭ قەرزى. بۇ قەرزنى كۆڭۈل قويۇپ ئىبادەت قىلىپ، ئۇلۇغنى مۇستەھكەملەش ئارقىلىق ئادا قىل. بىلىملىك ئاقىل كىشىلەر: ‹تائەت ـ ئىبادەت بىلەن بول، تائەتلىك كىشى ئەزىز، لېكىن تائەتتە بولۇۋاتىمەن دەپ تەمەننا قويۇپ، ئۆزۈڭنى ئۇنتۇپ قالما› دېگەن.»

ئۆگدۈلمىش ئۇرغۇرمىشقا مۇنداق دەيدۇ: «ئادەم بۇ دۇنيادا يەككە ـ يېگانە ياشىيالىشى مۇمكىن ئەمەس. ئاللا بۇ ئازابلارنى ساڭىلا تارتىشقا بۇيرۇغانمۇ، دوراخنى سەن ئۈچۈنلا ياراتقانمىدى، ئۆزۈڭنى نېمىشقا بۇنچە قىيناپسەن؟»

ئۇدغۇرمىش مۇنداق دەيدۇ: «مەن بۇ يەرگە ئېتىقادىم ئۈچۈن چىقتىم. بۇ ئىشىم ئۆزۈمگە مۇناسىپ كۆرۈندى. بۇ دۇنيانىڭ ئىشىغا ئارىلىشىپ قالغان ئادەم تائىتى بىلەن ئۇ دۇنيانىڭ ئىشىنى قىلىپ بولالمايدۇ. پۈتۈن خەلقنىڭ يۈزىگە ئىشىك ياپماي تۇرۇپ، ياراتقۇچى رەسمىگە تائەت قىلغىلى بولمايدۇ. تائەت ـ ئىبادەتنىڭ لەززىتىنى پەقەت ھاۋايى ـ ھەۋەس ۋە نەپسىنىڭ بويىنىنى سىققاندىلا ئاندىن تېتىيالايسەن. تەقۋادار كىشىلەر شۇڭا: ھاۋا، نەپس دىننىڭ ئەڭ چوڭ دۈشمىنى، ئۇ بەندىلەرنى يولدىن ئازدۇرىدۇ. ھاۋاغا بېرىلگىنىم، مېنىڭ تۇتقۇنلۇقۇم. نەپسىم تەقەززالىقىنىڭ قېنىشى ـ مېنىڭ قۇللۇقۇم. شۇڭا ئەقىلنى ھاۋاغا زالىم، بىلىمنى نەپسىگە ھاكىم قىلماق لازىمدۇر، دېيىشكەن. . . گەرچە خەلق مەندىن پايدا ـ مەنپەئەت كۆرمىسىمۇ، لېكىن مەندىن ئۇلارغا زىيانمۇ تەگمەيدۇ. دۇنيادىكى ياخشىلىق ـ يامانلىق، پايدا ـ زىياننىڭ ھەممىسى ئاللانىڭ تەقدىرى بىلەن بولىدۇ. سەن مەندىن يالغۇز تائەتتىن نېمە پايدا دەپ سورىدىڭ. كىشىلەر ئارىسىدىكى پايدا ـ زىياننىڭ ھەممىسى ساڭا ئايانغۇ؟ تائەت دېگەن قۇللۇقنىڭ ھەققى. شۇڭا، تاغقا چىقىپ كېچە ـ كۈندۈز ئىبادەت قىلىش ئۈچۈن ئادەمگە ‹بەندىلىك› ئاتىقى نەمۇنە بولغان.»

ئۇدغۇرمىشنىڭ يۇقىرىقى بايانلىرى قارىماققا دىن يولىنى تۇتۇ-
ۋاتقانـدەك، تەقۋادارلىق قىلىۋاتقاندەك كۆرۈنىسمۇ، ئەمەلىيەتتە
دىنىنىڭ كۆرسەتمىسى ۋە ئاللانىڭ بۇيرۇقىدىن تامامەن ياتلاشقان
يول ئىدى. شۇڭا ئۆگدۈلمىش مۇنداق رەددىيە بېرىدۇ:

«دېگەن سۆزلىرىڭ قارىماققا ھەقىقەتتەك تۇرغىنى بىلەن، ئە-
مەلىيەتتە قۇرۇق باھانىدىن باشقا نەرسە ئەمەس. ئەرلىك نامىم
مەڭگۈلۈك بولسۇن، دېگەن ئادەم ھايات چېغىدا ئەلگە نەپ يەتكۈز-
مىكى لازىمدۇر. ياخشىلىق دېگەن تىرىكلىكنىڭ بەلگىسى. ئەل
ئۈچۈن تىرىكلىكىڭنىڭ ھېچقانداق نىشانى كۆرۈنمىسە، ھاياتلىقىڭ-
دىن قانداقمۇ نىشان بولسۇن؟ ئۆي - ئوچاقلىق، بالا - چاقىلىق
بولۇشمۇ ياخشى ئىش. ئەۋلادى يوق دېسە، بىر ئەر ئۈچۈن تولىمۇ
سەت ئىش. بۇ توغرىدا كىشىلەر: ئۆيلىنىش دېگەن ئەۋلادىنى
ئەۋلادقا ئۇلاشنىڭ يولى، ئەر نەسلى - نەسىلسىز ئۆلسە، پۈتۈن
ئەۋلادى قۇرۇيدۇ، بۇ دۇنيادا ئۇنىڭ نام - نىشانى قۇرۇق قالىدۇ.
ئۆزىدىن ئەۋلاد قالدۇرالىغان كىشىنى ئۆلدى دېمەي، تىرىك ھېساب-
لىسا بولىدۇ. ئەۋلادسىز ئادەم ئۆلەر ۋاقتىدا: ھەي كېيىنكىلەر،
ئەۋلاد قالدۇرۇڭلار، دەپ ئۆكۈنىدۇ، دېگەن.»

ئەسەردىن ئورۇن ئالغان يۇقىرىقىدەك مۇنازىرە تولىمۇ خاراك-
تېرلىك بولۇپ، يۈسۈپ خاس ھاجىپنىڭ كىشىلىك تۇرمۇش قارى-
شىنى، دىنىي ئېتىقادىدىكى ساپلىقنى ئىنتايىن روشەن ئەكس ئەت-
تۈرۈپ بەرگەن. ئىسلام دىنى ھەرگىزمۇ تەركىدۇنيالىقنى تەشەب-
بۇس قىلغان ئەمەس، ئەكسىچە تەركىدۇنيالىقنى ھارام قىلغان.
قۇرئان ۋە ھەدىسلەردە بۇ ھەقتە ئېنىق ھۆكۈملەر بار.

«ئېيتقىنكى، ئاللا بەندىلىرى ئۈچۈن ياراتقان لىباسلارنى،
شېرىن، پاك رىزىقلارنى كىم ھارام قىلدى؟ ئېيتقىنكى، ئۇلار بۇ
دۇنيادا مۆمىنلەر ئۈچۈن يارىتىلغان (گەرچە ئۇلارغا كۇپپارلار شې-
رىك بولسىمۇ)، ئاخىرەتتە بولسا مۆمىنلەرگىلا خاستۇر.» (سۈرە
ئەئرەف 32 - ئايەت) يۇقىرىقى ئايەتكە قەتئىي مۇخالىپ بولغان

www.uyghurkitap.com

ۋە ئەۋلادلارنى بىخۇدلاشتۇرىدىغان 18 - ئەسىردىكى بىر شېئىرنى كۆرۈپ باقايلى:

جاھان بولدى كۇپپارلارغا بېھىش،
ئاڭا قىلدى، ئالەمنى راھەت سىرىش.
جاھان ئاخىرەت بىرلە خەندان ئېرۇر،
جاھان ئەھلى ئۇقباغە زىندان ئىرۇر.

كىشىگە يېتىشسە جاھان راھىتى،
چېكەر ئاخىرەتتە بەسى مېھنەتى.
كىشى چەكسە ئالەم ئارا زارلىغ،
قىلۇر ئاقىبەتتە تەڭرى دىلدارلىق.①

بۇ شېئىر يۇقىرىقى ئايەت بىلەن سىغىشالامدۇ، ئاللا يۇقىرىقى كۆزقاراشنى قوبۇل قىلامدۇ، ئۇ ئاللانىڭ ئىرادىسىگە ئۇيغۇن كېلەمدۇ، ئاللا بۇ دۇنيانىڭ شېرىن، پاك رىزىقلىرىنى مۆمىنلەر ئۇچۇن، جۈملىدىن پۈتۈن ئىنسانلار ئۇچۇن ياراتقانلىقىدىن خەۋەر بېرىۋاتسا، يۇقىرىقى شېئىردا بۇ دۇنيانىڭ راھىتىنى كۇپپارلارغا ئاتا قىلغان، بۇ دۇنيا ئۇلارنىڭ جەننىتى، مۆمىنلەرنىڭ جەننىتى ئاخىرەت، بۇ دۇنيادا راھەت كۆرسەڭ ئۇ دۇنيادا تۈگىمىگۈسىز ئازابقا قالىسەن، دېگەن چېكىدىن ئاشقان ئازغۇن پىكىرنى ئوتتۇرىغا قويىدۇ. بۇ ئەمەلىيەتتە، ئۆز دەۋرىدە پۈتۈن ئەۋلادلارغا قىلغان زىيادكەشلىك، ئۇلارنى بۇ دۇنيادىكى بەھرىمەنلىك ھوقۇقىدىن مەھرۇم قىلىشقا ئېلىپ بارىدىغان قەبىھ تەرغىبات ئىدى. ئۇيغۇر ئەۋلادلىرىنىڭ كېيىنكى ئوتتۇرا ئەسىرلەردە بارا - بارا زەئىپلىشىپ، كېرەكسىز، يارىماس بىر ئىنسانلار توپىغا ئايلىنىپ قېلىشىدا يۇقىرىقىدەك خاتا ئەقىدىنىڭ تەسىرى ئىنتايىن چوڭ بولغان. قۇرئان كەرىمدە ناھايىتى ئېنىق قىلىپ: «بۇ دۇنيانىڭ بارلىق نېمەتلىرىنى

① تۇردۇش ئاخۇن غەربى. «كىتابىي غەرب» ئەسىرىدىن.

سىلەرنىڭ پايدىلىنىشىڭلار ئۈچۈن ياراتتىم، دۇنيانىڭ نېمەتلىرىدىن
تەركىدۇنيا بولۇش بىلەن ئۆزۈڭلارغا هارام قىلماڭلار» دەپ تەركى-
دۇنيالىقنى هارام دەپ كۆرسەتكەن تۇرسا، خەلقنىڭ دوپپىسىغا
جىگدە سېلىپ، بۇ دۇنيانى هارام قىلىپ كۆرسەتكەن شۇ نادان
ئازغۇنلارغا ئاللا لەنەت قىلسۇن!
بۇ دۇنيادىكى بارلىق نەرسىلەر ئاللانىڭ بەندىلىرىگە قىلغان
نېمىتى، ئۇنى قەدىرلەش كېرەك. ئەگەر ئاللا بەندىلىرىنىڭ تەركى-
دۇنيا بولۇپ ئۆيلەنمەي، كېچە-كۈندۈز ئىبادەت قىلىشىنى ياقتۇ-
رىدىغان بولسا، جىنسىي ئەزالارنى نېمە ئۈچۈن ياراتتى. ئۇمۇ ئاللا-
نىڭ ئاجايىپ ئۇلۇغ بىر نېمىتى، ئۇنى تەرك ئېتىش ساۋاب بولىدۇ
ئەمەس، بەلكى ئېغىر گۇناھ بولىدۇ، شۇڭا مۇھەممەد ئەلەيھىسسا-
لام: «مەن بولسام سىلەرنىڭ ئىچىڭلاردىكى ئاللاتائالانى ئەڭ ياخشى
بىلىدىغان، ئاللا تائالادىن ئەڭ كۆپ قورقىدىغان كىشىدۇرمەن.
لېكىن، مەن هەم كېچىدە ناماز ئوقۇيمەن، هەم ئۇخلايمەن، روزا
تۇتىمەن هەم ئېغىزىم ئوچۇق يۈرىمەن، ئاياللار بىلەن توي قىلى-
مەن. كىمىكى مېنىڭ يولۇمنى قەستەن تاشلىسا، ئۇ بىزدىن
ئەمەس.» (بۇخارى رىۋايەت قىلغان) مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام هەر-
قاچان دىندا ئېغىرچىلىق، مۇشكۇللۇك يوق دەپ ئاگاهلاندۇرۇپ
تۇراتتى، بىراق بەزىلەر تەركىدۇنيا بولۇپ، دۇنيانىڭ ئارزۇلىرىدىن
پارىغ بولۇشقا ئىنتىلىپ، خۇدانىڭ رازىلىقىغا ئېرىشمەكچى بولات-
تى. شۇڭا ئاللا هەددىدىن ئاشۇرۇۋەتكەنلەرنى دوست تۇتمايدىغان-
لىقى بىلەن ئاگاهلاندۇرۇش بەرگەن: «ئى مۆمىنلەر، ئاللا سىلەر-
گە هالال قىلغان پاك نەرسىلەرنى (تەركىدۇنيا دۇنيا بولۇش يۈزىسى-
دىن ئۆزۈڭلارغا) هارام قىلماڭلار، (ئاللا بەلگىلەپ بەرگەن) چەك-
تىن ئاشماڭلار، ئاللا چەكتىن ئاشقۇچىلارنى هەقىقەتەن دوست
تۇتمايدۇ.» (سۈرە مائىدە 87 - ئايەت).
بىزنىڭ يۇقىرىقى هەقىقەتلەرنى ۋە هەقىقەتكە زىت بولغان قا-
راشلارنىڭ ئەۋلادلارغا كەلتۈرگەن زىيىنىنى ئەسكەرتىپ ئۆتۈشىمىز-

دىكى سەۋەب شۇكى، بىرى، يۈسۈپ خاس ھاجىپنىڭ شۇنچە ئىلغار دۇنيا قاراش بىلەن تەربىيىلەنگەنلىكى، ئۇنىڭ دۇنيانى سۆيۈش، تۇرمۇشنى سۆيۈش، ھاياتنى قەدىرلەش يولىدا تىرىشچانلىق قىلىشقا تۈرتكە بولغانلىقىنى ئەسكەرتىپ ئۆتۈش، يەنە بىر تەرەپتىن، ئەگەر ئەۋلادلار خاتا دۇنيا قاراش بىلەن، خاتا ئاڭ بىلەن تەربىيىلەنسە، ھەقىقەتكە زىت بولغان چۈشكۈن ئاڭنىڭ تەسىرىگە ئۇچرىسا، ئۇنىڭ ئاسارىتىدىن قۇتۇلدۇرماق تولىمۇ تەس. بۇ بىزگە تارىخ بەرگەن ئاچچىق ساۋاق.

ھازىرقى رېئاللىقتىمۇ، بىر قىسىم نادان، دىنىنىڭ ئەسلى ماھىيىتىدىن خەۋەرسىز دىن ئوغرىلىرى مەيدانغا چىقىپ، چەكتىن ئاشقان، ئازغۇن، خاتا تەرغىباتلىرى بىلەن خەلقنى بىخۇدلاشتۇرماقتا. نۇرغۇن كىشىلەر نادان، ساۋاتسىز، دىندىن خەۋەرسىز بولغاچقا، كىم نېمە دېسە شۇنىڭغا قارىغۇلارچە ئەگىشىدىغان، يۈزەكى ھادىسىلەرگە ئېسىلىۋېلىپ، كىشىلەرگە زەربە بېرىدىغان، ئەسلى ماھىيەتتىن قىلچە خەۋىرى يوق تۇرۇقلۇق، ساختا تەقۋادار بولۇۋالىدىغان كىشىلەردىن ھەزەر ئەيلەش كېرەك.

بىز تۇرمۇشقا ئوتلۇق ئىشتىياق بىلەن كىرىپ كېلىدىغان، ھاياتنى قەدىرلەيدىغان، دۇنياغا ئۈمىد، ئىشەنچ بىلەن نەزەر تاشلىيالايدىغان، ئۆزىگە قاتتىق تەلەپ قويىدىغان، ئوچۇق، توغرا پېكىرلىك، مەرد، دادىل، ھەققانىيەتچى ئەزىمەتلەرنى تەربىيىلەپ چىقىشىمىز كېرەك. مەسئۇلىيەتسىز، چۈشكۈن، ئۈمىدسىز، ئىرادىسىز، ھورۇن، يالاقۇ ئەۋلاد مىللەتنى خاراب قىلىشتىن باشقىغا يارىمايدۇ. رىۋايەت قىلىنىشىچە، ئۆمەر بىر ئادەمنىڭ نامازدا ئۆلۈمتۈكلەرچە بېشىنى تۆۋەن سېلىپ، تولىمۇ قورقۇمسىرىغان قىياپەتتە تۇرغانلىقىنى كۆرگەندە، شۇئان بېرىپ ئۇنىڭ بېشىنى قولىدىكى قامچا بىلەن نوقۇپ كۆتۈرۈپ قويغاندىن كېيىن، ئۇنىڭغا: «ئۆزۈڭ بىلەن قوشۇپ دىنىمىزنىمۇ ئۆلتۈرمەكچىمۇسەن؟ ئاللا جېنىڭنى ئالسۇن، بېشىڭنى كۆتۈر، قورقۇش دېگەن گەۋدىدە ئەمەس، قەلبتە



www.uyghurkitap.com

بولىدۇ» دېگەن. بۇنداق ساختا قورقۇشنى مۇناپىقلارچە قورقۇش، دەپ ئاتىغان. دېمەك، ئىسلام دىنى بىچارە ھالەتنى، چۈشكۈنلۈكنى قەتئىي ياقتۇرمايدۇ. كىشىلەرنى چۈشكۈنلۈككە سايە قىلىش ھەرگىزمۇ دىن ئەمەس.

## ياخشىلىققا دەۋەت قىلىش، يامانلىقنى توسۇشقا ئادەتلەندۈرۈلگەن

يۈسۈپ خاس ھاجىپ ناھايىتى مەسئۇلىيەتچانلىققا ئادەتلەندۈرۈلۈپ تەربىيىلەنگەن. ئۇنىڭ «قۇتادغۇبىلىك» دېگەن ئەسىرى ئەڭ ئاۋۋال ئۇنىڭ مەسئۇلىيەتچانلىقىنىڭ مېۋىسى. ئۇ ئەسىرىدە پادىشاھتىن تارتىپ ئاددىي پۇقراغىچە بولغان بارلىق كىشىلەرنى ياخشىلىققا بۇيرۇشنى، يامانلىقتىن توسۇشنى مەقسەت قىلىدۇ.

ياخشىلىققا بۇيرۇش، يامانلىقتىن توسۇش ئۈچۈن بالىلارغا ئەڭ ئاۋۋال نېمىنىڭ ياخشى، نېمىنىڭ يامان ئىكەنلىكىنى بىلدۈرۈشكە توغرا كېلىدۇ. ئەمما، ئادەم كىچىك چاغلاردا نېمىنىڭ ياخشى، نېمىنىڭ يامان ئىكەنلىكىنى بىلمەيدۇ. بىراق، ئۇلاردا ھەق، ناھەق تۇيغۇسى بولىدۇ. چۈنكى، ئادەمدە كىچىكىدىن تارتىپ ھېسسىيات، ھاياجان، خۇشال بولۇش، خاپا بولۇش، سۆيۈنۈش، ئاچچىقلاش پسىخىكىسى بولىدۇ. بىراق، بۇنىڭ دەرىجىسى ئوخشاش بولمايدۇ. بەزىلەردە تۆۋەنرەك، بەزىلەردە يۇقىرىراق بولىدۇ. بۇ خىل پسىخىكىلىق ھېسسىيات پەرۋىش قىلىشقا موھتاج. شۇڭا، ئۇلارغا كىچىكىدىن تارتىپ ئۆزى ھېس قىلالايدىغان ياخشى، يامان ئىشلارغا قانداق پوزىتسىيە تۇتۇشنى ئۆگىتىش ئىنتايىن مۇھىم. ئۇلارغا بۇ جەھەتتە يېتەكچىلىك قىلىنمىسا پەرۋاسىز، مەسئۇلىيەتسىز ئادەم بولۇپ قېلىشىدا گەپ يوق. ئەگەر بىر بالا ئانىسىغا ياكى دادىسىغا: «دادا، ئاپا، بۇ كۈنى دوستۇم مۇنداق يامان ئىش قىلدى» دەپ ئىنكاس قىلغاندا، ھەق بىلەن كارىڭ

www.uyghurkitap.com

بولمىسۇن، ئۆزۈڭنىڭ ئىشىنى بىل، دېگەندەك سۆزلەرنى قىلغان
ئاتا ـ ئانا بالىسىنى ھالاكەتكە ئىتتەرگەن، ئۆزىنىمۇ گۇناھقا پاتۇر-
غان ئاتا ـ ئانىدۇر.

بالىلار قۇرامىغا يەتكەندىن كېيىن ئۇلارنىڭ دۇنيا قارىشى
يېتىلىدۇ، ھەق ـ ناھەق قارىشى روشەنلىشىدۇ، بۇ ۋاقىتتا ئۇلارغا
تېخىمۇ قاتتىق تەلەپ قويۇپ، مەسئۇلىيەتچانلىقنى ئاشۇرۇشقا تىرى-
شىش يەنىلا ئاتا ـ ئانىلارنىڭ باش تارتىپ بولمايدىغان مەجبۇرىيە-
تى.

يۈسۈپ خاس ھاجىپ كىچىكىدىن تارتىپ دىنىي مۇھىت ئىچى-
دە چوڭ بولغان، دىنىي تەلىم ـ تەربىيە بىلەن قوراللاندۇرۇلغان.
ئىسلام ئەقىدىسى بويىچە قارىغاندا، بالاغەتكە يەتكەن، ياخشى ـ
يامانني تونۇش قابىلىيىتى يېتىلگەن، يامانلىقنىڭ سادىر بولۇۋاتقان-
لىقىنى ھېس قىلالىغان، قولى، بۇرنى، تىلى ۋە قەلبى بېجىرىم
بولغان مۇسۇلمانغا ياخشىلىققا بۇيرۇپ، يامانلىقتىن توسۇش ۋاجىپ
بولغان، بۇنى ئاللاغا ئىشىنىشتىن كېيىنكى ئەڭ مۇھىم دىنىي
مەجبۇرىيەت دەپ ئەمر قىلىنغان: «سىلەر ئىنسانلار مەنپەئىتى
ئۈچۈن ئوتتۇرىغا چىقىرىلغان، ياخشىلىققا بۇيرۇپ، يامانلىقتىن
توسىدىغان، ئاللاغا ئىمان ئېيتىدىغان ئەڭ ياخشى
ئۈممەتسىلەر[1] . . . »، «سىلەرنىڭ ئاراڭلاردا خەيرلىك ئىشلارغا دە-
ۋەت قىلىدىغان، ياخشى ئىشلارغا بۇيرۇپ، يامان ئىشلارنى مەنئى
قىلىدىغان بىر جامائە بولسۇن. ئەنە شۇلار مەقسەتكە ئېرىشكۈچى-
لەردۇر.»[2] بۇ ئەقىدىنىڭ ئىجراسىدا ئاتا ـ ئانىلارنىڭ باش تارتىپ
بولمايدىغان مەسئۇلىيىتى بارلىقىنى لوقمان سۈرىسىدە تېخىمۇ
كونكرېت ئەمر قىلىدۇ: «ئى ئوغۇلچىقىم! نامازنى (ۋاقتىدا تەئ-
دىل ئەركان بىلەن) ئوقۇغىن، (كىشىلەرنى) ياخشىلىققا بۇيرۇ-

① «قۇرئان كەرىم» سۈرە ئال ئىمران، 110 ـ بەت.
② «قۇرئان كەرىم» سۈرە ئال ئىمران، 104 ـ ئايەت

غىن، يامانلىقتىن توسقىن. »[1] بۇ سۈرە ئەمەلىيەتتە ئاتا ـ ئانىلار
بالىلىرىنى نېمىگە يېتەكلىشى كېرەكلىكىنى بۇيرۇغان ئايەت ئىدى.
شۇڭا، ئاتا ـ ئانىلار بۇ مەجبۇرىيەتنى ياخشى ئادا قىلالمىسا،
ئاتا ـ ئانىلىق قەرزىنى تولۇق ئادا قىلمىغان بولاتتى.

ئىنسانىيەت جەمئىيىتى ياخشىلىق بىلەن يامانلىقنىڭ كۈرىشى
داۋامىدا مەۋجۇت بولۇپ تۇرىدۇ، ياخشىلىقمۇ مەڭگۈلۈك، يامانلىق-
مۇ مەڭگۈلۈك بولىدۇ، شۇڭا بۇ، ئوتتۇرىسىدىكى كۈرەشمۇ مەڭگۈ
داۋاملىشىدۇ. شۇڭا يۈسۈپ خاس ھاجىپ يامانلار ھەرقاچان ياخشى-
لارغا دۈشمەن، نادانلار ئالىملارغا قارشى. بۇ ئارقىلىق ھەقىقىي
ياخشىلار بىلەن ئالىملار يېتىلىدۇ، دۈشمەنسىز ئەر ئەر ئەمەس،
دۈشمەنسىز ئەرنىڭ ئېتى قوپالماي ياتىدۇ، دېگەن. ھەرقانداق بىر
قوۋمدا ياخشىلار كۆپ، يامانلار ئاز بولسا، ياخشىلىققا بۇيرۇيدىغان،
يامانلىقتىن توسىدىغانلار كۆپ، يامانلىققا بۇيرۇيدىغان، ياخشىلىق-
تىن توسىدىغانلار ئازراق بولسا، ئۇ قوۋم نىجات تاپىدۇ، ئەگەر
ئۇنىڭ ئەكسىچە بولسا ھالاك بولىدۇ. بەنى ئىسرائىلنىڭ ھالاكەتكە
يۈزلەنگەنلىكىنىڭ سەۋەبىنى مۇنداق كۆرسىتىدۇ: «ئۇلار ئۆزلىرى
قىلغان يامان ئىشلاردىن بىر ـ بىرىنى توسمايتتى؛ ئۇلارنىڭ قىل-
مىشلىرى نېمىدېگەن يامان. »[2]

يامانلىق دېگەن خۇددى يۇقۇملۇق كېسەلگە ئوخشايدۇ، ئەگەر
تېز داۋاسىنى تېپىپ كونترول قىلىنمىسا، ئۇ شۇنداق تېز كېڭىيە-
دۇكى، ئاخىر پۈتۈن قوۋمنى كېسەللىك چىرمىۋالىدۇ ـ دە، پۈتۈن
قوۋم ھالاك بولىدۇ. ئەگەر كىچىك چاغدا تىزگىنلەپ، ئۇنىڭغا داۋا
قىلىنسا ئۇنىڭ باشقىلارغا يۇقۇشىنى ئۈنۈملۈك تىزگىنلەپ قالغىلى
بولىدۇ. جۇڭگودا چىققان سارس كېسىلىنى ناھايىتى زور تىرىشچان-
لىق بىلەن تىزگىنلەپ، نۇرغۇن ئادەمنى ھالاكەتتىن ساقلاپ قال-
دى، ئەگەر ئۇنىڭغا سەل قارالسا شۇ سەل قارىغان ئادەملەرنىمۇ

---

① «قۇرئان كەرىم» سۈرە لوقمان، 17 ـ ئايەت.
② «قۇرئان كەرىم» سۈرە مائىدە، 79 ـ ئايەت.

www.uyghurkitap.com

يۈتۈپ كېتەتتى. شۇنىڭدەك، يامان ئىش، يامان كەيپىيات، مىل-
لەتكە ھاقارەت كەلتۈرىدىغان زىياندىشلار ئومۇمىي جامائەت پىكرى
ئارقىلىق تىزگىنلەنمىسە، ئۆز مەيلىگە قويۇۋېتىلسە، ئۇزۇن ئۆت-
مەي ئۇ يامان، رەزىل ئىشلار ئومۇمىيلىققا ئايلىنىپ كېتىدۇ،
كىشىلەر شۇنچە يامان، رەزىل ئىشلارنى نورمال ئىش دەپ قوبۇل
قىلىشقا باشلايدۇ. بۇ ۋاقىتقا كەلگەندە ئۇنى چەكلەش مۇمكىن
بولمايدىغان ئەھۋالغا ئۆتۈپ كېتىدۇ. خۇددى تۇغانسىز سەلنى
توسۇپ قالغىلى بولمىغانغا ئوخشاش. چۈنكى، ئادەمنىڭ روھى
يامانلىقنى ئادەتكە ئايلاندۇرۇۋالسا، بارا- بارا كۆڭلىدە ئۇنى ياخشى
ھېسابلايدۇ، خۇددى ھازىرقى بىر قىسىم ئادەملەرنىڭ مانچە بوتۇلكا
ھاراق ئىچكەنلىكى، مانچە قىزنى كولدۇرلاتقانلىقى، مانچە ئادەمنى
دامىغا چۈشۈرگەنلىكى قاتارلىقلاردىن پەخىرلىنىپ سۆزلەپ كەتكى-
نىگە ئوخشاش. ئەمدى ئۇنى ئاڭلاپ ئولتۇرۇپ بەرگەنلەرمۇ،
بارا- بارا مانا شۇ رەزىللىككە ھەۋەس قىلىپ بېشچىلاپ چۆمۈپ
كەتكەنگە ئوخشاش. نەتىجىدە، يامانلىققا بۇيرۇش يوللۇقتەك،
مەردلىكتەك، ياخشىلىققا دەۋەت قىلىش يوقىلاڭ ئىشلارغا ئايلى-
نىۋالغاندەك تۇيغۇ بېرىشكە باشلايدۇ. شۇنداق قىلىپ تەدرىجىي
مىللەتنىڭ قىممەت قارىشىدا خۇنۇكلىشىش، ئەنئەنىسىدىن ياتلى-
شىش، ئىچكى قاتلىمىدا پەسكەشلىك يامراپ كېتىدۇ. ئاخىرىدا
ئۇلار ئەسلىي قانۇنىيەتنىڭ تەتۈرىچە ئىش تۇتۇشقا باشلايدۇ- دە،
يىلتىزى بىلەن قۇرۇپ تۈگەيدۇ، بۇنى خۇدا كۆرسەتمى-
سۇن.

ئۆز دەۋرىدە بۇ خىل بۇلغىنىش، بۇزۇلۇشنىڭ ئەۋجىگە چىق-
قانلىقىنى، ياخشىلىققا بۇيرۇغان، يامانلىقتىن توسىدىغان كىشى-
لەرنىڭ ئازىيىپ كېتىپ بارغانلىقىنى يۈسۈپ خاس ھاجىپ: «ھەم-
مە ئىشلار ئاستىن- ئۈستۈن بولۇپ كەتتى، قانۇن- قائىدىگە
ئاسىيلىق قىلىنىۋاتىدۇ، قېنى ياخشىلىققا بۇيرۇغۇچى، قېنى يا-
مانلىقتىن توسقۇچى، دەپ نىدا قىلىدۇ ۋە بۇنى قىيامەتنىڭ يەنى

ھالاكەتنىڭ ئىپادىسى ئىپادىسى، كۆرۈلسە كېلىدىغىنى چوقۇم كېلىدۇ[1]» دېگەن.

يۈسۈپ خاس ھاجىپ ياخشىلىققا بۇيرۇش، يامانلىقتىن توسۇشتا قەلبى، تىلى ۋە قەلەمنى قورال قىلىپ، ئۆزىنىڭ مەسئۇليىتىنى ئەڭ ئۇنۇملۇك ئادا قىلدى. مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام: مۆمىنلەرنى ياخشىلىققا دەۋەت قىلىش، يامانلىقتىن توسۇشتا مۇنداق تەلەپلەرنى قويغان: «كىمكى بىر يامان ئىشنى كۆرسە ئۇنى قولى بىلەن ئۆزگەرتىشكە ھەرىكەت قىلسۇن، ئۇنىڭغا كۈچى يار بەرمىسە تىلى بىلەن بولسىمۇ توسۇشقا تىرىشسۇن، ئۇنىڭغا ھەم قادىر بولالمىسا كۆڭلىدە بولسىمۇ، نارازىلىقىنى ئىپادىلىسۇن، بۇ ئىماننىڭ ئەڭ ئاجىزىدۇر.» (بۇخارى رىۋايەت قىلغان) يۈسۈپ خاس ھاجىپ قولى، تىلى ۋە دىلى بىلەن ياخشىلىققا بۇيرۇش، يامانلىقتىن توسۇشقا زور كۈچ سەرپ قىلغان، ئۇ قەلەمنى قورال قىلىپ، پادىشاھتىن تارتىپ ئاددىي پۇقراغىچە بارلىق كىشىلەرنى ھەق يولغا باشلاش، ئازغۇنلۇقتىن قۇتۇلدۇرۇش ئۈچۈن كۈرەش قىلغان. ئۇ مۇنداق دەيدۇ:

268 ئېلىپ قولغا قىلىچ، بىرى ئەل تۈزەر،
قەلەم بىرلە بىرى، ھەق يول كۆرسىتەر.

يۈسۈپ خاس ھاجىپ قەلەم ئارقىلىق ئەلگە ھەق يول كۆرسىتىشنى مەقسەت قىلغان ھەم ئۇ ئىشنى ئۇتۇقلۇق ئادا قىلغان. شۇڭا، ئۇ: كىتابىنىڭ نامىنى قۇتادغۇبىلىك قويدۇم، ئوقۇغۇچىغا قۇت ئاتسۇن، بەخت يولىغا باشلىسۇن. (350 ـ بېيىت). ئۇ بۇ دەۋەتلىرىدە پۈتۈن ئەۋلادلىرىنى ياخشىلىققا بۇيرۇپ قالماي، بەلكى پادىشاھقىمۇ يۈرەكلىك ھالدا ياخشىلىق يوللىرىنى كۆرسىتىشكە،

---

① «قۇتادغۇبىلىك»، مىللەتلەر نەشرىياتى، 1984 ـ يىل، ئۇيغۇرچە نەشرى، 6472 ـ، 6493 ـ بېيىتلارنىڭ مەزمۇنى.

يـامان يوللاردىن قايتىشقا بۇيرۇشقا جۈرئەت قىلىدۇ. بۇ ھەقتە پەيغەمبىرىمىزنىڭ بۇيرۇقىغا ئەمەل قىلىدۇ: پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامدىن ساھابىلەر جىھادنىڭ ئەۋزەللى توغرىسىدا سورىغاندا: «زالىم پادىشاھ ئالدىدا ھەق سۆزلەش» دەپ جاۋاب بەرگەن. يۈسۈپ خاس ھاجىپ ئەسىرىدە نۇقتىلىق ھالدا پادىشاھقا ئادالەت يوللىرىنى تەۋسىيە قىلىش، يامانلىقتىن، زۇلۇمدىن ئاگاھلاندۇرۇشنى مەقسەت قىلغان. كىمنىڭ ئەل ئىچىدە ئورنى ئەڭ يۇقىرى بولىدىكەن، ئۇنىڭ مەجبۇرىيىتى ئەلدە ياخشى قانۇن ئورنىتىشتۇر، ھەي بەخت ـ تەختكە ئېرىشكۈچى، ئۇنىڭغا ئانچە كۆپ گۇۋەنمە، بەخت، دۆلەت دېگەن كەلگۈچى ھەم كەتكۈچىدۇر. ئەگەر سەن بۇ دۆلەت بىلەن تۇراي دەيدىكەنسەن، ياخشىلىق يولىنى تۇت. ساڭا بەگلىك، ئۇلۇغلۇق تەگسە، بىشىڭ ئاقارغۇچە كىچىك پېئىل بول.» (545، 550، 552)

يەنە بىر جەھەتتىن قارىغاندا، كىشىلەرنى ياخشىلىققا بۇيرۇش، يامانلىقتىن توسۇش ئۇچۇن ئاۋۋال شۇ كىشىدە ياخشى ـ يامانىنى بىلگۈدەك ئىقتىدار، قابىلىيەت بولۇشى، يەنە بىر تەرەپتىن، ئۇ ئۆزى دېگەن سۆزىگە ئەمەل قىلالايدىغان توغرا يوللۇق ئادەم بولۇشى كېرەك ئىدى. يۈسۈپ خاس ھاجىپ بۇ شەرتلەرنى تولۇق ئادا قىلغان. ھەقىقەت نۇرى بىلەن دىلى يورۇغان، ئۆزىمۇ ياخشىلىقنىڭ بەندىسى بولالىغانىدى.

382 ئۇ تاللاپ ياراتتى، يورۇتتى دىلىم،
ئىمان بىرلە تىنچ يولنى تاپتى دىلىم.

383 قاراڭغۇدا ئەردىم، يورۇتتى تۇنۇم،
زۇلمەتتە ئىدىم مەن، تۇغۇلدى كۈنۈم.

384 يۇرەتتىم ئېزىپ مەن، ئۇ كۆرسەتتى يول،
كۆيەتتىم مەن ئوتتا، قۇتۇلدۇردى ئول.

385 كۆتۈردى، تاللىدى، ئايرىدى مېنى،
ئازغىنلار يولىدىن قايرىدى مېنى.

386 بېزەتتى دىلىمنى يورۇقلۇق بىلە،
تىلىمنى بېزەتتى گۇۋاھلىق بىلە.

ئۇ بۇنداق ھەقىقەت نۇرىغا چۆمۈلگەنلىكى بىلەن مەمنۇن، نۇرلۇق كېلەچەكنى كۆرەلىگەنلىكىدىن خۇرسەن ئىدى. ئۇ باشقىلارنى ياخشىلىققا بۇيرۇپ، يامانلىقتىن توسقۇچى دەۋەتچىلا ئەمەس، بەلكى پاك قەلبى ۋە تەقۋادارلىقى بىلەن ئۆزىگە قاتتىق تەلەپ قويغۇچى ئىدى. چۈنكى ئۇ بۇ ھەقىقەتنى قەلب دەپتىرىگە پۈتۈۋالغانىدى. «كىشىلەرنى ياخشى ئىشقا بۇيرۇپ ئۆزۈڭلارنى ئۇنتۇمسىلەر.»①

يۈسۈپ خاس ھاجىپنىڭ شۇنچە مەردانە، ئەركىن، ھەققانىيەتچى، يۈرەكلىك بولالىغانلىقى، پادىشاھلارغىمۇ نەسىھەت قىلىشقا، ئۇلارنىڭ يامان تەرەپلىرىنى ئەيىبلەشكە جۈرئەتلىك بولالىغانلىقى، ئۇنىڭ خاراكتېرىدە يېتىلگەن بۈيۈك خىسلەت ئىدى. ئۇ ھەقنى دەۋەت قىلغاندا قەتئىي بولۇش، ھەرگىز ئارىسالدى بولماسلىققا ئادەتلەندۈرۈلگەن. تۇرمۇشتا نۇرغۇن ئادەملەر جەمئىيەتتىكى ياخشى - يامان ئادەم ۋە ئىشلارنى كۆرۈپ تۇرىدۇ، ھەققانىيەت بىلەن رەزىللىكنى ھېس قىلىپ تۇرىدۇ. بىراق، بۇلارنىڭ بەزىلىرى دادىللىق بىلەن پىكرىنى ئوتتۇرىغا قويۇپ، ھەقىقەتنى ياقلىسىمۇ، لېكىن بەزىلەر سۈكۈت قىلىدۇ، بەزىلەر رەزىللىكتە شۇنچىلىك ئۇچىغا چىققانكى، ھەق - ناھەق مەسىلىسىگە توغرا كەلگەندە، تەپتارتماستىن بىلىپ تۇرۇپ ناھەقچىلىكنىڭ تەرىپىنى ئالىدۇ. مانا بۇ ھەققانىيەت تۇيغۇسىنىڭ تۆۋەنلىكى، خاراكتېرىنىڭ ئىنتايىن زەئىپلىكىنى ئىپادىلەيدۇ. ئۇنداق ئادەملەرنى ئادەم دەپ ئاتاشقا ئەرزىمەيدۇ.

① «قۇرئان كەرىم»، سۈرە بەقەرە، 44 - ئايەت.

بىپەرۋالىق ۋە قۇلچىلىق جەمئىيەتكە تەگكەن بىر ۋابا كېسەلى، ئۇ مىللەتنى خاراب قىلىدۇ. ھەرقانداق ئادەم بۇ دۇنيادا ئەركىن پىكىر بىلەن تۇغۇلىدۇ، ھەربىر ئادەمنىڭ قەلبى، تەپەككۇرى ئۆزىگە تەن. ھەرگىز ئۇنى باشقىلارنىڭ قەلبىگە، تەپەككۇرىغا بېقىندى قىلىپ قويماسلىق كېرەك. شۇڭا، بالىلارنى تەربىيىلەشتە ئۇلارنىڭ ھېسسىياتىغا، پىكرىگە ھۆرمەت قىلىشنى ئۆگىنىۋېلىش لازىم. ئۇلارنى بېسىم بىلەن: مەن سېنىڭ داداڭ، قەتئىي مېنىڭ گېپىمنى ئاڭلايسەن، توغرا بولسۇن، خاتا بولسۇن، مۇئەللىمىڭنىڭ گېپىگە كىر، باشلىقىڭ دوزاخقا باشلىسىمۇ كەينىڭگە قارىما، دېگەندەك ناتوغرا تەربىيە ئۇسۇلىنى قوللانغاندا، ئۇ بالىنى ئاللىبۇرۇن باشقىلارنىڭ قۇربانلىقى قىلىپ بەرگەن بولىسىز. بالىلار گەپكە گەپ كەلگەندە، ئاتا - ئاناڭدىنمۇ قايتما دېگەن روھ بىلەن تەربىيىلەنسۇن. شۇندىلا، ئاندىن جەمئىيەتتە ياخشىلىققا دەۋەت قىلالايدىغان، يامانلىقتىن توسۇيالايدىغان جۈرئەتكە ئىگە بولىدۇ.

# يەتتىنچى باب

## قانائەتچانلىققا يېتەكلەش بەخت تەربىيىسىنىڭ مۇھىم ھالقىسى

بۇ دۇنيانىڭ نېمەتلىرى ئادەمنى تويغۇزالامدۇ؟ بۇ دۇنيانىڭ مال ـ دۇنياسى ھەرگىزمۇ ئادەمنى تويغۇزالمايدۇ. شۇڭا مۇھەممەت ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن: «بىر ئادەمنىڭ ئىككى جىلغىدا ئالتۇن ـ كۈمۈشى بولسا، يەنە بىر جىلغا ئالتۇنۇم بولسا دەپ ئارزۇ قىلىدۇ، ئادەم بالىسىنىڭ كۆزىنى گۆر توپىسىدىن باشقا نەرسە تويدۇرالمايدۇ» . بۇنىڭدىن قارىغاندا، مال ـ دۇنيا ئادەمنى بەختلىك قىلالمايدىكەن، ئۇنداق بولسا ھەقىقىي بايلىققا قانداق ئېرىشكىلى بولىدۇ؟ «مال ـ دۇنيانىڭ كۆپ بولۇشى ھەقىقىي بايلىق ئەمەس، ھەقىقىي بايلىق كۆڭۈل بايلىقىدۇر» دېگەن ھەدىس، مانا شۇ ئىنسان تەبىئىتى ئاساسىدا يەكۈنلەنگەن پەلسەپىۋى ھەقىقەت ئىدى. ئۇنداق ئىكەن، بەختمۇ كۆڭۈلنىڭ بايلىقىغا باغلىق.

يۇسۇپ خاس ھاجىپنىڭ پەرزەنت تەربىيىسىدە، بالىلارنى قانائەتكە، سەۋرگە يېتەكلەش ئارقىلىق ئۇلارنىڭ ۋۇجۇدىغا ئۇلۇغۋار غايىلارنى سىڭدۈرۈش مەقسىتىگە يەتكىلى بولىدىغانلىقى يەكۈنلەنگەن، چۈنكى قانائەتچان ئادەملەرلا ئۇلۇغۋار ئىشلارنى قىلىشقا ئۆزىنى ئاتىۋېتەلەيدۇ. قانائەتسىز مەخلۇقلار پۈتۈن ھاياتىنى مال ـ دۇنيانىڭ ۋەسۋەسىسى بىلەن ئۆتكۈزىدۇ. بىر مىليون پۇلى بولسا، يەنە بىر مىليون تېپىشنى، ئىككى مىليون بولغاندا، ئۇنى ئون مىليون قىلىشنى، ئون مىليون بولغاندا يۈز مىليون قىلىشنى،

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

يۈز مىليون بولغاندا مىليارد بولۇشنى ئارزۇ قىلىدۇ. تېخى دۇنيادا بىرەر ئادەمنىڭ پۇلغا تويغانلىقىنى، بۇ دۇنيانىڭ نېمەتلىرىدىن كېچىكىپ كەتكەنلىكىنى كۆرمىدۇق. چۈنكى، بۇنداق بولۇشنى ئىنساننىڭ تەبىئىتى بەلگىلىگەن. «قۇرئان كەرىم» دە مۇنداق بىر ئايەت بار: بىز ئىنسانلارغا مال ـ دۇنيا، چارۋا مال . . . لارنى ياخشى كۆرىدىغان قىلدۇق. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن: «ياخشى خوتۇن، ياخشى تۇرالغۇ، ياخشى ئۇلاغ ئىنسان بالىسىنىڭ سائادىتى قاتارىدىن» . بۇنىڭدىن كۆرۈشكە بولىدۇكى، ئىسلام دىنى ماددىي بايلىقنى چەتكە قاقمايدۇ، بەلكى ھالالدىن تاپقان مال ـ دۇنيانى توغرا يولغا سەرپ قىلسا، ئۇ ئاخىرەتنىڭ يولخېتى؛ جەننەتنىڭ ئىشىكىنى ئاچىدىغان ئاچقۇچ بولىدۇ ـ ، دەپ قارايدۇ. خەير ـ ئېھسان قىلىش، سەدىقە قىلىش، ئاجىزلارغا ياردەم قىلىپ ساۋابقا ئېرىشىش ئۈچۈن ئەلۋەتتە ئىقتىسادقا تايىنىشقا توغرا كېلىدۇ. دۆلەتنى باشقۇرۇش، تەرەققىي قىلدۇرۇش ئۈچۈنمۇ ئىقتىسادىي ئامىل مۇھىم رول ئوينايدۇ، قۇرۇق ئىبادەت، زارلىنىپ دۇئا قىلىش بىلەن ماددىي ئېھتىياجنى قاندۇرۇش مۇمكىن ئەمەس، ئۇ ئاللا ياراتقان قانۇنىيەتكە خىلاپلىق قىلغانلىق بولىدۇ.

ئىسلامىيەت دۇنياسىدا ھازىرغىچە ئىزچىل توغرا ھەل بولماي كېلىۋاتقان بىر ئىش بار. ئۇ بولسىمۇ، كىشىلىك تۇرمۇشتىكى مەنپەئەت مۇناسىۋەتنى قانداق بىر تەرەپ قىلىش، مال ـ دۇنياغا قانداق مۇئامىلە قىلىش مەسىلىسىدىن ئىبارەت. چۈنكى بۇنىڭغا نورمال مۇئامىلە قىلىش ھەقىقەتەن مۇشكۇل ئىش. مال ـ دۇنياغا ھەددىدىن ئارتۇق بېرىلىش ئادەمنى بۇ دۇنيادا ئاچكۆزلۈككە، ياۋۇزلۇققا، قارانىيەتلىككە، ئىنسانسىزلىققا سۆرەپ كىرىدۇ، ئۇنى بىر كۈنمۇ خاتىرجەملىككە ئىگە قىلالمايدۇ. ئۇ ۋەسۋەسە، تەشۋىش، ھەۋەسنىڭ ئىشتىياقىدا خاتىرجەم ئويقۇدىن مەھرۇم بولىدۇ.

## 1. قانائەتچانلىق تەربىيىسى پەرزەنتلەرنى بەختكە، پەزىلەتكە يېتەكلەيدۇ

ئىسلامىيەت دۇنياسىدا قەدىمدىن تارتىپ ھازىرغىچە تولۇق، ئوزۇل-كېسىل ھەل بولماي كېلىۋاتقان بىر ئىش بار. ئۇ بولسىمۇ كىشىلىك تۇرمۇشتىكى مەنپەئەت مۇناسىۋىتىنى قانداق بىر تەرەپ قىلىش، مال - دۇنياغا، بايلىققا قانداق مۇئامىلە قىلىش، روھىي پاكلىق ئۈچۈن تەننى ئازابلاش كېرەكمۇ، تەننىڭ ئىستەكلىرىنى ئورۇنلاپ روھنى بۇلغاش كېرەكمۇ، دېگەن مەسىلىدىن ئىبارەت. مۇشۇ نازۇك مۇناسىۋەت مەسىلىنى ئەقىلغا مۇۋاپىق، قانۇنىيەتكە ئۇيغۇن، ياراتمىش ئىرادىگە مۇۋاپىق ھەل قىلمىغانلىقى ئۈچۈن نۇرغۇن يېڭىلىشلار، ئازغۇنلۇقلار كېلىپ چىقتى. بۇ پەرزەنت تەربىيىسىگە ۋە ئۇنىڭ يۆنىلىشىگە ھەم بىۋاستە تەسىر كۆرسىتىپ، پەرزەنتلىرىنىڭ توغرا ئاڭ بىلەن تەربىيىلىنىشىگە، جەمئىيەتنىڭ نورمال، ئوڭ يۆنىلىش بىلەن تەرەققىي قىلىنىشىغا يامان تەسىر كۆرسەتكەن ماھىيەتلىك مەسىلىلەرنىڭ بىرى بولۇپ قالغاندى.

11 - ئەسىرلەردىكى فېئوداللىق ئىجتىمائىي مۇناسىۋەت ھۆكۈمرانلىقىدىكى قاراخانىيلار جەمئىيىتىدە دىنىي ئەقىدە بىلەن ماددىي مەنپەئەت مۇناسىۋىتى، كىشىلەرنىڭ تەبىئىي ئىنتىلىشى، ھاياتقا بولغان مۇھەببىتى بىلەن دىنى ئېتىقادنىڭ مۇناسىۋىتىنى بىر تەرەپ قىلىشتا ئۆتكۈر زىددىيەت ۋە ئوخشاش بولمىغان مەزھەپ ۋە ئېقىملار ئوتتۇرىغا چىققان، بىرى، «قوتادغۇبىلىك» ئەسىرىدە نۇقتىلىق كۆرەش تېمىسى بولغان تەركىدۇنيا ئودغۇرمىشنىڭ دۇنيا قارىشىدىن چەكتىن ئاشقان سول ئەقىدىنىڭ ئىسكەنجىسىنى كۆردۇق. ئۇ دىنىي ئەقىدە جەھەتتە، كىشىلىك تۇرمۇش قارىشى جەھەتتە ئىنتايىن خاتا تەلىم تەربىيىنى قوبۇل قىلىۋالغان بىر تىپ، ئۇ بۇ دۇنيانى قارىلايدۇ، بۇ دۇنيانىڭ نېمەتلىرىگە قىزىقمايدۇ. بۇ دۇنيانىڭ ماددىي نېمەتلىرىگە بېرىلىش، جەمئىيەتتە ياشاشنى گۇناھ

www.uyghurkitap.com

دەپ قارايدۇ. ھەتتا ئۆيلىنىش، بالا ـ چاقىلىق بولۇشنىمۇ چوڭ ئاۋارىگەرچىلىك، ئىبادەت يوللىرىنى ئېتىپ قويۇش دەپ تونۇيدۇ. ئەل ئۈچۈن خىزمەت قىلىش ساۋاب، دېسە، ياراتقۇچى تەڭرىنىڭ ئىبادىتىنى قىلماي، بەندىنىڭ خىزمىتىنى قىلىش ئەخمەقلىق دەيدۇ. ئادەم ھامىنى ئۆلۈپ كېتىدىغان تۇرسا دۇنياغا بېرىلىپ نېمە قىلىدۇ. شۇڭا دۇنيا سېنى تاشلىۋېتىشتىن بۇرۇن سەن دۇنيانى تاشلا: ھەي ئوغۇل، قارا، بۇ جاھان ئەزەلدىن شامالغا ئوخشاش تۇتامى، كۆلەڭگىگە ئوخشاش قارارى يوق، قارىساڭ ئۇ خۇددى كۆرۈنمەيدىغان سەراپقا ئوخشايدۇ. تۇتاي دەپ تۇتالمايسەن، يېتەي دەپ يېتەلمەيسەن. دۆلەتنىڭ ئالتۇن بەلۋېغى نۆۋەت بىلەن باغلىنىدۇ. ئۇ قاچقۇن، ۋاپاسىز، ئۇنىڭ قېرىشىمۇ ھەم تېز. ئەمدى ماڭا دۆلــەتمۇ، ئۇنىڭ نۆۋىتىمۇ لازىم ئەمەس، ئىگەمنىڭ يادى ماڭا ھەمراھ. ئۇنىڭ يارلىقى مېنىڭ شادلىقىمغا شادلىق، خۇرسەنلىكىمگە خۇرسەنلىك. ئۈمىدىممۇ، تىلىكىممۇ شۇ، سېغىنىشىممۇ، شادلىقىممۇ ئىگەمنىڭ يادى، تونۇش قوي يۈكى، يېگىنىم ئارپا نېنى، ھەي قاياشىم، شۇنىڭ ئۆزى ماڭا دۇنيانىڭ تەل بولغىنى. غاردا پاناھلانغان بىر تەقۋادارنىڭ مۇنۇ سۆزىنى ئاڭلاپ قوي، ئۆز غىزايىم كېسەك، كىيىمىم يۇڭ چەكمەن، نېسىۋەمگە ئېرىشتۇرگەن ئاللاغا شۈكۈركى، كېپەك غىزا ماڭا شېكەردىن لەززەتلىك، ئاق يۇڭ تونۇم يىپەكتىن قىممەتلىك، دېگەن. ئارپا بولسۇن، تېرىق بولسۇن، باشقا تاماقلار بولسۇن قورساق تويغۇزۇش ئۈچۈنغۇ، ئۇلارنىڭ نېمە پەرقى؟ مىزاجىڭنى بۇزۇپ ئۆيدەك يەۋەرمەي، ئۆلمەسلىك ئۈچۈنلا يېسەڭ كۇپايە» . يۇقىرىقىدەك بىمەنە، ئەسلى ئەقىدىگە يات بولغان ئىسلام دىنىنى زەئىپلەشتۈرگەن، ئىسلام دىنىغا ھاقارەت كەلتۈرگەن خاتا تەرغىباتلار ئۆز دەۋرىدە باش كۆتۈرۈپ، 13 ـ ئەسىردىن كېيىن راۋاج تاپقان. نەتىجىدە پۈتۈن مەركىزىي ئاسىيادا ھۆكۈمران ئىدېئولوگىيە سۈپىتىدىن پۈتۈن مىللەتنىڭ روھىنى ئېغىر دەرىجىدە قالايمىقانلاشتۇرۇپ، ئەڭ چۈشكۈن، زە-

ئىسىپ، بىچارە، مەجرۇھ مىللەتكە ئايلاندۇرۇپ قويغان. بۇنداق ئېزىتقۇ ئىدىيىنىڭ يامان تەسىرىنى ئۇيغۇرلار تېخى 20 ـ ئەسىرنىڭ باشلىرىغا كەلگەندە غۇۋا ھېس قىلدى. مانا شۇ ئۇزاق تارىخىي مۇساپىدە ئۇيغۇر پەرزەنتلىرى ئاشۇنداق ھايات قانۇنىيىتىگە پۈتۈنلەي يات بولغان تەلىم ـ تەربىيە ئەندىزىسى بىلەن تەربىيىلەنگەن. شۇنداق خاتا تەربىيە ئۇيغۇرلارنىڭ خاراكتېرىنىمۇ ئۆلتۈرگەن، ئەقىدىسىنىمۇ ئۆلتۈرگەن، شۇڭا بۇ نادان خەلق ئۆزىنىڭ قىلمىش ـ ئەتمىشلىرىنى، ئاچ ـ زارلىق، موھتاجلىق، مەھرۇملۇقلىرىنى ئاللانىڭ مەخپىرىتىگە، رەھمىتىگە ئېرىشكەنلىكىمىز دەپ چۈشىنىۋەرگەن، لېكىن ئاللا بۇلارنىڭ بۇ ئازغۇنلۇقى، ھەتتا ئاللانى ئۇنۇتۇپ كېتىپ غەيرىي بىر ئەقىدىگە ئەگەشكەنلىكى ئۈچۈن ئۆز ۋەدىسى بويىچە بۇ خەلقنى تاشلىۋەتكەن، «بىزنى ئۇنتۇغان قوۋمنى بىزمۇ ئۇنتۇيمىز» دېگەن ۋەدىسى بىزنىڭ ئۈستىمىزدە ئىجرا بولغان.

11 ـ ئەسىردىكى يەنە بىر تەتۈر ئېقىم ھەددىدىن ئارتۇق مال ـ دۇنياغا ئۆزىنى ئۇرىدىغان، نەپسانىيەتچى، ئاچ كۆز، گال ئۈچۈنلا ياشايدىغان، ماددىي نېمەتنى، بەدەننىڭ لەززىتىنى ھاياتنىڭ مەقسىتى قىلغان. شۇ نەپس ئۈچۈن ھەرقانداق رەزىللىكتىن باش تارتمايدىغان ئىنسان قېلىپىدىن چىققان بىر تۈركۈم ئازغۇنلار ئىدى. ئاچ كۆزلۈك، نەپسانىيەتچىلىك، كۆرەلمەسلىك، ھەسەتخورلۇق، پىتنە ـ پاسات، ئالدامچىلىق، شەھۋانىيلىق، ئوغرىلىق، تەمەخورلۇق، ساتقىنلىق قاتارلىقلارنىڭ ھەممىسى مانا شۇ تەننىڭ تەقەززاسىغا ھەددىدىن ئارتۇق بېرىلىپ، ئۇنىڭ خاھىشىغا بويسۇنغانلىقتىن كېلىپ چىقتى. چۈنكى ئۇلارنىڭ ھاياتتىكى غايىسى مال ـ دۇنيا توپلاش بىلەن، يەپ ـ ئىچىشلا ئىدى. بۇ خىل تەبىئەتنى «قۇرئان كەرىم» دە: ئۇلار «چارپايلاردەك يەپ ئىچىدۇ» (سۈرە مۇھەممەد 12 ـ ئايەت) دەپ، يەپ ـ ئىچىش ئۈچۈنلا ياشىغان ئادەمنى ھايۋان، دەپ ئاتىغان. ھەقىقەتەن نەپسى ئۈچۈنلا ياشىغان ئادەم

هايۋاندىنمۇ بەتتەر بولاتتى. هايۋان يېسە ـ تويسا شۇنىڭغا قانائەت قىلىدۇ، بىراق ئادەم قەتئىي قانائەت قىلمايدۇ. شۇڭا ئۇنداق ئادەملەرنى تېخىمۇ يامان سۈپەت بىلەن سۈپەتلەيدۇ:

«ئۇ دۇنياغا بېرىلىپ كەتتى، نەپسى خاھىشىغا بويسۇندى، ئــۇ گويا بىر ئىتقا ئوخشايدۇكى، ئۇنى قوغلىۋەتسەڭمۇ تىلىنى چىقىرىپ هــاســىرەيــدۇ» (سـۈرە ئـەئـراف 176 ـ ئـايـەتـنىـڭ بــىــر قىسمى).

يۈسۈپ خاس هاجىپ بۇ خىل نەپسانىيەتچىلىكتە ھەددىدىن ئېشىپ ھەقنى ئۇنتۇغان، ئۆزى ھېرىسمەنلىك، تەشۋىش، ئارام-سىزلىق تورىغا چىرمىلىپ، ئۆزىنى ئازابلاۋاتقان بەختسىز كىشىلەر-نىڭمۇ ئەيت بەشىرىسىنى ئاشكارىلايدۇ: «سەن ئۆزۈڭگە ئەلنىڭ كۆزى بىلەن قاراپ باق، بىر ئۆزۈڭ ئۈچۈن قانچىلىغان نەرسىلەرنى تويلىدىڭ؟ سەن ئۈچۈن دېڭىزدىكى ئۈنچە ـ مەرۋايىتلارمۇ كەملىك قىلىدۇ، زېمىندىكى ئالتۇن ـ كۈمۈشلەرمۇ خەزىنەڭگە قويۇلىدۇ؛ تاغلاردىكى جاۋاھىراتلارنى قېزىپ كېلىپمۇ سېنىڭ ئېھتىياج پوتاڭ-نى تولدۇرغىنى بولمايدۇ. يەردە ئۆسىدىغان هوسۇل ـ دانلارمۇ سېنىڭ ئامبىرىڭغا تويلىنىدۇ؛ ھەي پەيلى يامان، ئۇچار قۇشلار، يۈرىدىغان مەخلۇقلار، سۇدىكى بېلىقلارمۇ سەندىن قۇتۇلالمايدۇ، كارۋانلىرىڭ ئەلمۇئەل يۈرۈپ دۇنيا كېزىپ تاۋار ـ دۇردۇنلارنى، تېيىن، سۆسەرلەرنى، رۇمنىڭ ئېسىل كىمخاپلىرىنى، دۇنيانىڭ باشقا ئېسىل نەرسىلىرىنى ئېلىپ كېلىپ ساڭا تۆكسىمۇ ئامبىرىڭ تولمايدۇ. ئەرەب ئارغىماقلىرى، ئېسىل تۇلپارلار بىلەن ئېغىل، ئوقۇرلار تولدى، قېنى كۆز ـ قارنىڭ تولغىنى. . . » يۈسۈپ خاس هاجىپ يەنە يايلاقتىكى قورۇ ـ قورۇ چارۋا ماللارنى بىر ـ بىردىن ساناپ ئۆتكەندىن كېيىن مۇنداق خۇلاسە چىقىرىدۇ: مانا دۇنيانىڭ شۇنچە دەنيا دەپىنىسى توپلانغاندىمۇ ساڭا يېتىشەلمەيدۇ. بىراق ئۇلار يەنىلا تۈگىمەيدۇ، سېنىمۇ قانائەتلەندۈرەلمەيدۇ، ئاخىرى ئاچ كــۆزلــۈك بــىــلەن ئــېچىرقــىغان كــىــشــىدىن كىممۇ تويغان»

(5361 ـ ، 5389 ـ بېيىتلارنىڭ مەزمۇنى) نەپسى بالالىق قىلما، نەپسىڭگە قارشى قاتتىق جەڭ قىل، ئۇنىڭ تىلىكىنى ئورۇندىما، ئۇنىڭغا ھۇزۇر كۆرسەتمە، نەپس ھەممىدىن ياۋۇز دۇشمەندۇر. ئۇنىڭغا ياخشىلىق قىلساڭ يامانلىقنى كۆرىسەن، ۋاپا قىلساڭ بەدىلىگە جاپا يۇتىسەن. ئۇنىڭغا جاپا قىلساڭ ئاندىن ۋاپا كۆرىسەن، دۇنيادا سەن ئۈچۈن ئەڭ ياۋۇز دۇشمەن ئىككى، بىرى، بۇ دۇنيا ھەۋىسى، يەنە بىرى، نەپس بالاسى. بۇ ئىككى دۇشمەننىڭ تۇزاقلىرى ھەر دائىم قۇرۇقلۇق» (5316 ـ 5322) . يۈسۈپ خاس ھاجىپ ئەۋلادلارنىڭ كۆزى ئاچ، نەپسى بالا، قارانىيەتچى، ھەسەتخور، تەمەخور بولۇپ قالماسلىقىغا بەك كۆڭۈل بۆلىدۇ. چۈنكى بۇنداق پەرزەنت مەسئۇلىيەتسىز، ئۆزىنىلا ئويلايدىغان، ئەلنىڭ غېمى بىلەن كارى بولمايدىغان، قارانىيەتچى ئادەم بولۇپ يېتىلەتتى. شۇڭا ئاچ كۆزلۈكنىڭ ئادەمگە ئېلىپ كېلىدىغان ئاپىتىنى مۇنداق بايان قىلىدۇ: دۇنيا ھېرىسمەنلىكىنىڭ ھەممىسى ئاچ كۆزلۈكنىڭ ئالامىتىدۇر. ئاچ كۆز كىشى پۈتۈن دۇنياغا ئىگە بولسىمۇ ئۇ باي ئەمەس، ئۆزى باي بولسىمۇ كۆزى ئاچ كىشى ھەقىقىي كەمبەغەلدۇر. ھەقىقىي باي قانائەت ئىگىسىدۇر. ئاچ كۆز ئادەمگە باي بولۇشمۇ ھېچقانداق ھۇزۇر بېرەلمەيدۇ. ئۇلارنىڭ ھالىغا ۋاي دېگۈلۈك، چۈنكى ئۇلارغا پۈتۈن دۇنيامۇ ئازلىق قىلىدۇ. قارا تۇپراق ئۇلارنىڭ كۆز چاناقلىرىنى تولدۇرمىغىچە مال ـ دۇنيا ئۇلارنىڭ كۆزىنى تولدۇرالمايدۇ» (5384 ـ 5390) . يۇقىرىقى بايانلار ھەقىقەتەن ھاياتنىڭ ئەڭ مۇھىم بىر قانۇنىيىتى. بۇ خىل چۈشەنچە مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنىڭ مۇنۇ ھەدىسىدىن كەلگەن: «بىر ئادەمنىڭ ئىككى جىلغا مال ـ دۇنياسى بولسا، ئۈچىنچى جىلغا مېلى بولۇشنى ئارزۇ قىلىدۇ، ئادەمنىڭ بالىسىنىڭ كۆزىنى گۆر تۇپىسىدىن باشقا نەرسە تولدۇرالمايدۇ» . ئەنەس رىۋايەت قىلغان يەنە بىر ھەدىستە: «كىمكى ئاخىرەتنى ئۆز غېمى قىلىدىكەن، ئاللا ئۇنىڭ قەلبىنى باي قىلىۋېتىدۇ. ئۇنىڭ ئىشلىرىنى جەملەپ

بىرىدۇ. كىمكى دۇنيانى ئۆز غېمى قىلىدىكەن دۇنيا ئۇنىڭغا يىلىمدەك چاپلىشىپ كېتىدۇ، ئاللا ئۇنىڭ ئىككى كۆزىنى نامرات قىلىۋېتىدۇ. ئۇنىڭ ئىشلىرى چېچىلىپ كېتىدۇ. دۇنيا ئۇنىڭغا بەردىكەتسىز، ئۆتكۈنچى بولۇپ كېتىدۇ. كۆڭۈلنىڭ چېچىلىپ بەرەپتان بولۇشى، خاتىرجەملىكنىڭ يوقىلىشى، كۆڭۈلنىڭ بۆلۈنۈپ كېتىشى، روھىي نامراتلىقتىن قۇتۇلماسلىق قاتارلىقلار ئەمەلىيەتتە بۇ دۇنيانىڭ يامان ئازابلىرى، خاتىرجەمسىزلىك ۋە بەختسىزلىكتۇر. بۇ خىل ئەھۋالنى يۈسۈپ خاس ھاجىپ ھېرىسمەن پادىشاھ قول، قانائەتلىك نامرات پادىشاھدۇر، چۈنكى ئۇنىڭ كۆڭلى خاتىرجەمدۇر، دەپ بايان قىلغان. يەنە ئۇ بۇ دۇنياغا ھەددىدىن ئارتۇق بېرىلىپ كېتىشنى: دۇنيانىڭ مال - دۇنياسىغا ھېرىسمەن بولۇش خۇددى تۇزلۇق سۇ ئىچكەن ئادەمگە ئوخشاش داۋاملىق چاڭقاپ تۇرىدۇ، ھەرقانچە ئىچسىمۇ ئۇنىڭ ئېغىزى نەم بولمايدۇ، دەپ خۇلاسىلىغان. سەلجۇق ئىمپېرىيىسىنىڭ باش ۋەزىرى ۋە دانا مەسلىھەتچىسى بولغان نىزا مۇل مۇلۇك ئۆزىنىڭ «سىياسەتنامە» دېگەن ئەسىرىدە بۇنداق ئىنساپسىز، دۇنيانىڭ شۇنچە مال - دۇنياسىغا ئېرىشسىمۇ ئېغىزى نەم بولمىغان قانائەتسىز بەگلەر، قازىلار ۋە ۋالىيلارنىڭ ياۋۇز تەبىئىتى توغرىسىدا مىساللارنى كەلتۈرىدۇ:

بىر كۈنى نۇشىرۋان پادىشاھ قوبۇل ۋاقتىدا ۋەزىر - ۋۇزرالاردىن مۇنداق بىر ئىشنى سوراپتۇ: مەن سىلەردىن مۇنداق بىر ئىشنى سوراپ كۆرەي، ئۆزۈڭلارنىڭ دانالىقى ۋە پازىل كەرىمى بىلەن راستىنى ئېيتىڭلار، دېدى، س: بىر كىشى ئەزەربەيجان ۋالىيسى بولۇپ ئىشلەۋاتىدۇ. ئۇنىڭ بايلىقى ئالتۇن دىنارغا سۇندۇرۇلسا قانچە بولار؟ ج: بىر چەتكە تاشلاپ قويۇپ كېرەك قىلمايدىغان مۈلكىلا 200 تۈمەن دىنار چىقار. س: ئۆي بىساتى ۋە تەئەللۇقاتىچۇ؟ ج: 50 تۈمەن دىنار قىممىتىدىكى ئالتۇن - كۈمۈش بىساتلىرى بولۇشى مۇمكىن. س: ئۈنچە - مارجانلىرىچۇ؟ ج: 60 تۈمەن دىنار. س: گىلەم ۋە ھەشەم بۇيۇملىرىچۇ؟ ج: 30 تۈمەن دىنار.

س: زېمىن، قورۇق ۋە چاھارباغلىرىدىن قانچىلىك بار؟ ج: خۇرا-
سان، ئىراق، بەسىرە، ئەزەربەيجان قاتارلىق جايلاردىكى ھەممىلا
قەلئە ۋە يۇرتلاردا ئۇنىڭ يەتتە- سەككىز، ھەتتا ئونلاپ چاھارباغلى-
رى، تۇگمەنلىرى، سارايلىرى، ھور مۇنچىلىرى ۋە قورۇقلىرى بار.
س: قانچىلىك ئات- قېچىر بار؟ ج: ئۈچ تۈمەن. س: قويلىرىچۇ؟
ج: 200 تۈمەن. س: تۆگىچۇ؟ ج: ئۈچ تۈمەن، س: قۇل ۋە
ئىشلەمچىلىرى قانچىلىك چىقار؟ ج: تۈرك، رۇم ۋە ھەبەش بولۇپ
1700 مەھرىمى بار. ھۆسن رۇخسارى ئاينى خىجىل قىلغۇدەك
400 چۆرىسى بار. ئارقىدىن نۇشىرۋان يەنە مۇنداق دەپ سورىدى:
بىراق شۇنچە بايلىققا تىنىپ كەتسۇن، شۇ ھالدا ھەركۈنى 20
لىگەندە گۆش ۋە تاتلىق- تۈرۈم يېسۇن، يەنە بىراۋ ئاللانىڭ
مۆمىنى بولۇپ، قېرى، ئاجىز، تەنها، يۆلەنچۈكسىز ھالدا ئىككى
ناننى ناشتىلىق ۋە كەچلىك غىزا قىلىپ يېسۇن، ئەگەر ھېلىقى
بايلىققا تىنىپ كەتكەن كىشى شۇنچە بايلىققا قانائەت قىلماي،
ھېلىقى موماينىڭ تىرىكچىلىكىنىڭ بىردىنبىر مەنبەسى كىچىك بىر
پارچە يېرىنى زورلۇق- زومبۇلۇق بىلەن تارتىۋېلىپ، ئۇ موماينى
تىرىكچىلىك يولىدىن مەھرۇم قىلىپ ھالاكەتكە قىستىغان بولسا،
ئۇنداق ئادەمگە قانداق جازا بېرىش كېرەك؟ ئوردا ئەھلى بىردەك
مۇنداق جاۋاب بېرىشتى: ئۇنداق ئىنساپسىزغا جازانىڭ ھەرقانداق
تۈرىدىن تولۇق بېرىش كېرەك، ئۇنداق كىشىگە ھەرقانچە جازا
بەرسىمۇ ئازلىق قىلىدۇ. دېيىشىپتۇ. نۇشىرۋان ئەمر قىلىپتۇ:
شۇ كىشىنىڭ تېرىسىنى سويۇپ، گۆشىنى ئىتقا تاشلاپ بېرىڭلار،
سامان تىقىپ ئوردا قوۋۇقى ئالدىدا يەتتە كۈن ئېسىپ قويۇڭلار،
دەپتۇ. ئارقىدىن مەپكەش ئارقىلىق ھېلىقى موماينى ئەپكەلدۈردى
ۋە ئەمرلەرگە كۆرسىتىپ، مانا مۇشۇ موماي زۇلۇمغا ئۇچرىغۇچى-
دۇر، دېدى. ئەسلىدە موماي تىرىكچىلىكىنىڭ بىردىنبىر مەنبەسى
بولغان بىر پارچە يېرىنى ئەزەربەيجان ۋالىيسى زۇلۇم بىلەن تارتىۋال-
غاندىن كېيىن، دەرد- ھالىنى ھېچ يەرگە ئاڭلىتالماي، ئاخىرى

www.uyghurkitap.com

نۇشىرۋاننىڭ ئوردىسى تۇرۇشلۇق شەھەرگە كېلىپ، ئۆزى ئۇ يەرگە كىرىپ بولالمايمەن، دەپ ئويلاپ، ئوۋغا چىققان پۇرسەتتە نۇشىراۋانغا داد ئېيتقانىدى. نۇشىرۋان مومايىنى ياخشى ئورۇنلاشتۇرۇپ قويۇپ، مەھرەملىرىدىن بىرىنى ئەزەربەيجانغا ئەۋەتىپ، تولۇق تەتقىق قىلغاندىن كېيىن، ئاندىن بۇ قارارنى چىقارغان.

كۆرۈشكە بولىدۇكى، موماي كۈنگە ئىككى نانغا قانائەت قىلىپ، خاتىرجەم تىرىكچىلىك قىلىۋاتاتتى. بىراق شۇنچە بايلىققا قانائەت قىلمىغان ۋالىي شۇ مومايىنىڭ يېرىنى ئېلىۋالمىغىچە كۆڭلى تىنمىدى، خاتىرجەملىكى بۇزۇلدى. ئاخىرى ئەل ئارىسىدا رەسۋا بولدى ۋە دوزاخ بەندىلىرىنىڭ قاتارىغا قېتىلدى. ئەمەلىيەتتە مومايىنىڭ كۈنىنىمۇ، نائىنساپ ۋالىينىڭ كۈنىنىمۇ ئوخشاش سانايدۇ. ئەجىلى توشقاندا ھەر ئىككىسىنىڭ كىرىدىغان يېرى ئوخشاش. بىراق مەڭگۈلۈك قىسمىتى ئوخشىمايدۇ. بىرى، لەنەت - نەپرەتكە مۇپتىلا بولغانلىقى بىلەن مەڭگۈلۈك كۈلپەتتە قالىدۇ، يەنە بىرى، مېھىر - شەپقەت قىلىنىش بىلەن مەڭگۈلۈك پاراۋانلىقتا ياشايدۇ.

بۇ دۇنيانىڭ نېمەتلىرى ئادەمنى تويغۇزالامدۇ؟ بۇ دۇنيانىڭ مال - دۇنياسى ھەرگىزمۇ ئىنسان بالىسىنى تويغۇزالمايدۇ. بۇنىڭدىن قارىغاندا مال - دۇنيا ۋە ئۇنىڭ ھېرىسمەنلىرى ھەرگىزمۇ بەختلىك بولالمايدۇ، خاتىرجەم تۇرمۇشقىمۇ ئېرىشەلمەيدۇ. ھەددىدىن ئاشقان ئىنساپسىزلىق، قانائەتسىزلىك ئىنساننى قەيەرگە ئېلىپ بارىدۇ؟ بىر خىل ساقايماس يامان كېسەلگە گىرىپتار قىلىدۇ. بۇ كېسەللىك ھەرگىزمۇ ئۇنى ئارامىدا قويمايدۇ. خاتىرجەملىكىنى يوقىتىدۇ. ئەگەر بىز خاتىرجەملىكنى ئەڭ ئۇلۇغ سائادەت دەپ قارىساق، ئىنساپسىز، قانائەتسىز ئادەم بۇ نېمەتتىن مەڭگۈ بەھرىمەن بولالمايدۇ. بۇ ئىنسان تەبىئىتى ئاساسىدا يەكۈنلەنگەن پەلسەپىۋى ھەقىقەت. شۇنداق ئىكەن بەخت كۆڭۈلنىڭ بايلىقىغا باغلىق: «مال - دۇنيانىڭ كۆپ بولۇشى ھەقىقىي بايلىق ئەمەس، ھەقىقىي بايلىق كۆڭۈل بايلىقىدۇر» دېگەن ھەدىس مانا مۇشۇنداق قانۇنىيەت

ئاساسىدا ئۇتتۇرىغا قويۇلغان ھەقىقەتتۇر.
ئادەمنىڭ تەبىئىتى ئىنتايىن مۇرەككەپ، شۇنداق بولغاچقا
ئىنسان تەبىئىتىگە تېخى كەم- كۈتىسىز بىرەر باھا بېرىلگىنى يوق.
شۇڭا تارىختا «ئادەم دېگەن نېمە» دېگەن سوئالغا نۇرغۇن تەبىرلەر
بېرىلدى. ھېچقايسىسىنى مۇكەممەل، ئىنساننىڭ ھەقىقىي ماھىيە-
تىنى ئەكس ئەتتۇرگەن تەبىر بەرگىنى بولمايدۇ. ئىنساندا ئالىيجا-
ناب تۇيغۇمۇ، پاكلىقمۇ، گۈزەللىكمۇ بار، جىنسى ئىستەك، ھايۋا-
نىي نەپسىمۇ، رەزىللىك، ناپاكلىق، شەخسىيەتچىلىك ۋە سەتلىكمۇ
ئۇنىڭ ۋۇجۇدىدا بار. ئىنسان تەبىئىتى يەنە نوقۇل جىنسىي ئىس-
تەك ياكى نوقۇل روھمۇ ئەمەس. ساپ ئەقىل ياكى ساپ جىسىممۇ
ئەمەس. ئادەم يۇقىرىقىلارنىڭ ھەممىسىنى ئۆزىدە مۇجەسسەم قىل-
غان بىر مەۋجۇتلۇق. بۇ مەنىدىن ئالغاندا ئادەم ھەم ماددىي مەۋ-
جۇتلۇق، ھەم روھى مەۋجۇتلۇق، بۇ ئىككىسىنىڭ مۇجەسسىمى
ئادەمنى تەشكىل قىلغان. بۇ ئىككىسىنىڭ جېدەل- غەلۋىسى،
توقۇنۇشى ئىنسان روھىدا ھەرقاچان مۇرەككەپ كۆرەشنى كەلتۈرۈپ
چىقىرىدۇ. بۇ كۆرەش دائىمىي ۋە مەڭگۈلۈكتۇر، بۇ كۆرەشتە
قايسى ئىستەكنىڭ غالىب كېلىشى ئىنسان تەبىئىتىنى شۇ تەرەپكە
مايىل قىلىپ قويىدۇ. نەپسى يەنى تەن تەقەززاسى ئادەمنى مال-
دۇنياغا، يېمەك- ئىچمەككە، ماددىي مەئىشەتكە، شەھۋانىيلىققا
تارتىدۇ، روھ بولسا بىر نازۇك تەبىئەت بولۇپ، ئۇ پاكلىقنى تەلەپ
قىلىدۇ ۋە غايىۋىلىككە تەلپۈنىدۇ. تەن بولسا كۆڭۈل ئىستەكلىرى
ۋە راھەت- پاراغەتكە تەلپۈنىدۇ. روھ بولسا ئۆز- ئۆزىدىن ھالقىش-
قا، بىر خىل چەكسىزلىككە تەلپۈنىدۇ. تەن تەلەپلىرى شەيتانغا
ۋە ھايۋانلىققا مايىل، روھنىڭ ئىستەكلىرى ئىنسانىي تەبىئەتكە
مايىل. بۇ ئىككىلىسى ئىنسانغا يات ئەمەس. ئەگەر ئۇلارنىڭ ئوت-
تۇرىسىدىكى مۇناسىۋەتنى توغرا بىر تەرەپ قىلىپ كېلىشتۈرسە،
ئۇ ئىنسانغا سائادەت ئاتا قىلىدۇ. بۇ مەنىدىن قارىغاندا تەننى دەپ
روھنى خارلاشقا، روھنى دەپ تېنىنىڭ ئېھتىياجىنى مەھرۇم قى-

www.uyghurkitap.com

لىشنىڭ ھەر ئىككىسى خاتا. تەن دېگەن روھنىڭ پائالىيەت رايونى، پانىي ئالەمدە روھ تەنسىز ئۆزىنىڭ رولىنى جارى قىلدۇرۇشى مۇمكىن ئەمەس. بۇ ئىككىسىنىڭ مۇناسىۋىتىنى توغرا، ئەقىلگە مۇۋاپىق، ئەسلىي ياراتمىش ئىرادىگە ئۇيغۇن ھالدا ھەل قىلىش ئۈچۈن ئىنسان چوقۇم توغرا يۆنىلىشتە تەربىيىلىنىشى كېرەك. توغرا يۆنىلىشتە تەربىيىلەنمەيدىكەن چوقۇم ئىنسان بىر تەرەپكە ئېغىپ كېتىدۇ ـ دە، ئەسلىي تەبىئەتكە مۇخالىپ يول تۇتۇپ قالىدۇ. تارىختا مانا مۇشۇ زىددىيەتنى توغرا بىر تەرەپ قىلالمىغانلىق سەۋەبلىك ناھايىتى نۇرغۇن سۇل ۋە ئوڭ ئېغىشلار بولدى. بىرى ھەددىدىن ئارتۇق سولچىلىق بىلەن تەنىنىڭ ئۇلۇشىدىن مەھرۇم قىلىشقا ئورۇنۇپ، تەركىدۇنيالىق يولى بىلەن روھنى تەن قەپىسىدىن ئازاد قىلماقچى بولسا، يەنە بەزى ئېقىملار تەنىنىڭ تەقەززاسىغا غەرق بولۇپ، پاك روھنى ئېغىر دەرىجىدە بۇلغاش بىلەن ئىنسانىي تەبىئەتكە ھاقارەت كەلتۈرۈشتى.

ئۇنداق بولسا، ئادەمنى ناپاكلىققا سۆرەشتە قايسى تەرەپ تەشەببۇسكار رول ئوينايدۇ. بۇ نۇقتىنى چۈشىنىۋېلىش ئۈچۈن مۇنداق بىر تەمسىللىك ھېكايىنى مىسال كەلتۈرۈش مۇمكىن. «مىڭ بىر كېچە» ھېكايىلىرىنىڭ ئۇيغۇرچە نەشرى 8 ـ قىسمىدا «پادىشاھ جىلئود ۋە ئۇنىڭ ئوغلى ھەققىدە ھېكايە» دېگەن چوڭ بىر ھېكايە بار. بۇ ھېكايىنى مەن «مۇقەددەس نەسىھەت ۋە ۋەسىيەتلەر» دېگەن كىتابىمغا قىسقارتىپ كىرگۈزگەن ئىدىم. شۇ ھېكايىدە ۋەزىر شۇماس بىلەن شاھزادىنىڭ ئوتتۇرىسىدا بولۇۋاتقان مۇنازىرىدە مۇنداق بىر نازۇك سوئال شاھزادىگە تاشلىنىدۇ:

«ئەي شاھزادە، ئى ئالىي زات، مۇكاپاتلىنىش بىلەن جازالىنىشتا تەن بىلەن جان (جەسەت بىلەن روھ) بىرمۇ ياكى جازالىنىش پەقەت زىناخور، بۇزۇق، گۇناھكارلارغىلا خاسمۇ، — دەپ سوراپتۇ ۋەزىر شۇماس. شاھزادە:

— شەھۋانىيلىق، زىناخورلۇق، بۇزۇقچىلىققا رىغبەتلىنىش

گۇناھ زىلالەت ئىشلىرىغا ئېلىپ بارسا، كېيىن ئۇنىڭدىن ئۆزىنى تېيىش، نەپسىنى يىغىش، تۆۋە قىلىش ياخشىلىققا ئېلىپ بارىدۇ. ھەممە ئىش ياراتقۇچىنىڭ قولىدا: تەن ئۇچۇن مەئىشەت لازىم. تەن جان (روھ) سىز بولمايدۇ. جان (روھ) نىڭ پاكلىقى دۇنيانىڭ ئىشلىرىغا سەمىمىي ئىنتىلىش، ئاخىرەت ئۇچۇن پايدىلىق ئىشلارنى قىلىش بىلەن بولىدۇ. جان (روھ) بىلەن تەن بەيگىگە چۈشكەن ئىككى ئات، بىر ئەمچەكنى تەڭ ئەمگەن قوشكېزەك بالىغا ئوخشايدۇ. ئۇلار ھەممە ئىشتا ئورتاق شېرىك. ئۇ ئىككىسى ھەممە ئىشتا تەڭ شېرىك بولغاندەك، مۇكاپاتلىنىش ۋە جازالىنىشتىمۇ ئوخشاشلا تەڭ شېرىكلەر ھېسابلىنىدۇ. بۇلارنىڭ مۇناسىۋىتى خۇددى باغقا قارانچۇق قىلىش ئۇچۇن بىر باغۋەن سېتىۋالغان لەقۋا (پالەچ) ئادەم بىلەن كور (ئەما) ئادەمگە ئوخشايدۇ: بىر باغۋەن بىرلەقۋا كىشى بىلەن بىر ئەما كىشىنى ئۆز ئىلكىگە ئېلىپ، بېغىغا باشلاپ كىرىپتۇ-دە، ئۇلارغا باغدىكى نەرسىلەرگە چېقىلماسلىق، زەرەر يەتكۈزىدىغان يامان ئىشنى قىلماسلىقنى كۆپ قېتىم تەكىتلەپتۇ. بىراق باغنىڭ مېۋىسى راسا پىشقان چاغدا، لەقۋا كىشى ئەماغا:

— ھەي شورى قۇرۇغۇر! باغدىكى مېۋىلەرنىڭ راسا پىشىپ كەتكەنلىكىنى كۆرۈپ، تازىمۇ يېگۈم كېلىپ، ئاغزىمغا لىققىدە سېرىق سۇ كېلىۋاتىدۇ. لېكىن ئۇلارنى ئېلىپ يەي دېسەم ئورنۇمدىن تۇرالمايمەن. سېنىڭ كۆزۈڭ كور بولغىنى بىلەن ئىككى پۇتۇڭ ساق بولغاندىن كېيىن ئورنۇڭدىن تۇرۇپ، مېۋىلەردىن ئۈزۈپ كەلگىن، بىللە يەيلى، — دەپتۇ. ئەما كىشى:

— سېنىڭمۇ شورۇڭ قۇرۇسۇن، مەن ئۇ مېۋىلەرنىڭ قانداقلىقىنى بىلمەيتتىم. سەن مېنىڭ كاللامغا سېلىپ قويدۇڭ. مەن قارىغۇ تۇرسام، ئۇنىڭ قانداقلىقىنى كۆرۈپ باقمىغان تۇرسام قانداقمۇ ئېلىپ كېلەلەيمەن؟

ئۇلار شۇ يوسۇندا قانداق قىلىمىز، دەپ تۇرۇشىغا، تۇيۇقسىز ئۇلارنىڭ ئالدىغا باغنىڭ قاراۋۇلى كېلىپ قالدى. ئۇ بىلىمدان

www.uyghurkitap.com

كىشى ئىدى. لەقۋا ئادەم قاراۋۇلغا:

— ئەپسۇس، بىز بۇ باغنىڭ مېۋىلىرىدىن يېيىشكە ناھايىتى تەلمۈرۈپ تۇرغان بولساقمۇ، ئۆزۈڭ كۆرۈۋاتسەنغۇ؟ مەن پالەچ، مېڭىشقىمۇ چامىم يەتمەيدۇ. ماۋۇ ھەمراھىم بولسا كۆزى كور، ھېچنېمىنى كۆرمەيدۇ. ئىككىمىز نېمە قىلىشىمىزنى بىلمەي تۇرۇۋاتىمىز. خۇدا ساڭا رەھمەت قىلسۇن، ھەي باغنىڭ ھىمايىچىسى، بىزگە مېھىر-شەپقەت قىلىپ، بىرەر يولىيورۇق كۆرسەتكىن! — دەپتۇ. باغ قاراۋۇلى ئۇلارغا:

— شورۇڭلار پۇتۇنلەي قۇرۇپ كەتسۇن، ئەي بىچارىلەر! باغۋەن سىلەرنى باغقا كىرگۈزىدىغان چاغدا قانداق شەرت قويغانلىقىنى ئۇنتۇپ قالدىڭلارمۇ؟ ھېچقانداق نەرسىگە چېقىلماسلىق، زەرەر يەتكۈزىدىغان بىرەر ئىشنىمۇ قىلماسلىق توغرىسىدا كۆپ قېتىم تەكىتلىگەن ئەمەسمۇ؟ قانداق بولسىمۇ بۇ نىيىتىڭلاردىن يېنىڭلار، — دەپتۇ. لېكىن ئۇلار ئۆز سۆزلىرىدىن قايتماي:

— مەيلى نېمە بولسا بولسۇن، بۇ مېۋىدىن ئازراق يېمىسەك بولمايدۇ. بىزگە رەھىم قىلىپ ئازراق ھىيلە-مىكىر ئۆگەتكىن، دەپ يېلىنىپتۇ. قاراۋۇل بىردەم ئويلىنىۋېلىپ:

— ئۇنداق بولسا، ھەي قارىغۇ، سەن ئورنۇڭدىن تۇرىسەندە ماۋۇ لەقۋا دوستۇڭنى ئۇچاڭغا ھاپاش ئېلىپ، ئۇنىڭ يېگۈسى كەپكەتكەن ئاۋۇ مېۋىلىك دەرەخنىڭ ئاستىغا ئېلىپ بارىسەن. لەقۋا قولىنى يەتكەن يەرگىچە ئۈزۈپ مېۋىلەرنى ئۈزۈۋالسۇن، — دەپتۇ. شۇنىڭ بىلەن لەقۋانى ئەما يۈدۈپ مېڭىپتۇ، لەقۋا ئۇياققا ماڭ، بۇياققا ماڭ دەپ يول كۆرسىتىپ مۆلچەرلىگەن دەرەخنىڭ ئاستىغا يەتكەندە، لەقۋا مېۋىلەرنى خالىغانچە ئۈزۈشكە باشلاپتۇ. ئۇلار باغدىكى مېۋىلەرنى ھەر كۈنى شۇنداق قىلىپ يەۋېرىپتۇ.

بىر كۈنى باغۋەن باغقا كەلگەندە، بۇلارنىڭ قىلغان ئەتكەنلىرىنى كۆرۈپ:

— مىڭ لەنەت سىلەرگە! بۇ قانداق خىيانەت؟ مەن سىلەرگە

باشتىلا باغدىكى نەرسىلەرگە چېقىلماڭلار، دەپ تاپىلىغان ئەمەسمىدىم، — دەپمۇ. شۇ چاغدا ئۇلار باغۋەنگە:

— بىزنىڭ ھېچنېمىگە چېقىلالمايدىغانلىقىمىزنى ئۆزۈڭ بىلىسەن، بىرىمىز ئورنىمىزدىن تۇرالمايدىغان لەقۋا، بىرىمىز ئۆز ئالدىدىكى نەرسىلەرنىمۇ كۆرەلمەيدىغان ئەما. شۇنداق تۇرسا، بىزنىڭ گۇناھىمىز نېمە؟ دېيىشىپتۇ. باغۋەن خاپا بولۇپ:

— سىلەرنىڭ قانداق قىلغانلىقىڭلارنى، بېغىمنى قانداق خاراب قىلغىنىڭلارنى مېنى بىلمەيدۇ دەپ ئويلامسىلەر؟ ھەي قارىغۇ، سەن بۇ ئىشتا ئاۋۋال ئورنۇڭدىن تۇرۇپ، لەقۋانى ئۇچاڭدا ھاپاش ئېتىپ ماڭغان. ئۇ ساڭا يول كۆرسەتكەن، سەن ئۇنى، ئۇ ئېيتقان دەرەخنىڭ تۈۋىگە ئېلىپ بارغان. ئۇ مېۋىلەرنى خالىغانچە، قولى يەتكۈنچە ئۈزۈشكە باشلىغان، — دەپتۇ - دە، باغۋەن ئۇلارنى ئۇرۇپ باغدىن ھەيدەپ چىقىرىۋېتىپتۇ.

مانا «تەن» ئاشۇ قارىغۇ ئەماغا ئوخشايدۇ. چۈنكى ئۇ ھېچنېمىنى كۆرەلمەيدۇ. ئۇ پەقەت جان بىلەنغىنا كۆرىدۇ. «لەقۋا» ھەرىكەت قىلالماسلىقتا جانغا ئوخشايدۇ. ئۇ پەقەت تەننىڭ ۋاستىسى بىلەنلا ھەرىكەت قىلىدۇ. ئەمما باغ بولسا، بەندىلەرنىڭ ياخشى ئىشلىرى ئۈچۈن بېرىلمەكچى بولغان مۇكاپاتنىڭ ئۈلگىسى، باغ قاراۋۇلى بولسا كىشىلەرنى ياخشىلىققا ئۈندەپ، يامان ئىشلاردىن قايتۇرىدىغان ئەقىلنىڭ مىسالى. بەس، شۇنداق ئىكەن تەن بىلەن جان (روھ) مۇكاپاتلىنىش ۋە جازالىنىشتا تەڭ شېرىك دەپتۇ.»

يۇقىرىقى ھېكايىدا گەرچە تەن بىلەن روھنىڭ ناھايىتى زىچ مۇناسىۋىتى چۈشەندۈرۈلگەن بولسىمۇ، لېكىن بىزگە لازىملىق يەنە بىر ھەقىقەت ئەكس ئېتىپ تۇرىدۇ. يەنى ئادەم ھاياتتا نېمىنى، قايسى يولنى تاللايدۇ. ھەقىقەت يولىنىمۇ ياكى ئازغۇن يولنىمۇ، بۇنىڭغا نېمە قوماندانلىق قىلىدۇ؟ يۈسۈپ خاس ھاجىپ ئادەمنىڭ پائالىيىتىگە ئەقىل قوماندانلىق قىلىدۇ، دەيدۇ. بىراق ئەقىل

ئىلىم ـ مەرىپەتسىز يورۇمايدىغان چىراغ. تەلىم ـ تەربىيىسىز چاقنىمايدىغان چاقماق، دەپ بىلىمنى ئەقىلنىڭ يورۇتقۇچىسى دەپ قارايدۇ. ياخشىلىققا دەۋەت قىلغۇچى، يامانلىقتىن توسقۇچى باغ قاراۋۇلى، دېگەندەك ئۇنىڭ روھقا قانداق مەنىۋى ئوزۇقلارنى بېرىد-شى، قانداق يۆنىلىشكە باشلىشى روھنىڭ تەن بىلەن بولغان بەيگىدە غالىب چىقىشى ياكى مەغلۇپ بولۇشىغا مۇناسىۋەتلىك بولىدۇ.

يۈسۈپ خاس ھاجىپ بايان قىلغان تەركىدۇنيالىقنى تەرغىب قىلغۇ-چى، دۇنيانى قارىلىغۇچى ئۇدغۇرمىش خاتا تەلىم ـ تەربىيىنى، ئەسلىي قانۇنىيەتكە مۇخالىپ دۇنيا قاراشنى قوبۇل قىلىۋېلىپ، تەننى خورلاش ئارقىلىق روھنى ئازاد قىلغىلى بولىدۇ، دېگەن تونۇشقا كەلگەن. ئەمەلىيەتتە بۇ ھاياتنىڭ قانۇنىيىتىگىمۇ، دىنىي ئەقىدىگىمۇ قارشى يول بولۇپ، ئىنسانىيەت جەمئىيىتىنى پۈتۈنلەي ھالاك قىلىش يولى ئىدى. ئۇلار گەرچە: كېپەك، ئارپا ئاش بولسا بولدى، كىيىشىمىز تاغار تون بولسا بەس، دېگەن بولسىمۇ، لېكىن شۇ كېپەكمۇ، ئارپىمۇ، تاغارمۇ مېھنەتسىز كەلمەيدىغانلىقىنى چۈ-شەنمەسمۇ؟ ئادەم ئۆي ـ ئوچاقلىق بولمىسا ئۆزىنىڭمۇ بۇ دۇنياغا تۆرىلىشىنىڭ مۇمكىن ئەمەسلىكىنى ھېس قىلمىغانمۇ؟ تەلىم ـ تەربىيىدىكى خاتا يېتەكلەش ئەقىدىنىڭ بىر تەرىپىنى كۆرۈپ، يەنە بىر تەرىپىنى كۆرەلمەسلىك، ئابستراكت مەقسەتكە ئەھمىيەت بې-رىپ، ئۇنىڭغا يېتىشتىكى ۋاسىتىگە سەل قاراشقا ئېلىپ بارغان، نەتىجىدە ھاياتلىقنىڭ بىردىنبىر مەنبەسى ۋە كامالەتنىڭ ۋاسىتىسى بولغان بۇ دۇنيانى ئىنكار قىلىشقا يېتىپ بارغان. گەرچە ئۇلار ئۆز دەۋرىدە يۇقىرىقى ئازغۇنلۇقلىرى بىلەن قىلغان قۇرۇق ئىبادەتلىرى-نى تەقۋادارلىق دەپ چۈشىنىۋالغان بولسىمۇ، ئەمەلىيەتتە ئەسلى-دىكى يازمىش تەقدىر ـ ئىرادىگە مۇخالىپ يول تۇتقانلىقى بىلەن گۇناھكار بولغان. بۇ خىل مەسلەك بويىچە تەربىيە كۆرگەن نۇرغۇن ـ نۇرغۇن «مەشھۇر» كىشىلەر ئوتتۇرا ئاسىيادا بىر ئۇستاز بولۇپ ھۆرمەتلىنىشكە سازاۋەر بولغان خوجائەھمەت يەسەۋى، مۇ-

ھەممەت غازالى، جالالىددىن رۇمى، باھاۋۇددىن نەقشبەندى قاتارلىق كىشىلەر گەرچە ئالىملىقتا ئۇلۇغ نامىلارغا ئېرىشكەن بولسىمۇ، ئۆزىنىڭ مەسلىكى ـ سۇلىكى بويىچە ئەڭ يۇقىرى ئىلىم نوپۇزلىرىغا ئايلانغان بولسىمۇ، ئەپسۇسكى يەنىلا ئۇلارنىڭ تەلىم ـ تەربىيە ئەندىزىسى تۇپتىن خاتا بولغاچقا، كىشىلەرنى تەرەققىياتقا، گۈللىنىشكە، كامالەتكە يېتەكلىيەلمىدى. ئادەم كىمنىڭ قانداق تەربىيىسىنى قوبۇل قىلسا، شۇنىڭ كەتمىنىنى چاپىدىغان گەپ ئىكەن. ئۇلار ئائىلىسى ۋە ئۇستازلىرىدىن ئالغان خاتا تەربىيە ئەندىزىسىنى ئۆز قابىلىيەتلىرى بىلەن تېخىمۇ چوڭقۇرلاشتۇرۇپ، كېيىنكى ئەۋلادلارغا سىڭدۈردى. نەتىجىسى ئوتتۇرا ئاسىيادا نەچچە ئون ئەۋلاد ئۈچۈن يۇقىرىقى خاتا تەلىم ـ تەربىيە ئەندىزىسى مىراس قېلىنىۋەرگەن. چۈنكى سولچىلىقنى سېزىۋالماقمۇ تەس، ئۇنىڭغا قارشى تۇرۇشمۇ مۈشكۈل.

يۈسۈپ خاس ھاجىپنىڭ دۇنيا قارىشىدىن قارىغاندا، ئۇ ئۆز دەۋرىگە نىسبەتەن ئەڭ ئىلغار دۇنيا قاراشنىڭ، ئىجتىمائىي قانۇنىيەتنىڭ تەلىپى ئەكس ئەتتۈرۈلگەن ئىلىمنىڭ تەربىيىسىنى قوبۇل قىلغان. ئۇنىڭ روھىغا سىڭگەن ئىلغار، ھاياتىي كۈچى ئۇرغۇپ تۇرغان ئەسلىي ئەقىدىنىڭ تەلىپى ئەكس ئەتكەن تەلىم ـ تەربىيە ئۇنىڭدا مۇستەھكەم بىلىش، تەۋرەنمەس ئەقىدىنى تۇرغۇزغان. ئۇ ئۆزىدە يېتىلگەن بۇ ئىلغار چۈشەنچە ۋە ئاڭ بىلەن ئۆز دەۋرىدىكى ئەۋلادلارنى تەربىيىلەشنىڭ تەرەققىپەرۋەر ئەندىزىسىنى قۇرۇپ بېرىپلا قالماي، بەلكى ئۆز دەۋرىنىڭ ئومۇمىي ئىدېئولوگىيىسى ئۈچۈن ئەڭ ياخشى ئۈلگە كۆرسىتىپ بەرگەن.

يۈسۈپ خاس ھاجىپ ئەۋلادلارنى ھاياتنىڭ گۈزەل ئىستىكىدىن بەزدۈرىدىغان، چۈشكۈنلۈك، ئۈمىدسىزلىك بالاسىنى سالىدىغان تەركىدۇنيالىق ئېقىمىغا قارشى مۇنداق ئەقىدىنى ئوتتۇرىغا قويىدۇ: «ئاللا ھەممە بەندىلىرى ئۈچۈن ئىككى ئۆي ياراتتى، بىرىنىڭ نامىنى جەننەت، يەنە بىرىنىڭ نامىنى دوزاخ ئاتىدى. مىدىرلاۋاتقان

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

ئادەملەرنىڭ ھەممىسى ھاياتلىق ئۈچۈن كېچىنى كۈندۈزگە ئۇلاپ چاپسىمۇ، ھەتتا تائەتنى تاشلاپ، مال - دۇنيا توپلاپ دوزاخ يولىنى تۇتسىمۇ، يەنىلا تەقدىرنىڭ جەننىتى قۇرۇق قالمايدۇ. ئاللا بەندىلىرىگە ئىككى كۆز، ئىككى قۇلاق ئاتا قىلدى. بىرىنى بۇ دۇنياغا باقسۇن، يەنە بىرىنى ئۇ دۇنيا باقسۇن دەپ. ئىككى قولنىڭ بىرىنى بۇ دۇنياغا، يەنە بىرىنى ئۇ دۇنياغا سۇنسۇن دېدى. يۈرۈش ئۈچۈن ئىككى پۇت ئىراده قىلىپ، بىرىنى باقىي دۇنيا، يەنە بىرىنى پانىي دۇنيا ئۈچۈن باسقىن»، «خۇدا ئىنسان بالىسىنى ئادىمىيلىك نامى بىلەن قورسىقى ئاچىدىغان ۋە تويىدىغان قىلىپ ياراتتى. تىرىكلىك ئۈچۈن ئۈچىغا كىيىم، قورساققا يېمەكلىك لازىم. بۇنىڭدىن كەچكىنى بولمايدۇ. ھالالدىن بايلىققا ئىگە بولساڭ ئۇنىڭدىن بەھرىمەن بول، يوقسۇللارغىمۇ ئۈلەشتۈرۈپ بەر. ھەر دائىم ئاللانىڭ ئەدىلىدىن قورقۇپ تۇر ھەم ئۇنىڭ شەپقىتىگە ئېرىشىشتىن ئۈمىد ئۈزمە، بەندىلىك دېگەن مانا شۇ ئىككى ئارىدا بولىدۇ. شۇڭا بۇ يولدىن ھەرگىز ئاداشما. ئادەم گۇناھىم كۆپ دەپ ئۈمىدسىزلەنمەسلىكى، تائەت ئىبادىتىگە تەمەننا قويۇپ ئەمەلدىن باش تارتماسلىقى لازىم. ياخشى ئەمەللەرنى قىل، ياخشى ئەمەللەر بەندىلىكنىڭ قەرزى.»

يۇقىرىقى كۆزقاراشلار ئاسماندىن چۈشكەن ئەمەس، بەلكى ئىسلام روھىدىن ھاسىل قىلىنغان. بۇ دۇنيا ئىنسانىيەتنىڭ قىيامەتكىچە تىرىكچىلىك قىلىپ ئاللانىڭ پەزلىدىن تەلەپ قىلىدىغان، ئۆزىگە ئاتا قىلىنغان رىزقى - نېسىۋىگە ئېرىشىدىغان مەئىشەت ئالىمى. ئىسلام دىنى ھەرگىزمۇ بۇ دۇنيانىڭ راھىتىنى ھارام قىلغان ئەمەس، بەلكى تىرىكچىلىك ۋە بەخت ئۈچۈن تىرىشىشنى پەرز قىلىپ بېكىتكەن. ئەمەلىيەتتە دۇنيانىڭ نېمەتلىرىدىن يۈز ئۆرۈش ئاللانىڭ رەھمىتىدىن يۈز ئۆرگەنلىك بولىدۇ. بۇ ھەقتە مۇنداق دەۋەتلەر بار ئىدى.

ئىسلام دىنى ئىنسانلارنىڭ ئىشەنچ، ئۈمىد بىلەن ياشىشىنى تەۋسىيە قىلىدۇ. ئۈمىدسىزلىكنى مۆمىنلەرنىڭ ئەخلاقى ئەمەس،

دەپ قارايدۇ. كىشىلەرنى ئەجىر- مېھنەت ئارقىلىق ئاللانىڭ پەزلى-
دىن رىزقىنى تەلەپ قىلىشنى تەكىتلەيدۇ.
بەندىلەرنىڭ موھتاجلىق ۋە نامراتلىقتا ياشىشى ئىسلامى دەۋەت
ئەمەس. ئاللا ھېچقاچان ئىنسانلارغا يەر يۈزىدىكى مەئىشەتنى، باي-
لىقنى ھارام قىلغان ئەمەس. بەلكى موھتاجلىق ۋە نامراتلىقتىن
پاناھ تىلەشكە بۇيرۇغان. ئەمەلىيەتتە باياشاتلىق ئاللانىڭ رەھمىتى-
گە كۆپرەك شۈكۈر ئېيتىشقا، سېخىي بولۇشقا، ياخشىلىق يوللىرى-
غا پۇل - مال سەرپ قىلىشقا قۇربەتلىك قىلسا، نامراتلىق دېگەن
كۇفرىغا يېقىنلا تۇرىدۇ. نۇرغۇن گۇناھلىق ئىشلار موھتاجلىقتىن
يۈز بېرىدۇ. شۇڭا «قۇرئان كەرىم» نىڭ كۆپلىگەن ئايەتلىرىدە
ئىنسانلار ئۈچۈن شۇنچە مول نېمەتلەرنى ياراتقانلىقى، بىراق ئىنسان-
لارنىڭ يەنىلا قانائەت قىلماي، ئاز شۈكۈر قىلىدىغانلىقىنى ئەس-
كەرتكەن: «ئىنسانلارنىڭ قايسىلىرىنىڭ ئەمەلى ئەڭ ياخشى ئىكەن-
لىكىنى سىناش ئۈچۈن، بىز ھەقىقەتەن يەر يۈزىدىكى شەيئىلەرنىڭ
ھەممىسىنى يەر يۈزىنىڭ زىنىتى قىلدۇق» (18 -
سۈرە7 - ئايەت). يەنە مۇنداق دەيدۇ: «ئېيتقىنكى: ئاللا بەندىلە-
رى ئۈچۈن ياراتقان لىباسلارنى، شېرىن، پاك رىزقلارنى كىم ھارام
قىلدى» (ئەئراپ 32 - ئايەت). بۇ يەردىكى مەنىدە ھەرگىزمۇ
مۇسۇلمانلار ياكى مۇسۇلمان ئەمەسلەر دەپ ئايرىلمايۋاتىدۇ. بەلكى
بارلىق مەئىشەتنى بارلىق ئىنسانلارغا ئورتاق ياراتقانلىقى توغرىسىدا
خەۋەر بېرىۋاتىدۇ. دېمەك، بۇ دۇنيادا بىر كەتمەننى ئارتۇق چاپقان
دىنسىز ئادەم ئەزىز، كەتمەن چېپىشقا ھۇرۇنلۇق قىلغان مۆمىن
خاردۇر. تارىختىن بۇيان نۇرغۇن كىشىلەر مانا شۇ مەڭگۈلۈك
قانۇنىيەتكە ھۆرمەت قىلماي، خاتا يول تۇتۇپ ئازغۇنلۇق يولىغا
كىرىپ خارۇزار بولدى. ئىبادەت بىلەن ئەجىر- مېھنەتنىڭ مۇناسى-
ۋىتىنى توغرا بىر تەرەپ قىلالمىدى. شەيخ سەئىدى مۇنداق بىر
ئىبرەتلىك مىسالنى كەلتۈرگەن: بىر سەھەر بىر بوۋاي تىلەمچىلىك
قىلىپ بىر مەسچىتنىڭ دەرۋازىسىغا بېرىپتۇ. مەسچىتتىكىلەردىن

بىرى ئۇنىڭغا:

— ئاتا، بۇ يەر كىشىلەرنىڭ ئۆيى ئەمەس، بۇ يەردە تۇرماڭ، — دەپتۇ. بوۋاي ئۇنىڭدىن:

— ئۇنداقتا بۇ كىمنىڭ ئۆيى ۋە نېمە قىلىدىغان ئۆي، ئىشىكىگە كېلىپ تىلىگەنلەرگە بىر نەرسە بەرمەمدۇ، — دەپ سوراپتۇ.

— بولدى، بەس! خاتا گەپ قىلدىڭىز. بۇ ئۆينىڭ ئىگىسى، ھەممىمىزنىڭ ئىگىمىز ۋە پەرۋاردىگارىمىز، — دەپتۇ ھېلىقى كىشى.

بۇ سۆز بىلەن بوۋاي مېھرابقا ۋە ئاسما چىراغلارغا قاراپ، چوڭقۇر بىر ئۇھ تارتىپ مۇنداق نالە قىپتۇ:

«بۇ يەردىن كېتىپ تىلىگەنگە ئېرىشەلمىسەم ماڭا ئۇۋال بولىدۇ. بۇگۈنگىچە ھېچ يەردىن قۇرۇق قول قايتمىدىم، جانابىي ھەقنىڭ ئىشىكىدىن قانداق قۇرۇق قايتىمەن؟ بۇ يەردىن قۇرۇق قول قايتمايدىغانلىقىمنى بىلگەچكە، ئۆتۈنۈش قولۇمنى بۇ يەردە ئاچىمەن ۋە تەلەپ قولۇمنى بۇ يەردە ئۇزىتىمەن.»

بۇ بوۋاي بۇ مەسچىتتە بىر يىلچە تۇرۇپ، ھەمىشە قولىنى كۆتۈرۈپ ئاللاغا مۇناجات قىلىپتۇ: بىر كېچە ئۆمرىنىڭ ئايىغى ئازگالغا چۈشۈپ، ئاجىزلىقتىن يۈرىكى سىيلىشقا باشلاپتۇ. سەھەردە بىرەيلەن شام يېقىپ ئۇنىڭ بېشىغا بېرىپ قارىسا، كېچىچە يېنىپ، تاڭغا يېقىن تۈگەي دەپ قالغان شامدەك، تىنىقى تۈمشۇقىدىلا قاپتۇ. لېكىن شۇنداق بولسىمۇ بوۋاينىڭ لەۋلىرىدىن: «سېخىي ئاللانىڭ ئىشىكىنى كىم قاقسا ئېچىلىدۇ» دېگەن سۆز چۈشمىگەن ئىكەن»①. يۇقىرىقى ھېكايىنى سەئىدى قانائەت، سەۋر ئۈچۈن مىسال ئالغان بولسىمۇ، ئىسلامدا تەكىتلىگەن سەۋرى ۋە قانائەت بۇ ئەمەس، ئىسلامدا ئاچلىققا، نامراتلىققا، خار- زارلىققا، زۇلۇمغا سەۋر قىلىش يوق. قانائەتمۇ پۇلنىڭ ئاز بولۇشى ياكى كۆپ بولۇ-

---

① سەئىدى «بوستان» 157 ـ 158 ـ بەتلەر.

شىغا باغلىق ئەمەس. ئىنتايىن باي ئادەملەرمۇ قانائەت قىلالايدۇ
ھەم ئىنساپسىزلىق قىلالايدۇ، نامراتمۇ قانائەت قىلالايدۇ ۋە قانائەت-
سىزلىك قىلىدۇ. ئىسلام دىنىدا بۇگۈن ئۆلۈپ كېتىدىغاندەك
ئىبادەت قىل، مەڭگۈ ئۆلمەيدىغاندەك ئەجىر- مېھنەت قىل دېگەن
ھېكمەت بار. مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن: «بىرەرسىڭ-
لار بىرەر كۆچەتنى تىكىش ئۈچۈن قوللىرىڭلاردا تۇتۇپ تۇرغان
ۋاقىتتا قىيامەت قايىم بولۇپ قالسا، قايىم بولۇشتىن ئىلگىرىرەك
ئۇنى تىكىۋېتىشكە كۆزۈڭلار يەتسە ئەلۋەتتە تىكىۋېتىڭلار.» (بۇخا-
رى رىۋايەت قىلغان) ئاللا مۇنداق دەيدۇ: «ناماز ئوقۇپ بولغاندا
(يەنى نامازدىن پارىغ بولغىنىڭلاردىن كېيىن) زېمىنغا تارىلىپ (يەنى
ئۆزەم مەشغۇلاتىڭلار بىلەن بولۇپ)، ئاللانىڭ پەزلىدىن تەلەپ قى-
لىڭلار» (سۈرە جۇمۇئە 10 - ئايەتنىڭ بىر قىسمى) بۇنىڭدىن
مەلۇم بولىدىكى، تەلەپ قىلىش دېگەن ھالال مېھنەت قىلىش ئارقى-
لىق ئورۇنلىنىدۇ، ھەرگىزمۇ تەسۋى سىيرىماق بىلەن ئەمەس.
مەسچىت دېگەن پاكلىنىش ئۆيى، دۇنيا دېگەن مېھنەت ئېتىزى،
مەئىشەت ماكانى. ئىسلام دۇنياسىدا تەۋەككۇل قىلماق بىلەن سە-
ۋەب قىلماقنىڭ مۇناسىۋىتىنى توغرا شەرھلەنمىگەنلىكى ئۈچۈن
نۇرغۇن تراگېدىيىلەر بارلىققا كەلگەن. «سىلەرنىڭ بىرىڭلار ئارغام-
چىنى ئېلىپ بېرىپ ئوتۇن تېرىپ كېلىپ (سېتىپ) جان باقسا،
مەيلى بەرسۇن، مەيلى بەرمىسۇن، بۇ، كىشىلەردىن تىلەمچىلىك
قىلىپ جان باقاندىن كۆپ ياخشى» (بۇخارى رىۋايەت قىلغان).
ئەسلى شۇنداق دەپ قاراشقا بولىدۇكى، سەئىدى تىلغا ئالغان
ئاتالمىش «سەۋر» ۋە «قانائەت» قىلغۇچى ئەمەلىيەتتە قانائەتنى،
شۈكۈرنى، سەۋرنى ئۇنۇتقان نائىنساپتۇر. ئۇنىڭ قىلمىشلىرى مۇنۇ
ئايەتتە دېيىلگەن ناشۈكۈرلۈكنىڭ ئۆزى شۇ: «ئاللا ساڭا بەرگەن
بايلىق بىلەن ئاخىرەت يۇرتىنى تىلىگىن، دۇنيادىكى نېسىۋەڭنىمۇ
ئۇنتۇمىغىن» (قەسەس 77 - ئايەت) يەنە مۇنداق دەيدۇ: «(دۇنيا
نېمەتلىرىدىن) سىلەرگە بېرىلگەن نەرسىلەر دۇنيا تىرىكچىلىكىدە

www.uyghurkitap.com

پايدىلىنىلغان نەرسىلەردۇر.» (شۇئارا 36 ـ ئايەت). يەنە مۇنداق دەيدۇ: «ئاياللار، ئوغۇللار، ئالتۇن ـ كۈمۈشتىن توپلانغان كۆپ ماللار، ئارغىماقلار، چارۋىلار ۋە ئېكىنلەردىن ئىبارەت كۆڭۈل تارتىدىغان نەرسىلەرنىڭ مۇھەببىتى ئىنسانلارغا چىرايلىق كۆرسىتىلدى. ئۇلار دۇنيا تىرىكچىلىكىدە مەنپەئەتلىنىدىغان شەيئىلەردۇر.» (ئال ئىمران 14 ـ ئايەت). ئىنسانلارنىڭ بۇ دۇنيادىكى رىزقىنى ئاسماندا ئەمەس، بەلكى زېمىندا بەلگىلەنگەنلىكىدىن خەۋەر بېرىپ: «ئۇ زېمىننىڭ ئۈستىدە نۇرغۇن تاغلارنى ياراتتى، زېمىننى بەرىكەتلىك قىلدى، ئەھلى زېمىننىڭ رىزقىنى بەلگىلىدى.» (فۇسسىلەت 10 ـ ئايەت).

يۈسۈپ خاس ھاجىپ ئىسلام دىنىنىڭ يۇقىرىقى پرىنسىپال ئەقىدىسىنى چوڭقۇر ۋە توغرا ئۆزلەشتۈرگەن. ئۇ ناھايىتى يۈرەكلىك ۋە ئىشەنچ بىلەن ئىسلام تۈغىنى كۆتۈرۈۋالغان ئازغۇنلارغا قارشى تۇرالىدى. يۈسۈپ خاس ھاجىپ ھاياتنى، ماددىي دۇنيانى، ئەمەل ـ مەنسەپنى ئۆتكۈنچى نەرسە دەپ قارىسىمۇ، لېكىن بۇ دۇنيانى ئۆتكۈنچى نەرسە دەپ قارىمايدۇ، بەلكى ئۇ ھاياتلىقنى قىيامەتكىچە داۋاملىشىدىغان ئۈزلۈكسىزلىك، دەپ قارايدۇ. ئۇ بۇ دۇنيانى نېمەت داستىخىنى دەپ تەسەۋۋۇر قىلىپ: بۇرۇن نۇرغۇن ئادەملەر بۇ داستىخانغا داخىل بولۇشتى ھەم يەپ ـ ئىچتى، ھەم كېيىشتى، ئەمدى نۆۋەت بىزگە كەلدى. بۇ نېمەت داستىخىنىنى قۇرۇۋقداپ قويماي، كېيىنكىلەر ئۈچۈنمۇ نېمەتلەرنى قالدۇرۇشىمىز كېرەك، دەيدۇ. مانا بۇ ئۇمىدۋارلىق ۋە ئەۋلادلارنى، كەلگۈسىنى ئويلاش، ئىنسانلارنىڭ كەلگۈسىگە كۆڭۈل بۆلۈش ئىدى. مانا بۇ كېيىنكى ئەسىرلەرگە كەلگەندە: «بۇ زېمىندا كېيىنكىلەرنىڭمۇ ھەققى بار» دېگەن شوئار ئوتتۇرىغا قويۇلدى. يۈسۈپ خاس ھاجىپ ھاياتقا مانا شۇنداق يۇقىرى تەلەپ قويۇشقا ئادەتلەندۈرۈلگەن. ئۇ ھەم ئەۋلادلارغا شۇنداق يۇقىرى تەلەپ قويۇپ تەربىيىلىگەن.

* * *

يۈسۈپ خاس ھاجىپنىڭ قانائەت تەربىيىسىدە ھەرگىزمۇ دۇنيا نېمەتلىرىدىن ۋاز كېچىش، نېمەت قوغلاشماسلىق، تەننىڭ ئېھتىياجىنى قاندۇرماسلىق تەشەببۇس قىلىنمايدۇ. ئۇ ئىككى ئارىدا نورمال، ئوتتۇراھال يول تۇتۇشنى تەكىتلەيدۇ. يۈسۈپ خاس ھاجىپ ئۆز دەۋرىدىكى تەتۈر، خاتا ئېقىمغا ئېغىشىپ كەتمەي تەن بىلەن روھنىڭ مۇناسىۋىتىنى ئەڭ ياخشى ھەل قىلىپ ئەسلىي قانۇنىيەتكە ئۇيغۇنلاشتۇرۇشقا يېتەكلىگەن ئالىم. ئۇ ئەۋلاد تەربىيىسىدە مۇشۇ مەسىلىنى توغرا ھەل قىلمىغاندا چوڭ يېڭىلىش ۋە ئازغۇنلۇق كېلىپ چىقىپ، جەمئىيەتنى ھالاكەتكە يۈزلەندۈرىدىغانلىقىنى بۇرۇن تونۇپ يەتكەن. ئۇ بىر تەرەپتىن خەلقنى بېيىتىش، دۆلەتنى قۇدرەت تاپتۇرۇش، ئىلىم ـ مەرىپەت بىلەن ئەقىلنى تەرەققىي قىلدۇرۇپ، ئىنسانىي كامالەتنى، ئەسلىي تەبىئەتنى تېپىش جەھەتتە، زۇلۇمغا، تەڭسىزلىككە، قانۇنسىزلىققا تاقەتسىزلىك بىلەن جەڭ ئېلان قىلىشنى تەشەببۇس قىلسا، ئىنسانىي پەزىلەت نۇقتىسىدىن چىقىپ ئەۋلادلارنى بەختسىزلىككە سۆرەيدىغان چەكتىن ئاشقان قانائەتسىزلىككە، ناشۇكۇرلۇككە بېرىلىپ كەتمەسلىكنى ئاگاھلاندۇرىدۇ. ئۇنىڭ قارىشىچە، كىشىلىك ھاياتتا قانائەت بىلەن ياشىغان ئادەم سائادەتلىك ئىدى، قانائەتسىز ئادەم مەڭگۈ بەختلىك بولالمايتتى. ئۇ مۇنداق بىر مەشھۇر سۆزنى ئوتتۇرىغا قويىدۇ: «بىرى كۆپايە دېيەلىگەن ئادەم بەخت ـ سائادەتلىكتۇر.» (3797) بۇ ئۇلۇغ ھېكمەت پەرزەنتلەرنى ماددىي مەئىشەت جەھەتتە قانائەتچان بولۇشقا، ئاچ كۆز، نەپسانىيەتچى بولماسلىققا يېتەكلەيدىغان يادرولۇق پىكىر. ئۇ يەنە مۇنداق دەيدۇ: «تولۇق باي بولاي دېسەڭ، بارغا قانائەت قىل» (4282). «بۈيۈك يېقىنلىقنى ئىزدىسەڭ،

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

تەمەخورلۇقتىن ساقلان. يۈزۈم يورۇق بولسۇن، دىسەڭ ھەق ـ ناھەق مەسىلىسىدە لىللا مەيداندا تۇر.» ئۇ يەنە شەخسىي مەنپەئەت ئۈچۈن قانائەتچان بولۇش، ئەلنىڭ مەنپەئەتى ئۈچۈن قانائەتسىز بولۇشنى تەكىتلىگەن. «ئۆزۈڭنىڭ مەنپەئىتىنى دىمە، ئەلنىڭ مەنپەئىتىنىڭ كۆزلە، سىنىڭ مەنپەئىتىڭ ئەلنىڭ مەنپەئىتى ئىچىدە بولىدۇ» دىگەن دىئالىكتىك بىرلىك مۇناسىۋىتىنى ئوتتۇرىغا قويغاندا، ئۇنىڭ ئۇلۇغ ئىنسان بولۇش تەلىپى روشەن ئەكس ئىتىدۇ.

مانا مۇشۇنداق ئاڭ بىلەن تەربىيىلەنگەن بالىلار ئۇلۇغۋار غايە ئۈچۈن بولغان مۇشەققەتلىك كۈرەش ئىچىدىمۇ ئۆزىنى ئەڭ بەختلىك ئادەم دەپ ھىسابلىيالايدۇ. ئۆزىنىڭ زىھنىي كۈچىنى، ئەقىل ـ پاراسىتىنى، ئارزۇ ـ ئامانلىرىنى گالىنىڭ بويۇنتۇرۇقىغا ئەسىر قىلىپ قويۇشتىن ساقلاپ، «بىرى كۆپايە» دىگەن قانائەت بىلەن ئۆزىنى بەختىيار قىلالايدۇ.

ئۇيغۇرلاردا ئەزەلدىن «توققۇزى تەل بولغاندا ئادەم ئۆلىدۇ» دىگەن يەكۈن بار. بۇ يەكۈن «قۇتادغۇبىلىك» تىمۇ ئىپادىسىنى تاپقان. مەھمۇد قەشقەرى نەقىل كەلتۈرگەن بىر پارچىدىمۇ: «زامان ئۆتەر كىشى تويماس، ئادەم بالىسى مەڭگۈ قالماس»① دىگەن ماقالنى بىرىدۇ. قانائەتلىك ئادەم بارغا قانائەت قىلىدۇ، يوقى ئۈچۈن پۇچىلانمايدۇ، ھەسەت قىلمايدۇ، تەمە بىلەن زوراۋانلار ئالدىدا پۈكلىنىشتىن ئۆلۈمنى ئەۋزەل بىلىدۇ. ئۇ ئۆزىنىڭ غىرىبانە كەپىسىنى شاھلارنىڭ ئوردا ـ قەسىرىدىن ئۈستۈن كۆرىدۇ. چۈنكى كەپە قانداقلا بولمىسۇن، ئۇنىڭ ئەركىن ئارامگاھى، ئۇنىڭدا پۇت ـ قولىنى ئەركىن سۇنۇپ بەھۇزۇر ئولتۇرالايدۇ. ئۇ ھەرقانچە يۇجىلىنىپ ئۆرتەنسىمۇ، ھەرگىز پادىشاھنىڭ ئوردىسى ئۇنىڭغا تەئەللۇق بولۇپ قالمايدۇ. يېتەلمەيدىغان يەرگە ئاياغ بىسىش، پايانى بولمى-

① «تۈركىي تىللار دىۋانى»، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، 1981 ـ يىل نەشرى 1 ـ توم، 62 ـ بەت

غان دېڭىزدا ئۈزۈش ئادەمنى ھالاك قىلىدۇ. ھەربىر ئادەم ئۆزىنىڭ قۇربىتىگە يارىشا تىرىشچانلىق قىلمىشى، ئېرىشكەن نېمەتلىرى ئۈچۈن مىننەتدار بولۇپ، ئۆزىنى ئەركىن تۇتۇشى ئەقەللىي تاللاش بولىدۇ. بۇ ھەقتە ئۇلۇغ شائىر ئەلىشىر ناۋائى ساۋاق بېرىپ مۇنداق بىر تەمسىلنى بېرىدۇ: «بىر كىشى ئۆي سېلىش ئۈچۈن تام ئەتمەكچى بولسا، ھەممىگە مەلۇمكى، خىشنى تامغا چەك باستۇرۇپ قويىدۇ. يەنى، بىرىنچى قېتىم قويۇلغان ئىككى خىشنىڭ ئۈستىگە خىش قويغاندا، خىشنىڭ ئىككى تەرىپىدە ئىككى پارچە قالدۇق پەيدا بولۇپ تۇرىدۇ. مۇشۇ پىلان بىلەن مىڭ، ئىككى مىڭ خىش قويۇلسا، بۇ خىل پارچىلار پەيدا بولۇپ تۇرۇۋېرىدۇ. تامنى تۈزەش ئۈچۈن يەنە خىش قويساق، خىش قويغانسېرى يەنە كۆپ پارچىلار پەيدا بولۇپ تۇرىدۇ. ئۇ پارچىلارنى تولدۇرۇش ئۈچۈن خىش قويۇۋەرسەك، پۈتكۈل يەر شارىغا تام ئېتىشكە توغرا كېلىدۇ. دېمەك، بۇ مۇمكىن بولمايدىغان خىيالنى قىلىش توغرا ئەمەسكى، ئاخىرلاشتۇرۇش ئىمكانى يوقتۇر. ئەگەر ئاخىرلاشتۇرۇشنى ئويلىسا، يەنە كۆپ پارچىلار پەيدا بولۇپ تۇرىدۇ. بىر نەچچە مىڭ، يۈز مىڭ. . . چەكسىز ئارتىپ كېتىۋېرىدۇ. ئۇنى تۈزەش مەقسىتىگە يېتىش مۇمكىن ئەمەس. ئۇنىڭ بىردىنبىر چارىسى خىشنى پارچىلاش بىلەن پىلاندىكى تامنى پۈتتۈرۈپ چىققىلى بولىدۇ»[1]

ناۋائى يۇقىرىقى تەمسىلنىڭ مەنىسىنى مۇنداق يېشىدۇ: ئادەملەر دۇنيا ئىشىدا كۆڭلى خالىغان ۋە ئادەمىيەت تائىپىسى تەقەززا قىلغان نەرسىلەرنى تەلەپ قىلىش بىلەن تىرىشىپ تىلىگەننى تاپسا، يەنە ئۇنى تولۇقلاش ۋە تاكامۇللاشتۇرۇش ئۈچۈن، ئۇنىڭدىن يۈز ھەسسە كۆپرەك ئېھتىياج ۋە تەلەپ تۇغۇلۇپ تۇرىدۇ. ئۇنى تاپسا يەنە كەملىك ھېس قىلىدۇ. ئاخىر قولغا كېلىش مۇمكىن بولمايدىغان تەسەۋۋۇرلارغا يېتىپ بارىدۇ. . . بۇ خىل تۈگىمەس تىلەكنى

① «مەھبۇبۇلقۇلۇب» . قەشقەر ئۇيغۇر نەشرىياتى، 1980-يىلى نەشرى، 240 ـ ، 241 ـ بەت.

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

ھەل قىلىشنىڭ چارىسى، يەنىلا ئادەم تەبىئىتىدە بولغان بىر مۇنچە مۇددىئا ۋە ئارزۇدىن كېچىشتۇر.»

دېمەك، ئەلىشىر ناۋائى مۇمكىنچىلىكى بولمايدىغان مەنپەئەت ۋە بەھرىمەنلىك تەمەسىدە ھەسرەت ـ نادامەت چەكمەسلىكنىڭ بىرلا يولى قانائەت تىغى بىلەن بەزى ياۋا پۇتاقلارنى قىرىش ياكى ھاندۇۋا بىلەن خىشنى پارچىلاش ئارقىلىق مۇرادىنى ھاسىل قىلىش مەسلە-چەتىنى بېرىدۇ. نۇرغۇن كىشىلەر مۇشۇنچىلىك قائىدىنى بىلمىگەنلىكى ئۈچۈن چامى يەتمەيدىغان، ئۆزىگە مۇناسىپ كەلمەيدىغان ئىشلار ئۈچۈن رەنج ـ مۇشەققەت چېكىپ، ئۆزىگە چىرايلىق نان بېرىۋاتقان كەسىپكە قانائەت قىلماي، باشقىلارنىڭ تاپقىنىغا كۆز قىزارتىپ، ئۆزىگە تەن بولغان كەسىپنى تاشلاپ، ئۆزىگە يات بولغان كوچىلاردا مېڭىشقا قىزىقىدۇ. نەتىجىدە ئۇ بارسا ـ كەلمەس يولدا پۇتۇن خانۇمانىدىن ئايرىلىپ قاقسەنەم بولىدۇ. بۇ خىل ئەھۋالنى يۈسۈپ خاس ھاجىپ بىر رۇبائىيسىدا مۇنداق يازىدۇ:

3830 تېپىپ ئالمىغۇرنى ئىزدىمە كۆچەپ،
تىلەپ بولمىغۇرنى تىلىمە كۆچەپ.

3831 يېتەلمەيدىغان يەرگە بارما يايىق،
ئەگەر بارساڭ ئەمگەك چېكەرسەن ھە دەپ.

ئومۇمەن، يۈسۈپ خاس ھاجىپ ھەددىدىن ئارتۇق قانائەتسىز-لىك ئادەمنى ئاچ كۆز، نەپسانىيەتچى، قارا نىيەت قىلىدۇ، دەپ قارىغاچقا، پەرزەنتلىرىگە ماددىي مەنپەئەت مۇناسىۋىتىگە توغرا، ھا-لال مۇئامىلە قىلىشنى ئۆگىتىشنى تەشەببۇس قىلىدۇ. ئۇ قانائەت-سىزلىك گىرىپتار قىلىدىغان ئاچ كۆزلۈكنىڭ ئادەمگە كەلتۈرىدىغان زىيىنىنى مۇنداق بايان قىلىدۇ: «دۇنيا ھېرىسمەنلىكىنىڭ ھەممى-سى ئاچ كۆزلۈكنىڭ ئالامىتىدۇر. ئاچ كۆزلۈك بىلەن ئېچىرقىغان

كىشىدىن كىممۇ تويغان. كۆزى تويغان، قارنى ـ كۆكسى كەڭ،
قانائەتچان بىرى مۇنداق دېگەن: ئاچ كۆز كىشى پۈتۈن دۇنياغا ئىگە
بولسىمۇ، ئۇ باي ئەمەس. ئۆزى باي بولسىمۇ، كۆزى ئاچ كىشى
ھەقىقىي نامراتتۇر. ھەقىقىي باي قانائەت ئىگىسىدۇر. ئاچ كۆز
ئادەمگە باي بولۇشمۇ ھېچقانچە ھۇزۇر بېرەلمەيدۇ، ئۇلارنىڭ ھالىغا
ئىست دېگۈلۈك. مال ـ دۇنيا ئۇلارنىڭ كۆزىنى تولدۇرال-
مايدۇ.» (5324 ـ 5390) يۇقىرىقى بايانلار ھەقىقەتەن ئىنسان
تەبىئىتىنىڭ بىر تەرىپىنى چۈشەندۈرۈپ بېرىدۇ. پەرزەنتلىرىگە ئە-
گەر مۇنداق يامان تەبىئەت سىڭىپ قالىدىغان بولسا، ئۇ ھاياتىدا
بىر كۈنمۇ خاتىرجەملىك يۈزىنى كۆرمەيدۇ. بۇ مەنىدىن ئالغاندا
پەرزەنتلەرگە قانائەت تەربىيىسى بېرىش ئۇلارنىڭ بەختى ئۈچۈن
مۇھىم. بۇنى ھەربىر ئاتا ـ ئانا چوڭقۇر ھېس قىلىشقا تېگىشلىك
مۇھىم تەكىت. چۈنكى، قانائەت يوق يەردە بەختمۇ يوق، پاكلىقمۇ
يوق.

ئەلىشىر ناۋائىي قانائەت توغرىسىدا مۇنداق دەيدۇ:
. . . قانائەت بىر بۇلاقتۇركى، سۈيىنى ئېلىش بىلەن قۇرۇ-
مايدۇ؛ خەزىنىدۇركى، ئۇنىڭدىكى مالنى ئىشلەتكەن بىلەن ئۆك-
سۈپ قالمايدۇ؛ ئۇ بىر ئېكىنزاركى، چاچقان ئۇرۇق ئىززەت ـ
ئابرۇي كەلتۈرىدۇ. ئۇ بىر دەرەخكى، شېخى بىھاجەتلىك ۋە ھۆر-
مەت مەنىسىنى بېرىدۇ. قانائەت كۆڭۈلگە ئوچۇقلۇق بېرىدۇ، كۆز-
گە يورۇقلۇق كەلتۈرىدۇ. قانائەتلىك دەرۋىشنىڭ قۇرۇق نېنى تەمە-
خور پادىشاھنىڭ لەززەتلىك تاماقلىرىدىن ياخشىراق. پادىشاھ شۇ-
كى، ئالمىغاي، بەرگەي، گاداي شۇكى، چاچمىغاي، تەرگەي.
كىمكى قانائەتكە ئادەتلەنگەن بولسا، شاھ، گاداي دېگەنلەردىن ئازار
بولغاي.
تىرىكچىلىك ئۆيىنىڭ تارلىقىنى قانچە مۇبالىغە قىلساڭ بولى-
دۇ. قانائەت بىر قورغانكى، ئۇنىڭ ئىچىگە كىرسەڭ نەپسىنىڭ

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

ياماللىقىدىن قۇتۇلىسەن؛ ئۇ بىر تاغدۇركى، ئۇنىڭغا چىقسالىڭ دوست ـ دۈشمەندىن بىھاجەت بولىسەن، قانائەت چۈشكۈنلۈكتەك سېزىلىسمۇ، نەتىجىسى ئۈستۈنلۈك بولىدۇ، ئاجىزلىقتەك تۇيۇلـ ـسىمۇ، نەتىجىسى كۈچلۈكتەك بولىدۇ. قانائەت بىر ئۇرۇقكى، نەتىجىسى بايلىق، دەرەخكى، مېۋىسى بىھاجەتلىك، ئۇ بىر مەيدۇرـ كى، ئاچچىق، ئەمما نەتىجىسى تاماشاغا ئوخشاش، ئۇ بىر يولدۇرـ كى، قاتتىق، ئەمما مەنزىلى شادلىق. قانائەت قانچىكى راھەت كەلتۈرسە، تەمە ئازاب ۋە زاللەت كەلتۈرىدۇ. ئەسكىنىڭ مىجەزى ئەسكىنى ياقتۇرىدۇ. پەس تەبىئەتلىك، خارلىق ئەسكىگە چىرايلىق كۆرۈنىدۇ. ئۇنىڭغا يېقىنلىشىش خارلىق؛ ئۇنىڭ بىلەن مۇناسىۋەت قىلىش تەنتەكلىكتۇر. كىمنىڭ ئادەت خۇلقى يامان بولىدىكەن، ئۇنىڭدىن خەلق قاچىدۇ، ئۇ پەس تەبىئەتلىكىدە، خارلىقتا كامال تاپقان بولىدۇ؛ ئادىمىيلىكتىن زاۋال تاپقان بولىدۇ، ئاچ كۆزلۈك نومۇسنىڭ ئۆيىنى كۆيدۈرىدىغان ئوت، ئىززەتنىڭ خامىنىنى ئۇچۇرۇپ كېتىدىغان، تەمكىن ۋە ۋاقار (تەمكىنلىك) نىڭ چىرىغىنى ئۆچۈرۈۋېتىدىغان شامالدۇر. تەمەخورغا نەرسە بېرىش شىرغا تاماق بېرىشكە ئوخشايدۇ. بىرىنچىسى، پەسلەرنىڭ ئىشى؛ ئىككىنچىـ ـسى، چارپاينىڭ سۈپىتىدۇر. قانائەت بىر گۆھەردۇركى، خەلقنى مۇنداق ئىمتىھاندىن ئۆتكۈزىدۇ ۋە مۇنداق ئىككى بالادىن قۇتۇلدۇـ رىدۇ. بۇ ئىككىسى يامان ئادەتكى، بەكمۇ ياماندۇر. گويا ئىككىسى قوشكېزەكتۇر. ئاچ كۆزلۈك بىلەن تەمەخورلۇقنىڭ ھەقىقىتى بىر بولۇپ، پەيغەمبىرىمىز مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام قانائەت قىلغۇچىنى ئەزىز دەپتۇ، تەمەخورنى زەلىل (خار) دەپتۇ.

ھەر كىمگە قانائەت تەرىپى نىسبىتى بار،
بارچە ئەل ئارا تاۋازۇ ۋە ئىززىتى بار.
ئولكىم تەمە ۋە ھېرىس بىللە ئۈلپىتى بار،
ياخشى ـ يامان ئىچرە زىللەت ۋە نۆكىتى بار.

( قانائەتلىك كىشى خەلق ئارىسىدا ئىززەت ۋە ئابرۇيغا ئىگە-دۇر. تەمەخور ۋە ئاچ كۆز كىشى ياخشى ھەم يامانلارنىڭ ئارىسىدا خار - زەلىلدۇر. )

## 2. قانائەتسىزلىك تەربىيىسى تەرەققىياتقا تۇرتكە بولىدۇ، مەسئۇلىيەتچانلىققا ئۈگىتىدۇ

پەرزەنت تەربىيىسىدە قانائەت بىلەن قانائەتسىزلىكنىڭ مۇناسىۋىتىنى ۋە پەرقىنى ياخشى بىلىش كېرەك. تارىخىمىزدا بۇ ئىككىسىنىڭ مۇناسىۋىتىنى توغرا چۈشەنمىگەنلىكىمىز ئۈچۈن نۇرغۇن ھايات سىناقلىرىدا ئۇتتۇرۇپ قويدۇق.

ھەرقانداق ئاتا - ئانا ئۈچۈن پەرزەنت مۇقەددەس. ئائىلە قۇرۇشتىكى مەقسەتمۇ پەرزەنتلىك بولۇپ، ئۇنى ئەل ئۈچۈن يارامل‍ىق ئادەم قىلىپ تەربىيىلەپ جەمئىيەتكە قوشۇشتۇر. ئاتا - ئانا بالىسىغا مەڭگۈ ھامىي بولالمايدۇ، ئۇلار بۇ دۇنيادىن كېتىدۇ، ئەۋلادلىرى ئۇلارنىڭ ئىشلىرىنى داۋاملاشتۇرىدۇ ۋە راۋاجلاندۇرىدۇ. پەرزەنت تەربىيىلەش تەلىپىدە پەرزەنتلەر ئاتا - ئانىسى ماڭغان ئىزغا دەسسەپلا، شۇ يولنى ئۆزگەرتمەي داۋاملاشتۇرۇش ئەجدادلار كۈتكەن تەلەپ ئەمەس، بەلكى ئەۋلادلار ئالدىنقىلاردىن ھالقىپ كېتىشى، پەرزەنتلەر ئاتا - ئانىسىدىن ئۆتۈپ كېتىشى تەلەپ قىلىنىدۇ. بۇ ھەقتە يۈسۈپ خاس ھاجىپ پەرزەنتلەرگە مۇنداق تەۋسىيە قىلىدۇ:

تولا كونا بىر سۆز مەسەلدە كېلۇر، 110
ئاتا ئورنى، ئاتى ئوغۇلغا قالۇر.

www.uyghurkitap.com

111 ئاتانىڭ ئېتى، ئورنى قالدى ساڭا،
قوشۇلسۇن يەنە باشقا مىڭ ـ مىڭ ئاڭا.

دېمەك، تەرەققىيات دېگەن بىرىنىڭ ئورنىنى بىرى ھېچقانداق ئۆزگەرتىشسىز بېسىش، بىرىنىڭ ئىشىغا ئەينەن ۋارىسلىق قىلىش ئارقىلىق ئەمەلگە ئاشمايدۇ، بەلكى كېيىنكىلەر ئالدىنقىلاردىن ھالقىپ كەتكەندىلا ئاندىن جەمئىيەتتە، ئائىلىدە يۈكسىلىش بولىدۇ. دىئالېكتىكا دېگەن مانا شۇ. يۇقىرىقى تەلەپتە يۇسۇپ خاس ھاجىپ مانا شۇنداق سىجىل تەرەققىيات مەسىلىسىنى ئائىلىنىڭ تەرەققىياتىغا تەتبىقلاپ بايان قىلىپ بېرىۋاتىدۇ. ئاتا بولغۇچى ھەرقانچە ئىستېداتلىق بولغاندىمۇ پەرزەنت ئۇنىڭ باسقان ئىزىدىنلا ماڭسا ھەرگىزمۇ يېڭىلىنىش، گۈللىنىش، تەرەققىيات بولمايدۇ، چۈنكى، يۇسۇپ خاس ھاجىپ بەخت دېگەن تەرەققىياتتا، يېڭىلىنىشتا بولىدۇ، كونا نەرسە كونا پېتى تۇرۇۋەرسە بەخت ياراتقىلى بولمايدۇ، دەپ قارىغان.

687 پۈتۈن كونا نەرسە يېقىمسىز بولۇر،
يېقىمسىز يۈكى، كۆر، كۆڭۈلسىز كېلۇر.

688 يېڭى نەرسە بولسا كونا نە كېرەك،
سەرە نەرسە بولسا، يامان نە كېرەك.

يۇقىرىقى بېيىتلار ئۆزىدە ناھايىتى چوڭقۇر پەلسەپىۋى ھەقىقەتنى يوغۇرغان بولۇپ، يېڭىلىنىش بىلەن كىشىلىك تۇرمۇشنىڭ، تەرەققىيات بىلەن بەخت ـ سائادەتنىڭ مۇناسىۋىتىنى ئىزھار قىلىدۇ.

ئادەم دېگەن قانائەتسىز مەخلۇق، ئۇ ئەنە شۇ قانائەتسىزلىك ئىچىدە بەخت ئىزدەيدۇ. بەختىنى تاپىدۇ ۋە بەختىنى يارىتىدۇ.

ئەگەر قانائەتسىزلىك بولمىسا، ئىنسانىيەت قانداق مەنىۋى كۈچكە تايىنىپ ئىپتىدائىي تۇرمۇشتىن تەدرىجىي زامانىۋى تۇرمۇشنى بەرپا قىلالايتتى. مۇنداق تەرەققىيات دىئالېكتىكىسىنى چۈشەنگەن يۇسۇپ خاس ھاجىپ ئەۋلادلارنى ئاتا-ئانىسىدىن ھالقىپ كېتىشكە، ئۆزىنىڭ مۇستەقىل ئىقتىدارىغا تايىنىپ يېڭىچە مىڭ-مىڭ نەرسىلەرنى بارلىققا كەلتۈرۈشكە دەۋەت قىلىدۇ.

قانائەتسىزلىك ئىنسانلارنىڭ تۇغما تەبىئىتى. بۇ يەردە تىلغا ئالغان قانائەتسىزلىك ھەرگىزمۇ ئىنساپسىزلىق، نەپسانىيەتچىلىك مۇقامىدىكى چۈشەنچە ئەمەس، بەلكى ئىنسانلارنىڭ تەبىئىي ئىنتىلىش كۈچىنى كۆرسىتىدۇ. ئەگەر ئادەمدە مۇنداق ئىنتىلىش كۈچى بولمىغاندا، ئىپتىدائىي جەمئىيەتتىن ھازىرقى زامانىۋى جەمئىيەتكە كېلەلمىگەن بولاتتى. ئادەم قەدىمكى ھارۋىغا قانائەت قىلغان بولسا، بۈگۈنكى زامانىۋى قاتناش قوراللىرىغا ئېرىشەلمىگەن بولاتتى. ماشىنىغا قانائەت قىلغان بولسا، ئايروپىلاندا ئۇچۇش تەسەۋۋۇرمۇ بولمايتتى. دېمەك، قانائەتسىزلىك جەمئىيەت تەرەققىياتىنىڭ مۇھىم ھەرىكەتلەندۈرگۈچ كۈچى. شۇڭا، پەرزەنتلەرگە بېرىدىغان تەلىم-تەربىيە تەلەپلىرىدە ئەخلاقىي جەھەتتە ئىنساپلىق بولۇش بىلەن ھاياتقا نىسبەتەن تەلەپچان، ئىجادچان، ئىنتىلىشچان بولۇش تەربىيىسىنى بىرلەشتۈرۈپ ئېلىپ بېرىش كېرەك. تارىختىن بۇيان ئەخلاقىي جەھەتتىكى قانائەت تەلىپى بىلەن تۇرمۇشقا بولغان قانائەتسىزلىك ئوتتۇرىسىدىكى مۇناسىۋەتنى توغرا بىر تەرەپ قىلالماي، ئارىلاشتۇرۇۋەتكەنلىكىمىز ئۈچۈن، ئۇيغۇر خەلقى ئۆزىنى تەرەققىي قىلدۇرۇش، ئۆزىنى كۈچلەندۈرۈش پۇرسىتىدىن مەھرۇم قېلىپ، نەچچە ئەسىر بىر ئىزدا توختاپ قېلىشتەك ئاقىۋەتنى شەكىللەندۈردى. 11-ئەسىرلەردە ئىلىم-پەنگە تايىنىپ ئاسمانغا چىقىش تەسەۋۋۇرىنى تۇنجى قېتىم ئوتتۇرىغا قويغان ئۇيغۇرلار تاكى 20-ئەسىرگىچە قوتۇر ئېشەكتىن قۇتۇلالماي كەلدى. زامان تەرەققىي قىلغان بۈگۈنكى دەۋردىمۇ ئىپتىدائىي قول ھۈنەرۋەنچى-

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

لىك ئەندىزىسىنى بۇزۇۋېتەلمىدى. تۆمۈرچىلەر يەنىلا كونا تۈلۈمدا كۆرۈك بېسىۋاتىدۇ، موزدۇزلار قولىغا تۈكۈرۈپ يىپ موملاۋاتىدۇ. بىزنىڭ ھاياتقا قويغان تەلىپىمىز، پەرزەنتلىرىمىزگە بەرگەن قانائەتسىزلىك تەلەپ، تەۋسىيىمىز شۇمۇ. بىز بۇنى ھەقىقىي مەنىدىكى ئىنساپسىزلىق دەيمىز. ئادەم ئۆزىگە ھەقىقىي ئادەمدەك ياشاش، تەرەققىي قىلىش، گۈللىنىش، يېڭىلىق يارىتىش، باشقىلاردىن ھالقىپ كېتىش تەلىپىنى قويالمىسا، ئۇنى ئىنساپسىز دېمەي نېمە دەيمىز. چۈنكى، ئۇ ئۆزىدە بار بولغان ئادەمىيلىك ئىقتىدارىنى، يېڭىلىق يارىتىش، تۆھپە قوشۇش ئىقتىدارىنى كونا، قاتمال ئىدىيىلەر بىلەن بوغۇپ، كېرەكسىز، يارىماس، شۈكۈر - قانائەتنىڭ قۇلىغا، خاتا ئىنساپنىڭ تۇتقۇنىغا ئايلىنىپ قالغان ئىنساپسىزدۇر. ئۇنداق ئادەم باشقىلار ياراتقان، ئىجاد قىلغان نەرسىلەردىن نومۇس قىلماي بەھرىمەن بولىدۇ، ئۆزى باشقىلارغا نەپ بېرەلمەيدۇ، جەمئىيەتكە ھەم تۆھپە قوشالمايدۇ.

قانائەتسىزلىك ۋە تەلەپچانلىق تەربىيىسى پەرزەنتلەرنىڭ ئېڭىدا مەسئۇلىيەتچانلىق روھىنى ئويغىتىدۇ. جەمئىيەتكە ۋە ئۆزىگە ئەڭ تۆۋەن سەۋىيىدىكى بېقىنىش، قارىغۇلارچە ئەگىشىش، كارى بولماسلىق پوزىتسىيىسىدە ئەمەس، بەلكى جەمئىيەتتىكى نامۇۋاپىق ئىشلاردىن، سۆرەلمىلىك، قاششاقلىق، نادانلىق ۋە ھەر خىل ناچار كەيپىياتلاردىن خورسىنىدۇ، جەڭ ئېلان قىلىش ئېڭىدا بولىدۇ. ئۆزىگە نىسبەتەن باشقىلار بىلەن بىر دەۋردە ياشاپ تۇرۇقلۇق ئىگەسىنىڭ، غايىسىنىڭ، چۈشەنچە ۋە بىلىشلىرىنىڭ، ئىقتىدارىنىڭ تولىمۇ ئېپتىدائىي ھالەتتە قالغانلىقىدىن ئۆكۈنىدۇ. بۇنىڭ بىلەن ئۆزىگە مەسئۇل بولۇش بىلەن جەمئىيەتكە مەسئۇل بولۇش ئۈچۈن تىرىشچانلىق قىلىدۇ.

بىز «قۇتادغۇبىلىك» ئەسىرىنىڭ ئالدى بىلەن يۇقىرى دەرىجىدىكى مەسئۇلىيەتچانلىقنىڭ تۈرتكىسىدە بارلىققا كەلگەنلىكىنى كۆرىمىز. ئاپتور زامانىنىڭ بۇزۇلۇپ كەتكەنلىكى، قانۇن - تۈزۈمنىڭ

ئاستىن ـ ئۈستۈن بولۇپ كەتكەنلىكىدىن ناله قىلىدۇ، خەلقنىڭ
ئەخلاقىي كەيپىياتىنىڭ ئىزىدىن چىقىپ كېتىپ جەمئىيەتنى بۇ-
زۇقچىلىق قاپلاپ كەتكەنلىكىگە چىدىمايدۇ، ئەمەلدارلارنىڭ چىرىك-
لىشىپ كەتكەنلىكى، ئەل ئارىسىدا پۇلغا چوقۇنۇش، كىمدە پۇل
كۆپ بولسا شۇنىڭغا بويۇن سۇنۇشتەك قۇللۇق كەيپىياتىنىڭ ئەۋج
ئېلىپ، ياخشىلار خارلىنىۋاتقانلىقىغا پۇچۇلىنىدۇ. «زامانىڭغا ئوب-
دان نەزەر سال، — دەيدۇ ئۇ كىشىلەرگە مۇراجىئەت قىلىپ، —
ھەممە ئىش ـ ھالەتلەر پۈتۈنلەي باشقىچە بولۇپ كەتتى. ئەقىللىقلار
كېكەچ بولۇپ ئېغىز ئاچالماس بولدى، ئەل ئىچىدە يارىماس، پەس
كىشىلەر كۆپىيىپ كەتتى. مەي بىلەن يۈزىنى يۇيىدىغانلار مەرد ـ
باتۇر ئاتىلىپ، پاك كىشىلەر خەسىس دەپ تونۇلۇۋاتىدۇ. كىشى-
لەرنىڭ كۆڭلى تىلىدىن باشقىچە بولۇپ كەتتى، خەلقتىن ۋاپا
كۆتۈرۈلۈپ، جاپا غالىب كەلدى. قېرىنداشلار يېقىنلىقنى تاشلاش-
تى، دوستلار ساداقەتنى تەرك ئەتتى. كىچىكىدە ئەدەپ قالمىدى،
چوڭىدا بىلىم كەملىدى. قوپال، نادان كىشىلەر كۆپىيىپ كەتتى،
پەزىلەت ئىگىلىرى ئازايدى. ھەممە يېقىنلىق پۇل ـ يارماق ئۈچۈنلا
بولدى، ھەممە ئادەم پۇلنىڭ قۇلى بولۇپ قالدى. كىمدە كۈمۈش
كۆپ بولسا شۇنىڭغا بويۇن ئەگدى. ھەقىقەت ئۈچۈن دۇرۇس ئىش
قىلىدىغانلار قېنى ئەمدى؟ »[1] ئۇ جەمئىيەتكە بولغان مەسئۇلىيەت-
چانلىق ئېڭى بىلەن كىشىلەرگە قاتتىق تەلەپ قويىدۇ. كىشىلەر-
نىڭ توغرا، دۇرۇس ياشىشىنى ئۈمىد قىلىدۇ، جەمئىيەتنى تۈزەش-
نىڭ تەدبىرى ئۈستىدە ئىزدىنىدۇ، شۇنىڭ بىلەن ئۇ قولىغا قەلەم
ئېلىپ ئۆز دەۋرىدىكى تۈزۈمگە يۈرەكلىك جەڭ ئېلان قىلالايدۇ.

يۈسۈپ خاس ھاجىپ جەمئىيەتكە تەلەپچان بولۇپلا قالماي،
بەلكى ئۆزىگىمۇ قاتتىق تەلەپ قويىدۇ. ئۇ شۇنچە يۇقىرى ئىستېدات
ئىگىسى تۇرۇقلۇق ئۆزىنى نادانلىقتا ئەيىبلەيدۇ، شۇنچە بۈيۈك

---

① «قۇتادغۇبىلىك»، يارمۇھەممەد تاھىر توغلۇق رومانلاشتۇرغان نۇسخا، شىنجاڭ ئۇنىۋېرسى-
تېتى نەشرىياتى، 2000-يىلى نەشرى، 309 ـ، 310 ـ بەت.

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

ئىشلارنى قىلغان تۇرۇقلۇق ئۆزىنىڭ ئۆمرىنى، ياشلىقىنى بىھۇدە ئۆتكۈزۈۋەتكەنلىكىدىن ئېچىنىدۇ: «ئىست دەيمەن. يىگىتلىكىمگە ئىست! سېنى تۇتۇشنى بىلمەي قاچۇرۇپ قويدۇم. يىگىتلىكىمنى ئۆتكۈنچى بۇلۇتتەك يوقاتتىم، ھاياتىمنى شامالدەك تۇگەتتىم. ئەي يىگىتلىكىم، يەنە بىر قېتىم قايتىپ كەلگەن بولساڭ، ئالىقىنىمدا كۆتۈرەتتىم، ئايىغىڭغا تاۋار - دۇردۇن سالاتتىم. ئەپسۇس ۋە مىڭ ئەپسۇسكى، ياشلىقىمنىڭ قايتىپ كېلىشىگە ھەرقانچە تەقەززا بولسامۇ، ئۇنىڭغا قايتا مۇيەسسەر بولالمىدىم. . . دۇرۇسراق ئۆتەلىسەممىغۇ قېرىلىقتىمۇ ئەيىب يوق ئىدى، ئەپسۇس، ھاياتىمنىمۇ بىھۇدە ئۆتكۈزۈۋەتتىم. قېيىنىدەك بويۇم ئوقتەك دۇرۇس، تۈز ئىدى، ئېگىلىپ، مۈكچىيىپ يادەك بولدۇم. يېمەك - ئىچمەك بولسا ئۇيدەك يەپ - ئىچتىم، ھەۋەس قوغلىشىپ نۇرغۇن چاڭ توزۇتتۇم. گۇناھسىزلارنى گۇناھقا بۇيرۇپ، نۇرغۇن ئادەملەرنى ئەيىبلىدىم، تىل تەگكۈزدۈم، قول ئۇزارتتىم. غالىب ئەرلەردەك مەيدەمنى كېرىپ، مەغرۇرلىنىپ قىيادەك غادايدىم. مەن مەستلىكتىن ئويغانغان ئەردەك ھوشۇمغا كېلىپ، ئۆزۈمنىڭ يولدىن ئازغانلىقىمنى بىلىپ خۇدادىن بەك ئۇيالدىم. قېنى مېنىڭ ھاياتلىققا پايدىلىق ياخشى ئىشلىرىم، تىرىكلىك ئۇرۇقىنى قەيەرلەرگە تېرىدىم. نېمە تېرىغان بولسام شۇنى يىغدىم. نېمە يىغقان بولسام شۇنىلا تېتىدىم. ئويغان، تىنماي يىغلا، گۇناھقا پاتتىڭ، يىلان، قۇرت - قوڭغۇزلارغا يەم بولىدىغان بۇ بەدەننى نېمانچە سەمرىتتىم؟! ھەي مەست جان، ئويغان، بولمىسا ئۆزۈڭنى يوقاتقىنىڭ شۇ. . .» مانا بۇ قانائەتسىزلىك، تەلەپچانلىق تەربىيىسىنىڭ خاسىيىتى.

پەرزەنتلەردە يېتىلدۇرگەن بۇ خىل روھ ئۇلاردا مەسئۇلىيەت ئېڭىنى ئويغىتىدۇ. مەسئۇلىيەتچانلىقنى ئىنسان خاراكتېرىنى نۇرلاندۇرىدىغان چىراغ دەپ قارىساق، بىپەرۋالىق ئىنسان خاراكتېرىنى كۆمىدىغان گۆركار. چۈنكى، پەرزەنتلەردىكى مەردلىكمۇ، ۋىجدان-

ـمۇ، نومۇسمۇ، ئىرادىمۇ ئاخىرقى ھېسابتا ئۇنىڭ مەسئۇلىيەت ئېڭىنىڭ كۈچلۈك، ئاجىزلىقى تەربىيىدىن بەلگىلىنىدۇ. شۇڭا، ئىتالىيىنىڭ مەشھۇر يازغۇچىسى كالگىرى دانتې ئۆزىنىڭ «ئىلاھىيەت كومېدىيىسى» دېگەن ئەسىرىدە بىپەرۋا ئادەملەرگە قارىتا: «دوزاخىنىڭ ئەڭ دەھشەتلىك جايلىرى بۈيۈك مەنىۋىلىكنى سىنايدىغان مىنۇتلاردا بىتەرەپ تۇرۇۋالىدىغان ئادەملەرگە قالدۇرۇلغان» دېگەن. مەسئۇلىيەتسىزلىك پەرزەنتلەرنى بىپەرۋالىققا ئۆگىتىدۇ. ھەرقانداق قورقۇنچلۇق ھالەتمۇ بىپەرۋالىقتەك ئېغىر ئاقىۋەت كەلتۈرمەيدۇ. چۈنكى، بىپەرۋا ئادەم ئۇخلاپ ماڭغان يولۇچىغا ئوخشايدۇ، ئۇنىڭ نە مەقسىتى، نە نىشانى بولمايدۇ، بىپەرۋا ئادەم ھېسسىياتتىن مەھرۇم بولغان قۇرۇق گەۋدىگە ئوخشايدۇ. چۈنكى ئۇنداق ئادەم «جاھاننى سەل باسسا تەرەپ - تەرەپتە، ئېشەكنىڭ غېمى بولارمىش ھەلەپتە» دېگەندەك، بىر كۈنى ئۆتسىلا شۇنىڭغا شۈكۈر قانائەت قىلىدۇ، ئەتىسىنى ئويلاشمايدۇ، ئۇلاردا تۇراقلىق مەۋقە، ۋىجدان، غۇرۇر دېگەن نەرسىلەردىن ئەسەر بولمايدۇ.

بىز ئاتا - ئانىلار شۇنى بىلىشىمىز كېرەككى، مەسئۇلىيەتچان نادان بىپەرۋا دانادىن يۈز ھەسسە ياخشى. بىپەرۋالىق دېگەن پەقەت ئىنسانىي تۇيغۇدىن مەھرۇم بولغان ئادەملەرنىڭ تۇتقان يولى. بىپەرۋا ئادەملەر بەلكىم چوڭ زىيانكەشلىكلەرنى قىلماسلىقى مۇمكىن، ئەمما ئۇلارنىڭ ئەڭ ھالقىلىق پەيتلەردە ئىچىگە تىنىپ جىمجىتلىق ئىچىدە قىلغان رەزىللىكلىرى قاتىللارنىڭ زىيانكەشلىكىدىنمۇ ئېغىر ئاقىۋەتلەرنى كەلتۈرۈشى مۇمكىن. «ناھەقچىلىكنى كۆرۈپ تۇرۇپ كارى بولماسلىق شۇ ناھەقچىلىككە قاتنىشىش بىلەن باراۋەر.» (رۇسسو) مەسئۇلىيەت پەرزەنتلەرگە ئىنتايىن قىممەتلىك سوۋغاتلارنى بېرىدۇ، بىپەرۋالىق ئۇلارنىڭ يۈرىكىنى سۇغۇرۇۋېلىپ زىخقا ئۆتكۈزۈشكە يارايدۇ. دۇنيادىكى نۇرغۇن خاسىيەتلىك ئىشلار مەسئۇلىيەتچانلىقنىڭ ساخاۋىتىدىن بارلىققا كەلگەن، يەنە نۇرغۇن مەھرۇملۇقلار بىپەرۋالىقتىن يۈز بەرگەن. شۇڭا، ئاتا -

www.uyghurkitap.com

ئانىلار بىر تەرەپتىن، بالىلار ئالدىدىكى مەسئۇلىيەت تۇيغۇسىنى ئۇنتۇپ قالماسلىقى كېرەك، يەنە بىر تەرەپتىن، پەرزەنتلەرگە ئۆزىگە مەسئۇل بولۇش، مىللەت، دۆلەت ئالدىدا، ئەجدادلار ۋە ئەۋلادلار ئالدىدا مەسئۇلىيىتىنى ئادا قىلىشقا بولغان تەلىم - تەربىيىدىن مەھرۇم قىلىپ قويماسلىق كېرەك. شۇندىلا ئۇلارنىڭ بۈگۈنى تۈنۈگۈنكىدىن ياخشى، ئەتىسى بۈگۈنكىدىن قۇتلۇق بولىدۇ. ئاندىن مىللەتتە تەرەققىيات، گۈللىنىش ئۇچۇن پۇختا ئاساس سېلىشنىڭ تۈنجى قەدىمىنى مۇۋەپپەقىيەتلىك باسالايدۇ - دە، سىلەردىن ھالقىپ كېتەلەيدۇ.

* * *

ھازىرقى جەمئىيىتىمىزدىكى خېلى كۆپ ئاتا - ئانىلاردا پەرزەنتلەرگە بولغان مەسئۇلىيەت ئېڭى ناھايىتى تۆۋەن، ھېچبولمىغاندا پەرزەنتلەرگە مەقسەتلىك ھالدا ئىلغار بىر مەسئۇلىيەت تۇيغۇسىنى يېتىلدۈرۈۋاتقان ئاتا - ئانىلار ئانچە كۆپ ئەمەس. شۇڭا، كىشىلەر بالىلاردىكى مەسئۇلىيەتسىزلىكتىن قاقشىماقتا. ھەقىقەتەن بەزى بالىلاردا جەمئىيەتكە، مىللەتكە، دۆلەتكە مەسئۇل بولۇش ئاڭلىقلىقى خېلى يىراق گەپ. ئاددىيسى، ئۆزىگە، ئائىلىسىگە مەسئۇل بولالىغۇدەك ئىقتىدارمۇ يېتىلمىگەن. تىرىكچىلىك، قورساقنىڭ غېمىگىلا قالغان كىشىلەرنى قويۇپ تۇرايلى، ئالىي مەكتەپتە مۇنتىزىم تەربىيە كۆرۈۋاتقان ۋە تەربىيە كۆرگەن كۆپچىلىك بالىلارنىڭ نېمىنى ئويلايدىغانلىقىنى، نېمىگە ئەڭ كۆڭۈل بۆلىدىغانلىقىنى تازا چۈشىنىپ بولغىلى بولمايدۇ. نۇرغۇن بالىلارنىڭ روھىنى ئۈمىدسىزلىك تورى چىرمىۋالغان. ئۈمىدسىز ئادەمدىن ھەرگىزمۇ مەسئۇلىيەتنى كۈتكىلى بولمايدۇ. بەزى بالىلارنىڭ ئويلايدىغىنى، كۆڭۈل بۆلىدىغىنى تولىمۇ چاكىنا ئىشلار. يەنە بىر

قىسىملىرى خېلى تىرىشچانلىق قىلىۋاتقاندەك، بىر خىل غايىگە
ئىنتىلىۋاتقاندەك كۆرۈنگەن بىلەن، سۆزلەشكەندىن كېيىن ئۇلار-
نىڭ مەقسىتىمۇ ئۆزىنىڭ كۆمىچىگە چوغ تارتىش ئىكەنلىكىنى،
يەنى ئەپلەپ بىر يول تېپىپ چەت ئەلگە چىقىپ كېتىش تەمەسىدە
ئىكەنلىكىنى ھېس قىلىش مۇمكىن. چەت ئەللەرگە چىقىپ ئوقۇش-
نى ئارزۇ قىلىش تولىمۇ ياخشى، بىراق ئۇنىڭ مۇئەييەن ياخشى
بىر مەقسەت ئۈچۈن بولۇشى تېخىمۇ ياخشى. ئەگەر ئۇنداق بولماي-
دىكەن، ئۇنداق ئادەم يەنىلا نان كۈچۈكى ھېسابلىنىدۇ.

مەسئۇلىيەتسىز ئەۋلاد خاراكتېرسىز ئەۋلاد ھېسابلىنىدۇ. خا-
راكتېرسىز، تۇتۇرۇقسىز ئادەم ھەرقانچە ئالىم بولۇپ كەتسىمۇ،
جەمئىيەتكە كۆپ پايدا كەلتۈرەلمەيدۇ، خاراكتېرسىز، ئەقىدىسىز
ئالىم، دوكتورلاردىن كۆرە، بىزگە خاراكتېرلىك، ئەقىدىلىك ئادەت-
تىكى ئادەملەر كېرەك. خاراكتېرسىز، ئەقىدىسىز ئالىمنىڭ جەم-
ئىيەتكە كەلتۈرىدىغان پايدىسىدىن، ئەڭ ھالقىلىق پەيتلەردە كەلتۈ-
رىدىغان زىيىنى نەچچە ھەسسە چوڭ بولىدۇ. ئەگەر ئەقىدە بىلەن
سۇغىرىلغان، قەيسەر خاراكتېر يېتىلدۈرۈلگەن بالىلار ئالىملىق
شان ـ شەرىپىگە ئېرىشىپ قالسا، خۇددى يۈسۈپ خاس ھاجىپ،
مەھمۇد قەشقەرى، فارابى، ئەلىشىر ناۋائىلاردەك بىر پۈتۈن دەۋرنىڭ
تەرەققىياتىغا، تەقدىرىگە، مىللەتنىڭ، دۆلەتنىڭ تەقدىرىگە تەسىر
كۆرسىتەلىگۈدەك تەڭداشسىز كۈچكە ئىگە بولالايدۇ. ئۇلاردا ئەقىدە
ۋە خاراكتېر كۈچلۈك بولغاچقا، مەسئۇلىيەتمۇ كۈچلۈك بولغان.
يۈسۈپ خاس ھاجىپ پۈتۈن قاراخانىيلار دۆلىتىنىڭ، ھەتتا ئىنسا-
نىيەتنىڭ تەقدىرىگە كۆڭۈل بۆلگەن. ئۇ ئىنسانىيەتنىڭ ئىستىقبال
مەنزىلىنى كۆرسىتىپ بېرىش ئۈچۈن تىرىشچانلىق قىلغان. بىزنىڭ
كۆز ئالدىمىزدا يۈسۈپ خاس ھاجىپ ئۆز دەۋرىنىڭ پادىشاھلىرىغا:
ھەي پادىشاھ، ساڭا خۇدا بۇ ئورۇننى تويماس نەپسىڭنى تولدۇرۇش
ئۈچۈن ئاتا قىلمىدى، بەلكى پۈتۈن خەلقنى باياشاتلىققا ئېرىشتۈ-
رۈشنى ئامانەت قىلىپ تاپشۇردى. بىراق، سەن بۇ مەجبۇرىيىتىڭنى

ئادا قىلمىدىڭ، خەلق دەرد تارتىۋاتىدۇ، زوراۋانلىق، زۇلۇم ئەۋجى-
گە كۆتۈرۈلدى. قانۇن - تۈزۈم بۇزۇلدى. نۇرغۇن ئىشلار
ئاستىن - ئۈستۈن بولۇپ كەتتى، بۇنىڭغا ھەيران قالغۇچىلىكى
يوق. سەن ئەگەر پادىشاھ بولىدىغان بولساڭ، ئىلگىدىن زۇلۇمنى
يوقات، بىرىنى بىرى ئېزىدىغان تەڭسىزلىكنى سۈپۈرۈپ
تاشلا. . . . » دەپ خىتاب قىلىۋاتقانلىقىنى كۆرىمىز. مانا بۇ خاراك-
تېر، ئەقىدە تەربىيىسىنىڭ خاسىيىتىدىن ئېتىلغان مەسئۇلىيەت
ۋولقانى. ئۇلار ھەقىقەتنى ئوتتۇرىغا قويۇۋاتقان، ھەققە دەۋەت قى-
لىۋاتقان چاغدا ھەرقانداق ئادەمدىن تەپ تارتىپ، ھايا قىلىپ ئول-
تۇرماسلىققا ئادەتلەندۈرۈلگەن.

# سەككىزىنچى باب

## پەرزەنتلەرنى كىچىكىدىن باشلاپ مۇۋەپپەقىيەت قازىنىشقا رىغبەتلەندۈرۈش

پەرزەنتلىك بولغان ھەرقانداق ئاتا ـ ئانا بالىسىنىڭ ھايات مۇساپىسىدە مۇۋەپپەقىيەتلىك ياشاپ، تۇرمۇشتا، خىزمەتتە، ئۆگىنىشتە، كىشىلىك مۇناسىۋەتتە ئۇتۇق قازىنىپ، شان ـ شەرەپ قۇچۇشىنى ئارزۇ قىلىدۇ. پەرزەنتلەرنىڭ مۇۋەپپەقىيىتى ئەمەلىيەتتە ئاتا ـ ئانىلارنىڭ مۇۋەپپەقىيىتى، پەرزەنتلەرنىڭ مەغلۇبىيىتى ئاتا ـ ئانىلارنىڭ مەغلۇبىيىتى بولۇپ قالىدۇ. مۇۋەپپەقىيەت قازانغان بالا ئائىلىسىگىمۇ، جەمئىيەتكىمۇ شان ـ شەرەپ ئېلىپ كېلىدۇ، ئۆزىگىمۇ، ئائىلىسىگىمۇ، جەمئىيەتكىمۇ يۈز كېلەلەيدۇ. كىشىلىك ھاياتتا مەغلۇپ بولغان بالا ئۆزىگە، ئائىلىسىگە ۋە جەمئىيەتكە يۈز كېلەلمەيلا قالماي، بەلكى ئۆزىنىڭ قىممەتلىك ھاياتىنى بىھۇدە ئۆتكۈزۈۋېتىدۇ ـ دە، ھايات مۇساپىسىدىن ھېچقانداق نىشان قالمايدۇ. بۇنداق ھاياتنى تراگېدىيىلىك ھايات دەپ قاراشقا بولىدۇ. بۇنداق تراگېدىيىنىڭ يۈز بەرمەسلىكى ئۈچۈن ئاتا ـ ئانىلار پەرزەنتلىرىنى مۇۋەپپەقىيەتكە يېتەكلىشى، مۇۋەپپەقىيەتكە رىغبەتلەندۈرۈشى، مۇۋەپپەقىيەت قازىنىشى ئۈچۈن ماددىي ۋە مەنىۋى جەھەتتىن خېلى كۆپ بەدەل تۆلىشىگە توغرا كېلىدۇ. بەدەلسىز پەرزەنتلەر مۇۋەپپەقىيەت دەرۋازىسىنى ئوڭۇشلۇق ئاچالمايدۇ.

يۈسۈپ خاس ھاجىپ پەرزەنتلەرنىڭ غېمىنى يېيىش ئاتا ـ ئانىلارنىڭ قەرزى ئىكەنلىكىنى، ئەگەر ئاتا ـ ئانىلار پەرزەنتلەرنىڭ

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

غېمىنى يېمىسە، ئاقىۋەتتە ئۆزىنىڭ گۆشىنى ئۆزى يەيدىغانلىقىنى ئەپسۇسلىنىش بىلەن تىلغا ئالىدۇ:

1163 بىر تۈركىي ۋەزىر بەك ياخشى دەپتىكەن،
كۆرەر كۆز يورۇقى ئوغۇل - قىز ئىكەن.

1164 ئوغۇل - قىز غېمى بۇ — تۈۋى يوق دېڭىز،
ئوغۇل - قىز غېمىدىن سارغايدى مېڭىز.

1165 كىشىنىڭ بولسا ئوغلى - قىزى، خوتۇنى،
نېچۈك كۆرگەي ئۇنىڭ كۆزى ئۇيقۇنى؟

1166 ئوغۇل - قىزنى دەپ يەر ئاتا، ئۆز ئېتىن،[1]
ئوغۇل - قىز ئاتىماس ئاتانىڭ ئېتىن.

ئاتا - ئانا نېمىشقا بۇنچە غەم يەپ ئۇيقۇسىنى هارام قىلىدۇ؟ چۈنكى، ئوغۇل - قىز ئاتا - ئانىنىڭ كۆرەر كۆزى، يەنى ئاتا - ئانا دېگەن پەرزەنت ئۈچۈن ياشايدۇ. قايسى ئاتا - ئانا پەرزەنتلىك بولغاندىن كېيىن پەرزەنتى ئۈچۈن ياشىمىغان، پەرزەنتى ئۈچۈن ئۆلۈپ، پەرزەنتى ئۈچۈن ياش تۆكمىگەن؟ بىراق: «مەن كۆيەرمەن بالامغا، بالام كۆيەر بالىسىغا» دېگەندەك، ئاتا - ئانا ئوغۇل - قىزلىرى ئۈچۈن شۇنچە بەدەل تۆلىسىمۇ، لېكىن ئوغۇل - قىزلىرى ئاتا - ئانىسىغا ئېتىنى ئاتىمايدۇ، بىر ئاتا ئون بالىنى باقىدۇ، ئون بالا بىر ئاتىنى باقالمايدۇ. بىراق، ئاتا - ئانىلار پەرزەنتلىرىنىڭ ئۆزلىرىنى بېقىپ قويۇشىنى تەمە قىلىپ، پەرزەنت ئۈچۈن شۇنچە غەم يېمەيدۇ، بەلكى پەرزەنتلىرىنىڭ يارامىلىق ئادەم بولۇپ، ئەلگە

---

[1] ئېتىن - گۆشىنى دېگەن مەنىدە.

يارىشىنى ئۈمىد قىلىپ غەم يەيدۇ. يارامىلىق بالا ئەل ئارىسىدا ئاتا ـ ئانىسىنىڭ يۈزىنى يورۇق قىلىدۇ، ھاياتتا مەغلۇپ بولغان بالا ئاتا ـ ئانىسىنىڭ يۈزىنى قارا قىلىدۇ.

## 1. بالا كىچىكىدىن باشلاپلا چىڭ تۇتۇلۇشى كېرەك

بالىلارنى كىچىكىدىن باشلاپلا چىڭ تۇتۇپ تەربىيىلەشنىڭ مۇھىملىقىنى ھەممە ئادەم ياخشى چۈشىنىدۇ. شۇڭا ئەل ئارىسىدا «كىچىكلىكىدە ئۆگەنگەن بىلىم تاشقا مۆھۈر باسقاندەك، چوڭ بولغاندا ئۆگەنگەن بىلىم قۇمغا خەت يازغاندەك بولىدۇ» دېگەن يەكۈن، خەلقىمىز ئۇزۇن ئەسىرلەر داۋامىدا يەكۈنلىگەن پەرزەنت تەربىيىسىدە قايسى ھالقىنى چىڭ تۇتۇش كېرەكلىكى توغرىسىدىكى ئومۇملاشتۇرۇلغان تۇرمۇش ھەقىقەتلىرىنىڭ بىرى. مەھمۇد قەشقەرى بىزگە قالدۇرۇپ كەتكەن مۇنۇ تەمسىلدىمۇ ئادەمنىڭ يارامىلىق ئادەم بولۇشى كىچىكلىكىدە سېلىنغان ئاساسقا باغلىق ئىكەنلىكىنى تېخىمۇ ئوبرازلىق ئەكس ئەتتۇرۇپ بېرىدۇ: «ئۆي بولىدىغان كالا موزاي چېغىدىلا بەلگىلىك.» (1 ـ توم، 684 ـ بەت)

يۈسۈپ خاس ھاجىپ بۇ مەنىنى ئۆزى سەكراتقا چۈشكەن ئاتا ئايتولدىنىڭ تىلىدىن مۇنداق يېشىدۇ: «خۇدا ھەرقانداق ئىشنى بىرەر سەۋەبى بىلەن ياراتقان. ئاتا ـ ئانا ئوغۇل ـ قىزنىڭ سەۋەبچىسى، ئۇلارنىڭ قىلىقى ياخشى بولسۇن، يامان بولسۇن، چوڭ مەسئۇلىيەت ئاتا ـ ئانىدا بولىدۇ. ئوغلۇم مەندىن كىچىك يېتىم قالدى. ئەگەر مېنىڭ ئۆزۈڭدە خادىملىق ھەققىم بار دەپ تونۇساڭ، سەن سەۋەبچى بولۇپ، ئۇنى ياخشى يولغا ئۈندىگىن. ئۇنىڭغا ئەدەپ ـ ئەخلاقتىن تەربىيەت قىلغىن. پەزىلەت ۋە بىلىم بىلەن ئەلگە يارامىلىق ئادەم بولسۇن. ئۇنى بوش قويۇپ بەرمە، قاتتىق تۇت. پەرزەنت چىڭ تۇتۇلمىسا كېيىن بەختىنى تاپالمايدۇ. شۇڭا كونىلار: بالىنى كىچىكىدىن تارتىپ ئوقۇتۇش كېرەك، كىچىكىدە

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

ئۆگەنگەن بىلىمنىڭ ئۈنۈمى چوڭ بولىدۇ، ئوغۇل - قىزىڭنى ئايىماي ئۇر، بۇ تاياق ئۇلارغا بىلىم ئۆگىتىدۇ. بالا كىچىك چېغىدا بىلىم ئىگىلىگەن بولسا، قېرىپ ئۆلگۈچە ئۇنتۇمايدۇ. دېگەن.» (1485 ~ 1495)

بىز بۇنى يارامىلىق، مەسئۇلىيەتچان بىر ئاتىنىڭ ئۈمىدى ۋە ئارزۇسى دەيمىز. ئۇ ئۆلۈش ئالدىدىمۇ پەرزەنتىنىڭ يارامىلىق ئادەم بولۇپ ئەلگە يارىشىنى ئۈمىد قىلىۋاتىدۇ. ئۇيغۇرلار بالىجانلىق مىللەت، بالا ئۈچۈن ياشايدۇ، بالا ئۈچۈن كۆيۈپ - پىشىدۇ، بۇنىڭدىكى مەقسەت ھەرگىزمۇ شەخسىي مەنپەئەت تەمەسى ئەمەس، بەلكى ئەلنىڭ مەنپەئەتى، ئەلنىڭ ئىستىقبالى، ئەلنىڭ مەنپەئىتى كاپالەتكە ئىگە بولسا، ئاندىن پەرزەنتلەرنىڭ مەنپەئىتى كاپالەتكە ئىگە بولىدۇ. شۇڭا يۈسۈپ خاس ھاجىپ پەرزەنتلەرگە قويغان تەلىپىدە: «سەن ئۆزۈڭنىڭ مەنپەئىتىنى دېمە، ئەلنىڭ مەنپەئىتىنى دە، سېنىڭ مەنپەئىتىڭ ئەلنىڭ مەنپەئىتى ئىچىدە بولىدۇ» دېگەن دىئالېكتىك باغلىنىشنى جاكارلايدۇ. «تۈركىي تىللار دىۋانى»دا مەھمۇد قەشقەرى پەرزەنتلەرگە مۇنداق نەسىھەت قىلىدۇ: «ئەي ئوغلۇم، مەندىن ئۆگۈت - نەسىھەت ئال، ئەدەپلىك ۋە تەرتىپلىك بولۇشقا تىرىش، تاكى ئەل ئىچىدە ئۇلۇغ ئالىم بولۇپ، ئەدەپ ۋە ئىلىم - ھېكمەت تارات.» (1 - توم، 72 - بەت). «ئەي ئوغلۇم، ئۆگۈت - نەسىھەتنى قوبۇل قىل، ئۆزۈڭدىن نادانلىقنى نېرى كەتكۈز؛ تالقىنى بولغان كىشى ئۇنىڭغا شېرىنە قاتىدۇ، ئەقلى بولغان كىشى ئۆگۈت - نەسىھەتنى قوبۇل قىلىدۇ.» (1 - توم، 574 - ، بەت) «بىلىملىك ئادەمنى ئىززەتلەپ، سۆزىنى ئىشىت، پەزىلىتىنى ئۆگىنىپ ئىشقا ئاشۇر.» (1 - توم، 558 - بەت) مانا بۇ ئۇيغۇرلارنىڭ پەرزەنت تەربىيىلەش ئەنئەنىسىدە ئەۋلادتىن - ئەۋلادقا مىراس بولۇپ كېلىۋاتقان ئۈلگە.

يۈسۈپ خاس ھاجىپ پەرزەنتلەرنى كىچىكىدىن قاتتىق تۇتۇشنى، ئۇلارنى مەيلىگە قويۇپ بېرىپ ياۋا ئۆگىتىپ قويماسلىقنى،

ئەگەر بالىلار ئەركە ئۆگىنىپ قالسا، ئۇ بالىدىن قولنى يۇيۇۋېتىشكە تۇغرا كېلىدىغانلىقىنى، ئوغلى ئۆگدۇلمىشقا مىراس سۆز سۈپىتىدە تاپىلايدۇ: «ئوغلۇم، مېنىڭ پۈتۈن غېمىم سېنىڭ مېنىڭدىن كې-يىن قانداق ياشىشىڭدا. ئاتا - ئانىنىڭ ئەجرى پەرزەنتىگە ئوبدان سىڭىدىغان بولسا، ئۇ پەرزەنتىنىڭ خۇي - پەيلىمۇ ياخشى بولىدۇ. پەرزەنتنى چىڭ تۇتۇپ تەربىيىلىگەن ئاتا - ئانا بەختلىكتۇر. ئەگەر پەرزەنت چىڭ تۇتۇلماي، ئەركە بولۇپ قالىدىكەن، ئۇنىڭدىن ئۈمى-دىنى ئۈزۈشى كېرەك. پەرزەنتلىك ئاتىنىڭ بۇرچى پەرزەنتلەرنى چىڭ تۇتۇپ باشقۇرۇش، ياخشى تەربىيىلەشتۇر. كۆپ پەرزەنت تەربىيىلەپ بېشىدىن ئىش ئۆتكەن ئادەملەرمۇ: كىمنىڭ ئوغۇل - قىزلىرى ئەركە چوڭ بولىدىكەن. ئاخىرى ئاتا - ئانا ئۆزلىرى ھەسرەت چېكىپ يىغلايدۇ. بالىلىرىنى كىچىك چاغدا ياۋا ئۆگىتىپ قويسا، بالىلاردا گۇناھ يوق، ئۇنىڭ جاپاسى يەنىلا ئاتا - ئانىغا بولىدۇ. ئوغۇل - قىزنىڭ خۇي - پەيلى يامان بولسا، ئۇنىڭ مەسئۇلىيىتى پۈتۈنلەي ئاتا - ئانىدا. پەرزەنت قىسىپ تۇتۇلسا زورايغاندا سۆيۈنىدۇ. ھەي ئاتا بولغۇچى، ئوغۇل - قىزلىرىڭ بولسا ئۇلارغا ياخشى پەزىلەت ۋە بىلىم ئۆگەتكىن، بولمىسا كېيىنكىلەر سەندىن كۈلىدۇ، دېگەن.» (1216 ~ 1227)

يۇقىرىقى تەۋسىيە ھەرقانداق بىر ئاتا - ئانا ئۈچۈن ئورتاقتۇر. بالىلارنىڭ خۇي - پەيلى ئاتا - ئانىنىڭ سىڭدۈرگەن ئەجرىگە باغ-لىق. ئادەم ئۆز تەبىئىتىدىن تەربىيىلىنىشكە موھتاج. چۈنكى، ئادەم تۇغۇلغاندا بىلىمسىز ھالەتتە تۇغۇلىدۇ، ئۇنىڭ بۇ دۇنيانىڭ ئىشلىرىدىن قەتئىي خەۋىرى يوق، ئۆرپ - ئادەت، قائىدە - يوسۇن دېگەنلەرنىمۇ بىلمەيدۇ، پەقەتلا بىر ئاق قەغەزگە ئوخشايدۇ. بۇ ۋاقىتتىكى بىزگە مەلۇم بولمىغان بىر نازۇك ھەيرانلىق ۋە قىزىقىش بارا - بارا يېتىلىدۇ. يۈسۈپ خاس ھاجىپمۇ: «ئادەم تۇغۇلغاندا بىلىمسىز تۇغۇلىدۇ، كېيىن يورۇپ، ئۆگىنىپ، ئاندىن ئىلىم تۆرىگە چىقىدۇ» دەيدۇ. دىنىي ئەقىدىدىمۇ ھەرگىز بالا بىلىملىك، ئالىم بولۇپ تۇغۇلىدۇ، دېمەيدۇ. بەلكى، بىلىمسىز ھالەتتە تۇغۇ-

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

لىدۇ، تەلىم ـ تەربىيە ئارقىلىق يېتىلىدۇ، قانداق تەربىيە بېرىلسە شۇنداق ئادەم بولىدۇ، دەپ قارايدۇ. مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام بىر ھەدىسىدە: «ئالىم بولغىن ياكى ئۆگەتكۈچى بولغىن، ئاڭلىغۇچى بولغىن ياكى ئىلىم ئاشىقى بولغىن، بەشىنچىسى بولمىغىن، بولمىسا ھالاك بولىسەن.»[①] دېگەن. باللارغا قانچىلىك كۆپ نەرسىلەرنى بىلدۈرسە، قانچىلىك ئەجىر قىلىنسا، شۇنچىلىك ئۈنۈمى بولىدۇ. قانچىكى ئاز نەرسە ئۆگەتسە، ئەجرى ئاز سىڭدۈرۈلسە ئۇنىڭ ئەقلىي يېتىلىشى شۇنچىلىك ئاستا ۋە ئۈنۈمسىز بولىدۇ. ئادەمنىڭ بەزى تەبىئىتىمۇ خۇددى دەرەخكە ئوخشايدۇ، قانچىلىك تەربىيەت، بېقىش تاپسا شۇنچىلىك مېۋە بېرىدۇ، ئەگەر بېقىش تاپمىسا، ئەجىر قىلمىسا مېۋىمۇ بەرمەيدۇ، ئەكسىچە بارا ـ بارا قۇرۇپ ئوتۇن بولىدۇ. ئەمدىكى گەپ ئەجىرنى قانداق قىلىشتا. چۈنكى ئادەم ئۇ دەرەخ ئەمەس، سۇغىرىپ، ئوغۇتلاپ قويسا كۆكلەۋېرىدىغان. ئادەم ئەقىلگە، تەجرىبىگە موھتاج. ئادەمنىڭ تەربىيەسى دۇنيادىكى ئەڭ نازۇك ۋە مۇرەككەپ بىر جەريان. بۇ ئىش ئاش ـ نان بېرىپ بېقىش بىلەنلا ئورۇندالمايدۇ. يۈسۈپ خاس ھاجىپ شۇڭا ئەجىر قانچىلىك سىڭسە بالىلارنىڭ خۇي ـ پەيلى شۇنچىلىك ياخشى بولىدۇ، دېگەن. بىر ھەدىستە: «ئاتا ـ ئانا بالىغا ياخشى ئەدەپتىن ئارتۇق نەرسە بېرەلمەيدۇ.»[②] يەنە مۇنداق دەيدۇ: «پەرزەنتىڭلارنى ئەمىر ـ پەرمانلارغا بويسۇنۇشقا، نەھى ـ مۇنكىر ئىشلاردىن يىراق بولۇشقا بۇيرۇڭلار، شۇنداق قىلىش ئۇلارنى دوزاختىن قۇتۇلدۇرۇپ قالغانلىقتۇر.»[③] يۈسۈپ خاس ھاجىپ شۇڭا يۇقىرىقى ئەمىرنى ئىجرا قىلىپ: «ئادەمدىن ئادەمگە قالىدىغان ھېكمەت بىلەن يۇغۇرۇلغان مىراس سۆزدۇر، مىراس سۆزنى تۇتسا مىڭ پايدىغا ئېرىشىدۇ. بالام، مەن بۇ نەسىھەتلەرنى ساڭا قىلدىم. بۇ نەسىھەتلىرىمنى سەن ئۈچۈن قىلدىم. ساڭا مەندىن ھەرقانچە ئالتۇن ـ كۈمۈش قالسىمۇ، بۇ سۆزلىرىمگە تەڭ كەلمەيدۇ. كۈمۈشنى

---

① تەبرانى رىۋايەت قىلغان.
② تىرمىزى رىۋايەت قىلغان.
③ ئىبنى جەرىر رىۋايەت قىلغان.

خەجلىسەڭ تۈگەيدۇ، يوقىلىدۇ، سۆزلىرىمنى يادىڭدا تۇتۇپ ئىش-
لەتسەڭ كۈمۈش قازىسەن» دېگەن. ئاتا- ئانىلار شۇنى ئۇنتۇماسلى-
قى كېرەككى، پەرزەنتى دوزىخى بولغان ئاتا- ئانا جەننەتكە كىرمەي-
دۇ، پەرزەنتى جەننەتتى بولغان ئاتا - ئانا ھەرگىزمۇ دوزاخ بەندىسى
بولمايدۇ. يۈسۈپ خاس ھاجىپنىڭ پەرزەنتلەرگە ئەجرى كۆپ سىڭ-
گەن ئاتا - ئانا بەختىياردۇر، دېگەن سۆزىنىڭ مەنىسى شۇ يەرگە
بارىدۇ. مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام: «بىر ئادەمنىڭ بىر ياكى ئىككى
قىزى بولۇپ، ئۇنى ياخشى، پەزىلەتلىك، تەقۋادار قىلىپ تەربىيە-
لەپ قاتارغا قوشسا، ئۇ باللار ئۇ ئاتا- ئانىنىڭ جەننەتكە كىرىشىگە
سەۋەبچى بولىدۇ» دېگەن (بۇخارى رىۋايەت قىلغان) . ئەگەر مۆمىن
ئاتا ـ ئانا بولىدىغان بولسا، پەرزەنتلىرىگە كۆپ ئەجىرى قىلىپ
يارامىلىق تەربىيىلەشتىن ئارتۇق ئىبادەت يوق. مۇھەممەد ئەلەيھىس-
ــسالام بۇ دۇنياغا كېلىپ كەتكەن ئادەملەرنىڭ توپلىغان مال ـ
دۇنياسى ۋە باشقا نەرسىلىرىنىڭ ھەممىسىنىڭ قالىدىغانلىقى، پە-
قەت مۇنداق ئۈچ ئەمەلىنىڭ ئۆزى بىلەن بىللە بارىدىغانلىقىدىن
خەۋەر بېرىپ مۇنداق دېگەن: «ئەگەر ئىنسان ئۆلسە، ئۇنىڭ ئۈچ
خىل ئەمەلىدىن باشقا ئەملى ئۈزۈلۈپ قالىدۇ، بىرىنچى، ساۋابى
داۋاملىق يېتىپ تۇرىدىغان سەدىقە (مەسچىت، مەدرىسە، يول،
كۆۋرۈك قاتارلىقلارغا ئوخشاش كىشىلەرگە داۋاملىق مەنپەئىتى يې-
تىپ تۇرىدىغان ئەسلىھەلەر ئۈچۈن قىلغان ئەجىر ـ تۆھپىسى) ؛
ئىككىنچى، مەنپەئەت قىلىدىغان ئىلىم (ئۇنى باشقىلارغا ئۆگى-
تىش، تەربىيىلەش ئارقىلىق شۇ ئىلىمنى داۋاملاشتۇرغۇچى ئىزبا-
سار، شاگىرت، باشقىلارغا ھەرقاچان مەنپەئەت بېرىپ تەربىيىلەي-
دىغان، ياخشى ئىشلارغا بۇيرۇپ، يامانلىقتىن توسىدىغ-
ــان كىتاب) ؛ ئۈچىنچى، ئۆزى ئۈچۈن دۇئا قىلىپ تۇرىدىغان
(ياخشى ئىشلارنى قىلىپ ئاتا ـ ئانىسىنىڭ روھىنى خۇش قىلىدى-
غان) سالىھ پەرزەنت. »[1]

يۇقىرىقى بايانلاردىنمۇ يۈسۈپ خاس ھاجىپ تەكىتلەپ ئاتا ـ

---

① مۇسلىمىن رىۋايەت قىلغان.

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

ئانىلارغا ھاۋالە قىلغان پەرزەنتلەرنى كىچىكىدىن چىڭ تۇتۇپ تەربىيىلەشنىڭ ئەھمىيىتىنى چوڭقۇر ھېس قىلىش مۇمكىن.

بالىلارنى كىچىكىدىن چىڭ تۇتۇش دېگەننىڭ يەنە بىر مەنىسى يۇسۇپ خاس ھاجىپنىڭ پەرزەنتلەرنى ياۋا، ئەركە ئۆگىتىپ قويماسلىقا قىلغان دەۋىتىدە ئەكس ئېتىدۇ. ھەرقانداق ئادەمنىڭ بالىسى تاتلىق، ھەتتا ھايۋانلار ئۇچۇنمۇ بالىسى شۇنداق سۆيۈملۈك. ھەممە ئاتا - ئانا بالىسىغا كۆيۈنىدۇ. بىراق، كۆيۈنۈشنىڭ ئۇسۇلى ئوخشىمايدۇ. بالىلارنى كىچىكىدىن تارتىپ چىڭ تۇتۇپ تەربىيىلەشمۇ بىر خىل كۆيۈنۈش، بالىلارنىڭ دېگىنىنى قىلىپ بېرىپ ئۇلارنىڭ رايىغا بېقىپ چوڭ قىلىشمۇ بىر خىل كۆيۈنۈش ئۇسۇلى، بىراق ئالدىنقىسى ھەقىقىي مەنىدىكى كۆيۈنۈش ھېسابلانسا، كېيىنكىسى بالىنى بۇزۇپ، يولدىن چىقىرىش، كېيىنكى ئىستىقبالىغا ئولتۇرۇش ھېسابلىنىدۇ. «بالا كىچىكىدە چىڭ تۇتۇلسا، چوڭ بولغاندا سۆيۈنىدۇ» دېگەن گەپنىڭ قارىمۇقارشىسىدا ئەگەر بالا كىچىكىدە ھەددىدىن ئارتۇق ئەركە، ئۆز بېشىمچى بولسا، چوڭ بولغاندا جەمئىيەت ئۇنىڭغا ئەدەپ بېرىدۇ، دېگەنلىك بولىدۇ. بالىسىنى ئەركە ئۆگىتىپ قويۇپ، ئۇنىڭ دەردىنى تارتمىغان كىم بار: «پەرزەنتىڭلارنى ئىززەتلەش بىلەن بىللە ئەدەپ - ئەخلاقىنىمۇ ياخشىلاڭلار» دېگەن ھەدىستىمۇ كۆيۈنۈش بىلەن تەرتىپكە سېلىشنىڭ مۇناسىۋىتىنى توغرا بىر تەرەپ قىلىش تەكىتلەنگەن.

## 2. بالىلارغا ئىشەنچ ۋە ئۈمىد بېرەيلى

ئىنسانىيەت قازانغان ئۇلۇغ مۇۋەپپەقىيەتلەرنىڭ ھەممىسى ئىشەنچتىن كەلگەن. ئەگەر ئادەمدە ئىشەنچ ۋە ئۈمىد نېمىتى بولمىغاندا، بۇ دۇنيا ئۇنچە گۈزەل ئەمەس، بەلكى ئازاب ئۆيى بولۇپ قالغان بولاتتى. دۇنيانىڭ كۆلپەتلىرىگە بەرداشلىق بېرەلمەي تاشلارغا ئۇسۇۋېلىپ، سۇلارغا ئۆزىنى تاشلىۋېلىپ ئۆلۈۋالغان ئادەملەر

تېخىمۇ كۆپ بولغان بولاتتى.

ئادەمدىكى ئۈمىدۋارلىق ۋە ئىشەنچ كىشىلەرنى روھىي جەھەت-
تىن ساغلام قىلىدىغان مەنىۋى ئوزۇق. ئۈمىد ۋە ئىشەنچ ئادەمنىڭ
روھىغا ئاراملىق، خاتىرجەملىك ۋە سۈزۈكلۈك بېرىدۇ، قاننى راۋان
قىلىپ يۈرەكنىڭ ئەركىن سوقۇشىغا مەدەتكار بولىدۇ. ئۈمىدسىز-
لىك، ئىشەنچنى يوقىتىپ قويۇش ئادەمنى بىئاراملىق بالاسىغا سا-
لىدۇ، بۇرۇقتۇرمىلىق، خاتىرجەمسىزلىك ۋە تەشۋىش بىلەن قان-
نىڭ تومۇرلاردا ئەركىن يۈرۈشىگە ئەكس تەسىر كۆرسىتىدۇ، ھۈ-
جەيرىلەرنىڭ ئۆلۈشىنى تېزلىتىدۇ، نەتىجىدە ئادەم ئوڭايلا ھەر
خىل كېسەلگە گىرىپتار بولىدۇ. «نەم تۆمۈرنى يەيدۇ، غەم ئۆمۈر-
نى يەيدۇ» دېگەن ھېكمەتنىڭ ھەقىقەت ئىكەنلىكىنى بىلىش كې-
رەك. ئۈمىدسىزلىك ۋە ئىشەنچتىن مەھرۇم بولۇش ئادەمنى غەمگە
مۇپتىلا قىلىدۇ. ئادەم قانچىلىك ئۈمىدسىزلەنگەنسېرى شۇنچىلىك
غەمگە پاتىدۇ. يەنە بىر جەھەتتىن، پسىخىك ساغلاملىقنىڭ بۇزۇلۇ-
شىنىڭ مۇھىم سەۋەبلىرىدىن بىرى، ئۈمىد رىشتىنى قولدىن بېرىپ
قويۇش ئىكەنلىكى پسىخولوگىيە ئاللىبۇرۇن ئىسپاتلىغان تەجرىبى-
دۇر. ئادەمنىڭ نېرۋىسى ھەددىدىن ئارتۇق ئۈمىدسىز-
لىككە، غەم ـ غۇسسىگە بەرداشلىق بېرەلمەيدۇ. ئادەم ئۆزىنىڭ
نېرۋا سىستېمىسىنى ئۈمىد ۋە ئىشەنچ بىلەن روھلاندۇرۇپ، ياشار-
تىپ تۇرۇش لازىم بولىدۇ. بىراق، بۇنى ئادەم چوڭ بولۇپ كەتكەن-
دىن كېيىن يېتىلدۈرۈۋالىمەن، دېگىلى بولمايدۇ. قۇرامىغا يەت-
كەندىن كېيىن ھەرقانچە ئۆزىنى روھلاندۇرىمەن دېسىمۇ، ئۈمىد-
سىزلىكنى كاللىسىدىن چىقىرىۋېتىمەن دېسىمۇ، ئۇنىڭ ھۆددىسى-
دىن چىقىش تولىمۇ تەسكە چۈشىدۇ. بۇنىڭ ئۈچۈن ئاتا ـ ئانىلار
بالىلارنى كىچىكىدىن باشلاپ ئۈمىدكە، ئىشەنچكە ئىگە قىلىشى ۋە
شۇنىڭغا ئادەتلەندۈرۈشى كېرەك. ئۈمىدۋار تەربىيىلەنگەن بالىلار
چوڭ بولغاندا خېلى زور مۇشەققەتلەر ئالدىدىمۇ باش ئەگمەيدىغان
ياخشى خاراكتېر يېتىلدۈرىدۇ. بۇ جەھەتتىكى تەربىيىگە كۆڭۈل

بۇلۇنمىگەندە، ئازغىنا زەربىمۇ باللارنى كېرەكتىن چىقىرىپ تاشلايدۇ. كىشىلىك تۇرمۇش ئەمەلىيىتىدىن بۇنداق مىساللارنى كۆپ ئۇچرىتىپ تۇرىمىز.

يۈسۈپ خاس ھاجىپنىڭ ۋۇجۇدىنى ئاتا ـ ئانىسى ئۈمىد ۋە ئىشەنچ نۇرى بىلەن يورۇتقان. شۇڭا ئۇ ئۈمىد ۋە ئىشەنچنىڭ ئادەمنىڭ ھاياتىدا، مۇۋەپپەقىيەت چوققىسىغا ئوڭۇشلۇق چىقىشتا قانچىلىك مۇھىم ئىكەنلىكىنى چۈشىنىپ يەتكەن. شۇڭا، ئۈمىد ۋە ئىشەنچ ھەققىدىكى چۈشەنچىسى تېخىمۇ تەرەققىي قىلىپ پەلسەپىۋى ئىدىيىگە ئايلانغان. ئۇ ئۈمىد توغرىسىدا مۇنداق دەيدۇ: «ئادەم ھەرقانداق ئىشقا ئۈمىد بىلەن قەدەم قويسا، ھەربىر قەدەمدە ئۈمىد ئۇنىڭغا يار بولىدۇ. ئادەم تولۇپ تاشقان ئىشەنچ بىلەن ھاياتقا قەدەم قويىدىكەن، يىراق يەرمۇ يېقىنلىشىدۇ. كىشى ئۆزىنىڭ ئارزۇسى بىلەن يۈرسە، ئۇنىڭغا ئۇ يولدا ئۇچرىغان مۇشەققەتمۇ بىلىنمەيدۇ، جاپالىق ھېس قىلمايدۇ.» (3323 ~ 3325)

يۈسۈپ خاس ھاجىپ ئۈمىدنى ئاللا ئاتا قىلغان نېمەتلەرنىڭ بىرى دەپ قوبۇل قىلىشنى ۋە ئۈمىدتىن ۋاز كەچمەسلىكنى تەشەببۇس قىلىدۇ. ئۈمىد بىر قاناتكى، ئادەمنى كۆكتە پەرۋاز قىلدۇرىدۇ، ئۈمىدسىزلىك بىر كېسەلدۇركى، ئۇ ئادەمگە چاپلىشىۋالسا ئادەمنى چۈشكۈنلۈككە، ھالاكەتكە سۆرەيدۇ. ئىسلام ئەقىدىسى بويىچە قارىغاندىمۇ، ئىسلام دىنى ئىنسانلارغا ئۈمىد بىلەن ياشاشنى دەۋەت قىلىدۇ، ئۈمىدسىزلىكنى ئىمانسىزلىق دەپ قارايدۇ. ئىسلام دىنىدا ھەرقاچان تىلغا ئېلىنىدىغان «ئاللاغا تەۋەككۇل قىلىش» چىن مەنىسىدىن ئاللانىڭ چەكسىز رەھمىتىگە ئىشىنىپ ئۈمىد ۋە ئىشەنچ بىلەن ياشاش مەنىسىنى بېرىدۇ، ھەرگىزمۇ ئىشلىمەي، ھەرىكەت قىلماي رىزقىنى ئېتىكاپتىن كۈتۈش مەنىسىنى بەرمەيدۇ، مانا مۇشۇ نازۇك مەسىلىدە تارىختىن بۇيان قارىمۇقارشى چۈشەنچىلەر ئوتتۇرىغا قويۇلۇپ، ئەۋلادلارنى تەييارتاپ، ھورۇن، بىچارە ھالغا چۈشۈرۈپ قويۇشقا سەۋەب بولغانىدى. «تەۋەككۇل» گە بې-

ـرىلگەن خاتا چۈشەنچىنىڭ ئەۋلادلارغا سىڭدۈرۈلۈشى بىلەن ئۇيغۇر-لارنىڭ ھاياتقا بولغان ئۈمىدۋارلىق روھىنى پۈتۈنلەي قامال قىلىپ، ئىبادەتكىلا يۆلىنىۋېلىپ، ئەمەلىي ئىش قىلمايدىغان دۇئاگوي ئا-دەملەرگە ئايلاندۇرۇپ قويۇشقان.

بۇخارى رىۋايەت قىلغان بىر ھەدىستە ئىبنى ئابباس مۇنداق دېگەن: «بىر كىم ئۆزى بىلمەيدىغان نەرسىنى ئاللا بىلىدۇ، دېمە-سۇن، ئاللا ئۇنىڭدىن باشقىنىمۇ بىلىدۇ، ئاللا بىلمەيدىغاننىمۇ بىلىدۇ، يوقىرىقىدەك دېيىش ئاللانىڭ ئالدىدا (خاراكتېر جەھەت-تىن) ئېغىردۇر» دېگەن. بۇ يەردە دېمەكچى بولغىنى شۇكى، ئادەم ئۆزى بىلىدىغان ۋە بىلەلەيدىغان ئىشلارنىمۇ ئاللاغا نىسبەت بېرىش، ئــاللانىڭ قۇدرەت كامالىتىگە نىسبەتەن تۆۋەنلىتىش ئىپادىسىنى ئىپادىلەپ قويىدۇ. ئادەم ئاللا بىلدۈرگەن نەرسىلەرنىڭ ھەممىسىنى بىلەلەيدۇ، ئادەمنىڭ قىلالىشىغا ئىرادە قىلىنغان ئىشلارنىڭ ھەم-مىسىنى قىلالايدۇ. بىر ئادەم بىلمىگەننى يەنە بىر ئادەم بىلەلەيدۇ، بىــر ئادەم قىلالمىغاننى يەنە بىر ئادەم قىلالايدۇ. ئۆتمۈشتىكى ئادەملەر قىلالمىغان ئىشلارنى ھازىرقى ئادەملەر قىلالايدۇ، ھازىرقى ئادەملەر قىلىشقا قۇربى يەتمىگەن ئىشلارنى كەلگۈسىدىكى ئادەملەر قىلالىشى مۇمكىن. بەندىنىڭ بىلىشىگە، قىلىشىغا ئىرادە قىلىن-مىغان ھەرقانداق ئىشنى قاچانلا بولمىسۇن، ئادەم قىلالمايدۇ. ئادەم ئازراق تىرىشچانلىق قىلسىلا، قولىدىن كېلىدىغان ئىشلار ئۈچۈنمۇ ئاللانى ئاۋارە قىلىش، ئۇنىڭ قىلىپ بېرىشىنى تەلەپ قىلىش ئاللا بىلەن بەندە ئوتتۇرىسىدىكى بىلىش ۋە قۇدرەت پەرقىگە نىسبەتەن شەك كەلتۈرۈش بولۇپ قالىدۇ. ئادەملەرنىڭ ئاسمانغا چىــقالىشى مۇمكىن ئەمەس دەپ قاراش، ئاللانىڭ ئىنسانغا ئاتا قىلغان كۈچ-قۇدرىتىدىن گۇمانلىنىشنى تۇغدۇرىدۇ. «قۇرئان كەرىم» دە ئىنسانلارنى كۈچ-قۇدرەتكە تايىنىپ ئاسمانغا چىقالىسا چىقىشقا ئىجازەت بېرىلگەن ۋە شۇنداق ئىقتىدارنى ئاتا قىلغان. ھەتتا ئاسمانغا ئىلىم-پەننى، تۇمۇرنى ۋاستە قىلىش ئارقىلىق

يەتكىلى بولىدىغانلىقىدىن بېشارەت بېرىلگەن. بىراق، ئۆز دەۋرىدە بۇ ئىرادىنىڭ ھەقىقەتكە ئىنسانلار ئىشەنمىگەن ھەم ئۇ ئايەتنىڭ مەنىسىنى چۈشەنمىگەن. شۇڭا، خاتا ھالدىلا «ئۆلۈمدىن قېچىپ ئاسمانغا چىقىپ كېتەلمەيسەن» دېگەن مەنىدە تەپسىر قىلىشقان. ئەمەلىيەتتە 20 - ئەسىردە يۇقىرىقى ئايەتنىڭ ئىجراسى ئىنسانلار تەرىپىدىن ئورۇندالدى. بۇ ئىنسانلارنىڭ ئاللا ئاتا قىلغان ئىشەنچ، ئۈمىد ۋە قۇۋۋەت جەھەتتىكى نېمىتىنىڭ شان - شەرىپى ئىدى. بىزنى ھاياجانغا سالىدىغان بىر ئىش شۇكى، يۇسۇپ خاس ھاجىپ يۈكسەك ئىشەنچ بىلەن 11 - ئەسىردىلا ئىلىم - پەنگە تايىنىپ ئاسمانغا چىقىشقا بولىدىغانلىقىدىن ئىبارەت تەسەۋۋۇرنى جاكارلىغانىدى. بۇنىڭدىن قارىغاندا، ئۈمىد ۋە ئىشەنچ بىلەن تەربىيىلەنگەن باللار يۈرەكلىك، مۇستەقىل پىكىر قىلالايدىغان، ئىجادچانلىق روھىغا باي ئادەم بولۇپ يېتىلىدىكەن.

ئادەم دېگەن تەن بىلەن روھنىڭ بىرىكىشىدىن تەشكىل تاپقان بىر پۈتۈنلۈك. ئادەمنىڭ روھىي دۇنياسى ئۈمىد، تەسەۋۋۇر، تەپەككۇر، ھېسسىيات، ئىرادە، ئىشەنچ، شىجائەت قاتارلىق روھىي پائالىيەتلەرنىڭ يىغىندىسى. ئۇلار بىر - بىرىنى شەرت قىلىپ، بىر - بىرىگە تەسىر كۆرسىتىش ئارقىلىق ئۆزىنىڭ رولىنى جارى قىلدۇرىدۇ. ئەگەر بۇلارنىڭ بىرى ئاجىزلاشسا يەنە بىرىمۇ ئاجىزلىشىدۇ. ئادەمنىڭ تەپەككۇر ئىقتىدارى دۇنيانى بويسۇندۇرۇش قابىلىيىتىگە ئىگە. تەپەككۇر دېگەن ئۈمىد، ئىشەنچتىن قوزغالغان ئىرادىنىڭ تۈرتكە بولۇشى ئارقىلىقلا ئۆزىنىڭ رولىنى جارى قىلىشىنىڭ تۈرتكىسىگە ئېرىشەلەيدۇ. ئەگەر ئىنسانلاردا ئۈمىد ۋە ئىرادە كۈچى بولمىغاندا ئىدى، بۇ دۇنيا زۇلمەتكە پاتقان، تەرەققىي قىلىپ ھازىرقىدەك پەللىگە يېتەلمىگەن بولاتتى. ئۈمىد، ئىرادە بولمىغان ئادەمدە ئىزدىنىش، تىرىشچانلىق، ھەتتا ئىجادىي تەپەككۇر قىلىش پائالىيەتلىرىدىن سۆز ئېچىش مۇمكىن ئەمەس، ئۈمىدسىز ئادەمنىڭ تەپەككۇرى تورمۇزلانغان بولىدۇ، تەپەككۇرى



www.uyghurkitap.com

تورمۇزلانغانىكەن، ھەرگىزمۇ چىقىش يولى تاپالمايدۇ. ئۆزىنى ئۆزى ئۆلتۈرۈۋالغان، كەسپىنى تاشلاپ كەيپ-ساپاغا بېرىلگەنلەر، ھەمىشە غەم-قايغۇ ئىچىدە ھەسرەت چېكىپ ئۆزلىرىنى خارلىققا مەھكۇم قىلغانلارنىڭ ئەسلىي سەۋەبىنى سۈرۈشتۈرگەندە ئۈمىدسىزلىك، چۈشكۈنلۈك، ئامالسىزلىقنىڭ ھەممىنى بېسىپ چۈشكەنلىكىنى كۆرۈۋالغىلى بولىدۇ.

تارىخىمىزدا ئاتا-ئانىلارغا سىڭىپ قالغان خاتا «تەۋەككۇل» نىڭ ئاسارىتىدە، بالىلارغا «تەۋەككۇل» نىڭ مەنىسىنى توغرا چۈشەندۈرەلمىدى. بىر قىسىم تەييارتاپ، ھۇرۇن، «تەۋەككۇل» نىڭ مەنىسىنى بۇرمىلىغۇچىلار ئاساسلىنىۋالغان ھەدىس: «ئەگەر سىلەر ئاللاغا ھەقىقىي تەۋەككۇل قىلىدىغان بولساڭلار، ئاللا سىلەرگە ئەتىگەندە قورسىقى ئاچ كېتىپ كەچتە قورسىقىنى تومپايتىپ قايتىپ كېلىدىغان قۇشلارغا رىزىق بەرگەندەك رىزىق بېرىدۇ.» ئەخمەت يەسەۋى كەبى تەسەۋۋۇپچىلارنىڭ «قۇتادغۇبىلىك» تە يارىتىلغان تەركىدۇنيا زاھىت ئۇدغۇرمىشنىڭ تۇتقان تەۋەككۇل يولى يۇقىرىقى ھەدىسنىڭ مۇخالىپىدىكى يول ئىدى. ئەسلىدە يۇقىرىقى ھەدىس قارىغۇ «تەۋەككۇل» چىلەرنىڭ ئەسلىي ئىرادىنى توغرا قوبۇل قىلغانلىقىدەك دەلىلى بولماستىن، بەلكى ئۇلارنىڭ ئازغۇن ئىكەنلىكىنىڭ دەلىلى. ئاللا ئۇ قۇشلارنىڭ رىزقىنى زېمىنغا چېچىۋەتكەن. ئۇلار تاغلار ئېشىپ، چۆللەر كېزىپ، نۇرغۇن ئەجىر قىلىش ئارقىلىق ئاندىن ئۆزىنىڭ رىزقىنى تاپىدۇ. ئۇلار ئۇۋىسىدا يېتىش بىلەن ھەرگىزمۇ رىزقىغا ئېرىشەلمەيدۇ، زېمىندىكى ئادەم ۋە ھايۋانلارنىڭ ھەممىسى مانا شۇنداق تىرىشىپ، ئۆزىگە خاس ئەمگىكى ئارقىلىق ئاللاغا تەۋەككۇل قىلىدۇ. زېمىنغا ئۇرۇق چېچىپ ئاندىن ئاللانىڭ پەزلىدىن رىزقىنى تىلەيدۇ، ئۇرۇق چاچماي تۇرۇپ رىزىق تىلىگەن ئادەم شەيتاندۇر. تەۋەككۇل ھەققىدە پۈتۈن ئىسلام دۇنياسىدا ئومۇملىشىپ كەتكەن بىر مەشھۇر ھېكمەت بار:

رەسۇلۇللاھنىڭ قېشىدا بىر ئەرەبى (تاغلىق ئادەم) تۆگىنى

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

مەسچىت ئالدىدا باغلىماي توختىتىپ قويۇپ، بۇنىڭ بىلەن ئۆز ئىشىدا ئاللاغا تەۋەككۇل قىلدىم، دەپ ئويلىغانىدى، رەسۇلىللاھ ئۇنىڭغا: «ئالدى بىلەن تۆگەڭنى مەھكەم باغلا، ئاندىن ئاللاغا تەۋەككۇل قىل» دېگەن. مانا بۇ تەۋەككۇلنىڭ ئەسلى مەنىسى، ئاللاھقا تەۋەككۇل قىلدىم، دەپ ئۇمىدىنى دۇئاسىغا باغلاپ 365 كۈن ئېتىكاپتا ئولتۇرغان ساختا تەقۋادارنىڭ تىلىكى ھەرگىزمۇ قوبۇل كۆرۈلمەيدۇ، ئاللاغا تەۋەككۇل قىلدىم دەپ ئېتىزلىقىدا بىر تـــامچە تەر ئاققۇزغاننىڭ بىر كۈنلۈك ئىشىنىڭ ھېسابى ھېلىقى ساختا تەقۋادارنىڭ ئۆمۈرلۈك تائىتىدىن ئەۋزەلدۇر. رىۋايەت قىلىـ ىنىشىچە، ئۆمەر ئىبنى خەتتاب جۈمە نامىزىدىن كېيىن بىر مۇنچە كىشىلەرنىڭ مەسچىت تۈۋرۈكىگە يۆلىنىپ تۇرغانلىقىنى كۆرگەن ۋە ئۇلاردىن نېمە ئادەمسىلەر؟ دەپ سورىغان. ئۇلار: بىز ئاللاغا تەۋەككۇل قىلغۇچىلارمىز، دېگەنىدى، ئۆمەر ئۇلارنىڭ ياقىسىدىن سىلكىشلەپ، ئۇلارنى ئورنىدىن قوپۇرۇۋەتكەن ۋە بىر ئادەم رىزىق ئۈچۈن ئىشلىمەي ئولتۇرۇپ: ئى ئاللا ماڭا رىزىق بەرگىن دەپ يىلىنىسىمۇ، ئاسماندىن ئۇنىڭغا ئالتۇن- كۈمۈش ياغمايدۇ. قۇرئانـ دا «ناماز ئوقۇلۇپ بولغاندا (يەنى نامازدىن پارىغ بولغىنىڭلاردىن كېيىن) زېمىنغا تارىلىپ (يەنى ئۆز مەشغۇلاتىڭلار بىلـــەن بولـ ـۇپ)، ئـــالـــلانىـڭ پـــەزلـــىدىن تـــەلـــەپ قىلىڭلار» ① دېگەن تۇرسا، دېگەنىكەن. «قىيامەت بولغاندا بىرىڭلارنىڭ قولىدا بىر تۈپ كۆچەت بولغىنىدا، ئەگەر ئۇ كۆچەتنى تىكىۋېتىشكە كۆزۈڭلار يەتـ ـسە، ھەر نېمە قىلىپ ئۇنى تىكىۋېتىڭلار.» (بۇخارى رىۋايەت قىلغان) دېگەن ھەدىستىمۇ، ئۇمىدۋارلىقنىڭ نۇرى، «تەۋەككۇل» نىڭ ھەقىقىي مەنىسى چاقناپ تۇرىدۇ. يۇسۇپ خاس ھاجىپنىڭ پۈتۈن بايانلىرىدا ھاياتنىڭ ئەسلىي قانۇنىيىتىگە بولغان ھۆرمەت ئـــىپادىلىنىپ تۇرىدۇ. قارىغاندا يۇسۇپ «تەۋەككۇل» ئۇمىدنىڭ

---

① «قۇرئان كەرىم» مىللەتلەر نەشرىياتى، 1987-يىلى نەشرى، سۈرە جۈمۇئە 10 - ئايەت.

ئەسلىي چىن روھى بىلەن تەربىيىلەنگەنلىكىنى ھېس قىلغىنى بولـ-
دۇ. شۇڭا، ئۇ تەسەۋۋۇرىغا قارشى ئىسيان كۆتۈرەلىگەن.

يەنە بالىلارغا شۇنىمۇ بىلدۈرۈش كېرەككى، مۇۋەپپەقىيەت ئۈمىدنى قانات قىلسىمۇ، لېكىن قوشالتاق ئۈمىد ھېچنېمىگە يارى-مايدۇ. ئۈمىدنى ئەمەلگە ئاشۇرۇش ئۈچۈن شۇنىڭغا تۇشلۇق قابى-لىيەت بولۇشى كېرەك. ئۆزىدە يېتەرلىك قابىلىيەت يېتىلدۈرمەي قىلغان ئۈمىدى ئاخىر ئۈمىدسىزلىككە ئېلىپ بارىدۇ. بالىلارغا «سەن بۇ ئىشنى چوقۇم قىلالايسەن» دېگەن ئۈمىد چىرىغىنى ياق-دۇرغاندا، چوقۇم ئۇ چىراغنىڭ تېگىدە ئۇنى يورۇتىدىغان يېغى بولمىسا بولمايدىغانلىقىنى تونۇتۇش كېرەك. يەنى ئۈمىدنى دېڭىز-دىكى قولۋاق دېسەك، غايە قىرغاق، ئىقتىدار دېگەن پالاق، پالاق بولمىسا قېيىق بىر ئىزدا لەيلەپ تۇرۇۋېرىدۇ. بۇ ھەقىقەتنى پەر-زەنتلەر كىچىكىدىن باشلاپ چۈشىنىشى كېرەك.

يۈسۈپ خاس ھاجىپ پەرزەنتلەرگە شۇنداق ئىشەنچ بېرىدۇكى، دۇنيادىكى ھەرقانداق تۇغۇننىڭ يېشىمى، ھەرقانداق كېسەلنىڭ داۋاسى بولىدۇ، بىراق ئۇنىڭغا چوقۇم شۇ تۇغۇننى يېشەلەيدىغان بىلىمگە، شۇ كېسەلنى داۋالىيالايدىغان تەجرىبىگە ئىگە بولۇش كېرەك، دېگەن شەرتنى قويىدۇ.

3168 بىلىملەر يېشىلگەي پۈتۈن تەس تۈگۈن،
بىلىم بىل، ئەقىل ئوق، ئاڭلىق ياشىغىن.

3873 ھەرقانداق كېسەلگە دورا ـ داۋا بار،
ئۇنى ئەملىگۈچى ھېكىممۇ چىقار.

پەرزەنتلەرگە بېرىلىدىغان مۇنداق ئىشەنچ ھەم ئۈمىد ئۇلارنىڭ خۇراپاتلىق پاتقىقىغا پېتىپ قېلىشىنىڭ ئالدىنى ئېلىشتىمۇ مۇھىم رول ئوينايدۇ. چۈنكى ھەممىدە خۇداغا يۆلىنىۋېلىش ئادەمنى خۇرا-

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

پاتلىققا ئېلىپ بارىدۇ. بىلىم بىلەن، ئەقىل بىلەن ھەرقانداق تەس تۈگۈننىمۇ يېشەلەيسەن، ھەرقانداق كېسەلگە دورا تاپالايسەن دېگەن تەۋسىيە بالىلارغا ئەلۋەتتە قانات بولىدۇ، ئۈمىد شامىنى ياقىدۇ، پىكىر يوللىرىنى راۋانلاشتۇرىدۇ.

ئۈمىد ۋە ئۇنىڭ رېئاللىششى توغرىسىدا يۈسۈپ خاس ھاجىپ تەۋسىيە قىلغان يەنە بىر مۇھىم ئىش بار. ئۇ بولسىمۇ، كۆڭۈل ئارزۇ قىلمىغان يەرگە قەدەم قويماسلىق، ئۆزى ئارزۇ قىلمىغان ئىشقا قول تىقماسلىق تەلىپىدىن ئىبارەت: «ئادەم ئۆزىنىڭ ئارزۇسى بىلەن يۈرسە ھېرىپ قالماي ئارزۇسىغا يېتەلەيدۇ، كۆڭۈل ئارزۇ قىلسا، يىراق يەرمۇ يېقىنلىشىدۇ، تېزلا ئارزۇسى ھەل بولىدۇ. ئۆزى خالاپ، ئارزۇلاپ ماڭغان يول ئادەمنى تېزلا ئۈمىدگە يەتكۈزىدۇ. ئەگەر كۆڭۈل تارتمىغان يەرگە قەدەم قويسا، مەنزىل ھەرقانچە يېقىن بولسىمۇ، ئۇ يىراق بىلىنىدۇ، ئۆزى ئۈمىد قىلىپ ماڭغان يولنى ئۇلاغلىق ماڭغان يولۇچى دېسەك، زورۇقۇپ ماڭغان يولنى ياياق سەپەر دېيىش مۇمكىن، ئادەم ياياق ماڭسا كۆپ مېھنەت چېكىدۇ، لېكىن مەنزىلگە يېتەلمەيدۇ.» (5042 ~ 5047)

يۇقىرىقى باياننى پېداگوگىكىغا تەتبىقلىساق، ئۇنىڭدىن بالىلارنىڭ ئارزۇسىغا ھۆرمەت قىلىشنىڭ لازىملىقى چىقىدۇ. بالىلارنىڭ ئۆزىنىڭ مەلۇم ئىشقا نىسبەتەن بىر قىزىقىشى بولىدۇ. بۇ خىل قىزىقىش ئۇنىڭ تەبىئىيىتىدىكى تەبىئىي ئىختىرا مايىللىقى بىلەن بىردەك بولۇپ چىقىشىمۇ مۇمكىن، بىر يەردىن چىقماسلىقىمۇ مۇمكىن. ئەگەر قىزىقىش تەبىئىي مايىللىقى بىلەن بىردەك چىقىپ قالغاندا، ئۇنىڭدىن زور نەتىجە چىقىدۇ. بۇ خىل ئارزۇ بوغۇلۇپ قالىدىغان بولسا، بالىلارنىڭ مۇۋەپپەقىيەت يولىنى ئېتىپ قويغان بولىمىز. يەنە بىرى، بالىلار دورىماق بىلەن ئۆز تەبىئىتىگە مۇناسىپ كەلمەيدىغان يات ئارزۇلارنى قىلىدۇ، بىراق بۇنداق ھېسسىيات بىلەنلا قوزغالغان ئارزۇغا يول قويۇلسا، بالا يەنىلا مۇۋەپپەقىيەت قازىنالمايدۇ. بۇنداق چاغلاردا ئاتا ـ ئانىلار تولىمۇ سەزگۈر

بولۇپ، باللارنىڭ تەبىئىي ئىقتىدارىغا ماس كېلىدىغانلىرى بولىدىغان بولسا قوللاش، ئەگەر بىردەملىك قىزغىنلىق كەلتۈرۈپ چىقارغان بولسا، ئۇنى توسۇش كېرەك. ئۈچىنچى مۇھىم ساقلىنىشقا تېگىشلىك بىر ئىش، ئاتا - ئانىلار ئۆزىنىڭ خاھىشىنى باللارغا قارىغۇلارچە تاڭماسلىقى كېرەك. ئەگەر سىز بالىغا مەجبۇرلىغان كەسىپتىكى ھۈنەر بالىنىڭ تەبىئىي مايىللىقىغا ئۇيغۇن كەلسە، ئۇ چاغدا ئۇ بالا بۇ تاللاشنىڭ توغرا بولغانلىقىنى ھېس قىلىدۇ، كېيىن سۆيۈنىدۇ. ئەگەر ئۇ بالىنىڭ ئارزۇسى ۋە تەبىئىي مايىللىقىغا ماس كەلمىگەن ھۈنەر كەسىپ بولىدىغان بولسا، ئۇنىڭدىن نەتىجە چىقمايدۇ. شۇ بالىنىڭ ئۆمرى ئېرىقتا ئاققان لاي سۇدەك بوشقىلا كېتىدۇ. ھېكايە قىلىنىشىچە، بىر ئادەم بىر بالىنى بىر ھۈنەرۋەنگە بېرىپ ناھايىتى ياخشى بىر ھۈنەرۋەن قىلىپ چىقىشنى تاپىلاپتۇ. نەچچە يىللار تىرىشچانلىق قىلىپمۇ بىر نەرسە قوندۇرالماپتۇ. بىراق، قولىدىكى باشقا باللار شۇنداق داڭلىق ئۇستىلاردىن بولۇپ چىقىپتۇ. بۇنى كۆرگەن ھېلىقى بالىنىڭ دادىسى ئۇستازىغا كايىپ: سەن مېنىڭ بالامغا ياخشى كۆڭۈل بۆلمەپسەن، بۇنىڭغا ھېچقانداق نەرسە يۇقماپتۇ، دەپ خاپا بولۇپتۇ. ھېلىقى ئۇستاز ئۇ ئادەمگە: بۇنىڭغا مەندە ئامال يوق، تەربىيە ئوخشاش بولىدۇ، لېكىن باللارنىڭ تەبىئىتى ئوخشىمايدۇ، دەپ جاۋاب بېرىپتۇ. يۈسۈپ خاس ھاجىپ تەكىتلىگەن ئادەم ئۆز ئارزۇسى، غايىسى بويىچە مېڭىشى كېرەك، دېگەن سۆز مانا شۇنداق رېئال ئەمەلىيەت ئاساسىدا چىقىرىلغان يەكۈن ئىدى. بۇنىڭغا ھەربىر ئاتا - ئانا سەزگۈرلۈك بىلەن مۇئامىلە قىلىشلىرى كېرەك.

### 3. پەرزەنتلەرگە ئىلىم - ھۈنەر ئۆگىتىش تەلىپى

تارىختىن بۇيان، ھەرقانداق بىر مىللەتنىڭ ئائىلە تەلىم - تەربىيە تەلەپلىرىنىڭ تۈرىدە ئىلىم - ھۈنەر ئۆگىتىش ۋە ئەدەپ -

www.uyghurkitap.com

ئەخلاققا ئۆگىتىش تۇرغانلىقىنى بىلىمىز. چۈنكى، بۇ ئىنسانىي تەربىيىنىڭ يادروسى ھېسابلىنىدۇ. ئەگەر ئەۋلادلار ئىلىم ـ ھۈنەرسىز، ئەدەپ ـ ئەخلاقسىز بولسا، شۇ مىللەت پۈتۈنلەي تۈگەشكەن ھېسابلىنىدۇ. بۇ خىل قانۇنىيەتنى ئۇيغۇر خەلقى ناھايىتى قەدىمكى دەۋرلەردىلا چوڭقۇر تونۇپ يەتكەن. ئۇلار پەرزەنتلىرىگە ئىلىم ـ ھۈنەر ئۆگىتىشنى ئەڭ مۇھىم پەرھىزلىك ئىشلار قاتارىغا قويغان. يۈسۈپ خاس ھاجىپ ئۇيغۇرلارنىڭ ئىدىيە تارىخىدا ئىلىمنىڭ نوپۇزىنى ئەڭ يۈكسەك ئورۇنغا قويۇپ شەرھلەپ بەرگەن ئاپتور. ئۇيغۇرلارنىڭ ئىدېئولوگىيە تارىخىدا ئىلىمنىڭ ئىجتىمائىي ۋە مەنپەئەتدارلىق رولىنى يۈسۈپ خاس ھاجىپتەك چوڭقۇر تەتقىق قىلغان ۋە كونكرېت سېلىشتۇرما قىلىپ بەرگەن ئاپتور يوق. ئۇنىڭ قارىشىدا، ئىلىم ـ ھۈنەر ئۆگىتىش پەرزەنتلەرنىڭ ئىنسانىي قابىلىيىتىنى ئۆستۈرىدۇ، ياشاش ئىقتىدارىنى يۇقىرى كۆتۈرىدۇ، مەنىۋى كېسەللىكتىن قۇتۇلدۇرۇپ، كۈچلۈك، ساغلام مەنىۋى روھ ئاتا قىلىدۇ. ئىلىم ـ ھۈنەرسىز قالغان بالىلار ساقايماس روھىي كېسەلگە گىرىپتار بولغان ئادەمدەك زەئىپ، گاراڭ، دۆت، ئىقتىدارسىز، مەجرۇھ بولىدۇ. روھنىڭ مەجرۇھلۇقى بەدەننىڭ مەجرۇھلۇقىدىن نەچچە ھەسسە بەتتەر قورقۇنچلۇق بولىدۇ.

157 بىلىمسىز كىشى بارچە ئاغرىق بولۇر،
داۋالانمىسا ئۇ تىرىكلا ئۆلۇر.

ئادەم روھ بىلەن ھەقىقىي ھايات، روھنىڭ جۇلاسى بىلىم بىلەن يورۇيدۇ، بىلىمتىن مەھرۇم بولغان روھ قۇرۇق ئۇستىخاندۇركى، يۈكنەكىنىڭ سۆزى بويىچە قارىغاندا، «ئۇنىڭغا ھېچكىم قول ئۇزارتمايدۇ.» يۈسۈپ خاس ھاجىپنىڭ تەرىپى بويىچە «تىرىك ئۆلۈك» تۇر. ئالىمنىڭ قارىشىچە، ھەرقانداق كېسەلنى داۋالىغىلى بولىدۇ، بىلىمسىزلىك، نادانلىق كېسىلى داۋالىغىلى بولمايدىغان

كېسەل، يۇيۇپ تازىلىغىلى بولمايدىغان كىردۇر. شۇڭا، پەرزەنت-لەرنى قۇرۇق جەستكە ئايلاندۇرۇپ قويماسلىق، ئۇلارنىڭ ئادەمدەك ياشىشىغا كاپالەتلىك قىلىش، ئۇلارنىڭ ئىنسانىي قابىلىيىتىنى جارى قىلدۇرۇشقا پۇرسەت بېرىش ئۈچۈن ئائىلە باشلىقلىرى بالىلىرىنى ئىلىمدىن مەھرۇم قىلىپ قويماسلىققا دەۋەت قىلىنىدۇ.

156 بىلىم مەنىسىن بىل، بىلىم نېمە دەر،
بىلىم ئۇ ساقايتۇر كېسەل بولسا ئەر.

158 كېسەلنى داۋالات، بار، ئەي بىلىمگەن،
ئەي ئالىم نادانغا داۋا ئەيلە سەن.

ھەرقانداق ئادەم ئۆزىنى نادانلىق ئاسارىتىدىن قۇتۇلدۇرۇپ ئىلىم گۈلىستانىغا يەتمىگۈچە بەختلىك بولالمايدۇ، بەخت ساھىلىغىمۇ يېتەلمەيدۇ. بۇنىڭ ھەقىقىتىنى قەدىمكى ئۇيغۇرلار: «قۇت بەلگىسى بىلىم» دېگەن چۈشەنچە بىلەن ئىپادىلىگەن. پەرزەنتلەرنىڭ بىلىم ئېلىپ ئۆزىنى يارامىلىق ئادەم قىلىپ چىقىش ھوقۇقى، بەختلىك بولۇش ھوقۇقى ئۇلارنىڭ ئەڭ مۇقەددەس ھوقۇقلىرىدىن بىرى، شۇڭا ھەرقانداق بىر ئاتا - ئانىنىڭ پەرزەنتلىرىنى ئىلىم - ھۈنەرلىك قىلىپ چىقىش، ئۇلارنىڭ جەمئىيەتكە كېرەكلىك، يارامىلىق ئادەم بولۇشىغا شارائىت يارىتىپ بېرىش مەجبۇرىيىتى بار. بۇ مەسئۇلىيەتنى ئادا قىلالمىغان ئاتا- ئانا ئۆزلىرىنىڭ مەسئۇلىيىتىدىن قاچقان مۇستەبىت، باشقىلارنىڭ بەختىنى خاراب قىلغۇچى يارىماس ئاتا - ئانىلاردۇر. ئاتا - ئانىلار ئۆزىنىڭ بىر تەرەپلىمە، تار كۆزقاراشلىرىنىڭ قۇربۇنىغا بالىنىڭ تەقدىرىنى باغلاپ قويۇپ، ئۇلارنىڭ ھەققىگە خىيانەت قىلىشقا ھەققى يوق، چۈنكى، بالا ئاتا- ئانىدىن تۆرەلگەن بولسىمۇ، لېكىن ئۇلار ئاتا- ئانىسىنىڭ شەخسىي مۈلكى ئەمەس، بەلكى ئۇلار مىللەتنىڭ، ئەل -

ۋەتەننىڭ بىر ئەزاسى. يەنە بىر تەرەپتىن، ئۇلار كەلگۈسىدىكى ئاتا - ئانىلار. ئۇلار ئىلىمسىز، ھۈنەرسىز، پەزىلەتسىز قالسا، ئۇلارنىڭ قولىدىن چىققان باللارمۇ يارامسىز بولىدۇ، يارامسىز باللار ئەلگىمۇ يۈك بولىدۇ، ئۆزىگىمۇ ئۆزى دۈشمەن بولىدۇ. نەتىجىدە يارامسىزلىق، نادانلىق ئەۋلادتىن ئەۋلادقا مىراس بولۇپ قېلىۋېرىدۇ، ئاخىرىدا بۇنداق يارامسىزلىق ئەلنى خاراب قىلىدۇ. بۇنىڭ گۇناھى يەنىلا ئاتا - ئانىلارنىڭ ئۈستىگە يۈكلىنىدۇ. بىز باللىرىنى تەربىيىلىنىش ھوقۇقىدىن مەھرۇم قىلغان ئاتا - ئانىلارنى جىنايەتكار ھېسابلايمىز. باللىرىنىڭ ئىلىم - ھۈنەر ئۆگىنىشى ئۈچۈن بەدەل تۆلەشكە رازى بولغان، ياخشى پەرزەنتلەرنى جەمئىيەتكە قوشقان ئاتا - ئانىلارنى تۆھپىكار ئاتا - ئانىلار ھېسابلايمىز. ئۇلارنىڭ يۈزى ئەل - ۋەتەن ئالدىدىمۇ يورۇق بولىدۇ، پەرزەنتلىرى ئالدىدىمۇ قەدرى ئۈستۈن بولىدۇ. بۇ خىل مۇناسىۋەتنى چوڭقۇر تونۇپ يەتكەن يۈسۈپ خاس ھاجىپ ئاتا - ئانىلارغا مۇنداق تەۋسىيە قىلىدۇ:

4506 ئوغۇل - قىزغا ئۆگەت بىلىم ھەم ئەدەپ،
بېرۇر بۇ ئاڭا ئىككى دۇنيادا نەپ.

بۇ تەشەببۇس بىز يۇقىرىدا تىلغا ئالغان مەنپەئەتدارلىق مۇناسىۋىتىنىڭ ھەممە تەرەپلىرىنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. ئىلىم ھەم ئەدەپباللارغىمۇ پايدا يەتكۈزىدىغان، ئاتا - ئانىلارنىمۇ بەختلىك قىلىدىغان، جەمئىيەتنىمۇ رازى قىلىدىغان قۇدرەتلىك قورال.

ئىلىمنىڭ نوپۇزى كىشىلىك تۇرمۇشتىكى ھەرقانداق ئىمتىيازدىن ئۈستۈن تۇرىدۇ. ئىلىمنىڭ ئالدىدا ھەرقانداق مال - دۇنيامۇ، ئەمەل - مەنسەپمۇ، نەسىل، نەسەبمۇ قەدىرسىزدۇر. بۇ خىل مۇناسىۋەتنى ئۇيغۇرلار ئادەمنىڭ ئۇلۇغ ياكى پەس بولۇشى نەسىبى ياكى بايلىقى بىلەن ئەمەس، بەلكى ئىلىم - ھۈنىرى بىلەن بولىدۇ،

دەپ قاراپ كەلگەن. يۈسۈپ خاس ھاجىپ بۇ مەنىدىن «ئىلىم ـ ھۈنەرسىز شاھ قۇلدۇر، ئىلىملىك، ھۈنەرلىك قۇل شاھتۇر» دەپ سېلىشتۇرغان. يەنە بىر بېيىتتا ئادەملەر ئوتتۇرىسىدىكى قەدىر ـ قىممەت، ئۇلۇغلۇق پەرقى ئىلىم بىلەن بولىدۇ، دەپ يازىدۇ:

201 كىشىدىن كىشىنىڭ تولا پەرقى بار،
بىلىمدۇر بۇ پەرق، سۆز شۇ ئۇزرە بار.

يۇقىرىقى تەۋسىيەنىڭ روھىدا خەلقىمىزنىڭ ئەقىدە ـ ئېتىقادى ۋە قىممەت قارىشىدىكى نۇرنىڭ جۇلاسى چاقنايدۇ. كىشىلىك تۇرمۇشتا مەۋجۇت بولغان يۇقىرى ـ تۆۋەنلىك، ئەر ـ ئاياللىق، يۇقىرى مەرتىۋىلىك، تۆۋەن مەرتىۋىلىك، ئۇ مىللەت، بۇ مىللەتتىن بولۇش شەكلەن، ماھىيەتلىك بولمىغان پەرقلەردۇركى، ئۇ زاماننىڭ ئۆتۈشى، شارائىتنىڭ ئۆزگىرىشى بىلەن بىللە ئۆزگىرىپ تۇرىدۇ. يۇقىرى مەرتىۋىلىكلەر مەلۇم سەۋەب بىلەن تۆۋەن ئورۇنغا چۈشۈپ قېلىشى مۇمكىن، بايلار سۇنۇپ نامرات ھالغا چۈشۈپ قېلىشى مۇمكىن، ئەرلەر ئاياللارچىلىك بولالمايدىغان، ئاياللار ئەرلەردىن ئۈستۈن تۇرىدىغان ئىقتىدار يېتىلدۈرەلىشى مۇمكىن. يۈكنەكى ئېيتقاندەك: «بىلىملىك ئايال گويا ئەردۇر، نادان ئەر گويا ئايالدۇر.» ئىنسانلار ئوتتۇرىسىدا ماھىيەتلىك پەرقنى كەلتۈرۈپ چىقىدىغان نەرسە ئىلىم ۋە ھۈنەردۇر. يۈسۈپ خاس ھاجىپ شۇڭا: «ھەرقانداق بايلىق تۈگەيدۇ، يوقىلىدۇ، بىلىم مەڭگۈ يوقالمايدىغان بايلىقتۇر، ئۇنى سۇمۇ ئېقىتىپ كېتەلمەيدۇ، قاراقچى ـ ئوغرىلارمۇ ئوغرىلاپ، بۇلاپ كېتەلمەيدۇ» دەپ سۈپەتلىگەن. مۇشۇنداق قىممەت كۆزقارىشىغا ئىگە بولغان ئۇيغۇرلار ئاتا ـ ئانىلارنى نەسەب، پۇل ـ بايلىقى ۋە ئەمەلدارلىقىنى پەش قىلىپ پەرزەنتلىرىنى ئوقۇشسىز، نادان قۇلغا ئايلاندۇرۇپ قويماسلىقا ئۈندەيدۇ. ئۇلارنى ئوقۇتۇپ ئاڭلىق ياشايدىغان، ئاق ـ قارىنى، ياخشى ـ ياماننى توغرا پەرق ئېتەلەيدىغان، ئەلگە تۆھپە قوشالايدىغان يۇقىرى

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

ساپالىق ئادەم قىلىپ، جەمئىيەتنىڭ ھەقىقىي خوجايىنىغا ئايلاندۇ-
رۇشقا تەۋسىيە قىلىدۇ. شۇڭا، يۈسۈپ خاس ھاجىپ ئەسىرىنىڭ
دەرۋازىسىنى «ئادەم بالىسىنىڭ قىممىتى بىلىم بىلەن ئەقىلدىن»
دېگەن مەشھۇر سۆزى بىلەن ئاچىدۇ. بۇنى پۈتۈن جەمئىيەت ئەزالى-
رىنىڭ مەڭگۈلۈك ھەقىقەت دەپ قوبۇل قىلىشىنى ئۈمىد قىلىدۇ:

154 ئەقىل قايدا بولسا، ئۇلۇغلۇق بولۇر،
بىلىم كىمدە بولسا، بۈيۈكلۈك تاپۇر.

155 ئەقىللىق ئۇقار ئول، بىلىملىك بىلۇر،
بىلىملىك، ئەقىللىق تىلەككە يېتۇر.

دېمەك، ئىلىم كىمدە بولسا ئۇلۇغلۇق شۇنىڭغا مەنسۇپ بولى-
دۇ، بىلىم كىمدە بولسا بۈيۈكلۈككە شۇ ئېرىشىدۇ. ئەقىللىق،
بىلىملىك پەرزەنت ھەممە تىلەكلىرىگە ئېرىشەلەيدۇ. ئىلىمدىن
مەھرۇم قالغان ئادەم ھەممىدىن مەھرۇم قالىدۇ. بۇ دۇنيادا قەدىم-
دىن تارتىپ ياشاش ھوقۇقى، بەختلىك بولۇش ھوقۇقى، جاھان
سوراش ھوقۇقى ئەقىللىق، بىلىملىك كىشىلەرنىڭ قولىدا بولۇپ
كەلدى. بىلىمسىز، نادان، ئەقىلسىز ئادەم ئۆزىنىڭ ياشاش ھوقۇ-
قىغىمۇ، بەختلىك بولۇش ھوقۇقىغىمۇ، خوجايىنلىق ھوقۇقىغىمۇ
ئېرىشەلمەيدۇ. ئۇلار ھەرقاچان باشقىلارنىڭ يېتەكلىشىنى، باشقۇ-
رۇشىنى قوبۇل قىلىشقا مەجبۇر بولىدۇ، ئەركىن تاللاش ھوقۇقىمۇ
قولىدا بولمايدۇ.

217 جاھان تۇتقىلى ئەر ئۇقۇشلۇق كېرەك،
كېرەك يۇرت سوراشقا ئەقىل ۋە يۈرەك.

ئەۋلادلار ۋەتەننىڭ خوجايىنلىرىغا ئايلىنىمەن، دېيدىكەن، ئۇ-
لار ئەقىل ـ پاراسەتتە ئۈستۈن، ئىلىم ـ ھۈنەردە كامىل بولۇشى

كېرەك بولىدۇ.

هازىرقى دۇنيادا ئىلىم ـ پەننىڭ كۈچ ـ قۇدرىتى، ئۇنىڭ ئىنسانىيەتنىڭ هاياتى بىلەن بولغان مۇناسىۋىتى نۇرغۇن كىشىلەر تەرىپىدىن تونۇپ يېتىلدى. بىراق، بۇنىڭدىن مىڭ يىل ۋە ئۇنىڭدىن بۇرۇنقى ئىنسانىيەت جەمئىيىتىدە بىلىمنىڭ قىممىتىنى بۇنداق يۇقىرى ئورۇنغا قويۇشتا قانداق مەنىۋى كۈچ تۈرتكە بولغان؟ بىرى، رېئال تۇرمۇش ئەمەلىيىتى بىلىم هەم هۈنەرنىڭ خاسىيىتىنى بىلىش پۇرسىتى بىلەن تەمىن ئەتكەن. يەنە بىرى، ئىسلام دىنى ئىلىمنى هۆرمەتلەيدىغان، ئىلىملىك بولۇشقا دەۋەت قىلىدىغان، هەتتا ئىلىمنى ئەقىدە دەپ قارايدىغان دىن ئىدى. چۈنكى، ئادەم يارىتىلىشىدىلا ئالەمدىكى بارلىق شەيئىلەردىن ئۇلۇغ يارىتىلغانلىقىنىڭ بىر پاكىتى ئۇنى ئەقىللىق ۋە بىلىملىك ياراتقانلىقىدا. مانا مۇشۇ جەهەتتىكى قەدىر ـ قىممىتى بىلەن پۈتۈن مالائىكىلەرنى ئادەمگە سەجدە قىلدۇرغان. بىراق، بىلىم ۋە هۈنەر هەرگىزمۇ تۇغما ئەمەس، بەلكى تەربىيىلىنىش ۋە ئەمەلىيەتكە قاتنىشىش ئارقىلىق ئىگىلەيدىغان نەرسە. شۇڭا، ئىسلام دىنىدىمۇ ئادەم بىلىمسىز تۇغۇلىدۇ، تۇغۇلۇپ جەمئىيەتكە قاتنىشىپ ئاندىن بىلىم ئۆگىنىدۇ، دەپ قارايدۇ. يۈسۈپ خاس هاجىپمۇ ئادەم تۇغۇلغاندا بىلىمسىز تۇغۇلىدۇ، تۇغۇلغاندىن كېيىن تەربىيە ئارقىلىق ۋە جەمئىيەتكە قاتنىشىش ئارقىلىق ئىلىم تۆرىگە چىقىدۇ، دېگەن. يەنە بىرى، «قۇرئان كەرىم» دە بىلىم ـ هۈنەر ئىگىلەش هەققىدە كەسكىن ۋە ئېنىق هۆكۈم بار: «ياراتقان پەرۋەردىگارىڭنىڭ ئىسمى بىلەن ئوقۇغىن . ئۇ ئىنساننى لەختە قاندىن ياراتتى. ئوقۇغىن، پەرۋەردىگارىڭ ئەڭ كەرەملىكتۇر. ئۇ قەلەم بىلەن (خەت يېزىشنى) ئۆگەتتى. ئىنسانغا بىلمىگەن نەرسىلەرنى بىلدۈردى.»[1] مانا بۇ ئايەتتىن ئوقۇش ۋە بىلىم ئېلىشنىڭ پەرز ئىكەنلىكى چىقىدۇ. بۇ ئايەت تەپسىر

① «قۇرئان كەرىم»، مىللەتلەر نەشرىياتى. 1987-يىلى نەشرى، سۈرە ئەلەق 1 ~ 5 ئايەتلەر.

www.uyghurkitap.com

قىلىنسا بىر توم، ھەتتا بىرقانچە توم كىتاب يېزىلىشى مۇمكىن. چۈنكى، يۇقىرىقى ئايەتنى قۇرئان تەشەببۇس قىلغان باشقا بارلىق ئايەتلەر بىلەن مۇناسىۋەتلەشتۈرگىلى بولىدۇ. ئوقۇشسىز، بىلىمسىز ئاللانىڭ قۇرئانىنىمۇ ئوقۇيالمايدۇ ھەم چۈشىنەلمەيدۇ. ئوقۇشسىز، بىلىمسىز ئادەم ئاللانىمۇ، ئۆزىنىمۇ تونۇمايدۇ. بىلىمسىز ئادەم ئىنسانلىق مەرتىۋىسىگىمۇ يېتەلمەيدۇ، شۇڭا تۇنجى قېتىم نازىل بولغان ئايەت «ئوقۇ» دېگەن مۇقەددەس پەرمان ئىدى. بۇنى ئائىلە مائارىپىغا تەتبىقلىغاندا «ئوقۇت»، «ئۆگەت» دېگەن بولىدۇ. چۈنكى، بالا تۇغۇلۇپ قۇرامىغا يەتكۈچە بولغان مۇددەتتە بالىلارنىڭ ئوقۇشى ئاتا-ئانىسىنىڭ تەربىيىسى ۋە ئاتا-ئانىسىنىڭ بالىنى ئىلىم-ھۈنەر ئىگىلىرىگە تاپشۇرۇپ ئوقۇتۇشى ئارقىلىق ئورۇندىلىدۇ. بۇ مەنىدىن قارىغاندا، بالىنى ئوقۇتۇش، ئۇنى يارامــلىق ئادەم قىلىپ تەربىيىلەش ئاتا-ئانىنىڭ مۇقەددەس بۇرچى. بۇنىڭغا سەۋەب كۆرسىتىشكە بولمايدۇ. شۇڭا، ئۆز دەۋرىدە بالىلارنى ئوقۇتۇشقا كۆڭۈل بۆلۈش ھاياتىي زۆرۈرىيەت بولۇپلا قالماي، بەلكى دىنىي ئەقىدە ئۈچۈنمۇ قەتئىي زۆرۈرىيەت بولغانىدى.

ئەمدى بىلىم بىلەن ھۈنەرنىڭ مۇناسىۋىتى ۋە پەرقى، ھۈنەرنىڭ خاسىيىتى ھەققىدىكى چۈشەنچە توغرىسىدا قىسقىچە تونۇشتۇرۇش بېرىمىز.

ئۇيغۇر خەلقى ئەزەلدىن ھۈنەرنى ئەزىز بىلىپ كەلگەن خەلقلەرنىڭ بىرى. ئاۋام مائارىپىدا ھۈنەر ئۆگىتىش، ئۆگىنىش سان جەھەتتە مەكتەپ-مەدرىسە مائارىپىدا تەربىيىلەنگەن بالىلاردىن نەچچە ھەسسە يۇقىرى بولاتتى. بۇ قوشۇن مىللەتنىڭ ئۇنىۋېرسال ساپاسىنى يۇقىرى كۆتۈرۈشتە غايەت زور رول ئوينىغان. «بىر ئەرگە 72 خىل ھۈنەرمۇ ئازلىق قىلىدۇ»، «ھۈنەرسىز ئەر بىرنى يېغەر، ھۈنەرلىك ئەر مىڭنى» دېگەنگە ئوخشاش يۈزلىگەن ماقال-تەمسىللەر ھۈنەرنىڭ ئىجتىمائىي قىممىتىنى، مەنپەئەتدارلىق رولىنى ناھايىتى ياخشى يورۇتۇپ بەرگەن. بىلىم دېگەن ئومۇمىي مەنىدىكى

تەلىم ـ تەربىيە تەلىپىنى كۆرسەتسە، ھۈنەر دېگەن كەسىپنى بىلىمگە قارىتىلغان. ئۇلار ھەم بىر ـ بىرى بىلەن مۇناسىۋەتلىك، ھەم بىرى ـ بىرىدىن پەرقلىق. تارىختىكى بارلىق ئىشلەپچىقىرىش قوراللىرى، ئۆي روزغار ۋە ئۇنىڭ جابدۇقلىرى مانا شۇ ھۈنەرنىڭ خاسىيىتىدىن كەلگەن. بىز ئۇنى ھازىر قول ھۈنەرۋەنچىلىك دەپ ئاتايمىز. بۇرۇن خەلقىمىز ئۇنى ئىلىم ـ ھۈنەر دەپ قارايتتى. ئەگەر شۇ ھۈنەرۋەنلەر بولمىغان بولسا، بۇ گۈزەل تۇرمۇشنى تەسەۋۋۇر قىلغىلى بولمايتتى. يۈسۈپ خاس ھاجىپ قول ھۈنەرۋەنلەرنى تەرىب- يىلەپ: «بارلىق تاڭسۇق ئىشلار شۇلارنىڭ قولىدىن چىقىدۇ» دېگەن. يەنە مۇنداق دەيدۇ: «دۇنياغا قارايدىغان بولساڭ، ھۈنىرى سەۋەبلىك كۆپ قۇللار قەدىرلىك بولماقتا، قانچىلىغان ھۈنەرسىز خوجىلار قۇللارنىڭ ئالدىدا ئامالسىز قالماقتا.» ئۇيغۇرلارنىڭ ئېغىز ئەدەبىيات ئەسەرلىرىدىمۇ ھۈنەرنىڭ خاسىيىتى كۆپ تەرەپتىن چۈ- شەندۈرۈلگەن. ھۈنەرنىڭ ئۆگىيى يوق، ھەرقانداق ھۈنەر كىشىلىك تۇرمۇشتا لازىم ئىكەن، ئۇنى تەرەققىي قىلدۇرسا، چوقۇم ئۇتۇق قازىنىپ روناق تاپقىلى بولىدۇ.

ھازىرقى دۇنيا تەسەۋۋۇرىمىزدىكىدىن غايەت زور دەرىجىدە تە- رەققىي قىلدى. پەن ـ تېخنىكا زامانىۋىلاشتى. نۇرغۇن ئەللەر ھۈنەرنىڭ خاسىيىتىدىن ئەڭ مەدەنىيەتلىك، قۇدرەتلىك دۆلەتكە ئايلاندى، قايسى ئەلدە ھۈنەر تەرەققىي قىلمىغان بولسا، ئۇلار مەدەنىيەت جەھەتتىمۇ، ئىقتىسادىي جەھەتتىمۇ ئاجىز ئورۇندا تۇ- رۇپ كەلمەكتە. ئۇيغۇرلارنىڭ ئەنئەنىۋى قول ھۈنەرۋەنچىلىرى يۇ- قىرى پەن ـ تېخنىكىنىڭ زەربىسىدە زاۋاللىققا يۈز تۇتقىلى تۇردى. بۇنداق ئەھۋالدا كۆپلىگەن ئۇستىلار ھۈنەرلىرىدىن ۋاز كېچىپ، باشقا يول تۇتماقچى بولۇۋاتىدۇ. بۇنداق قىلىش ئەلۋەتتە خاتا تاللا- ش. ھۈنەر دېگەن مەڭگۈ ئۆلمەيدۇ. بىراق، ئۇنى زاماننىڭ تەلىپىگە يارىشا يېڭىلاش، ئۆزگەرتىش ۋە تەرەققىي قىلدۇرۇش، زامانىۋىلاش- تۇرۇش كېرەك. ئاتا ـ ئانىلار پەرزەنتلىرىنىڭ ھۈنەر ئىگىلىشىگە

www.uyghurkitap.com

ئىلھام بېرىش بىلەن ئۇلارنىڭ زامانىۋى پەن - تېخنىكا بىلىملىرى بىلەن ئەنئەنىۋى قول ھۈنەرۋەنچىلىكتىنى راۋاجلاندۇرۇش بىلەن، يۇقىرى پەن - تېخنىكا ئۆگىنىشىگە ئىلھام بېرىشلىرى لازىم.

## 4. ۋاقىتنىڭ قەدرى - قىممىتى ھېس قىلدۇرۇلمىغان بالا مەڭگۈ مۇۋەپپەقىيەت قازىنالمايدۇ

ئائىلە تەلىم - تەربىيىسىدە ئىزچىل كۆڭۈل بۆلۈشكە تېگىشلىك ئومۇمىي قائىدىنىڭ بىرى، باللارنى ھايات مۇساپىسىدە، ھەربىر ئىشىدا، تۇرمۇشتا تەرتىپلىك بولۇشقا ئۆگىتىش كېرەك. ۋاقىتنى تەرتىپلىك ئورۇنلاشتۇرۇشمۇ تۇرمۇشتا تەرتىپلىك بولۇشنىڭ ئەڭ مۇھىم ھالقىسى. ۋاقىتنى تەرتىپلىك، ئورۇنلۇق ئورۇنلاشتۇرۇشنى بىلمىگەن ئادەم ھەرگىزمۇ باشقا ئىشلىرىنى تەرتىپلىك ئورۇنلاشتۇرالىشى مۇمكىن ئەمەس. قايسى ئىشلارنى ئالدى بىلەن قىلىش، قايسى ئىشلارنى كېيىن قىلىش، قايسى ئىشنى شۇ ۋاقىتتا، ئۆز ۋاقتىدا قىلىش، قايسى ئىشنى ئارقىدىن، ئەتە قىلىش كېرەكلىكىنى بىلىپ ۋاقىت ئورۇنلاشتۇرۇشنى بىلىش، ئىشلىرىدا ئۇتۇق قازىنىشنىڭ مۇھىم ھالقىسى. مەسئۇلىيەتكە ئۆگىتىلگەن باللار ھەرقانداق ئىشنى كەينىگە سۈرمەيدۇ، ئۆز ۋاقتىدا قىلىدۇ. مەسئۇلىيەت تۇيغۇسى تۆۋەن، ۋاقىت ئېڭى تۇرغۇزۇلمىغان باللار بۈگۈنكى ئىشنى ئەتىگە قويىدۇ، كېيىن قىلسامۇ بولىدۇ، دەپ سەل قارايدۇ - دە، ئەتىسى ئۇ ئىشنىڭ ۋاقتىنىڭ ئاللىبۇرۇن ئۆتۈپ كەتكەنلىكىنى بىلىدۇ. شۇڭا، يۈسۈپ خاس ھاجىپ: «قىلىدىغان ئىشلىرىڭنى نېمە ئۈچۈن ئارقىغا سۈرىسەن، ئىشلىرىڭنى سوزما، ۋاقتىدا قىل. چۈنكى ئۆمرۈڭ ئۆتۈپ كېتىۋېرىدۇ. بۈگۈنكى ئىشىڭنى ئۆز ۋاقتىدا قىلمىساڭ، ئەتىكى ئىشمۇ ئۇنىڭغا قوشۇلۇۋېرىدۇ، ئىش ئۈستىگە ئىش توپلىنىپ قالىدۇ. بۈگۈنكى ئىشىڭنى ھەرگىزمۇ ئەتە قىلمىغىن، دېمە، ئەگەر ئەتە ئىش چىقىپ قالسا،

بۇگۈنكى ئىشنىڭ قالدۇقىدۇر. ھەربىر كۈننىڭ ئۆزىگە تۇشلۇق ئىشى بولىدۇ. ئەڭ كېرەكلىك ئىشلىرىڭنى ئاۋۋال قىل، زۆرۈر ئىشلارنى ھەرگىزمۇ كەينىگە سوزما» دېگەن.

ھاياتلىق دۇنياسى چەكسىز «بۈگۈن» ۋە «ئەتە» لەردىن تەشكىل تاپقان مۇئەييەن ۋاقىت ئىچىدە مەۋجۇت بولۇپ تۇرىدۇ. زامان، ماكاندىن مۇستەسنا ھېچقانداق شەيئى مەۋجۇت ئەمەس. بىراق، ۋاقىت چەكسىز بولسىمۇ، بىراق بىر ئادەمنىڭ ئۆمرىگە نىسبەتەن ئېيتقاندا، تولىمۇ چەكلىك. ھازىرغىچە ۋاقىتنى بويسۇندۇرغان ھېچكىم يوق. ئەگەر ۋاقىت ئورۇنلۇق ئورۇنلاشتۇرۇلۇپ، ھەربىر كۈنى مەنىلىك، ئەھمىيەتلىك، ئۇتۇقلۇق ئۆتسە نىسبىي ھالدا ۋاقىتنى بويسۇندۇردى، دەپ قاراشقا بولىدۇ. ئەگەر ھەر بىر كۈنلىرىنى ئەھمىيەتسىز، مەنىسىز ئىشلار بىلەن ئۆتكۈزگەن بولسا، ئۇ ۋاقىتنىڭ تۇتقۇنى بولۇپ قالغان بولىدۇ. ۋاقىت مۇۋەپپەقىيەت قازىنالايدۇ، مۇۋەپپەقىيەتنى ۋاقىت ئېتىغا مىنگەن ئادەملا قازىنالايدۇ، ۋاقىتنى قولدىن بېرىپ قويغان ئادەم ھاياتنى قولدىن بېرىپ قويغان ئادەم. بىر ئاپتور: «ئەتىگە» بۈگۈننىڭ چوڭ دۈشمىنى، «ئەتىگە» بىزنى بار ۋەسلىمىزدىن ئايرىيدۇ، دېگەنىكەن. ۋاقىتنىڭ قەدرى ـ قىممىتىگە يەتكەن نۇرغۇن ئالىملار مۇۋەپپەقىيەت قازانغان، مۇۋەپپەقىيەت قازىنالىغان نۇرغۇن كىشىلەرنىڭ مۇھىم سىرى، ئۇلار بۈگۈننىڭ ئىشىنى ھەرگىزمۇ ئەتىگە قويمىغان. ئەگەر ۋاقىت ھاياتتا ئالتۇندىن قىممەتلىك دەپ قارالسا، بۈگۈننىڭ ئورنىنى ھېچقانداق نەرسە ئىگىلىيەلمەيدۇ.

شۇڭا، يۈسۈپ خاس ھاجىپنىڭ ئەۋلادلارغا قىلغان ئەڭ قاتتىق ۋە كەسكىن تەلىپى ئۆمۈرنى ۋە ۋاقىتنى قەدىرلەشنى دەۋەت قىلىش بولغان. ئۇ بۇ ھەقتە نۇرغۇن ـ نۇرغۇن تەجرىبە ـ ساۋاقلارنى سۆزلەيدۇ، نۇرغۇن ئۆرنەكلەرنى كۆرسىتىدۇ. ھاياتنىڭ ھېكمەتلىرى ۋە پۇرسەتلىرىنى، ئۆلۈمنىڭ زەربىسى ۋە كۈلپەتلىرىنى بىرمۇ بىر كۆز ئالدىمىزدىن ئۆتكۈزىدۇ.

www.uyghurkitap.com

«بالام، توغرا يولدىن ئاداشماسلىقتا تىرىشقىن، يىگىتلىكنىڭ بىكار ئۆتۈپ كەتمىسۇن، ئۇنىڭدىن توغرا پايدىلان. ئۇنى قەدىرلە، تېز كەتكۈسى، ھەرقانچە تۇتساڭمۇ ئاخىرى قاچىدۇ. سېنىڭدە يىگىتلىك كۈچ - قۇدرىتىنىڭ باردا، ئۆمرۈڭنى زايا قىلماي ياخشى خىزمەت بىلەن بېيىتقىن. مانا مەن يىگىتلىك چاغلىرىمنى بىھۇدە زايە قىلغانلىقىمدىن قايغۇرۇپ ئۆكۈنمەكتىمەن. بىراق، ئۆكۈنۈشتىن نېمە پايدا دەپ سۆزۈمنى كېسىمەن. ئۆمۈر قىرىققا يەتكەندە، ئادەم ياشلىقى بىلەن ۋىدالىشىدىكەن. مانا ماڭا ئەللىك ياش قولىنى تەگكۈزدى. قۇزغۇن تۇسىدەك قارا بېشىمنى ئاق قۇدەك قىلدى. ئاتمىش مېنى چاقىرىپ كەل دەۋاتىدۇ، ئەجەل يەتمىسە ئۇياققىمۇ بارارمەن. كىشىنىڭ يېشى ئاتمىش ھېسابىنى تۈگەتسە ئۆمرىنىڭ يېزى تۈگەپ، قىشىغا كىرىدۇ. ھاياتنىڭ زەۋقى تۈگەيدۇ. مانا ئوتتۇز يىغقاننى ئەللىك ئېلىپ تۈگەتتى، ئاتمىش قول ئۇزارتسا نېمىلەرنى قىلاركىنتاڭ! ئەي ئەللىك ياش، مەن ساڭا نېمە قىلغان، ماڭا نېمانچە ئۆچ ساقلايسەن؟! يىگىتلىكتىكى بارچە ئىشلىرىم شۇنچە شېرىن ئىدى، مانا ئەمدى ئېشىمنى زەھەر قىلدى. بويۇم ئوقتەك تۈز چاغدا كۆڭلۈم يادەك ئەگرى ئىدى، كۆڭلۈمنى ئوقتەك تۈز قىلغۇچە بويۇم يادەك ئېگىلدى، پۈكۈلدى. يىگىتلىكىم ماڭا نېمە يىغقان بولسا، قېرىلىق كېلىپ ھەممىنى تارتىۋالدى. بۇ ھال ساڭىمۇ كېلىدۇ.» (372 ~ 359)

يۈسۈپ خاس ھاجىپ ھاياتقا ۋە ۋاقىتقا شۇنچە تەلەپچان تۇرۇپ، يەنىلا ئۆمرىنىڭ، يىگىتلىكىنىڭ بىھۇدە ئۆتۈپ كەتكەنلىكىدىن ئەپسۇسلىنىۋاتىدۇ. بۇ ئەۋلادلارغا تېخىمۇ ياخشى ئۈلگە بولىدۇ. ئەگەر يۈسۈپ خاس ھاجىپ كىچىكىدىن تارتىپ قاتتىق تۇتۇلۇپ، ھەر كۈنى، ھەر ئېيى، ھەر يىلىنى قاتتىق تۇتۇپ پايدىلانمىغان بولسا، ئۇنچە مول، ئەتراپلىق ۋە چوڭقۇر بىلىم بايلىقلىرىنى قانداقمۇ ھاسىل قىلالىسۇن، شۇنداقتىمۇ يەنىلا ھاياتىغا تېخىمۇ قاتتىق تەلەپلەرنى قويۇش ئارقىلىق ئەۋلادلارغا تەنبىھ قىلىدۇ. ئۇ

تۆۋەندىكى ئۆمۈر خۇلاسىسىدە تېخىمۇ قاتتىق ھەسرەتلىرىنى ئىپادىلەيدۇ: «ئىست دەيمەن، يىگىتلىكىمگە ئىست! سېنى تۇتۇشنى بىلمەي قاچۇرۇپ قويدۇم. يىگىتلىكىمنى ئۆتكۈنچى بۇلۇتتەك يوقاتتىم، ھاياتىمنى شامالدەك تۈگەتتىم. ئەي يىگىتلىكىم، يەنە بىر قېتىم قايتىپ كەلگەن بولساڭ، ئالقىنىمدا كۆتۈرەتتىم، ئايىغىڭغا تاۋار ـ دۇردۇندىن پاياندار سالاتتىم.

ئەپسۇس، مىڭ ئەپسۇسكى، ياشلىقىمنىڭ قايتىپ كېلىشىگە ھەرقانچە تەقەززا بولساممۇ، ئۇنىڭغا قايتا مۇيەسسەر بولالمىدىم. يىگىتلىكىمنى نەگە يوقاتتىم، ئۇنىڭ نەگە كەتكەنلىكىنى ئۆزۈممۇ بىلمەيمەن. ئەمدى ئۇنى تىلىسەممۇ تاپالمايمەن. مەن بىلدىمكى، يىگىتلىك ھاياتلىقنىڭ ئەڭ گۈزەل مەۋسۇمى ئىكەن. ئۇ كىشى ئۈچۈن ھاياتلىقنىڭ شېرىن چېغى، شېرىن جېنىنىڭ لەززەتلىك بېغى ئىكەن. ئەمدى بۇنى ھېس قىلغىنىمدا ياشلىقىمنىڭ راھىتىنى، يىگىتلىكىنىڭ لەززىتىنى قاچۇرۇپ، مەھرۇم بولۇپ قالغانلىقىمنى سەزدىم. دۇرۇسراق ئۆتەلىگەن بولسامىغۇ قېرىلىقتىمۇ ئەيىب يوق ئىدى. ئەپسۇسكى، ھاياتىمنىمۇ بىھۇدە ئۆتكۈزۈۋەتتىم. ئەي يىگىتلىكىم، ھەسرەت بىلەن ساڭا ئېچىنىمەن. مەندىن يىراقلاپ شۇنچە كۆركەملىكىمدىن مەھرۇم قىلدىڭ. ئىككى مەڭزىم ئەرغۇۋاندەك قىزىل ئىدى، بۈگۈن مانا يۈزۈمگە زەپىران ئۇرۇقىنى سەپكەندەك بولدۇم. ئىپاردەك قارا چاچلىرىمغا كافۇر پۈركۈدۈم. ئايدەك تولۇق يۈزۈمنى قاياقلارغا كەتكۈزگەندىمەن؟ تۈمەن خىل گۈللەرگە پۈركەلگەن پارلاق ياز ئىدىم، ئەمدى ھەممىنى قۇرۇتۇپ، خازان بولدۇم. قېيىندەك بويۇم ئوقتەك دۇرۇس، تۈز ئىدى، ئېگىلىپ، مۈكچىيىپ يادەك بولدۇم. ھاياتىمنىڭ پەيزى چاغلىرىنى بىھۇدە زايە قىلدىم. ئۆتكۈنۈش بىلەن كۆزۈمدىن قانلىق ياش سىرغىماقتا. باللىقىمنى ئۆتكۈزۈۋەتتىم، يىگىتلىكىمنىمۇ يوقاتتىم. كۈنلىرىمنى قارايتىپ، ئۆزۈمنى چۆكتۈردۈم. يېمەك ـ ئىچمەك بولسا ئۆيدەك يەپ ـ ئىچتىم، ھەۋەس قوغلىشىپ نۇرغۇن چاڭ توزۇتتۇم. قۇش ۋە ئوۋدىن سۆيۈنۈپ، ئۇچقۇر ئارغىماقتا

www.uyghurkitap.com

دۆڭلەرگە چاپتىم. . . گۇناھسىزلارنى گۇناھقا بۇيرۇپ، نۇرغۇن ئادەملەرنى ئەيىبلىدىم، تىل تەگكۈزدۈم، قول ئۇزارتتىم. غالىب ئەرلەردەك مەيدەمنى كېرىپ، مەغرۇرلىنىپ قىيادەك غادايدىم.

مەن مەستلىكتىن ئويغانغان ئەردەك ھوشۇمغا كېلىپ، ئۆزۈمنىڭ يولدىن ئازغانلىقىمنى بىلىپ، خۇدادىن بەك ئۇيالدىم. بەندىنىڭ خىزمىتىنى قىلىمەن دەپ، خۇدانىڭ ئىبادىتى قالدى. جاھان كېزىپ يۈرۈپ، يولدىن ئېزىپتىمەن. ھەۋەس قوغلىشىپ خېلى چاپتىم، قۇترىغان بۆرىدەك جاھاننى ئىگىلىدىم، كىشىلەرگە زۇلۇق قىلىپ پۇلىنى ئالدىم. بىرىگە غەزەپ قىلىپ، يەنە بىرىنى رەنجىتتىم. رەببىم مەندىن نېمىشقا شۇنداق ئەسكىلىكلەرنى قىلدىڭ دەپ سورىسا نېمە دەرمەن دەپ تولىمۇ ئۇيالدىم.» (6521 ~ 6544 - بېيىتلارنىڭ مەزمۇنى) ①

يۇسۇپ خاس ھاجىپ ئەسىرىنىڭ ھەربىر سەھىپىسىدە ھاياتنى قەدىرلەش توغرىسىدا تەۋسىيەلەرنى قىلىپ تۇرىدۇ، ياشلارغا ياشلىق چاغلىرىنى غەنىيمەت بىلىش توغرىسىدا ناھايىتى ئەھمىيەتلىك نەسىھەتلەرنى قىلىپ ماڭىدۇ. ئايتولدى ئوغلى ئۆگدۈلمىشكە مۇنداق نەسىھەتلەرنى قىلىدۇ: «ھاياتىڭنى زايە قىلماي، ھەربىر كۈنۈڭدىن ئىبرەت ئېلىپ، ياخشىلىقنى ئۆزۈڭگە كەسىپ قىل.» (1333) «ئوغلۇم، ئاڭلاپ تۇرغىن، بۇ دۇنيانىڭ ئىشى بىلەن بولغىن، لېكىن ھەرگىز غاپىل بولما، ئويغاق ياشىغىن، ئادەم دېگەن ۋاقتىنىڭ تۇيغۇنى، ۋاقتى- سائىتى كەلگەندە بىر قەدەممۇ باسالمايسەن، بىر نەپەسنىمۇ ئوشۇق ئالالمايسەن. جىمى نەرسىنىڭ سائەت، كۈنى بەلگىلىك، نەپەس ئېلىشنىڭمۇ سانى بار. قارىماققا يىللار، ئايلار، كۈنلەر ئۆتكەندەك تۇرسىمۇ، ھەربىر كۈن سېنىڭ ئۆمرۈڭنى خورىتىدۇ. ئوغلۇم، مېنىڭ قانداق كەتكەنلىكىمدىن ئىبرەت ئېلىپ ئويغاق ياشا.» (1208 ~ 1215) ھاياتتا ئەڭ كېرەكلىك ئىشلارنى ئاۋۋال قىلىش توغرىسىدا مۇنداق نەسىھەت قىلىدۇ: «ئالدىدىكى-

① پارمۇھەممەت تاھىر تۇغلۇق رومانلاشتۇرغان «قۇتادغۇبىلىك» شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى نەشرىياتى 2000 - يىل نەشرى 392 - بەت.

لەرنىڭ ئۆكۈنۈشىدىن ساۋاق ئال. بۇلار: ئەڭ كېرەكلىك ئىشلىردىنى تاشلاپ قويۇپ، ھەۋەسكە بېرىلىپ مەنىسىز ئىشلار بىلەن مەشغۇل بولۇپتىمەن. ھايات دېگەن شامالدەك ئۆتۈپ كېتىدىكەن، بۇنىڭغا ئامال يوق. ئۇنى پارا بېرىش بىلەنمۇ توسۇپ قالغىلى بولمايدىكەن، دېگەن.» (1173 ~ 1176)

ئومۇملاشتۇرغاندا، بىر ئادەمنىڭ بىر كۈنلۈك تۇرمۇشنى ۋاقىت تەرتىپى بىلەن ياخشى، تەرتىپلىك ئورۇنلاشتۇرالىشى، بىر تەرەپتىن شۇ ئادەمنىڭ ياخشى تەربىيە كۆرگەنلىكىنىڭ ئىپادىسى بولسا، يەنە بىر تەرەپتىن، بۇ خىل ياخشى ئادەت شۇ ئادەمنىڭ مەدەنىيلىك دەرىجىسىنى ئەكس ئەتتۈرۈپ بېرىدىغان بىر ئەينەك بولۇپ قالىدۇ. كۈندىلىك، يىللىق، ئۆمۈرلۈك تۇرمۇش تەرتىپىنى تەتقىق قىلىش ھازىرقى زامان مەدەنىيەت ئىنسانشۇناسلىقىنىڭ مۇھىم تەتقىقات تېمىسى بولۇپ قالدى. چۈنكى كۈندىلىك، يىللىق، ئۆمۈرلۈك تۇرمۇشنىڭ تەرتىپ پروگراممىسىنىڭ قانداق ئورۇنلاشتۇرۇلۇشى شۇ جەمەت ئەزالىرىنىڭ مەدەنىيلىك دەرىجىسىنى ئۆلچەيدىغان مۇھىم ئۆلچەم. ئىنسانلارنىڭ ھاياتى ناھايىتى چەكلىك، قىلىشقا تېگىشلىك ئىشلار چەكسىزدۇر، ۋاقىتنى قانداق ئورۇنلاشتۇرۇش قىسقا ئۆمۈر مۇساپىسىنى قانداق قىلىپ مەنىلىك، مۇۋەپپەقىيەتلىك ئۆتكۈزۈشى ئۇنىڭ ھەربىر كۈنىدە نېمىلەرنى قىلغانلىقى، قانداق ئەھمىيەتلىك ئىشلارنى قىلغانلىقى، ۋاقىتتىن قانداق پايدىلانغانلىقى ئۇنىڭ ھاياتىنىڭ قىممەت تارازىسىدا قانچىلىك توختايدىغانلىقىنى بەلگىلەيدىغان ئاچقۇچ. مەدەنىيەتلىك خەلقلەر بىلەن مەدەنىيەتسىز خەلقلەرنىڭ مەدەنىيلىك دەرىجىسىدە نۇرغۇن پەرقلەر بار دېيىلگەندىمۇ، ئەڭ مۇھىم پەرق ئۇلارنىڭ بىر كۈنلۈك، يىللىق، ئۆمۈرلۈك تۇرمۇشنى قانداق ئورۇنلاشتۇرغانلىقىدىكى پەرقتە تېخىمۇ گەۋدىلىك ئىپادىلىنىدۇ. چۈنكى ئۇ شۇ جەمئىيەتنىڭ مەدەنىيەت سەۋىيىسى، ئىقتىسادىي تەرەققىياتى ۋە باشقا ئىشلىرىغا پەۋقۇلئاددە تەسىر كۆرسىتىپ تۇرىدۇ.

www.uyghurkitap.com

# توققۇزىنچى باب

## بەختكە ئېرىشىش ۋە بەختىمەنلىك تەربىيىسى

ئىنسان دۇنياغا بەخت ئۈچۈن كېلىدۇ، بەخت ئۈچۈن ياشايدۇ، بەخت ئۈچۈن ئۆلىدۇ. بەختسىزلىك ئۈچۈن تۇغۇلغان، بەختسىزلىك ئۈچۈن ياشايدىغان، مەڭگۈلۈك بەختسىزلىك ئۈچۈن ئۆلىدىغان ئادەم يوق. ئەپسۇسكى، ئادەمنىڭ ئىرادىسىگە قارشى هالدا بەزى كىشىلەر بەخت ئۈستىگە تۇغۇلسا، بەزى كىشىلەر بەختسىزلىك ئۈستىگە تۇغۇلىدۇ، بەزىلەر بەختلىك ياشاپ بۇ دۇنيادىن كەتكەن بولسا، بەزىلەر ئۆمۈر بويى بەختسىزلىك بىلەن بۇ دۇنيادىن كېتىدۇ. نېمە ئۈچۈن ئادەم ئەسلىدىنلا بەختلىك يارىتىلغان تۇرسا، بەزىلەر بەختلىك ياشىيالايدۇ، يەنە بەزىلەر بەختسىزلىك كۈلپەتلىرىنى تارتىشقا مەجبۇر بولىدۇ. ئادەم ئۆزىنىڭ بەختىنى قولغا كەلتۈرۈشكە قادىرمۇ ياكى بەخت دېگەن ئەسلىدىنلا پېشانىسىگە پۈتۈلۈپ كەتكەنمۇ؟ يۇقىرىقى سوئالغا بېرىلگەن جاۋابنىڭ ئوخشاش بولماسلىقى ئىنسانلارنىڭ بەخت قارىشىدا، بەختتىن بەهرىمەن بولۇش هوقۇقىدا خاراكتېرلىك پەرقلەرنى بارلىققا كەلتۈرگەن نازۇك ئىدېئولوگىيە مەسىلىسى بولۇپ كەلدى. مۇشۇ جەهەتتىكى تەلىم - تەربىيىنىڭ ئوخشاش بولماسلىقى پەرزەنتلەرنىڭ، ئەۋلادلارنىڭ تەقدىر - قىسمەتلىرىگە پەۋقۇلئاددە تەسىر كۆرسەتتى. بىزنىڭ نۇرغۇن بالىلىرىمىز قارىغۇ، ئەما، گاس، مەجرۇھ، تەقدىرچىلىك ئەقىدىسىنىڭ قۇربانى بولۇپ كەتتى.

«قۇتادغۇبىلىك» نىڭ ئومۇمىي مەزمۇنىدىن قارىغاندا، يۈسۈپ

خاس ھاجىپ ئىنتايىن ئىلغار بولغان قىممەت قارىشى ۋە بەخت ئىدىيىسى بىلەن تەربىيىلەنگەنىدى. ئاتا - ئانىسى، ئۇستازلىرى ئۇنىڭ ئەركىن تەپەككۇرىنى، ئىنتىلىشلىرىنى، غايىسىنى، مەقسەت، مۇددىئاسىنى ئەركىن قانات قېقىش پۇرسىتىگە ئىگە قىلغانلىقى، ھەرگىزمۇ ئۇنىڭ مەنىۋى قاناتلىرىنى قارىغۇ تەقدىر يىپى بىلەن بوغۇشلاپ قويمىغان. شۇڭا، ئۇ ئۆمۈر بويى بەخت ئۈچۈن ئىزدىنىدىغان، پۈتۈن ئىنسانىيەتكە بەخت يولىنى كۆرسىتىپ بېرەلەيدىغان گاڭ قاناتقا ئىگە بولالىغان. شۇڭا، يۈسۈپ خاس ھاجىپنىڭ ۋۇجۇدىغا سىڭدۈرۈلگەن بەخت - سائادەت ئىدىيىسى ۋە يۈسۈپ خاس ھاجىپ ئۆزى سىزىپ بەرگەن بەخت - سائادەتنى قولغا كەلتۈرۈش ۋە ئۇنىڭدىن بەھرىمەن بولۇش ئەندىزىسىنى زامانىمىز پەرزەنتلىرىنى تەربىيىلەشنىڭ ئەندىزىسى قىلسا تامامەن ياخشى ئۈنۈم ھاسىل قىلغىلى بولىدۇ. پەرزەنتلىرىمىز بەختلىك ياشاشقا ھوقۇقلۇق، بىز ئاتا - ئانىلار ئۇلارنىڭ بەختىنى قولغا بېرەيلى.

## 1. پەرزەنتلەر ئۆزىنىڭ بەختى بىلەن بىللە يارىتىلغانلىقىنى ھېس قىلسۇن

ھەرقانداق ئادەم بۇ دۇنياغا ئۆزىنىڭ بەختى بىلەن بىللە تۇغۇلىدۇ. ئادەمگە ئەقىل - پاراسەت، پەزىلەت ۋە بىلىم بېرىپ بۇ دۇنيانىڭ خوجايىنلىق ھوقۇقىنى تۇتقۇزغانلىقىنىڭ ئۆزىلا ئىنسان بالىلىرىنىڭ بۇ دۇنياغا بەخت بىلەن بىللە تۇغۇلىدىغانلىقىنى چۈشەندۈرىدۇ. بۇ دۇنيادىكى بارلىق مەئىشەتنىڭ ئىنساننىڭ پايدىلىنىشىغا بويسۇندۇرۇپ بېرىلگەنلىكىدىنمۇ ئادەمنى ئاللانىڭ قانچىلىك ئەزىز ۋە قەدىرلىك قىلغانلىقىنى ھېس قىلغىلى بولىدۇ. ئاللا ئەزىز قىلغاندىنمۇ ئارتۇق بەخت بارمۇ؟

يۈسۈپ خاس ھاجىپ كىچىكىدىن باشلاپلا ئۆزىنى ھەرگىزمۇ بەختسىز ھېس قىلمىغان، ئۇ دۇنياغا ئەزىز بولۇپ يارىتىلغان-

لىقىنى، چەكسىز بەخت ئۈستىگە تۇغۇلغانلىقىنى تونۇپ ياشىغان. ئۇ بۇ خىل بەخت ئېڭىنى مۇنداق ئىپادىلەيدۇ: «ئالللا ئادەمنى تاللاپ ئەزىز ۋە قەدىرلىك قىلدى. ئۇنىڭغا ئەقىل ـ ئىدراك، بىلىم ۋە پەزىلەت بېرىپ يۈكسەلدۈردى، قەلب ئاتا قىلدى، تىل بېرىپ قەلبىنى يورۇتقۇچى قىلدى. گۈزەللىك، خوش پېئىللىق ۋە نومۇس بەردى. ئادەم بىلىم بولغانلىقى ئۈچۈن بۈگۈنكىدەك ئۇلۇغلۇققا يەتتى، ئەقىل بولغانلىقى ئۈچۈن پۈتۈن تەس تۈگۈنلەر يېشىلدى. خۇدا كىمگە ئەقىل بىلەن بىلىم ئاتا قىلغان بولسا، بارلىق ياخشىلىقلارغا قول سۇنالايدۇ، بىلىمنى بۈيۈك، ئەقىلنى ئۇلۇغ بىلگۈلۈك، بۇ ئىككىسى قۇلنىمۇ يۈكسەلدۈرۈپ بۈيۈكلۈككە ئىگە قىلالايدۇ.» (148 ـ 154)

يۇقىرىقى بايانلار يۈسۈپ خاس ھاجىپنىڭ ئېڭىغا كىچىكىدىن تارتىپ چوڭقۇر سىڭدۈرۈلگەن ۋە ئۇيغۇرلارنىڭ ئۆز دەۋرىدىكى بەخت ۋە ئىنسان تەربىيىسىدە مۇھىم سالماقنى ئىگىلىگەن، كېيىن يۈسۈپ خاس ھاجىپنىڭ ئىلغار بەخت ئىدىيىسىنىڭ شەكىللىنىشىگە ئاساس بولغان مەركىزىي كۆزقاراش دەپ قاراشقا بولىدۇ. ئادەمنىڭ بەختلىك ۋە بەختسىز بولۇشىنىڭ بىرىنچى ھەل قىلغۇچ قەدىمى، شۇ ئادەم ئەڭ ئاۋۋال ئۆزىنىڭ ئادەم ئىكەنلىكىنى، ئەقىل ـ ئىدراكقا، پەزىلەتكە، بىلىمگە ئىگە بولغان، دۇنيانىڭ خوجايىنى ئىكەنلىكىگە بولغان تونۇشىنىڭ تۇرغۇزۇلۇشىدا. بۇ خىل چۈشەنچە قانچىلىك بالدۇر شەكىللەندۈرۈلسە، ئادەم شۇنچىلىك بەختلىك بولىدۇ ۋە بەخت يولىنى ئېچىشقا يۈز تۇتالايدۇ. ئەگەر بۇ خىل چۈشەنچە توغرا تۇرغۇزۇلمىسا، ئادەم مەڭگۈ بەختلىك بولالمايدۇ. «ئادەمدە ئەقىل بىلەن بىلىم بولغانلىقى ئۈچۈن ئۇلۇغ بولالىغان، پۈتۈن تەس تۈگۈنلەرنى يېشىشكە قۇربىتى يېتەلىگەن، قۇللۇق مەھكۇملۇقتىن بۈيۈكلۈككە ئېرىشەلىگەن، بارلىق تىلەكلىرىگە يېتەلىگەن، ئادەمنىڭ بۇ دۇنيادا بۇنىڭدىنمۇ ئارتۇق بەخت تەلىپى بولامدۇ؟»

ئۇنداق بولسا، ئادەمنى بەختسىزلىككە مۇپتىلا قىلىدىغان نەرسە نېمە؟ پېشانە ـ تەلەيمۇ، ئادەمنىڭ ئۆزىمۇ، جەمئىيەتمۇ؟ يۇسۇپ خاس ھاجىپ پەرزەنتلىرىگە بەختسىزلىكنىڭ سەۋەبىنى مۇنداق بىر قانچە تەرەپتىن چۈشەندۈرۈشكە تىرىشقان.

بىلىمسىزلىك، ئەقىلسىزلىك، بەختسىزلىكنىڭ ئانىسى. يۇسۇپ خاس ھاجىپ پەرزەنتلەرگە بىلىمسىزلىك كەلتۈرىدىغان بەختسىزلىكنى مۇنداق ئەسكەرتىدۇ: «بىلىمنىڭ مەنىسىنىڭ نېمە ئىكەنلىكىنى بىلەمسەن؟ بىلىم دەيدۇكى، بىلىمسىز كىشىنىڭ ھەممىسى كېسەلمەن بولىدۇ، كېسەلمەن ئادەم داۋالانمىسا تىرىك ئۆلىدۇ. بىلىملىك ئەردىن كېسەللىك يىراقلىشىدۇ، ئەي ئوغلۇم، بىلىمسىزلىك كېسىلىگە داۋا قىل. ئەي نادان، بىلىملىك قېشىغا بېرىپ بىلىمسىزلىك كېسىلىڭنى داۋالاتقىن.»

يۇسۇپ خاس ھاجىپنىڭ يەنە بىر ئەسكەرتمىسى، بىلىمسىز، ئەقىلسىز ئادەم ھايۋان بىلەن باراۋەر، ھايۋان نادان ئادەمدىن ياخشىكى، ھايۋاندىن مەنپەئەت يېتىدۇ، نادان ئادەمدىن ئاپەت كېلىدۇ. يەنە بىر تەۋسىيىسى، نادان، بىلىمسىز ئادەم گەرچە نەپەس ئالسىمۇ، لېكىن ئۇلارنىڭ روھى ئاللىبۇرۇن ئۆلگەن. ئادەم بالىسى ئۈچۈن ئەقىل ـ ئىدراك بىلەن يارىتىلىپ، بىلىمگە ئىشتىراك قىلىنغان بولسىمۇ، ئۆزىنى ئەقىلسىزلىككە، بىلىمسىزلىككە مۇپتىلا قىلىپ كېرەكسىز، زەئىپ، يارىماس، ئۆلۈكتىن، ھايۋاندىن پەرقلەنمەيدىغان ئادەم بولۇپ قېلىشتىنمۇ بەختسىزلىك، مەھرۇملۇق بارمۇ، ئادەم دۇنيادىكى ھەممە نەرسىگە ئادىمىيلىك ئارقىلىق ئېرىشكىلى بولىدۇ، ئادىمىيلىكتىن مەھرۇم بولۇپ قالسا ھېچ نەرسىگە ئېرىشەلمەيدۇ، ئادىمىيلىكتىن مەھرۇم بولۇپ ئېرىشكەن نەرسىنىڭ نېمە قىممىتى بولسۇن؟

بالىلاردا توغرا، ئىلغار بولغان بەخت قارىشىنى ۋە بەخت ئېڭىنى تۇرغۇزۇش ئەمەلىيەتتە بالىلارغا توغرا، ئىلغار قىممەت قارىشىنى سىڭدۈرۈپ تەربىيىلەش تەلىپىنى كۆرسىتىدۇ. ئادەم بۇ دۇنيادا

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

نېمىنى ئۇلۇغ بىلسە ئۇ شۇنىڭ قىممىتىگە تەڭ، ئۇنىڭ ھاياتلىقتىكى كۆرەش نىشانى ئۇنىڭ تاللىغان، قوبۇل قىلغان قىممەت قارىشىغا مۇناسىۋەتلىك. ئادەم ئۆزىنى ئۇلۇغ دەپ بىلسە ئۇ ئۇلۇغ بولالايدۇ، ئۆزىنى پەس - ئارزۇ ھەۋەسكە بەخشەندە قىلمۇەتسە، ئۆزىنى ئەڭ پەس، ئەرزىمەس مەخلۇق قاتارىغا چۈشۈرۈپ قويۇپ، ئىنسانىي قەدىر- قىممىتىنى يوقىتىدۇ. بۇمۇ شۇ ئادەمنىڭ قىممىتى.

بۇنداق ئوخشىمىغان قىممەت قەيەردىن كېلىپ چىقتى؟ ئۇ بالىنىڭ دۇنياغا كېلىپ قوبۇل قىلغىنى روھىغا سىڭدۈرۈلگەن شۇنداق ئوخشىمىغان ئاڭ بولدى. بىرى، ئۇلۇغلۇق تاجىنى كىيدى، يەنە بىرى، خارلىق ئازگىلىدا ئىڭرىدى. بۇنىڭ شان- شەرپىمۇ تەربىيىلىگۈچىلەرگە مەنسۇپ، ئۇنىڭ تراگېدىيىلىك مەغلۇبىيىتىمۇ تەربىيىلىگۈچىلەرگە تالىق. ھەرگىزمۇ بۇ يول شۇ باللارنىڭ بىرى ئەقىللىق بولغانلىقى ئۈچۈن ياخشى، مۇۋەپپەقىيەتلىك يولنى تاللىغان، يەنە بىرى، تۇغما ئەقىلسىز بولغانلىقى ئۈچۈن مەغلۇبىيەتلىك يولنى تاللىۋالغان دېسەك، تولىمۇ خاتالاشقان بولىمىز.

يۈسۈپ خاس ھاجىپلارغا ئۆز دەۋرىدە ئەڭ ئىلغار قىممەت قارىشى سىڭدۈرۈلۈپ تەربىيىلەنگەن. ئۇلار پۈتۈن ھاياتىنى ئىنسانىيەتنىڭ بەخت - سائادىتىگە بېغىشلىيالىغان. بۇنداق روھ ئۇلارنىڭ ئېڭىغا سىڭدۈرۈلگەن ئىلغار قىممەت قارىشى ۋە بەخت قارىشىدىن كەلگەن. ئۇلار ئۆز دەۋرىدە: ئادەم دۇنيانى ئۆزگەرتەلەيدۇ، ئاسمانغا چىقالايدۇ، ئۆزىنى مۇكەممەللەشتۈرەلەيدۇ، بەختكە ئېرىشەلەيدۇ، ئۆزىنىڭ بەختىنى يارىتالايدۇ، دېگەنگە ئوخشاش قىممەت قارىشىغا ئىگە قىلىنغان. ئادەملەر دۇنياغا باراۋەر يارىتىلغان، بەختلىك يارىتىلغان. جەمئىيەتتىكى تەڭسىزلىك ۋە زۇلۇم ئۇلارنىڭ دۇنيادىكى ھوقۇقىنى تارتىۋالغان، ئۇلارنى بەختسىز قىلىپ قويغان. ئۇلارنىڭ تەڭسىزلىكى ھەرگىزمۇ تەقدىردىن ئەمەس، بەلكى ھاكىمىيەتنىڭ

ئادىل بولمىغانلىقى، قانۇن ـ تۈزۈمنىڭ باراۋەرلىك ئۈستىگە قۇ-رۇلمىغانلىقىدىن بولغان دېگەن قاراش سىڭدۈرۈلگەن. شۇڭا، يۇ-سۇپ خاس ھاجىپ جەمئىيەتتە بۆرە بىلەن قوي بىر ئېرىقتىن سۇ ئىچىدىغان، زۇلۇم بولمىغان، ھەممە ئادەم ھاياتىنىڭ پەيزىنى سۇ-رۇپ، بەختىيار ياشىيالايدىغان تۇرمۇشقا ئىگە قىلىش ئۈچۈن ئىز-دەندى. بۇنىڭ نېگىزى قانۇن ـ تۈزۈمنى باراۋەرلىك ئۈستىگە قۇ-رۇش، ئادالەت ئۈستىگە قۇرۇشنىڭ لازىملىقىنى تونۇپ يەتتى.

بىراق، مۇنداق قىممەت قارىشىغا ئىگە بولۇش ئۈچۈن ئادەمدە بىلىم بولۇشى كېرەك ئىدى. بىلىم بولغاندىلا ئادەم ئۆزىنى بىلەلەي-دۇ، جەمئىيەتنى بىلەلەيدۇ، ياخشى ـ يامانىنى توغرا پەرق ئېتىش ئىقتىدارىغا ئىگە بولالايدۇ. بۇ دۇنياغا ھۆكۈمرانلىق قىلىش ھوقۇ-قىنى قولىغا ئالالايدۇ. ئۆزىنىڭ ھوقۇقىنى قوغدايدىغان ئىقتىدارغا ئىگە بولالايدۇ. «قاراپ باقساڭ، بىزدىن بۇرۇن ئۆتكەن ئاۋام خەلق بولسۇن ياكى جاھان سورىغان بەگلەر بولسۇن، ئۇلاردىن قايسىسى بىلىملىك، ئىقتىدارلىق بولغان بولسا، ئۇلار شۇ زامانىنىڭ ۋە دۇنيانىڭ ئىگىسى بولۇپ ئۆتتى. بۇ كۆنلەردىمۇ ياخشى دەپ ئاتال-غانلار ئەقىل ـ پاراسەتتە، بىلىمدە باشقىلاردىن ئۈستۈن تۇرغانلار-دۇر.» (250 ـ 253) «ھەر كىمنىڭ ئۈستىدە كىيىمى بولىدۇ، بىراق ئەقىللىق، بىلىملىك ئادەم ئەزىز بولىدۇ.» (299) «ئەقىل كىمدە بولسا ئۇ ئېسىل بولىدۇ، بىلىم كىمدە بولسا، ئۇ خان بولىدۇ، بىلىم گادايلاشمايدىغان، ئوغرى ـ قاراقچىمۇ ئالالمايدىغان بايلىق.» (313) نادان ئۈچۈن بىلگەن ـ ئەتكىنىنىڭ ھەممىسى دۈشمەن، ئۇنىڭ بەختسىزلىكىگە شۇلارنىڭ جېدەل ـ غەلىيىنى يېتەرلىك. ئەقىللىقتا ئۆزىنىڭ ئەقلى دوستلۇقتا يارايدۇ، نادانغا ئېتى قارغىش ياغدۇرىدۇ. بىلىملىككە ئىلمى تولۇق تون ۋە ئاش بولىدۇ، بىلىمسىزگە قىلىقى ئەڭ يامان ئەسكى ئاداش بولىدۇ.» (318 ـ 321)

## 2. ياخشىلىق قىلىپ ياخشى نام قالدۇرۇشقا ۋە بەختلىك بولۇشقا رىغبەتلەندۈرۈش

يۈسۈپ خاس ھاجىپنىڭ بەختكە يېتەكلەش، بەختكە رىغبەتلەندۈرۈشتە پەرزەنتلىرىگە ياخشىلىق قىلىپ، ياخشى نام قالدۇرۇش بىلەن بەختنىڭ مۇناسىۋىتىنى چۈشىنىۋېلىشقا يېتەكچىلىك قىلغانلىقى ناھايىتى ياخشى تەلىم-تەربىيە ئۈلگىسى بولۇپ ھېسابلىنىدۇ. ئادەم ياخشىلىقنىڭ بەندىسى. ياخشىلىق مەڭگۈ قېرىمايدۇ، ياخشىلىقنىڭ چېكى يوق. ھاياتنى باشقىلارنىڭ مەنپەئىتى ئۈچۈن قۇربان قىلىشمۇ ياخشىلىق، ئوچۇق چىراي، تۈز كۆڭۈللۈك بىلەن باشقىلارغا ياخشى مۇئامىلە قىلىشمۇ ياخشىلىق. ئەلىشىر ناۋائىينىڭ سۆزى بىلەن ئېيتقاندا: ياخشىلىق قولىدىن كەلمىگەن ئادەم، باشقىلارغا يامانلىق قىلمىسىلا، شۇمۇ ياخشىلىق جۈملىسىدىن سانىلىدۇ. ياخشىلىق ئادەمگە ياخشىلىق ئېلىپ كېلىدۇ، يامانلىق ئادەمگە يامانلىق ئېلىپ كېلىدۇ. يۈسۈپ خاس ھاجىپ بۇ دۇنياغا ياخشىلىق ئۇرۇقىنى چېچىپ، ياخشى نام قالدۇرۇشنىڭ ئىنساننىڭ قەدىر - قىممىتىنى ئۆستۈرۈپ، بەختىيار قىلىدىغانلىقىنى تەكىتلەيدۇ.

ئۆز دەۋرىدىكى تەلىم- تەربىيە يۆنىلىشىدىن قارىغاندا، ياخشىلىق قىلىش، ياخشى نام قالدۇرۇش ئىسلام ئەقىدىسىنىڭ يادروسى ئىدى. چۈنكى، ئىسلام دىنىنىڭ بارلىق ئەقىدە - ئەھكاملىرىنى بىر جۈملە سۆزگە يىغىنچاقلىغاندا: «ياخشىلىق قىلىش، يامانلىق قىلماسلىق» دېگەن مەزمۇنغا مەركەزلىشىدۇ. ياخشىلىق قىلىش ئىبادەتنىڭ ئەڭ ئەمەلىي ئىپادىسى، يامانلىق قىلىش ئەقىدىگە بولغان ئاسىيلىق. . . ئىسلام دىنىدا ياخشىلىق دېگەن مەنىنى «ئېھسان» دەپ ئاتايدۇ. ئىسلام دىنىنى ئۈچ ئىش ئۈستىگە قۇرۇلغان، دەپ چۈشەندۈرىدۇ. ئۇلار: «ئىمان، ئىسلام، ئېھسان» دىن



ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى www.uyghurkitap.com

ئىبارەت. ئېھسان ئىماننىڭ ئەمەلىي ئىپادىسى، ئېھسان بولمىسا ئىمان يالغان دەۋا بولۇپ قالىدۇ. «قۇرئان كەرىم»دە ياخشىلىققا بۇيرۇغان، يامانلىقتىن توسقان ئايەتلەر ناھايىتى كۆپ: «ئېھسان قىلىڭلار، ئېھسان قىلغۇچىلارنى ئاللا ھەقىقەتەن دوست تۇتىدۇ.»[1] يەنە مۇنداق دېگەن: «ئاللا ھەقىقەتەن ئادىل بولۇشقا، ياخشىلىق قىلىشقا بۇيرۇيدۇ.» يەنە مۇنداق دېگەن: «كىشىلەرگە ياخشى گەپ قىلىڭلار.» «ئاتا - ئاناڭلارغا، خىش - ئەقرىبالارغا، يېتىملەرگە، مىسكىنلەرگە، يېقىن قوشنا، يىراق قوشنا، ياندىكى ھەمراھقا، مۇساپىرغا، قول ئاستىڭلاردىكى قۇل - چۆرىلەرگە ياخشىلىق قىلىڭلار.»[2]

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: «قويننىڭ تۇيىقى چاغلىق نەرسە بولسىمۇ، ياخشىلىقتىن ھېچ نەرسىنى كىچىك سانىماڭلار» دېگەن. دېمەك، ياخشىلىق قىلىش ئارقىلىق ئاللانىڭ رازىلىقىغا ئېرىشكىلى، ئاللانىڭ دوستلۇقىغا نائىل بولغىلى بولىدۇ. مۆمىن ئۈچۈن بۇ تەڭداشسىز بەخت. ياخشىلىق قىلساڭمۇ ئۇنىڭ پايدىسى ئۆزۈڭگە، يامانلىق قىلساڭمۇ ئۇنىڭ زىيىنى ئۆزۈڭگە، دەپ ئەسكەرتكەندى. شۇڭا 11 - ئەسىرلەردىكى پەرزەنت تەربىيىسىدە بالىلارنى ياخشىلىق قىلىشقا رىغبەتلەندۇرەتتى، يامانلىق قىلماسلىققا ئاگاھلاندۇراتتى.

تۆۋەندىكى تەۋسىيىلەر، ئۆز دەۋرىدىكى پەرزەنتلەرگە بېرىلگەن ياخشىلىق قىلىش، يامانلىق قىلماسلىق، ياخشىلىق ئارقىلىق بەختنى قولغا كەلتۈرۈش توغرىسىدىكى تەربىيىنىڭ ياخشى ئۈلگىسى بولالايدۇ. «ئىنسان ھەر ئىككى دۇنيانىڭ بەختىنى تىلىمەك بولىدىكەن، قولىدىن كېلىشىچە ياخشىلىق قىلىشى لازىم. ئادەم مەڭگۈلۈك ئەمەس، ياخشى نامى مەڭگۈلۈك بولىدۇ. دېمەك، سەن مەڭگۈلۈك ئەمەس، ئېتىڭ مەڭگۈلۈكتۇر، ئېتىڭ مەڭگۈلۈك بول-

---

① سۈرە بەقەرە، 195 - ئايەت.
② سۈرە نىسا، 36 - ئايەت.

سا، ئۆزۈڭمۇ مەڭگۈلۈكسەن.» يەنە مۇنداق دەيدۇ: «ئەي ئوغۇل، ئەگەر خەلق ئارىسىدا قولۇڭ ئۇزۇن بولۇپ قالسا، سۆزدىمۇ ۋە ئەمەلدىمۇ ياخشىلىق قىل. يىگىتلىك كېتىدۇ، تىرىكلىكمۇ ئۆتىدۇ. ئادەم چۈش كەبى بۇ جاھاندىنمۇ تېزلا كېتىدۇ. ھايات دېگەن ساڭا بېرىلگەن دەسمايە، ئۇنىڭ پايدىسى ياخشىلىقتۇر. ئۇ ياخشىلىقىڭ ساڭا كېيىن كىيگۈلۈك ھەم ئىچكۈلۈك بولىدۇ. بۇ دۇنياغا قانداق ئادەم تۇغۇلغان بولسا، بىر ئازلا يۈرىدۇ-دە، يەنە ئۆلىدۇ. بەگ بولسۇن، قۇل بولسۇن، ياخشى بولسۇن، يامان بولسۇن، ئۆزلىرى ئۆلدى، پەقەت قالغان نىشان ياخشى نامى ياكى يامان نامى. ئەمدى بۇ ھاياتلىق نۆۋىتى ساڭا كەلدى، ئەمدى ياخشىلىق قىلىپ، ياخشى نام قالدۇرغىن. تىرىك ئادەمنىڭ ھەممىسى ئۆلۈپ، يەرنى تۆشەك قىلىدۇ. ئەگەر سەن ياخشىلىق بىلەن ياشىغان بولساڭ، نامىڭ تىرىك بولىدۇ. جەمئىيەتتە ئادەمنىڭ ئىككى خىل نامى تىلدا يۈرىدۇ، بىرى ياخشى نام، يەنە بىرى ئەسكى نام. ياخشىلار ھەر قاچان ماختىلىدۇ، يامانلار ھەرقاچان سۆكۈلىدۇ. قاراپ باققىن، ئۆزۈڭگە قايسىسى ياقىدۇ. تارىخقا قارا، يامان خۇيلۇق، زاھاك ئۆكتەملىك، زوراۋانلىقىدىن ئەلنىڭ قارغىشىنى ئالدى، پەرىدۇن ياخشىلىقى بىلەن ئەل ئىچىدىن ھەرقاچان ماختالماقتا. ساڭا ئەلنىڭ قارغىشى كېرەكمۇ، ماختىشى، ياخشى دۇئاسى كېرەكمۇ؟ قايسىسىنى تاللاش ئۆزۈڭنىڭ ئىختىيارىدىكى ئىش، بىراق كېيىن ئۆكۈنمىسەڭلا بولىدى. مەن دۇنياغا كېلىپ نۇرغۇن ياخشى، يامان ئادەملەرنى كۆردۈم. يامانلارنىڭ ئىشى ھەرگىزمۇ راۋاج تاپمىدى. يامانلىق دېگەن خۇددى ئوتقا ئوخشاش يېقىنلاشقان ئادەمنى كۆيدۈرىدۇ، ئۇنىڭ ئۇنىڭدىن قۇتۇلۇشىغىمۇ يولمۇ قالمايدۇ.»① «يۇر ئەي ياخشىلىقنى ئىزدىگەن بالام، ياخشىلىق قىل، ياخشىلىق - پاراسەت ۋە ئىلىمنىڭ مېۋىسى، ئەل باشقۇرۇپ سىناق-

---

① «قۇتادغۇبىلىك»، مىللەتلەر نەشرىياتى، 1984-يىلى نەشرى، 230 ~ 346-بېيىتلارنىڭ مەزمۇنى.

تىن ئۆتكەن ئەزىمەتلەرنىڭ نېمە دېگەنلىكىنى ئاڭلا: ياخشىلىق
نەچچە يىللار ياتسىمۇ قېرىمايدۇ، يامانلىق قانچە پەرۋىش قىلساڭمۇ
تۈزەلمەيدۇ. ياخشى ئادەم ھەر كۈنى يېڭى - يېڭى تىلەكلەرگە
ئېرىشىدۇ، يامانىنىڭ غېمى بولسا «كۈندە مىڭلاپ ئاشىدۇ.» يۈ-
سۈپ خاس ھاجىپ يەنە قىلغان ياخشىلىقنى خالىس نىيەت بىلەن
قىلىشنى، ئۇنى رىياكارلىق قىلىش بىلەن يۇيۇۋەتمەسلىككە ئاگاھ-
لاندۇرىدۇ: «ياخشىلىق ۋە ياخشىلارنىڭ تەبىئىتى شۇنداق بولىدۇ-
كى، ئۇنىڭدىن ئۆز ئېلىگە ۋە خەلقىگە كۆپ مەنپەئەت يېتىدۇ،
لېكىن يەتكۈزگەن مەنپەئەتنى ئۇچۇن مىننەت قىلمايدۇ. ئۆز كۆمە-
چىگە چوغ تارتمايدۇ، باشقىلارنىڭ مەنپەئىتىنى ئويلايدۇ. لېكىن،
يەتكۈزگەن نېپى ئۇچۇن بەدەل كۆزلىمەيدۇ.» (866 - 858)
ياخشىلىق قىلىپ بولۇپ ئۇنىڭ بەدىلىنى تەلەپ قىلىش بولسۇن
ياكى ياخشىلىقنى مىننەت قىلسۇن، ھەر ئىككىسى ياخشىلىقنىڭ
ساۋابىنى يامغۇردىن كېيىنكى تاشقا ئوخشاش پاك - پاكىز يۇيۇۋېتە-
دۇ. ئىسلامدا رىياكارلىقنى مۇناپىقلىق ۋە شېرىكلىك ھېسابلايدۇ.
پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام رىياكارلارنىڭ بىرەر ئىشنى قىلغاندا دۇ-
رۇس نىيەت ئۇچۇن ئەمەس، بەلكى باشقىلارغا كۆرسىتىش، ياخشى
ئاتىلىپ نەپ ئۇندۇرۇۋېلىشتەك يامان نىيەت بىلەن قىلىدىغان ئادە-
تى بولغاچقا، ھەدىستە: «كىمكى رىياكارلىق قىلسا، ئاللا ئۇنىڭغا
ئەجىر - مۇكاپاتنى كۆرسىتىپ قويىدۇ (لېكىن بەرمەيدۇ)، كىمە-
كى كىشىلەرگە بىلدۈرۈش، ئاڭلىتىش ئۇچۇن ياخشى ئەمەل قىلى-
سا، ئاللا ئۇنىڭغا ئاڭلىتىپ قويىدۇ (لېكىن ئەجىر بەرمەيدۇ)»
(بىرلىككە كەلگەن ھەدىس) دېگەن. يەنە بىر ھەدىستە: «سىلەر
ئەمەلىڭلارنى كۆرسىتىپ قىلغان كىشىلەرنىڭ قېشىغا بېرىڭلار،
مۇكاپاتنى شۇلاردىن ئېلىڭلار»① دېيىلىدىغانلىقىنى بايان قىلغان.
شۇڭا، مىننەت قىلىش سېخىيلىقنىڭ ئاپىتى دەپ ئاگاھلاندۇرغان.

① ئەخمەت، تەبرانى، بەيھەقى رىۋايىتى.

www.uyghurkitap.com

ئۇنداق بولسا ھەقىقىي دۇرۇسلۇق، چىن ياخشىلىق قانداق بولىدۇ؟ ئىسلامنىڭ ياخشىلىق قىلىش ئۆلچىمى ۋە تەلىپىدە چوڭ ياخشىلىق، كىچىك ياخشىلىق، كۆپ بېرىش، ئاز بېرىش دېگەن مىقدار پەرقى يوق. ھەر كىمنىڭ قۇربىتىگە يارىشا ياخشىلىق قىلىش بۇيرۇلغان: «بىر تال خورما چاغلىق نەرسىنى سەدىقە قىلىپ بولسىمۇ دوزاختىن ساقلىنىڭلار» دېگەن ھەدىستىنمۇ بۇنى كۆرگىلى بولىدۇ. ھەرقانداق بىر مۆمىن ياخشىلىق قىلسا، ئۇ ئاز بولسۇن، كۆپ بولسۇن ئاللانىڭ خەزىنىسىگە چۈشمەيدۇ، ئاللا بەندىنىڭ ياخشىلىقىدىن بىھاجەت، بىراق ئاللاغا لازىملىقى بەندىسىنىڭ ياخشى، دۇرۇس، خالىس نىيىتى. ئاللانىڭ رازىلىقىنى تىلەپ قىلىنغان ياخشىلىق ئاز بولسۇن، كۆپ بولسۇن ئاللا ئۇنىڭغا نەچچە ھەسسە مۇكاپات بېرىدىغانلىقى بىلەن ۋەدە بەرگەن. بۇنداق مۇكاپاتنى شېرىك ھەرگىزمۇ بېرەلمەيدۇ. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام «ئاللا سىلەرنىڭ شەكلىڭلارغا، مال - دۇنيايىڭلارغا قارىمايدۇ، بەلكى قەلب ۋە ئەمەللىرىڭلارغا قارايدۇ. »[①] يەنە مۇنداق دېگەن: «بارلىق ئەمەللەر نىيەتكە باغلىق، ھەربىر ئىنسانىنىڭ ئىشى نىيىتى بويىچە. »[②] يەنە مۇنداق دېگەن: «بىر ئادەم بىر ياخشى ئىشنى نىيەت قىلىپ (قۇربىتى يەتمىگەنلىكى سەۋەبلىك) قىلالمىغان بولسا، ئۇنىڭغا (ئوخشاشلا) بىر ياخشىلىق يېزىلىدۇ»[③].

دۇنياۋى ئىشلاردا بولسۇن، دىنىي ئىشلاردا بولسۇن نىيەت ئىنتايىن مۇھىم. ياخشى نىيەت ياخشىلىققا ئېلىپ بارسا، يامان نىيەت يامانلىققا ئېلىپ بارىدۇ. يۇسۇپ خاس ھاجىپنىڭ پەرزەنت تەربىيىسىدە نىيەتنى توغرا قىلىپ، تىلى بىلەن دىلىنى بىردەك قىلىشقا كۆپ ئىشتىراك قىلىنىدۇ: «دۇرۇس ئەر شۇنداق بولمىقى كېرەككى، تىلى بىلەن دىلى بىردەك بولۇشى، تېشىدەك ئىچىمۇ،

① بىرلىككە كەلگەن ھەدىس
② بىرلىككە كەلگەن ھەدىس
③ مۇسلىم رىۋايەت قىلغان

ئىچىمۇ تېشىدەك بولسا، توغرا نىيەتلىك چىن ئادەم ھېسابلىنىدۇ. ئۇ يۈرىكىنى ئالىقىنىدا تۇتۇپ، ئەلنىڭ ئالدىدا ئۇياتماي يۈرەلىسە بولىدۇ. ئادەم بۇ دۇنيا ۋە ئۇ دۇنيادا تولۇق بەختكە ئېرىشمەن دەيدىكەن، تىلى بىلەن دىلىنى بىردەك قىلىپ دۇرۇس ياشىشى كېرەك ــ دۇرۇسلۇق دېگەن كىشىلىكنىڭ ئېتىمدۇر.»

(865 - 862)

يۇسۇپ خاس ھاجىپ ياخشىلىقنىڭ قەدىر ــ قىممىتى، يامانلىقنىڭ كۈلپىتى، ياخشىلىقنىڭ ھۇزۇر ــ ھالاۋىتى، يامانلىقنىڭ كۈلپەتلىك ئاقىۋىتىنى كۆرسىتىپ بېرىپلا قالماي، بەلكى ئۇ ياخشىلىق قىلىشنىڭ دەسمايىسى ئۈستىدىمۇ چۈشەنچە بېرىپ ئۆتىدۇ. يۇسۇپ خاس ھاجىپنىڭ سۆزى بويىچە ئېيتقاندا، ياخشىلىق قىلىش دېگەن خۇددى ئۆرلىمەكتەك قىيىن، يامانلىق قىلماق خۇددى پەسكە چۈشكەندەك ئوڭايدۇر. شۇڭا ياخشىلىق قىلىش ئۈچۈنمۇ ئادەمدە دەسمايە بولۇشى كېرەك ئىدى. دەسمايە بولمىسا نېمىگە تايىنىپ ياخشىلىققا قول سۇنالايدۇ. ئۇ مۇنداق دەيدۇ: «خۇدا كىمگە ئەقىل بىلەن بىلىم ئاتا قىلغان بولسا، بارلىق ياخشىلىقلارغا قول سۇنالايدۇ. ئادەم بالىسى بۇ قوڭغۇر تۇپراققا قەدەم قويغاندىن بۇيان، ھەرقانداق ئىشنىڭ يولىنى بىلىم بىلەن تاپتى. (302) ياخشىلىق دېگەن ئۆرلىگەندەك ئېغىردۇر، يامان ئىش چۈشكەندەك ئاساندۇر. شۇڭا ئاقىللار ئېيتتىكى، ياخشىلىق ئۆرلەشتەك ئادەم ئىتتىك چىقالمايدۇ، بۇنداق ئۆرلەش ئىشىنى ھەممە ئادەم قىلىپ بولالمايدۇ. قىممەتلىك ئىشلارنى قىلماق قىيىن، ئۇنى بىلىمسىز ئادەم قىلىپ بولالمايدۇ.» (904 - 906) ئەگەر ئادەم نورمال پسىخىكىغا ئىگە بولىدىغان بولسا، باشقىلارغا ياخشىلىق قىلالىغانلىقىدىن تەسۋىرلىگۈسىز خۇرسەنلىك تاپىدۇ، ئۆزىدە بىر خىل يەڭگىللىك، ئازادىلىك ھېس قىلىدۇ؛ يامانلىق قىلىپ قالسا ئۇنىڭدىن ئۆكۈنىدۇ، پۇشايمان قىلىدۇ، ئازابلىنىدۇ. بىر ئادەمگە

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

بىلىپ تۇرۇپ يامانلىق قىلغان، زىيانكەشلىك قىلىپ تۇرۇپمۇ ھەرگىز ئازابلىق ھېس قىلمىغان ئادەمنىڭ نېرۋىسىنىڭ نورمال ئىكەنلىكى گۇمانلىقتۇر.

ئادەم دېگەن ياخشىلىق بىلەن جەمئىيەتتە قىممەتكە، ھۆرمەتكە ھەم بىر كىشىلىك ئورۇنغا ئىگە بولالايدۇ. جەمئىيەتكە پايدىسى تەگمىگەن ئادەمنىڭ قىممىتى بولمايدۇ. ئۇ ھايات ۋاقتىدىمۇ ھېچكىم ياد ئەتمەيدۇ، ئۆلگەندىن كېيىنمۇ ھېچكىم ئەسلىمەيدۇ. ئۇنداق ئادەمنىڭ تىرىكلىكى بىلەن ئۆلۈكلىكىنىڭ پەرقى يوق. بۇ ئادەم ئۇچۇن ئەڭ بەختسىز بىر ھال ئەمەسمۇ؟ بۇ مەنىدىن ئېيتقاندا باللارغا كىشىلەرگە ياخشىلىق قىلىشنىڭ قىممىتى، يامانلىق قىلىشنىڭ كۆلپىتىنى ھېس قىلدۇرۇش، ئۆزىنى ياخشىلىققا ئاتايدىغان، يامانلىقتىن قاچىدىغان بولۇشقا ئىلھاملاندۇرۇش ئۇلارغا كۆپ ياخشىلىقلارنى، مەمنۇنلۇقلارنى، خۇشاللىقلارنى ئېلىپ كېلىشى چوقۇم. بەزى ئادەملەرنىڭ پۇلى بار، باشقىلارغا پۇل ياردەم قىلىپ ياخشىلىق قىلىشى مۇمكىن، بەزى كىشىلەر ھوقۇقىغا تايىنىپ باشقىلارغا ياخشىلىق قىلىشقا قول ئۇزىتالىشى مۇمكىن، بەزىلەر بىلىمى بىلەن كىشىلەرنى ياخشىلىققا دەۋەت قىلىپ، يامانلىقتىن توسۇپ خۇرسەنلىك تېپىشى مۇمكىن، پۇلى، ھوقۇقى، بىلىمى يوق ئادەملەرمۇ شۇ پۇل ئۇچۇن مۇشتۇمزورلارنىڭ غالچىلىقىنى قىلىپ، ئۇلارنىڭ قارا قولى بولماي، ئۆزىنىڭ نورمال تىرىكچىلىكىگە قانائەت قىلىپ، كىشىلەرگە ياخشى ئارىلىشىپ ئۆتسىمۇ ئۇ يەنىلا خۇشاللىق تاپالايدۇ. باشقىلارغا ئوچۇق چىراي، خاتىرجەملىك بىلەن سالاملىشىشنىڭ ئۆزىمۇ بىر بەخت. بۇ مەنىدىن ئالغاندا ئاتا ـ ئانىلار باللىرىغا كىچىكىدىن تارتىپ باشقىلارغا ياخشىلىق قىلىش ئاكتىپلىقىنى قوزغىتىپ بەرسە، يامانلىق قىلماسلىق ھەققىدە تەۋسىيىلەر قىلىپ تۇرسا باللارغا بەختتىن بىر ئۇلۇش بەرگەن بولىدۇ.

3545 ھايات ياخشىلىقلار ئۈچۈن دەسمايە،
ئەي ئالىم ئۇنى ھېچ قىلما سەن زايە.

## 3. بەختنىڭ تېگى مېھنەت

كىشىلىك ھاياتتا مەڭگۈلۈك بىر ئومۇمىي قانۇنىيەت شۇكى، ئادەم ئىشلىگەن ئىشنىڭ نەتىجىسىنى كۆرىدۇ، ئىشلىمەي تۇرۇپ ھېچقانداق نەتىجىگە ئېرىشىش مۇمكىن ئەمەس. بۇ خۇددى نېمە تېرىسا شۇ ئۈنگەنگە، ئەگەر تېرىمىسا ئۇنمىگەنگە ئوخشاش ئىش. ئادەم مېڭىش مېھنىتىنى تارتسا ئاندىن ئۇنىڭ پۇتى ئادەمنى مەنزىلگە ئېلىپ بارىدۇ، ئەگەر مېڭىشتىن ئېرىنىپ ياتسا، بىرقەدەممۇ ئالغا باسالمايدۇ. ئادەم ئۈچۈن تىرىكچىلىك كېرەك، گالغا ئاش، ئۈچىغا كىيىم كېرەك. ياشاش ئۈچۈن بۇ بولمىسا بولمايدۇ. ئەگەر ئادەم ئىككى كۈن ئاچ قېلىپ موھتاجلىققا چۈشۈپ قالغاندا، ئاندىن ماددىي نېمەتنىڭمۇ ھاياتتا قانچىلىك مۇھىم ئىكەنلىكىنى ھېس قىلىدۇ.

يۈسۈپ خاس ھاجىپنىڭ تەشەببۇسلىرىدا ئادەم كىچىكىدىن باشلاپلا مېھنەتنى چۈشىنىشى، مېھنەت قىلىشنى بىلىشى كېرەك. مېھنەتنى، مېھنەت قىلىشنى بىلمىگەن ئادەم بەختنىڭ نېمە ئىكەنلىكىنى بىلمەيدۇ. بۇ خۇسۇستا تۆۋەندىكى بايان ئۇنىڭ پەلسەپىۋى يەكۈندۇر:

3551 ئۈچى بولسا نېمەت تۆۋى مېھنەت ئول،
بېشى بولسا مېھنەت، سوڭى نېمەت ئول.

يۇقىرىقى پىكىر بەخت بىلەن مېھنەتنىڭ مۇناسىۋىتىنى چوڭقۇر پەلسەپىۋى ئاساسقا ئىگە قىلىدۇ.

يۈسۈپ خاس ھاجىپ ياشىغان 11 ـ ئەسىردە مانا شۇ مېھنەت

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

بىلەن نېمەتنىڭ مۇناسىۋىتى توغرىسىدا قارىمۇقارشى ئىدىيىۋى ئېقىملار ئوتتۇرىغا چىقىپ، بەزى ئېقىملار ماددىي نېمەت ئۈچۈن قىلىنغان مېھنەتنى ئىنكار قىلىپ، پەقەت تائەت ئۈچۈن قىلىنغان مېھنەتنى ئېتىراپ قىلىشتى. ماددىي نېمەت ئۈچۈن قىلىنىدىغان مېھنەتنى ئاچ كۆزلۈك، ئۆلۈمنى ئۇنتۇغانلىق، تائەتنى تاشلىغانلىق دەپ ئەيىبلەشتى: «مال ـ دۇنيا دىننىڭ دۈشمىنى، ئۇ دىنىڭنى يۇتۇۋېلىشلا كويىدا بولىدۇ. ئۇ چىرايلىق بېزەلگەن كېلىنگە ئوخشاش يۈرىكىڭنى ئوينىتىۋېتىدۇ، كۆڭلۈڭنى بەرگەندىن كېيىنلا كۆرۈمسىز قېرىغا ئايلىنىپ، كۈندە ياقا بىلەن يېڭىڭغە ئېسىلىپ، ئىلەڭگۈچ ئۈچۈپ ئارامىڭدا قويمايدۇ. ئۇ تۇراقسىزلىقى، ۋاپاسىزلىقى بىلەن ئېرىنىڭ قولىدا ئۈچ ئايمۇ تۇرمىغان خوتۇنغا ئوخشايدۇ. شۇڭا كىم ئۇنىڭغا كۆڭۈل بۆلىدىكەن قىممەتلىك ھاياتىنى بىھۇدە سەرپ قىلىدۇ» (3539~3543). «بۇ دۇنيانىڭ لەززىتى مۇنۇ ئۈچ نەرسىگە باغلانغان، بىرى، يېمەك ـ ئىچمەك لەززىتى، يەنە بىرى، ھەقىقىي سۆيگەن خوتۇن لەززىتى، ئۈچىنچى، سالامەتلىك لەززىتى. بۇنىڭ ئىچىدە سالامەتلىك لەززىتى ھەممىدىن مۇھىم. دۇنيانىڭ باشقا شادلىقلىرى ئۇنىڭ ئورنىنى باسالمايدۇ. بىراق بۇ ئۈچ تۈرلۈك لەززەتنىڭ جاپاسىمۇ باراۋەر تۇرىدۇ. يېمەك ـ ئىچمەكنىڭ لەززىتى قۇسقان چاغدىكى جاپاسىغا ئەرزىمەيدۇ. تاماقنىڭ لەززىتى پەقەت ئۈچلۈق گالدىلا بىلىنىدۇ. تۆۋەنگە چۈشسە قارنىڭنى تولدۇرىدۇ خالاس. ئەگەر تاماق سىڭمىسە مىجەزىڭنى بۇزىدۇ. مىجەزىڭنىڭ بۇزۇلۇشى كېسەلگە گىرىپتار قىلىدۇ، كېسەل دېگەن ئۆلۈمگە تۇتۇپ بەرگۈچىدۇر. ھەي سالامەت ئوغۇل، ئۆلۈمدىن لەززەت كۆرمەيسەن. خوتۇن سۆھبىتى توغرىسىدا گەپ قىلساق، ئۇ ھەقىقەتەن لەززەتلىك. ئۇنىڭ مېھنىتى سوغۇق سۇغا چۈشمەك. بولۇپمۇ ئوغۇل ـ قىزنىڭ يۈكىنى يۈدۈمەك بەك ئېغىر مۇشەققەتتۇر. خوتۇن ۋە لەززەتلەر ئەرنىڭ كۈچ ـ قۇدرىتىنى خورىتىدۇ. خوتۇن سۆھبىتى ئەرلىك ئوتىنى سائەتمۇسائەت ئۆچۈرۈش

ئۇچۇندۇر. كۆردۇڭكى، نەدە تاتلىق بولسا ئاچچىقمۇ ھەمراھ، چۈچۈكى بار يەردە ئاچچىقمۇ تەييار. ئەگەر ئۇلارنى ھاياتلىقنىڭ ھۆزۈرى دەپ قارايدىغان بولساق، بۇ دۇنيانى مۇشەققەت يولى دېمەكلازىمدۇر» (3573~3586).

دۇنيادا ئوتتۇرىغا قويۇلغان نۇرغۇن ئىدىيىلەرنىڭ، نەزەرىيىلەرنىڭ ھەتتا سەپسەتىلەرنىڭمۇ ئۆزىگە تۇشلۇق تاتلىقى بار. ئۇلار بىر قىسىم ماھىيەتلىك بولمىغان، كۆرۈنۈشتىكى ھادىسىلىك تەرەپلەرگە كۆپرەك ئېسىلىۋېلىپ ماھىيەتنى ئىنكار قىلىشقا ئۇرىنىدۇ. يۇقىرىقى بايانلاردىن قارىغاندا، ئادەم ھامىنى ئۆلۈپ كېتىدىغان بولغاندىن كېيىن، بۇ دۇنيانىڭ لەززىتى ئۈچۈن مېھنەت قىلىپ نېمە قىلىدۇ، دېگەندەك تەسىراتقا كەلتۈرىدۇ. بۇ ئارقىلىق ئەسلى ماھىيەتنى ئىنكار قىلىش ئارقىلىق قانۇنىيەتكە قارىمۇقارشى مۇقام توۋلىغانلىقى مەلۇم بولىدۇ. چۈنكى تىرىكلىك بولمىسا ھېچقانداق نەرسە بولمايدۇ، ھېچقانداق نەرسە ۋۇجۇدقا چىقمايدۇ، بەختمۇ بولمايدۇ.

يۈسۈپ خاس ھاجىپ شۇڭا مېھنەتنى بەخت دەپ قارايدۇ. ئۇ بۇ كۆزقاراشنى ھاياتنىڭ قانۇنىيىتى نۇقتىسىدىن چىقىپ چۈشەندۈرىدۇ: «دۇنيادىكى ھەممە ئادەم مەنپەئەت قوغلىشىپ ياشايدۇ، ئەگەر مەنپەئەتنى دېمىسە ئوۋۇچىمۇ ئوۋغا چىقماي ئۆيىدە ئۆلسە بولىدۇ.» شۇڭا ئالىم ھايات قانۇنىيىتىگە مۇخالىپ بولغان تەتۈر تەرغىباتلارنىڭ قاپقىنىغا ئەۋلادلارنىڭ چۈشۈپ كەتمەسلىكىنى ئويلاپ، مېھنەتنى ئىنكار قىلغۇچىلارنىڭ تەرغىباتلىرىنى ناھايىتى كونكرېت، تەپسىلىي بېرىدۇ. ئارقىدىن ئۇنىڭ كۈچلۈك ئىلمىي دەلىللىرى بىلەن ئۇلارنىڭ سەپسەتىلىرىنى ئىنكار قىلىپ، ئەۋلادلارنى ھاياتنىڭ توغرا، ئوڭ ئېقىمىغا باشلاپ كىرىدۇ. بۇنداق سەزگۈر مەسىلىلەر ھەققىدە ئاتا ـ ئانىلار ناھايىتى ھوشيار بولۇشى، بالىلارنىڭ خاتا نەزەرىيە، خاتا تەرغىباتلارنىڭ قۇربانى بولۇپ كېتىشىنىڭ ئالدىنى ئېلىشى كېرەك. بالىلار ھاياتنىڭ بەختىنى، تۇرمۇش-

نىڭ ھۇزۇرىنى مېھنەتتىن ئېپشقا ئادەتلەنسۇن، مانا بۇ ئۇلارغا ھەقىقىي مەنىدىكى بەخت ھۇزۇرىنى ئاتا قىلالايدۇ.

## 4. پەرزەنتلەر بەختىنىڭ نېمە ئىكەنلىكىنى ھەقىقىي ھېس قىلسۇن

بەخت ئۇقۇمى ناھايىتى نازۇك ئۇقۇم. بەخت دېگەن كونكرېت بىر شەيئى ئەمەس، بەلكى ئۇ ئابستراكت تۇيغۇ. بەخت ئىنساننىڭ روھىي دۇنياسىدىكى سۆيۈنۈش، مەمنۇنلۇق، قانائەت تۇيغۇسىنىڭ ئۇيغۇنىشى، بەختسىزلىك بولسا روھىي دۇنيادىكى قايغۇ ـ ئەلەم، ئېچىنىش، قانائەتسىزلىك، بىئاراملىق تۇيغۇسىنىڭ ھۆكۈمران ئورۇنغا ئۆتۈشى، ئادەم دېگەن مانا شۇنداق قارىمۇقارشى تۇيغۇ ۋە ھېسسىياتلارنىڭ كۈرىشى ئىچىدە ياشايدۇ. ئادەمنىڭ قايسى تۇيغۇسى ۋە ھېسسىياتى كۈچلۈك كەلسە، ئادەم شۇنىڭ كونتروللۇقىدا بولىدۇ. بەختسىزلىك تۇيغۇسىنىڭ ھۆكۈمرانلىقىدىن قۇتۇلۇش ئۈچۈن ئادەم نۇرغۇن شەرتلەرنى ھازىرلاشقا توغرا كېلىدۇ. ئەڭ مۇھىمى كۈچلۈك خاراكتېردىن قوپۇرۇلغان ئىرادە، ئۈمىد كۈچى ئادەمگە ئەلەم ياشلىرىنى ئېرتىۋېتىپ، بەختسىزلىك داغلىرىنى يۇيۇۋېتىپ، ئورنىدىن دەس تۇرۇپ، روھىدىن بەخت تۇيغۇسىنىڭ ئورۇن ئېلىشىغا جاي ھازىرلىيالايدۇ. بۇنىڭدىن قارىغاندا، بەختسىزلىكمۇ خاراكتېرسىز، ئەقىدىسىز ئىنسانلارنى كۆتۈرۈپ يەرگە ئۇرىدۇ.

يۇسۇپ خاس ھاجىپ بەخت توغرىسىدا كونكرېت تەبىر بەرمەيدۇ، لېكىن ئۇنى كونكرېت بىر شەيئىدەك كۆز ئالدىمىزغا كەلتۈرۈشكە ھەرىكەت قىلىدۇ. مەن بەخت توغرىسىدىكى تۇنجى چۈشەنچىگە «قۇتادغۇبىلىك» نى ئوقۇغاندىن كېيىن ئاندىن ئېرىشكەن ئىدىم. بۇ ھەقتە ماڭا داداممۇ، ئۇستازلىرىممۇ كونكرېتراق بىرەر نەرسە دەپ بەرگەنلىكىنى بىلمەيمەن. «قۇتادغۇبىلىك» تە بەختنىڭ كىشىلىك تۇرمۇش بىلەن بولغان مۇناسىۋىتى بەختنىڭ تىلىدىن مۇنداق بايان قىلىنىدۇ:

بەخت دەيدۇ: «مېنىڭدىن پۈتۈن ئادەملەرگە نەپ تېگىدۇ.
خۇيۇم مۇلايىم، يېشىممۇ كىچىك، بۇيۇكلەر ئۇچۇن كىچىكمەن.
يۈزۈم كۆركەم، قولۇم تىلىگەن تىلەكلەرگە يېتىدۇ. كىشىلەرنىڭ
بارلىق ئارزۇ- ئارمىنى ماڭا ئېرىشىش، شۇڭا كىشىلەرنىڭ پۈتكۈل
مەشغۇلاتى مېنى قوغلاش، ماڭا ئەگىشىشتىن ئىبارەت. مەن بار
يەردە ھۇزۇر ۋە سۆيۈنۈش بولىدۇ. مەن بار يەردىن مېھنەت قاچى-
دۇ، قايغۇ- ئەلەم يولدىن ئازىدۇ. كىم ماڭا بويۇن سۇنسا ئۇمىدى-
نى تاپىدۇ، ئەگەر غادىيىدىكەن ۋەيران بولىدۇ. مېنى باسمەن
دېگەنلەر ئۆزى بېسىلىدۇ، شۇڭا باشقىلار بەخت توغرىسىدا: بەخت
قەيەردە بولسا، ئۇنىڭ بىلەن يارىشىپ بويۇن ئەگكىن، ئەگەر ئۇنىڭ
بىلەن قېرىشساڭ قايغۇ - ئەلەمگە مۇپتىلا بولىسەن، بەختكە يار
بولساڭ كۆڭلىرىڭ سائادەت ئىچىدە ئۆتىدۇ، ئارزۇيۇڭ قانىدۇ دې-
گەن.» (673～682)
مانا بۇ ئومۇمىي قانۇنىيەت. ئادەم بالىسىنىڭ ھەممىسى بەخت
ئۈچۈن ياشايدۇ، بەختنى قوغلىشىدۇ. بىراق بەزىلەر بەخت ئىزدەي-
دۇ، ئۇنىڭغا يېتەلەيدۇ، بەزىلەر بەختكە ئېرىشىدۇ، لېكىن ئۇنىڭ
قەدرىگە يەتمەيدۇ. يۈسۈپ خاس ھاجىپ دەۋاتقان بەخت بىلەن
قېرىشىش دېگەن سۆز بەختنىڭ خۇسۇسىيىتىگە قارشى ئىش كۆرۈش
دېگەنلىك بولىدۇ، بەخت بىلەن يارىشىش دېگەنلىك بەختتىن بەھرى-
مەن بولۇشنى بىلىش، بەخت كەلگەندە غەپلەت بىلەن قولدىن
چىقىرىپ قويماسلىقتا ئېيتىلىدۇ. شۇڭا يۈسۈپ خاس ھاجىپ بەخت
كېلىدۇ، تۇتۇشنى بىلسەڭ تۇرىدۇ، تۇتۇشنى بىلمىسەڭ كېتىدۇ،
ئىككىنچى قايتىپ كەلمەيدۇ، دېگەن. ئۇ بەختنى قولدا تۇتۇپ
تۇرۇشنىڭ شەرتلىرى، قولدىن چىقىرىپ قويۇشنىڭ سەۋەبلىرى
توغرىسىدا ناھايىتى قىممەتلىك تەۋسىيىلەرنى قىلىدۇ: «بەختنىڭ
خۇيى خۇددى كېيىككە ئوخشايدۇ، ئىزدىگەن تېز تاپالمايدۇ، قاچسا
تۇتالمايدۇ، ئەگەر بەختكە ئېرىشكەن كىشىلەر ئۇنى چىڭ كىشەنلەپ
تۇتالىسا ھەرگىزمۇ قېچىپ كەتمەيدۇ. بەخت ئېتىغا كىشەن بولالاي-
دىغان مۇنداق بىرقانچە ئىش بار، ئالدى بىلەن بەختكە ئېرىشكۈچى-

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

نىڭ مىجەز - خۇلقى مۇلايىم، ئۆزى كەمتەر، يۇمشاق سۆزلۈك بولۇشى لازىم. ئۆزىنى ئوبدان كۆزىتىپ يۈرەلىسە، ھەددىدىن ئاشمىسا، يامان ئىشلارغا يېقىن بارمىسا بولىدۇ. يەنە پەيلىنى بۇزماسلىقى، مال - دۇنياسىنى ئورۇنسىز بۇزۇپ چاچماسلىقى، ئۆزىدىن ئۈلۈغنىڭ خىزمىتىنى قىلىشى، ئۆزىدىن كىچىككە چۈچۈك سۆز قىلىشى كېرەك. كىبىر بىلەن باشقىلارنى رەنجىتمەسلىكى، ئۆزىدىن كىچىكلەرنى مازاق ۋە بوزەك قىلماسلىقى، ھاراق - شارابقا ھەرگىز بېشىنى تىقماسلىقى، ھەددىدىن ئارتۇق ئويۇن - تاماشىغا بېرىلمەسلىكى لازىمدۇر. مانا شۇنداق قىلالىغاندا، ئاندىن تۇراقسىز بەختكە كىشەن سالالايدۇ.» (698~710) بۇ ھەقتە ئاقىللارنىڭ گۆھەردەك گەپلىرىمۇ بار: «بەخت كېلىدۇ، تۇتۇشنى بىلمىسەڭ كېتىدۇ، رىزىق بېرىدۇ، يېيىشنى بىلمىسەڭ يەنە تارتىۋالىدۇ. شۇڭا بالام، بەختكە ئېرىشىدىكەنسەن، ئۆزۈڭگە ھېزى بولۇپ چىڭ تۇت، پۈتۈن ئەسكى ئىشلاردىن يىراق بول، دۇرۇس، پاكىز بولۇشۇڭ لازىمدۇر. بەختنىڭ بېغى دېگەن مانا شۇ.» (723~727)

كىشىلەر ئارىسىدا «بەخت ئۇنىڭغا ئوڭ باققان ئىدى، بىلەلمەي قالدى» دېگەندەك گەپلەرنى ئۇچرىتىپ تۇرىمىز. بۇ دەل يۈسۈپ خاس ھاجىپ ئاگاھلاندۇرغان بەختنى تۇتۇش يوللىرىنى بىلمەي، ئۆزىنى چاغلىماي ئىش تۇتۇپ قويغانلىقتىن ئۇچرىغان مەھرۇملۇقلىرىنىڭ خۇلاسىلىنىشى. بۇ گەرچە نۇرغۇن ئادەم بىلسىمۇ، ئۆزى دۇچ كەلگەندە تازا ئەمەل قىلىپ كېتەلمەيدىغان ناھايىتى نازۇك ئىش. شۇنىڭ ئۈچۈن باللارغا بەختكە بولغان تۇيغۇسىنى، بەختكە ئېرىشىش يوللىرىنى كۆرسىتىپ بېرىپلا قالماي، بەخت بىلەن قانداق مۇئامىلە قىلىش، ئۇنى قانداق قىلىپ تۇتۇپ تۇرۇشنىمۇ ئۆگىتىشى كېرەك. بۇنىڭدا يۈسۈپ خاس ھاجىپنىڭ بەختنىڭ تۇتقۇچى — بېغى توغرىسىدىكى تەۋسىيىلىرىنى ئۈلگە قىلىش ياخشى ئۇنۇم بېرىدۇ.

# ئونىنچى باب

## ئۆرپ - ئادەت، قائىدە - يوسۇن تەربىيىسى

يۇسۇپ خاس ھاجىپنىڭ پەرزەنت تەربىيىسىدە ئۆرپ - ئادەت، قائىدە - يوسۇن تەربىيىسىگە ئالاھىدە ئەھمىيەت بەرگەن ۋە مەخ-سۇس سەھىپىلەرنى ئاجرىتىپ، بىر قىسىم مۇھىم قائىدە- يوسۇن-لاردىن تەربىيە بەرگەن. ناھايىتى روشەنكى، ئۇيغۇر خەلقى ئەزەلدىن پەرزەنت تەربىيىسىدە ئۆرپ - ئادەت، قائىدە - يوسۇن تەربىيىسىگە ئەھمىيەت بېرىدۇ. چۈنكى، ھەرقانداق بىر باللا شۇ مىللەتنىڭ ئۆرپ - ئادىتى، قائىدە- يوسۇنى ئۈستىگە تۇغۇلىدۇ، شۇ يوسۇنلار ئىچىدە چوڭ بولۇپ، ئاخىرى ئۆلگەندىن كېيىنمۇ يەنىلا شۇ مىللەت-نىڭ يوسۇنلىرى بويىچە دەپنە قىلىنىپ، ئۇنىڭ ھاياتىدىن خۇلاسە چىقىرىلىدۇ. بۇنداق قائىدە - يوسۇنلار بىرەر دەۋرنىڭ مەھسۇلى بولماستىن، بەلكى ئۇزۇن ئەسىرلىك ھاياتلىق مۇساپىسىدە شەكىل-لىنىپ ۋە تاكامۇللىشىپ، شۇ مىللەتنىڭ مىللىي ئالاھىدىلىكىنى گەۋدىلەندۈرىدىغان بەلگىگە، ئۇلارنىڭ مەۋجۇتلۇق ئاساسىنى يۇغ-ىتىلايدىغان ئەڭگۈشتەرگە ئايلانغان. قەدىمكى ئۇيغۇرلار ئۆرپ - ئادەت، قائىدە- يوسۇننى «تۆرۈ» دېگەن سۆز بىلەن ئىپادىلەشكەن. «تۆرۈ» دېگەن ئۇقۇم يەنى قائىدە- يوسۇن مەنىسىدىمۇ قوللىنىل-غان. كېيىن ئۇ قانۇن ئۇقۇمىنىڭ قەدىمكى ئۇيغۇر تىلىدا ئىپادى-لىنىدىغان سۆزى بولغان. بىز شۇنى ھېس قىلالايمىزكى، قائىدە - قانۇن ئۆرپ - ئادەت، قائىدە - يوسۇن ئاساسىدا بارلىققا كېلىپ، بارا - بارا مۇقىم، تۈزۈملەشكەن، قېلىپلاشتۇرۇلغان

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

دۆلەت باشقۇرۇش قانۇنى بارلىققا كەلگەن. تۆرۈنىڭ يەنە بىر ئېتمولوگىيە مەنىسىدىن قارىغاندا، ئۇ يۇقىرى ئورۇن، تۆر، يۇقىرى، ئالىي دېگەن مەنىدىكى «تۆر» دىن كېلىپ چىققان. بۇ مەنىدىن قارىغاندا، ئۇيغۇرلار تۆرۈنى مىللەت ئەمەل قىلىدىغان، بويسۇنىدىغان ئالىي تۇرمۇش ئۆلچىمى مەنىسىدە قوللانغان. شۇڭا قائىدە - يوسۇن بىلمىگەن ئادەمنى ھايۋان دەپ ئاتاشقان، قائىدە - يوسۇنلۇق ئادەمنى پەزىلەتلىك، ئەقىللىق ئادەم قاتارىدا ھۆرمەتلىگەن. شۇڭا قەدىمدىن تارتىپ قائىدە - يوسۇن تەربىيىسى ئائىلە تەربىيىسىنىڭ مۇھىم تەلەپلىرىدىن بىرى بولۇپ، ھەربىر ئادەم ئەھمىيەت بەرگەن.

«قۇتادغۇبىلىك» گەرچە ھاكىمىيەت باشقۇرۇش ئىقتىدارىنى يۇقىرى كۆتۈرۈش ئۈچۈن يېزىلغان قانۇن پروگراممىسى بولسىمۇ، يەنىلا ئۇنىڭدا بىر قىسىم قائىدە - يوسۇنلار توغرىسىدا كونكرېت تەربىيە مەزمۇنلىرىنى بېرىپ، ئەۋلادلارنىڭ رىئايە قىلىشىنى ئۈمىد قىلغان.

### 1. سالاملىشىش قائىدىسى توغرىسىدىكى ساۋاتلار

ئۇيغۇرلار سالام - سائەتكە ئەھمىيەت بېرىدىغان، سالامنى ئەخلاق - پەزىلەتنىڭ مۇھىم بىر ھالقىسى سۈپىتىدە ھۆرمەت قىلىدىغان مىللەت. بىز ئىسلامىيەتتىن بۇرۇنقى ئۇيغۇرلارنىڭ قانداق سالاملىشىش ئادىتىنىڭ بارلىقى توغرىسىدا كۆپ نەرسىلەرنى بىلمەيمىز. ئۇيغۇرلار ئىسلام دىنىغا ئېتىقاد قىلغاندىن كېيىن ئىسلامى ئادەت بويىچە سالاملىشىشقا ئادەتلەنگەن. بىزنىڭ قارىشىمىزچە، دۇنيادا خېلى كۆپ سالاملىشىش ئادىتى بولسىمۇ، بۇنىڭ ئىچىدە ئىسلامى سالاملىشىش ناھايىتى ئىلغار ئورۇندا تۇرىدىغان سالاملىشىش ئادەتلىرىنىڭ بىرى. ئۇنىڭدا كىچىكلەرنىڭ چوڭلارغا، چوڭلارنىڭ كىچىكلەرگە، ئەرلەرنىڭ ئاياللارغا، ئاياللارنىڭ ئەرلەرگە بېرىدىغان سالام - سەھىتى روشەن پەرقلەندۈرۈلگەن. ئەڭ مۇھىمى

تونۇغان، تونۇمىغان ئادەملەرگە سالام قىلىش ئىسلامى سالامنىڭ مۇھىم ئالاھىدىلىكى. ئىسلامدىكى قايسى ئىش ئەڭ ياخشى دەپ سورىغۇچىغا، رەسۇلىللا: «باشقىلارغا تائام بەر، تونۇغان ۋە تونۇمىغان كىشىلەرگە سالام قىل» دېگەن[1].

ئىسلامى سالامدا قوللىنىدىغان ئىبارە «ئەسسالامۇ ئەلەيكۇم» دېگەن تىلەك سۆزى بىلەن بولىدۇ. پۈتۈن دۇنيادىكى مۇسۇلمانلار مۇشۇ ئىبارە بىلەن سالاملىشىدۇ. بۇ ئىبارە بىلەن سالاملاشقاندا ئۇ ئادەم قايسى مىللەت، قايسى دۆلەت ۋە قايسى ئىرقتىن بولسۇن، ئۇنىڭ مۇسۇلمان ئىكەنلىكى ئۇقۇلىدۇ. «پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ساھابىلەرگە: مەن سىلەرنى ئۆزئارا دوست قىلىدىغان بىر ئىشنى كۆرسىتىپ قويايمۇ؟ دېگەندە، ساھابىلەر، ماقۇل! ئەي ئاللانىڭ ئەلچىسى! دېيىشكەن، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: سالامنى ئاشكارا قىلىڭلار دېگەن»[2].

ئىسلام دىنىدا سالام ئاللا تەرىپىدىن چۈشۈرۈلگەن مۇبارەك ئىبارىدۇر، دەپ بىلىدۇ. بۇ خۇسۇستا مۇنداق بىر رىۋايەتكە ئاساسلىنىدۇ. «ئاللا تائالا ئادەم ئەلەيھىسسالامنى ئاتمىش گەز ياراتقان ۋە بارغىن، توپ بولۇپ ئولتۇرغان پەرىشتىلەرگە سالام قىلغىن، ئۇلار ساڭا نېمە دەپ جاۋاب بېرىدۇ، قۇلاق سالغىن. ئۇ سېنىڭ ۋە ئەۋلادىڭنىڭ سالام ـ سەھىتى بولۇپ قالىدۇ دېگەن. ئادەم ئەلەيھىسسالام ئەسسالامۇ ئەلەيكۇم! دېگەن. پەرىشتىلەر ئەسسالامۇ ئەلەيكە (كۆپلىكى ئەلەيكۇم) ۋە رەھمۇتۇللاھ! دەپ ۋەرەھمۇتۇللانى زىيادە قىلغان.»[3]

يۇسۇپ خاس ھاجىپ «قۇتادغۇبىلىك»تە سالاملىشىش توغرىسىدا مەخسۇس تەلىم بېرىش نۇقتىسىدىن چىقىپ پىكىر بايان قىلمايدۇ. چۈنكى، ئۇ چاغلاردا سالاملىشىش ئومۇمىي ئادەتكە ئاي-

---

① بۇخارى «ئەدەبۇل مۇفرەدۇ» دىن ئېلىندى. شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى 2004 ـ يىل نەشرى.
② بۇخارى رىۋايەت قىلغان.
③ بۇخارى «ئەدەبۇل مۇفرەدۇ» دېگەن كىتابىدىن ئېلىندى. شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى 2004 ـ يىل نەشرى.

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

ـلىنىپ كەتكەن ئىش بولغاچقا، ئۇنىڭ قائىدىسى ۋە مەنىسىنى كىچىكتىن چوڭغىچە ھەممە ئادەم چۈشىنەتتى. بىراق، ئەسەردىكى قىسمەن مەلۇماتلاردىن ئۆز دەۋرىدە سالامغا قانچىلىك ئەھمىيەت بېرىلىدىغانلىقىنى كۆرۈپ ئالالايمىز. تەركىدۇنيا زاھىت ئۇدغۇر-مىش كونتۇغدى ئىلىگ بىلەن كۆرۈشۈش ئۈچۈن تاغدىن چۈشۈپ، ئۆگدۈلمىشنىڭ ئۆيىگە كەلگەندە ئۇلارنىڭ قانداق كۆرۈشكەنلىكىنى مۇنداق تەسۋىرلەيدۇ: ئۇدغۇغورمىش تاغدىن شەپىسىز ئۆگدۈلمىش-نىڭ قېشىغا كەلدى، ئۆگدۈلمىش ئۇنى كۈتۈۋالدى. ئۇلار قول ئېلىشىپ سالاملاشتى ۋە بۇ ئىككى پاك ئىنسان ئۆيگە كىرىشتى» (5031 ـ 5032) قول ئېلىشىپ كۆرۈشۈش ھازىر دۇنياۋى خاراك-تېرلىك كۆرۈشۈش ئۇسۇللىرىنىڭ بىرى. بۇ خىل كۆرۈشۈش ئىس-لامدا سۈننەت ھېسابلىنىدىغان ئەدەپ ـ قائىدە دائىرىسىگە كىرىدۇ: «لــەرائىبنى ئازىب رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇنداق دېگەن: بۇرادىرىڭ بىلەن قول ئېلىشىپ كـۆرۈشـۈشـۈڭ، سـالامـىنىڭ تـولـۇق بولۇ-شىدۇر.» بۇ قائىدە كىشىلەرنىڭ ئارىسىدىكى دوستلۇقنى كۈچەيتى-ـدۇ، تەكەببۇرلۇققا چەك قويۇپ، كەمتەرلىككە ئادەتلەندۈرىدۇ. باشلىق بولسۇن، قۇل بولسۇن ھەممە ئادەمگە ئوخشاش قول بېرىپ كۆرۈشۈش تەلەپ قىلىنىدۇ. ھەرگىزمۇ ئىسلامدا باشلىقلارنىڭ، چوڭلارنىڭ قولىغا سۆيۈش قائىدىسى يوق. پەقەت پەيغەمبەر ئەلەي-ھىسسالاملا قولىغا سۆيگەن. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام قولىغا سۆيۈش-تىن، قۇلچىلىق بىلەن پۇتقا سۆيۈشتىن چەكلىگەن. ئەگەر يېقىن-لىق ئىپادە قىلماقچى بولسا، ئۇرۇق ـ تۇغقانلار بولسا، ئۇزۇن كۆرۈشمىگەن بۇرادەرلىرى بولسا ئۇچراشقاندا قۇچاقلىشىپ كۆرۈ-شۈش، كىشىلەر ئارىسىدىكى مېھرى ـ مۇھەببەتنى ئاشۇرىدۇ. يۈ-سۈپ خاس ھاجىپ ئۇدغۇرمىش بىلەن ئۆگدۈلمىشنىڭ تۇنجى قېتىم ئۇچراشقان ۋاقتىتىكى كۆرۈشۈش ھالىتىنى مۇنداق بايان قىلىدۇ: ئۆگدۈلمىش قېرىندىشى ئولتۇرۇشلۇق ماكانغا يېقىنلاپ قالغاندا، ئېتىدىن چۈشۈپ پىيادە ماڭدى. ئۆڭكۈرگە كېلىپ ئىشىكنى ئاستا

چەكتى. ئۇدغۇرمىش ئېتىنى توختىتىپ، ئىشىكنى ئاچتى. ئۇ چىقىپ قاياشىنى كۆرۈپ، قۇچاقلىشىپ يۈز- كۆزلىرىگە سۆيۈشۈپ ئېسەنلەشتى.» (3289 - 3291)

يۈسۈپ خاس ھاجىپ، كۈنتۇغدى بىلەن ئۇدغۇرمىش كۆرۈشكەن چاغدىكى ئەھۋال بىلەن سالاملىشىشنىڭ ئەھمىيىتىنى قىسقىچە بايان قىلىدۇ: ئۇدغۇرمىش بىلەن ئۆگدۈلمىش ئىككىيلەن ئەلىگ قېشىغا كەلدى، ئىلىگ ئۇلارنى كۆرۈپ قارشى ئالدى. ئىلىك ئۇلارنى كۆرۈپ ئاۋۋال سالام قىلدى، زاھىت ئىلىگنىڭ سالىمىنى ئىلىگ ئالدى. ئۇلار ئۆزئارا قول ئېلىشىپ كۆرۈشتى، سۆيۈنۈپ ھال- ئەھۋال سوراشتى. ئىلىگ ئۇدغۇرمىشقا ئۆزرىخاھلىق ئېيتتى» (5035 - 5039). ئەسلىدە ئىسلامى يوسۇندا كىم ئاۋۋال سالام قىلسا، شۇ كۆپرەك ساۋابقا ئىگە بولىدۇ دېيىلگەن. ھەم كىچىكلەر چوڭلارغا ئاۋۋال سالام قىلىش بۇيرۇلغان. بىراق، زاھىت ئۇدغۇرمىش بىلەن كۈنتۇغدى ئىلىگ ئۇچراشقاندا تۇنجى بولۇپ كۈنتۇغدى ئىلىگ سالام قىلدى. شۇڭا ئۇ ئۇدغۇرمىشتىن بۇ قائىدىنى نېمە ئۈچۈن بۇزغانلىقى توغرىسىدا سورايدۇ.

«سۆزلىشىشتىن بۇرۇن ساڭا ئېيتىدىغان بىر سۆزۈم بار، ماڭا جاۋاب بەرگىن، سەن بۇ يەرگە ئۆزۈڭنىڭ كۆڭۈل خاھىشىڭ بىلەن كەلگەنلىكىڭنى ئېيتتىڭ، ئەي باتۇر، قانداق ئىش بولۇپ كەتتى؟ سەن سالامنىڭ پەزىلىتىنىڭ ناھايىتى چوڭ ئىكەنلىكىنى بىلىسەن، كىم ئاۋۋال سالام بەرسە، شۇ پەزىل يولىنى ئاچىدۇ. بىراق مېنى كۆرگەندە سالام قىلمىدىڭ، نېمىشقا سالامنىڭ پەزىلى ساۋابىنى تەلەپ قىلمىدىڭ؟» ئۇدغۇرمىشنىڭ جاۋابى: «ئالىيلىرى، مەن بىلىپ تۇرۇپ ئاۋۋال سالام قىلمىدىم. توغرا، سالام كىشى ئۈچۈن سالامەتلىك يولى، سالام قىلىشقاندا سالامەتلىكنىڭ ئۇلىنى سالغىلى بولىدۇ. سالام ھەم ئەمىنلىك، سالامدىن جان ئەمىن تاپىدۇ، چۈنكى سالام قىلغۇچى باشقىلارغا ئامانلىق تىلەيدۇ، سالامنى ئىلىك ئالغۇچى سالامەت بولىدۇ، سالام كىشىلەرنىڭ زىيانكەشلىكىدىن

www.uyghurkitap.com

ساقلايدۇ. بۇنىڭمۇ يەنە قائىدىسى بار. ئۇلۇغلار ئالدى بىلەن كىچىكلەرگە سالام قىلسا ئىش يولluq بولمىغان بولىدۇ. كىچىكلەر ئۇلۇغلارنىڭ سۆزىنى تۇتسا بالا ـ قازادىن خالىي بولۇپ، ئامان ـ ئېسەن ياشىيالايدۇ. ئورنى تۆۋەنلەر ئۇلۇغلارنىڭ زىيانكەشلىكىدىن ئېسەن بولالىغاندا، ئۇلارنىڭ خەيرىخاھلىقىدا ئامانلىق تاپىدۇ. مەن دېگەن سەندىن تۆۋەن تۇرسام، قانداقمۇ مەندىن ساڭا زىيان يەتسۇن؟! ئىلىگنىڭ قولى ھەممىدىن ئۇزۇن، تەرىنى تۇرۇپ قولىنى ئەلگە سۇنسا خالىغىنىنى قىلالايدۇ. شۇڭا، پۇقرالار بەگكە ئاۋۋال سالام قىلمايدۇ. ئەي بىلىمدە كامالەتكە يەتكەن ئىلىگ، مېنىڭ ساڭا ئالدى بىلەن سالام قىلمىغانلىقىمنىڭ مەنىسى شۇ» .(5054～5065)

يۇقىرىقى بايانلاردا يۈسۈپ خاس ھاجىپ سالامنىڭ قائىدىسى، پەزىلىتى ۋە خاسىيىتى توغرىسىدىكى تۈپ قائىدىلەرنى مەركەزلىك ۋە ئىخچام ئەسكەرتىپ ئۆتىدۇ. ئىسلامى سالامنىڭ ئېسەنلىك ۋە سالامەتلىك تىلەش مەنىسى بار. ئىنسانغا ئېسەنلىك ۋە سالامەتلىكتىن ئارتۇق بەخت بولمايدۇ. ئېسەنلىك ۋە سالامەتلىك بولغاندىلا، باشقا ئىشلارنىڭ ھەممىسى مەنىلىك بولىدۇ. سالامەتلىك، ئېسەنلىك بولمىسا، بۇ دۇنيانىڭ راھەت ـ پاراغىتىمۇ، مال ـ دۇنياسىمۇ ئادەمنى بەختلىك قىلالمايدۇ. بۇ يەردە «ئەسسالامۇئەلەيكۇم» نىڭ مۇبارەك مەنىسىنى ئەسكەرتىپ قويۇشقا توغرا كېلىدۇ. چۈنكى، بەزى كىشىلەر بۇ سالامنى بىلسىمۇ، مەنىسىنى بىلمەيدۇ، شۇڭا «مەسچىتكە كىرىپ قالغانداك بولاۋاتىمەن يا» دەپ بۇ سالامنى مەززە قىلىدىغان ياشلارمۇ بار. يەنە بەزىلەر بۇ سالامنى توغرا تەلەپپۇز قىلمايدۇ. بەزىلەر ھەتتا بۇ سالامنى پۈتۈنلەي ئېغىزىدىن چىقارماي، ھېچقانداق كونكرېت مەنىنى ئۇقتۇرمايدىغان «ياخشىمۇسىز» دېگەن سالامغا ئادەتلىنىپ كېتىشتى. ئەسلىدە «ياخشىمۇسىز» دېگەن سۆز خەنزۇ تىلىدىن ئۆلۈك ھالدىلا تەرجىمە قىلىنىپ كىرگەن سۆز بولۇپ، ئۇ خەنزۇ تىلىدا كونكرېت مەنە ئۇقتۇرغان بىلەن، ئۇيغۇر

تىلىدا كونكرېت مەنە ئۇقتۇرمايدۇ. خەنزۇ تىلىدا «نى خاۋ» دېگەن
سۆز، كۆپ مەزمۇننى ئۇقتۇرىدۇ. يەنى، سالامەتلىكىڭ ياخشىمۇ،
تۇرمۇشۇڭ ياخشىمۇ، دېگەنگە ئوخشاش. بىراق ئۇيغۇر تىلىدا ئۇنـ-
داق مەنىنى بەرمەيدۇ، پەقەت ناھايىتى مەۋھۇم، ئابستراكىت مەنادا
قوللىنىلىدۇ. شۇڭا بىر مىللەتنىڭ ئادىتىگە خاس سۆزنى ئۆلۈك
ھالدا قوبۇل قىلىش خاتا بولىدۇ. «ئەسسالامۇئەلەيكۇم» دېگەن
سۆز ئەرەب تىلىغا خاس ئىبارە بولۇپ، ئۇنىڭ مۇنداق بىرقانچە
تۈرلۈك مۇبارەك مەنىسى بار. بۇ ئىبارە ئىككى بۆلەكتىن تەركىب
تاپقان. بىرىنچى «سالام» ئىبارىسى ئاللانىڭ زېمىندىكى ئىسىم -
سۇپىتىدۇر. ھەدىستە: «‹ئەسسالام› ئاللانىڭ گۈزەل ئىسىملىرىـ-
نىڭ بىرى بولۇپ، ئۇنى ئاللا زېمىنغا قويغان» دېيىلگەن. سالام
دېمەك «خاتىرجەملىك، تىنچلىق ئاتا قىلغۇچى زات» دېمەكتۇر.
ئەرەبچە سۆز مەنىسى بويىچە ئېلىنغاندا ئەرەبچىدىكى «سەلىما» كەلـ-
ـگۈسى زامان شەكلى «ياسلامۇ» پېئىلىدىن ئېلىنغان بولۇپ،
«سالامەتلىك، تىنچلىق، نىجات تېپىش» قاتارلىق بىرقانچە مەنىـ-
لەرنى ئۇقتۇرىدۇ. «ئەسسالام» سۆزى يەنە «مۇتلەق كامالەتلىك،
كەم - كۈتىسىز، ئېۋەنسىز» مەنىسىنىمۇ بېرىدۇ. ئۇ يەنە: «جەنـ-
نەت» مەنىسىنى ئۇقتۇرىدۇ، «دەرئەس - سالام» نىجاتلىق دەرگا-
ھى، يەنى جەننەت دېمەكتۇر. «مەدەنەت سالام» شەكلىدە كەلگەندە
تىنچلىق شەھىرى دېگەنلىك بولىدۇ.

«ئەلەيكۇم» سۆزى ئىككى قىسىمدىن تەركىب تاپقان، «ئەـ-
لەي» ئۇيغۇر تىلىدىكى «گە، كە» قوشۇمچىسىغا ئوخشاش رولدا
كېلىدۇ. «كۇم» بولسا ئىككىنچى شەخس «سىز، سەن، سىلەر»
نى بىلدۈرىدۇ. دېمەك «ئەلەيكۇم» سىزگە، ساڭا، سىلەرگە دېمەكـ-
تۇر. شۇنداق قىلىپ «ئەسسالامۇ ئەلەيكۇم» سىزگە، ساڭا، سىـ-
لەرگە سالامەتلىك بولسۇن. تىنچلىق ۋە ئاسايىشلىق بولسۇن،
دېگەن مەنىدە قوللىنىلىدۇ.

سالامغا جاۋاب قايتۇرغاندا «ۋە ئەلەيكۇم ئەسسالام»، يەنى

www.uyghurkitap.com

ساڭىمۇ، سىزگىمۇ، سىلەرگىمۇ سالامەتلىك، خاتىرجەملىك، ئاسايىشلىق بولسۇن، دەپ يۇقىرىقى تىلەككە ئورتاقلاشقانلىقنى ئىپادىلەيدۇ.

يۇسۇپ خاس ھاجىپ بايان قىلىۋاتقان سالام بەرگۈچى تىنچلىق، سالامەتلىك تىلىدى، ئىلىك ئالغۇچى سالامەت بولدى، تىنچلىق كاپالىتىگە ئىگە بولدى، دېگەن سۆزلىرىنىڭ قاراتمىلىقى ناھايىتى چوڭ، يەنى ئاۋۋال سالام قىلغۇچى قارشى تەرەپكە سالامەتلىك، تىنچلىق، خاتىرجەملىك تىلىدى. شۇنداق تۇرۇپ يەنە خاتىرجەملىكنى، تىنچلىقنى بۇزۇش، مۇبارەك سالامغا خىلاپلىق قىلىش گۇناھ بولىدۇ.

ئەمدى چوڭلارنىڭ كىچىكلەرگە، پادىشاھلارنىڭ، ئەمەلدارلارنىڭ ئاۋۋال پۇقرالارغا سالام قىلىشىغا كەلسەك، بۇ ئىسلامى سالامنىڭ مۇھىم بىر ئالاھىدىلىكى. بۇ خىل قائىدە رەسۇلۇللادىن تارتىپ ئومۇملاشقان ۋە قائىدىگە ئايلانغان. چۈنكى ئەمىرلەر پۇقرالارغا سالام قىلىپ ئەمىنلىك، خاتىرجەملىك تىلەيدۇ. پۇقرالار ئەمىن، خاتىرجەم بولسا پادىشاھلار ئاندىن ئەمىن، خاتىرجەم بولىدۇ. بۇ جەھەتتىن ئالغاندا، پادىشاھ ھەرقانچە يۇقىرى ئورۇندا ئولتۇرغان بولسىمۇ، لېكىن ئۇ خەلقنىڭ خىزمەتكارى، خەلق يەنىلا پادىشاھتىن ئۇلۇغ بولىدۇ.

ئىسلامى سالامدا مۇنداق بىرقاتار سالاملىشىش قائىدىسى بار: بىرى، كىچىكلەر چوڭلارغا، ئۇلاغلىقلار پىيادىلەرگە، ماڭغانلار ئولتۇرغانلارغا سالام قىلىدۇ، ئازچىلىق كۆپچىلىككە سالام قىلىدۇ. ئىسلامنىڭ سالام قىلىش قائىدىسىدە باللار چوڭلارغا سالام قىلىدۇ، پىيادىلەر ئولتۇرغانلارغا سالام قىلىدۇ، ئازچىلىق كۆپچىلىككە سالام قىلىدۇ. يەنە بىرى، سورۇنغا كىرگەن ئادەم سالام بىلەن كىرىدۇ، قايتقاندا ھەم سالام بىلەن قايتىدۇ. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بۇ ھەقتە مۇنداق دېگەن: «بىر كىشى بىر سورۇنغا كىرسە سالام قىلسۇن، قايتماقچى بولسىمۇ سالام قىلسۇن، بىراق

كېيىنكىسى ئالدىنقىسىدىن ھەقلىقراق ئەمەس» .①سورۇنغا كەلگەندە سالام بىلەن كىرىش سۈننەت ۋە ئەدەپ. سورۇندىن قايتقاندىمۇ «خوش، ئاللاغا ئامانەت، سالامەت بولۇڭلار» دېگەندەك ھۆرمەت سۆزلىرى بىلەن قايتىش سورۇنداشلارغا بولغان ھۆرمەت ھەم ئۆزىگە بولغان ھۆرمەتنى ئاشۇرۇشنىڭ يولى. سورۇندىن گەپ - سۆزسىزلا قايتىشمۇ ئەدەپكە توغرا كەلمەيدۇ. بىراق بۇ سورۇنغا كىرگەن چاغدىكىدەك ئۇنداق مۇھىم ئەمەس. ئەگەر ئۆزىنىڭ ئىززەت - ھۆرمىتىنى ساقلاش ئۈچۈن ئەدەپتىن ئۆتسە ئۇنى قوبۇل قىلغۇلۇق ۋە ياخشى قىلغان بولسا، باشقىلارمۇ ئۇنى ئەيىبلىمىسۇن. سورۇن تارقىغاندا چوقۇم ئۆزئارا ياخشى تىلەكلەرنى تىلەپ قايتىش كېرەك. بۇ ھەقتە: «ئاللانى زىكرى قىلماي تارقالغان سورۇن خۇددى ئۆلۈك ئېشەكنىڭ پۇرىقى تارقالغاندەك سورۇندۇر»② دېگەن ھەدىس بار.

ئەمدى قائىدە بويىچە، بىر قىسىم ئادەملەرگە سالام قىلىنمايدۇ، يەنى هاراقكەشكە، پاسىق ئادەمگە سالام قىلىش دۇرۇس ئەمەس. ئابدۇللا ئىبنى ئەمىر مۇنداق دېگەن: «هاراقكەشكە سالام قىلماڭلار». ھەسەن بەسرى مۇنداق دېگەن: «سەن بىلەن پاسىق ئارىلىقىدا ھۆرمەت يوق». بۇنىڭدىن باشقا ھەددىدىن ئارتۇق ياسانچۇق، تەكەببۇر، قوللىرىغا ئالتۇن ئۈزۈك تاقىۋالغان، بويۇنلىرىغا ئالتۇن زەنجىر ئېسىۋالغان كىشىلەرگىمۇ سالام قىلماسلىقنى بۇيرۇلغان.

سالاملىشىشنىڭ قائىدىلىرى ناھايىتى كۆپ، پەقەت زۆرۈرىيەتتىن مۇقىمراق تەرەپلىرىنى ئەسكەرتىپ ئۆتتۇم. ئاتا - ئانىلار پەرزەنتلىرىگە ئۇيغۇرلارنىڭ ئەنئەنىۋى ئادىتىگە ۋە ئەخلاقىغا ئايلانغان سالاملىشىش قائىدىسىنى ئەستايىدىل ئۆگىتىشى، ئۇنى كىچىكىدىن باشلاپ ئادەتلەندۇرۇشى كېرەك.

①② بۇخارى رىۋايەت قىلغان. «ئەدەبول مۇفرەد» دېگەن كىتابتىن ئېلىندى. شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى 2004 - يىلى نەشر قىلغان.

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

## 2. ئاممىۋى سورۇندىكى ئەدەپ - قائىدە ساۋاتلىرى

ئۇيغۇر خەلقى مېھماندوست خەلق، زامان - زامانلاردىن بېرى مېھماندوستلۇقى بىلەن داڭ چىقىرىپ كەلگەن. شۇڭا قانۇن دەستۇرلىرىدا كارۋان، مۇساپىرلارغا ياخشى مۇئامىلە قىلىش، ئۇلارنىڭ ھالىدىن خەۋەر ئېلىش، ئۇلارغا زىيانكەشلىك قىلماسلىق توغرىسىدا مەخسۇس ماددىلار بەلگىلەنگەن. مېھماندوستلۇق بىر مىللەتنىڭ كىشىلىك مۇناسىۋەت ئەخلاقىنى نامايان قىلىدىغان بىر ئەمەلىي مەشغۇللۇق. ئادەمنىڭ ھەم پەزىلىتى، سېخىيلىقى، خەسىسلىكى ئۇنىڭ مېھمانلارغا تۇتقان مۇئامىلە - مۇناسىۋەتلىرى ئارقىلىق ئىپادىلىنىپ قالىدۇ. يەنە ئۇيغۇرلارنىڭ مېھماندارچىلىقىنىڭ ھەممىسى ئۆرپ - ئادەت ئۈستىگە قۇرۇلغان. مەلۇم بىر قائىدىگە، ئادەتكە توغرا كەلمىسە بىكاردىن - بىكارغا مېھمان چاقىرمايدۇ، ھەم مېھمانغا بارمايدۇ. شۇڭا مېھماندارچىلىق سورۇنلىرى ئۇيغۇرلارنىڭ ئۆرپ - ئادىتى، قائىدە - يوسۇنلىرى ئەڭ گەۋدىلىك ئىپادىلىنىدىغان، ئادەملەرنىڭ ئەخلاقى - پەزىلىتى سىنىلىدىغان ئىمتىھان رايونى. ئاتا - ئانىلار پەرزەنت تەربىيىسىدە ئاممىۋى سورۇنلاردا ئەدەپنى قانداق ساقلاش، يېمەك - ئىچمەكنى قانداق يېيىش، كىشىلەر بىلەن قانداق سالاملىشىش، نېمىلەرنى قىلىش، نېمىلەرنى قىلماسلىق، قانداق ئولتۇرۇش قاتارلىق تەرەپلەردە يېتەكچىلىك قىلىپ تۇرىدۇ. بالىلارنىڭ پەزىلىتى ئارقىلىق ئاتا - ئانىلارنىڭ پەزىلىتىگە باھا بەرگىلى بولىدۇ.

بىز «تۈركىي تىللار دىۋانى»، «قۇتادغۇبىلىك» ۋە باشقا كلاسسىك ئەسەرلەردىن ئۇيغۇرلارنىڭ بالا تەربىيىسىدە كىشىلىك مۇناسىۋەت مىزانلىرىغا رىئايە قىلىش توغرىسىدا ناھايىتى قاتتىق تەلەپ قويغانلىقىنى ھېس قىلالايمىز. «تۈركىي تىللار دىۋانى»دا: «ئۇما كەلسە قۇت كىلۇر»[1] («مېھمان كەلسە قۇت كېلۇر») دېگەن بىر

① «تۈركىي تىللار دىۋانى» شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، 1980 - يىل نەشرى، ئۇيغۇرچە، 1 - توم 144 - بەت

ماقالنى كۆرىمىز. بۇ ئىسلامىيەتتىن خېلى بۇرۇنقى ماقال بولۇپ، ئۇيغۇرلار مېھمان بەخت ـ ئامەت ئېلىپ كېلىدۇ، دەپ چۈشەنگەن. مېھمانغا بولغان ھۆرمەتسىزلىك، مېھماندوست ئادەملەرنىڭ نامى ئەل ئارىسىدا يادلىناتتى ۋە قوشاقلار قېتىپ ئۇنىڭ شەنىگە مەدھىيە ئوقۇيتتى. مېھماندوست ئادەملەر ئاچ ـ يالىڭاچلارنىڭ غەمگۈزارى ئىدى، ئۇلارغا ئاش ـ تاماق بېرىپ تۇراتتى، مەھمۇد قەشقەرى مېھماندوست بىر ئادەمگە بېغىشلانغان مەدھىيە قوشاقلىرىدىن بىر پارچىنى مىسال ئېلىپ ئۆتكەن. مەزمۇنى مۇنداق: «ئۇلۇغ ئىشلار-نى قىلىپ تۇرىدىغان، داستىخان سېلىپ ئاش بېرىدىغان ئادەم ئىدى، راسا سوغۇق قىشلاردا كىشىلەرنى ئومۇندۇرۇپ قويىدى»[1] يۈسۈپ خاس ھاجىپمۇ شۇڭا: «مېھمانلارنى ياخشى مۇئامىلە بىلەن كۈتۈۋالغىن، چاۋىڭنى (داڭقىڭنى) ئەلگە يايسۇن» دېگەن.

«تۈركىي تىللار دىۋانى» دىكى يەنە بىر قىسىم يازما ئەدەبىيات نەمۇنىلىرىدا مېھماندارچىلىق يوسۇنلىرى توغرىسىدىكى بىر قىسىم شېئىرلاردىن نەمۇنە بەرگەن: «بىر كىم ساڭا ھاجىتى چۈشۈپ كەلسە، ئۇنىڭغا ئوزۇق بەر، مېھمان قىلىشنى ئېغىر كۆرسەڭ ئۇلار قارغايدۇ» (1 ـ توم، 362 ـ بەت). «ساڭا يوقسۇل بىر مېھمان ھاجىتى چۈشۈپ كېلىپ قالسا، تەييار بولغان ئاشنى ئالدىغا كەل-تۈر، ئۇنى كۈتتۈرمە» (1 ـ توم، 124 ـ بەت). مانا مۇشۇ شېئىردا ئىپادىلەنگەن مەزمۇن ئىپادىلىگەن بىر ئىبرەتلىك ھېكايە بار. ئۇنى بۇ يەردە دەلىل كەلتۈرۈش بەلكىم ئوشۇقلۇق قىلماس:

«نەقىل كەلتۈرۈلۈشىچە، پادىشاھ بەھرام گور بىر كۈنى ئوۋغا چىقتى. ئۇ بىر قۇلۇننى قوغلايمەن دەپ ئۆز لەشكەرلىرىدىن يىراق-لىشىپ كەتتى. ئۇ قوغلا ـ قوغلا ئاخىرى بىر مەھەللىگە يېتىپ كەلدى. ئۇ يەردە بىرقانچە چېدىر ئۆيلۈك بار ئىدى. ئۇ چېدىرلارنىڭ قېشىدا بىر دەرەخ بار ئىدى. بەھرام گور شۇ يەردە ئاتتىن چۈشتى.

---

[1] «تۈركىي تىللار دىۋانى» شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، 1980 ـ يىل نەشرى، ئۇيغۇرچە، 2 ـ توم 70 ـ بەت.

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

ئۇ چېدىر ئىگىلىرىدىن ئۈچ كىشىنى تېپىپلا:

— مەن ھازىر سىلەرنىڭ مەھەللىگە مېھمان، مەزە بولسا ئاچىقىپ، مېنى مېھمان قىلىڭلار. مەن سىلەرنىڭ ياردىمىڭلار بىلەن قورسىقىمنى ئازراق توقلىۋالاي، - دېدى.

ئۇ چېدىر ئىگىلىرىدىن بىرى ھەددىدىن ئارتۇق بېخىل ۋە ھىممىتى پەس كىشى ئىدى. شۇڭا ئۇ شاھنىڭ ئىلتىماسىغا ۋە ئېھتىياجىغا قىلچە پىسەنت قىلمىدى. يەنە بىرى ھەددىدىن ئارتۇق ئىسراپخور ۋە بۇزۇپ - چاچىدىغان كىشى ئىدى. شۇڭا ئۇ كىشى شاھ بەھرامنى مېھمان قىلىش ئۈچۈن بىرقانچە قوينى ئۆلتۈرۈپ، كاتتا زىياپەت ھازىرلاشقا تەرەددۇت قىلدى. بىراق ئۇ كىشىنىڭ ئىسىل تائاملىرى تەييار بولغىچە ئاچلىق ئازابى شاھ بەھرامنىڭ مېڭىسىدىن تۈتۈن چىقىرىۋەتتى. بىراق يەنە بىر كىشى ناھايىتى ئەقىللىق، دانىشمەن ئادەم ئىدى. ئۇنىڭغا ئەقىل - پاراسىتى يولباشچى بولدى - دە، شاھ بەھرامنى چېدىرىغا باشلاپ، ئۇنىڭ ئالدىغا دەرھال بىرقانچە نان بىلەن بىر ئاياق قېتىق كەلتۈرۈپ، شاھنى مەزەگە تەكلىپ قىلدى. شاھ بەھرام بۇلاردىن تويغۇدەك يېدى، بىتاقەتلىك ۋە ئاچلىق ئازابىدىن قۇتۇلدى. بەھرام گور بىر پەس راھەتلىنىپ ئارام ئالغاندىن كېيىن، مەزە قويغان كىشىگە ناھايىتى كۆپ ئالتۇن - كۈمۈش ۋە خەزىنە-دەپىنىنى بېرىپ، ئۇنى ئەزىز ۋە مۆھتەرەم قىلدى. كۆڭلى پەس بېخىل كىشىنىڭ قاتتىق دەككىسىنى بېرىپ، ئۇنى سەگىتىپ قويدى. ئورۇنسىز بۇزۇپ - چاچقان ئىسراپخور كىشىگە ھەددى - ھېسابسىز تەنە ۋە كىنايىلەرنى قىلىپ، ئۇنىڭ بۇزۇپ - چاچقان مۈلكىنى تۆلەپ بېرىپ قايتىپ كەتتى» .①بۇ ھېكايىدىن نېمىنىڭ توغرا، نېمىنىڭ خاتا ئىكەنلىكىنى ئەقىللىق كىتابخان ناھايىتى ياخشى ھېس قىلالايدۇ.

«تۈركىي تىللار دىۋانى» دا يەنە مۇنداق بىر شېئىرىي پارچىنى

① ئەلىشىر ناۋائىنىڭ «لىسانۇتتەيىر» دېگەن ئەسىرىدىن ئېلىندى. «بۇلاق» 1989 - يىلى 3 - سان.

كۆرىمىز:

كۆركلۈك تونۇڭ ئۆزۈڭگە،
تاتلىغ ئاشىغ ئازىنقا.
تۈتفىل قونۇت ئاغرلىغ،
يايسۇن چاۋلىڭ بودۇنقا. (1 - توم، 64 - بەت)

(كۆركەم تونۇڭنى ئۆزۈڭ كىي، تاتلىق ئاشلىرىڭنى مېھمانغا يېگۈز، مېھمانلارنى ئىززەتلە، داڭقىڭنى ئەلگە يايسۇن)

بىز يۇقىرىقى كلاسسىك پارچىلاردىن ئۇيغۇرلاردا ئۇدۇم بولغان ياخشى بىر ئەنئەنىنىڭ سېيماسىنى كۆرگەندەك بولىمىز. يەنە بىر تەرەپتىن مېھماندارچىلىق، مېھماندوستلۇق ئۇيغۇر خەلقىدە ئومۇملىققا ئايلانغان ياخشى بىر يوسۇن بولغانلىقىنى كۆرىمىز. مەھمۇد قەشقەرى بىلەن يۈسۈپ خاس ھاجىپ مانا شۇنداق ياخشى قائىدە - يوسۇن ئىچىدە يۇقىرى تەلەپ بىلەن تەربىيىلەنگەن پەزىلەتلىك ئالىملار ئىدى.

ئۇيغۇرلار ئىسلام دىنىنى قوبۇل قىلغاندىن كېيىن، مېھماندوستلۇق مۇسۇلمانلارنىڭ ئىمانىنى سىنايدىغان ئەقىدىنىڭ بىر مەزمۇنىغا ئايلاندى. چۈنكى مېھماندوستلۇق ئىسلام دىنى تەكىتلىگەن ئەخلاق - پەزىلەت دۆۋەتلىرىنىڭ بىرى ئىدى. پەيغەمبەرلەر قىسسىلىرىدە ئىبراھىم ئەلەيھىسسالامنىڭ مېھماندوستلۇقى ھەققىدە مۇنداق بىر ھېكايە سۆزلىنىدۇ: ئىبراھىم ئەلەيھىسسالام بىلەن لوت ئەلەيھىسسالامنىڭ ئادىتى شۇ ئىدىكى، ھەر كۈنى روزا تۇتۇپ، تاكى ئۆيلىرىگە مېھمان كەلمىگىچە ئىپتار قىلمايتتى. ئىبراھىم ئەلەيھىسسالامنىڭ ئۆيىگە توققۇز كۈندىن بېرى مېھمان كەلمىگەن ئىدى. ئۇ ئاللاغا مۇناجات ئوقۇپ سورىدىكى:

ئىلاھا، بىرنەچچە كۈن بولدى، ماڭا مېھمان ئەۋەتمىدىڭ،
مەندىن قانداق خاتالىق ئۆتتى؟

شۇ زامان ھەزرىتى جەبرائىل ئەلەيھىسسالام كېلىپ ئېيتتى:

— ئى ئىبراھىم، ئاللا تائالا لوتنىڭ غېمىنى بىلمەسمۇ؟ سەن

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

لوتنىڭ غېمىنى يېگەنلىكىڭ ئۈچۈن مېھمان ئەۋەتمىدى.

ئىبراھىم ئەلەيھىسسالام ئەتىسى ئولتۇراتتى، ئۆيىگە ياش تۆت يىگىت كىرىپ كەلدى. ئۇ خۇشال بولغىنىدىن ئۇلارغا كۆپ ئىززەت ئىكرام قىلدى ۋە بوۋى سارىغا ئېيتتى:

— بۇ ئەزىز مېھمانلارغا لەززەتلىك تائاملارنى ئېتىپ بېرىڭ.

بوۋى سارە مېھمانلار ئۈچۈن تائام قىلدى. ئىبراھىم ئەلەيھىسسالام تائامنى زوق - شوق بىلەن يېدى ۋە مېھمانلارنى تەكرار - تەكرار تاماققا تەكلىپ قىلدى. لېكىن مېھمانلار يېمىدى ۋە دېدى:

— بىزنىڭ تائامغا ھاجىتىمىز يوق، خاتىرجەم بولۇڭ.

ئىبراھىم ئەلەيھىسسالام بۇ سۆزدىن ئۇلارنىڭ پەرىشتىلەر ئىكەنلىكىنى بىلدى ۋە سورىدى:

— سىلەر كىم؟ ئۇلار:

— بىز جەبرائىل، مىكايىل، ئەزرائىل ۋە ئىسراپىللاردۇرمىز. بىزگە ئاللا تائالادىن: سىلەر ئىبراھىم ئەلەيھىسسالامنىڭ ئۆيىگە بېرىڭلار، توققۇز كۈندىن بېرى ئۇنىڭكىگە مېھمان كەلمىدى. مېھمان بارمىغاچقا ئۇ ئىپتار قىلمىدى، قورسىقى ناھايىتى ئاچتى. سىلەرنىڭ باھانەڭلار بىلەن ئۇ تائام يەۋالسۇن، دەپ پەرمان بولدى. شۇڭا بىز بۇ يەرگە كەلدۇق، — دېدى.

ئىبراھىم ئەلەيھىسسالامنىڭ مېھمان سەۋەبلىك ئاللانىڭ تەنقىدىگە ئۇچرىغان يەنە بىر ۋەقە يۈز بەرگەن ئىدى.

ئىبراھىم ئەلەيھىسسالامنىڭ ئۆيىگە بىر ھەپتە مېھمان كەلمەيتۇ. لېكىن ئۇ مۇبارەك پەيغەمبەر بەلكىم موھتاجلىقتا قالغان بىر مېھمان كېلىپ قالار دەپ كۈتۈپ ھەمىشە تاماق ۋاقتىنى ئۆتكۈزۈۋېتىدىكەن. ئاخىرى مېھمان ئىزدەپ تاغلارغا چىقىپتۇ. ئاخىرى ئۇ دالىدا چاچ - ساقاللىرى قاردەك ئاقارغان بىر بوۋاينى كۆرۈپ، ئۇنى ئۆيىگە مېھمانغا تەكلىپ قىپتۇ. داستىخان سېلىنىپ ھەممەيلەن تاماققا ئولتۇرغاندا كۆپچىلىك «بىسمىللا» دېگەن بولسىمۇ، بۇ بوۋاينىڭ ئۈنچىقماي تۇرغانلىقىنى كۆرگەن ئىبراھىم:

— ئەي ياشانغان ئىنسان، ياشانغانلار دىندا ئەستايىدىل كېلەتتى، سەندىن بۇ ھالىنىڭ زەرىسىنىمۇ كۆرمىدىم، نېمىشقا بىسمىللاغا قوشۇلمىدىڭ؟ تاماققا قول ئۇزاتقاندا ئاللانىڭ نامىنى تىلغا ئېلىش، ئۇنىڭ مۇبارەك ۋە مۇقەددەس نامىنى زىكىر قىلىش شەرت ئەمەسمۇ؟ — دەپتۇ. بوۋاي:

— مەن ئاتەشپەرەس، بىزنىڭ تەرىقىتىمىزدە بۇنداق ئىش يوق، دەپتۇ. ئىبراھىم ئەلەيھىسسالام ئۇ بوۋاينىڭ مەجۇج ئىكەنلىكىنى بىلىپ، دىنىمىزغا يات بولغان دىنسىزلارنىڭ پاك كىشىلەر ئارىسىدا ئورنى يوق دەپ، ئۇ بوۋاينى ئۆيىدىن ھەيدەپ چىقىرىپتۇ.

بۇ ۋاقىتتا جانابىي ھەق جەبرائىلنى ئەۋەتىپ، ئۇ ئارقىلىق مۇنداق دەپتۇ: ئى ئىبراھىم، مەن بۇ بوۋاينى يۈز يىل ياشىتىپ، رىزقىنى بېرىۋاتىمەن. سەن بىر ۋاخلىق تاماق بېرىشكە تاقەت قىلالمايۋاتامسەن، ئۇ مەجۇج بولسا ساڭا نېمە زىيىنى، دەپتۇ. ئىبراھىم ئەلەيھىسسالام قىلغان ئىشىدىن پۇشايمان قىپتۇ.

«قۇرئان» كەرىمدە ئىبراھىم ئەلەيھىسسالامنىڭ يۇقىرىقى ئىشلىرىنى ئەسلىتىپ ئايەت چۈشۈرگەن. «ئۇلار مېنىڭ مېھمىنىم، (ئۇلارغا چېقىلىپ قويۇپ ئۇلارنىڭ ئالدىدا) مېنى رەسۋا قىلماڭلار. ئاللادىن قورقۇڭلار (مېھماننى خارلاش ئارقىلىق) مېنى خارلىماڭلار[1] . (ئى مۇقەممە) ساڭا ئىبراھىمنىڭ ھۆرمەتلىك مېھمانلىرىنىڭ خەۋىرى يەتتىمۇ؟ ئۆز ۋاقتىدا ئۇلار ئىبراھىمنىڭ يېنىغا كىرىپ سالام دېدى، ئىبراھىم سالامنى ئىلىك ئالدى. (ئىچىدە) ناتونۇش ئادەملەرغۇ، دېدى. شۇنىڭ بىلەن ئۇ ئاستا ئائىلىسىگە چىقىپ، پىشۇرۇلغان بىر سېمىز موزاينى ئېلىپ كىرىپ، ئۇلارنىڭ ئالدىغا قويۇپ يېمەمسىلەر دېدى»[2] . بۇنىڭدىن ئاللامۇ بەندىلەرنى مېھمانلارغا ئىخلاس قىلىشنى، ئۇلارغا دىن، مىللەت

---

① «قۇرئان كەرىم»، مىللەتلەر نەشرىياتى، 1987 - يىلى نەشرى، 15 - سۈرە ھىجىر 68 - 69 - ئايەت

② «قۇرئان كەرىم» مىللەتلەر نەشرىياتى، 1987 - يىلى نەشرى، 51 - سۈرە زارىيات 25 ~ 27 - ئايەت

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

نۇقتىسىدىن پەرقلىق مۇئامىلە قىلماسلىقنى، ھەممىسىنى ئاللانىڭ
مېھمىنى دەپ بىلىشنى بۇيرۇۋاتقانلىقى چىقىدۇ. مېھماننى ياخشى
كۆرگەن، ئۇلارنى ھۆرمەتلىگەن ئادەمنى ئاللامۇ ياخشى كۆرىدىغانلى-
ـقى چىقىدۇ. «قۇرئان كەرىم» دە ئۆزى ئاچ تۇرۇپ، مېھمانلار
ئۈچۈن بارلىقىنى ئايىمايدىغان كىشىلەرنى تەستىقلاپ مۇنداق ئايەت
نازىل بولغان: «ئۇلار ئۆزلىرى موھتاج تۇرسىمۇ، باشقىلارنى ئۆز-
لىرىدىن ئەلا بىلىدۇ، ئۆز نەپسىنىڭ بېخىللىقىدىن ساقلانغانلار
نىجات تاپقۇچىلاردۇر» (سۇرە ھەشىر 9 ـ ئايەت) بۇ ئايەتنىڭ نازىل
بولۇشىغا پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام دەۋرىدىكى مۇنداق بىر ئىش سە-
ۋەب بولغان. «بىر ئادەم پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ئالدىغا كەل-
دى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئاياللىرىغا ئادەم ئەۋەتتى، ئۇلار:
بىزنىڭ يېنىمىزدا پەقەت سۇدىن باشقا نەرسە يوق، دېيىشتى. شۇ-
نىڭ بىلەن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ساھابىلەرگە: بۇ ئادەمنى كىم
مېھمان قىلىدۇ؟ دېدى. ئەنسارلاردىن بىرەيلەن مەن مېھمان قىلى-
مەن، دەپ ئۇنى ئۆيىگە ئېلىپ باردى. ئايالىغا رەسۇلۇللانىڭ مېھ-
مىنىنى كۈتكىن، دېدى. ئايالى ئۆيدە پەقەت باشقا نەرسە يوقلۇقىنى
ئېيتتى. ئۇ ئايالىغا بارىنى تەييارلىغىن، چىرىغىڭنى يورۇتقىن،
كەچكى تاماق ۋاقتىدا باللىرىڭنى ئۇخلاتقىن دېدى. شۇنىڭ بىلەن
ئايال تامىقىنى تەييار قىلدى. چىراغنى يورۇتتى. باللىرىنى ئۇخ-
لاتتى. ئاندىن كېيىن چىراغنى ئوڭشىغان بولۇپ ئۆچۈرۈۋەتتى.
ئەر ـ خوتۇن ئىككىسى مېھمانغا تاماقنى ئۇنىڭ بىللە يەۋاتقان-
دەك قىياپەتتە كۆرۈنۈپ، ئەمەلىيەتتە مېھمانغا يېگۈزۈپ، ئۆزلىرى
ئاچ قورساق يېتىپ قېلىشتى. ئەتىسى ئەتىگەندە پەيغەمبەر ئەلەي-
ھىسسالامنىڭ ئالدىغا باردى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۇنىڭغا:
ئاللا سىلەرنىڭ ئاخشامقى ئىشىڭلاردىن كۈلدى ۋە ئەجەبلەندى،
دېدى ۋە ئۇلار توغرۇلۇق يۇقىرىقى ئايەتنى چۈشۈرگەنلىكىدىن خەۋەر
بەردى» (سەھىھۇلبۇخارى جەۋھەرلىرى 404 ـ بەت). يۇقىرىقىلار-
دىن بىز ئۆز دەۋرىدە مېھمانغا بولغان ئىخلاسىنىڭ قانچىلىك دەرىجىدە

ئۇلۇغلانغانلىقىنى ھېس قىلالايمىز. بۇ خىل ئەقىدە 11 ـ ئەسىرلەر ـ دە ياشىغان يۈسۈپ خاس ھاجىپقا، مەھمۇد قەشقەرىگە ۋە باشقا مۇسۇلمانلارغا چوڭقۇر تەسىر قىلغان.

**3. يۈسۈپ خاس ھاجىپ مۇنتىزىم قائىدە ـ يوسۇن بىلەن يېتىلگەن ئالىم ئىدى**

ئۇ بۇ جەھەتتىكى پەزىلەتلىرىنى ئەۋلادلىرىغا ئۆگىتىپ يادىكار قالدۇرغان. قائىدە ـ يوسۇن دېگەن مانا شۇنداق ۋارىسلىق قىلىش داۋامىدا ئۆزىنىڭ ھاياتىي ئىقتىدارىنى مۇكەممەللەشتۈرىدۇ.

بىرىنچى، مېھمانغا بېرىش يوسۇنلىرى

يۈسۈپ خاس ھاجىپ ئاۋۋال مېھماندارچىلىقنىڭ تۈرلىرىنى تونۇشتۇرۇپ ئۆتىدۇ: «مېھمانغا چاقىرىدىغان كىشىلەر ھەر خىل بولىدۇ، مېھماندارچىلىقمۇ كۆپ خىل بولىدۇ. ئۇنىڭ بىرى نىكاھ تويى ئۈچۈن بېرىلگەن ئاش، سۈننەت تويى ۋە يېڭى تۇغۇلغان بوۋاقنى تەبرىكلەپ تارتىلغان ئاش (بۇنى ھازىر ھېقىق دەيدۇ)، بۇنىڭدىن باشقا دوست ـ بۇرادەرلەر، تەڭتۇش ئاغىنىلەر چاقىرغان مېھماندارچىلىق، چوڭ ـ كىچىك قوۋم ـ قېرىنداشلار تەكلىپ قىلغان زىياپەت، مەرتىۋىسى ئۆسكەنلىكى شەرىپىگە بېرىلگەن زىيا ـ پەت، ئۆلۈم ـ يېتىم ئىشلىرى ئۈچۈن بېرىلگەن نەزىر ئېشى قاتار ـ لىقلار بار.»

مېھماندارچىلىق تۈرلىرىنى ساناپ ئۆتكەندىن كېيىن، ئەمدى قايسىسىغا بېرىش، قايسىسىغا بارماسلىق، قايسىسىغا ئالدى بىلەن بېرىش، قايسىسىغا كېيىن بېرىش توغرىسىدا ئويلىنىش كېرەكلى ـ كىنى تەكىتلەيدۇ. چۈنكى ئۇنى توغرا بىر تەرەپ قىلمىغاندا كۆڭۈل ئاغرىقى تېپىۋالىدىغان ئىش كېلىپ چىقىدۇ: «بۇلارنىڭ قايسىسىغا بېرىش، قايسىسىغا بارماسلىقنى بىلىش كېرەك. يېقىن ئاداش ـ قولداشلار، يار ـ بۇرادەرلەر مېھمانغا چاقىرسا بېرىپ ئىشلىرىغا قارىشىپ بەرگىنىڭ ياخشى. تارتىلغان نازۇ ـ نېمەتلەر ۋە تائاملار

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

يېتەرلىك بولدىمۇ كۆزىتىپ تۇرۇش لازىم. يېقىن قوشنىلار ۋە خۇدالىق دوستلىرى مېھمانغا چاقىرغان بولسا ئۇلارنىڭ كۆڭلى ئۈچۈن ئەلۋەتتە بېرىپ، ئۇلارنىمۇ خۇرسەن قىلىپ، ئۆزۈڭنىمۇ خۇشال قىلغىنىڭ تۈزۈك. ئەگەر مەخسۇس ساڭا ئاتالغان زىياپەت بولسا، ۋاقتىدا بېرىپ، تائاملىرىدىن يەپ، ئۇلارنى رازى قىل. ئۇنىڭدىن باشقا زىياپەتلەر بولسا ئەڭ ياخشىسى بارمىغىنىڭ تۈزۈك. ئۆزۈڭگە ئانچە تونۇشلۇق بولمىغان يەرگە بارساڭ كۆڭلۈڭ رەنجىپ قېلىشى مۇمكىن. دىلىڭ تارتمىغان يەرگە بېرىپ كۆڭلۈڭنى رەنجىتكۈچىلىكى يوق. بۇنداق يەردە مەستلەرنىڭ ئۇرۇش- جاڭجىلىغا ئارىلىشىپ قېلىپ، دىلىڭ رەنجىپ، ئېشىڭ ئاش بولمايدۇ. پەقەت بىر تويۇم ئاش ئۈچۈن مۇناسىپ بولمىغان يەرگە بېرىپ ئۆزۈڭنى ئېتىبارسىز قىلما. گال ئۈچۈن ئۆزۈڭنى بۇزۇپ، پەس ئادەم بولۇپ قالما! گال ئۈچۈن ئىنسانغا قۇل بولما، نۇرغۇن ئابرۇيلۇق ئادەملەرنىڭ نەپس ئۈچۈن يەر بولغانلىقىنى، ئەل ئىچىدە يۈكسەك ئورۇنغا ئىگە بولغان مۆتىۋەرلەرنىڭمۇ گېلىغا ئەسىر بولۇپ، تۇپراق بىلەن تەڭ بولغانلىقىنى، كۆپلىگەن بايلارنىڭ گېلىغا قۇل بولۇپ، ئاخىرى كەمبەغەللىشىپ خانىۋەيران بولغانلىقىنى كۆپ ئۇچراتتىم. ھەي نەپسى غالىب كەلگەن ئوغلۇم، گېلىڭغا تۇتقۇن بولما. بۇ قۇللۇقتىن قۇتۇلماق بەك مۇشكۇل.»

يۇقىرىقى ئەسكەرتمىلەر ئۇيغۇرلارنىڭ ئۇزۇن زامانلار داۋامىدا تۇرمۇش ئەمەلىيىتىدىن يەكۈنلىگەن يەكۈنلىرى. تۇرمۇشتا مۇددىئا ـ مەقسەت ئوخشاش بولمايدۇ، نىيەت بىر خىل بولمايدۇ. بەزىلەر ھەقىقىي كۆڭۈل ئىزدەپ دوستلۇقتىن مېھمان چاقىرىدۇ، بەزىلەر تەمەخورلۇقتىن، خۇشامەتتىن مېھمان چاقىرىدۇ، بەزىلەر مەلۇم بىرەر ئىشنى قىلدۇرۇش ئۈچۈن چاقىرىدۇ. دوستلۇقتىن كۆڭۈل ئىزدەپ چاقىرىلغان مېھمان ئادەمگە ئازادىلىك، كۆڭۈل خۇشلۇقى ئېلىپ كېلىدۇ. تەمەخورلۇقتىن، خۇشامەتتىن چاقىرىلغان مېھماندارچىلىق ئادەمگە ئارامسىزلىقتىن باشقا نەرسە بېرەلمەي-

دۇ. كىشىلەر «چاقىرغان يەردىن قالما، چاقىرمىغان يەرگە بارما» دېگەن بولسىمۇ، چاقىرغان يەرنىڭ ھەممىسىگە بېرىش دۇرۇس ئەمەس. باراۋەرلىك بولمىغان، ئەمەلدارلار ئولتۇرۇشىغا ياكى ھاراقكەشلەرنىڭ، ئەخلاقسىزلارنىڭ ئولتۇرۇشىغا بارغاندا ئادەمگە خۇشاللىق يوق. ئەمەلدارلارنىڭ ئارىسىدا قورۇنۇپ ئولتۇرىدىغان گەپ، ئۇلارنىڭ تەكەببۇرلۇقتىن كېرىلىشلىرى ئادەمنىڭ جېنىغا تېگىدۇ. جەمئىيەتنىڭ داشقاللىرى ئولتۇرغان ئولتۇرۇشلارغا بېرىپ قالغاندىمۇ ئادەمگە ئاراملىق بولمايدۇ. كۆڭۈل غەشلىكى بىئاراملىق بالاسىنى سالىدۇ. ھەتتا يۇسۇپ خاس ھاجىپ ھەرگىزمۇ گالىنىڭ قۇلىغا ئايلىنىپ قالماسلىققا دەۋەت قىلىدۇ، گال ئاۋارىسى بولۇپ قالغان ئادەم ئاخىرى بۇرنىغا يېمەي قالمايدۇ. ھەتتا پۈتۈن ۋەسلىدىن ئايرىلىپ قالىدىغان ئوڭۇشسىزلىقلارغا ئۇچرىشى، جېنىدىنمۇ ئايرىلىپ قېلىشى مۇمكىن. بۇنداق ئىشلار ھازىرقى تۇرمۇشىمىزدىمۇ كۆپ ئۇچراۋاتامدۇ؟

ئىككىنچى، مېھماندارچىلىقتا رىئايە قىلىدىغان ئەدەپلەر

يۇسۇپ خاس ھاجىپ مۇنداق نەسىھەت قىلىدۇ: «مېھمانغا بارساڭ ئەدەپ بىلەن تائام يېيىشنى ئۆگەن. ئەدەپ ـ قائىدىنى بىلمەيدىغان ئەقىلسىز كىشىلەر ئەدەپ ـ قائىدىلىك كىشىلەرنى كۆرسە ھەيران قالىدۇ. داستىخاندا ئاۋۋال تائامغا چوڭلار قول ئۇزاتقاندىن كېيىن ئاندىن قول تەگكۈز. تاماق يېگەندە ‹بىسمىللا› دەپ ئوڭ قولۇڭ بىلەن يېگىن، شۇندىلا تائام بەرىكەتلىك بولىدۇ. باشقىلارنىڭ ئالدىدىكى نازۇ ـ نېمەتلەرگە قول ئۇزاتما، ئالدىڭدا نېمە بولسا شۇنى ئېلىپ يېگىن. داستىخاندا پىچاق چىقارما، سۆڭەك غاجىلىما، بەك ئاچ كۆزلۈكمۇ قىلما، تۇزۇت قىلىپمۇ ئولتۇرما. ھەرقانچە توق بولساڭمۇ، مېھمان قىلغۇچىنىڭ ئەجرى ـ ھۆرمىتى ئۈچۈن تارتىلغان ئاشتىن ئازدۇر ـ كۆپتۇر يېگىن. تاماقنى يۇمشاق چايناپ يە، قىزىق ئاشنى ئاغزىڭ بىلەن پۈۋلىمە، داستىخاندىكى ئاشنى ئۆز ئالدىڭغا تارتىۋېلىپ باشقىلارنىڭ پەيزىنى قاچۇرما. ناۋادا

www.uyghurkitap.com

يۇقىرىقىلاردەك قىلمىساڭ يوسۇنسىزلىق بولىدۇ. يوسۇنسىز ئادەم-
لەر ئەڭ پەس ئادەملەردۇر. يوسۇنلۇق ئادەملەر تۆر بېشى بولىدۇ.
شۇڭا يوسۇنلۇق كىشىلەر: ھەممە ئىشنىڭ تەرتىپ ـ قائىدىسى
بولىدۇ، قائىدە بويىچە ئىش قىلسا يۈزى يورۇق بولىدۇ دەپ تولىمۇ
ياخشى ئېيتىشقان. تەرتىپسىز، قىلىقسىز كىشىلەرنىڭ ئىشلىرى
يۇرۇشمەيدۇ. ئۆي ئىگىسىنى سۆيۈندۈرۈش ئۈچۈن تاماقنى تەم-
لىك، لەززەتلىك بوپتۇ دەپ ماختاپ يېگىن. باشقىلار سەن ئۈچۈن
شۇنچە ئەجىر قىلىپ مېھمان قىلغانىكەن، ئۇلارنى ئورۇنسىز رەنجى-
تىپ، ئەجرىنى زايا قىلما! ئادەمنىڭ كۆڭلى ئەينەككە ئوخشاش
نازۇك بولىدۇ. قوپاللىق قىلىپ ئۇنى سۇندۇرۇپ قويما. كۆڭۈل
سۇنسا لەززەت كېتىدۇ، يېقىنلىق يىراقلاپ پايدا ئۈزۈلىدۇ. يېقىن-
لىقنى خالىساڭ كۆڭۈلنى ئايا.»

يۇقىرىقى قائىدە ـ يوسۇنلار ھازىرقى تۇرمۇشىمىزدىمۇ بار.
شۇڭا ئۇنى يەنە شەرھلەپ يۈرۈشنىڭ ھاجىتى يوق. بىراق ئەسكەر-
تىپ قويىدىغان بىر ئىش باركى، ئادەم سورۇندا ئۆزىنىڭ قەدىر ـ
قىممىتىنى ساقلاشنى بىلىش كېرەك. سورۇنلۇقى يوق ئادەمدىن
كىشىلەر بىزار بولىدۇ، شۇنىڭ بىلەن بارا ـ بارا سەپتىن چۈشۈپ
قالىدۇ. بىر قاچا تاماقتىن مەھرۇم قىلىش ھېچ گەپ ئەمەس،
سەپتىن چۈشۈپ قېلىشنىڭ ئەلىمى ئېغىر بولىدۇ. شۇڭا يۈسۈپ
خاس ھاجىپ ئېيتقاندەك، ساھىبخانىنىڭ ئەجرىگە، ئادمگەرچىلى-
كىگە ھۆرمەت قىلىش، سورۇنداشلارنىمۇ ھۆرمەت قىلىش كېرەك.
سەن باشقىلارنىڭ ھۆرمىتىنى قىلساڭ ئاندىن ھۆرمەتلىنەلەيسەن.

يۈسۈپ خاس ھاجىپ يەنە مۇنداق نەسىھەت قىلىدۇ: «ئالدىمغا
كەلدى دەپ تاماقنى كۆپ يېمە، لايىقىدا يە. ئەقىللىق بىر قەدىردان
ماڭا شۇنداق بىر گەپ قىلغان: كۆپ يېگۈچىنىڭ تامىقى سىڭمەي-
دۇ، تاماق سىڭمىگەن كىشى كېسەلچان بولىدۇ، بىلگىنكى، كې-
سەللىك گالدىن كىرىدۇ، يېمەكنى ئاز ـ ئازدىن سىڭدۈرەلىگۈدەك
يېگىن، كېسەل چاپلاشسا ئادەم زەئىپلىشىدۇ، داۋالانمىساڭ ئۆلۈم

ئالدىرىتىدۇ. بۇ خۇسۇستا تېۋىپلار، ناھايىتى ياخشى ئېيتقان:
كېسەللىك ئۆلۈمنىڭ بېشارەتچىسى، كېسەل بولدىمۇ ئۆلۈمگە ھەم-
راھ بولىدۇ. كېسەل دېگەن ئازاب-ئوقۇبەتتۇر، ئۇنىڭدا لەززەت
يوق، ئۇنىڭ ھەم ياخشىسىمۇ يوق. ئۆزىنى ئادەم چاغلايدىغان
ھەرقانداق كىشى نېمىنىڭ تەبىئىتى ئىسسىق، قايسى يېمەكلىكنىڭ
تەبىئىتى سوغۇق ئىكەنلىكىنى بىلىشى كېرەك. نېمە مىجەزىگە
ياقسا شۇنى يېيىشى كېرەك. مىجەزىگە ياقمايدىغاننى ھەرگىزمۇ
ئېغىزغا ئالمىغۇلۇق. ئىسسىقلىقىڭ ئاشسا دەرھال سوغۇقلۇق
قىل، سوغۇقلۇق ئاشسا ئىسسىقلىق بىلەن تەڭشە، ياش مەزگىلدە
باھار پەسلى كەلسە سوغۇقلۇق قىلىپ، قېنىڭنى راۋان قىل.
يېشىڭ قىرىقتىن ئاشقاندا كۈز پەسلىگە توغرا كەلسەڭ، ئىسسىقلىق
بىلەن مىجەزىڭنى تەڭشە. يېشىڭ ئاتمىشقا يەتكەندە سوغۇقلۇقنى
ھەمراھ قىلىۋال، بولۇپمۇ قىش مەۋسۇمىدە شۇنداق قىل. مىجەز-
نىڭ قۇرغاقلىشىپ، سوغۇقلۇق غالىب كەلسە ئىسسىق، ھۆل نەر-
سىلەرنى ھازىرلا، بۇ ئىككىسى ئۇنىڭغا توسۇق بولىدۇ. سوغۇقلۇق
ئېشىپ سالامەتلىكىڭگە بېسىم سالسا، ئۇنى ئىسسىق، قۇرۇق
نەرسىلەر بىلەن ياندۇرۇپ باس. مىجەزىڭ مۆتىدىل بولسا ئىس-
سىق، سوغۇقنى ئارىلاشتۇرۇپ تەڭشەپ ئوزۇقلان. مىجەزىڭنى ھەر
دائىم ئاشۇنداق كۆزىتىپ تۇرساڭ، تېنىڭ سالامەت، تۇرمۇشۇڭ
باياشات ئۆتىدۇ. تېۋىپلار ئېيتقان مۇنۇ سۆزلەرنى ئاڭلاپ قوي:
مەن ئادەمنىڭ مىزاجىنى چۈشەندۈرۈپ قويايكى، ئۇ ئاق، قارا،
قىزىل، سېرىق بولىدۇ. ئۇلار بىر-بىرىگە دۈشمەنكى، ئۇلار
ئۆزئارا يېقىنلاشقاندا ئاندىن پەرق ئەتكىنى بولىدۇ. ئەقىللىق ئادەم
مىجەزىنى نېمە ماس كەلسە شۇنى ئوزۇق قىلىپ، مىجەزىنى مۆتى-
دىل ساقلايدۇ. ئادەمنىڭ ھايۋاندىن پەرقىمۇ مىجەزىنى بېقىپ ئو-
زۇقلىنىشتا. ئادەم قىرىق ياشقا كىرگىچىمۇ ئۆزىنىڭ مىجەزىنى
بىلمىسە، گەرچە ئۇ سۆزلىيەلىسىمۇ ھايۋاندۇر. نۇرغۇن
تەجرىبە - ساۋاقلارنى بېشىدىن ئۆتكۈزۈپمۇ بۇ ھەقتە ھېچقانداق

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

بىلىمگە ئىگە بولمىسا، ئۇنى ئۆرە تۇرغان ھايۋان دېمەي نېمە دېگۈلۈك؟! ئۇ ھەقىقىي ئادەم بولىدىغان بولسا، شۇنچە زامانلارنى بېشىدىن ئۆتكۈزۈپ، ئۆزىنىڭ مىجەزىگە ئۆزى ھېكىم بولالامدۇ؟ مۆتىۋەر تېۋىپلارنىڭ ئاگاھلاندۇرۇشى شۇكى، ئادەم تاماقنى ئاز يېسە ئاندىن كۆلەيدۇ. ئەي يەگزادە، كېسەلسىز، ئېسەن ياشىماق بولساڭ «ئاز يە» دېگەن دورىنى يېگىن. خاتىرجەملىكتە ئۇزۇن ھۇزۇر سۈرەي دەيدىكەنسەن، تىلىڭنى يۇت. كۆپ يېگەن ئادەم كېسەلچان، چىرايى سېرىق، ماغدۇرسىز ۋە قەدىرسىز بولىدۇ. مىجەزنى ياخشى ئىگىلىگەن دانا تېۋىپلار شۇڭا: ئادەمگە كېسەللىك ئېغىزدىن كىرىدۇ، كېسەللىك كىشىنى بۇرۇن قېرىتىدۇ. كېسەل قىزىل مەڭزىڭنى زەپىران قىلىشتىن بۇرۇن گېلىڭنى يىغىپ، سالا-مەت ياشا دېگەن» (4643 - 1613).

يۇقىرىقى ئەدەپ ۋە قائىدە — يۇسۇپ تەربىيىسى ئۆز دەۋرى ئۈچۈن ئۆزىنى «مەن ئادەم» دەپ ھېسابلىغان ھەرقانداق بىر ئادەم چوقۇم بىلىشى لازىم بولغان ئەقلىي تەلەپ بولغان. دېمەك، قانچى-لىك نەرسىنى يەپ ھەزىم قىلالايدىغانلىقىنى، نېمىنىڭ ئۆزىگە پايدا قىلىدىغان، نېمىنىڭ ئۆزىگە زىيان قىلىدىغانلىقىنى بىلمىگەن ئا-دەمنى گەرچە ئادەمدەك سۆزلىسىمۇ، لېكىن ئۇ ئادەم ئەمەس بەلكى ھايۋان دەپ خۇلاسە چىقارغان.

بىز يېمەك- ئىچمەككە، غىزالىنىشقا، مىجەزگە شۇنداق ئەھ-مىيەت بېرىدىغان، گال ئۈچۈن ئۆزىنى بۇزمايدىغان مەدەنىيەتلىك مىللەت ئىدۇق. بىراق بىز ھازىر يېمەك - ئىچمەك مەدەنىيىتى تەرەپتىن تەرەققىي قىلغاندەك قىلغان بىلەن، ئوزۇقلىنىش مەدەنى-يىتى تەرەپتىن چېكىنگەندەك قىلىمىز. ئۇزۇن زامان ئەمەس، بىزنىڭ ئەڭ ھۆرمەتلىك ۋە مۆتىۋەر ئادەملىرىمىزمۇ ئوزۇقلىنىشقا كەلگەندە پەسكەشلىك قىلىۋاتقانلىقىنى كۆپ ئۇچرىتىپ تۇرۇۋاتى-مىز. بۇنىڭ بىرىنچى ئىپادىسى، جەمئىيىتىمىزدىكى رېستوران ھە-شەمەتچىلىكنى، ئىسراپخورلۇقنى باش بولۇپ توسىدىغان، ئىسلاھ

قىلىدىغان بىرەر باش چىقمايۋاتىدۇ. بۇنىڭ سەۋەبى، بىرى، بىز ئالدىراپ بىر- بىرىمىزنىڭ سەممىي نەسىھەتىنى قوبۇل قىلمايمىز. بولۇپمۇ يېمەك - ئىچمەك، ھەشەمەتچىلىك مەسىلىسىدە تېخىمۇ شۇنداق. يەنە بىرى، بىزنىڭ مۆتىۋەر ئادەملىرىمىزمۇ مەسئۇلىيەتسىز بولۇپ كەتتى، شۇڭا پەرۋاسىز بولۇۋېلىشقا مەجبۇر بولدى. بېشى بولمىغان مىللەتنىڭ ئىشلىرى ھەرقاچان ئاشۇنداق تەرتىپسىز، قېلىپسىز، چېچىلاڭغۇ بولىدىكەن. يامان يېرى، بۇ خىل ھالەت پەرزەنتلىرىمىزگە يامان تەسىر بېرىپ مىراس بولۇپ قېلىۋاتىدۇ، يوتقانغا قاراپ پۇت سۇنۇشنى ئۇنتۇپ قالدۇق. خەلقىمىز نېمە كويدا، بىز نېمە كويدا. دوختۇرخانىلاردىكى كېسەللەرنىڭ كۆپىنچىسى بىزنىڭ ئادەملەر، ياش - ياش ئۆلۈپ كېتىۋاتقان ئادەملەرنى نېمە بولغان دېسەڭ، قان بېسىمى بارىكەن، يۈشۈرۈن يۈرەك كېسەلى بارىكەن...ۋەھاكازا دەپلا يىغىشتۇرۇۋاتىمىز. ئەمەلىيەتتە نۇرغۇن كېسەللەر يېمەك - ئىچمەك ئادىتىمىزدىكى تەرتىپسىزلىكتىن كېلىپ چىقىۋاتىدۇ. تاغاردا بىرنى يېۋېلىپ، پۇشۇلداپ ئۇخلىسا، ھەرىكەت قىلمىسا كېسەل بولماي نېمە بولماقچى. نېمە ئۈچۈن يېزىلاردا كۈنلىرى ئەمگەك بىلەن ئۆتىدىغان ئادەملەرنىڭ تېنى ساق بولىدۇ. ئۇلارنىڭ ئىچىدىكى 80 ياشقا كىرىپ قالغان بوۋايلارنىڭ چاپقان كەتمىنىنى شەھەردە «پارىنكتا ئۆسكەن» ياش بىر قىسىم باللارمۇ چاپالمايدۇ. بىزدىكى ئاتاقلىق، مۆتىۋەر دەپ تونۇلغان يازغۇچى، شائىر ۋە ئالىم ئاتالغانلارنىڭمۇ ئۆزىنىڭ تويغىنىنى بىلمەي يېۋېلىپ، ئۇنىڭ دەردىنى تارتقانلىقى توغرىسىدىكى ئەمەلىي مىساللارنى باشقا بىر مەنبەدە كۆرسىتىپ ئۆتكەن ئىدىم. مېنىڭچە ئۆزىنىڭ قورسىقىغا ھاكىم بولالمىغان ئادەم ئادەم ھېسابلانمايۋاتسا، ئۇلارنى ئالىم ئاتاشقا تېخىمۇ سالاھىيىتى توشمايدىغانلىقى ناھايىتى ئېنىق.

ئەمدى مىزاج توغرىسىدا قىسقىچە چۈشەنچە بېرىشكە توغرا كەلگەندەك قىلىدۇ. يۈسۈپ خاس ھاجىپ 40 ياشقىچە ئۆزىنىڭ

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

مىزاجىنى بىلمىگەن ئادەمنى ھايۋان قاتارىدا سانىغان. ھەربىر ئادەمنىڭ مىزاجى ئوخشاش بولمايدۇ. ھەتتا بالىلارنىڭ مىزاجىمۇ ھەر خىل بولىدۇ. بەزىدە مىزاج بالىلارغا ئىرسىيەت بولۇپ ئۆتىدۇ. مىزاج ھەققىدە ساۋاتى بولغاندا ئۆزىنى تەڭشەپ تۇتۇش بىلەن بىرگە بالىلارنىمۇ تەڭشەپ تۇتالايدۇ، چۈنكى بالىلارنىڭ مىزاجىنى تەڭشەپ تۇتۇش ئۇلارنىڭ ساغلام ئۆسۈپ چوڭ بولۇشىدا ناھايىتى مۇھىم. بەزى ئاتا ـ ئانىلار بالىلىرىنى تولىمۇ ئىسسىق بېقىۋېتىدۇ، بەزىلەر تولىمۇ سوغۇققا زورلاپ مىزاجىنى ياندۇرۇۋېتىدۇ. ئاندىن كېسەل قىلىپ قويۇپ دوختۇرغا قاترايدۇ. ۋاقىت جەھەتتىمۇ، ئىقتىسادى جەھەتتىمۇ نۇرغۇن زىيان تارتىدۇ. مىزاجى تەڭپۇڭ بولسا جىسمانىي جەھەتتىمۇ، ئەقلىي جەھەتتىمۇ ياخشى تەرەققىي قىلالايدۇ.

پۈتۈن چوڭ تەبىئەت تۆرلۈك ماددىلاردىن تەركىب تاپقانغا ئوخشاش، ئىنسانمۇ تەبىئەتنىڭ تەركىبىي قىسمى بولغانلىقى ئۈچۈن تۆرلۈك ماددىلاردىن تەركىب تاپقان كىچىك تەبىئەتتۇر. بىراق ھەربىر ئادەمنىڭ تەبىئىتى ئوخشاش بولمايدۇ. ئوخشىمىغان تەبىئەت ئوخشىمىغان مىجەز ـ خاراكتېرنى شەكىللەندۈرگەن ئاساسىي ئامىل. مىزاج دېگەندە كۆزدە تۇتىدىغىنى تۆت چوڭ ماددا ـ ئوت، ھاۋا، سۇ، تۇپراق قاتارلىقلارنىڭ بىرىدىكى ئوخشاش بىرلىكلىرىنىڭ يەنە بىر ماددىنىڭ ئوخشاش بىرلىكلىرى بىلەن بىرىكىشى ۋە تەسىر قىلىشىدىن شەكىللەنگەن كەيپىياتنى مىزاج دەپ ئاتايدۇ. يەنى قۇرۇق ئىسسىق تەبىئەتلىك ئوتنىڭ ھۆل سوغۇق تەبىئەتلىك سۇغا تەسىر قىلىشى، قۇرۇق سوغۇق تەبىئەتلىك تۇپراقنىڭ ھۆل ئىسسىق تەبىئەتلىك ھاۋاغا تەسىر قىلىشى ... قاتارلىق جەريانلار ئاساسىدا ھەربىر جانلىق ياكى جانسىز ماددا ئورناشقان ياكى نۆۋەتتە ھۆكۈمران ئورۇندا تۇرۇۋاتقان كەيپىياتقا ئېرىشىلىدۇ.

يۈسۈپ خاس ھاجىپ دۇنيانى تەشكىل قىلغان بۇ تۆت ماددىنى «تادۇ» ئۇقۇمى بىلەن ئىپادىلىگەن. ئۇ تۆت تادۇدىن چىن ھاياتلىق تۈزۈلگەن دەپ قارىغان.

60 بۇ تۆت يار[1] ماڭا تۆت تادۇدەك ئېرۇر،
تۈزۈلسە تادۇ چىن ھاياتلىق بولۇر.

143 ئۈچى سۇ، ئۈچى يەل، ئۈچى بولدى ئوت،
ئۈچى تۇپراق، بۇلاردىن دۇنيا ۋۇجۇت.

ئىنسان ۋۇجۇدىمۇ مانا شۇ تۆت تادۇ (تۆت زاد — ماددا) دىن تەشكىل تاپقان. بۇ تۆت تادۇ بىر - بىرىگە دۈشمەن بولسىمۇ، لېكىن ئۇلار كېلىشكەن، شۇڭا نىسبىي تەڭپۇڭلۇق ھالەتتە تۇرىدۇ. ئەگەر تەڭپۇڭلۇق بۇزۇلىدىكەن، تۆت تادۇنىڭ بىرى يەنە بىرىدىن ئۈستۈنلۈك قازىنىدۇ - دە، يەنە بىرىنى كۆتۈرۈپ باسىدۇ، نەتىجىدە بەدەندە كېسەللىك پەيدا بولىدۇ. كېسەللىك ئۆلۈمگە سۆرەيدۇ. شۇڭا تادۇلارنىڭ تەڭپۇڭلۇقىغا كاپالەتلىك قىلىش زۆرۈرىيىتى تۇغۇلغان. ئايتولدىنىڭ كېسەللىك ئەھۋالىنى بايان قىلغاندا تادۇلارنىڭ جەڭگى - جېدەللىرى ۋە ئۇنىڭ ئاقىۋىتى مۇنداق بايان قىلىنىدۇ: «تەن مۈلكىدىكى يارىشىملىق تادۇلار ئارىسىدا جېدەل - غەلىيان كۆتۈرۈلدى. تۆت تادۇنىڭ بىرى غالىب كېلىپ، ئۈچىنى باستى. شۇنىڭ بىلەن ئايتولدىنىڭ مىجەزى ئۆزگىرىپ، ئېغىزىغا تائام تېتىماس بولدى. شۇنداق قىلىپ ئېغىر كېسەل ئايتولدىنىڭ كۆتۈرۈپ باستى.»

مىزاج - بەدەنىنىڭ شۇ چاغدىكى ئەھۋالىنى ئەكس ئەتتۈرۈپ بېرىدىغان ھەمدە تاشقى بەش ئەزاغا ۋە مىجەز - خاراكتېرىگە ئازدۇر - كۆپتۇر ئىپادىسىنى كۆرسىتىدىغان مەۋھۇم كۆرسەتكۈچ، مۇشۇ مەۋھۇم كۆرسەتكۈچكە ئاساسەن كىشىلەرنىڭ جىسمانىي ۋە روھىي قىياپىتىگە دىئاگنوز قويۇش ئۇسۇلى مەۋھۇم لوگىكىدىن

[1] تۆت يار — تۆت چارىيانى كۆرسىتىدۇ.

www.uyghurkitap.com

ئىبارەت. يەنى مۇنداق ئالامەتلەرگە قارىغاندا، بەدەندە مۇنداق ئۆزگىرىش بولغان دېگەن يەكۈنگە كەلگەنگە ئوخشاش. تېبابەتكە خاس بۇ خىل تەپەككۇر ئۇسۇلى كېسەللىكنى ئېنىقلاش ۋە داۋالاشتا مۇھىم رول ئوينايلا قالماي، بەلكى ئۇ خېلى بۇرۇنلا ئۇيغۇر خەلقىنىڭ قىممەت قارىشىدىكى ئۇيغۇر تېبابىتىدە تىلغا ئېلىنىدىغان تۆت تادۇنىڭ بىرى بولغان ئوتنىڭ بەدەندىكى ئىپادىسى سەۋدانىڭ كۈچىيىپ كەتكەنلىكىگە ئىشارە. ئۇنداق ئادەم قۇرۇق ئىسسىق مىجەزلىك بولۇپ، قۇرۇق ئىسسىق مىزاجلىق كىشىلەرنىڭ خۇلقى - مىجەزى ۋە روھىي ھالىتىدە ئالاھىدە پەرقلەر بولىدۇ. ئادەتتە ئۇلارنىڭ ئاچچىقى يامان، غەزەپلىنىشكە مايىل، نېرۋىسى ئىتتىك، ھەرىكىتى تېز، سەزگۈر، ھېسسىياتى كۈچلۈك، ئۆزىنى تۇتۇۋالالمايدىغان بولىدۇ. شۇڭا مەيلى تېبابەت ساھەسى ئىچىدە بولسۇن، سىرتىدا بولسۇن، خەلقىمىز ئەسىرلەردىن بۇيان مۇشۇ خىل بىلىش نەتىجىلىرىگە ئاساسەن، تەبىئەتنى ۋە ئۆزىنى تونۇپ يەتكەن. شۇنىڭغا ئاساسەن يېمەك - ئىچمەك بىلەن ئۆزىنىڭ مىزاجىنى تەڭشەپ ئۆزلىرىگە ئۆزلىرى تېۋىپ بولالايدىغان قابىلىيەتنى يېتىلدۈرگەن.

مىزاج كۆپىنچە روھىي ئالامەتلەرگە ئىشارە قىلىپ، ئادەمنىڭ مىجەز - خۇلقى، خۇي - پەيلىنى كۆرسىتىپ كەلگەن. مىزاج ئۆزگىرىشى پەقەت سان ئۆزگىرىشى بولۇپ، ماددىلىق ئۆزگىرىش (خىلىتلىق ئۆزگىرىش) بولسا مىزاج ئۆزگىرىشىنىڭ مەلۇم دەرىجىگە بېرىپ يېتىپ، سۈپەت ئۆزگىرىش ياسىغانلىقىنى كۆرسىتىدۇ. شۇڭا مىجەز ئۆزگىرىش بىلەن خىلىت ئۆزگىرىش ئالامەتلىرى بەزىدە ئوخشاش ئىپادىلەنسىمۇ، بۇ ئەمەلىيەتتە فىزىئولوگىيىلىك ئۆزگىرىش بىلەن پاتالوگىيىلىك ئۆزگىرىشنىڭ پەرقىگە ئوخشاش پەرقلىنىدۇ. شۇڭا مىجەزدىكى قۇرۇق ئىسسىق بىلەن خىلىتتىكى سەپراغا تەڭلىك بەلگىسى قويۇشقا بولمايدۇ.

ئىنسانلار يېگەن ئوزۇقلۇق، سۈمۈرگەن ھاۋا ۋە تۇرۇۋاتقان ماكانىنىڭ تەسىرىدىن ئىنسان بەدىنىدە پەيدا بولىدىغان، شۇنىڭدەك

مەخسۇس ئەزالاردا ساقلىنىپ، ئىنساننىڭ پۈتۈن ھاياتلىق پائالىيەتلىرىنى تەمىنلەيدىغان تۆرلۈك سۇيۇقلۇقلار خىلىت دېيىلىدۇ. ئۇلار سەپرا، قان، بەلغەم، سەۋدادىن ئىبارەت بولۇپ، ئۇلارنىڭ تەركىبىدە يەنە تۆرغۇن ماددىلار بولىدۇ. خىلىتلارمۇ خۇددى تۆت چوڭ ماددا ـ تادۇلارغا ئوخشاش بىر ـ بىرىدىن پەرقلىنىدۇ، ئەمما بىر ـ بىرىنى تەقەززا قىلىدۇ. بىرى بىرىگە قارشى بولىدۇ، لېكىن كېلىشكەن يەنى ئىنتىپاق تۈزۈشكەن بولىدۇ. قان خىلتى بولۇپ، سەۋدا خىلتى بولمىسا، قان خىلتى قايسى تەن ۋە ئورگاندا مەۋجۇت بولالىسۇن؟ سەپرا خىلتى بولۇپ، بەلغەم خىلتى بولمىسا ئادەمدە ھارارەت ۋە تىرىكلىك بولمايدۇ. دېمەك، ئالدى بىلەن تۆت چوڭ ماددا ئۆز كەيپىياتلىرى بىلەن تەبىئەت دۇنياسىغا تەسىر قىلىدۇ. تەبىئەت دۇنياسىدىكى تۆرلۈك شەيئىلەر شۇ ئارقىلىق مىجەزگە ئىگە بولىدۇ. ئادەم ئۆزىگە كېرەكلىك ماددىلارنى يېگەن ـ ئىچكەن، سۇمۇرگەن ۋە شۇ مۇھىتتا تۇرغان بولغاچقا، ئىنسان بەدىنىدىمۇ ئاشۇ تەبىئەت جىسىملىرىدىكى مىجەزنى ئەكس ئەتتۈرىدىغان ماددا ھاسىل بولۇشى ھەمدە رول ۋە تەبىئەتكە ئىگە بولغان ھالدا مەۋجۇت بولۇپ تۇرۇشى بەرھەق. شۇڭا بىز سەپرانى ئوتنىڭ بەدەندىكى ۋەكىلى، قاننى ھاۋانىڭ بەدەندىكى ۋەكىلى، بەلغەمنى سۇنىڭ بەدەندىكى ۋەكىلى، سەۋدانى تۇپراقنىڭ بەدەندىكى ۋەكىلى دەپ تونۇيمىز. ھەربىر خىلتنىڭ بەدەندىكى رولى ئوخشاش بولمايدۇ. مەسىلەن: سەپرا خىلتى بەدەندىكى ئوزۇقلۇقلارنى پارچىلاش، ئېرىتىش، ھەزىم قىلىش، زەھەرسىزلەندۈرۈش، نېرۋا ھەرىكىتىنى غىدىقلاش، بەدەننى ئىسسىق ساقلاش، بۇزۇق ماددىلارنى ھەر خىل يوللار بىلەن سىرتقا چىقىرىۋېتىش، بەلغەم خىلتىنىڭ ھۆل ۋە سوغۇقلۇقىنى تەڭشەپ تۇرۇش خۇسۇسىيىتىگە ئىگە. قان خىلتى ئومۇمىي بەدەنگە ئىسسىقلىق ۋە سۇيۇقلۇق يەتكۈزۈپ بېرىش، ساپ ھاۋانى پۈتۈن بەدەنگە يەتكۈزۈپ، بۇزۇق ھاۋانى سىرتقا چىقىرىش، بەدەننى ئايلىنىپ يۈرۈپ، ھەر خىل رەڭ ماددىلىرى ۋە ھەر خىل

www.uyghurkitap.com

ئۇزۇقلۇقلارنى يەتكۈزۈش، زىيانلىق ماددىلارنى تەر ۋە بۆرەك ئارقىلىق سىرتقا چىقىرىۋېتىش، بەدەننى ئىسسىتىش تەسىرىگە ئىگە. شۇڭا كىشىلەرنىڭ شورپا ئىچىپ تەرلەپ چۈمكىلىۋالسا يەڭگىللەپ قوپۇشىدىكى سىر، شورپا ئارقىلىق قاننىڭ ھەرىكىتىنى ئاكتىپلاشتۇرۇپ، شۇ ئارقىلىق تەرلەپ، بەدەندىكى زىيانلىق ماددىلارنى سىرتقا ھەيدەيدۇ.

بەدەندىكى خىلىتلارنىڭ ئۆزگىرىشى بەدەنگە ۋە روھقا ھەرقاچان تەسىر قىلىپ تۇرىدۇ. چۈنكى ئۇ ھەرىكەتتىكى ئۆزگىرىشچان نەرسە. شۇڭا بەزى ئادەملەر بىر خىل سۇ، ھاۋا، تۇپراقتا ياشاۋەرگەندە بەدەندىكى ماددىلارنىڭ يېڭىلىنىشىنى توسۇپ، بەزى كېسەللىكلەرگە دۇچار بولىدۇ. شۇڭا ئۇلار تۇپراق، سۇ، ھاۋانى ئالماشتۇرۇپ باشقا يۇرتلارغا بارغاندىن كېيىن، ئۇ يەردە ياخشىلىنىپ قالىدۇ، ھەتتا بەزى ئېغىر كېسەللىكلەرمۇ تۈزۈلۈپ كېتىدۇ. بەزى ھاللاردا يۇرتىدىن باشقا جايلارغا بارغاندا يەنىلا بەدەندە بەلگىلىك ئۆزگىرىش بولىدۇ. بەدەنلەرگە بىر نەرسە چىقىپ كېتىدۇ ياكى تاماق ياخشى ھەزىم بولمايدۇ. بۇنى كىشىلەر سۈيى ئىلغاش، تۇپىسى ماس كەلمەس، دەيدۇ. يەنە بەزىلەر تۇپراق، سۇ، ھاۋا ئالماشتۇرسا شۇنداق چىرايلىقلىشىپ كېتىدۇ. قاۋۇللىشىپ كېتىدۇ.

يۇسۇپ خاس ھاجىپ دەۋرىدە ئۇيغۇرلارنىڭ مىزاج، خىلىت چۈشەنچىسى شۇنچىلىك ئومۇملىققا ئايلانغان ۋە ئاممىۋىيلاشقان ئىدىكى، ھەتتا ئاۋام ئىچىدىكى چۈش ئىلمىدىمۇ مىزاج، خىلىت چۈشەنچىلىرى ناھايىتى مۇھىم رول ئوينىغان.

«قارايدىغان بولساق، كېچىدە كۆرگەن چۈشنىڭ تەبىرى باشقا، كۈندۈزدە ئۇخلاپ كۆرگەن چۈشنىڭ تەبىرى يەنە باشقا بولىدۇ. بەزى چۈشلەر باركى يېمەك ـ ئىچمەككە مۇناسىۋەتلىك، يارىمايدىغان، ئۆزىگە ماس كەلمەيدىغان يېمەكلىكلەرنى يېگەن بولسا چۈش قالايمىقان بولىدۇ. يەنە بىر قىسىم چۈشلەر پەسىلگە باقىدۇ، تادۇسى كۆچىيىپ كەتكەن بولسا چۈشىمۇ ئۇنىڭغا تارتىپ كېتى-

دۇ. ئەگەر يىل پەسلى باھار بولۇپ، چۈش كۆرگۈچى كىچىك بالا
بولسا، چۈشىدە يەردىن تارتىپ ھەممە نەرسە قىزىل كۆرۈنگەن
بولسا، روشەنكى، ئۇنىڭ قېنى كۈچىيىپ كەتكەنلىكىنىڭ ئالامىتى-
دۇر. ئۇنىڭغا ئېتىش كېرەككى، مەلۇم مىقداردا قان ئالدۇرۇۋېت-
سۇن. يىل پەسلى ياز بولۇپ، چۈشىگۈچى يىگىت بولسا، چۈشىدە
سېرىق، ھال رەڭ نەرسىلەرنى ۋە ئۇۋۇۋېتىلگەن نەرسىلەرنى چۈشە-
گەن بولسا، سەپراسى كۈچەيگەنلىكىنىڭ ئالامىتىدۇر. ئۇ سۈرگە،
تەرەنجىۋىل ئىچىپ ئۆزىنى بوشىتىشى لازىمدۇر. ئەگەر ئوتتۇرا ياش
كىشىلەر كۈز مەۋسۇمدە چۈشىدە تاغ، قۇدۇققا ئوخشاش چوڭقۇر-
لۇقلارنى ۋە قارا نەرسىلەرنى كۆرگەن بولسا ھەي قېرىنداش، بۇ
ئۇلارنىڭ سەۋداسىنىڭ كۈچىيىپ كەتكەنلىكىنىڭ ئىپادىسىدۇر.
ئۇلار دورا ئىچىپ مېڭىسىنى ساپلاشتۇرسۇن، قىش پەسلى بولۇپ،
چۈشىگۈچى قېرى بولسا، چۈشىدە ئاقار سۇ، مۇز، قار، مۆلدۈرگە
ئوخشاش نەرسىلەرنى چۈشىگەن بولسا ئۇنىڭ سوغۇقى ئېشىپ بەل-
غىمى كۆپىيىپ كەتكەن بولىدۇ. ئۇلار ئىسسىقلىق قىلىپ، ئىس-
سىقلىق دورىلار بىلەن مىزاجىنى تەڭشەش كېرەك.»
بەزى تەتقىقات ماقالىلىرىدا يۈسۈپ خاس ھاجىپنىڭ مىزاجغا
مۇناسىۋەتلىك چۈشەنچىلەرنى ئوتتۇرىغا قويغانلىقىغا ئاساسلىنىپلا،
ئۇنى «تېبابەت ئالىمى» ؛ مەشھۇر تېۋىپ دېگەندەك سۈپەتلەر بىلەن
سۈپەتلەپ كېتىشتى. ئەمەلىيەتتە، يۈسۈپ خاس ھاجىپ تېبابەت
ئالىمى ئەمەس. بىراق ئۇ ھەر تەرەپتىن ئۇنىۋېرسال بىلىمگە ئىگە
بولغان ئالىم. چۈنكى ھەقىقىي ئالىملىق مەرتىۋىسىگە يېتىش ئۇ-
چۈن پەقەت بىر ياكى بىرقانچە ئىلىمدىن خەۋەردار بولۇشنىڭ ئۆزى
كۇپايە قىلمايدۇ. ھەر بىر ئىلىم يەنە بىر ئىلىم بىلەن بىۋاسىتە
ۋە ۋاسىتىلىك مۇناسىۋەتكە ئىگە. بولۇپمۇ ئادەم دېگەن نېمە، ئۇ
نېمىدىن تۈزۈلگەن، ئۇنىڭ تەبىئەت دۇنياسى بىلەن قانداق مۇناسى-
ۋىتى بار، يېمەك- ئىچمەك بىلەن قانداق مۇناسىۋىتى بار، ئىنسان-
نىڭ تەن ساقلىقىغا كاپالەتلىك قىلىپ ئىنساننىڭ بۇ مۇرەككەپ

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

ماشىنىسىنى ئۇزلۇكسىز، نورمال ھەرىكەتلەندۈرۈپ تۇرىدىغان نەچچە نىمە؟ دېگەنگە ئوخشاش ئومۇمىي ساۋاتلارنى بىلىش ئۆز دەۋرىگە نىسبەتەن ئادەتتىكى ساۋات بولغانلىقىنى «ئادەم 40 ياشقىچە ئۆزىدىنىڭ مىزاجىنى بىلمىسە، گەرچە ئۇ سۆزلىيەلىسىمۇ ھايۋاندۇر» دېگەن سۆزىدىن بىلدۇق. خۇددى ھازىر مەكتەپلەردە بىئولوگىيە، زوئولوگىيە، فىزىئولوگىيە قاتارلىق پەنلەردىن ساۋات بېرىپ، ئىنسان ۋە ئۇنىڭ تۈزۈلۈشى توغرىسىدا ماكرولۇق، مىكرولۇق جەھەتتىن ساۋات بەرگەنگە ئوخشاش، ئۆز دەۋرىدىمۇ ئىنسان ۋە تەبىئەتنىڭ تۈزۈلۈشى ۋە ئۇنىڭ ئالاھىدىلىكى توغرىسىدا ساۋات بېرىلەتتى.

ئاتا ـ ئانىلاردا مىزاج، خىلىت توغرىسىدىكى ساۋاتنىڭ بولۇشى پەرزەنت تەربىيىسىدە، پەرزەنتلەرنى ئوزۇقلاندۇرۇشتا قەتئىي كەم بولسا بولمايدىغان ئىلىم ھېسابلىنىدۇ. نۇرغۇن ئاتا ـ ئانىلار مانا مۇشۇ جەھەتتىكى چۈشەنچىگە خام بولغانلىقى ئۈچۈن، باللارغا بولغان ئىلمى ئوزۇقلاندۇرۇشتا يېڭىلىشىپ، پەرۋىشنى بىلمەي، ئەمدى دۇنياغا كۆز ئاچقان باللارنىڭ ئۆلۈپ كېتىشىگە سەۋەب بولۇۋاتىدۇ. يەنە بىر تەرەپتىن، نۇرغۇن كېسەللەرگە گىرىپتار قىلىپ ساغلام ئۆسۈپ يېتىلىشىگە كاپالەتلىك قىلالمايۋاتىدۇ. ئاتا ـ ئانىلار ئۆزىمۇ ئوزۇقلىنىشقا دىققەت قىلالمىغانلىقى ئۈچۈن پۈتۈن ۋەسلى دوختۇرخانىلارغا كېتىپ بارىدۇ. ئەسلىدە كېسەللىكنىڭ ھەممىسى ئۆلۈمگە ئېلىپ بارمايدۇ. ھەرقانداق كېسەلگە يارىشا ئۇنىڭ داۋاسىمۇ بىرگە يارىتىلغان! ئۇنىڭ داۋاسىنىڭ ھەممىسى مانا مۇشۇ تۇپراقتىن تېپىلىدۇ. يۈسۈپ خاس ھاجىپ: «ھەرقانداق كېسەلگە دورا ـ داۋا بار، ئۇنى تەمىنلىگۈچى ھېكىممۇ چىقار، پەقەت ئۆلۈمگىلا داۋا يوق» دېگەن. يۇقىرىقى كۆزقاراش مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنىڭ مۇنۇ ھەدىسىگە ئاساسەن ئېيتىلغان: «ئاللا ھەربىر كېسەلگە ئۇنىڭ دورىسىنىمۇ بىرگە ياراتقان، شۇڭا

داۋالىنىڭلار.»[1] يېمەك ـ ئىچمەكتە ئۆلچەملىك بولۇش توغرىسىدا مۇنداق بىر رىۋايەت بار: ئەجەم پادىشاھلىرىدىن بىرى بىر ئۇستا تېۋىپنى مۇھەممەد مۇساغا، سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسسالامنىڭ خىزمىتىگە ئەۋەتكەن ئىدى. تىۋىپ ئەرەپ دىيارىدا ساق بىر يىل تۇرغان بولسىمۇ، ھېچكىم ئۇنىڭ ئالدىغا كېسەل كۆرسىتىشكە كەلمىگەن ياكى داۋالىنىش چارىلىرىنىمۇ سورىمىغان. ئۇ تېۋىپ پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ئالدىغا بېرىپ شىكايەت قىلدى: مېنى بۇ يەرگە ساھابىلەرنى داۋالاش ئۈچۈن ئەۋەتكەن ئىدى، ئەمما شۇ كەمگىچە ھېچكىم قېشىمغا كېلىپ كۆرۈنۈشنى خالىمىدى، مەن بەندە تاپشۇرغان خىزمەتنى بەجا كەلتۈرسەم بولماقتى؟ پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام دېدى: بۇ كىشىلەرنىڭ ئادىتى شۇكى، ئىشتىھاسى غالىب بولمىغىچە ھېچنېمە يېمەيدۇ ۋە ئىشتىھاسىنى پەسەيتۈرگەنگە قەدەر، تائامدىن قولىنى تارتىپ تۇرىدۇ!» تىۋىپ: «بۇلارنىڭ تېنىنىڭ ساق تۇرغانلىقىغا سەۋەبى ئەنە شۇ» دېدى ـ دە، يەر ئۆپۈپ كېتىپ قالدى.[2]

يەنە بىر ھېكمەت: «ئەردەشىر بابكاننىڭ تەرجىمىھالىدا ئېيتىلىشىچە، ئۇ بىر ئەرەب ھېكىمدىن: بىر كۈندە قانچىلىك تائام يېسە بولار؟ دەپ سوراپتۇ، يۈز دەرھەم ئەتراپىدا يېسە كۇپايە قىلىدۇ، دەپ جاۋاب بېرىپتۇ ھەكىم. ئەردەشىر سوراپتۇ: بۇنچىلىك تائام قانچىلىك قۇۋۋەت بېرەر؟ ھېكىم ئېيتىپتۇ: مۇشۇ مىقداردا بولسا سېنى كۆتۈرىدۇ، بۇنىڭدىن ئارتۇقىنى سەن كۆتۈرەلمەيسەن، يەنى شۇنچىلىك تائام سېنى ئۆرە تۇرغۇزىدۇ، بۇنىڭدىن ئارتۇقى ساڭا يۈك بولۇپ قالىدۇ.»[3]

بالىلارنى كىچىكىدىن تارتىپ ئۆلچەملىك، قەرەللىك ئوزۇقلىنىشقا ئادەتلەندۈرۈش كېرەك. بەزى ئاتا ـ ئانىلار بوۋاقلاچىلىكمۇ

---

① ئىبنى بەجا، ھاكىم رىۋايەت قىلغان.
② سەئدى: «گۈلىستان»، مىللەتلەر نەشرىياتى 1984 ـ يىل نەشرى، ئۇيغۇرچە، 148 ـ 149 ـ بەتلەر.
③ سەئدى: «گۈلىستان» مىللەتلەر نەشرىياتى 1984 ـ يىل نەشرى، ئۇيغۇرچە، 150 ـ بەت.

ئاڭغا ئىگە ئەمەس، بالا تويدۇم دەپ بىشارەت بېرىۋاتسىمۇ، تاكى ھۆ قىلىپ ياندۇرغىچە بىر نەرسە بېرىدۇ. بەزى بالىلارنىڭ ئايىغى چىققاندا ئويۇن بىلەن بولۇپ كېتىپ تاماق يېيىشنى ئۇنتۇپ قالىدۇ، ھەتتا كەچكىچە بىر نەرسە يېمەي يۈرىدۇ. بۇنداق بولۇشنىڭ ھەر ئىككىسى بالىلارنىڭ سالامەتلىكىگە زىيان سالىدۇ. بۇۋاق بالىلارغا چوڭلارغا ئوخشاش ئۈچ ۋاخ تاماق بېرىلمەيدۇ. ئۇلارغا ئاز ـ ئازدىن بەش ـ ئالتە قېتىم نەرسە بېرىش كېرەك. چۈنكى ئۇلارنىڭ ھەزىم قىلىش ئىقتىدارى تېخى تولۇق يېتىلمىگەن بولىدۇ. يەنە بىرى يەڭگىل، ھەزىم قىلىش ئوڭاي بولغان تاماقلارنى بېرىش كېرەك. يەنە بىرى كالورىيەسى يامان يۇقىرى بولغان تائاملار يەنى قازان نېنىدەك غىزالار بالىلارنى كېسەل قىلىپ قويىدۇ. ئۇلارنى تېزلا بوداش خىيالىدا بولماسلىق كېرەك. ھەر ئىش نورمال بولغىنى ياخشى.

بالىلارغا كىچىكىدىن تارتىپ يېمەك ـ ئىچمەك دېگەن پەقەت ھاياتلىق ئۈچۈن، ياشاشتىكى مەقسەت يېيىش ئۈچۈن ئەمەسلىكىنى بىلدۈرۈش كېرەك. ئۇ بۇلارغا بېرىلىدىغان قىممەت قارىشىنىڭ مۇھىم سالمىقىنى ئىگىلىسۇن. بەزى ئادەملەر بۇ دۇنياغا پەقەت يەپ ـ ئىچىش ئۈچۈنلا يارالغاندەك ھېس قىلىدۇ، ياخشى بىر تونۇۋالسا ئۆزىنى بەختلىك ھېس قىلىدۇ، بۇ ئىنسان ئۈچۈن تولىمۇ بەختسىز بىر ھالدۇر. بۇنداق قىممەت قارىشى بىلەن تەربىيىلەنگەن ۋە ياكى شۇنداق تەسىر ئاستىدا چوڭ بولغان بالىلار بارا ـ بارا گالىنىڭ قۇلىغا ئايلىنىدۇ. ئۇلار پۈتۈن ئۆمۈر بويى مانا شۇ ئەسىرلىكتىن قۇتۇلالماي بۇ دۇنيادىن كېتىدۇ. گۆر توپىسى كۆز چانىقىنى تولدۇرغاندىن كېيىن ئاندىن ئارام تاپىدۇ. ئادەمنىڭ بۇ دۇنيادىكى قىممىتى قانداق ئېسىل غىزالارنى يېگەن بىلەن، ئالىي كىيىملەرنى كىيگەن بىلەن، ياسىداق ئۆيلەردە ئولتۇرغان بىلەن، قىممەت باھالىق ماشىنىلاردا ئولتۇرغان بىلەن ئۆلچىنىدىغان بولسا، دۇنيادا ئادەمدەك زەئىپ، بىچارە مەخلۇق بولمىغان بولىدۇ.

بىز بالىلارنى بۇنداق زەئىپ، بىچارە قىممەت قارىشىدىن قەتئىي قۇتۇلدۇرۇشىمىز كېرەك.

دۇنىيا تەرەققىي قىلىۋاتىدۇ، ئىنسانلارنىڭ ئۆزىنى بىلىشى ھەرقانداق دەۋردىكىدىنمۇ زور مۇۋەپپەقىيەتلەرگە ئېرىشتى. بىراق، جەمئىيىتىمىزدە يەنىلا ئىپتىدائىي ئاڭ بويىچە ئۆزىنى چۈشىنىدىغان ئادەملەر خېلىلا كۆپ. ئۇلار يەنىلا خۇراپاتلىق بىلەن ئۆزىنى قۇتۇلدۇرماق بولۇپ، ئەمەلىيەتتە ئۆزىنى ھالاكەتكە تاشلاۋاتىدۇ، بالىلارنى خۇراپاتلىقنىڭ قۇربانى قىلىۋاتىدۇ. سېھىرگەرلەرنىڭ، داخانلارنىڭ قولىدا ئۆلۈپ كېتىپ بارغان بالىلارمۇ ئاز ئەمەس. بۇنىڭغا قاراپ بىزنىڭ نېمىگە ئېتىقاد قىلىدىغانلىقىمىزنىمۇ چۈشەنمەي قالىمەن. چۈنكى ئىسلام دىنى خۇراپاتلىققا، سېھىرگەرلەرنىڭ، پالچىلىققا قەتئىي قارشى تۇرىدىغان دىن.

«ئاللا تائالادىن ئۆزگە ئاسمانلاردىكى ۋە زېمىندىكىلەر غەيبنى بىلمەيدۇ» (نەمل 65 ـ ئايەت). بۇ ئايەتتىن مەلۇم بولدىكى، پەرىشتىلەرمۇ، جىنلارمۇ ياكى ئىنسانلارنىڭ ھېچقايسىسى غەيبنى بىلمەيدۇ. ھەتتا پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالاممۇ ئۆزىنىڭ غەيبنى بىلمەيدىغانلىقىنى ئېلان قىلغان: «ئەگەر مەن غەيبنى بىلىدىغان بولسام، (دۇنيا مەنپەئەتلىرىدىن) نۇرغۇن مەنپەئەت ھاسىل قىلغان بولاتتىم، زىيان ـ زەخمەتكىمۇ ئۇچرىمىغان بولاتتىم (لېكىن مەن غەيبنى بىلمەيمەن، شۇڭا ماڭا تەقدىر قىلىنغان ياخشى ـ يامانلىق يېتىپ تۇرىدۇ)، مەن پەقەت ئىمان ئېيتىدىغان قوۋم ئۈچۈن ئاگاھلاندۇرغۇچى ۋە خۇش خەۋەر بەرگۈچى قىلىپ ئەۋەتىلگەن پەيغەمبەرمەن.»[①] يەنە مۇنداق دېيىشنى بۇيرۇغان: «مەن سىلەرگە، مەندە ئاللا تائالانىڭ خەزىنىلىرى بار دېمەيمەن، مەن غەيبنىمۇ بىلمەيمەن، مەن بولسام بىر پەرىشتە دەپمۇ ئېيتمايمەن، مەن پەقەت ماڭا قىلىنغان ۋەھيىگىلا ئەمەل قىلىمەن»[②].

---

① «قۇرئان كەرىم» مىللەتلەر نەشرىياتى، 1987-يىلى نەشرى، سۈرە ئەئراف 188 ـ ئايەت
② «قۇرئان كەرىم» سۈرە ئەنئام 50 ـ ئايەت

يۇقىرىقى دەلىللەرگە ئاساسەن شۇنداق ئېيتىشقا بولىدۇكى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بىلەلمىگەن غەيىبنى باشقا ئىنسانلارنىڭ بىلەلىشى ھەرگىزمۇ مۇمكىن ئەمەس. ئۇلارنىڭ غەيىبنى بىلىمەن دەپ دەۋا قىلىشى ئوپئوچۇق دىندىن تانغانلىق بولىدۇ. ئۇنىڭ گېپىگە ئىشەنگەن ئادەممۇ دىندىن تانغان ھېسابلىنىدۇ: ئىسلام ئەقىدىسىدە «كىمكى بىرەر پالچىنىڭ دېگەن سۆزىگە ئىشەنسە، مۇ-ھەممەد سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمگە نازىل قىلىنغان «قۇرئان كەرىم» دىن تانغان بولىدۇ» دېيىلگەن.

بىلىش كېرەككى، ئىسلام دىنىغا ئەقىدە قىلغان ھەربىر مۆ-مىن بۇ دۇنيانىڭ ئەسلىي ياراتمىش قانۇنىيىتىنىڭ ئاللانىڭ ئىرادىسىز ئۆزگىرىپ قالمايدىغانلىقى، قازا ۋە قەدەرنىڭ ھەم ھەرگىزمۇ باشقىچە ئۆزگىرىشتە بولۇپ قالمايدىغانلىقىغا ئىشىنىدۇ، قۇرئاندا: «ئەگەر ھەقىقەت (يەنى قۇرئان) ئۇلارنىڭ نەپسى ـ خاھىشىغا بويسۇنىدىغان بولسا، ئەلۋەتتە ئاسمانلار، زېمىنلار ۋە ئۇلاردىكى مەخلۇقات خاراب بولغان بولاتتى.» (سۈرە مۆئمىنون 71 ـ ئايەت) بۇنىڭدىنمۇ ئارتۇق كۈچلۈك دەلىل بولمىسا كېرەك.

دىنىي جەھەتتە بولسۇن، پەننىي جەھەتتە بولسۇن، خۇراپاتلىق باللارنىڭ ساغلام ئۆسۈپ يېتىلىشى ئۈچۈن ئىنتايىن زىيانلىق بولغان زىيانداشتۇر. شۇڭا ئاتا ـ ئانىلار ئۆزىنىمۇ خۇراپاتلىقنىڭ چاڭگىلىدىن ئازاد قىلىپلا قالماي، بەلكى پەرزەنتلەرىنىڭمۇ خۇراپات-لىقنىڭ قۇربانى بولۇپ كېتىشتىن قۇتۇلدۇرۇپ قېلىشلىرى كې-رەك.

ئۈچىنچى، مېھمانغا چاقىرىشتىكى ئەدەپلەر

پەرزەنتلەرنى مېھمانغا بارغاندا رىئايە قىلىدىغان ئەدەپلەرگە ئۆ-گىتىش مۇھىم بولۇپلا قالماي، بەلكى مېھمان چاقىرىش-نىڭ ئەدەب ـ يوسۇنلىرىنىمۇ ئۆگىتىش مۇھىم.

يۈسۈپ خاس ھاجىپ پەرزەنتلىرىگە مېھمان چاقىرىش توغرىسى-دا مۇنداق قىممەتلىك ساۋاقلارنى بەرگەن: «باشقىلارنى مېھمانغا

چاقىرىماقچى بولساڭ ئالدى بىلەن پۇختا تەييارلىق قىلىپ، ئاندىن مېھمان چاقىرغىن. قاچا - قومۇچ، ئۆيۋاقاڭنى، داستىخانلىرىڭنى ئېرىغ قىل. ناز - نېمەتلىرىڭنى مېھمانلىرىڭ زوق بىلەن يېگۈدەك پاكىز ۋە خىل قىلغىن. مېھمان چاقىرمىساڭ، قۇسۇرۇڭ چاقىرمىغانلىق ئەيىبىڭ بىلەن كۆپايلىنىدۇ. ئەگەر مېھمان چاقىرىپ كۆڭۈلدىكىدەك ئۈزىتالمىساڭ، كىشىلەر بۇ قۇسۇرۇڭنى مىڭ قىلىدۇ. مېھمان چاقىرساڭ ئىمكانىبار يېمەكلىكلىرىڭنىڭ مول بولسۇن.»

يۇسۇپ خاس ھاجىپنىڭ يۇقىرىقى تەۋسىيىلىرىدىن ھەرگىزمۇ يېمەك - ئىچمەكنى ئېھتىياجدىن ئارتۇق قىلىپ ئىسراپ قىل، دېگەن مەنە چىقمايدۇ. ئۇ تاماقلىرىڭ يەتكۈدەك بولسۇن، ئالدىغا بار، كەينىگە يوق بولۇپ قالسا كىشىلەرنىڭ تىل - ھاقارىتىگە قالىسەن، ئۆيۈڭ، قاچا - قومۇچلىرىڭ پاكىز بولمىسا باشقىلار ئالدىدا ئەيىبكە قالىسەن، شۇڭا ياخشى تەييارلىق قىلىپ ئاندىن مېھمان چاقىرغىن، رەسمىيەت ئۈچۈنلا چاقىرىپ قويۇپ، باشقىلارنىڭ قىلغان گەپ - چۆچەكىگە قالما، دەپ ئاگاھلاندۇرۇۋاتىدۇ.

كىملەرنى چاقىرىش، كىملەرنى چاقىرماسلىق توغرىسىدا مۇنداق تەكىتلەيدۇ:

«چاقىرغان ۋاقىتتا دوست - بۇرادەرلىرىڭ، تۇغقان ياكى ياتلار بولسۇن، ئۇلارنىڭ سەندىكى ھەققىگە قاراپ بىردەك تەكلىپ قىل. كېلىدىغانلىرى كېلىدۇ، كەلمەيدىغانلىرى سەندىن رەنجىمەيدۇ. گال رەنجىكى يامان، بۇنداق ئاغرىق قىيامەتكىچە تۈگىمەيدۇ. ئاش - تائاملىرىڭ مېھمانلىرىڭنىڭ ھەممىسىگە تولۇق يېتىشىگە دىققەت قىل، كېچىكىپ كەلگەنلەر بولسا، ئۇلارغىمۇ ئايرىم تاماق تارتقىن، مېھمانلار تاماق يەۋاتقاندا ئۇلارغا چاي قۇيۇپ تۇر، ئىچىلىپ بولسا يەنە لىقلاپ قوي، يېمەك بار يەردە ئىچمىلىك بولىدۇ. يېمەك بىلەن ئىچمىلىكنى تەڭشەپ تۇرۇش لازىم. يېمەك بار يەردە ئىچمىلىك ھازىر بولۇپ تۇرمىسا، ئۇ تاماق يېگۈچىلەر ئۈچۈن ئوغا بولىدۇ. شۇڭا مېھمانلار شەربەت خالىسا شەربەت ھازىر-

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

لا، كۆكلى مەيزاپ تارتسا شۇنى تەييار قىل. گۇلاب ئىچىشنى خالىسۇن ياكى زوقى مېۋە سۈيىدە بولسۇن، كۆكلى تارتقاننى قويۇپ بېرىپ ئۇلارنى رازى قىل. بۇنىڭدىن باشقا ئۇلارنىڭ تاۋى نېمىنى خالىسا شۇنىڭغا تەييار تۇرغۇلۇق، ئاش تارتقاندا چوڭلارغا تارتىپ بولغاندىن كېيىن، ئاندىن كىچىكلەرگە قويۇش كېرەك، ئۇلۇغلارغا بولسۇن، كىچىكلەرگە بولسۇن تاماقنى تولۇق يەتكۈزۈپ تارت. چالا قىلىپ ئاچ قايتىپ، سېنى تىللىمىسۇن. غىزالار تارتىلىپ بولغاندىن كېيىن ھۆل - قۇرۇق يېمىشلەردىن ۋە شىمىشكىلەردىن قوي. ئەگەر چامىڭ يەتسە قەدەم ھەققى ئۈچۈن مۇۋاپىق رەخت يىرتىپ، سۆز - چۆچەكتىن ساقلان. زىياپەتنى ئەنە شۇنداق ئاياغلاشتۇر، قايتىدىغانلار بولسا يولنى توسماي ئۇزىتىپ قوي.»

يۇقىرىقى قائىدە - يوسۇنلار خەلقىمىز ئۈچۈن ناھايىتى تونۇش. ئۇيغۇر خەلقى مېھمان ئۈچۈن ئۆي تۇتىدۇ، مېھمان ئۈچۈن ئۆي ياسايدۇ. ئەڭ ئېسىل غىزالىرىنى مېھمانلارغا ئېلىپ چىقىدۇ. چوڭلار بىلەن كىچىكلەرنىڭ ئورنى ھەم پەرقلىق بولىدۇ. ھەرگىزمۇ كىچىكلەر تۆرگە، چوڭلار پەگاغا چۈشۈپ قالمايدۇ.

دىنى ئىسلامدىمۇ سورۇندا ئولتۇرۇش، سورۇنغا چاقىرىشنىڭ ئەدەپ - قائىدىسىنى ئىماننىڭ بىر ساقچىسى سۈپىتىدە چۈشەندۈرگەن بولۇپ، بۇ خىل ئەقىدە ئۆز دەۋرىدىكى بالىلارنىڭ قەلبىگە سىڭىپ كەتكەن. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام سورۇنغا كىرگەن ئادەم بىرەرسىگە يولسىزلىق قىلىپ ئورنىدىن قوپۇرۇۋېتىپ ئولتۇرۇشنى ئەيىبلىگەن، باشقىلارنىڭ كىرگەن كىشىگە ئورۇن ھازىرلاپ بېرىشىنىڭ لازىملىقىنى تەكىتلىگەن. «سىلەرنىڭ بىرىڭلار بىر ئادەمنى قوپۇرۇۋېتىپ، ئاندىن ئۇنىڭ ئورنىدا ئولتۇرۇۋالمىسۇن»[1] «ئىككى ئادەمنىڭ ئارىسىنى رۇخسەتسىز ئايرىۋېتىپ ئولتۇرۇۋېلىش توغرا ئەمەس»[2] بۇنداق قىلىش تەكەببۇرلۇقلا ئەمەس، بەلكى زوراۋانلىق بولىدۇ، باشقىلارنىڭ ھوقۇقى دەپسەندە قىلىنىدۇ.

---

① بىرلىككە كەلگەن ھەدىس
② ئەبۇداۋۇت، تىرمىزى رىۋايەت قىلغان.

سورۇننىڭ ئوتتۇرىسىدا ئولتۇرۇۋېلىشمۇ ئەدەپسىزلىكتۇر. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام سورۇننىڭ ئوتتۇرىسىدا ئولتۇرۇۋالغان ئادەمگە لەنەت قىلغان.

ئومۇمىي ئادەتكە ئايلانغان ئىسلامنىڭ سورۇندا ئولتۇرۇش يوسۇنلىرى مۇنداق مەزمۇنلارنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ: سورۇنغا مەينەت، قاسماق كىيىملەر بىلەن كەلمەسلىك، پاكىز كىيىنىپ كېلىش، كىيىملىرى، پايپاقلىرىدىن سېسىق پۇراق كېلىپ مېھمانلارغا دىلغەشلىك كەلتۈرسە ئۇ ئادەمنىڭ ئۆزىگە سەت. سورۇندا سالاپەتلىك، تەمكىن ئولتۇرۇش، بارماقلىرىنى كىرىشتۈرمەسلىك، بۇرۇنلىرىنى كولىماسلىق، ساقاللىرىنى ئوينىماسلىق، چىشىنى كولىماسلىق، ئەگەر زۆرۈرىيەت تۇغۇلسا، قولى بىلەن ئېغىزىنى توسۇپ تۇرۇپ چىش كولاش، قالايمىقان تۈكۈرمەسلىك، دىماغ قاقماسلىق، تولىمۇ ئاۋازلىق كۈلمەسلىك، چۈشكۈرۈك كەلسە ئىلاجى بار بېسىش، بولمىسا «ئەلھەمدۇلىللا شۈكرى» دېيىش، ئەسنەشتىن ساقلىنىش كېرەك. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: ئادەم ئەسنىگەندە شەيتان خۇرسەن بولىدۇ، دېگەن. سورۇندا يانپاشلاپ ياتماسلىق، پۇتلىرىنى داستىخانغا سۇنماسلىق، تولا ھەرىكەت قىلماي ۋەزمىن ئولتۇرۇش تەلەپ قىلىنىدۇ. ئازراق سۆزلەش، سۆزلىگەندە ئورۇنلۇق سۆزلەش، گەپ - سۆز قىلماي بۇرۇقتۇرما ئولتۇرۇۋالماسلىق، ئۆزىنى كۆرسىتىپ پوپاڭلىق قىلىشتىن، ماختىنىشتىن، ھەزىلكەشلىكتىن ساقلىنىش كېرەك، باشقىلار سۆزلەۋاتقاندا ياقسۇن، ياقمىسۇن ئاڭلاش، گەپكە قوشۇق سالماسلىق، ئومۇمەن سورۇندا باشقىلارنىڭ غەزىپىنى، نارازىلىقىنى قوزغاپ قويىدىغان ئىشلارغا دىققەت قىلىش، ئۆزىنىڭ ئابرۇيىنى ساقلاشقا تىرىشىش تەلەپ قىلىنىدۇ. يەنە بىرى، ھەرقانداق ۋاستە بىلەن باشقىلارغا ئازار بەرمەسلىك، ساھىبخانىنى خىجالەتچىلىكتە قويىدىغان، تەڭقىسلىقتا قويىدىغان ئىشلارنى سادىر قىلماسلىق كېرەك.

تاماق يېگەندە رىئايە قىلىدىغان يەنە نۇرغۇن ئەدەپ - قائىدىلەر

www.uyghurkitap.com

بار: (1) تاماق يېيىشتىن بۇرۇن قولىنى پاكىز يۇيۇش، ساھىبخانىمۇ مېھمانلارغا سۇ بېرىشى كېرەك. (2) تاماقنى چوقۇم داستىخان ئۈستىگە تەييارلاش لازىم. (3) كەمتەرلىك يۈزىسىدىن يۈكۈنۈپ ئولتۇرۇش ياكى ئوڭ پۇتىنى تىكلەپ ئولتۇرۇش، ھەرگىزمۇ كېرىلىپ، غادىيىپ ئولتۇرماسلىق لازىم. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام تەكەببۇرلۇق بولۇپ قالمىسۇن دەپ يۆلىنىپ ئولتۇرۇپ تاماق يېمىگەن. (4) تاماقتىن قۇسۇر، ئەيىب ئىزدىمەسلىك، تېتىسا يېيىش، تېتىمىسا يېمەسلىك، قورساقى ئاچ بولسا يېگۈلۈك، توق بولسا ئەيىبنى تاماقتا قويمىغۇلۇق، قورساق ئاچقاندا ھەرقانداق تاماق مەززىلىك تېتىيدۇ. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ھەرگىز تاماقنى ئەيىبلەپ باقمىغان ئىكەن. (5) ئوڭ قول بىلەن يېيىش، ياخشى چايناش، قاچىنىڭ ئالدىدىن ئېلىش، ئوتتۇرىسىغا قول تىقماسلىق، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۆمەر ئىبنى سەلەمىگە مۇنداق دېگەن: «ئى بالا، بىسمىللا دە، ئوڭ قولۇڭ بىلەن يە، ئالدىڭدىن يە» (6) تاماق يېگەندە بارماقلىرىدىكىنى ئوبدان پاكىز يېۋېتىش، ئاندىن قولنى سۈرتۈش، قولنى داستىخانغا سۈرتۈپ قويماسلىق. (7) يەۋاتقان تامىقى چۈشۈپ كەتسە بۇلغانغان جايىنى ئېلىۋېتىپ قالغان يېرىنى يېيىش، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن: سىلەرنىڭ بىرىڭلار تامىقى چۈشۈپ كەتسە ئېلىپ بۇزۇلغان يېرىنى ئېلىۋېتىپ يېسۇن، تاماقنى شەيتانغا قويۇپ قويمىسۇن. (8) تاماق يېگەندە، چاي ئىچكەندە بولسۇن، قاچىنىڭ ئىچىگە تىنىش ياكى قاچىغا پۈۋلەش چەكلىنىدۇ. چۈنكى ئادەمنىڭ ئېغىزىدىن ھەر خىل مىكروپلۇق نەرسىلەر تىنىق ئارقىلىق چىقىدۇ. (9) ئالدىمىغا كەلدى دەپ ھەددىدىن ئارتۇق يەۋالماسلىق. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن: ئادەم توشقۇزغان قاچىنىڭ ئەڭ يامىنى ئۇنىڭ قورسىقى، ئادەم بالىلىرىغا ئەدىپىنى رۇسلىيالىغۇدەك تاماق بولسا يېتەرلىك. ئەگەر ئۇنداق قىلمىسا، قورساقنىڭ ئۈچتىن بىرى تاماق ئۈچۈن، ئۈچتىن بىرى ئىچىملىك ئۈچۈن، ئۈچتىن بىرى نەپەس

ئۇچۇن. (10) چوڭلاردىن ۋە ئوڭدىن تاماق تارتىش. (11) تاماقتا سورۇندىكى ئەڭ ھۆرمەتلىك كىشى ئاۋۋال قول سېلىپ باشلاپ بېرىشى، ئاندىن باشقىلار ئەگىشىشى لازىم. (12) تاماقتا ھەددىدىن ئارتۇق زورلاپ مېھماننى قىيىن ئەھۋالدا قويماسلىق. مېھماننۇ قورسىقى ئاچ تۇرۇپ، ياسالمىلىق قىلىپ نازلانماسلىقى لازىم. بۇ رىياخورلۇق بولۇپ قالىدۇ. (13) تاماق يەۋاتقاندا باشقىلارغا قاردىماسلىق، ئۆزى بىلەن بولۇش. (14) كىشىنى بىئارام قىلىدىغان ئىشلارنى سادىر قىلماسلىق، لېگەنگە قولىنى سىلكىمەسلىك، بېشىنى تاماققا تولىمۇ يېقىن ئەكىلىۋالماسلىق، ئاغزىغا زىيادە ئېلىۋېلىپ، قاچىغا ياندۇرماسلىق. (15) تاماق يەۋاتقاندا كىشىگە بىئاراملىق بالاسىنى سالىدىغان نىجىس، مەينەت نەرسىلەر توغرىلىق گەپ قىلماسلىق لازىم. (16) كەمبەغەللەر، قېرىنداشلار بىلەن تاماق يېيىشتىن خۇشاللىق ھېس قىلىش، ئۇلاردىن ئۆزىنى قاچۇرماسلىق. (17) تاماق يەپ بولغاندا چېچىلىپ كەتكەنلەرنى تېرىۋېتىش كېرەك، بۇ نېمەتكە شۈكۈر قىلغانلىقنىڭ بىر ئىپادىسى بولىدۇ.

يۇقىرىقى قائىدە ـ يوسۇنلارغا ياخشى تەربىيە كۆرگەن ئادەملەر ناھايىتى دىققەت قىلىدۇ، تەربىيە كۆرمىگەن ئادەملەر بۇ قائىدىلەرنى بىلمەي ئۆزىنىڭ ئابرۇيىنى تۆكىدۇ، كىشىلەرنىڭ نەزىرىدىن چۈشۈپ كېتىدۇ.

مېھمانغا چاقىرىش ۋە ئۇلارنى كۈتۈشتە ئەمەل قىلىدىغان يەنە مۇنداق بىرقانچە ئەدەپ ـ قائىدىلەرگە رىئايە قىلىش ۋە ئادەتلىنىش كېرەك:

(1) مېھمانغا پاسىقلارنى، بۇزۇقلارنى چاقىرماسلىق، ياخشىلارنى، تەقۋادارلارنى چاقىرىش كېرەك. پاسىق، بۇزۇق، ئەدەپسىز ئادەملەر سورۇننىڭ كەيپىنى ئۇچۇرىدۇ. قىلغان ئىش ئىشتەك بولمايدۇ. مېھمانلار كۆڭۈل ئىزدەپ، كۆڭۈل ئازادىلىكىنى تىلەپ كېلىپ، كۆڭلى رەنجىپ قايتىدۇ.

www.uyghurkitap.com

(2) كەمبەغەللەرنى قويۇپ بايلارنى، ئەمەلدارلارنى چاقىرغان مېھماندارچىلىق ئەڭ يامان مېھماندارچىلىقتۇر. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن: «بايلار چاقىرىلىپ، كەمبەغەللەر چاقىرىلمىغان توي ئەڭ يامان تويدۇر»[1].

يۇقىرىقى قائىدە توغرىسىدا ئازراق توختىلىشقا توغرا كېلىۋاتىدۇ. ئىسلام دىنىدا مېھمان قىلىش خەير ـ ئېھسانىنىڭ بىر ئىپادىسى. شۇ مېھماندارچىلىقتا ساڭا قېرىنداش بولغان، ساڭا دوستلۇق كۆرسەتكەن، سېنى ھۆرمەتلىگەن ھەرقانداق ئادەمنىڭ ھەققى بار. بايلارنى، باشلىقلارنى چاقىرىپ، كەمبەغەللەرنى چاقىرماسلىق، بۇ مېھماندارچىلىق ئەمەس، بەلكى خۇشامەت ۋە قۇلچىلىق بولىدۇ. تەمەخورلۇق ئاساسىغا قۇرۇلغان مېھماندارچىلىق ھارامدۇر. بەزى كىشىلەر ئۆزىگە سېلىنغان داستىخانىنىڭ مەقسەتلىك سېلىنغانلىقىنى، ئۇنىڭ تېگىگە خۇشامەت، تەمە يوشۇرۇنغانلىقىنى بىلىپ تۇرۇپ يەيدۇ. بۇنداق تاماقمۇ ھالال بولمايدۇ.

(3) مېھمان كۈتكۈچى مېھمانلارغا ئوخشاش مۇئامىلىدە بولۇشى كېرەك، بىرىگە ئاجايىپ ئىلتىپات كۆرسىتىپ، كۈچۈكلىنىپ، يەنە بىرىگە ئېتىبار بەرمىسە ياكى ئۇنى مەنسىتمىسە بۇمۇ دۇرۇس مېھماندارچىلىق بولمايدۇ. مېھمانلارنىڭ ھەممىسىگە ئوخشاش نەزەر بىلەن قاراش، ئۇلارغا ئوخشاش غىزا تارتىش، ئەمەلدارلارغا ياكى مۆتىۋەر ئادەمگە چوڭ لوقما، ئاياغدا، پەگادا ئولتۇرغانلارغا كىچىكرەك لوقما تارتىلسا، ئۇنداق مېھماندارچىلىق نۆلگە تەڭ. جەمئىيىتىمىزدە بۇنداق پەرقلەندۈرۈش ئومۇمىيلىققا ئايلىنىپ كەتتى. كىشىلەرمۇ شۇنىڭغا كۆنۈپ كەتتى. مېھمانلارغا ئوخشاش مۇئامىلىدە بولۇش غەيرىي تۇيۇلىدىغان بولۇپ كەتتى. بىر قېتىم بىزنىڭ بىر يېقىن تۇغقانىنىڭ ئۆيىگە مېھمان چاقىرىلدى. ئۇلارغا گۆش تارتىلىدىغان چاغدا تۆر تەرەپكە تارتىلىدىغان گۆش قوش

① بىرلىككە كەلگەن ھەدىس.

مۇشتۇمدەك راسلاندى، ئاياغ تەرەپتە ئولتۇرغان مېھمانلارغا تارتىلى-
دىغان گۆش مۇشتۇمدەك راسلاندى. بۇ قائىدىگە ئۇيغۇن ئەمەس
ئىدى. مەن ئىككى لېگەندىكى گۆشنى ئەكىرىپ ئوتتۇرىغىلا قويۇپ
قويۇپ، مېھمانلارنى گۆشكە تەكلىپ قىلىپ يېنىپ چىقتىم. قاي-
تىپ چىققاندا يەنە بىر تاغام لېگەن قېنى دەپ سورىدى. مەن
ئوتتۇرىغا قويۇپ قويدۇم دېسەم، «بۇ قانداق ئىشىڭلار، مۇشۇنداق
ئادەمگىمۇ داستىخان سالدۇرامدۇ» دەپ كايىپ كەتتى. مەن باشقا
گەپ قىلماي: سىز مېھماندارچىلىقنى ھارامغا تارتقان ئىدىڭىز، مەن
ھالاللاشتۇردۇم دېدىم. يەنە بەزى مېھماندارچىلىقلاردا، مەلۇم بىر
ئىناۋەتلىك ئادەمنى ھەدېگەندە ئايرىم تائامغا تەكلىپ قىلىپ، باش-
قىلارغا ئېتىبار قىلمايدىغان، ھەتتا ھەددىدىن ئېشىپ ئۇ ئاتالمىش
ئىناۋەتلىك، ھۆرمەتلىك كىشىگە ئايرىم لوقما ئېلىپ كېلىپ بېرى-
دىغان يامان ئادەتلەر بار. بۇمۇ گەدەپكە يات ئىشلاردىندۇر. شۇڭا
مېھمانلارنىڭ ھەممىسىنى ئېلىشسىلا، بېقىشسىلا دەپ ئورتاق تاماق-
قا تەكلىپ قىلىش لازىم.
(4) مېھماندارچىلىق ئارقىلىق ئۆزىنى كۆرسىتىشنى، ماختى-
نىشنى مەقسەت قىلماسلىق كېرەك. مانا مۇشۇنداق يامان
نىيەت ئىسراپچىلىق، ھەشەمەتچىلىك، بۇزۇپ – چېچىشنىڭ ئانى-
سى.
(5) چاقىرغان جايغا بېرىش، چاقىرمىغان جايغا بارماسلىق.
چاقىرغان جايغا ۋاقتىدا بېرىش مېھمانلارنى، ساھىبخاننى ئارتۇق
كۈتكۈزمەسلىك كېرەك. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: «تەكلىپ قى-
لىنغان كىشى بارسۇن»[1] دېگەن. بايلار چاقىرسا دوپپىسىنىڭ چۇ-
شۇپ قېلىشىغا قارىماي يۈگۈرۈش، نامرات چاقىرسا بارماسلىق تو-
لىمۇ ھەددىدىن ئاشقان ئەخلاقسىزلىقتۇر. بولسا ئاۋۋال كەمبەغەل-
لەرنىڭكىگە بېرىپ، ئۇلارنى خۇرسەن قىلىش تولىمۇ ياخشى مەقبۇل

[1] بىرلىككە كەلگەن ھەدىس.

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

ئىشلاردىندۇر.

يۈسۈپ خاس ھاجىپ مېھمانغا چاقىرىدىغان ۋە مېھمانغا بارىدىغان ئادەملەرنىڭ پەزىلىتىنى سىزىپ چىققاندىن كېيىن، مېھمانغا چاقىرىلغاندا تۆت تۈرلۈك ئادەمنىڭ بارلىقىنى ئېيتىدۇ. ئۇلاردىن بىرى ئاجىز - تۇل ئاياللار بولۇپ، بۇلار مېھمانغا چاقىرىلسا بارمايدۇ. ئىككىنچى خىل چاقىرغان يەرگە بېرىپ مېھمان بولىدۇ ھەم ئۆزىمۇ جاۋابەن مېھمان چاقىرىدۇ. ئۈچىنچى خىلى، چاقىرغان يەرگىمۇ بارمايدۇ، ئۆزىمۇ ئۆيىگە مېھمان تەكلىپ قىلمايدۇ. بۇنداق ئادەمنى تىرىك ھېسابلىما ھەم ئۇنداق ئادەمگە قوشۇلۇپ تىرىكچىلىك قىلما. تۆتىنچى خىل كىشىلەر شۇكى، تەكلىپ قىلىنغان يەرگە بېرىشنى خالىمايدۇ، ئۆزى بولسا مېھمانلارنى چاقىرىپ، مال سويۇپ ئويدان كۈتىدۇ. يۇقىرىقىلاردىن ئەڭ ئېسىلى مانا شۇ. بۇنداق ئادەت ھەتتا دانالارنىڭمۇ ماختىشىغا سازاۋەردۇر. شۇڭا زۇرۇر يەرگە بارغىن، گال ئۈچۈن زۆرۈرىيەتسىز جايغا بېرىپ ئۆزۈڭنى خار قىلما.»

يۇقىرىقى بايانلاردا يۈسۈپ خاس ھاجىپ گەرچە مېھمانغا بارمايدىغان، ئۆزى مېھمان چاقىرىدىغان ئادەمنى ماختىغان بولسىمۇ، لېكىن بۇنىڭمۇ ئىككى تەرىپى بار: بىرى، ئەگەر ئۇ ئادەم شۇ سورۇنغا بېرىپ ئورتاقلىشىشقا بولمايدىغان پاسىق ئادەملەر بولسا بارماي دەپ ياكى ۋاقىتنى بىكاردىن ئىسراپ قىلماي دېگەن نىيەتتە بولۇپ بارمىسا يوللۇق. يەنە بىرى، ئەگەر ھېچقانداق سەۋەبسىزلا ياكى بولمىسا چاقىرغۇچىنى ياراتمىغانلىق سەۋەبلىك بارمىسا يوللۇق بولمايدۇ. چاقىرغۇچىنىڭ دىلىنى رەنجىتىپ قويىدۇ. ئارىدىكى مېھىر - مۇھەببەتكە تەسىر يېتىدۇ.

يۇقىرىقى ئەدەپ - قائىدىلەردىن باشقا، يەنە سەپەردىكى ئەدەپ - قائىدىلەر، ئۆلۈم - يېتىملەردىكى ئەدەپ - قائىدىلەر، كېسەل يوقلاشتىكى ئەدەپ - قائىدىلەر، كېيىنىشتىكى ئەدەپ - قائىدىلەر، تازىلىق قىلىشنىڭ ئەدەپ - قائىدىسى، ئۇخلاشنىڭ

ئەدەپ قائىدىسى قاتارلىق يوسۇنلار توغرىسىدا «ئوغلۇم، ئالدىڭغا قارا» دېگەن كىتابىم بىلەن «ئۇيغۇرلاردا پەرزەنت تەربىيىسى» دې-گەن كىتابىمدا تەپسىلىي توختالغاچقا بۇ يەردە قەلەم تەۋرەتمىدىم.

ئومۇمەن ئالغاندا، ئاتا - ئانىلارنىڭ ئۆزىدە ياخشى ئەدەپ - ئەخلاق، قائىدە - يوسۇنلارنى يېتىلدۈرۈشى پەرزەنتلەرنىڭ قائىدە - يوسۇنلۇق، ئەدەپ - ئەخلاقلىق بولۇشىغا بىۋاستە تەسىر كۆرسىتىدۇ. پەرزەنتلەرنىڭ ئەجدادلىرىمىزنىڭ ئېسىل، قىممەتلىك ئەنئەنىلىرىدىن سىرتتا قېلىشىغا يول قويماسلىقىمىز لازىم. مىللەت-نىڭ مەۋجۇت بولۇشى، پەرزەنتلەرنىڭ ئۇنىۋېرسال ساپاسى ئەدەپ - ئەخلاق، قائىدە - يوسۇنسىز ھەرگىزمۇ بىر پۈتۈنلۈككە ئىگە بولمايدۇ؛ بىزگە قائىدە - يوسۇنسىز، پەزىلەتسىز ئەقىللىق باللار كېرەك ئەمەس، پەزىلەتسىز، قائىدە - يوسۇنسىز باللارنىڭ ئەقىللىق بالا بولۇشىمۇ مۇمكىن ئەمەس.

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى www.uyghurkitap.com

# ئون بىرىنچى باب

## پەزىلەت تەربىيىسى

ئۇيغۇرلار پەزىلەتلىك مىللەت. مانا شۇ پەزىلىتى بىلەن قەدىمكى زامانلاردىن تارتىپ باشقا قوۋملەر تەرىپىدىن قەدىرلىنىپ ۋە ئۇلۇغلىنىپ كەلگەن. ئۇيغۇر خەلقى ئەخلاق ـ پەزىلەت جەھەتتە ئۆزلىرىنى ھەرقانداق بىر قوۋمدىن شەرەپلىك، پەخىرلىك ئورۇنغا قويالىغان. مەھمۇد قەشقەرى بىزگە قالدۇرۇپ كەتكەن مۇنۇ ئۇچۇر، ئۇيغۇر خەلقىنىڭ تارىختا ئۇلۇغلۇق تاجىنى كىيىشى ئۇلارنىڭ پەزىلەت جەھەتتە ئۈستۈن ئورۇندا تۇرغانلىقىدىن ئىكەنلىكىنى چاك كىرمەيدىغان دەرىجىدە ئەكس ئەتتۈرۈپ بەرگەن:

«بىز 〈تۈرك〉 دېگەن ئىسمنى ئۇلۇغ تەڭرى ئۆزى قويغان دېدۇق. چۈنكى قەشقەرلىك خەلەف ئوغلى تەقۋادار ئىمام ئۇستاز ھۈسەيىنىنىڭ ‹ئىبنۇلفەرقى› دەپ تونۇلغان ئادەمدىن ئاڭلاپ ماڭا ئېيتىپ بېرىشىچە ‹ئىبنۇ ئەبى ئەدۇنيا› دېگەن نام بىلەن تونۇلغان ئەل شەيخ ئەبۇبەكرى مۇفىد دېگەن جەلجەرالىق ئۇستاز ئاخىر زامان توغرىسىدا يازغان بىر كىتابىدا پەيغەمبىرىمىزدىن نەقىل كەلتۈرۈپ، مۇنداق بىر ھەدىسنى رىۋايەت قىلغان: ئۇلۇغ تەڭرى ئېيتىدۇ، مېنىڭ بىر تائىپە قوشۇنۇم بار، ئۇلارنى تۈرك دەپ ئاتىدىم. ئۇلارنى كۈن چىقىشقا ئورۇنلاشتۇردۇم. بىرەر قوۋمگە غەزەپلەنسەم تۈركلەرنى ئۇلارنىڭ ئۈستىگە ئەۋەتىمەن.»[1]

---

[1] «تۈركىي تىللار دىۋانى» 1 ـ توم، 456 ـ بەت.

بۇ ھال ئۇلارنىڭ باشقا خەلقلەرگە نىسبەتەن پەزىلەتلىك ئىكەنلىكىنى كۆرسىتىدۇ. چۈنكى ئۇلارغا تەڭرى ئۆزى ئات قويغان، ئۇلارنى يەر يۈزىنىڭ ئەڭ ئېگىز، ئەڭ ھاۋالىق جايلىرىغا ئورۇنلاشتۇرغان ۋە «ئۆز قوشۇنۇم» دېگەن. ئۇنىڭ ئۈستىگە تۈركلەر كۆركەم، يېقىملىق، ئوچۇق چىراي، ئەدەپلىك، قېرىلارنى ھۆرمەتلەيدىغان، ۋەدىسىگە ۋاپا قىلىدىغان، ئاددىي - ساددا، كەمتەر، دادىل، مەرد ۋە شۇنىڭغا ئوخشايدىغان سان - ساناقسىز پەزىلەتلەرگە ئىگە. شۇڭا شېئىردا مۇنداق كەلگەن:

قاچان ئۇنى تۈرك دەپ تونۇسا،
خەلق ئۇنىڭغا شۇنى ئېيتىدۇ:
بۇنىڭغا ئۇلۇغلۇق تېگىدۇ،
بۇنىڭدىن باشقىسىغا ئاشمايدۇ.①

پەزىلەتلىك ۋە قائىدە - يوسۇنلۇق مىللەت ھەرگىز يېڭىلمايدۇ ھەم يوقالمايدۇ. ئۇيغۇر خەلقى يۇقىرىقىدەك بۈيۈك ئەخلاققا ئىگە بولغانلىقى ئۈچۈن، ئۆز دەۋرىدە غالىبلىق تۇغىنى نەچچە مىڭ يىل قولىدا تۇتۇپ تۇرۇش ئىقتىدارىغا ئىگە بولغان. نەچچە مىڭ يىللاردىن بېرى شۇنداق زور ۋە دەھشەتلىك تارىخىي زەربىلەرگە ئۇچرىغان بولسىمۇ، بىراق بىر پۈتۈن مىللىي بىرلىكنى ساقلاپ، مەۋجۇتلۇق ئاساسىنى پۇختىلاپ كەلگەن ئاساسىي كۈچ ھېچقاچان سىياسىي، ھەربىي ۋە ئىقتىسادىي قۇدرەت ئەمەس، بەلكى ئەخلاق - پەزىلەتنىڭ كۈچ قۇدرىتى. بۇنىڭدىن كېيىنمۇ مىللەتنىڭ مەۋجۇتلۇقىغا كاپالەتلىك قىلىدىغان ئەڭ مۇستەھكەم مەركىزى تۈۋرۈك يەنىلا ئەخلاق - پەزىلەت تۈۋرۈكىدۇر. ئەگەر مىللەت ئۆزىنىڭ مەۋجۇتلۇق ئاساسىنى مۇستەھكەم تۇتۇپ تۇرۇۋاتقان بۇ مەركىزى تۈۋرۈكنى

① «تۈركىي تىللار دىۋانى» شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، 1980 - يىللى نەشرى، 1 - توم، 457 - بەت.

كومپەيكوم قىلىۋېتىدىكەن، ئۆزلىرىنىڭ مەۋجۇتلۇق ئاساسىنى يو-
قاتقان بولىدۇ. تارىختا ئىقتىسادىي جەھەتتىكى نامراتلىقمۇ مىللەت-
نىڭ بىر پۈتۈنلۈك قورغىنىنى گۇمران قىلىۋېتەلىگەن ئەمەس.
بىلىمسىزلىك، نادانلىقمۇ ئانچە قورقۇنچلۇق ئەمەس. ئۇيغۇر خەلقى
13 - ئەسىردىن تارتىپ 20 - ئەسىرگىچە ئىقتىسادىي جەھەتتە روناق
تېپىپ باقمىدى، ئىلىم - مەرىپەت جەھەتتە مۇتىززىم، سىستېمى-
لىق تەربىيىلىنىش پۇرسىتىگىمۇ ئېرىشەلمىدى. شۇنداق ئەھۋالدا
تۇرۇپ، مىللەت قايسى كۈچكە تايىنىپ شۇنچە زور بالايىئاپەتلەر،
سىياسىي كۈرەشلەر، دىنىي توقۇنۇشلار داۋامىدىمۇ مەۋجۇتلۇقىنى
يوقاتمىدى، نېمە ئۈچۈن مىللىي ئالاھىدىلىكنى ۋە مىللىي روھنى
ساقلاپ كېلەلىدى؟ بۇنىڭدا رول ئوينىغان ئاساسىي يادرولۇق سە-
ۋەب ئۇيغۇر خەلقى ئەخلاق - پەزىلەت تەربىيىسىگە ھەرگىزمۇ سەل
قارىمىغان، ئۇلار ھەرقانداق مۇھىت ۋە ھەرقانداق شارائىتتا پەرزەنت-
لىرىگە ئەنئەنىۋى پەزىلەت تەربىيىسى بېرىشنى ئۇنتۇپ قالمىغان.
بۇ سەپتە يۇقىرى تەبىقىدىن تارتىپ تۆۋەن تەبىقىگىچە بولغان جەم-
ئىيەتنىڭ ھەممە تەبىقىسى پەزىلەت تەربىيىسى ئىشىدا مەسئۇلىيەت-
تىن ھەرگىزمۇ قاچمىغان. شۇڭىمۇ ئۇيغۇر كلاسسىك ئەدەبىياتى-
دىمۇ ئاساسىي سالماقنى ئىگىلەيدىغان تېما ئەخلاق تېمىسى بولدى.
خاس ئەخلاق تېمىسىدىكى ئەسەرلەرمۇ ھەرقايسى دەۋرلەردە ئۈزلۈكسىز
يېزىلىپ تۇردى. يۈكنەكىنىڭ «ئەتەبەتۇل ھەقايىق» ناۋائىنىڭ
«ھەيراتۇل ئەبرار»، «مەھبۇبۇل قۇلۇپ»، خاراباتىنىڭ «مەسنەۋى
خاراباتى»، مۇھەممەد سىدىق رەشىدىنىڭ «سىدىقنامە»، مۇھەممەد
سادىق قەشقىرىنىڭ «رىسالەئى كاسىپدار»، ئامانىساخان يازغان
«ئەخلاقى جەمىلە» قاتارلىق ئەسەرلەر مەخسۇس پەرزەنتلەرنى پەزى-
لەت جەھەتتە تەربىيىلەش ئۈچۈن يېزىلغان ئەسەرلەر ئىدى.

«قۇتادغۇبىلىك» ئۇ مەلۇم نۇقتىدا ئەخلاق - پەزىلەت كىتابى.
يۈسۈپ خاس ھاجىپ پادىشاھدىن تارتىپ ئاددىي پۇقراغىچە ھەممە
تەبىقىگە ناھايىتى قاتتىق ئەخلاقىي تەلەپلەرنى قويغانلىقى، مىللىي

ئەخلاقىنىڭ بارلىق ساھەلىرى بويىچە قەلەم تەۋرەتكەنلىكىنى كۆرىمىز. جۈملىدىن «قۇتادغۇبىلىك» نىڭ خاس ئائىلە تەربىيىسىگە ئاتالغان سەھىپىلىرىدىمۇ پەزىلەت تەربىيىسىنىڭ مۇھىم سالماقنى ئىگىلىگەنلىكىنى ھېس قىلالايمىز.

### 1. نەسىھەت ئائىلە تەربىيىسىنىڭ مۇھىم ئۈلگىلىرىدىن بىرى

نەسىھەت تەربىيىسى قەدىمدىن تارتىپ ھازىرغىچە ئائىلە تەربىيىسىدە بولسۇن، مەكتەپ تەربىيىسىدە بولسۇن، ئاۋام مائارىپىدا بولسۇن ئەڭ ئومۇملاشقان تەلىم ـ تەربىيە ئۇسۇللىرىنىڭ بىرى بولۇپ كەلدى. گەرچە ھەممە دەۋردە ۋە ھەممە مىللەتتە نەسىھەت تەربىيىسى بولسىمۇ، لېكىن ئۇنىڭ مەزمۇنى ۋە سۈپىتىدە خېلى زور پەرق بولىدۇ. ھەربىر ئائىلىگە نىسبەتەنمۇ ئوقۇمۇشلۇق، بىلىملىك، تەربىيە كۆرگەن ئاتا ـ ئانىلارنىڭ پەرزەنتلىرىگە بەرگەن نەسىھىتىنىڭ مەزمۇنى ۋە سۈپىتى بىلەن ساپاسى تۆۋەن، پەزىلەتسىز ئائىلە باشلىقلىرىنىڭ بالىلىرىغا بەرگەن نەسىھەتنىڭ مەزمۇن خاراكتېرى ئوتتۇرىسىدا روشەن پەرق بولىدۇ.

ئۇيغۇر خەلقى قەدىمدىن تارتىپ پەرزەنتلەرگە ناھايىتى ساغلام، ئىلغار مەزمۇندا نەسىھەت تەربىيىسى بېرىشنى ھەرقاچان ئۈزۈلدۈرمەي داۋاملاشتۇرۇپ كەلگەن. شۇڭا ھەتتا نەسىھەت تەربىيىسىنىڭ ناھايىتى مۇكەممەل، سىستېمىلىق مەزمۇنىمۇ ئۆلچەملەشكەن، قېلىپلاشقان ۋە ئەنئەنىگە ئايلانغان. «قۇتادغۇبىلىك» ئۇيغۇرلارنىڭ ئائىلە مائارىپىدا نەسىھەت تەربىيىسىنىڭ ئەڭ ياخشى، ئىلغار، باي مەزمۇنى بىلەن تەمىنلەپ بەرگەن قەدىمكى ئۈلگىلەرنىڭ ئەڭ كاتتىسى. يۈسۈپ خاس ھاجىپنىڭ نەسىھەت تەربىيىسىدە ئاساس بولغان ئىدىيىۋى مەنبە ئىككى، بىرى ئەنئەنە، يەنە بىرى، دىنىي ئېتىقاد. ئىسلام دىنى ئەقىدىسىدە پەرزەنت تەربىيىسىگە نىسبەتەن ئىنتايىن يۇقىرى ئۆلچەم ۋە تەلەپ قويىدۇ. بۇ خۇسۇستا قۇرئاندا لوقمان ھېكىمنىڭ پەرزەنتىگە قىلغان نەسىھىتىنى ئۆرنەك قىلىش ئارقىلىق

ئىنسانلارغا پەرزەنتلەرگە بېرىدىغان نەسىھەتنىڭ يۈنىلىشىنى كۆرسە-تىپ بېرىدۇ: «ئى ئوغۇلچىقىم! نامازنى (ۋاقتىدا تەئدىل ئەركان بىلەن) ئوقۇغان، (كىشىلەرنى) ياخشىلىققا بۇيرۇغان، يامانلىق-تىن توسۇغىن، ساڭا يەتكەن كۆلپەتلەرگە سەۋر قىلغىن (چۈنكى ھەقىقەتكە دەۋەت قىلغۇچى ئەرزىيەتلەرگە ئۇچرايدۇ.) بۇ ھەقىقەتەن قىلىنىشقا ئىرادە تىكلەشكە تېگىشلىك ئىشلاردىندۇر. كىشىلەردىن مەنسىتمەسلىك بىلەن يۈز ئۆرۈمىگىن، زېمىندا غادىيىپ ماڭمى-غىن، ئاللا ھەقىقەتەن ھاكاۋۇر، ئۆزىنى چوڭ تۇتقۇچىلارنى دوست تۇتمايدۇ.» (لوقمان سۈرىسى 16 ـ 18 ـ ئايەت) يۇقىرىقى نەسى-ھەت پەرزەنتلەرگە بېرىدىغان پەزىلەت تەربىيىسىنىڭ ئەڭ جەۋھىرى بولۇپ، بارلىق نەسىھەت تەربىيىسىنىڭ مەزمۇنىنى يۇقىرىقى نەسى-ھەتنىڭ مەزمۇنىغا جەم قىلغان.

قاراخانىيلاردا ئۇيغۇرلار ئىسلام دىنىدا بولغانلىقى ئۈچۈن، يۇقىرىقى دەۋەت پۈتۈن ئائىلىلەرگىچە يەتكەن. ئاتا ـ ئانىلار يۇقىرى-قى دەۋەتكە ئاساسەن بالىلىرىنى ياخشى ئادەم بولۇشقا، يامانلىقتىن قېچىشقا، ياخشىلىق قىلىشقا، يارامىلىق ئادەم بولۇش، يارامسىز-لىقنى ئۆزىدىن كەتكۈزۈشكە دەۋەت قىلىپ، نەسىھەت قىلىپ تۇرات-تى. بىز بۇنىڭ ئەڭ يارقىن ئۈلگىلىرىنى «قۇتادغۇبىلىك» تىكى نەسىھەت تەربىيىسىدىن ئوچۇق كۆرەلەيمىز. ئەسەردە ئەڭ پەزىلەت-لىك، ئىقتىدارلىق، پەرزەنت تەربىيىسىدە مول تەجرىبىگە ئىگە پېداگوگ ئايتولدىنى ئوتتۇرىغا چىقىرىپ، ئۇ ئارقىلىق پەزىلەت تەربىيىسىنىڭ خاسىيىتى ۋە ئۈلگىسىدىن ۋاقىپلاندۇرىدۇ. ئايتول-دى ئەتراپلىق تەربىيە كۆرگەن، ئىنتايىن پەزىلەتلىك، ئىقتىدارلىق دادا. ئۇ شۇنداق پەزىلىتى بىلەن كۈندىن ـ كۈنگە يۇقىرى ئۆرلەپ، دۆلەتنىڭ مۇھىم ئەربابى بولۇپ قالىدۇ. ئۇنىڭ پەزىلىتى مۇنداق تەرىپلىنىدۇ: «ناھايىتى يىراق بىر ئاۋۇلدا ئايتولدى ئاتلىق ھەر جەھەتتىن توشقان بىر كىشى ياشايتتى، ئۇ ئوغلان شۇنچىلىك قامەتلىك، كېلىشكەن يىگىت ئىدىكى، ئەقىل ـ ئىدراكتا،

ئىلىم ـ بىلىمدە جاھاننىڭ يەكتاسى، ئەدەپ ـ ئەخلاقتا زاماننىڭ يېگانىسى ئىدى. سۆزلىسە تىلىدىن ھەقىقەت تاماتتى، چىرايلىق ھۆسنىگە قارىسا كۆز قامىشاتتى. ئۇ پۈتۈن پەزىلەتنى ئۆز ۋۇجۇدىغا يىغىپ ئەدەپ ـ ئەخلاقنىڭ ساھىبىغا ئايلانغان ئىدى» (462 ـ 465) . ئۇ شۇنداق قابىلىيىتى بىلەن كۈنتۇغدى ئېلىگنىڭ ئەڭ يېقىن مەسلىھەتچىسى بولۇپ قالىدۇ. ئۇ پۈتۈن پەزىلەتلىرىنى ھەم ئوغلىغا ئۆگىتىدۇ.

ئايتولدىنىڭ ئۆگدۈلمىش دېگەن بىر ئوغلى بولۇپ، ئايتولدى ئۇ ئوغلىغا ناھايىتى قاتتىق تەلەپ قويۇپ تەربىيىلەيدۇ. ئۇنىڭ ئوغلى ئۆگدۈلمىشكە قىلغان نەسىھەتى ۋە ۋەسىيەتلىرى ئىنتايىن ئەتراپلىق بولۇپ، كىشىلىك ھاياتتا دۇچ كېلىدىغان، دىققەت قىلىشقا ئەرزىيدىغان، ئەمەل قىلىش پەرز ھەم قەرز بولغان نۇرغۇن تەرەپلەرنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. بۇ ئارقىلىق نەسىھەت تەربىيىسىنىڭ ئەڭ ياخشى ئۈلگىسىنى كۆرسىتىدۇ. بۇ نەسىھەتلەر ئۈلگىسىنى ھەربىر ئائىلە باشلىقلىرى ئۆزلىرىگە دەستۇر قىلىپ، پەرزەنتلىرىنى شۇ يۈنىلىش بىلەن تەربىيىلىگەندە چوقۇم ياخشى نەتىجىگە ئېرىشەلەيدۇ.

## 2. ئەقىدە تەربىيىسى پەزىلەت تەربىيىسىنىڭ يادروسى

قەدىمدىن تارتىپ ئىنسانلار مەلۇم بىر ئەقىدىگە باغلىنىپ ياشاپ كېلىشتى. ئۇ ئەقىدىنىڭ قانداق بولۇشىدىن قەتئىينەزەر ئەقىدىسىز مىللەت، ئەقىدىسىز ئادەم بولمايدۇ. ئەقىدىسىز ئادەمنى ئادەم ھېسابلانمايدۇ. ئەقىدە ـ ئېتىقادسىز ئادەم يىپى ئۈزۈلگەن لەگلەكتەك، بوراندا قالغان قاغىدەك نە نىشانى ۋە نە قارارى بولمايدۇ. بىرەر ئەقىدىگە باغلانمىغان ھاياتنىڭمۇ مەنىسى ۋە مەززىسى بولمايدۇ.

11 ـ ئەسىردىكى ئۇيغۇرلارنىڭ ئائىلە مائارىپىدا بولسۇن، مەكتەپ ـ مەدرىس مائارىپىدا بولسۇن تەلىم ـ تەربىيىنىڭ مەركىزىدە

«تەۋھىد» مۇھىم ئورۇننى ئىگىلەيتتى. شۇڭا پەرزەنت تەربىيىسىگە قويغان مۇھىم تەلەپلەرنىڭ بىرىمۇ پەرزەنتلەرنىڭ قەلبىگە پاك ئەقىدە - ئېتىقاد شامىنى يورۇتۇپ، قەلب ئىشىكىنى خۇدا ئۈچۈن ئېچىش ئىدى. «قۇتادغۇبىلىك» نىڭ بېشىمۇ ۋە ئاخىرلىشىشىمۇ خۇدانىڭ نامى بىلەن باشلىنىپ، خۇدانىڭ نامىدا ئاخىرلىشىدۇ. ئەسەرنىمۇ ئاللانىڭ رازىلىقى ئۈچۈن يازغانلىقىنى بايان قىلىدۇ. ئايتولدى ئوغلى ئۆگدۈلمىشكە قىلغان نەسىھەتنىڭ ئىشكىنى «تەۋھىد» بىلەن ئاچىدۇ: بالام پاكلىق بىلەن ياشاپ دۇنيانىڭ ئىشىنى قىل، ئۇ دۇنيا ئۈچۈن ئاساس سال، ياخشىلىق ۋە يامانلىق ئاللانىڭ ھۆكۈمى. سەن دىلىڭنى تۈز تۇتۇپ ئاللاغا ئىشەن. ئۇنىڭ قۇللۇقىنى بەجانىدىل ئادا قىل. ھەرقانداق تىلەك-ئارزۇلىرىڭ بولسا خۇدادىن تىلە، ساڭا خۇدادىن باشقا مەدەتكار يوق. ئۇنىڭ قانداق يارلىقى بولسا قەدىرلەپ ئىشقا ئاشۇرغىن، ئۇمۇ سېنى قىيامەت كۈنى قەدىرلەيدۇ.» (1278 - 1280)

ئەقىدە - ئېتىقاد بۈيۈك كۈچ، ئۇ كىشىلەرگە ھالاللىق، پاكلىق، ساداقەت، ۋاپادارلىق ئاتا قىلىدۇ، جاسارەت ۋە قەيسەرلىك بېرىدۇ. ئەقىدە - ئېتىقاد بولمىغان ئادەمدە پەزىلەت بولمايدۇ، ھايامۇ، نومۇسمۇ، ۋىجدانمۇ بولمايدۇ. يۈسۈپ خاس ھاجىپ ئەقىدە - ئېتىقادسىز ئادەمنى ھايۋان دەپ ئاتىغان. ئەقىدىلىك ئادەم ئۆزى ئۈچۈن ئەمەس ھەققانىيەت ئۈچۈن، ئىنسانىيەتنىڭ بەخت - سائادىتى ئۈچۈن، ئاللانىڭ رازىلىقى ئۈچۈن ياشايدۇ. ئەقىدىسىز ئادەم خۇددى ھايۋاندەكلا يەپ - ئىچىش ئۈچۈنلا ياشايدۇ. ئۇ شۇ نەپسى ئۈچۈن ھەرقانداق رەزىل - قەبىھ ئىشلارنى قىلىشتىن باش تارتمايدۇ. ئۇلارنىڭ غېمىمۇ ئۆزى، دەرد - ھەسرىتىمۇ گېلى، خۇددى «جاھاننى سەل باسسا تەرەپتە - تەرەپتە، ئېشەكنىڭ غېمى بولۇرمىش ھەلەپتە» دېگەندەك. ئۇنىڭ رەزىل نەپسى كاپالەتكە ئىگە بولسىلا پۈتۈن ئىنسانىيەتنىڭ ھالاكىتى بىلەن پەرۋايى پەلەك. ئۇ گال ئۈچۈن باشقىلارغا سالام قىلىدۇ، گال ئۈچۈن ئېگىلىپ،

پۈكۈلىدۇ، گال ئۇچۇن ھەم قان تۆكىدۇ. ئۇنداق بالا پۇتۇنلەي مەغلۇپ بولغان، ھالاك بولغان بالىدۇركى، ئاتا - ئانا ئۇنىڭ ھالاكىتىنىڭ بىۋاسىتە سەۋەبچىسىدۇر.

پاك، ساغلام ئەقىدىنىڭ ئۇيۇشتۇرۇش كۈچى كۈچلۈك بولىدۇ، ئەقىدىسىز ئادەملەردە ھەرگىزمۇ بىرلىك بولمايدۇ، ئۇيۇشۇش كۈچى ئاجىز بولىدۇ. ئۇلار ھەرقاچان پىتنە - پاسات ئۇرۇقىنى چېچىپ، نىزا - ئاداۋەت قوزغاپ تۇرىدۇ، كۆرەلمەسلىك ئوتى لاۋۇلداپ يانغاندا تۆھمەت ياسىنى چىقىرىپ، بىگۇناھ ئادەملەرنىڭ كۆكرىكىنى قارىلايدۇ. ئەقىدىلىك ئادەمدە شەپقەت بولىدۇ، مېھرىبانلىق بولىدۇ، ئەقىدىسىز ئادەمدە شەپقەتسىزلىك ۋە ياۋۇزلۇق بولىدۇ. تەرەققىي تاپقان، پەزىلەتلىك، تىنچلىق ھۆكۈم سۈرگەن جەمئىيەتنىڭ بىر ئەۋزەللىكى شۇكى، ئۇ جەمئىيەت كىشىلىرى مەلۇم بايراق ئاستىغا مەھكەم ئۇيۇشقان بولىدۇ. جەمئىيەت ئەزالىرىنىڭ ئارىسىدىكى دۈشمەنلىشىش، ئۆچمەنلىك، نىزا - ئاداۋەت ئەقىدىسىزلىك تۇغدۇرغان شەخسىيەتچىلىك ۋە نەپسپەرەۋەرلىكتىن كېلىپ چىقىدۇ. ئەقىدىدىن مەھرۇم بولغان ئادەم ئىنسان ئۇچۇن قىممەتلىك بولغان بارلىق نەرسىلەرنى يوقىتىپ قويىدۇ. پەرزەنتلەرنىڭ كۆڭلىدىكى ئالىيجاناب تۇيغۇلىرى ۋە ئۇلۇغۋار غايىلىرى ئۆلۈپ، پەس ئارزۇ ھەۋەسلا قالىدۇ. ئۇ تۇيغۇلار شەخسنى كېرەكتىن چىقىرىپ، جەمئىيەت بىناسىنى ۋەيران قىلىدۇ. ئۇنداق بولسا ئادەمنىڭ پەزىلىتىنى تەرتىپكە سالىدىغان، قەلبىدە ئالىيجاناب تۇيغۇ ئويغىتىدىغان، ئادەم كۆرگەن - كۆرمىگەن ۋاقىتتا ئۆزىنى يامان ئىشلاردىن چەكلەپ، ياخشى ئىشلارغا دەۋەت قىلىپ تۇرىدىغان كۈچ نېمە؟ يۇسۇپ خاس ھاجىپ بۇ مەسىلىگە: ئەقىدە تەربىيىسىگە ئەھمىيەت بېرىش ۋە قانۇن - تۈزۈمنى كۈچەيتىش دەپ جاۋاب بېرىدۇ.

دەرۋەقە قانۇن يەككە ھالدىلا ئىنساننىڭ ئىش پائالىيەتلىرىنى كونترول قىلالمايدۇ. گەرچە ئۇ جەمئىيەتنىڭ ئىشلىرىنى ئىنتىزام-

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com

لاشتۇرۇش ۋە تاشقى پائالىيەتلىرىنى قېلىپلاشتۇرۇشتا ئۇنۇملۇك رول ئوينىسىمۇ، لېكىن قەلبىدىكى تۇيغۇلارنى ئىنتىزاملاشتۇرۇش ۋە ئۇنى ئالىيجانابلاشتۇرۇشقا ئاجىز كېلىدۇ. چۈنكى قانۇننىڭ كۈچى ئاشكارا زاھىر بولغان ئىشلارنى تەرتىپلەشكە، ئەدەپلەشكە ئۆتىدۇ. مەخپىي، خۇسۇسىي، قەلبىدىن چىققان ئىشلارغا چامى يەتمەيدۇ. يەنە بىر تەرەپتىن قانۇننى ئادەم باشقۇرغان بولغاچقا، ئۇنىڭ جازاسىدىن قۇتۇلۇپ قالماق ئوڭاي.

ھازىرقى يەنە بەزى مۇلاھىزىلەردە كىشىلەر ئىلىم-پەن بىلەن قوراللىنىپ مەدەنىيلەشكەنسېرى كىشىلەر پەزىلەتلىك بولۇپ كېتىدۇ، پەزىلەتسىزلىك نادانلىقتىن بولىدۇ دەپ قارىشىدۇ. ئىلىم-پەن ھەرگىزمۇ ئىنسانلارنى پەزىلەتلىك قىلىۋېتەلەيدىغان قۇدرەتكە ئىگە ئەمەس. ئەگەر شۇنداق بولىدىغان بولسا، نى-نى پەزىلەتسىز «ئۇلۇغ» ئالىملارمۇ بارغۇ. يەنە بىر تەرەپتىن قارىغاندا، ئىلىم-پەن ئىككى بىسلىق قورالغا ئوخشاش بولۇپ، ئۇنى گۈللەندۈرۈش، تەرەققىي قىلدۇرۇش ئۈچۈن ئىشلەتكىلى بولغانغا ئوخشاش، ۋەيران قىلىشقىمۇ ئىشلەتكىلى بولىدۇ.

بۇنىڭدىن قارىغاندا، ئەقىدىنىڭ ئىنسان پەزىلىتىدە ئوينايدىغان رولى ئىنتايىن يۇقىرى. ئۇ قەلبلەرگە كىرىپ قانلاردا ئاقىدۇ، ۋۇجۇت قەسرىدە ئەڭ سالاپەتلىك قوغدىغۇچى بولىدۇ. ئۇ ھەرقاچان پەزىلەتكە چاقىرىپ تۇرىدۇ، پەزىلەتكە يات بولغان ئىشلاردىن چەكلەپ تۇرىدۇ. ئۇ يەنە ئەخلاق-پەزىلەت پرىنسىپلىرىنى مۇستەھكەملەيدۇ، يۈرۈش-تۇرۇش، ئىش-پائالىيەتلەرگە نىشان كۆرسىتىپ بېرىدۇ. توغرا، ھالال ئادەم بولۇشقا ئۈندەپ تۇرىدۇ، يامان يول، يامان كويلاردا ئۆزىنى بۇلغاشتىن ئاگاھلاندۇرۇش بېرىپ تۇرىدۇ. ئەقىدە سۇسلاشسا ساداقەت سۇسلىشىدۇ، ئەقىدە چىڭىسا ساداقەت مۇستەھكەملىنىدۇ. شۇڭا بىر قىسىم مۇتەپەككۇرلار «ئەقىدە بولمىغان يەردە ئەخلاقنىڭ بولۇشى مۇمكىن ئەمەس، ئەخلاق بولمىغان يەردە قانۇننىڭ كۈچىمۇ بولمايدۇ» دېيىشتىمۇ يۇقىرىقى-

ـدەك باغلىنىشقا ئاساسلانغان. دېمەك ئەقىدە قەلبىنىڭ سودىيىسى بولۇش رولىنى ئوينايدۇ. بىر ھەدىستە كۆرسىتىلىشىچە: «قەلبىڭ-دىن پەتىۋا سورىغىن، كىشىلەر مەيلى ساڭا پەتىۋا بەرسۇن، بەرمە-سۇن» دېيىلگەن. يەنە بىر ھەدىستە رەسۇلۇللا ياخشىلىق ۋە ياما-ـلىق توغرىسىدا سوئال سورىغۇچىغا: «ياخشىلىق دېگەن ئازغۇنلار يول چىقىرىپ بەرسىمۇ كۆڭۈل توختىيالمايدىغان، دىل تىنچلانماي-دىغان نەرسىدۇر» دەپ جاۋاب بەرگەن، ئەقىدىلىك ئادەم يامانلىق قىلىشتىن قورقىدۇ، ئاشكارىمۇ، يوشۇرۇنمۇ يامانلىق قىلمايدۇ. ئەقىدىسىز ئادەم ۋاستە تاللىماي يامانلىق قىلىۋېرىدۇ. قانۇن تە-قىپ قىلسا يوشۇرۇن قىلىدۇ. قەلبتىكى كېسەللىكنى تېشىدىن داۋالــىغىلى بولمايدۇ. ئۇنى پەقەت ئەقىدە يولى بىلەن داۋالاش مۇمكىن. شۇڭا يۈسۈپ خاس ھاجىپ ئەقىدىگە ناھايىتى ئەھمىيەت بىلەن قارىغان.

**3. مال - دۇنياغا كۆپ ھېرىسمەن بولما، ياخشىلىقنىڭ بەندى-سى بول**

ئايتولدى ئوغلى ئۆگدۈلمىشكە: بۇ دۇنيا ئۇچۇن ئۆزۈڭنى ئوتقا ئورما، كىشىلەرنىڭ مېلىنى زورلۇق - زومبۇلۇق بىلەن تار-تىپ ئالما. مەن يىغىشنىلا بىلىپتىمەن، يېيىشنى بىلمەپتىمەن. پۇشايمان بىلەن كۆڭلۈم ئۆتتى. ئەمدى بۇ پۇشايماندىن ھېچقانداق پايدا تاپمىدىم. ئەمدى مال - مۈلكۈم مەن ئۇچۇن يۈك بولۇپ ساڭا قالدى. سەن ئەمدى ئۇنى مەززە قىلىپ يېگىن. مال - دۇنيانى توغرىلىق بىلەن ئىشلەتكىن، ئەگەر تۇتۇشنى بىلسەڭ، بۇ توپلانغان مېلىڭ ھەر ئىككى دۇنيادا يۈزۈڭنى يورۇق قىلىشقا يارايدۇ، ئەگەر مال - دۇنيالىرىڭنى تۇتۇشنى بىلمىسەڭ، ھەرقانچە كۆپ مال - دۇنيالىرىڭ بولسىمۇ، ئۇ توگەيدۇ، ھەر ئىككى دۇنيادا يۈزۈڭنى يەرگە قارىتىدۇ، (1284 - 1288) چىقىم قىلساڭ كىرىمىڭگە قاراپ چىقىم قىل. (825) دەيدۇ.

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

يۇقىرىقى نەسىھەت ئۇيغۇرلارنىڭ ئائىلە مائارىپىدا بولسۇن، ئاۋام مائارىپىدا بولسۇن ئىزچىل تەكىتلىنىپ كېلىۋاتقان ئەنئەنىۋى تەلىم - تەربىيىنىڭ مەزمۇنلىرىدىن بىرى. بۇ خىل تەلىم - تەربىيە ئۇيغۇر كلاسسىك ئەدەبىياتىنىڭ ھەرقايسى دەۋرلىرىدىكى سەھىپە-لەردە ئىزچىل داۋاملىشىپ كەلگەن. ئۇيغۇر خەلق ئېغىز ئەدەبىيا-تىدىمۇ يۇقىرىقى تەربىيىنىڭ ناھايىتى پىشقان ۋە ئىخچام يەكۈنلەن-گەن نەمۇنىلىرىنى كۆرىمىز:

«زامان ئۆتەر كىشى تويماس، ئادەم بالىسى مەڭگۈ قالماس» («تۈركىي تىللار دىۋانى» 1 - توم، 62 - بەت).

يۇقىرىقى ماقالدا ئىنسان تەبىئىتىدىكى نازۇك بىر ئاجىزلىق ئەكس ئېتىدۇ. يەنى زامان ئۆتۈۋېرىدۇ، لېكىن ئۇ ئادەم بالىسىنىڭ كۆزىنى ھەرگىزمۇ تولدۇرالمايدۇ. بىراق ئادەم مال - دۇنيا ئۈچۈن ئۆزىنى شۇنداق ئۇرىدۇ. بىراق ئۆمۈر بويى مال - دۇنيا توپلايدۇ، ئاخىرى ئۆزى ئۆلۈپ تۈگەيدۇ. بۇ مەنىنى دىنىي ئەقىدىدىمۇ ئىنسان تەبىئىتىگە تەتبىقلاپ بايان قىلىدۇ: «بىر ئادەمنىڭ ئىككى يىلقا مېلى بولسا، ئۈچىنچى يىلقا مېلى بولۇشنى ئارزۇ قىلىدۇ، ئادەم بالىسىنىڭ كۆزىنى گۆر توپىسىدىن باشقا نەرسە تولدۇرالمايدۇ» (مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام) «زورلۇق - زومبۇلۇق ئىشىكتىن كىر-سە، ئىنساپ ۋە قائىدە - يوسۇن تۈڭلۈكتىن چىقار» («تۈركىي تىللار دىۋانى» 3 - توم 166 - بەت). بۇ ماقال ئايتولدىنىڭ ئوغلىغا دېگەن: باشقىلارنىڭ مېلىنى زورلۇق قىلىپ تارتىپ ئالما» دېگەن گېپىنىڭ ھەقىقىتىنى ئىپادىلەيدۇ. قەيەردە زورلۇق - زومبۇلۇق ھۆكۈم سۈرىدىكەن، ئۇ يەردە ئىنساپ دېگەندىن، قائىدە - يوسۇن دېگەندىن، ئىنسانىي پەزىلەتتىن ئەسەر قالمايدۇ. چۈنكى زورلۇق - زومبۇلۇق نەپسانىيەتچىلىكنىڭ ئەۋجىگە كۆتۈرۈلگەنلىكى بولۇپ، ئۇنداق ئادەم قائىدە - يوسۇننى پىسەنتىگە ئالمايدۇ، ئىن-ساپ دېگەننى بىلمەيدۇ. قائىدە - يوسۇنلۇق، ئىنساپلىق ئادەمدە زورلۇق - زومبۇلۇق بولمايدۇ. بۇنىڭدىن ئايتولدى بالىسىغا ئىن-

ساپلىق، قائىدە - يوسۇنلۇق ئادەم بولۇشقا دەۋەت قىلىنۋاتقانلىقى چىقىدۇ.

ئۇستاز ئەلشىر ناۋائى مۇنداق دەيدۇ: «مال - دۇنيا يىغىپ ئۇنى يېيىشنى بىلمىگەنلەر بىلەن نامراتلار ئوتتۇرىسىدا نېمە پەرق بار. ئۇلار ئوتتۇرىسىدا پەرق كەم دېسمۇ بولىدۇ - يۇ، ئەمما ئەقىل ئىشلەتكەندە تولىمۇ چوڭ پەرق بار» («سەددى ئىسكەندەر» دىن). «بايلار تىرىكلىكىدە ئېھسان بىلەن كىشىلەر كۆڭلىنى شاد قىلمىسا، ئۆلگەندىن كېيىن ئۇنى ھېچكىم ياد قىلمايدۇ. ئېھسان تىرىكلىكىدە ياخشى ئاتتۇر. ئۆلگەندىن كېيىن دوزاخ ئوتىدىن نىجاتلىقتۇر» («مەھبۇبۇلقۇلۇپ»).

ئەھمەد يۈكنەكى مۇنداق نەسىھەتلەرنى قىلىدۇ: «ھەي دوستۇم، ماختىساڭ مەردنى ماختىغىن، بېخىلغا يا ئوقىنى چىڭ بەتلىگىن. ھەم تىل مەردلەرگە مەدھىيە ئوقۇيدۇ. مەردلىك ھەممە ئەيىبلەرنىڭ كىرىنى يۇيۇۋېتىدۇ. ئېگىلمەس تۈگۈننى مەردلىك ئېگىدۇ، يەتكىلى بولمايدىغان مۇرادقا مەردلىك يېتىدۇ. مەردلەر مال - دۇنياسىنى بىلىم بىلەن تىكىشتى، ئۇلار مىسكىنلەرگە غەمگۇزار بولۇپ، ياخشى نام قالدۇرۇپ كەتتى. بېخىل ھارامدىن نۇرغۇن ئالتۇن - كۈمۈش توپلىدى، ئۆزىگە گۇناھ ۋە قارغىش يۈكلەپ كەتتى. ئۇنىڭ مېلىدىن ئۇنىڭغا تەگكىنى پەقەت پۇشايمان بولدى.» ئەلشىر ناۋائى يەنە بۇ خۇسۇستا: «ئىسراپچىلىق ساخاۋەت ئەمەس، بۇزۇپ چاچقاننى مەنە ئەھلى سېخىيلىق دېمەس. خۇدا بەرگەننى كۆيدۇرگەننى دىۋانە دەيدۇ، كۈندۈزدە شام ياققاننى ئەقلىدىن بىگانە دەيدۇ.» («مەھبۇبۇلقۇلۇپ»).

ئەجدادلار نېمە ئۈچۈن بىر تەرەپتىن، سېخىيلىقنى ماختايدۇ، يەنە بىر تەرەپتىن، مال - دۇنياغا بولغان ھېرىسمەنلىكنى قارىلايدۇ، نېمە ئۈچۈن ئىسراپچىلىقنى سۆكىدۇ؟ ئادەمنى ھەر كويغا سالىدىغان ئېزىتقۇ مال - دۇنيا ھېرىسمەنلىكى ۋە مال - دۇنيا قولچىلىقىدۇر. ئۇ ئادەمنى نامەردلىككە باشلايدۇ، مەردلىك نامنى

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

يۇيۇۋېتىدۇ. ئۇ، ھەم ئادەمگە قۇللۇق بويۇنتۇرۇقىنى سېلىپ، ئەل - جامائەت ئارىسىدا سازايى قىلىشقا يارايدۇ. ھەرقانداق قۇللۇق ئاسارىتىدىن قۇتۇلۇش مۇمكىن، بىراق نەپسىگە قۇل بولغان ئادەمنى قۇتۇلدۇرۇش مۇمكىن ئەمەس. تەمەدىن ھەممە ھاقارەت ۋە خارلىق كېلىدۇ، تەمە ئەسىرى بولۇشنىڭ مەنبەسى يەنىلا مال - دۇنيا ھېرىسمەنلىكى. ئومۇمەن مال - دۇنيا ھېرىسمەنلىكى ئادەمنى بارلىق پەزىلەتتىن مەھرۇم قىلىدۇ.

بۇۋىلىرىمىزنىڭ مال - دۇنياغا بېرىلمەسلىك ھەققىدىكى تەۋسىيىسى ھەرگىزمۇ مال - دۇنيانى قارىلاش ئەمەس. چۈنكى رەسۇلىللاھ: «توغرا يولغا ئىشلىتىلگەن پۇل ئەڭ ياخشى پۇلدۇر» دېگەن. رىۋايەتلەرگە قارىغاندا، ئاللا پەيغەمبەرلەرنى ياراتقاندا تولىمۇ نامرات ۋە موھتاج ئادەملەرنى پەيغەمبەرلىككە تاللىمىغان. جەمەتلىك، مال - دۇنيالىق، كۆكسى - قارنى توق، تەبىئىتى ياخشى ئادەملەرنى تاللاپ پەيغەمبەرلىك شەرىپىنى بەرگەن. چۈنكى نامراتلىق ئادەمنى يولدىن ئېزىقتۇرىدىغان، ئىرادىسىگە خىلاپلىق قىلىشقا مەجبۇر قىلىدىغان بىر سەۋەبتۇر. سەئىدى كەلتۈرگەن بىر ھەدىستە: «كەمبەغەلنىڭ يۈزى نامراتلىقتىن ساقلاشنى تىلەيتتى. مال - دۇنيادا گۇناھ يوق، ئۇ ئاللانىڭ بەندىلىرىگە بەرگەن نېمەتلىرىنىڭ بىرى. مال - دۇنيا ھەم بەخت - سائادەتنىڭ ماددىي ئاساسى. بىراق گەپ شۇ مال - دۇنيانىڭ كېلىش مەنبەسى بىلەن ئىشلىتىش يوللىرىنىڭ دۇرۇس بولۇش - بولماسلىقىدا، بەزى كىشىلەر پۇكۇنى ئادەمنىڭ مانچە مىليون پۇلى بار ئىكەن. يېتىپ يېسىمۇ، ئۆمۈر بويى يەپ - ئىچىشكە يېتىپ ئاشىدۇ ھەم بالىلىرىغا قالىدۇ. شۇنداق تۇرۇقلۇق يەنىلا شۇنداق تىرىشىپ، تەرلەپ - تەپچىرەپ پۇل تاپىدىكەن، دېيىشىدۇ. ئۇلارنىڭ شۇ تىرىشچانلىقىنىڭ ئۆزى ياخشىلىق، ھەم ساۋاب ھېسابلىنىدۇ. ئەگەر ئۇ بولدىلا، بىرى يېتىدۇ، يەنە تىرىشىپ نېمە قىلاتتىم دەپ ياستۇقنى قىرلاپ ياتسا ئۇ گۇناھ بولىدۇ. ئۇنداق ئادەمنى پاسىق ئادەم دەپ

قاراشقا بولىدۇ. ئۇ پۇلنى كۆپ تېپىپ خەيرلىك ئىشلارغا سەرپ قىلسا نېمىشقا بولمايدىكەن. ئەگەر ھامىنى يەپ بولالمايدىكەنمەن دەپ بىكار تەلەپ بولۇۋالسا، ئۇ ئەڭ خەس، پىخسىق ئادەم قاتارىغا ئــۆتىدۇ، چۈنكى ئۇ مال ـ دۇنياسىنىڭ باشقىلارغا قېلىشىدىن ئەنسىرىگەن بولىدۇ.

تۆۋەندە مال ـ دۇنيانىڭ تۇرمۇشقا، پەزىلەتكە كۆرسىتىدىغان تەسىرىنى بايان قىلىپ بەرگەن ھېكمەتلىك مۇھاكىمىنى يۇقىرىقى چۈشەنچىلەرنى ئايدىڭلاشتۇرۇشنىڭ ۋاستىسى سۈپىتىدە دىققىتىڭىز-لارغا سۇنىمەن.

سەيخ سەئىدى بىر كۈنى بايلارنى قارغاپ، نامراتلىقنى، دەر-ۋىشلىكنى تەشەببۇس قىلىدىغان بىر كىشى بىلەن ياقا يىرتقۇچىلىك مۇنازىرىلىشىپ قالىدۇ. مۇنازىرىنىڭ مەزمۇنىدا، دەرۋىش بايلارنى ھەددىدىن ئارتۇق سۆكىدۇ، بۇ چاغدا سەئىدى دەيدۇكى: دوستۇم، بايلار كەمبەغەللەر تىرىكچىلىكىنىڭ مەنبەسى، زاھىتلار كىرىمىنىڭ ئاساسى، تاۋاپچىلارنىڭ باشپاناھى، مۇساپىرلارنىڭ چۈشىدىغان ما-كانى. ئۇلار باشقىلارنىڭ راھىتى ئۈچۈن ئېغىر يۈك يۈدكۈچىلەر-دۇر. ئۇلار ئۆز خىزمەتكارى ۋە قول ئاستىدىكىلەر تاماق يېيىشكە كىرىشكەن چاغدىلا ئاندىن تاماققا قول ئۇزىتىدۇ. ئۇلارنىڭ سېخىي-لىقىدىن ئاشقان نەرسىلەر تۇل خوتۇن ھەم قېرىلارغا، يېقىنلىرى ۋە قوشنىلىرىغا يېتىدۇ. ئەگەر سېخىيلىق قۇدرەت ھېسابلىنىپ، ناماز قۇۋۋەت ھېسابلىنىدىغان بولسا، ئۇ چاغدا بايلار تېخىمۇ ياخ-شىراق باي بولاتتى. چۈنكى ئۇلارنىڭ مال ـ مۈلكى زاكات بىلەن ئېرىغدالغان، كىيىم ـ كېچەكلىرى تازا، نام ـ ئابرۇيى بىغۇبار ۋە كۆڭلى خاتىرجەم، تائەت ـ ئىبادەتنىڭ كۈچى ھالال تائامدا، ئىبا-دەتنىڭ ساغلاملىقى پاك لىباستا، قۇپقۇرۇق ئاشقازان نېمە قۇۋۋەت بــېرەر ۋە قۇرۇق قولدىن قانداق مۇرۇۋۋەت كېلىشى مۇمكىن؟ ئۇسسۇزنىڭ ئايىغى يول يۈرۈشكە يارامدۇ، قورسىقى ئاچنىڭ قول-دىن نېمە ياخشىلىق كېلىدۇ؟ شۇنداق ئىكەن بايلارنىڭ ئىبادىتى

www.uyghurkitap.com

ئاللانىڭ قوبۇل قىلىشىغا ئالدى بىلەن ئېرىشىدۇ. چۈنكى ئۇلار خاتىرجەم، كۆڭلى توق، دىلى پەرىشان، پىكرى چېچىلاڭغۇ ئەمەس. ئۇلار تۇرمۇش ۋاسىتىلىرىنى پۇختا تەييارلىۋالغانلىقتىن ئۈزلۈكسىز ئىبادەت بىلەن مەشغۇل بولالايدۇ. ئەرەب ئېيتىدۇ: خۇدا مېنى ئېغىر كەمبەغەللىكتىن ۋە خۇشۇم يوق كىشىنىڭ قوشنا بولۇشىدىن ساقلىسۇن.

سەئىدى يۇقىرىقى بىر قاتار دەلىللەرنى كەلتۈرگەندىن كېيىن، دەرۋىش مۇنازىرە زۇلپىقارىنى چىقىرىپ دەيدۇكى: ئاڭلىمىغانمىدىڭ، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: «كەمبەغەللىك مېنىڭ ئىپتىخارىم» دېگەن.

سەئىدى دەيدۇكى: توختاپتۇر، - دېدىم مەن، — پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ بۇ كۆرسەتمىسى شۇنداق بىر گۇرۇھنىڭ كەمبەغەللىككە قارىتىلغانكى، ئۇلار رىزالىق مەيدانىنىڭ مەردلىرى ۋە تەقدىرنىڭ ئوقىغا ئۆزىنى بېغىشلىغۇچىلار بولۇپ، ھەرگىز ئەۋلىيانىڭ جەندىسىنى كىيىۋېلىپ، تاپقان خەير- سەدىقىلىرىنى ساتىدىغانلاردىن ئەمەس ئىدى. ساۋاتسىز كەمبەغەل كۆڭلى ئارام تاپالمىغانلىقتىن، ئاخىرى بېرىپ كەمبەغەللىكى كۇپۇرلۇققا ئايلىنىپ كېتىدۇ. چۈنكى كەمبەغەللىك كوفىرلىققا يېقىنلا نەرسە. مەۋجۇت نېمەت بولمىغاندا يالىڭاچنى كىيىندۇرۇش ياكى بەختسىزلىككە گىرىپتار بولغاننى قۇتقۇزۇشقا تىرىشىش بىكار... «ئۈستۈن قول تۆۋەن قولغا قانداقمۇ ئوخشىسۇن. تىرىكچىلىك غېمىدە بولغانلار ئىپپەتلىك بولۇش دۆلىتىدىن مەھرۇمدۇر. پاراغەت بولسا مۇئەييەن رىزىقنىڭ ھۆكۈمرانلىقى ئاستىدىدۇر.»

سەئىدى يۇقىرىقى دەلىللىرى بىلەن نەرە تاتقاندا، دەرۋىشمۇ ئۆزىنىڭ گېپىنى يورغىلىتىپ، تىل قىلىچىنى قىنىدىن سۇغۇرۇپ، پاسات دۇلدۇلىنى ئەدەپسىزلىك مەيدانىغا قويۇپ بېرىپ مۇنداق دېدى:

سەن بايلارنىڭ ئارتۇقچىلىقىنى شۇنچە مۇبالىغە قىلىپ، قۇ-

روْق گەپ ساتتىڭ. بۇ مۇلاھىزىلىرىڭ بويىچە تەسەۋۋۇر قىلغاندا
ئۇلار گويا تىرياق[1]ياكى رىزىق خەزىنىسىنىڭ ئاچقۇچى ئىكەن.
ئەمەلىيەتتە بولسا ئۇلار بىر ئۇچۇم تەكەببۇر، مەغرۇرلاردۇر، ئۆزىگە
تەمەننا قويىدىغان ياۋۇزلاردۇر. مال نېمەتلىرىگە ئۆزىنى ئۇرىدىغانلا-
ر، ئورۇن، مەنسەپ ۋە بايلىقنىڭ مەپتۇنلىرى، ئۇلار سۆزلىمەيدۇ،
سۆزلىسە ئەخمىقانە سۆزلەپ قويىدۇ. نامراتلارغا قارىمايدۇ، قارىسا
پەقەت يىرگىنىش بىلەن قارايدۇ. ئالىملارنى گادايغا چىقىرىدۇ،
كەمبەغەللەرنى بولسا يالاڭتۆش دەپ ئەيىبلەيدۇ. ئۇلار قولىدىكى
مال ـ دۇنياسى بىلەن مەغرۇرلىنىپ ۋە ئۆز قورسىقىدا مەنسىپىنى
يۇقىرى ساناپ، ئۆزىنىڭ كاللىسىغا چىقىپ ئولتۇرىدۇ ۋە ئۆزىنى
ھەممىدىن ئۈستۈن ھېسابلايدۇ. كىشىلەرگە بېشىنى كۆتۈرۈپ قو-
يۇش كاللىسىغا كەلمەيدۇ. ئۇلار دانىشمەنلەرنىڭ سۆزىدىن بىخە-
ۋەر. دانىشمەنلەر دەيدۇكى: كىمكى تائەت ـ ئىبادەتتە تۆۋەن بولسا،
بايلىق، دۆلەتتە يۇقىرى بولىدۇ. تاشقى كۆرۈنۈشتە باي بولغانلار-
نىڭ ئىچكى دۇنياسى كەمبەغەل.
مەن دېدىم دەيدۇ يەنە سەئىدى، ـ سەن ئۇلارنى ھاقارەت
قىلىشنى ئۆزۈڭگە راۋا كۆرمە. چۈنكى ئۇلار كەرەم ئىگىلىرىدۇر!
ئۇ دېدى:
خاتا ئېيتىسەن، ئۇلار دەرھەمنىڭ قۇلى، يامغۇرى يوق ئەتىياز
بۇلۇتلىرىنىڭ ۋە كىشىگە نۇرى چۈشمەيدىغان قۇياشنىڭ نېمە پايدى-
سى بار؟ ئۇلار قۇدرەت ئىمكانىيەت ئېتىغا مىنگەن تۇرۇپمۇ چاپتۇر-
مايدۇ. خۇدا يولىدا بىرقەدەممۇ ئاياغ باسمايدۇ. كىشىگە
مىننەت ـ ئامانەتسىز بىردەرھەممۇ بەرمەيدۇ. ئۇلار مۇشەققەت بىلەن
مال ـ دۇنيا يىغىپ، ئۇنى پىخسىقلىق بىلەن ساقلايدۇ ـ دە،
ھەسرەت بىلەن تاشلاپ كېتىدۇ. خۇددى دانىشمەنلەر ئېيتقاندەك،
بېخىل يەرگە كىرىشى بىلەنلا ئۇنىڭ كۈمۈشى يەردىن چىقىدۇ.

[1] تىرياق ــ زەھەر قايتۇرىدىغان دورا.

www.uyghurkitap.com

سەئىدى يۇقىرىقى ھاقارەتلىك دارتىملاشلارنى ئاڭلىغاندىن كېيىن مۇنداق دەيدۇ:

— سەن پەقەت گادايلىقنىڭ سەۋەبىدىن ئۇلارنىڭ بېخىللىقىدىن ۋاقىپ بولىسەن، ئۇنداق بولمىغاندا تەمەنى بىر تەرەپكە تاشلاپ قويغان كىشىگە سېخىيلىق بىلەن بېخىللىق ئوخشاش كۆرۈنگەن بولاتتى. ئالتۇننىڭ نېمە ئىكەنلىكىنى سىناق تېشى بىلىدۇ، شۇنىڭدەك بېخىلنىڭ كىملىكىنى گاداي بىلىدۇ.

سەئىدى يەنە ئۇلاپلا: — قايسى تەقۋادارنىڭ قولىنىڭ كەينىگە باغلانغانلىقىنى، ئۇلارنىڭ بەختسىزلىك زىندانىدا ياتقانلىقىنى، بەرەر ئىپپەت ئىگىسىنىڭ پەردىسىنىڭ يىرتىلغانلىقىنى، بىر قولىنىڭ بېغىشىدىن كېسىلگەنلىكىنى كۆرگەنمۇ.①پەقەت نامراتلىق، موھتاجلىق سەۋەبىدىن گۇناھلىق ئىشلارنى قىلىشقا مەجبۇر بولۇپ قالىدۇ. قانچىلىغان پاك دىل كىشىلەر كەمبەغەللىك سەۋەبى بىلەن بۇزۇقچىلىق قايىنىمىغا چۈشۈپ قالىدۇ ۋە ئۆزىنىڭ ياخشى نامىنى بەتناملىق شامىلىدا سورۇيدۇ.

شۇنداق قىلىپ ئۇلار بىر - بىرىنى يېڭىپ قايىل قىلىشقا ھەرقانچە ھەرىكەت قىلغان بولسىمۇ ھېچقانداق ئۈنۈمى بولمىغان. ئۇلار ئاخىرى ياقا يىرتىشىپ، سۆرەشكىنىچە قازىنىڭ ئالدىغا بېرىپ داۋانى ئايرىپ قويۇشنى ئۆتۈنىدۇ.

قازى بۇلارنىڭ پىكرىنى ئاڭلىغاندىن كېيىن سەئىدىگە قاراپ مۇنداق دېگەن:

«ئەي بايلارنى ماختاپ، كەمبەغەللەرنى ھاقارەتلەشنى راۋا كۆرگەن كىشى، بىلىپ قويكى، قەيەردە گۈل بولسا، شۇ يەردە تىكەن بار. قەيەردە شاراب بولسا، ئۇنىڭ خۇمارىمۇ بولىدۇ. خەزىنە بار يەردە يىلان بار، قەيەردە شاھلارغا لايىق ئۈنچە - مەرۋايىت بولسا، ئۇ يەردە ئادەم يەيدىغان لەھەڭ بار. دۇنيادىكى تۇرمۇشنىڭ لەززىتى

① ئىسلام شەرىئىتى بويىچە ئوغرىلىق قىلغانلارنىڭ قولى كېسىلىدۇ.

ئارقىسىدىن ئەجەلنىڭ نەشتىرى ئەگىشىپ يۈرۈيدۇ. جەننەتنىڭ نېمەتلىرى ئالدىدا كۆڭۈلسىزلىك ئازابىنىڭ توساق تاملىرى بار. سەن بوستاندا خۇش پۇراق تاللار بىلەن بىللە قاقشال دەرەخلەرمۇ بارلىقىنى كۆرۈۋاتامسەن؟ خۇددى شۇنىڭدەك، بايلارنىڭ ئارىسىدا تەقۋادارلار بىلەن چۈپۈرلۈق قىلغۇچىلارمۇ بولىدۇ. كەمبەغەللەرنىڭ ئىچىدىمۇ سەۋر قىلغۇچىلار بىلەن بىللە ئۆزىنى باسالمايدىغانلارمۇ بار. ھەتتا ئاللانىڭ يېقىن بەندىلىرى كەمبەغەللەرچە ھايات كەچۈرىدىغان بايلاردۇر ۋە ھەممەتكە باي بولغان كەمبەغەللەردۇر. بايلارنىڭ ئەڭ ئالىي ھىممەتلىكى شۇكى، ئۇلار كەمبەغەللەرنىڭ غېمىنى يەيدۇ. «كىم ئاللاغا تەۋەككۇل قىلسا، ئاللا ئۇنىڭغا يېتەرلىك» (65 - سۈرە، 3 - ئايەت) دېگەن ئايەت بويىچە ئىش كۆرىدۇ.

قازى ئارقىدىن بايلارنى ھاقارەتلىگەن ھېلىقى كىشىگىمۇ بايلارنىڭ ئارىسىدا ياخشىلىرى ۋە يامانلىرى بولىدىغانلىقى توغرىسىدا نۇرغۇن دەلىللەرنى كەلتۈرگەندىن كېيىن، سەئدى بىلەن ھېلىقى دەرۋىش رازى بولۇشۇپ بىر - بىرى بىلەن يارىشىپ، ئەپۇ سورىشىدۇ. ئاخىرىدا مۇنداق خۇلاسە چىقىرىدۇ:

پەلەكنىڭ گەردىشىدىن شىكايەت قىلما ئەي مىسكىن،
ئەگەر شۇ پېتى ئۆلسەڭ، بەختىڭ يەنە قارا بىل.
قولۇڭدا بار چېغىدا بەختۇ دۆلەت ئەي بايلار،
تاپاي دېسەڭ ئىككى ئالەم، يەپ - ئىچ ھەمدە ئېھسان قىل. ①

يۇقىرىقى مۇنازىرە ۋە دەلىللەر بايلىق مەرتىۋىسىگە يەتكەندىن كېيىن ئورۇنلاش لازىم بولغان پەزىلەت تەلەپلىرىنىمۇ، نامرات ئەھۋالغا قالغاندىكى پەزىلەت تەلەپلىرىنىمۇ ياخشى يورۇتۇپ بەرگەن. ھازىرقى دۇنياغا نىسبەتەن ئېيتقاندا، ئىقتىساد ئىنسانىيەت مەدەنىيىتىنىڭ ھەرىكەتلەندۈرگۈچ كۈچىگە ئايلاندى. شۇنداقتىمۇ مەدەنى-

① سەئدى «گۈلىستان» دىن، مىللەتلەر نەشرىياتى، 1984 - يىل نەشرى.

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

يەتلىك ئەللەردە ھەرگىزمۇ پۇلنى مەقسەت دەپ قارىمايدۇ، بەلكى ئۇنى يەنىلا ۋاستە دەپ بىلىدۇ. ئەگەر پۇل مەقسەت قىلىنىدىغان بولسا، ئىنسانىيەت مەدەنىيىتى ناھايىتى تېزلا گۇمران بولاتتى. ئىنسانلار ئۇ چاغدا پۇل ئۈچۈن ۋاستە تاللىمايدۇ، پۇلنى تونۇيدۇ، پۇلنى دوست تۇتىدۇ، ئادەمنى تونۇمايدۇ، ئادەملەر ئارىسىدىكى دوستلۇق بۇزۇلىدۇ. پۇل ئۈچۈن ئىنسانلار بىر-بىرىنى قىرىدۇ. نەتىجىدە يەر شارىنى ئوت دېڭىزىغا ئايلاندۇرۇشتىن ھايا قىلىشمايدۇ. بۇ مەنىدىن ئالغاندا، پەرزەنتلەرگە پۇلنىڭ ھاياتلىقتا تۇتقان مۇھىم ئورنىنىمۇ بىلدۇرۇش، ھالال پۇل تېپىپ خاسىيەتلىك ئىشلار ئۈچۈن سەرپ قىلىشقا رىغبەتلەندۇرۇش ۋە ئىلھام بېرىش ھەربىر ئاتا - ئانىنىڭ ئائىلە تەلىم - تەربىيە مەزمۇنىدا مۇھىم ئورۇنغا قويۇلۇشى كېرەك. يەنە پۇلغا بولغان ھەددىدىن ئارتۇق ھېرىسمەنلىكنىڭ، ئاچ كۆزلۈك، بېخىللىق ۋە ئىسراپچىلىقنىڭ يامان ئاقىۋىتىنى ھەرقاچان ئەسكەرتىپ تۇرۇش لازىم. بولمىسا بالىلار ئۆزلىرىنىڭ ناپاك مەقسىتى ئۈچۈن ۋىجدانىنىمۇ، ئىمانىنىمۇ سېتىپ ئەلگە ئاپەت كەلتۈرىدۇ.

**4. ياخشى قىلىقلىق، دۇرۇس خۇلقىلىق بولۇشقا ئۆگىتىش**

ئائىتولدىنىڭ ئوغلى ئۆگدۈلمىشكە بەرگەن تەلىمىنىڭ يەنە بىر مەزمۇنى ئۇنى ياخشى قىلىقلىق، دۇرۇس خۇلقىلىق بولۇشقا ئۆگىتىش ۋە دەۋەت قىلىشتىن ئىبارەت.

«بالام، دۇرۇس ياشا، قىلىقىڭنى پۈتۈن، توغرا تۇتقىن. شۇنىڭغا ئىشەنگىنكى، خۇشاللىق دېگەن دۇرۇسلۇقتا. ھەر ئىككى دۇنيادا بەخت تاپقۇچى دۇرۇس خۇيلۇق ئەرنىڭ نېمە دېگەنلىكىنى ئاڭلا: ئادەم كۆڭلىرىنى ھۇزۇر - ھالاۋەت، خۇشال كەيپىياتتا ئۆتسۇن دەيدىكەن، ئۆزىگە توغرىلىقتىن داۋا ئەيلىمەكلىكى لازىمدۇر. ئەگەر مەقسىتىڭ باي بولماق بولىدىغان بولسىمۇ، دۇرۇس بول، بايلارمۇ شۇ دۇرۇسلۇق بىلەن ئۆزىنىڭ تېگىشلىك ئۈلۈشىگە

ئېرىشكەن. ئەل ئىچىدە بۈيۈك ۋە ئۇلۇغ بولماق تىلىكىدە بولساڭ-مۇ، دۇرۇسلۇق بىلەن يولۇڭنى ئوچۇق قىل. ئەگەر قىلىقىڭ مۇلايىم، كۈنلىرىڭ دۇرۇسلۇق بىلەن ئۆتسە، ھەر ئىككى دۇنيادا كۈنلىرىڭ يورۇق بولىدۇ. بالام، سەمىڭدە بولسۇنكى، ياخشى قى-لىقىڭ بىلەن جەھەننەم ئىشىكىنى تاقىيالايسەن.»

ئادەم توغرىلىق ۋە دۇرۇسلۇق بىلەن يارىتىلغان. ئۇ ئۆز تەبىئىتىگە مۇناسىپ دۇرۇسلۇق بىلەن ياشىسا كۈنلىرى قۇتلۇق، يوللىرى ئوچۇق بولىدۇ. ئەگرىلىك يامانلىقنىڭ ھەمراھى بولۇپ، ئۇنىڭ ھەربىر ئىشى ئوڭۇشسىزلىقتا، كۈنلىرى ئىزتىراپتا ئۆتىدۇ. دۇرۇسلۇق، توغرىلىق دېگەننىڭ تەلىپى يۇقىرى، ئۆز ئىچىگە ئال-غان مەزمۇنى ناھايىتى كەڭ بولۇپ، كىشىلەر بىلەن بولىدىغان ھەربىر مۇئامىلە ۋە مۇناسىۋەتلەردە ئىپادىلىنىپ تۇرىدۇ. ئىش-ھەرىكىتى قائىدىلىك، توغرا بولۇش، باشقىلارغا ياخشى، ئادىمىي-لىك مۇناسىۋەتتە بولۇش، يامان نىيەتتە بولماسلىق، ئەتراپىدىكى كىشىلەر بىلەن دوستلارچە مۇناسىۋەتتە ئۆتۈش، ئۇلارغا ياردەم لازىم بولغاندا ئۇلاردىن ياردەم قولىنى تارتماسلىق، نىيەتنى دۇرۇس قى-لىپ پۈتۈن دۇنياغا ياخشى، پاك نەزەر بىلەن قاراش، ھەرقاچان، ھەرزامان پۈتۈن ئىنسانىيەتنىڭ تىنچلىقىنى، خاتىرجەملىكىنى، بىرلىكىنى ئويلاش، قولىدىن كېلىشىچە ئىنسانىيەتنىڭ بەخت-سائادىتى ئۈچۈن تىرىشماقنى ئۆزىگە ئادەت قىلىش قاتارلىق نۇرغۇن تەلەپلەر تۇرىدۇ.

ياخشى خۇلق بىلەن دۇرۇس ياشاش ئەمەلىيەتتە بىر پۈتۈنلۈك-تۇر. ئادەمنىڭ ۋۇجۇدىدا ئىككى نەرسە ھۆكۈمران ئورۇندا تۇرىدۇ. بىرى، تەن، ئىككىنچىسى، نەپس. تەن كۆز ئارقىلىق زاھىر نەر-سىلەرنى كۆرىدۇ. نەپس دۇنيانى ئىدراك بىلەن ياخشىنى ياماندىن، ئاقنى قارىدىن ئايرىيدۇ. تەننىڭمۇ، نەپسنىڭمۇ بىرەر سۈرىتى بار-دۇركى، ئۇلار ياخشى-يامان بولىدۇ. نەپسانىيەتچىلىكنىڭ سۈرىتى ھەممە ئادەمگە ناھايىتى سەت كۆرۈنىدۇ. بىراق نەپسنىڭ سۈرىتى

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

كۆز بىلەن ئەمەس ئىدراك بىلەن بولغاچقا، بىز ئۇنى خۇلق دەپ ئاتايمىز. ئادەمگە كىچىكىدىن ياخشى خۇلق سىڭدۈرۈلگەن بولسا، ئۇ شۇ بالىنىڭ سائادىتىدۇر، يامان خۇلق سىڭىپ قالغان بولسا، ئۇ ئۇنىڭ ھاياتىنىڭ كۈلپىتىدۇر. مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن: «بىر تاغنىڭ ئورنىدىن كۆچۈپ كەتكەنلىكىنى ئاڭلىساڭلار ئىشىنىڭلاركى، ئەمما بىر ئادەمنىڭ خۇلقى ئۆزگەردى دېگەن گەپنى ئاڭلىساڭلار ئىشەنمەڭلار». بۇ خەلقىمىز ئارىسىدا يەكۈنلەنگەن: «سۈت بىلەن كىرگەن خۇي جان بىلەن چىقىدۇ» دېگەن ھېكمەتنىڭ ئاساسىدۇر. رەسۇلۇللا يەنە: «ئىمانى كامىل بولغان كىشىلەر ياخشى خۇلقلىق بولغاي. سىلەرنىڭ ئىچىڭلاردىكى ئەڭ ياخشى خۇلقلىقىڭلار خوتۇنلىرىغا ياخشى مۇناسىۋەتتە بولغانلىرىڭلاردۇر» (بۇخارى رىۋايەت قىلغان) دېگەن. بۇنىڭدىن كۆرۈشكە بولىدۇكى، رەسۇلۇللامۇ كىشىلەرنى ياخشى خۇلقلىق بولۇشقا دەۋەت قىلغان. ئۇ كىچىكىدە سىڭىپ قالغان خۇينىڭ ئۆلگىچە ئۆزگەرمەيدىغانلىقىنى، شۇڭا كىچىكىدىن باشلاپ ياخشى خۇلق بىلەن تەربىيىلىنىشنىڭ زۆرۈرىيىتىنى تەكىتلىگەن. بۇنىڭدىكى مەنە ھەربىر ئاتا-ئانا پەرزەنتلىرىگە ياخشى خۇلق بىلەن ئۆلگە بولۇپ، ياخشى خۇلق يېتىلدۈرۈش تەلىپىدىن ئىبارەت. بالىلارنىڭ كىچىكىدە نەپسىنى تىزگىنلىمەي، ئۇنى ئەركىن قويۇۋەتسە، ئۇ ھەرقاچان يامانلىق تەرەپكە ماھىل بولۇپ كېتىدۇ. نەپس تەربىيە تېپىپ ياخشى ئىشلارنى قىلىشقا ئادەتلەنسە ياخشى خۇلق بىخ سۈرىدۇ. ئادەملەر ئەزەلدىن ياخشى خۇلق بىلەن ئۆسۈپ يېتىلىشنى ئىرادە قىلغان. بىراق مۇنداق ياخشى خۇلق ياخشى تەربىيە ئارقىلىق يېتىلىدۇ. بالا ئەگەر ياخشى تەربىيە تېپىپ، بۇزۇق خۇلقلاردىن ساقلىنىپ، گۈزەل خۇلقلارغا ئادەتلىنىپ چوڭ بولسا، ھەممە كىشىگە ياقىدىغان بەختىيار ئادەم بولۇپ يېتىلىدۇ. ئەگەر ياخشى تەربىيە تاپماي يامان ئادەت، يامان، سەت قىلىقلىق بولۇپ قالسا، ھەقتىن ھايا قىلمايدىغان، يامانلىق قىلىشتىن تەپ تارتمايدىغان، جاھىل،

پسانىيەتچى، بۇزۇق ئوي، قەبىھ خىياللاردا بولىدىغان، ھەممە ئادەمنىڭ كۆزىگە سەت كۆرۈنىدىغان، تۇتقان - پۇتكۈنى قۇۋلۇق - شۇملۇق، قىلغان ئىشلىرى بۇزۇق بولىدۇ. نەتىجىدە ئۇنىڭ بۇ يامان قىلىقى، سەت خۇلقى ئۇنى يامان تەقدىرگە مۇپتىلا قىلىدۇ. ھېچقانداق ئاتا- ئانا پەرزەنتىنىڭ يامان تەقدىرىنى كۆرۈشنى خالىمىغان ئىكەن، بالىلاردا ياخشى خۇلق يېتىلدۈرۈشكە ئەھمىيەت بېرىشى كېرەك بولىدۇ. ئەگەر بۇنىڭغا كۆڭۈل بۆلۈنمىسە، ناچار تەربىيە ئاخىرى ئاتا - ئانىسىنى ئۆزى خالىمىغان ئىشنى كۆرۈشكە نېسىپ قىلىدۇ. بۇنى ئاتا - ئانا كىمدىن كۆرىدۇ.

ئەگەر ئاتا- ئانا پەرزەنتىنىڭ قىسمەت دەپتىرىدىن يامان خەتنى ئوقۇشنى خالىمايدىغان بولسا، يۇسۇپ خاس ھاجىپ تەكىتلىگەن دۇرۇسلۇقنىڭ ئەڭ ياخشى سۈرىتىنى ئۇنىڭ ۋۇجۇدىدا نامايان قىلىشقا تىرىشماقلىقى لازىمدۇر. ئايتولدى كۇنتۇغدى ئېلىگدىن دۇرۇسلۇق قانداق بولىدۇ، ئۇنىڭ تۈرقى، مىجەزى قانداق، دۇرۇسلۇق بىلەن ئادەمنىڭ تۇرمۇش تىرىكچىلىكىنىڭ قانداق مۇناسىۋىتى بار؟ دۇرۇسلۇق يولى دېگەن قانداق يول، دۇرۇسلۇق يولىنىڭ سۈپەت تەرىپى نېمە؟ دېگەن مەزمۇندا سوئال سورىغاندا كۇنتۇغدى مۇنداق جاۋاب بەرگەن:

862 ئېلىگ ئېيتتى، شۇدۇر دۇرۇس ئەر ئۆزى،
تىلى، كۆڭلى بىرلە بىرىكەر سۆزى.

863 تېشىدەك ئىچىمۇ، ئىچىدەك تېشى،
بۇ يەڭلىغ بولۇر چىن ۋە توغرا كىشى.

864 چىقارىپ يۈرەكنى ئالقاندا تۇتۇپ،
ئۇياتماي يۈرەلىسە ئەلنى كۆرۈپ.

www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇر كىتاب تورى

865 بەختلىك ياشاشقا دۇرۇسلۇق كېرەك،
كىشىلىك ئېتىدۇر دۇرۇسلۇق دېمەك.

868 مېڭىپ يۇرگەن ئىنسان بەكمۇ كۆپ ئېرۇر،
دۇرۇس، چىن، پۈتۈن ئەر ماڭا خوپ ئېرۇر.

ئەگەر سىزدىن بالىڭىز يۇقىرىقى سوئالنى سوراپ قالىدىغان بولسا، سىز نېمە دەپ جاۋاب بەرگەن بولاتتىڭىز؟ يۇقىرىقى جاۋاب بىر تەرەپتىن، ئۇيغۇر خەلقىنىڭ مىللىي خاراكتېرىنى يورۇتۇپ بېرىدىغان يارقىن ئالاھىدىلىك بولسا، يەنە بىر تەرەپتىن ئەۋلادلاردىن كۈتىدىغان تەلەپ ۋە تەۋسىيەلەردۇر.

**5. ئۆزۈڭ ياخشى بول، ياخشىلارغا قوشۇل، يامانلاردىن نېرى بول**

ئايتولدىنىڭ ئۆگدۈلمىشكە قىلغان تەربىيىسىنىڭ يەنە بىر مەزمۇنى: ياخشىلىقنىڭ بەندىسى بولۇش، ياخشىلارغا قوشۇلۇش، يامانلىقتىن ساقلىنىش، يامانلاردىن نېرى تۇرۇش خۇسۇسىدا بولىدۇ.

«يامانلىقتىن ۋە يامانلاردىن يىراق بول، كۆپرەك ياخشىلىق قىل، ياخشىلىقلار قىلساڭ، ساڭىمۇ ياخشىلىقلار كېلىدۇ، ياخشىلىق ھەرگىزمۇ يەردە قالمايدۇ. يامان ئىشلارغا يېقىنلاشما، يامانلارغا ئارىلاشما، يامانلىق دېگەن خۇددى بىر يىلاندەك ئاخىرى سېنى چېقىپ ھالاك قىلىدۇ.» (1296 - 1297)

بىر دانىشمەندىن ئادەمنىڭ ياخشى - يامىنىنى قانداق بىلگىلى بولىدۇ دەپ سورىسا، دانىشمەن: ئۇ ئادەمنىڭ قانداق ئادەملەر بىلەن ئارىلىشىۋاتقانلىقىغا قارساڭ كۇپايە، دېگەن ئىكەن. ئىبراھىم ئەلەيھىسسالام ئاللاغا مۇنداق دۇئا قىلغان: «پەرۋەردىگارىم! ماڭا ئىلىم - ھېكمەت ئاتا قىلغىن، ياخشىلارغا قوشقىن، كېيىنكىلەر

ئارىسىدا ياخشى نامىنى قالدۇرغىن.» (شۇئارا 83 ـ ئايەت) ياخشىلار بىلەن ئارىلىشىش ياخشىلىققا سەۋەب بولسا، يامانلار بىلەن ئارىلىشىش يامانلىققا سەۋەب بولىدۇ. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن: «كىشى قىيامەت كۈنى سۆيگەن ئادىمى بىلەن بىرگە بولىدۇ.» (بۇخارى رىۋايەت قىلغان) بۇنىڭدىن مەلۇم بولىدىكى ئادەمنىڭ تەقدىر ـ قىسمىتىگە ئۇنىڭ قانداق ئادەملەرنى ياقتۇرۇپ ئارىلاشقانلىقى مۇھىم تەسىر كۆرسىتىدىكەن. بۇ خىل تۇرمۇش ھەقىقىتىنى ئەل ھېكمەتلىرىدە: پەيغەمبەرنىڭ بالىسى يامانلارغا قوشۇلۇپ دوزاخقا كىردى، ئەسھابۇلكەھپنىڭ ئىتى ياخشىلارغا قوشۇلغانلىقى ئۈچۈن جەننەتكە كىردى، دەپ خۇلاسىلىغان.

ئۇيغۇر خەلقى قەدىمدىن تارتىپ ئادەمنىڭ ياخشى، يامان ئادەم بولۇپ چىقىشىنىڭ ئىجتىمائىي قانۇنىيەتلىرى توغرىسىدا خېلى ئەتراپلىق ئىزدەنگەن. يۈسۈپ خاس ھاجىپمۇ بۇ خۇسۇستا ناھايىتى ئەتراپلىق ۋە كونكرېت چۈشەنچىلەرنى ئوتتۇرىغا قويغان. ئۇنىڭ قارىشىچە، ئادەمنىڭ ھەممىسى بۈيۈك ئادىمىيلىك قەدىر ـ قىممەت ئىمتىيازى بىلەن تۇغۇلىدۇ، ھەرگىزمۇ بىرى يامان، ئەسكى بولۇپ، بىرى ياخشى بولۇپ تۇغۇلمايدۇ. بىراق نېمە ئۈچۈن ياشاش جەريانىدا بەزىلەر يامانلىق تەرەپكە مايىل بولۇپ كەتسە، بەزىلەر ياخشىلىق تەرەپكە مايىل بولۇپ كېتىدۇ، دېگەن زور ئىجتىمائىي مەسىلىنىڭ يېشىمىنى مۇنداق بىرقانچە تەرەپتىن چۈشەندۈرگەن.

بىرىنچى، «قازاندا نېمە بولسا، چۆمۈچكە شۇ چىقىدۇ» دېگەن قانۇنىيەت بويىچە چۈشەندۈرىدۇ. چۈنكى ئىرسىيەت مەسىلىسى ھەرگىزمۇ ئىنكار قىلغىلى بولمايدىغان بىر تەبىئىي باغلىنىش. ئىرسىي خۇسۇسىيەت ۋە ئىرسىي مىراسنى دىنىدىمۇ ئېتىراپ قىلىدۇ. ئادەمنىڭ رەڭگىرويى ـ روھى، قامىتى، مېڭىش ـ تۇرۇشى ئىرسىي مىراس بولۇپلا قالماي، بەلكى مىجەز ـ خۇلقى ۋە خاراكتېرىمۇ مىراس قالىدۇ. بىراق ئۇ بىردىنبىر ھەل قىلغۇچ ئامىل ئەمەس.

www.uyghurkitap.com

ئىككىنچى، ئادەم تۇغۇلغاندا ياخشى ـ يامان بولۇپ تۇغۇلمايدۇ. ئۇلارنىڭ بىرى قولىدا قان تۆككۈچى زەھەر، يەنە بىرى قولىدا شىپالىق دورا بىلەن چۈشمەيدۇ. ئۇ ئائىلە ۋە جەمئىيەتنىڭ تەسىرىدە ياخشى خۇينى ئۆزلەشتۈرىدۇ ياكى يامان خۇينى يۇقتۇرۇۋالىدۇ. ياخشىلارغا قوشۇلۇپ چوڭ بولسا، ئۇلارنىڭ ياخشى پەزىلىتىنىڭ تەسىرىنى قوبۇل قىلىپ پەزىلەتلىك ئادەم بولىدۇ، ئەگەر يامانلارغا قوشۇلۇپ چوڭ بولغان بولسا ئۇلارنىڭ يامان خۇيىنىڭ تەسىرىگە ئۇچراپ، يامان خۇينى ئۆزلەشتۈرۈپ، يامان بولىدۇ. يۈسۈپ خاس ھاجىپ بۇنداق تەسىرنىڭ رولىنى تېخىمۇ گەۋدىلەندۈرۈپ ياخشىلارمۇ يامانلارغا قوشۇلۇپ قالسا خۇينى بۇزىدۇ، يامانلار ياخشىلارغا ئارىلاشتۇرۇلسا، ئۇلارنى دوراپ ياخشى تەرەپكە ماڭىدۇ دەپ قارايدۇ. بولۇپمۇ بالىلار ئۆسۈپ يېتىلىش داۋامىدا ئەتراپتىكى مۇھىتىنىڭ تەسىرى ئۇلارنىڭ كېيىنكى خاراكتېرىنىڭ يېتىلىشىدە ئاچقۇچلۇق رول ئوينايدۇ. مەسىلەن، بالىلار تاماكا چېكىدىغان بالىلار بىلەن بىرگە ئوينىسا پاتلا بۇ ئادەتنى قوبۇل قىلىدۇ. ھاراق ئىچىدىغان، قىمار ئوينايدىغان بالىلارغا قوشۇلسا، تېز ئارىدىلا ئۇمۇ شۇ خۇينى ئۆزلەشتۈرۈۋالىدۇ. يامانلىق، يامان خۇي دېگەن خۇددى يۇقۇملۇق كېسەلگە ئوخشاش بىر ـ بىرىگە يۇقۇش ئارقىلىق شۇنداق تەرەققىي قىلغان. بالا ئەگەر ياخشى خۇيلۇق بالىلارغا ئارىلىشىپ چوڭ بولسا، ئۇنداق ناچار ئادەتنى نەدىن قوبۇل قىلىۋالىدۇ. شۇڭا يۈسۈپ خاس ھاجىپ پەرزەنتلەرنى مۇنداق ئوبرازلىق ئىبارە بىلەن ئاگاھلاندۇرىدۇ:

5510 يامانغا قوشۇلما ۋە يۈرگىن كۆنى،
تۈز ـ ئەگرىلە بولسا قارا يۈر كۈنى.

5511 كىم قىلسا يامانلىق بالاغا قالۇر،
يولۇق ھەققە توغرا قىيامەت كۈنى.

«شەيتان ئىنساننى (ئازدۇرۇپ بولۇپ) تاشلىۋېتىدۇ.» (فورقان 27 ـ 28 ـ ئايەت) مانا بۇ ئاجايىپ ھېكمەتلىك ئاگاھلاندۇ-
رۇش. يامانلار خۇددى شەيتانغا ئوخشايدۇ، ئۇلار ياخشىلارنى ئازدۇ-
رۇپ، يامان يوللارغا قىزىقتۇرۇپ ئەكىرىپ نابۇت قىلغاندىن كې-
يىن، ئۆز غەلىبىسىدىن مەمنۇن بولۇپ تاشلاپ كېتىدۇ. ئاللا
ئادەمنى يارىتىپ ئۇنىڭغا يۇقىرى ئىمتىياز بەرگەندىن باشلاپ، مەل-
ئۇن شەيتان ئىنسان بىلەن قارشىلىشىشنى ھەرگىز توختىتىپ
قويمىدى. ئۇ ئۆزىنىڭ سېھىر ـ ئەپسۇنلىرى بىلەن نۇرغۇن گۇناھ-
لىق ئىشلارنى كىشىلەرگە چىرايلىق كۆرسىتىپ، ياخشى ئىشلارنى
بولسا يامان كۆرسىتىدۇ. ياخشى، ساۋابلىق ئىشلارنى قىلىشتىن
قول ئۈزدۈرۈپ، گۇناھلىق ئىشلارغا قىزىقتۇرىدۇ. بۇنداق ئازدۇ-
رۇش ئادىمىي شەيتانلار ۋە نەپسى شەيتان ۋاستىسى ئارقىلىق
ئورۇنلىنىدۇ. ئادەمنىڭ نەپسى بويۇن سۇنمىسا ئۇ مەلئۇنلار ئامال-
سىز قالىدۇ. شۇڭا ئادەم نەپسىنىڭ يامان يوللارغا باشلىشىدىن
پاناھ تىلەشكە ھەم ئادىمىي شەيتانلارنىڭ ۋەسۋەسىسىدىن پاناھ تى-
لەشكە دەۋەت قىلىنىدۇ: «ئىنسانلارنىڭ پەرۋەردىگارى، ئىنسانلار-
نىڭ پادىشاھى، ئىنسانلارنىڭ ئىلاھى ئاللاغا سېغىنىپ، كىشىلەر-
نىڭ دىللىرىدا ۋەسۋەسە قىلغۇچى جىنلاردىن ۋە ئىنسانلاردىن بولغان
يوشۇرۇن شەيتاننىڭ ۋەسۋەسىسىنىڭ شەرىدىن پاناھ تىلەيمەن دې-
گىن» (114 ـ سۈرە ناس) بۇ ئايەتنىڭ ئاگاھلاندۇرۇشىدىمۇ ئادى-
مىي شەيتانلارنىڭ زىيانكەشلىكىنىڭ ناھايىتى ئېغىر بولىدىغانلىقى
ئەسكەرتىلگەن. يۇسۇپ خاس ھاجىپ تىلغا ئالغان ئازدۇرغۇچى
يامان ئادەملەر دەل شۇ ئادەملەردىن بولغان يوشۇرۇن شەيتانلاردۇر.
بۇ شەيتانلار كۆڭۈللەردە ۋەسۋەسە پەيدا قىلىپ، ئاسىيلىققا، بۇ-
زۇقچىلىققا، قان تۆكۈشكە قىزىقتۇرغاندا، ئۆزىگە ئىشەنچى بار،
ئىرادىلىك، ئىمانى كامىل، ياخشى تەربىيە كۆرگەن، ياخشى تەسىر
بىلەن چوڭ بولغان بالىلار بۇنى دەرھال سېزىۋېلىپ، ئۇنىڭدىن
ئۆزىنى تارتىدۇ. ئىرادىسىز، خاراكتېرسىز، ياخشى تەربىيە كۆرمە-

گەن باللار تېزلا ئۇلارنىڭ ئالدام خالتىسىغا چۈشۈپ كېتىدۇ-دە، ئۇلارنىڭ قەلبىنى دەرھال ئىشغال قىلىپ تالان- تاراج قىلىشقا باشلايدۇ. ئاخىرى ئۇ باللار ئازغۇنلۇق يولىغا قەدەم قويۇپ ئۆزىنى رەسۋا قىلىدۇ. بۇ چاغدا شەيتان مەلئۇن غەلىبىسىدىن مەمنۇن بولۇپ، ئۇ ئازغۇننى تاشلاپ، چالا ھېجىيىپ قويۇپ يولىغا راۋان بولىدۇ. ھېلىقى ئازغۇن بالا غەپلەتتىن ئويغانغاندا ئۆزىنىڭ ھەق توغرا يولدىن، ئاتا- ئانىسىنىڭ، ئۇستازلىرىنىڭ ئۈمىدىدىن تولۇمۇ يىراقلاپ كەتكەنلىكىنى ھېس قىلىدۇ. ھاياتىنىڭ كەيپ- ساپا، نەپسىگە تۇتقۇن، شەيتانغا ئەسىر بولۇش بىلەن نابۇت بولغانلىقىنى، دوستلىرىنى قاقشىتىپ، دۈشمەنلىرىنى كۈلدۈرگەنلىكىنى، ئۆزىگە ھەقىقىي كۆيۈنگەن سۆيۈملۈك كىشىلىرىنىڭ گېپىنى ئاڭلىماي، دۈشمەننىڭ شېرىن سۆزلىرىگە ئالدىنىپ، ياخشىلارنى رەنجىتىپ، يامانلارنى شاد قىلغانلىقىنى، ئەلنىڭ نەزىرىدە ھۆرمەت، ئىززەت، قەدىر- قىممەت تەختىدىن چۈشۈپ، كاساپەت، لەنەت ئازگىلىغا تاشلانغانلىقىنى ئۆكۈنۈش ئىچىدە ھېس قىلىدۇ. بىراق بۇنىڭدىن نېمە پايدا. ئۇ ئاللىبۇرۇن پۇتۇن زورغارىنى سورۇپ تۈگەتكەن، ياخشىلارنىڭ سېپىدىن چىقىپ كەتكەن، موھتاجلىق، خارلىققا قالغان. بۇنداق ئاچچىق تەجرىبە تۇرمۇشىمىزدا ھەرقاچان، ھەرزامان ئۇچراپ تۇرىدۇ. نۇرغۇن كىشىلەر بۇ قانۇنىيەتنى ناھايىتى ياخشى بىلىسىمۇ تازا ئېتىبار قىلمايدۇ، كېيىن پۇشايمان قىلىدۇ. شۇڭا ئاتا- ئانىلار بۇ ئىشتا ناھايىتى سەزگۈر بولۇشى كېرەك. باللار كىچىك چاغدا كىملەرنىڭ ياخشى، كىملەرنىڭ يامان ئىكەنلىكىنى ياخشى پەرق ئېتەلمەيدۇ. بىراق ئاتا- ئانىلار ياخشى بىلىدۇ. شۇڭا باللارنىڭ ئارىلىشىۋاتقان باللىرىغا كۆز- قۇلاق بولۇپ تۇرۇش، ياخشى باللار بىلەن ئارىلىشىپ ئۆتۈشىگە ھەيدەكچىلىك قىلىش، يامان باللاردىن ئۆزىنى تارتىشقا ئاگاھلاندۇرۇپ تۇرۇش كېرەك. بۇ كېيىن تارتىدىغان كۈلپەتلىرىڭلاردىن تولىمۇ ئاددىي ئىشلاردۇر.

### 6. ئۆزىگە پۇختا بولۇش، سىر ساقلاش تەربىيىسى

يۇسۇپ خاس ھاجىپنىڭ ئائىلە مائارىپ ئىدىيىسىدە پەرزەنت-لەرنى ئۆزىگە پۇختا، ئۆزىنىڭ ئىشىغا پۇختا، ئىشنىڭ ئالدى - كەينىنى ئويدان ئويلاپ قىلىدىغان، بولسا بولا، بولمىسا ئىز پۇلى بولا دەپ ئىشنى چىچىلاڭغۇ، چۇۋالچاق قىلىدىغان تۇتۇرۇقسىز ئادەم بولۇپ قالماسلىقتا ئۆگىتىش تەلىپى دىققەتكە سازاۋەردۇر. «تۈركىي تىللار دىۋانى» دا مۇنداق بىر ھېكمەت خاتىرىلەنگەن: «ھەي ئۇيغۇر، ياغاچ كەسسەڭ ئۇزۇن كەس، تۆمۈر كەسسەڭ قىسقا كەس» . بۇ ھېكمەت بىر تەرەپتىن، ھەرقانداق بىر شەيئىنىڭ قانۇنىيىتىگە ھۆرمەت قىلىش تەشەببۇس قىلىنسا، يەنە بىر تەرەپتىن، ھەرقانداق ئىشتا پۇختىلىق ئاساسىغا قۇرۇش ھەققىدىكى تەكىت ئىپادىلىنىدۇ. ۋەھالەنكى، تۆمۈر قىسقا كېسىلىپ قالسا ئۇزارتىش ئىمكانىيىتى بار، ئەگەر ياغاچ قىسقا كېسىلىپ قالسا ئۇنى ئۇلاش ئىمكانىيىتى يوق. بۇنىڭدىن باللارنى تۇرمۇشقا پىشۇرۇشنىڭ لازىملىقى چىقىدۇ. تۇرمۇشقا پىشقان باللار ھەرقانداق ئىشنى تەرتىپلىك، قائىدىلىك، ئورۇنلۇق قىلىدۇ، تۇرمۇشقا پىشمىغان باللار بىر ئىشنى نەچچە قېتىم قىلىدۇ. شۇڭا باللارغا كىچىكىدىن باشلاپ ھەرقانداق ئىشنى قىلغاندا ئەستايىدىل بولۇشنىڭ لازىملىقىنى ئەسكەرتىپ تۇرۇش لازىم بولىدۇ. ئايتولدى ئاتا بولۇش سۈپىتى بىلەن ئوغلى ئۆگدۈلمىشكە بۇ ئىشنى ھەرقاچان ئەسكەرتىپ تۇرغانلىقىنى كۆرىمىز. بۇ ئاتا ـ ئانىلارنىڭ پۇختىلىقى.

«بالام، سىرىڭنى ھەرگىز ئىككى يۈزلۈك ئادەمگە دېمە. ئۆيۈڭگە سۇخەنچى ئادەملەرنى يولاتما. ئۇنداق ئادەم كۆرگەن- بىلگەنلىرىنىڭ ھەممىسىنى ئەلگە بىرنى ئون قىلىپ يايىدۇ. سىنالغان ئىشەنچلىك دوستۇڭنى چىڭ تۇت، ئۇنداق ئادەمدىن ساڭا كۆپلەپ پايدا يېتىدۇ. باشقىلارنىڭ گەپ سۆزلىرىنى ئاڭلاپ قويغىن، بىراق ھەممىلا گەپكە ئالدىراپ ئىشىنىپ كەتمە. ئۆزۈڭگىمۇ مەھكەم بولۇپ، سىرىڭنى يوشۇر. » (1298 - 1301)

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com

يۇقىرىقى تەربىيىنىڭ مەزمۇنى پۇختىلىق تەلىپىنىڭ بىر قى-
سمى كونكرېت تەلەپلىرى. ھەرقانداق ئادەمنىڭ ئۆزىگە خاس سىرى
بولىدۇ، ھەربىر ئائىلىنىڭمۇ، كەسپىنىڭمۇ سىرى بولىدۇ. دوست
- يارەنلەرنىڭ سىرى بولىدۇ. سىر دېمەك ئامانەت دېمەكتۇر. سىرنى
پاش قىلىپ قويماق ئۆزىگىمۇ، باشقىلارغىمۇ خىيانەت قىلماقتۇر.
«سىرىڭ چىقتى، جېنىڭ چىقتى» دېگەن گەپ بار. ئادەمنىڭ
كۆڭلى سىرلار ماكانى بولۇشى كېرەك. بۇ خۇسۇستا پەيغەمبەر
ئەلەيھىسسالام: «بىر كىشىنىڭ سىرىنى بىلىۋېلىپ، ئۇنى باشقى-
لارغا بىلدۈرگەن كىشىدە مۇناپىقلىقتىن بىر ھەسسە بولى-
دۇ.» دېگەن ئىكەن. تارىختا نۇرغۇن باشلارنى ئۆزىنىڭ سىرىنىڭ
شىرى يېدى، نۇرغۇن ئوردا - قەسىرلەر سىرنىڭ ئاشكارىلانغانلىقى
سەۋەبلىك زاۋال تاپتى.

سىر دېگەن قەلب قەسىرىدىكى يوشۇرۇن سىرتماق، ئۇنىڭ
ياخشىسى بولسۇن، يامىنى بولسۇن ئۇنىڭ چۇلۋۇرى ھەربىر ئادەم-
نىڭ ئۆز قولىدا بولغىنى ياخشى. بۇ ئامانلىقتا بولغان ئەڭ ئىشەنچ-
لىك كاپالەت. سىرلار سىرتمىقىنىڭ چۇلۋۇرىنى باشقىلارنىڭ قولى-
غا تۇتقۇزغانلىق، ئۆزى خالاپ بويىنىنى باشقىلارنىڭ ئىختىيارىغا
تاشلاپ بەرگەنلىك بولىدۇ. ئادەم سىرىنى باشقىلارغا ئېيتقاندا،
ئۇنىڭدىن دەرھال يامانلىق ياكى زىيانكەشلىك يانمىغان تەقدىردىمۇ،
لېكىن ئادەم ھەرقاچان ئەندىشە ۋە تەشۋىشتىن خالىي بولالمايدۇ.
شۇ تەشۋىشتىن خالىي بولۇش ئۈچۈن سىردىن ۋاقىپ ئادەمگە ناھا-
يىتى كۆپ كۈچۈكلىنىشقا توغرا كېلىدۇ. خاتىرجەملىك يوقۇلىدۇ،
بىر ئوبدان ئەركىن، ئازادە ئادەم، باشقىلارنىڭ كونتروللىقىغا چۈ-
شۈپ قالىدۇ. شۇنداق تۇرۇقلۇق نېمە ئۈچۈن كىشىلەر ئۆزى خالاپ
خاتىرجەمسىزلىكنى سېتىۋالىدۇ؟ بۇنىڭدا پەرزەنت تەربىيىسىدىكى
مۇشۇ يوچۇق پۇختا ئېتىلگەن.

گەپنىڭ راستى بولىدۇ، يالغىنى بولىدۇ، ئىشەنچلىكى بولى-
دۇ، ئىشەنچسىزى بولىدۇ. ھەممىلا گەپلەرگە ئىشىنىپ كەتمەس-

لىك، ئاڭلىغانلىكى گەپلەرنى كۆتۈرۈپ يۈرمەسلىك پەرزەنت تەربى-
يىسىدە ئۇلارغا بىلدۈرۈش زۆرۈر بولغان بىر مەزمۇن. بىر ھەدىس-
تە: «ئاڭلىغانلىقى گەپنى باشقىلارغا دەپ يۈرۈش يېتەرلىك يالغان-
چىلىقتۇر» دېيىلگەن. ئەيقاچتى گەپلەرنى كۆتۈرۈپ يۈرۈپ، شۇ-
نىڭغا ئىگە بولالماي ئۆزىنى خاراب قىلغان ئادەملەر خېلى بار. بەزى
ئادەملەر كۆرمىگەننى كۆردۈم دەپ قويۇپ، ئاڭلىغاننى ئاڭلىدىم
دەپ قويۇپ، ئېغىزىدىن بالاغا قالىدۇ. ئاندىن يېمىگەن مانتىنىڭ
پۇلىنى تۆلەيدىغان نۇرغۇن - نۇرغۇن بەندىلەرنى كۆردۇق. بۇمۇ
تەربىيىسىزلىكنىڭ، ئۆزىگە پۇختا بولمىغانلىقنىڭ، تۇرمۇشقا پىش-
مىغانلىقنىڭ ئىپادىسى.

ئايتولدى ئاگاھلاندۇرغان ئۆيۈگگە سۇخەنچى، ئىككى يۈزلىمە-
چى كىشىلەرنى يولاتما دېگەن تەۋسىيىسىمۇ تۇرمۇش ئەمەلىيىتى
كۆپ قېتىم ئىبرەت بەرگەن ساۋاقلارنىڭ بىرى. سۇخەنچى ئادەم
بەجايىكى كۆيدۈرگىگە ئوخشايدۇ. ئۇنىڭ ھۈنىرى ئوتتۇرىدا گەپ
توشۇپ، ئاق يەردىن تۇلۇك ئۈندۈرۈپ، يوق يەردىن پۇتاق چىقىرىپ،
ئاقنى قارا، تۈزنى ئەگرى كۆرسىتىش ئارقىلىق كىشىلەر ئارىسىغا
بۆلگۈنچىلىك، نىزا- ئاداۋەت ئۇرۇقىنى چاچىدۇ. دوستلارنى
بىر - بىرىگە دۈشمەن قىلىدۇ، ئائىلىلەرنى بۇزۇپ، بالىلارنىڭ
يېتىم بولۇشىغا سەۋەب بولىدۇ. ئۇ مىڭ ئۆينى بۇزۇپ خانىۋەيران
قىلىشنى ئۆزى ئۈچۈن غالىبلىق ھېسابلايدۇ. كىشىلەرگە تۆھمەت
چاپلاشتا ئاق نەرسىنى قارا دېيىشتىن ھايا قىلمايدۇ. پاك، مەسۇم
ئاياللارغا تۆھمەت چاپلاش ئۇلارنىڭ ھۈنىرى، ئۇلارنىڭ كۆزى ياماز-
لىقتىن باشقىنى كۆرمەيدۇ. «قۇرئان كەرىم»دە سۇخەنچىلەرنىڭ
شۇم تەبىئىتى توغرىسىدا ئەيۇلەھەپ بىلەن ئۇنىڭ خوتۇنىنى نەمۇنە
قىلىپ كۆرسەتكەن ئەمەسمۇ. «(كىشىلەرنى) ئەيىبلىگۈچى سۇ-
خەنچىگە ۋاي!»[1] «ئەبۇلەھەپنىڭ ئىككى قولى قۇرۇپ كەتسۇن.

[1] «قۇرئان كەرىم» مىللەتلەر نەشرىياتى، 1987-يىلى نەشرى، 104 - سۈرە مۇمەزە 1 - ئايەت.

(ئەمەلدە) قۇرۇپ كەتتى. ئۇنىڭغا مال ـ مۈلكى ۋە ئېرىشكەن نەرسىلىرى ئەسقاتمىدى. ئۇ لاۋۇلداپ تۇرغان ئوتقا (يەنى دوزاخقا) كىرىدۇ. ئۇنىڭ ئوتۇن توشۇغۇچى (يەنى سۇخەنچى) خوتۇنى ھەم لاۋۇلداپ تۇرغان ئوتقا كىرىدۇ. ئۇنىڭ بوينىدا مەھكەم ئېشىلگەن ئارغامچا بولىدۇ.»① ئىسلام دىنىدا باشقىلارنىڭ ئەيىبىنى ئېچىش گۇناھ ھېسابلىنىدۇ. شۇنداق ئىكەن، ھەقىقەتنى قارىلاش، ياخشىلارغا تۆھمەت قىلىپ زىيانكەشلىك قىلىش، دۇرۇس نىيەتلىك ئادەملەرنى، ئەل ئارىسىدىكى ئابرۇيلۇق، نەسىھەتكوي كىشىلەرنى قارىلاش، ئۇلار ئۈستىدىن پىتنە ـ پاسات تارقىتىش قاتارلىقلار ئەلۋەتتە ئېغىر گۇناھ ھېسابلانغان. باشقىلارغا قەستەن ئازار بېرىش غەرىزىدە كىشىنىڭ ئالدى ـ ئارقىسىدا يامان گەپ قىلىدىغان، ئاساسسىز گەپلەرنى توشۇپ، كىشىلەرنىڭ ئابرۇيىغا نۇقسان يەتكۈزۈشكە ئۇرۇنىدىغان، باشقىلارنى مەسخىرە قىلىدىغان ئوسال قىلىقلارنىڭ ھەممىسى سۇخەنچىلىك بولىدۇ. يۇرتۋازلىق، مەزھەپپەرەسلىكمۇ ئوخشاشلا سۇخەنچىلىككە ياتىدۇ. ئۇلار ئەل ئارىسىدا دۈشمەنلىك، ئۆچمەنلىك تۇغدۇرىدۇ. بۇنداق ئادەملەرنىڭ زىيانكەشلىكى نەتىجىسىدە ھەتتا پۈتۈن ئەل ھالاك بولۇشى مۇمكىن. شۇڭا سۇخەنچىلەرگىمۇ پۇرسەت بەرمەسلىك، ئۇلارنى ئۆيگە، جامائەت سورۇنلىرىغىمۇ يولاتماسلىق، ئۇنداق ئادەملەرگە ئىمتىياز بەرمەسلىك، ئۇلارنى ئارىغا ئالماسلىق ئارقىلىق ئۇلارنىڭ زىيانكەشلىكىدىن ساقلىنىش كېرەك. بالىلارغا بەرگەن تەلىم ـ تەربىيىدىمۇ ھەم سۇخەنچىلەر بىلەن ئۈلپەت بولماسلىق، ھەم ئۆزىنىڭمۇ سۇخەنچىلىك بازىرىغا كىرىپ قالماسلىقى ھەققىدە نەسىھەتلەر قىلىپ تۇرۇش كېرەك.

ئايىتولدى يۇقىرىقى نەسىھەتىدە يەنە «سىنالغان ئىشەنچلىك دوستۇڭنى چىڭ تۇت، ئوبدان ئادەمدىن ساڭا كۆپلەپ پايدا كېلى-

① «قۇرئان كەرىم» 111 ـ سۈرە مەسەد 1 ـ 5 ـ ئايەت.



www.uyghurkitap.com

دۇ» دەيدۇ. بۇ يەردە دەۋاتقان پايدا كېلىدۇ، دېگەن سۆز ھەرگىزمۇ دوستنى پايدىنى كۆزلەپ تۇتۇش مەنىسىنى بەرمەيدۇ. باشقا بىر جايدا يۈسۈپ خاس ھاجىپ، دوست دېگەننى خۇدالىق ئۈچۈن تۇتۇش كېرەك دەپ تەشەببۇس قىلغان. بۇ يەردە دەۋاتقان كۆپ پايدا، دوستلار دېگەن ياخشى ـ يامان كۈنلەردە ئەسقاتىدۇ، يانتاياق بولىدۇ، خۇشاللىقىغا ئورتاقلىشىدۇ، غەم ـ قايغۇسىغا مۇڭداش بولىدۇ، دېگەن مەنىدە ئوتتۇرىغا قويۇلغان. ئادەمنىڭ ھەقىقىي جان كۆيەر دوستقا ئېرىشىمكى تولىمۇ تەس. ئادەمنىڭ كۈنلىرى ئىشەنچلىك، كۆيۈملۈك دوستلار بىلەن تېخىمۇ شېرىن بولىدۇ، ھاياتنىڭ مۇشەققەتلىرى بىلىنمەيدۇ. دۈشمەنلىك بولۇش ئادەمنىڭ يېگىنىنى زەھەر، كىيگىنىنى كېپەن قىلىدۇ. شۇڭا دوستلارغا كۆيۈنۈشنى، ئۇلارنىڭ دەردىگە دەرمان، خۇشاللىقىغا جور بولۇشنى بىلىش كېرەك. دوست دېگەن ياخشى كۈنلەردە بولسۇن، يامان كۈنلەردە بولسۇن ھەرقاچان غەمگۇزار بولالىسا، ئۇ ھەقىقىي دوست، ئەگەر دوستنى يامان كۈنگە قالغاندا ئۆزىنى تارتقان دوست دوست ئەمەس، بەلكى تۇزكوردۇر. ساداقەت دېگەن بۈيۈك پەزىلەت، ساداقەتسىزلىك قىلىش پەزىلەت مۇنارىنى كۆمپەيكۇم قىلغانلىقتۇر. ساداقەتنى، ئىشەنچنى ئەرزىمىگەن ئىش، ئازغىنا مەنپەئەت ئۈچۈن سېتىۋەتكەن ئادەم ھەقىقىي لەنەت ـ نەپرەتكە لايىقتۇر. بىراق بىر شەرت شۇكى، دوستنى تاللاپ تۇتۇش كېرەك. ئەقىللىق، ياخشى نەسەبلىك، پەزىلەتلىك ئادەمنى دوست تۇتۇشقا ئىشتىراك قىلىش كېرەك. ئەقىلسىز، پەزىلەتسىز، نادان ئادەم ھەرگىزمۇ دوستلۇققا يارىمايدۇ. كونىلار شۇڭا: «نادان دوستتىن، دانا دۈشمەن ياخشى» دەپ ئاگاھلاندۇرغان. نادان دوستتىن ئاپەت كېلىشى مۇمكىن، دانا دۈشمەندىن ياخشىلىق يېتىشى مۇمكىن. بۇ خۇسۇستا نۇرغۇن، نۇرغۇن ئىبرەتلىك ساۋاقلار بارلىققا كەلگەن. شۇڭا بۇ ھەقىقەتتىن گۇمانلىنىشقا ئاساسىمىز يوق.

دوستلۇق رىشتىسىنى ئۈزۈشكە سەۋەب بولىدىغان ئەڭ قەبىھ

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

قارا قول سوخەنچىدۇر. سوخەنچىنىڭ سۆزىگە ئىشىنىپ ئۆزۈن يىللار سىنالغان دوستىغا گۇمانىي نەزەردە قاراپ، دوستلۇق رىشتىسىنىڭ بېغىنى بوشىتىۋېتىش ئەڭ چوڭ ئەقىلسىزلىك ۋە بىغەرەزلىك بولىدۇ. ئادەم ئاۋۋال ئۆزىنىڭ كۆڭلىگە، ئۆزىگە ئىشىنىش كېرەك. ئادەم ئۆزىنىڭ يېقىن دوستىنى باشقىلارغا قارىغاندا ياخشىراق چۈشىنىپ تۇرۇپ، يەنە باشقىلارنىڭ پىتنە - پاساتلىرىغا ئىشىنىپ كېتىش، ئۇ دوستلۇقنىڭ تېخى ھەقىقىي دوستلۇق دەرىجىسىگە كۆتۈرۈلمىگەنلىكىنىڭ ئىپادىسىدۇر. شۇڭا باشقىلارنىڭ گەپ - سۆزلىرىنى ئاڭلاپ قويۇش، بىراق يەنىلا ئۆزىنىڭ كۆڭلى بىلەن ئىش تۇتۇش كېرەك. باشقىلار بۇرنىدىن نەگە يېتىلىسە شۇ يەرگە بارىدىغان گول تۆگىدەك بولۇپ قالساق، ئەل ئارىسىدا ئىشەنچسىز، تۇتۇرۇقسىز دېگەن ئاتاققا قالىمىز. تۆگە دېگەن يانتاق يەيدۇ، ئادەم دېگەن نان.

ئاتا - ئانىلار ئائىلە تەربىيىسىدە پەرزەنتلەرنىڭ ھەربىر قەدىمىنى پۇختىلىق بىلەن بېسىشىغا، ئەل ئارىسىدا ئىشەنچلىك دېگەن شەرەپلىك ئاتاققا ئېرىشىشىگە، ئىشەنچسىز دېگەن ئاتاققا قالماسلىقىغا ئاگاھلاندۇرۇپ تۇرۇشى كېرەك. ئادەم ئىشەنچلىك دېگەن نامغا ئېرىشكەندە نۇرغۇن ئىشلىرى ئوڭۇشلۇق راۋاجلىنىدۇ، بەخت - سائادەت ئىشىكىمۇ داغدام ئېچىلىدۇ، ئەگەر باللار ئىشەنچسىزلىك بەتنامىغا قالسىلا پۈتۈن ئىشلىرى تەتۈرگە ماڭىدۇ، كىشىلەرمۇ ئۇلاردىن قاچىدۇ، دۇنيادا يالغۇز قالىدۇ. ئەل ئارىسىدا ئىشەنچلىك دېگەن نامغا مۇشەررەپ بولۇش نېمىدېگەن كاتتا ئىمتىياز. بۇنداق تولۇق ئىمتىيازغا نائىل بولۇش ئۈچۈن ئاتا - ئانىلار ئاساس سېلىشىلىرى كېرەك.

### 7. سەۋرلىك ۋە ئېغىر - بېسىق، شېرىن تىللىق بولۇشنىڭ خاسىيىتى

ئادەمنىڭ مىجەز - خاراكتېرىگە ۋەكىللىك قىلىدىغان ئەڭ

مۇھىم ۋە گۈزەل ئالامەت بار، ئۇ بولسىمۇ سەۋردۇر؛ ئادەمنىڭ پەزىلىتىگە ۋەكىللىك قىلىدىغان بىر ئالامەت بار، ئۇ بولسىمۇ تىلدۇر. ئۇيغۇر خەلقى ئائىلە تەربىيىسىدە پەرزەنتلەرنىڭ خاراكتېر تەربىيىسى ۋە پەزىلەت تەربىيىسىدە سەۋرلىك بولۇش بىلەن گۈزەل، شېرىن تىللىق بولۇشقا كۆڭۈل بۆلۈپ كەلگەن.

ئايتولدى ئوغلى ئۆگدۈلمىشكە بەرگەن ئائىلە تەربىيىسىنىڭ مەزمۇنىدا سەۋرلىك، شېرىن تىللىق بولۇشقا دالالەت قىلغان تەربىيە ئۆرنەكلىرىنى كۆرىمىز: «ئوغلۇم، ـ دەيدۇ ئۇ، ـ ھەرقانداق ئىشنى قىلىشتا ھودۇقما، ئېغىر ـ بېسىق، سەۋرلىك، تەمكىن بول. سەۋرلىك ۋە شېرىن تىللىق بولساڭ بەخت ساڭا قۇچاق ئاچىدۇ. ھەرقانداق سورۇندا تىلىڭنى كۆزەتكىن، كۆزۈڭگە ھەم ھېزى بول، نەپسىڭنى يىغىپ ھالال يېمەكنى ئادەت قىل. ئېغىزىڭغا غىدىزانى ئاز ـ ئازدىن لوقما ئەت.» (1311 ـ 1312)

سەۋر ئادەم ئۈچۈن ئەڭ كاتتا روھىي نېمەتلەرنىڭ بىرى. سەۋرلىك بولۇش ناھايىتى كۆپ پەزىلەتلەرنىڭ ئاساسى، سەۋرسىزلىك نۇرغۇن پەزىلەتسىزلىك ۋە گۇناھلارنىڭ ئانىسىدۇر. سەۋرنىڭ ھېكمىتى ۋە مەنىسى ناھايىتى كەڭ ھەم چوڭقۇر بولۇپ، ئۇ روھىي ھايات بىلەن ماددىي ھايات ئوتتۇرىسىدىكى مۇناسىۋەت، ئالىي ئەخلاق بىلەن ئەخلاقسىزلىق ئوتتۇرىسىدىكى مۇناسىۋەت پاسىلى، خاراكتېر بىلەن خاراكتېرسىزلىقنىڭ ئوتتۇرىسىدىكى چېگرانى ئىپادىلەپ بېرىدىغان كۆپ قاتلاملىق مۇناسىۋەت داۋامىدا ئادەمنىڭ چىشى بىلەن ئەركىكىنى، مەردانىلىكى بىلەن زەئىپلىكىنى ئايرىيدىغان مۇھىم پاسىل بولۇپ، ئۇ ئۆزۈن مەزگىللىك روھىي ۋە جىسمانىي جەھەتتىن چېنىقىش ۋە روھنى تاۋلاش ئارقىلىق ئېرىشكىلى بولىدىغان ئەخلاق تەلەپلىرىدىن ئىبارەت. مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام سەۋر توغرىسىدا مۇنداق بىر ھېكمەتلىك سۆزنى دېگەن: «تەڭرى بىرەر ئادەمگە سەۋردىن چوڭ ۋە ياخشى نەرسە ئاتا قىلمىغان».

ئەگەر ئىنسانلارنىڭ ۋۇجۇدىغا سەۋر ـ چىدام نېسىپ قىلىنمىغان

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

بولسا، ئىنسانلار دۇچ كەلگەن ھەر خىل كۆلپەتلەرگە بەرداشلىق بېرەلمىگەن، تۇرمۇشنىڭ ئېغىرچىلىقلىرىنى كۆتۈرەلمىگەن، ئاغرىق - سىلاق، ئۆلۈم - يېتىمنىڭ ئەلەملىرىگە تاقەت قىلالمىغان ۋە ھەتتا ئۆزلىرىنى ئۆزلىرى ھالاك قىلغان بولاتتى. كىشىلەر پەقەت روھىدا مۇجەسسەم قىلىنغان سەۋر - چىدام كۈچى بىلەن يۇقىرىقىدەك ئازابلار ئۈستىدىن غالىب كېلىپ، ئۈزلۈكسىز تىرىشچانلىق بىلەن ھايات يولىنى داۋاملاشتۇرۇش ئۈچۈن قۇدرەتلىك مەنىۋى كۈچكە ئىگە بولالايدۇ.

سەۋرنىڭ يەنە بىر ھېكمىتى شۇكى، ئۇ كىشىلەرنى تەمكىن، ئېغىر - بېسىق قىلىدۇ. شەيتاننىڭ ئازدۇرۇشىدىن ساقلايدۇ. غەزەپنى تەرك ئېتىپ، ئەپۇنى دوست تۇتۇشقا ياردەم بېرىدۇ. شۇڭا ھەدىستە: «ھەقىقىي باتۇرلۇق چېلىشىش بىلەن ئەمەس، پەقەت غەزىپى كەلگەندە ئۆزىنى تۇتۇۋېلىش بىلەن بولىدۇ» دېيىلگەن. ھەقىقەتەن غەزەپ، ئالدىراقسانلىق، سەۋرسىزلىك ئادەمنى ئەقىلدىن مەھرۇم قىلىدۇ. شۇڭا بۇ خۇسۇستا مۇتەپەككۇرلارمۇ ناھايىتى قىممەتلىك نەسىھەتلەرنى قالدۇرغان: «ئېغىر - بېسىقلىق ھەممە فرىلار تائامنىڭ تۇزىدۇر. ئەگەر بىراۋ ئۆز دېمەتلىكلىرىدىن ھېچكىم ئۇنىڭغا يېتەلمىگۈدەك دەرىجىدە شۇنداق ياخشى ۋە كۆپ پەزىلەت ھەم ھۈنەرلەرنى ھاسىل قىلغان شۇنداقلا بارلىق زامان ئەھلى ئۇنىڭ تەرىپىنى قىلغۇدەك دەرىجىدە ياخشى فرىلارنى جەم قىلغان بولسىمۇ، ئۇنىڭ زاتىدا يەڭگىللىك ۋە ئالدىراڭغۇلۇق ھەمراھ بولغان بولسا، ئۇنىڭ ھەممە ھۈنەرلىرى خۇددى تۇزسىز تائامغا ئوخشاش بىمەززە بولۇپ، خالايىقنىڭ تەبىئىتىگە ياقمايدۇ - دە، ھېچكىم ئۇنىڭغا رىغبەت قىلمايدۇ. ئالدىراڭغۇلۇق ئەقىللىق كىشىلەرنىڭ سۈپىتى ئەمەس؛ بەلكى ئۇ شەيتاننىڭ ۋەسۋەسە قىلىشىدىن كېلىپ چىققان بىر ئىشتۇر.»① ھەرقانداق كىشى ئىشنىڭ بىناسىنى سەۋر ۋە چىدام

① «كەلىلە ۋە دېمنە» شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، 1984 - يىل نەشرى، ئۇيغۇرچە، 553 - بەت.

ئۈستىگە قويمىسا، مۇھىم ئىشلارنىڭ داۋامىنى ئېغىرلىق ۋە ياۋاشلىق بىلەن مۇستەھكەملىمىسە، قىلغان ئىشنىڭ ئاخىرى مالامەتكە بېرىپ توختايدۇ. ئەھۋالنىڭ ئاقىۋىتىدە ھەسرەت ـ نادامەت تارتىدۇ. ئىنسانلار ئۈچۈن ھەممىدىن ياخشىراق سۈپەت ئاللا ئادەمنى ياراتقان ۋاقتىدا ئۇنىڭ بىلەن زىننەت بەرگەن ۋە پۈتۈن ئالەم ئەھلىگە ئۇنىڭ بەرىكىتىدىن شەرەپ ۋە ئۇلۇغلۇق بەرگەن سۈپەت ـ ئېغىرلىق ۋە ياۋاشلىقتۇر. شۇڭا نەسىھەتنىڭ ئەڭ كاتتىسى سەۋر قىل، غەزەپلەنمە دېگەن كەلىمىدىن ئىبارەت بولۇپ كەلگەن. بىر كىشى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا ماڭا نەسىھەت قىلسىلا دېدى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام «غەزەپلەنمە» دېدى. ئاندىن ئۇ ئادەم يەنە بىرقانچە قېتىم بۇ تەلەپنى تەكرارلىغان ئىدى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام يەنىلا «غەزەپلەنمە» دېدى. (بۇخارى رىۋايەت قىلغان ھەدىستىن)

سەۋرنىڭ يەنە بىر خاسىيىتى شۇكى، ئۇ ئادەمگە ئىرادە، چىدام ئاتا قىلىدۇ. سەۋرنىڭ ئەسلىي مەنىسىمۇ چىدام ۋە رازىلىق دېگەن بولىدۇ. ھەقىقىي ئىرادىلىك، چىداملىق ئادەملەر سەۋرلىك بولىدۇ، غەيرەتسىز، ئىرادىسىز، خاراكتېرى بوش ئادەملەرنىڭ سەۋر قاچىسى ئوڭايلا يېرىلىپ كېتىدۇ ـ دە، كۆزلىگەن مەقسەتكە يېتەلمەيدۇ. «ھەركىم زامان ھادىسىلىرى ئوت ياغدۇرغاندا سەۋر ئولجىسىنى يۈزىگە تۇتسا، ئەلۋەتتە ئۈمىد ئوقى مۇراد نىشانىسىگە تېگىدۇ ۋە ئۇ بالالاردىن ھېچ زەرەر يەتمەيدۇ. سەۋر شادىمانلىق ئاچقۇچىدۇر. راھەت ئىشىكى ئۇ ئاچقۇچتىن ئۆزگە ئاچقۇچ بىلەن ئېچىلمايدۇ»①.

يۈسۈپ خاس ھاجىپ «قۇتادغۇبىلىك» نىڭ يەنە بىر سەھىپىسىدە سەۋرنىڭ ھېكمىتى توغرىسىدا مۇنداق مىسرالارنى تىزىدۇ:

① كاشىفى «ئەخلاقول موھسىنىن»، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، 2002 ـ يىل نەشرى، 26 ـ بەت.

www.uyghurkitap.com

557 ئالدىرىماي كۈتكۈلۈك ئىشقا پەيتنى دەل،
ھەي ھېكىم، ئىش بولۇر ئۆز پەيتىدە ھەل.

587 ئالدىراش قىلما ئىش، سەۋر بىرلە قىل،
ئالدىراپ قىلغان ئىش تاڭنا پۇشمان، بىل.

بىراق سەۋرنىڭ مەنىسى كىشىلەر تەرىپىدىن خاتا قوبۇل قىلىنىۋالغانلىق سەۋەبلىك، سەۋرنى كۆرەش قىلماي، تىرىشچانلىق قىلماي، ھەرقانداق زۇلۇم ۋە ھاقارەتكىمۇ باش ئېگىش، ئۇ ئىشلارنىڭ ئۆزلۈكىدىن ھەل بولۇپ كېتىشىگە تەشنا بولۇپ كۈتۈپ تۇرۇش دەپ چۈشىنىۋالغان. ئەمەلىيەتتە سەۋر دېمەك ھايات يولىدا دۇچ كەلگەن ھەرقانداق مۇشەققەتلەرگە باش ئەگمەي باتۇرلارچە ئالغا ئىلگىرىلەش، مەقسەتكە يەتمىگۈچە قەدەم توختاتماسلىق دېگەن مەنىدە يۇرگۈزۈلىدۇ. ئەگەر ئادەم بىرەر ئىشنى مەقسەت قىلغان بولسا، ئۇ ئىشنى چىدام، غەيرەت بىلەن تاماملىمىسا قانداق مۇۋەپپەقىيەت قازىنىدۇ. بىر ئىشنىڭ يېرىمىغا كېلىپلا بەل قويۇۋەتكەنلىك ھەقىقىي سەۋرسىزلىك بولۇپ، ئۇنداق ئىش خاراكتېرنىڭ بوشلۇقىدىن، ئىرادىنىڭ سۇسلۇقىدىن، ئۈمىدنىڭ يوقلۇقىدىن يۈز بېرىدۇ. شۇڭا يۈسۈپ خاس ھاجىپ پەرزەنت تەربىيىسىدە بالىلارنى سەۋرلىك قىلىپ تەربىيىلەش تەلىپىنى قويىدۇ. بۇنىڭ ئۈچۈن ئاتا - ئانىلار بالىلارنى روھىي جەھەتتىنمۇ، جىسمانىي جەھەتتىنمۇ چېنىقىش، ئۆزىنى تاۋلاش پۇرسىتىگە ئىگە قىلىشلىرى كېرەك. بىرەر مۇشەققەتكە دۇچ كەلمىگەن، تۇرمۇشتا بەزى زەربىلەرگە ئۇچرىمىغان بالىلار تاسادىپىي يۈز بەرگەن بەزى ئوڭۇشسىزلىقلار ئالدىدا ئامالسىز قالىدۇ. بۇ ئەلۋەتتە ئۇلار ئۈچۈن تولىمۇ پايدىسىزدۇر.

يۇقىرىقى نەسىھەتنىڭ مەزمۇنىدا ئايتولدى ئۆگدۈلمىشكە تىلى-

غا ھاكىم بولۇشقا، شېرىن سۆزلەرنى دېيىشكە، قوپال سۆزلەرنى
ئېغىزدىن چىقارماسلىققا دەۋەت قىلىدۇ. بۇنىڭدىكى مۇددىئا ئادەم
تەمكىنلىكنى يوقاتقاندا، غەزەپ قايناپ - تاشقاندا دېمەيدىغان گەپ-
لەرنى قىلىپ قالىدىغان، قىلمايدىغان ئىشلارنى قىلىپ قالىدىغان
ئىش يۈز بېرىدۇ. شۇڭا باللارغا ھەرقانچە ئاچچىقى ئۆرلەپ تاشقان-
دىمۇ ئۆزىنى بېسىۋېلىشقا، ئېغىزىدىن يارامسىز، پەزىلەتكە يات
بولغان گەپ - سۆزلەرنى چىقارماسلىققا ئاگاھلاندۇرۇپ تۇرۇش
كېرەك. ھەرقانداق ئىش ئۆتۈپ كېتىدۇ، بىراق يامان تىلنىڭ
زەھىرى ئوڭايلىقچە چىقىپ كەتمەيدۇ. ئەسكى تىللىق ئادەم ئەل
ئارىسىدا ئۆزىنىڭ ئابرۇيىنى ئۆزى تۆكىدۇ.
يۇقىرىدا تەۋسىيە قىلىنغان كۆزۈڭنى كۆزەتكىن، گېلىڭغا
ھېزى بول، ئاز- ئازدىن لوقما ئەت دېگەن سۆزلەرنىڭمۇ تەربىيىۋى
قىممىتى ناھايىتى يۇقىرى. پەزىلەتلىك ئادەم قارىمايدىغان نەرسى-
لەرگە، قارىمايدىغان ئىشلارغا قارىمىغۇلۇق. باشقىلارنىڭ ئۆيىدە
ئۇيانغا، بۇيانغا قاراپ كەتكەندە ئەدەپسىزلىك بولىدۇ ۋە باشقىلارنىڭ
گۇمانىنى قوزغايدۇ. ئىسلام ئەقىدىسىدە، تەقۋادار كىشىلەر ئەرزى-
مىگەن نەرسىلەرنىڭ يېنىدىن ئۆتكەندە ئالىيجانابلىق بىلەن ئۆتۈپ
كېتىدۇ، دەپ باھا بەرگەن. ئەرزىمىگەن ئىشلارغا سەپسېلىش ئادەم-
نى چاكىنا ئەھۋالغا چۈشۈرۈپ قويىدۇ. يەنە بىرى، باللارغا باشقا
كىشىلەرگە تولىمۇ تىكىلىپ قارىۋالماسلىققا، ئاياللارغا شەھۋانىي
نەزەر بىلەن قارىماسلىققا، كىشىلەرنىڭ دېرىزىسىدىن، ئىشىكىدىن
مارايدىغان يامان قىلىقلارنى قىلماسلىققا ئاگاھلاندۇرۇپ تۇرۇش
كېرەك.
غىزالىنىشمۇ پەزىلەتكە مۇناسىۋەتلىك مۇھىم بىر كۆزگۈ. بۇ-
نىڭدىمۇ نۇرغۇن قائىدە - يوسۇنلار بار. بۇ خۇسۇستا، باللارنى
گال ئاۋارىسى بولۇپ قېلىشتىن توسۇش، تاماق يېيىشتىن بۇرۇن
قولىنى پاكىز يۇيۇشقا ئادەتلەندۇرۇش، تاماقنى ئۆرە تۇرۇپ ئەمەس،
ئولتۇرۇپ يېيىشكە دەۋەت قىلىش، تاماقنىڭ بارىغا قانائەت قىلىدى-

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

غان، تاماق تاللىمايدىغان ياخشى ئادەتنى يېتىلدۈرۈش، تاماقنى ئىنىڭ قول بىلەن يېيىشنى ئۆگىتىش، تاماق يېيىشتىن بۇرۇن بىسمىللا دېيىشكە دەۋەت قىلىش، تاماقنى خارلىماسلىق، بۇزۇپ، چاچماسلىقتا ئۆگىتىش قاتارلىق پەزىلەت تەلەپلىرىنى ئۆگىتىشكە ئەھمىيەت بېرىش لازىم.

## 8. بالىلارنى راستچىللىق ۋە سەممىيلىككە ئۆگىتىش تەلەپلىرى

ئايتولدىنىڭ ئوغلى ئۆگدۈلمىشكە بەرگەن پەزىلەت تەربىيىسىنىڭ مەزمۇنىدا ئەل ئارىسىدا راستچىل، سەممىي، مەردلىك نامى بىلەن ئۇلۇغلىنىشنى، يالغانچى، كاززاپلىق بەتنامىغا قالماسلىقنى ئۈمىد قىلىۋاتقانلىقىنى كۆرىمىز: «بالام، تىلىڭدىن ھەرگىز يالغان سۆزنى چىقارما، تىلىڭدىن چىققان شۇ يالغان بىلەن ئۆزۈڭنى خار ۋە بىئېتىبار قىلىسەن.» (1326) يۈسۈپ خاس ھاجىپنىڭ ئۆزىنىڭ بىۋاسىتە تەربىيىسىدىمۇ راستچىللىققا، سەممىيلىككە دەۋەت قىلغان بايانلىرى خېلى كۆپ سەھىپىنى ئىگىلىگەن: «بىلىش كېرەككى، سەن ئۇچۇن پايدىسىز بولغان مۇنداق ئۈچ نەرسە بار. بىرى، كاجلىق ۋە قىلىقتا ياۋۇزلۇق؛ يەنە بىرى، سۆزدىكى يالغانچىلىق؛ ئۇچىنچى، بېخىللىق. كىمكى يالغانچىلىق بىلەن ئاتالسا، بۇ ئەسكى نام ئۆلگىچە پېشانىدىن كەتمەيدۇ.» يۈسۈپ خاس ھاجىپ يەنە راستچىللىق ۋە سەممىيلىكنى مەردلىكنىڭ، ھەققانىيلىقنىڭ بەلگىسى سۈپىتىدە تىلغا ئالىدۇ: «ھەقىقىي مەرد، چىن ئەر شۇكى، يۈرىكىنى ئالىقىنىغا ئېلىپ، ئەل ئارىسىدا ئوياتماي يۈرەلىسە بولىدۇ.» بۇ يۈسۈپ خاس ھاجىپنىڭ پەرزەنتلەرنى سەممىي بولۇشقا دەۋەت قىلىپ قىلغان مەشھۇر خىتابى.

ئۆز دەۋرىدە راستچىللىق ۋە سەممىيلىكنى نېمە ئۈچۈن بۇنداق كۈچەپ تەرغىب قىلىدۇ؟ چۈنكى راستچىللىق ۋە سەممىيلىك ئادەمنىڭ ئىنسانىي پەزىلىتىنى سىنايدىغان ئەڭئەنىۋى ئۆلچەم بو-

لۇپلا قالماي، بەلكى ئۇ ئىسلام ئەقىدىسىدىمۇ مۇھىم ئەخلاقىي پرىنسىپ سۈپىتىدە دەۋەت قىلىنغانلىقىدا. ئابدۇل مەلىك ئىبنى مەرۋان ئۆزىنىڭ بالىسىنى تەربىيىلەيدىغان كىشىگە نەسىھەت قىلىپ مۇنداق دېگەن: «كىچىك بالىلارغا خۇددى قۇرئان كەرىمنى ئۆگەتكەندەك راستچىل بولۇشنى ئۆگەتكىن، ئۇلارنى گۈزەل ئەخلاقتا ئۇنده، ئۇلارغا شېئىر دېكلاماتسىيە قىلىپ بەرگىن، يۈرەكلىك، باتۇر بولۇپ يېتىلىدۇ. ئۇلارنى مۆتىۋەر، مويسىپىت كىشىلەر بىلەن، ئىلىم ئەھلىلىرى بىلەن ھەمسۆھبەت قىل. ئۇلارنى تۆۋەن تەبىقە كىشىلەردىن يىراق تۇت. چۈنكى ئۇلار (كۆپىنچە ھاللاردا) ئەدەپسىز كېلىدۇ. ئادەم يوق يەردە ئەدەپلەپ تۇر، يالغان گەپ قىلسا ئۇر، يالغان گەپ ئەخلاقسىزلىققا چاقىرىدۇ، ئەخلاقسىزلىق دوزاخقا چاقىرىدۇ.»[1] ئىسلام ئەخلاقى پرىنسىپلىرىدا يالغانچى ئادەمدە مۇناپىقلىقتىن بىر ھەسسە بولغان بولىدۇ، دەپ قارايدۇ. راستچىللىق ھەققانىيەتچىلىك بىلەن تەڭ تۇرىدۇ. دېمەككى، ھەققانىيەتچى ئادەم راستچىل ئادەمدۇر. مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام «نىجات ـ راستلىقدۇر» دېگەن. مۇسۇلمانلار راستچىللىق ۋە سەمىمىيەتنى ئەخلاقنىڭ بىر تەركىبىي قىسمى دەپلا قارىماستىن، بەلكى ئۇنى ئىمان ۋە ئىسلامنىڭ تولۇقلىمىسى دەپ قارايدۇ. چۈنكى ئىسلام پۈتۈن ئىنسانلارنى راستچىل بولۇشقا بۇيرۇغان: «ئى مۆمىنلەر! ئاللادىن قورقۇڭلار، راستچىللار بىلەن بىللە بولۇڭلار» (تەۋبە 119 ـ ئايەت). پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن: «راستچىللىقنى چىڭ تۇتۇڭلار، راستچىللىق ياخشىلىققا باشلايدۇ، ياخشىلىق جەننەتكە باشلايدۇ. بىر ئادەم داۋاملىق راستچىل بولىدۇ ۋە راستچىللىقنى چىڭ تۇتىدۇ. ئاخىرى ئاللانىڭ قېشىدا راستچىل دەپ يېزىلىدۇ. يالغانچىلىقتىن ساقلىنىڭلار، يالغانچىلىق بۇزۇقچىلىققا باشلايدۇ، بۇزۇقچىلىق دوزاخقا باشلايدۇ.» (مۇسلىم رىۋا-

---

① شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى 2002 ـ يىلى نەشر قىلغان: «سەھىھ ھەدىسلەر» دېگەن كىتابتىن ئېلىندى

يەت قىلغان)

دېمەك، راستچىللىق ياخشى ئەخلاقنىڭ نەمۇنىسى، يالغانچىلىق يامان ئەخلاقنىڭ ئىپادىلىنىشى. پەرزەنتلەرنى ھاياتىي دۇنيادا پاك، گاڭگۇڭ، ھۆرمەتلىك، قەدىر - قىممەتلىك بولسۇن دېگەن ئادەم ئۇلارنى كىچىكىدىن باشلاپ راستچىللىققا ئادەتلەندۈرۈش، يالغانچىلىقتىن توسۇش مەجبۇرىيىتى بار. راستچىل بولۇشنىڭ تەلەپلىرى ناھايىتى كۆپ بولۇپ، مۇنداق بىرقانچە تەرەپلەردە ئىپادىلىنىدۇ:

بىرىنچى، گەپ - سۆزلەردە راستچىل بولۇش. گەپ - سۆزدىكى راستچىللىق ھەققانىيەتچى، قەلبىنىڭ پاك بولغانلىقىنىڭ بىر دەلىلى. يالغانچىلىق ناپاكلىققا دەلىلدۇر. ئۇنى مۇناپىقلىق جۈملىسىدىن ھېسابلايدۇ. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇناپىقلىقنىڭ ئۈچ خىل ئالامىتىنى كۆرسىتىپ، ئۇنىڭ بىرىنچى ئالامىتىنى «سۆزلىسە يالغان سۆزلەيدۇ»[1] دەپ سۈپەتلىگەن.

ئىككىنچى، مۇئامىلىدە راستچىل بولۇش. مۇئامىلە، مۇناسىۋەتتە راستچىل بولۇشقا ئۆگىتىش كىشىلەر ئارىسىدا ئىشەنچكە ئىگە بولۇشقا سەۋەبچى بولىدۇ. ئەگەر كىشىلەردە ئىشەنچ كۆتۈرۈلۈپ كەتسە، بىر - بىرىگە خىيانەت قىلىشتىن باشقا نېمە قالىدۇ. دېمەك مۇئامىلىدىكى يالغانچىلىق خىيانەتكار قىلىپ قويىدۇ.

ئۈچىنچى، ئىرادە قىلغان ئىشنى ئىشقا ئاشۇرۇشقا ھەيدەكچىلىك قىلىش كېرەك. يېرىم يولدا يالتىيىۋېلىشمۇ يالغانچىلىقتۇر. ئۇيغۇرلاردا: «ئەر سۆزىدىن يانماس، يولۋاس ئىزىدىن» دېگەن ئەقىدە بار. يەنە بىر تەمسىلدە: «ئەرنىڭ سۆزى بىر، ئېگەرنىڭ كۆكى ئۈچ» («تۈركىي تىللار دىۋانى» 2 - توم 413 - بەت) دېيىلگەن. ئۇ ئەمەلىيەتتە ئۇيغۇرلارنىڭ مەردلىك خىتابى. مەرد ئادەم دەيدۇ، قىلىدۇ، نامەرد ئادەم دەيدۇ، قىلمايدۇ. بالىلار بىرەر ئىشقا ئىرادە

---

[1] بىرلىككە كەلگەن ھەدىس.

قىلغان بولسا، ئىككىلەنمەي ئۇ ئىشقا كىرىشىشى ھەم ئىشنى ئاخىرىغا ئېلىپ چىقىشى لازىم. يېرىم يولدا يالتىيىۋالغان ئادەم كاززاپ، يالغانچى، چىدىماس ئادەمدۇر. بۇنداق خاراكتېردىكى بالىلار ھەرگىزمۇ مۇۋەپپەقىيەت قازىنالمايدۇ.

تۆتىنچى، ۋەدىدە راستچىل بولۇش تەلەپ قىلىنىدۇ. نېمىگە، كىمگە ۋەدە قىلغان بولسا، ئۇنى ئەستايىدىل ئورۇنلاش راستچىللارنىڭ ئۆلگىسى. ئۆمرىدە يالغان سۆزلىمەسلىك، قىلغان ۋەدىسىدىن يېنىۋالماسلىق كېرەك. رىۋايەت قىلىنىشىچە: ئابدۇللا ئىبنى ھۇمىسائىدىن مۇنداق دېگەن: «مەن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام پەيغەمبەر بولۇشتىن ئىلگىرىلا ئۇنىڭغا بەيئەت قىلغان ئىدىم. مەن ئۇنىڭغا بىر نەرسە تەييارلاپ ئەكىلىپ بېرىشكە ۋەدە قىلدىم. ئۇ شۇ ۋەدىلەشكەن يەردە تۇرۇپ تۇرۇشقا ۋەدە بەردى. لېكىن مەن ئۇنتۇپ قېلىپ ئۈچ كۈندىن كېيىن ئېسىمگە كەلدى. كەلسەم ئۇ ۋەدىلەشكەن ئورۇندا تۇرۇپتۇ. ئۇ: ئى يىگىت، سېنى كۈتۈپ ئۈچ كۈندىن بېرى مۇشۇ يەردە تۇردۇم. مېنى خېلى تەسلىكتە قويدۇڭ، دېدى.» شۇڭا پەيغەمبەرلىككە راستچىل ئادەملەردىن تاللىغان.

بەشىنچى، ئىچ ـ تېشى بىردەك بولۇش يەنى سەمىمىي بولۇش تەلىپى. ئۇيغۇرلار تىلى بىلەن دىلى، دېگىنى بىلەن قىلغىنى بىر خىل بولغان ئادەملەرنى راستچىللاردىن ھېسابلايدۇ. ئەكسىچە بولسا يالغانچى ھېسابلىنىدۇ. ھەقىقىي راستچىل ئادەم ئوچۇق ـ ئاشكارا بولىدۇ، يوپۇقلىنىۋالمايدۇ. ئالدىدىمۇ، ئاخىرىدىمۇ بىر خىل بولىدۇ، كۆرۈنۈشتىمۇ، ئەمەلىيەتتىمۇ بىر خىل بولىدۇ. بەزى ئادەملەر ياسالما بولىدۇ. ئۆزىنى ئۆزىدە يوق نەرسىلەر بىلەن ماختايدۇ، ئۆزىدە يوق نەرسىلەر بىلەن بېزەيدۇ. سۇنئىيلىك قىلىپ ئارتۇق تەكەللۇپ قىلىدۇ. بۇنداق ئادەملەرگە قارىتا: «يوق نەرسە بىلەن تويغۇچى، يالغان كىيىم بىلەن كىيىنگەنگە ئوخشايدۇ» دېيىلگەن. بۇنىڭ مەنىسى ئۆزىنى باي ـ باياشات كۆرسىتىش ئۈچۈن يېمىگەن نەرسىلەر بىلەن ماختانغان. يەنە بىرى، مانداق نەرسىلەرنى

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com

يېدۇق دېيىش، ئۆزى نامرات تۇرۇقلۇق باي كۆرسىتىش ئۈچۈن
نوچى كىيىملەرنى كىيىۋېلىپ، ھەتتا باشقىلارنىڭ كىيىمىنى كىيى-
ۋېلىپ ئۆزىنى كۆرسىتىش، ئۆزىنى تەقۋادار كۆرسىتىش ئۈچۈن
قەستەن ئاددىي - ساددا كىيىم كىيىۋېلىش قاتارلىقلارغا ئوخشاش
ياسالما قىلىقلارنىڭ ھەممىسى يالغانچىلىققا كىرىدۇ. ئادەم دېگەن
ئۆزىنىڭ تۇرقى بىلەن كۆرۈنۈشى كېرەك، بولمىسا ئۈچىسىدىكى
ئۆتنە ئالغان كىيىملەرنى سالدۇرۇۋالسا يالىڭاچ قېلىپ رەسۋا بولى-
دىغان گەپ. ھازىر تۇرمۇشىمىزدا بۇ خىلدىكى يالغانچىلار تولىمۇ
كۆپىيىپ كەتتى. بىر ئايدا بىر تويغا بارغان بولسا ئون تويغا باردىم
دەپ ئۆزىنى باردى - كەلدىسى جىق ئادەم قىلىپ كۆرسىتىدىغان،
ھەجگە بارغۇدەك ئىقتىسادىي ئەھۋالدا ئەمەس تۇرۇپ، زورلاپ ھەج-
گە بېرىپ ئۆزىگە ئىناۋەت تىكلەش، شۇنچە كۆپ مال - دۇنياغا
ئىگە بولۇپ تۇرۇپمۇ، يەنىلا جۇلدۇر - كىپەن، قاسماق يۈرۈش
قاتارلىقلارنىڭ ھەممىسى يالغانچىلىقتۇر. بۇنىڭ ھەممىسى تەربىيە-
سىزلىكتۇر.

راستچىللىق ئادەمگە روھىي خاتىرجەملىك، ئوچۇق -
يورۇقلۇق، ئەل ئارىسىدا ئىشەنچ ئاتا قىلىدۇ. يالغانچى ئادەمنىڭ
روھى ھەرگىز خاتىرجەم بولالمايدۇ. يالغانچى ئادەم مىڭ ئادەمنىڭ
ئارىسىدىمۇ يالغۇز قالىدۇ. راستچىللىق ئىشلارغا ئۇتۇق، بەرىكەت
ئېلىپ كېلىدۇ. يالغانچىلىق ئاخىرى زاۋاللىققا سەۋەب بولىدۇ.
تەلىم - تەربىيىدىكى راستچىللىققا ئۆگىتىش، يالغانچى بولۇپ
قېلىشتىن توسۇش، ئەمەلىيەتتە نۇرغۇن بەختسىزلىكلەر ئۈچۈن
سېلىنغان مۇداپىئە قورغانى بولۇش رولىنى ئوينايدۇ. يەنە بىر
تەرەپتىن، بۇ خىل تەربىيە ئۇنۇم كۆرسىتىدىغان بولسا، پەرزەنتلەر
ياخشى، ساغلام خاراكتېر، مەردلىك، سەمىمىيلىك، ئوچۇق -
يورۇقلۇقنى يېتىلدۈرۈشتە قىممەتلىك ئەھمىيەتكە ئىگە بولىدۇ.
ھازىر كىشىلەر يالغانچىلىقنى ماھارەت ھېسابلايدىغان بىر خىل ئىن-
تايىن ناچارخاھىش ئوتتۇرىغا چىقتى. ئاتا - ئانىلار بالىلارغا شۇنى

ئەسكەرتىپ ئۆتۈش كېرەككى، گەرچە ئادەم يالغانچىلىق بىلەن بىر قېتىم كىشىلەرنىڭ كۆزىنى بوياپ ئۆتكەلدىن ئۆتۈۋالغان بىلەن، ئەمەلىيەتتە بۇ ئارقىلىق مەڭگۈلۈك مەغلۇبىيەتنىڭ ئۇلىنى سالغان بولىدۇ. چۈنكى ئۇيغۇرلاردا «يالغانچىنىڭ قۇيرۇقى بىر تۇتام» دېگەن ھېكمەت بىكارغا ئوتتۇرىغا قويۇلمىغان.

## 9. كەمتەر بولۇش، تەكەببۇر بولماسلىقتا ئۆگىتىش

كەمتەرلىك، ئاددىي ـ ساددىلىق ئۇيغۇر خەلقىنىڭ خاراكتېرىدىكى ياخشى پەزىلەتلەرنىڭ بىرى. بۇ خىل پەزىلەت ئەل ئارىسىدا مېھىر ـ مۇھەببەت، ئىناقلىق، ئىتتىپاقلىق، بىر ـ بىرىنى قوللاش، بىر ـ بىرىگە ياردەم بېرىش، چوڭلارغا ھۆرمەت، كىچىكلەرگە ئىززەت قىلىشتەك ئادىمىيلىك پەزىلەتنى يېتىلدۈرۈشكە تۈرتكە بولغان. كىشىلەر ئارىسىدىكى بىر ـ بىرىنى پەس كۆرۈش، كەمسىتىش، كۆزگە ئىلماسلىق، بىر ـ بىرىگە غادىيىش، مەنمەنچىلىك قاتارلىق يامان ئەخلاقنى يامان كۆرۈپ كەلگەن. شۇڭا ئۇيغۇرلارنىڭ جامائەت ئەخلاقىدا چوڭ ـ كىچىك، بىلىملىك ـ بىلىمسىزلىك پەرقى روشەن ئىپادىلەنگەن بىلەن، باي، كەمبەغەللىك، ئەمەلدار ۋە پۇقرا ئوتتۇرىسىدىكى پەرققە قاراپ مۇئامىلە قىلىدىغان يامان ئادەت ئانچە روشەن ئىپادىلەنمىگەن، يەنى مۇئامىلە ـ مۇناسىۋەتتە ئەمەلدارلارغا قۇلچىلىق قىلىدىغان، بايلارغا تەمە بىلەن ئېگىلىدىغان، كەمبەغەللەرنى تۆۋەن كۆرۈپ غادىيىۋالىدىغان ئىشلارنىڭ ھەممىسى ئىنتايىن يات قىلىقلار بولۇپ، ھەرگىز قوبۇل كۆرۈلمەيتتى. ھەرقانداق ئادەمگە ئادىمىيلىك مۇناسىۋەتتە بولۇش تەلەپ قىلىنغان. چۈنكى ئۇيغۇرلارنىڭ ئەقىدىسىدە مال ـ دۇنياغا زاۋاللىق يېتىدۇ، ئاۋام مەڭگۈلۈككە ئىگە، ئەمەلدارلىقمۇ ئۆتكۈنچى نەرسە، ئەل ـ جامائەت مەڭگۈلۈككە ئىگە، ئادەم يىقىلسا يەنىلا ئەلنىڭ ئېتىكىگە يىقىلىدۇ. شۇڭا ئۆتكۈنچى نەرسىلەرگە مەغرۇرلىنىپ، كىشىلەرگە بويۇنتاۋلىق قىلغان ئادەم كېيىن زاۋاللىققا يولۇققاندا

تولىمۇ ئۇياتقا قالىدۇ، ئەل ئارىسىدا بېشىنى كۆتۈرۈپ يۈرگۈدەك يۈزى قالمايدۇ، دەپ قارىغان. ئايتولدى ئوغلى ئۆگدۈلمىشكە قىلىغان نەسىھىتىنىڭ مەزمۇنىدا كەمتەر، ئاددىي - ساددا بولۇشقا، مال - دۇنياغا تەمەننا قويۇپ كېرىلمەسلىككە دەۋەت قىلىدۇ:

«بالام، بەختكە ئېرىشكىنىڭدە كېرىلىپ ھەددىڭدىن ئاشمىغىن، ھەرقاچان ئۆزۈڭنى تۆۋەن تۇتۇپ، باشقىلارغا ياخشىلىق قىلىشنى شەرەپ بىلگىن. دۇنيا كېلىدۇ ھەم كېتىدۇ. بۇ ئۆتكۈنچى دۇنياغا ئاۋۇنما. چاپسان قېرىيدىغان دۆلەت (مال - دۇنيا) كىمۇ ئىشەنمە. چۈشتەك ئۆتۈپ كېتىدىغان تىرىكلىكىڭگە ئارتۇق بېرىلىپ كەتمە. قۇشتەك ئۇچۇپ كېتىدىغان بۇ بەختكىمۇ ئۈمىد باغلىما، ھاياتىڭنى زايە قىلماي دېسەڭ ياخشىلىق قىل. بۇ ئۆتكۈنچى كۈنلەردىن كۆپرەك ئىبرەت ئال» (1330 - 1333).

يۇقىرىقى نەسىھەتنى قىلىۋاتقان ئادەم دۆلەتتە يۇقىرى دەرىجىلىك بىر ئەمىرنىڭ ئوغلىغا قىلىۋاتقان نەسىھەتى ئىكەنلىكىنى كۆرگىنىمىزدە، ئۆز دەۋرىدىكى يۇقىرى تەبىقە ئاقسۆڭەكلىرىنىڭ ئۆزلىرىگە قانداق تەلەپ - پوزىتسىيىدە بولغانلىقىنى ھېس قىلالايمىز. ئۇيغۇر جەمئىيىتىدە ئەمەلدارلار ئۆزلىرىگە يۇقىرىقىدەك تەلەپ قويغاچقا، جەمئىيەتتە ئىككى قۇتۇپقا بۆلۈنۈش ئانچە ئېغىر بولمىغان. پادىشاھلار ھەتتا ئۆزىنى ئەلنىڭ ھۆكۈمدارى، زوراۋانى دېمىگەن، بەلكى ئەلنىڭ چاكىرى، پادىچىسى دەپ قارىغان. ئۇلار ئەلنى روناق تاپقۇزۇش، ئۇلارنى پەرزەنتىنى ئاسرىغاندەك ئاسراش ۋە ئۇلارنىڭ تەقدىرىگە كۆڭۈل بۆلۈشنى ئۆزلىرىنىڭ بۇرچى ۋە مەسئۇلىيىتى دەپ بىلگەن. شۇڭا ئۇلار ئۆزىنىڭ ھامىيلىقىدىكى پۇقرالارنى نامرات كۆرۈپ، ئۇلارغا پەس نەزەر بىلەن قاراشنىڭ ئۆزى ئۈچۈن ھاقارەت ۋە ئەيىب بولىدىغانلىقىنى تونۇپ يەتكەن. پۇقرالارمۇ ئۆزىنىڭ خاقانلىرىنى ھۆرمەتلەش، ئۇلارنىڭ ئەمر - پەرمانىنى بەجانىدىل ئورۇنلاشنى ئۆزلىرىگە پەرز بىلىشكەن. مانا شۇنداق بىرلىك، ئۆزئارا ھۆرمەت ۋە ئورتاق مەقسەت بولغاندىلا، ئەلدە گۈللىنىش، ساداقەت

بولىدۇ. بىز شۇڭا ئۇيغۇرلارنىڭ قەدىمكى تارىخىدا خەلقنىڭ پادىشاھلارغا قارشى ئىسيان كۆتۈرۈپ، پادىشاھلىرىنى ئاغدۇرۇۋەتكەن خاتىرىلەرنى كۆپ ئۇچراتمايمىز. بۆلۈنۈش، يىمىرىلىش، سىرتقى دۈشمەنلەرنىڭ تاجاۋۇزچىلىقى ياكى ئوردا ئەمەلدارلىرىنىڭ نەپسانىيەتچىلىكى سەۋەبلىك پارچىلىنىپ كەتكەنلىكى ياكى زاۋال تاپقانلىقىنى بىلىمىز.

ئايتولدىنىڭ ئۆگدۈلمىشكە قىلغان نەسىھەتلىرىنىڭ بىر مەزمۇنىدا: «پادىشاھلارنىڭ كەينىدىن يامان گەپ ـ سۆزلەرنى قىلما. ئەگەر قولۇڭدىن كەلسە ياخشىلىق قىلىش يولىنى تۇت. خەلقنىڭ مالىمانىدىن، ئاممىنىڭ توپىلىڭىدىن يىراق تۇر» (1313 ـ 1314) دېگەن دەۋەتلىرى دۆلەتنىڭ بىرلىكىگە، ئەلنىڭ ئىناق ـ ئىتتىپاق بولۇشىغا زىيان يەتكۈزىدىغان بۇنداق ئىشلارغا يېقىن يولىماسلىققا دەۋەت قىلىنغاندۇر.

ئۇيغۇر خەلقىنىڭ كەمتەرلىك ۋە ئاددىي ـ ساددىلىق خاراكتېرى ئۇلار ئىسلام دىنىغا ئېتىقاد قىلغاندىن كېيىن، ئىسلام ئەقىدىسى ئاساسىدا تېخىمۇ چوڭقۇر ئەقىدە ئاساسىغا ئىگە قىلىنغان. ئىسلام دىنىدا كەمتەر بولۇشقا دەۋەت قىلىنىدۇ، ھاكاۋۇرلۇق سۆكۈلىدۇ. كەمتەرلىكنى بۈيۈك ئەخلاق دەپلا قارىماي، بەلكى ئەقىدىنىڭ بىر مەزمۇنى دەپ قارايدۇ. لوقمان ھېكىمنىڭ ئوغلىغا قىلغان نەسىھەتىدە: «كىشىلەردىن مەنسىتمەسلىك بىلەن يۈز ئۆرۈمىگىن، زېمىندا غادىيىپ ماڭمىغىن، ئاللا ھەقىقەتەن ھاكاۋۇر، ئۆزىنى چوڭ تۇتقۇچىلارنى دوست تۇتمايدۇ.» (لوقمان سۈرىسى 17 ـ 18 ـ ئايەت) دېگەن ئايەت پەرزەنتلەرنى تەربىيىلەشتە دىققەت قىلىشقا تېگىشلىك ئەقىدە تەلىپى قويۇلغان. قۇرئاندا يەنە مۇنداق ئاگاھلاندۇرۇش بار: «سەن زېمىندا مەغرۇرانە يۈرمىگىن، (ھاكاۋۇرلۇقتىن ئايىغىڭ بىلەن) يەرنى تېشىۋېتەلمەيسەن، (ھەرقانچە گىدەيگىنىڭ بىلەن) ئېگىزلىكتە تاغلارغا تەڭلىشەلمەيسەن. يۇقىرىقى ئىشلارنىڭ ھەممىسى قەبىھ بولۇپ، ئاللانىڭ دەرگاھىدا

ئۇيغۇر كىتاب تورىبېكىتى
www.uyghurkitap.com

يامانىدۇر.» (ئىسرا سۈرىسى 37 – 38 – ئايەت) ئىسلام دىنىدا يەنە كىشىلەرنىڭ باراۋەر ئىكەنلىكىنى تەكىتلەيدىغان بىر پرىنسىپلىق ئەقىدە بار. ئۇ بولسىمۇ، ئادەم بالىلىرىنىڭ ھەممىسى بىر ئاتا – بىر ئانىدىن تۇغۇلغان. بىر ئادەمدىن يەنە بىر ئادەم ھەرگىزمۇ ئاللانىڭ نەزىرىدە ئىمتىياز جەھەتتە يۇقىرى ياكى تۆۋەن تۇرمايدۇ. ئادەملەرنىڭ بىر – بىرىدىن يۇقىرى ۋە تۆۋەن بولۇشى نەسەبى، بايلىقى، ئەمەل – مەنسىپى بىلەن ئەمەس، بەلكى تەقۋادارلىقى بىلەن بولىدۇ، دېگەن كۆرسەتمىدىن ئىبارەت.

بۇخارى رىۋايەت قىلغان بىر ھەدىستە ئەبۇ سەلەمە ئەبى سەئىيىدىل خۇدرىغا: كىشىلەر ئىچىدە پەيدا بولغان كىيىش، قاتناش ۋە يېمەك – ئىچمەك توغرىسىدا قانداق قارايسەن؟ دېگەندە، ئەبۇ سەئىيدىل خۇدرى مۇنداق دېدى: ئى قېرىندىشىمنىڭ ئوغلى، ئاللا ئۈچۈن يە، ئاللا ئۈچۈن ئىچ، ئاللا ئۈچۈن كىي، ئۆزىنى چوڭ تۇتۇش، ئابرۇيپەرەسلىك، ماختىنىش ئارىلاشقان ھەرقانداق ئىش گۇناھ ۋە ئىسراپخورلۇق بولىدۇ. ئۆي ئىشلىرىدا پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئورۇنلاشتۇرغاندەك قىل. ئۇ ماللارغا يەم بېرەتتى، تۆگە باغلايتتى، ئۆينىڭ ئىشلىرىنى قىلاتتى، قوي ساغىمايتتى، كەشنى تىكەتتى، كىيىملىرىنى يامايتتى. خىزمەتچىسى بىلەن بىللە تاماق يەيتتى، ئۇ ھېرىپ قالسا ياردەملىشەتتى، بازاردىن ئۆزى نەرسە سېتىۋالاتتى، ھايا ئۇنى ئۆز قولى بىلەن ئېلىپ كىيىمنىڭ بىر تەرىپىگە سېلىپ ئائىلىسىگە ئاپىرىشتىن توسۇپ قالمايتتى. باي – كەمبەغەل، چوڭ – كىچىك ھەممىسى بىلەن قول ئېلىشىپ كۆرۈشەتتى. مەيلى چوڭ ياكى كىچىك، ئاق تەنلىك ياكى سېرىق تەنلىك، ھۆر ياكى قۇل بولسۇن ناماز ئوقۇيدىغان بولسا ئۇچرىغان كىشىلەرگە ھەممىدىن بۇرۇن سالام قىلاتتى.» بۇنىڭدىن مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام پۈتۈن ئىنسانلارغا كەمتەرلىك، ئاددىي – ساددىلىق بىلەن ئۈلگە كۆرسەتكەنلىكى چىقىدۇ. مۇسۇلمانلار كەمتەرلىكنى پەيغەمبىرىمىزنىڭ ئەخلاقى دەپ ئەقىدە قىلىدۇ. مۇھەممەد ئەلەي-

ـىسلامنىڭ دەۋەتلىرىدىمۇ كەمتەرلىككە بۇيرۇغان ناھايىتى كۆپ ھەدىسلەر خاتىرىلەنگەن: «ئاللا ئۇچۇن كەمتەرلىك قىلغان ئادەمنى ئاللا يۇقىرى كۆتۈرىدۇ» (مۇسلىم رىۋايەت قىلغان). «ھاكاۋۇر كىشىلەر قىيامەت كۈنى ئادەم شەكلىدە زەررىچىلىك چوڭلۇقتا ھە-شىر قىلىندۇ. ئۇلارنى ھەر تەرەپتىن خورلۇق باسىدۇ. ئۇلار بولۇس دەيدىغان جەھەننەمگە ئايرىلىدۇ. ئۇلارنىڭ ئوتى ئۇلارغا تۇتىشىدۇ. ئۇلارنى دوزاخ ئەھلىنىڭ زەھىرىدەك يىرىڭى بىلەن سۇغىرىدۇ.» (نەسەئى، تىرمىزى رىۋايەت قىلغان) يەنە مۇنداق دەيدۇ: «ئاللا ماڭا سىلەرنىڭ كەمتەر بولۇشۇڭلارنى ۋەھيي قىلدى، ھەتتاكى ھېچ-كىم ھېچكىمدىن ئۆزىنى چوڭ تۇتمىسۇن، ھېچكىم ھېچكىمگە زۇلۇم - تاجاۋۇزچىلىق قىلمىسۇن» دېگەن. مانا يۇقىرىقىدەك دە-ۋەتلەر ۋە ئۇلگىلەرنىڭ شان - شەرىپىدىن يۇقىرى تەبىقىلەر بىلەن تۆۋەن تەبىقىلەر ئوتتۇرىسىدا شۇنداق ھۆرمەت، ئېھتىرام بارلىققا كەلگەن. ھەتتا يۇقىرى تەبىقە ئەربابلارمۇ كەمتەرلىكتە نەمۇنە بو-لۇش ئۈچۈن ئاجايىپ تەسىرلىك ئۇلگىلەرنى قالدۇرۇپ كېتىشكەن ئىدى.

رىۋايەت قىلىنىشىچە، خەلىپە ئۆمەر ئىبنى ئابدۇلئەزىزنىڭ ئۆيىگە بىر كېچىسى مېھمان كەلگەن. ئۆمەر خەت يېزىۋاتاتتى. چىراغ ئۆچۈپ قالغىلى تۇردى. مېھمان ئورنىدىن تۇرۇپ چىراغنى ئوڭشىۋېتىشكە تەمشىلىۋېدى، ئۆمەر مېھمانغا: مەرد ئادەم مېھمان-نى خىزمەت قىلدۇرمايدۇ، دېدى. مېھمان: ئەمىسە خىزمەتچىڭىز-نى ئويغىتاي دېگەندە، ئۆمەر: ئۇ ئەمدى تۇنجى ئۇيقۇسىنى ئۇخلى-دى، ئويغاتما، دەپ ئۆزى چىراغنىڭ قېشىغا بېرىپ، چىراغقا ياغ قۇيدى. مېھمان ئۇنىڭغا: ئى ئەمىرولمۇمىنۇن ئۆزىڭىز تۇردىڭىز - دە، دېگەندە، ئۆمەر ئۇنىڭغا جاۋابەن: مەن بارغاندىمۇ ئۆمەر ئىدىم، ئۆمەر پېتى قايتتىم. مەندىن ھېچنەرسە كېمىيىپ كەتمىدى. ئاللا-نىڭ دەرگاھىدا كىشىلەرنىڭ ئەڭ ياخشىسى كەمتەر بولغان كىشى-لەردۇر، دېدى. بۇنداق ئۆرنەكلەرنى ناھايىتى كۆپ كەلتۈرۈش

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

مۇمكىن.

بۇ خىل روھ ئۆز دەۋرىدىكى ئۇيغۇر مۇسۇلمانلىرىغا چوڭقۇر سىڭگەن. يۇسۇپ خاس ھاجىپ ئەسىرىدە ياراتقان پېرسوناژلار ئارقىلىق كىچىك پېئىللىق، كەمتەرلىك ۋە ئاددىي - ساددىلىقنىڭ ئاجايىپ گۈزەل سىيماسىنى ئەكس ئەتتۈرۈپ بەردى. ئەسەردىكى كۈنتۇغدى ئېلىگمۇ، ئايتولدىمۇ، ئۆگدۈلمىشمۇ شۇنچە يۇقىرى دەرىجىلىك دۆلەت كاتتىلىرى تۇرۇقلۇق ناھايىتى كەمتەر، ئاددىي - ساددا، كىچىك پېئىل، پەزىلەتلىك ئەمىرلەرنىڭ ئۈلگىسى. ئۇلار كىشىلەرگە ئاجايىپ تەۋەززۇ بىلەن مۇئامىلە قىلىدۇ. ئۆزىنى ھەرگىز چوڭ تۇتمايدۇ، كىبىر بىلەن غادايمايدۇ، ئۆزىدىن تۆۋەنلەرنىڭ توغرا، ھەق پىكىرلىرىنى سەمىمىيلىك بىلەن قوبۇل قىلىدۇ. ئەسەردە كۈنتۇغدى پادىشاھ بىلەن زاھىت ئودغۇرمىشنىڭ ئۇچرىشىپ، كۆرۈشۈش جەريانىدىكى پەزىلەت ئىپادىسىنى مۇنداق بايان قىلىپ بەرگەن: «كۈنتۇغدى ئېلىگنىڭ ئەمرى بىلەن ئودغۇرمىش ئۆگدۈلمىشنىڭ ھەمراھلىقىدا ئېلىگنىڭ ھۇزۇرىغا كەلدى. ئېلىگ شۇ زامانلا ئۇلارنىڭ ئالدىغا چىقىپ، ئودغۇرمىشنى قارشى ئالدى. ئېلىگ ئاۋۋال سالام بەجا كەلتۈردى. زاھىت ئودغۇرمىشمۇ سالامنى ئىلىك ئېلىپ، ئېلىگ بىلەن قول ئېلىشىپ كۆرۈشتى. كۈنتۇغدى ئېلىگ ئودغۇرمىشقا ئۆز يېنىدىن ئورۇن كۆرسەتتى. كۆيۈمچانلىق بىلەن ئۇنىڭ قەدىر- قىممىتىنى قىلىپ ئۆزرە ئېيتتى:

— ھەي قەدىرلىك زات، پىيادە بۇ يەرگە كېلىپ كۆپ جاپا چەكتىڭ، ھېرىپ - چارچىدىڭ (5035 - 5039). ئودغۇرمىشنى ئۆزىتىش ۋاقتىتىكى ئەھۋال مۇنداق بايان قىلىنىدۇ: «ئودغۇرمىش ئورنىدىن قوپۇپ قايتىشقا تەمشەلدى. كۈنتۇغدى ئېلىگ ئودغۇرمىشنىڭ قولىدىن تۇتۇپ:

— ئازراق ئولتۇرغىن، غىزا كەلتۈرسۇن، - دېدى. مۇلازىملار تۈرلۈك يېمەك - ئىچمەك ۋە غىزالارنى كەلتۈرۈپ داستىخ-

ـانغا تىزىشتى... ئۇدغۇرمىش قايتماقچى بولۇپ ئورنىدىن تۇردى. ئۇ ئېلىگكە خوشلىشىش سالىمىنى قىلدى. ئېلىگمۇ جاۋابەن ئورنىدىن تۇرۇپ، ئۇنىڭغا خەيرلىك تىلىدى. ئۇدغۇرمىش كۈنتۇغدى ئېلىگنىڭ ھۇزۇرىدىن قايتىپ چىققاندا، كۈنتۇغدى ئېلىگ ئۇنىڭ كەينىدىن چىقىپ ئۇزىتىپ قويدى، ئۇ ئىككىيلەن قۇچاقلىشىپ خوشلاشتى.» (5439 - 5445).

مانا بۇ كەمتەرلىكنىڭ خاسىيىتىدىن تۇغۇلغان ھۆرمەت ۋە مېھىر - مۇھەببەت. كەمتەرلىك بولمىغاندا كىشىلەر ئارىسىدىكى مېھىر - مۇھەببەتتىن، ھۆرمەتتىن قەتئىي سۆز ئاچقىلى بولمايدۇ. ئۇيغۇرلاردا: «تەكەببۇرلۇق شەيتاننىڭ ئىشى، كەمتەرلىك پەيغەمبەرلەرنىڭ ئادىتىدۇر» دېگەن ھېكمەت بار. شۇڭا تەكەببۇرلۇق سۆكۈلىدۇ، كەمتەرلىك ماختىلىدۇ. تەكەببۇر ئادەم ئەسلىي قۇلدۇر، كەمتەر ئادەم ھۆردۇر. بۇنداق دېيىشىمىزدىكى سەۋەب شۇكى، تەكەببۇر ئادەم ئۆزىدىن تۆۋەنلەرگە غادىيىدۇ، ئۆزىدىن ئۈستۈنلەرنىڭ تاپىنىنى يالايدۇ. ئۇلاردا ئاشۇنداق قۇلچىلىق ئادىتى بولغانلىقى ئۈچۈن، ئۆزىدىن تۆۋەنلەرنىڭ ئالدىدا غادىيىۋېلىشنى ئۆزى ئۈچۈن ئامەت ۋە شەرەپ ھېسابلايدۇ. كەمتەر ئادەم ئۆزىدىن تۆۋەنلەرنى ئۆزى بىلەن ئوخشاشلا ئادەم دەپ قارىغانلىقى ئۈچۈن، ئۇلارغا تەكەببۇرلۇق قىلىشنى، ئۇلارنى مەنسىتمەسلىك بىلەن ئۇلارغا غادىيىۋېلىشنى ئۆزىگە راۋا كۆرمەيدۇ، ئۆزىدىن يۇقىرىلارنىمۇ ئۆزى بىلەن ئوخشاش ئادەم دەپ بىلگەچكە، ئۇلارغا قۇلچىلىق قىلىشقا ۋىجدانى قويمايدۇ. كەمتەر ئادەم ئۆزىنى باشقىلار بىلەن باراۋەر چاغلىغان چاغدا، ئۇ باشقىلارنىڭ نەزىرىدە ئاللىقاچان يۇقىرى مەرتىۋە ۋە يۇقىرى ئابرۇيغا ئېرىشىپ بولغان بولىدۇ. تەكەببۇر، مەنمەنچى ئادەم كىشىلەرگە غادىيىپ، تەكەببۇرلۇق بىلەن باشقىلارغا ئاسماندىن قاراۋاتقاندا، ئۇ نەزىرىدە تۆۋەن كۆرگەن ئادەم ئاسمانغا چىقىپ، ئۆزىنى چوڭ تۇتقان مۇتەكەببىر ئۆزىنى ئاسماندىن يەرگە ئۇرىدۇ. بۇنىڭدىن قىياس قىلغاندا، تەكەببۇرلۇق ئەخلاقسىزلىقلا

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

ئەمەس، بەلكى ئەقىلسىزلىقتۇر؛ كەمتەرلىك پەزىلەتلا ئەمەس، بەلى-
كى ئەقىل ـ پاراسەتنىڭ نىشانىسىدۇر. شۇڭا قەدىمدىن تارتىپ
ھازىرغىچە، ئائىلە مائارىپ ئەندىزىسىدە پەرزەنتلەرنى كەمتەر، ئاد-
دىي ـ ساددا بولۇش، تەكەببۇر، مەنمەنچى بولماسلىققا ئادەتلەندۈ-
رۈش ئىلغار ئەنئەنىگە ئايلانغان.

**10. ھاراقكا ۋە زىناغا يېقىن بارماسلىق ھەققىدىكى تەربىيە**

ئۇيغۇرلارنىڭ ئەنئەنىۋى ئائىلە تەربىيىسىدە ئىنچىل كۆڭۈل
بۆلۈنگەن مەزمۇن پەرزەنتلەرنى قەبىھ گۇناھ ۋە خارلىققا سۆرەپ
كىرىدىغان ياۋۇز ئالۋاستى — ھاراق ۋە زىناغا يېقىن يولاتماسلىق
تەلىپىدىن ئىبارەت. «قۇتادغۇبىلىك» نىڭ بارلىق سەھىپىلىرىدە،
جۈملىدىن باشقا كلاسسىك ئەسەرلەردە ھاراقكەشلىك ۋە زىناخورلۇق-
نى ئەيىبلەش ۋە ئۇنىڭ ئىنسانغا كەلتۈرىدىغان زىيان ـ زەخمىتى
بايان قىلىنغان مەزمۇنلار ئېغىر سالماقنى ئىگىلەيدۇ. بۇ نۇقتىدا
ئائىلە مائارىپىدىلا ئەمەس، بەلكى مەكتەپ، مەدرىسە مائارىپى،
ئوردا ۋە ھەربىي مائارىپ ۋە ئاۋام مائارىپىنىڭ ھەممىسىدە قويۇلغان
تەلەپ ناھايىتى قاتتىق بولغان. چۈنكى ھاراقكەشلىك ۋە زىناخور-
لۇق، ئەيش ـ ئىشرەتكە بېرىلىش ئائىلىنى خانىۋەيران قىلىدىغان
دۈشمەن بولۇپلا قالماي، بەلكى دۆلەتنى زاۋاللىققا يۈزلەندۈرىدىغان
يالماۋۇز ئىكەنلىكىنى تارىختىكى نۇرغۇن پاجىئەلىك ئاچچىق ساۋاق-
لار ئارقىلىق يەكۈنلەپ چىققان. شۇڭا بۇ خىل تەربىيىنى ئاۋۋال
ئائىلىدىن باشلاپ چىڭ تۇتۇش، ئاندىن جەمئىيەت ۋە دۆلەت ئەمەل-
دارلىرىغا قويۇلىدىغان تەلەپلەردىمۇ قاتتىق بولۇش تەكىتلىنىپ
كەلگەن.

«قۇتادغۇبىلىك» تە ئايتولدى ئوغلى ئۆگدۈلمىشكە قىلغان ئا-
تىلىق نەسىھىتىدە بۇ ئىشقا ئالاھىدە كۆڭۈل بۆلۈپ، ھاراقتىن،
زىناخورلۇقتىن ھوشيار بولۇشقا ئاگاھلاندۇرغان. ئۇنىڭ ئىنسانغا
كەلتۈرىدىغان زىيان ـ زەخمىتىنىمۇ ئەسكەرتىپ ئۆتكەن. يۈسۈپ

خاس ھاجىپ بولسا پۈتۈن مىللەتنىڭ ئاتىسى سۈپىتىدە ئەۋلادلارنى بۇ ياۋۇز دۈشمەننىڭ چاڭگىلىغا چۈشۈپ كەتمەسلىك ئۈچۈن كۆپ غەم يېگەن.

ئايتولدى مۇنداق نەسىھەت قىلىدۇ: «بالام، ھەرگىز ھاراققا يېقىن بارما، ھاراق سورۇنلىرىغىمۇ قەدەم باسما، بۇزۇقلۇق يولىنى تۇتما. ھاراق دېگەن بۇزۇقلۇق يولىغا، گۇناھلىق ئىشلارغا باشلايدىغان ئېزىتقۇ، زىنا قىلىپ پاسىق دېگەن نامغا قالما. يۇقىرىقى ناچار قىلىقلار سەندىن مۇبارەك بەختنى ئېلىپ كېتىپ، پېقىرلىق تونىنى كىيدۈرىدۇ. بېشىدىن كۆپ ئىسسىق-سوغۇق ئۆتكەن كىشىلەرنىڭ بۇ ھەقتە نېمە دېگەنلىكىنى ئاڭلا: مەيگە يېقىن يولىما، زىنا قىلىشتىن قاتتىق ھەزەر قىل، بۇ ئىشلار ساڭا گادايلىق تونىنى كىيدۈرىدۇ. ھاراق دېگەن ئادەمنى مىڭ خىل گۇناھقا پاتۇرىدۇ، زىنادىن يۈزۈڭ تۆكۈلىدۇ، بەختىڭ قاچىدۇ.» (1334 - 1338).

يۇقىرىقى نەسىھەت ئۆرنىكى ھاراق ۋە زىنانىڭ ئەۋلادلارنى خاراب قىلىدىغان زىيان-زەخمىتىنىڭ ئومۇملاشتۇرۇلۇپ بايان قىلىنىشى. ھاراق ئىچىش ئۇيغۇرلاردا ئىسلامىيەتتىن كېيىن ئەڭ ئۇنۇملۇك چەكلەنگەن ئىدى. «قۇرئان كەرىم» دە ۋە ھەدىس شېرىپتە ناھايىتى قاتتىق ھۆكۈم بىلەن ھاراقنىڭ ھاراملىقى ۋە ئۇنىڭ ئىنسانلارغا سالىدىغان زىيان-زەخمىتى ئارقىلىق مەنئى قىلىنغان: «ئى مۆمىنلەر! ھاراق ئىچىش، قىمار ئويناش، بۇتلار (يەنى بۇتلارغا چوقۇنۇش ئۈچۈن تىكلەنگەن تاشلار) غا چوقۇنۇش ، پال ئوقلىرى بىلەن پال سېلىش شەيتاننىڭ ئىشى، پاسكىنا قىلىقلاردۇر. بەختكە ئېرىشىشىڭلار ئۈچۈن شەيتاننىڭ ئىشىدىن يىراق بولۇڭلار، شەيتان ھاراق، قىمار ئارقىلىق ئاراڭلاردا دۈشمەنلىك، ئاداۋەت تۇغدۇرماقچى، سىلەرنى نامازدىن ۋە ئاللانى ياد ئېتىشتىن توسماقچى بولىدۇ. سىلەر ئەمدى (ھاراقتىن، قىماردىن) يانماسىلەر؟» (سۈرە مائىدە 90 - 91 - ئايەت) يۇقىرىقى ئايەتتە ھاراقنىڭ پاسكىنا نەرسە ئىكەنلىكى، ئۇنى ئىچىش ھەم پاسكىنا

قىلىق ئىكەنلىكىنى ئۇختۇرۇۋاتىدۇ. ئۇنىڭ بەختىنىڭ دۈشمىنى،
ئار- نومۇسىنىڭ كۈشەندىسى، ھاياتىنىڭ ئېكىكى، بارلىق گۇناھلىق
ئىشلارنىڭ سەۋەبچىسى، دوستلار ئارىسىغا ئاداۋەت ۋە دۈشمەنلىك
ئۇرۇقىنى چاچقۇچى، پاك يولدىن توسۇپ قەبىھ، رەزىل يولغا
باشلىغۇچى شەيتان ئىكەنلىكى تونۇتۇلۇۋاتىدۇ. ئادەم توغرا يولدىن
ئادىشىپ گۇناھلىق ئىشلارنى قىلىپ قالماسلىق، بەختىنى قولدىن
بېرىپ خارلىق تونىنى كىيمەسلىك ئۈچۈن يۇقىرىقى پاسكىنا قىلىق-
لاردىن قەتئىي يىراق تۇرۇشقا بۇيرۇلۇۋاتىدۇ.
ئىنسانلار ئۆزىنىڭ ئۇزۇن ئەسىرلىك ئىستېمال تارىخىدا نۇر-
غۇن يېمەكلىك ۋە ئىچىملىكلەرنى ئىشلەپچىقاردى ۋە كەشىپ قىل-
دى. بۇلارنىڭ ئىچىدە ئۆزلىرىگە پايدىلىق كۆپلىگەن نەرسىلەرنى
بارلىققا كەلتۈرۈپ، تۇرمۇشنى بېيىتقان بولسىمۇ، لېكىن يەنە
ئۇلار ئۆزلىرىگە ئۆزلىرى زۇلۇم قىلىدىغان، ئۆزىگە - ئۆزى زىيان-
كەشلىك قىلىدىغان، ساغلام ھاياتىغا زىيان يەتكۈزىدىغان، نېرۋا
سىستېمىسىنى كېرەكتىن چىقىرىپ، ئەقلىنى بۇزىدىغان نەرسە-
لەرنىمۇ بارلىققا كەلتۈرۈپ، بۇ پاك تۇپراقنى، بىغۇبار ۋۇجۇدىنى
ناپاكلىق بىلەن بۇلغاشتى. ھاراق - مانا شۇنداق ناپاك، نىجىس
نەرسىنىڭ بىرى سۈپىتىدە ئۆزى پەيدا بولغاندىن تارتىپ ھازىرغىچە
ئۆزىنى ياساپ مەيدانغا كەلتۈرگەن ئىنسانلارنىڭ نۇرغۇنىنىڭ جېنىغا
زامىن بولدى. بەخت - سائادەتنى بۇزۇش، ئائىلىگە، دۆلەتكە،
جەمئىيەتكە دۈشمەنلىك قىلىشتىن بىر مىنۇتمۇ توختاپ قالمىدى.
نەتىجىدە نۇرغۇن سەگەك كاللىلار ئەقلىدىن ئېزىپ ئەقىلسىزلارمۇ
قىلمايدىغان گۇناھلىق ئىشلارنى قىلىشتى. نى، نى باھادىر ئەزىمەت-
لەرنىڭ بېشى شۇ ھاراق سەۋەبلىك تېنىدىن جۇدا بولدى. ھەشەمەت-
لىك ئوردا - قەسىرلەرنى مانا شۇ ھاراق گۇمران قىلدى. بەخت
ھۇزۇرىغا چۆمگەن ئائىلىلەرگە زەھەرلىك قولىنى سۇنۇپ خانىۋەيران
قىلدى. ئىناق، ئىتتىپاق ئەل ئارىسىغا دۈشمەنلىك خەنجىرىنى
چىقىرىپ قانلارنىڭ دەريادەك ئېقىشىغا سەۋەب بولدى. شۇڭا يۇقى-

-رىقى ئايەتتە «سىلەر يەنىلا ئۇ نىجاسەتتىن يانامسىلەر؟» دەپ ئاگاھلاندۇرغان.

زىناخورلۇقمۇ كۆپۈنچە ھاللاردا ھاراقكەشلىكتىن ۋە مەست-لىك، نەھەسلىكتىن يۈز بېرىدۇ. شۇڭا ھاراقكەشلىك زىناخورلۇق ۋە قىمار بىلەن تەڭ تىلغا ئېلىنىدۇ. يۈسۈپ خاس ھاجىپ ھاراق-نىڭ بەخت - سائادەت بىلەن بولغان مۇناسىۋىتىنى ناھايىتى كۆپ تەرەپتىن چۈشەندۈرۈپ ئۆتكەن. بىز بۇ توغرىسىدىكى مەزمۇنلارنى پەرزەنتلەرنى بەختكە يېتەكلەش، بەختسىزلىك بالاسىدىن قۇتۇلدۇ-رۇش ھەققىدىكى بابىمىزدا توختىلىپ ئۆتتۇق. ئۇنىڭدىن باشقا «ئۇيغۇرلاردا پەرزەنت تەربىيىسى»، «ئوغلۇم ئالدىڭغا قارا» دېگەن كىتابلىرىمدا تەپسىلىي توختالغان ئىدىم.

## 11. ئاتا- ئانىلار پەرزەنتلىرىگە پەزىلەتتە ئۈلگە بولۇش كېرەك

پەرزەنت تەربىيىسىدە ئۈلگىدىنمۇ مۇھىم تەلىم - تەربىيە ئۇ-سۇلى يوق. ئۇيغۇر خەلقى قەدىمدىن تارتىپ پەرزەنت تەربىيىسىدە تەسىرنىڭ ئىنتايىن مۇھىم رول ئوينايدىغانلىقىنى تەكىتلەپ كەل-گەن. يۈسۈپ خاس ھاجىپنىڭ مۇنۇ پىكرى تەسىر تەربىيىسىنىڭ پەرزەنتلەرنىڭ ھايات قىسمەتلىرىگە قانداق تەسىر كۆرسىتىدىغانلىقى توغرىسىدىكى ئومۇمىي يەكۈن.

5768 ئانا ئالسا يوشۇرۇنچە ئوغرى سۇ،
ئوغۇل تۇغسا ئەلگە بولۇر ئاپەت ئۇ.

يۇقىرىقى بېيىتتا تەسىر ۋە ئۈلگىنىڭ ئىككى مۇھىم تەرىپى نامايان بولىدۇ. بىرى، ئانىلاردا زىغىردەك ناپاكلىق، ساداقەتسىز-لىك ۋە سەممىيەتسىزلىككە ئوخشاش ناچار قىلىقلار سادىر بولغان بولسا، ئۇ تۇغقان ۋە ئۇنداق ئانىلارنىڭ قولىدا تەربىيىلەنگەن بالا ئەلگە ئاپەت بولىدۇ. يەنە بىرى، ئاتا - ئانىلارنىڭ ھەربىر ھەرىكە-

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

تى، گەپ ـ سۆزلىرى ۋە ئەخلاقى پەزىلىتىنى ئىپادىلەيدىغان بارلىق
پائالىيەتلىرىنىڭ ھەممىسى پەرزەنتلەرگە تەسىر كۆرسىتىدۇ. «پەر-
زەنت تەربىيىسىدە بېسىلغان ھەربىر قەدەم ئادەتكە، ئادەت خاراكتې-
رىگە، خاراكتېر بولسا قىسمەتكە ئايلىنىدۇ» (ئو. دېككىربىي).
تەسىر تەربىيىسى پەرزەنت تەربىيىسىدە ئەڭ ئومۇمىي، لېكىن
ئىنتايىن نازۇك ئۇسۇللارنىڭ بىرى. «ئومۇمىي» دېگىنىمىز، ئىك-
كى مەزمۇننى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. بىرى، پەرزەنت تۇغۇلۇپ كۆزى
ئېچىلغاندىن كېيىن ئۆزى ئۇچراشقان، كۆزى كۆرگەن، قۇلىقى
ئاڭلىغان بارلىق نەرسىلەر بالىلارنىڭ دەسلەپكى تەربىيىسىگە تەسىر
كۆرسىتىپ، ئۇلارنىڭ ساغلام ئۆسۈپ يېتىلىشىگە ئۇنداق ياكى
مۇنداق تەسىر كۆرسىتىدۇ؛ يەنە بىرى، مەقسەتلىك ئېلىپ بېرىلغان
تەربىيە ئۇسۇللىرىنىڭ ھەممىسى ئۇلارنىڭ ئېڭىغا تەسىر كۆرسىتىش
ئارقىلىق رول ئوينايدۇ. كونىلاردا: «گەپ ئۆتمىگەن بالىغا تاياقمۇ
ئۆتمەيدۇ» دېگەن ھېكمەت بار. بۇنىڭدىمۇ يەنىلا تەسىر مەسىلىسى
كۆزدە تۇتۇلغان. نازۇك دېگەندە كۆزدە تۇتۇلىدىغىنى شۇكى، ھېچ-
قانداق ئاتا ـ ئانا بالىسىنى يامان بالا بولسىكەن، يامان ئادەتلەرنى
يۇقتۇرۇۋالسىكەن دېمەيدۇ. لېكىن ئائىلە ۋە جەمئىيەت مۇھىتىدا
ئۆزلەشكەن ھەرقانداق تەسىر بالىلارغا ئوخشاش بولمىغان تەرەپلەر-
دىن تەسىر قىلىپ، ئۇلارنىڭ ئۆسۈپ ـ يېتىلىشىدە ئوخشاش بولمى-
غان نەتىجىلەرنى بارلىققا كەلتۈرىدۇ. ئەگەر بىز بالىمىزنىڭ بىرەر
يامان ئىش قىلىپ قويغانلىقىنى كۆرۈپ ئۇلارنى ئەسكى، يامان
تىللار بىلەن تىللاپ ئەيىبلىسەك، ئەسلىدە ئۇ بىزنىڭ ياخشى كۆڭ-
لىمىز ئىدى، بىراق بۇنداق ياخشى كۆڭۈلدىن چىققان يامان تەربىيە
بالىلارغا ئىككى خىل تەسىر بېرىدۇ. بىرى، ئۇلار ئۆزىنىڭ يامان
ئىش قىلىپ قويغانلىقىنى، شۇڭا تىل ئىشتىكەنلىكىنى ھېس قى-
لىدۇ. يەنە بىرى، بىز بالىغا «چوشقا، قانجۇق، توخۇ پوقى»
دېگەندەك يامان تىللار بىلەن ئەدەپ بەرسەك، ئۇلارمۇ باشقىلارنى
ئاشۇنداق يامان تىللار بىلەن تىللايدىغان ئەدەپسىز بالا بولۇپ قالى-

دۇ. بىز «مەن ئۇنداق دەپ ئۆگەتمىگەن» دېيەلەمدۇق؟ بىز بالا
ياخشى بولسۇن دەپ يامان، ئەسكى تىللارنى قوللىنىپ ئەدەپ
بەرگەن بىلەن، ئۇسۇلنىڭ ياخشى بولماسلىقى سەۋەبلىك، يامان
تەسىر پەيدا قىلىپ، بالىلاردا يامان ئادەتلەرنى پەيدا قىلىشقا سەۋەب-
چى بولۇپ قالىمىز. ئەمەلىيەتتە بىزنىڭ يامان تىل قوللانغانلى-
قىمىز بالىغا: «نۆۋىتى كەلگەندە سەنمۇ باشقىلارنى شۇنداق ئەسكى
تىللار بىلەن تىللىساڭ بولىدۇ» دېگەندىن باشقا ئىش ئەمەس.

ئومۇمەن، تەسىر تەربىيىسى شۇنداق نازۇك، مۇرەككەپ جەر-
يان. شۇڭا ئوقۇمۇشلۇق، تەجرىبىلىك ئاتا - ئانىلار بالىلىرىغا
ياخشى ئۈلگە بولۇش ئۈچۈن تىرىشىدۇ. ئەگەر ئاتا- ئانىلار ئۆزىنىڭ
ئوقۇمىسىزلىقى ۋە تەجرىبىسىزلىكى تۈپەيلىدىن بالىلىرىنى ئالدىسا،
بالىلارمۇ ئاتا - ئانىلارنى ئالدايدۇ. «تۈركىي تىللار دىۋانى» دا بۇ
خىل مۇناسىۋەتنى خەلقىمىزنىڭ مۇنداق ماقال بىلەن ئىپادىلىگەن-
لىكى يېزىلغان: «ئانىسى ھىيلىگەر يۇپقا ياپار، بالىسى زېرەك
قوشلاپ ئالار» يەنى ئانىسى ھىيلىگەرلىك قىلىپ، بالىسىنى كۆپ
يەۋالمىسۇن دەپ ناننى نېپىز ياقىدىكەن، بالىسى زېرەكلىك بىلەن
ئىككىنى جۈپلەپ ئېلىپ يەيدىكەن. تەسىرنىڭ پەرزەنت تەربىيىسى
بىلەن بولغان مۇناسىۋىتىنى ناھايىتى تىپىك ھالدا ئىپادىلەپ بېرە-
دىغان مۇنداق بىر تەجرىبە بار: پەيغەمبەرنىڭ بالىسى يامانلارغا
قوشۇلۇش بىلەن يامان بولىدۇ، ئىت ياخشىلارغا قوشۇلغانلىقى
سەۋەبلىك ياخشىلار قاتارىغا ئۆتىدۇ. ئەسھابۇلكەھىبنىڭ ئىتى ياخ-
شىلارغا ئەگەشكەچ ياخشىلار قاتارىغا ئۆتكەن. سىنكانىڭ مۇنداق
بىر سۆزى بار: «نەسىھەتۋازلىق بىلەن ياخشىلىققا ئېرىشىشتىن
ئۈلگە كۆرسىتىش ئارقىلىق ياخشىلىققا ئېرىشىش ئاسانراق.» ھە-
قىقەتەن پەرزەنتلەرگە نىسبەتەن قورقۇتۇش، ئۇرۇش، تىللاپ ئەدەپ
بېرىشكە قارىغاندا، ئۈلگە كۆرسىتىش ئارقىلىق تەربىيىلەش ياخشى
ئۈنۈم بېرىدۇ. بالىلار كۆپىنچە چوڭلارنىڭ ئىشىغا تەقلىد قىلىش
ئارقىلىق تۇرمۇشنى ئۆگىنىدۇ. بۇ خىل تەسىر كىچىك، ئاددىي

ئىشلاردىن تارتىپ، چوڭ ـ چوڭ ئىشلارغىچە ئورتاق رول ئوينايدۇ. شۇڭا ئاتا ـ ئانىلار ئادەتتىكى ئىش ـ ھەرىكەت، گەپ ـ سۆزلەرگىمۇ دىققەت قىلىشى، ھەربىر ئىشتا ئېھتىياتچانلىق بىلەن ئىش تۇتۇشى لازىم. ئائىلىدىكى ھەرقانداق ئىش، ھەرقانداق سۆز بالىنىڭ كۆزىدىن، قۇلىقىدىن قېچىپ قۇتۇلالمايدۇ. بۇ ھەقتە ئىنتايىن زۆرۈر بولغان بىر قائىدە بار، ئۇ بولسىمۇ ئاتا ـ ئانىلار ئۆز بالىسىنىڭ قانداق بولۇشىنى ئۈمىد قىلسا، ئەڭ ئاۋۋال ئۆزى شۇنداق بولۇشى كېرەك.

تۇرمۇش ئەمەلىيىتى شۇنى ئىسپاتلاپ بەردىكى، سىز پەرزەنتلەرگە ئىچىملىك ۋە چېكىملىككە ئوخشاش زەھەرلىك نەرسىلەرنى تەشەببۇس قىلمىسىڭىزمۇ، ئاتا ـ ئانا ھاراقكەش ۋە بەڭگى بولسا، بۇنداق كەيپىنىڭ تەسىرىگە ئۇچرىمايدىغان بالىلار ئاز بولىدىكەن. ھاراق ـ شاراب ئىچمەيدىغان ئائىلىدە چوڭ بولغان بالىلارنىڭ ئىچىملىك، چېكىملىككە ئۆگىنىپ قېلىش نىسبىتى ناھايىتى ئاز بولىدىكەن. ئائىلىسىدە ئۇرۇش ـ جېدەل كۆپرەك بولىدىغان، بىر ـ بىرىنى يامان تىللار بىلەن تىللايدىغان ئائىلىدە چوڭ بولغان بالىلارنىڭ بەزىلىرى جىمغۇر، قورقۇنچاق، چۈشكۈن، بەزىلىرى تەرسا مىجەز، ئاغزى يامان، ھاياسىز بولۇپ قالىدىكەن. ئىلمىي، ئەدەپ ـ قائىدىلىك ئائىلىدە ئۆسكەن بالىلارنىڭ مىجەزى ياخشى، ئەخلاقى دۇرۇس بولىدىكەن. جۇشقۇن كەيپىياتقا تولغان ئائىلىنىڭ بالىلىرى خۇش چاقچاق، كۆتۈرەڭگۈ، روھلۇق، جۇرئەتلىك، ئەركىن، ئوچۇق پىكىرلىك بولىدىكەن. بۇ ئەھۋاللار شۇنى ئۇقتۇرۇدۇكى، ئاتا ـ ئانىلارنىڭ ئاڭلىق ياكى ئاڭسىز ئۆتكۈزگەن تىلسىز سەۋەنلىكلىرى بالىلارنىڭ ئۆسۈپ ـ يېتىلىشىگە شۇنداق ئەكس تەسىر بېرىدۇ. ئاتا ـ ئانىلار بەلكىم بۇ مەسئۇلىيەتنى ئۆزىدىن كۆرمەسلىكى مۇمكىن، بىراق ئائىلە مۇھىتىدىكى ياخشى تەسىر بىلەن يامان تەسىر بىزنىڭ پەرزەنتلەرگە بەرگەن ياخشى ـ يامان تەسىرلىرىمىزنىڭ تىلسىز ئىپادىلىنىشى، خالاس.



www.uyghurkitap.com

نەسىھەتۋازلىقنى بىلىپ، ھەرقانچە كانىيىمىز يىرتىلغىچە ۋارقىراپ - جارقىراپ بالىلارغا ئەدەپ بەرسەكمۇ، لېكىن ئۆزىمىز ئۇلگىدە دىققەت قىلمىساق، نەسىھەتنىڭ ئۈنۈمى بولمايدۇ. «كىشىلەرنى ياخشىلىققا بۇيرۇپ، ئۆزۈڭلارنى ئۇنتۇمسىلەر» دېگەن مۇقەددەس دەۋەت، يۇقىرىقىدەك باشقىلارغا نەسىھەتۋازلىق قىلىپ، ئۆزى ئەمەل قىلمايدىغانلارغا قارىتىلغان. ئۇنىڭغا ئۆزۈڭ ئەمەل قىلمىساڭ باشقىلارغا قىلغان نەسىھىتىڭنىڭ ئۈنۈمى بولمايدۇ دېگەن مەنىمۇ چىقىدۇ. رەسۇلۇللانىڭ ئاتا - ئانىلار بالىلىرىغا پەزىلەتتىن قىممەتلىك مىراس قالدۇرالمايدۇ، دېگەن سۆزىمۇ، پەزىلەتنىڭ ئاتا - ئانىلاردىن بالىلارغا مىراس بولۇپ قالىدىغانلىقىنى، ئاتا - ئانا قانداق بولسا بالىلارنىڭمۇ شۇنداق بولىدىغانلىقىنى چۈشەندۈرىدۇ.

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

# ئون ئىككىنچى باب

## تىل مەدەنىيىتى ۋە سۆزلىشىش ئەدەپلىرى تەربىيىسى

تىل — ئىنسانلارنىڭ ئەڭ مۇھىم تەپەككۇر قورالى ۋە ئالاقىلىشىش قورالى. تىل — ئىنسانلارنىڭ ئۆزىگە خاس ئىقتىدارى ۋە ھايۋانلاردىن پەرقلىنىپ تۇرىدىغان مۇھىم ئالاھىدىلىكلىرىدىن بىرى. مانا شۇ تىل ئىنسانلارنى تەپەككۇر جەھەتتىنمۇ ئىلگىرى سۈرۈپ، مەدەنىيەت جەھەتتە يۈكسىلىشنى ئىلگىرى سۈرگەن مۇھىم ھەرىكەتلەندۈرگۈچ كۈچ. تىل بولمىسا تەپەككۇرمۇ بولمىغان بولاتتى، تەپەككۇر بولمىسا تىلمۇ بولمىغان بولاتتى. تىلى تەرەققىي قىلغان مىللەتلەرنىڭ تەپەككۇرىمۇ تەرەققىي قىلىدۇ، تەپەككۇرى تەرەققىي قىلغان مىللەتنىڭ تىلىمۇ تەرەققىي قىلىدۇ. تىل ۋە تەپەككۇرنىڭ تەرەققىياتى مەدەنىيەت جەھەتتە يۈكسىلىشنىڭ ئاچقۇچى. بىز مەدەنىيەتلىك مىللەت دېگەندە ئالدى بىلەن نەزەردە تۇتىدىغىنىمىز، تىلنىڭ تەرەققىياتى بىلەن تەپەككۇرنىڭ تەرەققىياتى.

> 210 يېشىل كۆكتىن ئىندى قوڭۇر يەرگە سۆز،
> كىشى تاپتى قىممەت سۆزى بىرلە ئۆز.

ئۇيغۇر خەلقى ئەڭ قەدىمكى مەدەنىيەتلىك مىللەتلەرنىڭ بىرى، چۈنكى ئۇلارنىڭ تىلى ۋە تەپەككۇرى مەركىزىي ئاسىيادىكى مىللەتلەرگە قارىغاندا ئەڭ بۇرۇن تەرەققىي قىلغان. شۇنىڭ ئۈچۈن ئۇيغۇر تىلى مەركىزىي ئاسىيادىكى باشقا ئەدەبىي تىللارنىڭ شەكىل-

لىنىشى ئۇچۇن مەنبەلىك رول ئوينىغان. مەركىزىي ئاسىيادىكى مىللەتلەر ئىچىدە ئەڭ بۇرۇن يېزىق ئىجاد قىلىپ مەدەنىيەت جەھەت-تە تارىخىي خاراكتېرلىك يۈكسىلىشنى بارلىققا كەلتۈرگەن خەلقمۇ ئۇيغۇرلار ئىدى. مەركىزىي ئاسىيادىكى تۈركىي مىللەتلەر ئىچىدە مىلادىيىدىن بۇرۇن يېزىق ئىجاد قىلىپ، كىتابلارنى بارلىققا كەل-ـتۈرگەن مىللەت يەنىلا ئۇيغۇرلار. تەرجىمە كىتابلاردىن باشقا، «ئوغۇزنامە» مىلادىيىدىن بۇرۇنلا كىتاب بولۇپ ئەل ئارىسىغا تار-قالغانلىقى «ئوغۇزنامە» نىڭ ئالاھىدىلىكىدىن روشەن نامايان بولماق-تا. مەن بۇ توغرىسىدىكى تەتقىقات نەتىجىلىرىمنى «بايقاش» دېگەن كىتابىمدا تەپسىلىي بايان قىلغان.

شۇنداق ئۇزۇن ئەسىرلىك تەرەققىيات جەريانىنى بېسىپ ئۆت-كەن ئۇيغۇر تىلى ئۆزىنىڭ بايلىقى، لۇغەت سوستاۋىنىڭ موللىقى، جانلىق ۋە ئىپادىلەش كۈچىنىڭ چەكسىزلىكى، ئوبرازچانلىقلىقى قاتارلىق ئالاھىدىلىكلىرى بىلەن ئۇيغۇر خەلقىنىڭ ئىچكى ھېسسى-ياتىنى، بىلىش نەتىجىلىرىنى مۇكەممەل، كەم كۈتىسىز ئىپادىلەپ بېرەلەيدىغان ئەڭ قۇدرەتلىك قورالغا ئايلانغان. تارىختا نۇرغۇن - نۇرغۇن سىناقلار ئىچىدە غالىب كېلىپ، ئۆزىنىڭ مەۋجۇتلۇقىنى كاپالەتلەندۈرگەن.

«قۇتادغۇبىلىك» ، «تۈركىي تىللار دىۋانى» ، «ئەتەبەتۇل ھە-قايىق» ، ئەلشىر ناۋائىنىڭ خەمسە ۋە چاھار دىۋانلىرىدا كارامىتى-نى كۆرسەتكەن بۇ تىل ئۇيغۇرلارنىڭ تەپەككۇر قۇدرىتىنى نامايان قىلىپ بېرىدىغان ئەڭ يارقىن سىما بولۇپ قالدى.

يۈسۈپ خاس ھاجىپ تىلغا ۋە تىل مەدەنىيىتىگە ئىنتايىن ئەھمىيەت بىلەن قارايدىغان ئالىم ئىدى. ئۇ تىل بىر ئادەمنىڭ مەدەنىيەت ساپاسىنىلا ئەمەس، بەلكى ئەخلاقىي ساپاسىنى ئەكس ئەتتۈرۈپ بېرىدىغان مۇھىم ئىپادە دەپ قارىغان. شۇڭا مەدەنىيەت-لىك، ئەخلاقلىق ئادەم بولۇشتا تىل مەدەنىيىتى ۋە تىل ئەخلاقىغا قاتتىق ئەھمىيەت بېرىش كېرەكلىكىنى تەكىتلىگەن. ئۇ ئەسىرىدە

تىل مەدەنىيىتى ۋە تىل ئەخلاقى توغرىسىدا مەخسۇس سەھىپىلەرنى ئېچىپ، ئۇنى ئەۋلادلارنى تەربىيىلەشنىڭ مۇھىم مەزمۇنى قاتارىدا چىڭ تۇتۇشنىڭ مۇھىملىقىنى قاتتىق تەكىتلىگەن.

يۇسۇپ خاس ھاجىپ تىلنى «ئەقىل ۋە بىلىمنىڭ تەرجىمانى، روشەن تىل كىشىنى يورۇتقۇچى» (162) دەپ قارىغان. تىل ھەم ئادەمنى قەدىرلىك قىلىدۇ، بەختلىك قىلىدۇ، تىل ھەم ئادەمنى قەدىرسىز ۋە بەختسىز قىلىدۇ. (163) دەپ قارىغان. چۈنكى تىلنىڭ ياخشىسى، يامىنى بولىدۇ، مەدەنىي ۋە مەدەنىيەتسىزى بولىدۇ، پەزىلەتلىكى ۋە پەزىلەتسىزى بولىدۇ. بۇنىڭ خاراكتېرى سۆزلىگۈچىنىڭ خاراكتېرى، ئەخلاقى تەرىپىدىن بەلگىلىنىدۇ.

تىل ئىنسانغا مەدەنىيەتلىك بولۇش ئۈچۈن بېرىلگەن، ئۇ ھەم پەزىلەتلىك، ياخشى سۆزلەرنى قىلىشقا ئاتا قىلىنغان، مەدەنىيەتسىز، ئەخلاقسىز سۆزلەر تىلغا ۋە تىل نېمىتىگە خىيانەت قىلغانلىق بولىدۇ. خۇدا ئىنساننىڭ ۋۇجۇد سەھنىسىنى ئەقىل گۈلشىنى بىلەن بېزەپ، ئۇ يەردە بەرىكەت شامىلى ئارقىلىق ئىلىم ۋە ئىدراك گۈلىنى ئېچىلدۇردى. ئىنسان مانا شۇ تىل ۋە دىلدا جارى بولغان ئەقىل مۇلكى ئارقىلىق ئاللانىڭ قۇدرەت - كامالىنى چۈشىنىدۇ ۋە ئاللانىڭ نېمەتلىرىنى باشقىلارغا سۆزلەپ بېرىدۇ. ئىسلامدا ئاللانىڭ نېمەتلىرىنى باشقىلارغا سۆزلەپ بەرگەنلىكمۇ شۈكۈر ئېيتقانلىق بولىدۇ. شۇڭا مۆمىن ئاللانى زىكرى قىلىدىغان، ئۇنىڭغا تەسبىھ ئېيتىدىغان تىلنى يامان، ئەسكى تىلغا ئىشلىتىش تولىمۇ ھاياسىزلىق بولىدۇ. ياخشى سۆزنى «ئىمان كەلىمىسى» دەپ ئاتىسا، يامان سۆزنى «كۇپۇر كەلىمىسى» دەپ قارايدۇ. ھايا بىلەن ئېيتىلغان، كىشىلەرنى ياخشىلىققا بۇيرۇيدىغان، يامانلىقتىن توسىدىغان، بىلىم ۋە ئەقىل بىلەن سۆزلەنگەن سۆزلەر ئىمان كەلىمىسى ھېسابلانسا، ھاياسىز، قوپاللىق بىلەن ئېيتقان، ئەسكى، كىشىلەرنىڭ دىلىنى يارا قىلىدىغان، مەنىسى يوق، ئەقىلسىز، بىلىمسىزلەرنىڭ تىلى كۇپۇر كەلىمىسى ھېسابلىنىدۇ. مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام

«ياخشى سۆزمۇ سەدىقە ھېسابلىنىدۇ» دېگەن ئىكەن. ياخشى، گۈزەل ئىبارە مەدەنىيەتلىك، پەزىلەتلىك ئادەملەرنىڭ ئېغىزىدىن چىقىدۇ، ناچار، قوپال، سەت گەپلەر مەدەنىيەتسىز، نادان، ئىمانسىز ئادەملەرنىڭ تىلىدىن چىقىدۇ. ھايا بار يەردە كۆركەملىك، گۈزەللىك بولىدۇ، ھايا بولمىغان يەردە گۈزەللىككە ئورۇن قالمايدۇ. «ھەرقانداق نەرسىدە ھايا بولىدىكەن ئۇ نەرسىنى گۈزەللەشتۈرىدۇ، ھەرقانداق نەرسىدە ھاياسىزلىق بولىدىكەن ئۇ نەرسىنى سەتلەشتۈرىدۇ».[1] قۇرئاندا: «كىشى سۆز قىلسىلا، ئۇنىڭ ئالدىدا كۆزەتچى پەرىشتىلەر ھازىر بولۇپ، ئۇنىڭ سۆزىنى خاتىرىلەپ تۇرىدۇ.» دېگەن ئايەت بار. يەنە مۇنداق دەيدۇ: «ئۇلار بىھۇدە سۆز، بىھۇدە ئىشتىن يىراق بولغۇچىلاردۇر.»[2]

ناھايىتى روشەنكى، ئىسلام ئەقىدىسىدە تىل مەدەنىيىتى ۋە تىل ئەخلاقىغا ناھايىتى ئەھمىيەت بېرەتتى، شۇڭا يۈسۈپ خاس ھاجىپ تىلنىڭ ھېكمىتى ۋە نېمىتى توغرىسىدىلا پىكىر بايان قىلىپ قالماي، بەلكى تىل مەدەنىيىتى ۋە تىل ئەخلاقى توغرىسىدا بىر قاتار قائىدە ـ يوسۇنلارنى بايان قىلىدۇ. ئۆز دەۋرىدە تىل مەدەنىيىتىگە، تىل ئەخلاقى يوسۇنلىرىغا رىئايە قىلمىغان، ئېغىزىغا كەلدى دەپ دەۋەرگەن، ئالدىمغا كەلدى دەپ يەۋەرگەن ئادەملەرنى ئىنسانلار تۈركۈمىدىن چىقىرىپ ھايۋانلار تۈركۈمىدىن سانىغان. بۇ خىل ئەقىدە ئۇيغۇرلاردا ئىسلامىيەتتىن بۇرۇنمۇ بار ئىدى. مەھمۇد قەشقەرى «تۈركىي تىللار دىۋانى» دېگەن ئەسىرىدە قەدىمكى ئۇيغۇرلاردا ئەخلاق ـ پەزىلەتنىڭ تىلدىن باشلىنىدىغانلىقى، تىل ئەدەپ ـ ئەخلاقنىڭ بېشى ئىكەنلىكى ئىپادىلەنگەن مۇنداق بىر ماقالنى مىسال ئۈچۈن بەرگەن: «ئەدەپ ـ ئەردەم بېشى تىل». بۇنىڭدىن ئۇيغۇرلارنىڭ تىل ئەخلاقىغا قانچىلىك ئەھمىيەت بېرىدىغانلىقى مەلۇم بولۇپ تۇرۇپتۇ. قەدىمكى قوچۇ شېئىرلىرىدىمۇ

---

① تىرمىزى رىۋايەت قىلغان.
② «قۇرئان كەرىم» مىللەتلەر نەشرىياتى، 1987-يىلى نەشرى، سۈرەقاف 18 ـ ئايەت.

پەزىلەتكە ئائىت قىممەتلىك شېئىرىي مىسرالارنى ئۇچرىتىمىز: «ئەردەملىك كىشى ئەردەنى بىرلە تەڭ ئەل، ئەردەمسىز كىشى ئۆتۈك ئىچىدىكى ئۇلياق بىرلە تەڭ ئول» (پەزىلەتلىك ئادەم گۆھەرگە ئوخشايدۇ، پەزىلەتسىز ئادەم ئۆتۈك ئىچىگە سالغان پىتەككە تەڭدۇر). بۇ يەردە دېيىلگەن «ئەردەم» ئاساسەن تىل ئەخلاقىنى نەزەردە تۇتقاندۇر.

يۇسۇپ خاس ھاجىپنىڭ تىل ئەخلاقى ھەققىدىكى تەۋسىيىلىرى مۇنداق بىرقانچە تەرەپتە ئىپادىلىنىدۇ.

بىرىنچى، سۆزلىمەكچى بولغان ئادەم بىلىم بىلەن سۆزلىشى، بىلىپ سۆزلىشى كېرەك، ئەگەر بىلمىسىز بولسا سۆزگە ئېغىز ئاچماسلىق كېرەك.

يۇسۇپ خاس ھاجىپ دەيدۇكى: «ئۆزۈڭگە ئېسەنلىك تىلەيدىغان بولساڭ، تىلىڭدىن ھەرگىز يارامسىز سۆزلەرنى چىقارما. سۆز قىلغاندا بىلىپ سۆزلىسەڭ، ئۇ بىلىم سانىلىدۇ، بىلمەستىن قىلىنغان بىلمىسىزنىڭ سۆزى ئۆزىنىڭ بېشىنى يەيدۇ. (170) شۇڭا ئەگەر سۆزلىمەكچى بولساڭ سۆزۈڭنى پاساھەت بىلەن قىل، سۆزۈڭ مەنىلىك، گۈزەل بولسا، ئۇ سېنى يۇقىرى ئۆرلىتىدۇ. (175) تىلنىڭ پايدىسىمۇ كۆپ، زىيىنىمۇ تولا، بەزىدە ماختىلىدۇ، بەزىدە سۆكۈلىدۇ. شۇڭا بىلىپ سۆزلىگىن، سۆزۈڭ قارىغۇلار ئۈچۈن كۆز بولسۇن، بىلىمسىز بىر قارىغۇدۇر، ئەگەر بىلىمسىز بولساڭ، تېز بول، بىلىمدىن نېسىۋە ئال. تۇغۇلغان ئۆلىدۇ، بىلىمسىز نادانلارنىڭ ھېچقانداق نىشانى قالمايدۇ. ئەگەر سۆزلىرىڭ ياخشى بولىدىغان بولسا، سەن ئۆلمەس بولۇپ قالىسەن. (173 - 180) ئادەم ئىككى نېمىدىن قېرىمايدۇ. بىرى، ياخشى ئىش، يەنە بىرى، ياخشى سۆز. ئەگەر ئۆلۈمسىز ھاياتنى ئارزۇ قىلساڭ، ئاۋۋال خۇلقۇڭ بىلەن سۆزۈڭنى ياخشى قىلىشىڭ لازىم.» (181 - 183) شۇڭا سۆزلىمەكچى بولساڭ بىلىم بىلەن سۆزلە، بىلىملىك ئەرلەرنى بۇيۈك بىل. ئاللا ئادەمگە ئاسمان-

دىن تىلنى نېمەت ئەتكەندىن بۇيان، ئادەم سۆزى بىلەن قەدىر-قىممەتكە ئىگە بولدى. (209 - 210) تىل دېگەن ئەقىلنىڭ زىننىتى، تىلنىڭ زىننىتى سۆزدۇر. بۇ خۇددى ئادەمنىڭ زىننىتى يۈز، يۈزنىڭ زىننىتى كۆز بولغانغا ئوخشاش. ئادەم تىلى بىلەن ئۆزىنىڭ مەقسىتىنى ئۇقتۇرىدۇ، ئەگەر سۆزۈڭ ياخشى بولسا، ئاندىن يۈزۈڭ يورۇيدۇ. » (274 - 275)

ھەممە ئادەم ئۆزىنى ئۆزى ناھايىتى ياخشى بىلىدۇ، پەقەت نادان كىشىلەرلا ئۆزىنى ياخشى چۈشەنمەيدۇ. ئۆزىنى بىلگەن ئادەم سۆزلەشنىڭ يولىنىمۇ بىلىدۇ، ئۆزىنى بىلمىگەن ئادەم سۆزلەشنىمۇ بىلمەيدۇ. بەزى ئادەملەرگە ئۆزىنىڭ سۆزى ئۆزىگە بەك خوپ كۆرۈنىدۇ، ئەڭ مەنىسىز سۆزلەرنى قىلىپ تۇرۇپمۇ پەلسەپە سۆزلەۋاتىمەن دەپ چۈشىنىدۇ، ئەلشىر ناۋائى شۇڭا: «كىمىكى ئۆز-ئۆزىنى بىلسە، ئۇ نېمىدېگەن ياخشى ئىبادەت ۋە ئۆزىنىڭ سۆزىنى بىلىپ سۆزلىسە، بۇ نېمىدېگەن ياخشى سائادەتتۇر. » («مەھبۇبۇل-قۇلۇپ»تىن) دېگەن. شۇڭا ئۇلار تىلنىڭ قىممىتىنى ئاشۇرۇش، تىلنىڭ ئۈنۈمىنى يۇقىرى كۆتۈرۈش ئۈچۈن ئادەم بىلىمىنى ئاشۇرۇشقا دەۋەت قىلىنغان. بۇ تىلنىڭ مەدەنىيلىك دەرىجىسىنى يۇقىرى كۆتۈرۈشنىڭ مۇھىم ئېھتىياجى.

ئادەم تىل بىلەن ئادەم ئىكەن، ئۇ تىلدىن ئۈنۈملۈك پايدىلىنىش ئارقىلىقلا ئادىمىيلىك دەرىجىسىنى يۇقىرى كۆتۈرەلەيدۇ. ئىنسانىيەت تارىخىدا بارلىققا كەلگەن بىلىش نەتىجىلىرىنىڭ ھەممىسى تىل ئارقىلىق روشەنلىك تاپتى. مىليونلىغان كىتابلار تىل ئارقىلىق گۈزەل غۇنچىلاردەك كۆركەملىك تاپتى. مانا بۇ بىلىم بىلەن تىلنىڭ بۇيۈك بىرلىكى ۋە شان - شەرىپى. تىل بىلەن ئۆزىنى ئىپادىلىيەلمەسلىك ئەمەلىيەتتە چوڭ بەختسىزلىكنىڭ بىر ئىپادىسى. تىل كىشىلەرگە بەخت ۋە روھ بېغىشلايدۇ. تىل ھەم ئادەمگە بەختسىزلىك ۋە ئاپەت يۈكىنى ئارتىدۇ. شۇڭا كونىلار تىلدا قابىلىيىتى ئۈستۈن كىشى ئەقىللىق كىشىدۇر، ئۆزىگە - ئۆزى

ئۇيغۇر كىتاب تورى بېكىتى www.uyghurkitap.com

ئىگە بولالمايدىغان كىشى پەس كىشىدۇر. (ناۋائى) دېگەن. بىز يۇقىرىدا توختالغان تىل قابىلىيىتى تەپەككۇر قابىلىيىتى دېگەندىن ئىبارەت. پەرزەنتلەرنىڭ تىل قابىلىيىتىنى ئۆستۈرۈش ئۈچۈن تەپەككۇر قابىلىيىتىنى ئۆستۈرۈش، تەپەككۇر قابىلىيىتىنى ئۆستۈرۈش ئۈچۈن تىل قابىلىيىتىنى ئۆستۈرۈش ئىنتايىن مۇھىم. بۇنىڭ ئۈچۈن ئۇلار كۆپلەپ بىلىم ئېلىشى، تەپەككۇر قىلىشى، ئويلىغىنىنى تىلدا ئىپادىلەشنى كۆپلەپ مەشىق قىلىشى كېرەك. تىل بىلەن تەپەككۇرنىڭ ماسلىشىشچانلىقىنى ئىشقا ئاشۇرغاندا، ئاندىن پەرزەنتلەر تىلى ئارقىلىق بىلگەننى راۋان، چۈشىنىشلىك، مەنتىقىلىق، قايىل قىلارلىق دەرىجىدە ئىپادىلەپ، ئۆزىنىڭ قەدىر- قىممىتىنى يۇقىرى كۆتۈرەلەيدۇ.

ئىككىنچى، ئۆزىدىن چوڭلارنىڭ ۋە بىلىملىكلەرنىڭ سۆزىنى كۆپلەپ ئاڭلاش، ئۇنى ئۆزىدىن كىچىك ۋە بىلىمى تۆۋەنلەرگە يەتكۈزۈش توغرىسىدىكى تەشەببۇسلار يۈسۈپ خاس ھاجىپنىڭ تىل مەدەنىيىتى تەربىيىسىدىكى يەنە بىر مۇھىم دەۋىتى.

ئالىملارنىڭ سۆھبىتىگە قاتنىشىش ۋە بۇ سۆھبەت ئەخلاقىغا قەتئىي رىئايە قىلىش تەلىپى كلاسسىك تەلىم- تەربىيىدە ئومۇملاشقان قائىدىلەرنىڭ بىرى. سۆھبەتلىشىش ئەخلاقى «قۇتادغۇبىلىك» تىلا ئەمەس، شەرق كلاسسىكلىرىنىڭ ئەسەرلىرىنىڭ كۆپىنچىسىدە تەكىتلەپ ئۆتۈلگەن تەلىم - تەربىيە تەلەپلىرىنىڭ بىرى ئىدى. ياخشى سۆھبەت ۋە ياخشى، دانا سۆھبەتداش ئادەمنى ياخشىلىققا، ئالىملىققا يېتەكلىسە، يامان سۆھبەت ۋە يامانلار بىلەن بولغان سۆھبەت كىشىنى يامانلىققا، ھالاكەتكە سۆرەيدۇ.

دېمەك، ياخشىلار بىلەن بولغان سۆھبەتتىن خۇددى ئەنبەرنىڭ پۇرىقىدەك كىشىلەرگە مەنپەئەت تېگىدۇ، يامانلار بىلەن بولغان سۆھبەت خۇددى يېقىمسىز تۇتۇندەك ئادەمگە يامانلىق ئېلىپ كېلىدۇ. ئادەم ئەلەيھىسسالامنىڭ شەيتان بىلەن بولغان سۆھبىتى ئۇلارنىڭ جەننەتتىن قوغلىنىشىغا سەۋەب بولغان ئىدى. شۇڭا ئاقىل

كىشىلەر يامانلار بىلەن بولغان سۆھبەتنى زەھىرىي قاتىل دەپ ئاتاشقان، ياخشى، تەقۋادارلار بىلەن بولغان سۆھبەتنى ئارزۇ قىلىشقان. ياخشىلار بىلەن بولغان سۆھبەت ئادەمنى ياخشىلىققا باشلايدۇ. قەلبىدىكى كىر - توزانلارنى تازىلاپ، كۆڭۈللەرگە ھۇزۇر ۋە راھەت ئېلىپ كېلىدۇ. ئاقىللار شۇنداق نەسىھەت قىلىدۇكى: «ئۆزۈڭنى يامان كىشىلەرنىڭ سۆھبىتىدىن يىراق تۇت، چۈنكى يامانلارنىڭ سۆھبىتى جەھەننەم ئوتىدىنمۇ يامان» (مۇھەممەد ھۇسەيىن). سېخىي ۋە ئالىيجاناپ كىشىلەر بىلەن سۆھبەتداش بولۇش ئادەمنى يېقىملىق، كىچىك پېئىل، چىرايلىق خىسلەتلەرگە رىغبەتلەندۈرىدۇ، خۇي - مىجەزى قوپال، نادان، ئەقىلسىزلەر بىلەن سۆھبەت قۇرساڭ، ئۇلار سېنى يېقىمسىز سۈپەت ۋە قەبىھ ئىللەتلەرگە يېتەكلەيدۇ، رەزىل، گۇناھلىق ئىشلارغا سايە قىلىدۇ.

يۈسۈپ خاس ھاجىپ پەرزەنتلەرگە ياخشىلار بىلەن سۆھبەتداش بولۇش، يامانلارنىڭ سۆھبىتىدىن قېچىش توغرىسىدا ئەسكەرتمە بېرىپ تۇرىدۇ. «قۇتادغۇبىلىك» دانا ۋە پازىل كىشىلەرنىڭ سۆھبىتىدىن پۈتۈلگەن ئەسەر. ئۇنىڭدىكى ھەربىر ئىبارە بىزگە ھاياتنىڭ ئاجايىپ ئۇلۇغ ھېكمەتلىرىنى بېرىدۇ. ئۇ دانالار بىلەن بولغان سۆھبەتنىڭ خاسىيىتى توغرىسىدا مۇنداق دەيدۇ: «بىلىملىك كىشىلەر تېنىمنى چۇرۇتۇپ، جېنى، روھىنى سەمرىتىدۇ. بەدەننىڭ ئۆلۈشى ئېغىزدىن كىرىدۇ، جاننىڭ ئۆلۈشى ھەققىي چىن ھېكمەت سۆزلىرى، قۇلاقتىن كىرىدۇ» (990 - 991).

تۇرمۇشتا سۆھبەتنىڭ تۈرلىرى ناھايىتى كۆپ، ئاتا - ئانىلار بىلەن بالىلار ئوتتۇرىسىدىكى سۆھبەت، بۇرادەرلەر بىلەن بولغان سۆھبەت، ئىلىم سورۇنلىرىدىكى سۆھبەت، ئۇستازلار بىلەن شاگىرتلار ئوتتۇرىسىدىكى سۆھبەت، ئاممىۋى سورۇنلاردىكى سۆھبەت، خوتۇنلار بىلەن بولغان سۆھبەت قاتارلىقلار. ئۇنىڭدىن باشقا شەيتانىي سۆھبەتلەرمۇ بار. ھاراق سورۇنلىرىدىكى سۆھبەت، پىتنە - پاسات، غەيۋەت قىلىنىدىغان سۆھبەت، شەھۋانىي

سۆھبەت، ئۆمۈرنى خورىتىدىغان، ۋاقىت ئۆتكۈزۈش ئۈچۈن بولغان قۇرۇق، مەنىسىز، ئەھمىيەتسىز سۆھبەت ... قاتارلىقلار. ھەربىر سۆھبەتنىڭ ئادەمگە بېرىدىغان مەنپەئەتى ۋە زەرىرى ئوخشاش بولمايدۇ، ھەربىر ئادەمنىڭ سورۇننى تاللىشىمۇ ئوخشىمايدۇ، خۇددى ھەسەل ھەرىسى كۈلۈپ ئېچىلغان خۇش پۇراق گۈل، غۇنچىلارنى تاللىسا، چىۋىن نىجاسەتنى تاللىغاندەك. بىرىدىن ئادەمگە شىپالىق ھەسەل چىقىدۇ، يەنە بىرى زىيانلىق مىكرۇب ۋە نىجاسەت تارقىتىدۇ. بىرىنى كىشىلەر ئەتىۋارلاپ باقىدۇ، يەنە بىرىنى كىشىلەر ھەر خىل زەھەرلىك دورىلار ۋە پالاقلار بىلەن ئۆلتۈرىدۇ. شۇڭا كىشىلەر ئۆزىنىڭ قىزىقىشى، رايى ۋە تاللىشىغا ئاساسەن سۆھبەت قۇرىدۇ. تۇرمۇشتا ھەر خىل تىپتىكى ئادەملەرنىڭ ئۆزىگە تۇشلۇق ئۈلپەتداشلىرى بولىدۇ. ھاراقكەشنىڭ ھاراقكەش ئۈلپىتى، پاھىشىۋازنىڭ پاھىشىۋاز ئۈلپىتى، نەشىكەشنىڭ ئۈلپىتى نەشىكەش بولغانغا ئوخشاش. ياخشىلار ياخشىلارنى ئۈلپەت ۋە سىرداش تۇتىدۇ، يامانلار يامانلارنى ئۆزىگە ھەمنەپەس قىلىۋالىدۇ.

ئۆسۈپ يېتىلىۋاتقان پەرزەنتلەرگە نىسبەتەن، ئۇلارنى قانداق ئادەملەرگە ئارىلاشتۇرۇش، ئۇلارنىڭ خاراكتېر ـ مىجەزىگە، دۇنيا قارىشىغا ۋە ئىقبالىغا پەۋقۇلئاددە تەسىر كۆرسىتىدۇ. مۇشۇ نۇقتىدىن چىقىپ، يۇسۇپ خاس ھاجىپ بالىلارنىڭ ياخشى ياكى يامان خۇيلارنى ئۆزلەشتۈرۈۋېلىشى، ياخشى خاراكتېرلىك ياكى يامان خاراكتېرلىك ئادەم بولۇشىنى بەلگىلەيدىغان تۈپ ئامىل نېمە؟ دېگەن مەسىلە ئۈستىدە ناھايىتى ئەستايىدىل مۇھاكىمە ئېلىپ بارغان. ئۇ بۇنى مۇنداق بىرقانچە نۇقتىدىن چىقىپ چۈشەندۈرىدۇ: بىرى، ئادەم تۇغۇلۇشىدىن ياخشى تۇغۇلىدۇ، ھەرگىزمۇ بىرى ياخشى، يەنە بىرىنىڭ يامان بولۇشى تۇغما بولمايدۇ. بىراق تۇغۇلغاندىن كېيىن ئۇنىڭغا تەربىيىچى بولغان ئادەم، ئۇ بالا ئارىلاشقان ئادەملەرنىڭ قانداق بولۇشى بالىنىڭ ياخشى ياكى يامان بولۇشىغا تەسىر كۆرسىتىدۇ. ياخشى پەرزەنتلىك، تەقۋادار ئاتا ـ ئانىلار تەربىيىلىگەن

بالىلار ئەقىللىق، پەزىلەتلىك بولۇپ ئۆسىدۇ، يامان مىجەزلىك پاسىق ئاتا - ئانىلارنىڭ قولىدا تەربىيىلەنگەن بالا پاسىق بولىدۇ. ياخشى ئۇستازلارنىڭ قولىدا تەربىيە كۆرگەن بالىلار ياراملىق، ناچار ئۇستازلارغا يولۇققان بالىلار يارامسىز بولىدۇ. ياخشى كىشىلەرگە ئارىلىشىپ چوڭ بولغان بالىلار ياخشى خۇي ئۆزلەشتۇرىدۇ، يامان-لارغا ئارىلىشىپ چوڭ بولغان بالىلار يامان خۇينى ئۆزلەشتۇرۇ-ۋالىدۇ. يۇسۇپ خاس ھاجىپ تەكىتلەپ دەيدۇكى: بالام «يامانلارغا ئارىلاشما يالىسى يۇقىدۇ، ياخشى دوستلار بىلەن ئارىلىشىپ ياخشى ياشىغىن. يامانلارغا قوشۇلما، ياخشىلار بىلەن ئارىلىشىپ كۆڭلۈ-ڭنى ياخشى ئۆتكۈزگىن. تۈز، توغرا ئادەم ئەگرىلەر بىلەن بىرگە بولسا كۆڭلىرى قارىيىدۇ.» (5508 - 5510) ياخشىلار بىلەن بىرگە بولۇش بۇ دۇنيانىڭمۇ، ئۇ دۇنيانىڭمۇ بەختى دەپ قارىغان. ئۇيغۇرلار پەرزەنت تەربىيىسىدە بالىلارنى ياخشىلارنىڭ تەربىيىسىگە تاپشۇرۇش، ياخشىلار بىلەن ئارىلاشتۇرۇشقا كۆڭۈل بۆلگەن. ياخشىلار بىلەن بىرگە بولۇش، ئۇلارنى دوست تۇتۇش، ئۇلارنى سىرداش تۇتۇش، ئۇلارغا ھەمراھ بولۇشنى ئاللانىڭ رەھمى-تى دەپ بىلگەن: «كىملەركى ئاللاغا ۋە پەيغەمبەرلەرگە ئىتائەت قىلىدىكەن، ئۇلار (ئاخىرەتتە) ئاللانىڭ نېمەتلىرىگە ئېرىشكەن پەيغەمبەرلەر، سادىقلار، شېھىتلەر ۋە ياخشىلار بىلەن بىرگە بولى-دۇ، ئۇلار نېمىدېگەن ياخشى ھەمراھلار» (سۈرەنىسا 69 - ئايەت) پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن: «ھەربىر ئادەم قىيامەتتە سۆيگەن ئادىمى بىلەن بىرگە بولىدۇ». دېمەك، بۇ دۇنيادا ئاللانىڭ رەھمىتىگە ئېرىشكەن كىشىلەر بىلەن ئارىلاشقان، ئۇلار بىلەن سۆھ-بەت قۇرغان ئادەم ئاخىرەتتىمۇ شۇلار بىلەن بىرگە بولىدۇ، بۇ دۇنيادا ئاللانىڭ لەنىتىگە ئۇچرىغان ئادەملەرگە ھەمراھ بولغان ئادەم ئاخىرەتتىمۇ شۇلارغا ھەمراھ بولىدۇ.

ھازىرقى جەمئىيەتتە بالىلارنىڭ ئەخلاقىي جەھەتتە، خاراكتېر ۋە ئەقىدە جەھەتتە ھەددىدىن ئارتۇق بۇزۇلۇپ چۇشكۇنلىشىپ كېتى-

ـشىگە نېمە تەسىر قىلىنىۋاتىدۇ. بىرى، تەلىم ـ تەربىيە ياخشى بولماپۋاتىدۇ، يەنە بىرى، جەمئىيەتتە يامان قىلىق، يامان كەيپىـ ياتلارغا كەڭرى بازار ئېچىلغاچقا، بالىلار يامانلارنىڭ تەسىرىگە ئىتتـ تىك ئۇچراۋاتىدۇ. يامان ئادەملەر بىزنىڭ نۇرغۇن سەبىي بالىلىرىـ مىزنى شەيتانغا ئوخشاش ئازدۇرۇپ، قەبىھ، رەزىل كوچىلارغا باشـ لاپ كەتتى. بۇ ئايىغى چىقماس زۇلمەت ئۆتەڭلىرىدە پەرزەنتلىرىمىز نابۇت بولماقتا. بۇنى ھەقىقىي تونۇپ يەتكەن بولساق، بالىلىرىمىزـ نى بۇ قارا، زەھەرلىك قوللارنىڭ قولىدىن قۇتۇلدۇرۇپ چىقىشقا ئاتلىنىشىمىز كېرەك. بالىلارنى ياخشىلارغا ھەمراھ قىلىش يۈسۈپ خاس ھاجىپ تەشەببۇس قىلغان ئەڭ ياخشى، ئۈنۈملۈك، ئىستىقـ باللىق، قانۇنىيەتلىك تەربىيىلەش ئۇسۇللىرىنىڭ بىرى.

ئۈچىنچى، سۆزلەش ئۈچۈن سۆزلەش زۆرۈرىيىتى تۇغۇلۇشى كېرەك. زۆرۈرىيەتسىز چاغدا سۆزلەش ئەدەپسىزلىك بولىدۇ، دەپ تەكىتلىگەن. بۇنداق زۆرۈرىيەتنىڭ بىرىنچى شەرتى قارشى تەرەپ ئۇنىڭ سۆزلىشىگە ئىجازەت بەرگەن بولۇشى، ئۇنىڭدىن مەلۇم بىر ئىشنى سورىشى كېرەك. ئەگەر سۆزلەش زۆرۈرىيىتى تۇغۇلماي تۇرۇپ، ئۆزىچە سۆزلەپ كەتكەن ئادەمنى يۈسۈپ خاس ھاجىپ «ھايۋان»، «تەلۋە» دېگەن سۈپەت بىلەن سۈپەتلىگەن. «بىلىملىك ئادەمنىڭ سۆزىنى ئاڭلا، ھەرگىزمۇ ئۆزۈڭنى قاچۇرما، سۆزلەشكە توغرا كەلگەندە ھەرگىزمۇ سورالماستا سۆزگە تىل ئاچما. قايسى ئادەم كىمنى لازىم تېپىپ چاقىرغان بولسا، ئاۋۋال سۆزلىگۈچى گەپ ئېچىشى كېرەك. چاقىرغان ئادەم گەپ سورىماستىنلا سۆزلەپ كەتكەن ئادەمنى ھايۋان دېسە توغرا بولىدۇ. مۇنداق ئادەمنى تەلۋە، ئەخمەق ئادەم دەپ قارىسا بولىدۇ.» (960 ـ 963)

تۆتىنچى، يۈسۈپ خاس ھاجىپ گەپنى ئورۇنسىز يەرگە، بىـ لىمنىڭ قەدرىگە يەتمەيدىغان ئادەملەرگە سۆزلەپ يۇرمەسلىكنى، سۆزلەش ئەدەپنىڭ بىر مەزمۇنى قاتارىدا تەكىتلىگەن. كونىلاردا «نادانغا ھېكمەت سۆزلىسەڭ زايا كېتىدۇ» دېگەن ھېكمەت بار.

چۈنكى نادان ئەگەر ھېكمەتنىڭ قەدرى-قىممىتىگە يېتىدىغان بولسا ئۇ نادان بولمايتتى. ھەقىقەتەن بىلىمسىز، نادان ئادەم ھېكمەتنىڭ قەدرىگە يەتمەيدۇ ھەم ئۇنىڭغا ئەمەل قىلمايدۇ. ئۇلارغا دېگەن ھېكمەتلىك سۆزلەر خۇددى ئېشەكنىڭ قۇلىقىغا چالغان ساتارغا ئوخشاش بىمەززە، يېقىمسىز تۇيۇلىدۇ. يۈسۈپ خاس ھاجىپ ئەگەر سۆزلىسەڭ سۆزلىرىڭنىڭ مەنىسىنى چۈشىنىپ، ئەمەل قىلالايدىغانلارغا، قەدرىگە يېتەلەيدىغانلارغا سۆزلە، بولمىسا جاھىللار ئارىسىدا ئۆزۈڭنى ۋە سۆزۈڭنى خار قىلما، دېگەن. ئۇ يەنە ئۆزىنىڭ «قۇتادغۇبىلىك» دېگەن ھېكمەتلەر قامۇسىنى نادانلار، بىلىمسىزلەر، جاھىللار ئۈچۈن ئەمەس، بەلكى بىلىملىك، ھوشيار، ئۇنىڭ قەدرىگە يېتىدىغان ئەقىل ئىگىلىرى ئۈچۈن سۆزلىدىم. بىلىمسىزلەرنىڭ، جاھىللارنىڭ تىلىنى بىلمەيمەن. (202) دېگەن. شۇڭا ئۇ بىلىپ سۆزلىگۈچى كۆپ، لېكىن مەن ئۈچۈن ئۇنى ھەقىقىي بىلىپ ئىشقا ئاشۇرغۇچى ئادەم قەدىرلىكتۇر.» (207) دەيدۇ.

شەيخ سەئىدى مۇنداق بىر ئىبرەتلىك كىتابنى نەمۇنە قىلىپ كۆرسىتىدۇ: «مەن بىر چاغلاردا-دەپ ھېكايە قىلىدۇ. ئۇ بەئىلەبەك جامەسىدە ئېزىلەڭگۈ، كۆڭلى ئۆلگەن، شەكىلدىكى دۇنيادىن مەنىۋى دۇنياغا يول سالالمىغان بىر توپ جامائەتكە ۋەز تەرىقىسىدە سۆز قىلغان ئىدىم. قارىسام، نەپسىم ئوتلۇق بولمايۋاتىدۇ، ئوتۇم ئۇلارنىڭ ھۆل ئوتۇنىغا تەسىر قىلمايۋاتىدۇ. ھايۋانلارغا تەربىيە بېرىش ۋە قارىغۇلار مەھەللىسىدە ئەينەك كۆتۈرۈپ يۈرۈش ماڭا پايدىسىز كۆرۈندى. لېكىن پىكىرلەر ئىشىكى ئوچۇق، سۆز زەنجىرى ئۇزۇن ئىدى. مەن ئۇلارغا: ‹بىز ئۇنىڭغا قىزىل قان تومۇرىدىنمۇ يېقىنمىز›[1] دېگەن ئايەتنىڭ مەنىسى چۈشەندۈردۈم. ئاندىن سۆزۈمنى بىر جايغا يەتكۈزدۈمدە، ئادىتىمچە شېئىر بىلەن مۇنۇ سۆزنى ئېيتتىم:

① «قۇرئان كەرىم» مىللەتلەر نەشرىياتى، 1987-يىلى نەشرى، 50 - سۈرە، 16 - ئايەت.

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

ئۆز - ئۆزۈمگە مەن يىغلىسام، دوستۇم ئۆزۈمدىنمۇ يىغلىسۇن،
شۇنىسى قىزىق ۋە لېكىن مەن ئۇنىڭدىن بەك يىراق.
نە قىلاي، كىمگە ئېيتاي ئۇشبۇ ھالىمنى كۆرۈڭ،
يار قۇچىقىمدا تۇرۇپ، ھىجراندا يۈرگەيمەن يىراق!

مەن بۇ سۆزنىڭ شارابىدىن مەست ئىدىم، گويا قولۇمدا تېخى ئىچىپ بولالمىغان قەدەھ بار ئىدى، شۇ ئەسنادا بىر يولۇچى بىز يىغىلغان جايدىن ئۆتۈپ قالدى؛ ئۇنىڭغا سۆزۈمنىڭ ئاخىرى تەسىر قىلغاچقا، ئۇ شۇنداق ۋارقىرىدىكى، باشقىلارمۇ ئۇنىڭغا ئەگىشىپ چۇقان كۆتۈرۈشتى. جىمىپ قالغان مەجلىس قايناشقا باشلىدى. مەن دېدىم: «سۇبھانالللا! قېشىمىزدىكى قەلبى كورلار يىراقتا قې-لىپ، ئۆزى يىراقتا بولسىمۇ خۇدادىن خەۋىرى بارلار بۇ يەردىن چىقىپ قالدى». [①]ھەقىقەتەن ئىلىمنىڭ، ھېكمەتنىڭ قەدرىگە ئا-لىملار يېتىدۇ، قەلبى كور، نادان «ھايۋان»لار بىلىمنىڭ قەدرىگە يەتمەيدۇ ھەم ئۇنىڭغا ئەمەل قىلمايدۇ. شۇڭا قۇرئاندا: «بىز ئىن-سانلارغا (قۇرئاندا ئۇلارنىڭ زېھنىگە يېقىنلاشتۇرۇش ئۈچۈن) بايان قىلغان بۇ تەمسىللەرنى پەقەت ئالىملارلا چۈشىنەلەيدۇ.»[②]يەنە مۇن-داق دەيدۇ: «(ئالللا) ھېكمەتنى (يەنى ياخشى ئەمەلگە يېتەلەيدىغان پايدىلىق ئىلىمنى) خالىغان بەندىسىگە ئاتا قىلىدۇ. ھېكمەت ئاتا قىلىنغان ئادەمگە كۆپ ياخشىلىق ئاتا قىلىنغان بولىدۇ. پەقەت ئەقىللىق ئادەملەرلا بۇنىڭدىن پەند - نەسىھەت ئالىدۇ.»[③]نادان، جاھىل، ھەقنى تونىمىغان، ھەقنى ئېتىراپ قىلمىغان كىشىلەرنىڭ قەلبى پېچەتلىۋېتىلگەن بولۇپ، ئۇنداق قەلبكە ھېكمەتنىڭ نۇرى چۈشمەيدۇ ۋە تەسىر قىلمايدۇ. ئەگەر دېيىلگەن، يېزىلغانلىكى ھېكمەتلەر ھەممە ئىنسانلارغا تەسىر قىلغاندا ئىدى، دۇنيادا نادان قالمىغان بولاتتى. ھازىرغىچە ئىنسانلارنىڭ نىجاتلىق يولىنى كۆر-

---

① سەئدى «گۈلىستان» مىللەتلەر نەشرىياتى، 1984-يىلى نەشرى، 101 - 102 - بەتلەر.
② «قۇرئان كەرىم» مىللەتلەر نەشرىياتى، 1987-يىلى نەشرى، سورە ئەنكە بۇت 43 - ئايەت
③ «قۇرئان كەرىم». بەقەرە 269 - ئايەت.

سىستىپ بېرىدىغان، ھەقىقەتكە دالالەت قىلىدىغان، جاھالەتتىن چەكلەيدىغان، غەپلەتتىن ئويغىتىپ، سەگەك ياشاشقا ئىشتىراك قىلىدىغان مىڭلىغان كىتابلار بارلىققا كەلدى. بىراق بۇنىڭدىن قەلبى ھەقىقەت نۇرى بىلەن نۇرلانغان كىشىلەرلا ئىبرەت ئېلىپ، قەلب ئېتىزىنى تېخىمۇ بېيىتتى، قەلبى كورلار ئۆمۈر بويى كور-لۇقتىن قۇتۇلالماي ئۆتۈپ كەتتى. شۇڭا سۈنىمۇ سىڭگەن يەرگە سىڭىش، گەپنىمۇ ئاڭلايدىغان ۋە ئەمەل قىلىدىغان يەرگە قىلىش ھېكمەت سۆزلىگۈچىگە قويۇلغان ئەخلاقى تەلەپنىڭ بىرى بولۇپ تەكىتلىنىپ كەلگەن. قۇرئاندا ئاللا مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامغا ئا-گاھلاندۇرۇپ، كور، قەلبى جاھالەتكە پاتقان، ئۆزىنى زۇلمەتكە ئەسىر قىلغان ئادەملەرگە ھەرقانچە سۆزلەپمۇ ھەقنى تونۇتۇپ بولال-مايسەن دەپ ۋەھىي قىلغان: «كور ئادەم بىلەن كۆزى ساق ئادەم باراۋەر بولمايدۇ. زۇلمەت بىلەن نۇر (يەنى باتىل بىلەن ھەق) باراۋەر بولمايدۇ. سايە بىلەن ئىسسىق (يەنى جەننەت بىلەن دوزاخ) باراۋەر بولمايدۇ. تىرىكلەر بىلەن ئۆلۈكلەر (يەنى مۆمىنلەر بىلەن كاپىرلار) باراۋەر بولمايدۇ، شۈبھىسىزكى، ئاللا (ھەق دەۋەتنى) خالىغان كىشىلەرگە ئاڭلىتىدۇ. سەن قەبرىدىكىلەرگە ئاڭلىتالماي-سەن.»[1] يۈسۈپ خاس ھاجىپ يۇقىرىقى ھەقىقەتلەردىن چىقىپ، دۇنيادا بىلىملىكلەر ئاز، بىلىملىكلەر كۆپ، بىلىمسىز نادانلار ئۆلۈك بىلەن باراۋەر، دەپ قاراپ، ئۆلۈكلەرگە ھېكمەت سۆزلىسەڭ ئۇنۇمى بولمايدۇ، دەپ نەسىھەت قىلغان.

مەن شۇنچە نۇرغۇن ئادەملەرنىڭ نادانلىق ئاسارىتىدە، نەپسى-نىڭ سىرتمىقىغا مەھكەم ئېسىلىپ، ئۆزىنى نىجاسەتكە ئېتىۋاتقان-لىقىنى، بەزىلەرنىڭ ھەقمۇ، ناھەقمۇ، راستمۇ، يالغانمۇ، پايدى-لىقمۇ، پايدىسىزمۇ ناھايىتى روشەن ۋە ئېنىق تۇرسا، نېمە ئۈچۈن يەنىلا ئۆلۈك بىلەن تىرىك ئارىسىدا ياشايدىغاندۇ، دەپ تولىمۇ

---

① «قۇرئان كەرىم» مىللەتلەر نەشرىياتى، 1987-يىلى نەشرى، فاتىر 14 - ئايەت.

www.uyghurkitap.com

ئىچىم پۇشاتتى، ھەتتا كۆپ ھاللاردا تېرىكىپ قالاتتىم. بۇ جاھىل-
لارنىڭ ھەق سۆزگە پىسەنتمۇ قىلىپ قويماي يەنىلا ئۆزىنى ئۆزى
خارلاۋاتقانلىقىدىن تولىمۇ ئەپسۇسلىناتتىم. ئەمدى چۈشەندىمكى،
قەلبىدە ھەقىقەت نۇرى يورۇمىغان، پىچەتلەنگەن قەلبلەرگە تەسىر
قىلىش ئۇنچە ئوڭاي ئەمەس ئىكەن. مەن «بىر كىشىنى ھەقتىن
ئايرىلغان كۆرسەڭ ئۇنىڭ يېنىدا ھەق سۆز قىلما، پەسكەش ئادەم-
لەرگە ئىلىم ـ ھېكمەتتىن سۆز قىلىنسا ئىلىم ـ ھېكمەتكە ئۇۋال
قىلىنغان بولىدۇ. ئۇلارغا ئۇنداق گەپ قىلىش شورلۇق يەرگە
ئۇرۇق سالغاندەك ھېچ ئۇنۇم بەرمەيدۇ.» دېگەن سۆزلەرنىڭ ھەقى-
قىتىنى چۈشەندىم. شۇڭا يۇسۇپ خاس ھاجىپ: «بىلىمنىڭ قەدرى-
نى بىلىملىك بىلىدۇ، بىلىمنى، بىلىملىكنى قەدىرلەش بىلىملىك-
تىن كېلىدۇ، بىلىمسىزدىن بىلىمنى، بىلىملىكلەرنى قەدىرلەش
نەدىن كەلسۇن» دەپ يۇقىرىقى ھەقىقەتنى رېئال تۇرمۇشتا ئىسپات-
لىغاندىن كېيىن قويغان ئىكەن، ئەگەر ئاتا ـ ئانىلار بۇ ھەقىقەتنى
ھەقىقىي چۈشەنگەن بولسا، پەرزەنتلەرنىڭ قەلبىنى ھەقىقەت نۇرى
بىلەن يورۇتۇشقا تىرىشىشى، ئۇلارنىڭ ھەقىقەتكە ئۆزىنى پەرۋاند-
دەك ئۇرىدىغان قەلب تۆرىنى ھازىرلىشى ئۈچۈن ئىمكانىيەت يارد-
تىپ بېرىشلىرى مۇقەددەس قەرزى.
بەشىنچى، يۇسۇپ خاس ھاجىپ پەرزەنتلەرگە سۆزلىرىدىن ھە-
قىقەت ئۇنچىلىرى تۆكۈلىدىغان بولسا، سۆزگە تىل ئېچىپ سۆھبەت-
داشلىرىغا ھېكمەتتىن نۇر بېرىشى، ئۆزىگە، سۆزىگە ئىشەنسە تارتى-
نىپ ئولتۇرماي ئۆزىنى ئاشكارىلىشى كېرەكلىكىنى، ئەگەر سورۇن-
دا ئولتۇرغانلار ئۆزۈڭدىن ئەقىل ـ پاراسەتتە ئۈستۈن، بىلىمدە
كامالەتكە يەتكەن دانالار بولىدىغان بولسا، ياخشىسى بۇلارنىڭ ئىل-
مىدىن نەپ ئېلىپ، روھىنى بېيىتىش لازىملىقىنى تەكىتلەيدۇ.
نادانلارنىڭ ئۆزىنى بىلىپ دانالاردىن ئاڭلاشقا ئىنتىلىشى، ئۇنىڭ
نادانلىقتىن قۇتۇلۇشقا باشلىغانلىقىنى، پەزىلەت تەرەپكە يۈزلەنگەن-
لىكىنى كۆرسىتىدۇ. نۇرغۇن ئادەملەرنىڭ بىمەنە سۆزلىرى ئۆزىگە

ھەقىقەت تۇيۇلىدۇ، شۇڭا ئۇلار يېرىم چېلەك سۇ بەكرەك چايقالغان-غا ئوخشاش ئۆزىنى تۇتۇۋالالماي، ئۆزىنىڭ نادانلىقىنى ئاشكارىلاپ قويىدۇ. ھېكايە قىلىنىشىچە: مىسىردا بىر دەرۋىش بار ئىكەن، ئۇ ئۇزۇندىن بېرى سۈكۈت قىلىشنى ئۆزىگە ئادەت قىلىپ، مەشھۇر بولغان ئىكەن. يىراق - يېقىندىن نۇرغۇن ئەقىللىق كىشىلەر ئۇنى زىيارەت قىلىپ كېلىپ، يورۇقلۇق ئىزدىگەن پەرۋانىدەك ئۇنىڭ ئەتراپىدا ئايلىنىپ يۈرەتتى. بىر كۈنى ئۇ ئىچىدە مۇنداق ئويلىدى: ھەر ئادەم ئۆز تىلىنىڭ ئاستىدا مەخپىيدۇر. نېمە ئۈچۈن سۈكۈت قىلىمەن؟ گەپ قىلمىسام مېنىڭ مەلۇماتلىق ئىكەنلىكىمنى كىشى-لەر نەدىن بىلسۇن؟ ئۇ ئويلىغىنى بويىچە بۇرۇنقى سۈكۈت قولىنى ئېچىپ، ئۇنىڭ - بۇنىڭغا قەلب دەرۋازىسىنى ئېچىشقا باشلاپتۇ. مانا شۇ چاغدىلا دوست - دۈشمەن ھەممە كىشى ئۇنىڭ قانداق مال ئىكەنلىكىنى بىلىپتۇ. ئۇلار كۆرۈپتۇكى، مىسىرنىڭ ئەڭ بىلىم-سىز ئادىمى ئەسلىدە مانا شۇ دەرۋىش ئىكەن. ماھىيەتنىڭ مۇنداق ئاشكارىلىنىشى بىلەن ئۇنىڭ ئەھۋالى يامانلاشقىلى تۇرۇپتۇ، كۆ-ڭۈل ئارامچىلىقى بۇزۇلۇپ، مىسىردىن باشقا بىر جايغا كۆچۈپ كېتىشكە مەجبۇر بوپتۇ. ئۇ كېتىدىغان چاغدا ئۆزى تۇرغان مەس-چىتنىڭ مەرىپىگە مۇنداق دەپ يېزىپ قويۇپتۇ: «ئەينەكتە ئۆزۈمنى كۆرگەن بولسام، نادانلىق بىلەن چۈمپەردىنى يىرتمايتتىم. ئۆزۈم-نى چىرايلىق ساناپ، يۈزۈمدىكى پەردىنى ئېلىۋەتتىم. لېكىن، نەقەدەر سەت ئىكەنلىكىم ئاشكارا بولدى.»

شەيخ سەئىدى يۇقىرىقى ھېكايىنى كەلتۈرگەندىن كېيىن، مۇنداق ھېكمەتلەرنى تۆكىدۇ: «بۇرادەر، ئازراق گەپ قىلغاننىڭ ئاۋازى كۈچلۈك بولىدۇ. كۆپ سۆزلىسەڭ سۆزنىڭ قىممىتى بول-مايدۇ. ئۆزۈڭمۇ ئابرۇيىڭدىن چۈشىسەن. ئۇ چاغدا قېچىشتىن باشقا چارە يوق. بالام، سۈكۈت ساڭا سالماقلىق ئاتا قىلىدۇ، ئەي نادان، سۈكۈت ساڭا پەردە بولىدۇ. ئالىم بولساڭ ھۆرمىتىڭنى قولدىن بەرمە، نادان بولساڭ پەردەڭنى يىرتما. كۆڭلۈڭدىكىنى

قاچان ئېيتساڭ بولۇۋېرىدۇ، شۇڭا ئېيتىشقا ئالدىرىما. ئىچىڭدىكىنى ئالدىراپ تۆكمە، سىرىڭ پاش بولۇپ قالسا، ئۇنى ھەرقانچە قىلىپمۇ قايتا يوشۇرالمايسەن. ئىنسان بالىسى گەپ قىلىدۇ، ھايۋان گەپ قىلالمايدۇ. بىمەنە گەپ قىلغانلار ھايۋاندىنمۇ تۆۋەن تۇرىدۇ. ئادەم بولساڭ ئادەمدەك گەپ قىل، بولمىسا، ھايۋاندەك سۈكۈتتە تۇرغىنىڭ ئەۋزەل. سۆز ۋە ئەقىل ئادەمنى ئادەم قىلىدىغان سۈپەتلەردۇر. شۇنداق ئىكەن، تۇتى قۇشتەك يېقىملىق سۆزلە، لېكىن ئۇنىڭدەك نادان بولما.»①

يۈسۈپ خاس ھاجىپ بۇ ھەقتە مۇنداق دەيدۇ: «تىرىك ئادەم سۆزلىمەي مۇمكىن ئەمەس، پەقەت مۇنداق ئىككى خىل ئادەم سۆزلىيەلمەيدۇ. بىرى گاچا، يەنە بىرى بىلىمسىز. گاچىنىڭ تىلى يوق سۆزلىيەلمەيدۇ، نادانىنىڭ تىلى سۆز ساقلىيالمايدۇ. شۇڭا نادان بولسا تىلغا ھاكىم بولۇشى، بىلىملىك سۆزىگە ئەركىن بولۇشى لازىم. بىلىملىك ئادەمنىڭ سۆزى خۇددى بۇلاقتا ئوخشاش كەملەپ كەتمەيدۇ. يەرگە سۇ قۇيسا نېمەتلەر ئۈنگىنىگە ئوخشاش بىلىملىكلەرنىڭ سۆزى ھاياتقا ئۈمىد ئېلىپ كېلىدۇ. بىلىمسىز، نادان كىشىنىڭ كۆڭلى خۇددى قۇم باسقان دالىدەك دەريا كىرسىمۇ تولمايدۇ. گىياھمۇ ئۈنمەيدۇ»، «ياخشى سۆزنىڭ خاسىيىتىدىن بوز يەردىكى ئادەم يېشىل كۆككە ئۆرلەپ، تۆرگە چىقالايدۇ. ئەگەر تىل ئورۇنلۇق سۆزلەشنى بىلمىسە، كۆكتىكى كىشىنى يەرگە ئۇرىدۇ. نادان ئادەملەر ئۇيدەك يەپ ئۆتسىلا شۇنىڭغا قانائەت قىلىدۇ، مەنىسىز سۆزلەرگە گول بولۇپ، ئۆزىنى سەمرىتىدۇ. بىلىم ئىگىلىرى بولسا، جېنىنى سەمرىتىپ، تېنىنى جۇدىتىدۇ. بىلىمسىز نادان ئادەملەرنىڭ قۇرۇق، مەنىسىز، تاققا - تۇققا سۆزلىرى ئەڭ يامان ۋە زىيانلىق. ياتقان ئارسلاندۇركى، ھەزەر قىلمىسا بېشىنى يەيدۇ. تىلنىڭ ئىتتىكلىكىدىن كۆپ ھەرەج تارتقان بىر كىشى

① سەئدى «گۈلىستان» مىللەتلەر نەشرىياتى، 1984-يىلى ئۇيغۇرچە نەشرى 260 - 261 - بەتلەر.

مۇندان دېگەن: تىلىم ماڭا شۇنداق كۆلپەتلەرنى سالدىكى، ئەمدى بېشىم كەتمەستە تىلىمنى كېسەي، يۇقىرىقى سۆزدىن ئىبرەت ئېلىپ، باش كەتمەستە سۆزگە دىققەت قىلىپ، چىش سۇنماستا تىلغا ھاكىم بولۇش كېرەك. ئېسەنلىك ئىزدىگەن ئادەم تىلدىن ھەرگىز يارامسىز سۆزلەرنى چىقارماسلىقى لازىم. بىلىپ سۆزلىگەن سۆز بىلىم ھېسابلىنىدۇ. بىلىمسىزنىڭ سۆزى ئۆزىنىڭ بېشىنى يەيدۇ.»

يۇسۇپ خاس ھاجىپ يۇقىرىقى بايانلىرىدىن كېيىن، نېمىنى دېيىش، نېمىنى دېمەسلىك توغرىسىدا يەنە مۇنداق نەسىھەت قىلىدۇ: «سۆز ئۇزۇن بولسا، سۆزلەشكە لازىملىقى بىر، توققۇزى ياسالما بولىدۇ. ياسالما سۆز تېگىدىن بەتبۇي بولىدۇ. شۇڭا سۆز سانى ئۇزۇن بولىدىغان بولسا، دېيىلىدىغىنى بىر بولۇشى لازىم. ئەڭ ياخشىسى كۆپ سۆزلىمەسلىك، تۈمەن سۆزنىڭ تۈگۈنىنى بىر سۆز بىلەن يېشىش كېرەك.» ئارقىدىن، كۆپ سۆز دېگەن قانداق بولىدۇ، ئاز سۆزچۇ، سۆزلەش كېرەكمۇ ياكى سۆزلىمەسلىك كېرەكمۇ دېگەن سوئالغا مۇنداق جاۋاب بېرىدۇ: «سورالغاندا ئورۇنلۇق جاۋاب بېرىش ئاز سۆز ھېسابلىنىدۇ. ئورۇنسىز سۆزلەپ كۆڭۈلنى غەش قىلىش كۆپ سۆز ھېسابلىنىدۇ. شۇڭا كۆپ ئاڭلاپ، ئاز سۆزلەش پەزىلەت ھېسابلىنىدۇ. تىل دېگەن سۆزلەشكە يارىتىلغان. تىل سۆزلىمىسە، بىلىمنى جايىدا ئىشلەتكىلى بولمايدۇ. تىلنىڭ ماختىلىدىغان تەرەپلىرىمۇ بار، سۆكۈلىدىغان تەرەپلىرىمۇ بار. مىدىرلاپ تۇرغان ئادەملەرنىڭ ھەممىسى تىلى بىلەن ئىمان ئېيتىدۇ. ئىنسان پۈتۈن ئالەمنى ياراتقان تەڭرىنى تىلى بىلەن مەدھىيىلەيدۇ. ۋۇجۇد بار كىشىگە تىل بىلەن كۆڭۈل لازىم. كۆڭۈل بىلەن تىل دۇرۇس سۆز ئۈچۈن يارىتىلغان. دۇرۇس سۆزلىسە دائىم ماختىلىدۇ، ئەگەر سۆز ئەگرى بولسا ئۆزىمۇ ئوتتا پۇچۇلىنىدۇ. شۇڭا تىل ئورۇنلۇق سۆز ئۈچۈن تەۋرىسۇن. تىل ئەگرى بولسا سۆزنى

www.uyghurkitap.com

يوشۇرۇش دۇرۇس»[1].

يۈسۈپ خاس ھاجىپ تىل مەدەنىيىتى ۋە سۆزلەش ئەدەپى توغرىسىدا نېمىشقا بۇنچىلىك كۆپ سەھىپە ئاجرىتىدۇ؟ ئۆز دەۋرىدىكى ئىلىم سورۇنلىرى ئۇيغۇرلارنىڭ ئەنئەنىۋى ئىلىم ۋە پەزىلەت مەكتىپى ئىدى. تۇرغۇن ئالىملار مانا شۇ سورۇنلاردا پىشىپ ئىلىم ـ ھېكمەتتە كامالەتكە يەتكەن. بىز «قۇتادغۇبىلىك» تىن مۇنداق بىر كايىش تەلەپپۇزىدا ئېيتىلغان باياننى كۆرىمىز: «ئاتا ـ ئاناڭ ساڭا ئەي ئوغلۇم، بىگىڭگە ھەرگىز ئۆزۈڭنى تەڭ قىلما دەپ ئېيتمىغانمۇ، يىگىت بېشى بېگىڭگە بويۇنتاۋلىق قىلما، بېشىڭنى كۆتۈرگىن دەپ نەسىھەت قىلمىغانمۇ» (651 ـ 652). يۇقىرىقى بېيىتتىكى «يىگىت بېشى» دەپ ئالغان سۆزىمىز ئەسەردە «خىل باشىڭ» دەپ ئېلىنغان. بىز ئۇنى قائىدە ـ يوسۇن تەربىيەسى بېرىدىغان، پەزىلەت ۋە بىلىمدە باشقىلاردىن ئۈستۈن بولغان سورۇن بېشى دەپ چۈشەندۇق. ئۇ ئوردىدىكى بىرەر ئەمەل نامى بولۇشىمۇ مۇمكىن. بىراق بىزگە لازىملىق تەرىپى شۇكى، ئۆز دەۋرىدىكى پەرزەنتلەرنىڭ قائىدە ـ يوسۇنلۇق، پەزىلەتلىك بولۇشىدا ئاتا ـ ئانىسىنىڭ مەسئۇلىيىتىدىن باشقا «خىل باشى» نىڭمۇ مەسئۇلىيىتى بارلىقىدىن ۋاقىپ بولدۇق. ئۇيغۇرلار پەرزەنتلەرنى كىچىكىدىن باشلاپ سورۇندا تاۋلايتتى، سورۇن كۆرگەن ئادەم بىلەن سورۇن كۆرمىگەن ئادەمنىڭ ئوتتۇرىسىدا ئىلىمدە بولسۇن، ئىنكاسىنىڭ تېزلىكىدە بولسۇن، قائىدە ـ يوسۇندا بولسۇن، ھاياتنىڭ مەنىسى جەھەتتىن بولسۇن ناھايىتى روشەن پەرق بولىدۇ. ئىلىم سورۇنلىرى ھاياتقا ئاجايىپ قىممەتلىك مەنە، خۇرسەنلىك ئاتا قىلىدۇ. ياخشىلار بىلەن تۈزۈلگەن سۆھبەتنىڭ تەسىرى ئۇزۇن مەزگىل قەلبتە ساقلىنىدۇ. سۆھبەت دېگەن بىر جانلىق دەرسخانا ۋە جانلىق كىتاب. ھازىرقى جەمئىيەتتە بىزنىڭ نۇرغۇن ـ نۇرغۇن باللىرىمىز

---

(1) «قۇتادغۇبىلىك» مىللەتلەر نەشرىياتى، 1984-يىلى نەشرىنىڭ 1001 ـ 1025 ـ بېيىتلارنىڭ مەزمۇنلىرى

قۇرامىغا يەتكۈچىلىكمۇ ئۇنداق ئاممىۋى ئىلىم مۇنازىرە سورۇنلىرىنى كۆرمەي چوڭ بولدى. شۇڭا ئۇلارنىڭ لېيى خام. ئۇلارنى كۆردى دېسەك، قارتا، بورت، قىمار سورۇنلىرىنى، ھاراق سورۇنلىرىنى كۆپرەك كۆرۈۋاتىدۇ، دەپ قارىساق بولىدۇ. ھەتتا بىزنىڭ چوڭلىرىمىزمۇ ياخشى سۆھبەت قۇرۇش ئىقتىدارىدىن مەھرۇم بولغان. ئۇلارنىڭ سورۇنلىرىمۇ مەنىسىز، ئەھمىيەتسىز، قۇرۇق گەپلەر بىلەن لاۋزا گەپلەر بىلەن نەچچە سائەتلىرىنى قۇربان قىلىدىغان نادانلار سورۇنى بولۇۋاتىدۇ. بىر سورۇندا بەش، ئالتە سائەت ئولتۇرۇپمۇ قۇلاققا ياققۇدەك بىرەر ئېغىز گەپ ئاڭلىماي چىقىپ كەتكەندىنمۇ ئەھمىيەتسىز، مەنىسىز سورۇن بولامدۇ. مېنىڭ قارىشىمچە، بۇمۇ بىزنىڭ مەدەنىيەت جەھەتتە خېلىلا چېكىنىپ كېتىپ بارغانلىقىمىزنىڭ مۇھىم بىر دەلىلى.

بىز چوڭلار پەرزەنتلەرگە باشلامچى ۋە ئۈلگە بولۇپ، ياخشى ئىلىم سورۇنلىرىنى قۇرۇشىمىز، بالىلارنىڭ شۇنداق سورۇنلاردا تاۋلىنىپ چىقىشىغا ئىمكانىيەت يارىتىپ بېرىشىمىز لازىم ئىدى. بالىلار شۇنداق تاۋلىنىش ئوچىقىدىن مەھرۇم بولغانلىقى ئۈچۈن، ئۇلاردا تىل مەدەنىيىتى ۋە تىل ئەخلاقى توغرىسىدىكى ساۋاتلار يوق دېيەرلىك. ئۇلار ئەڭ پاسكىنا، چاكىنا سورۇنلارنىڭ مەھسۇلاتى بولۇپ يېتىشكەنلىكى ئۈچۈن ئۇلارنىڭ ئېغىزىدىن چىقىدىغان گەپ ـ سۆزلەر مەدەنىيەتلىك بىر دۇنيادا ياشاۋاتقان ئادەمنىڭ ئېغىزىدىن چىقىدىغان گەپ ئەمەس، بۇنى دېمىسەممۇ ھەممىمىز مانا مۇشۇ جەمئىيەتتە ياشاۋاتقاندىن كېيىن، سىلەرمۇ ھەر قەدەمدە بۇنداق پاسكىنا تىللارغا شاھىت بولۇپ تۇرىسىلەر. ئەمدىكى گەپ، نېمە ئۈچۈن بىزنىڭ پەرزەنتلىرىمىز بارغانسېرى مەدەنىيەتلەشمەي، ھايۋانلىشىپ كېتىدۇ؟ ئۇلار ياخشى سورۇنلارنى كۆرمىدى، ياخشى تەربىيە كۆرمىدى. ئۇلارنىڭ ئۇچرىشىۋاتقىنىمۇ، كۆرۈۋاتقىنىمۇ، قاتنىشىۋاتقىنىمۇ شۇنداق مەدەنىيەتسىز، ھايۋانىي سورۇنلار بولۇۋاتىدۇ. ھەتتا جەمئىيىتىمىزدە پاسكىنا، ئەخلاقسىز، قوپال

www.uyghurkitap.com

سۆزلەش ئومۇمىيلىققا ئايلىنىپ كېتىپ بارغاچقا، ئۇ ئەيىبلىك سانالمايدىغان بولۇپ كەتتى: بۇ خۇددى يامان. ساقايماس كېسەللى بار ئادەم، ئۆزىدىن نومۇس قىلىپ كىشىلەردىن قاچىدىغان، بۇ كېسەل ھەممە ئادەمگە ئومۇملاشقاندىن كېيىن، ئۇ ئۆزىنىڭ كېسەللىكىنىمۇ ئۇنتۇپ قالغانغا ئوخشاش بىر ئىش. بىراق بۇ خىل مەدەنىيەتسىزلىكنى مەدەنىيەت دۇنياسىدىن كەلگەن بىر ئادەم كۆردىغان بولسا، بۇ ئىنسانلار ھەرگىزمۇ 21 ـ ئەسىرنىڭ مەھسۇلاتى ئەمەس ئىكەن دەيدۇ. ئۇيغۇرلارنىڭ تارىخى ۋە مەدەنىيىتىنى بىلگەن ئادەم، بۇلار ھەرگىزمۇ ئۇيغۇرلارنىڭ ئەۋلادى ئەمەس، باشقا بىر ياۋايى تائىپە، ئىپتىدائىي ئادەملەر توپى ئوخشايدۇ، دەپ قالىدۇ. ئەقلى بار ئادەم بۇ خىل باھادىن ئەلۋەتتە ئەجەبلىنىدۇ.

# ئون ئۈچىنچى باب

## ئائىلە باشقۇرۇش ئىقتىدارىنى يۇقىرى كۆتۈرۈش پەرزەنتلەرنىڭ ئاتا ـ ئانىسىنىڭ ئۈستىدىكى ھەقلىرىنىڭ بىرى

يۈسۈپ خاس ھاجىپنىڭ ئائىلە تەربىيىسى ئىدىيىسىدە ئائىلىنى مۇقەددەس بىلىش، ئائىلىنى ئۇلۇغلاش، ياخشى بىر بەختلىك ئائىلە قۇرۇپ، پەرزەنتلەرنى يارامىلىق تەربىيىلەپ، ئەلگە تۆھپە قوشۇش جەھەتتىكى تەشەببۇسلىرى دىققەت ـ نەزىرىمىزنى قوزغايدۇ.

ئائىلە دېگەن بىر يىلتىز، ئائىلە دېگەن ھەم ئۇزۇق، ئۇ ھەم رىشتە. ئۇ ئەجدادنى ئەۋلادقا ئۇلايدىغان، مىللەتنى ئاۋاتلاشتۇرىدىغان، ئەجدادلارنىڭ ئىزىنى داۋاملاشتۇرىدىغان، ئىز باسارلارنى يېتىشتۈرۈپ بېرىدىغان كىچىك ۋەتەن. ئۇنىڭ قانداق بولۇشى ئەۋلادلارنىڭ تەقدىرىگە بىۋاسىتە تەسىر كۆرسىتىدۇ. ئەگەر ئائىلە بولمىسا مىللەت بولمايدۇ، دۆلەتمۇ بولمايدۇ. ئائىلىنىڭ ساپاسى ئەۋلادلارنىڭ ساپاسىنى بەلگىلەيدۇ. ناھايىتى روشەنكى، ئۇرۇق قانداق بولسا، مېۋىسى شۇنداق بولىدۇ. بۇ قانۇنىيەت بالىلىق بولۇشتا ھەرگىزمۇ ئۆزگىرىپ قالمايدۇ. چۈنكى بالا ئۇرۇقتىن تۆرىلىدۇ. مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنىڭ بۇ خۇسۇستا ئېيتقان بىر ھېكمەتلىك سۆزى بار: «ياخشى ئۇرۇقتىن چاتاق چىقمايدۇ.»

يۈسۈپ خاس ھاجىپ پەرزەنتلەرنىڭ يارامىلىق ئادەم بولۇشىنى، ئائىلىنىڭ بەختلىك بولۇشىنى مۇنداق بىرقانچە تەرەپلەرگە باغلاپ بايان قىلىدۇ.

بىرىنچى، ئۇ ئەۋلاد قالدۇرۇش مىللەتنىڭ ئۇرۇقىنى قۇرۇت-

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

ماسلىق، ئائىلىنىڭ چىرىغىنى ئۆچۈرمەسلىكتىكى مۇھىم بىر شەر-
تى دەپ بىلگەن.

3371 خوتۇن ئال، ئۇ تۇغسۇن، ئوغۇل - قىز قەۋەت،
دېسە ئەۋلادى يوق، ئەرەن ئۆچۈن سەت.

3372 نېمە دەر، ئىشىتكىن، كىشىلەر خىلى،
خوتۇندۇر نەسىلنى ئۈزمەسلىك يولى.

3373 ئوغۇل - قىزسىز ئۆتكەن پۇشايمان يېدى،
كېيىن كەلگۈچى قىل ئوغۇل - قىز، دېدى.

3374 ئۆزىدىن بىر ئەۋلاد قالدۇرسا كېيىن،
ئۇنى ئۆلدى دېمەي، تىرىكتۇر دېگىن.

3375 نەسىلسىز ئۆلسە ئەر، تۈگەيدۇ ئۇرۇق،
جاھاندا ئات، ئورنى قالۇر بوش - قۇرۇق.

نەسىلنى ئۈزمەسلىك ئۈچۈن ئۆيلىنىش كېرەك. شۇڭا خۇدا دۇنيادا ئىككى جىنسنى ياراتتى ھەم بىر - بىرىدىن پايدىلىنىشقا ئورۇن ياراتتى. ئەر - خوتۇنلۇق لەززەتنى ياراتمىغان بولسا، دۇنيادا توي قىلىش، ئەۋلاد قالدۇرۇشمۇ بولمىغان، ئىنسانىيەت جەمئىيىتىمۇ بولمىغان بولاتتى. ئەر - ئايالنى يارىتىشتىكى ھېكمەت توي قىلىپ، ھالالدىن پاك پەرزەنتلىك بولۇش مەقسەت قىلىنغاندۇر.

مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن: «تۇغىدىغان ئايال بىلەن توي قىلىڭلار، مەن قىيامەت كۈنى سىلەر بىلەن ئۈممىتىمنىڭ كۆپ بولۇشىنى ئۈمىد قىلىمەن» .① گەرچە توي قىلىش ئەر

① ئەھمەد ئىبنى ھەنبەل رىۋايەت قىلغان.

ئـايال ئارقىلىق، ئايالى ئەر ئارقىلىق ئاللانىڭ ئۇلۇغ نېمىتىنى ھېس قىلىسمۇ، لېكىن توي قىلىشتىكى مەقسىتىنى ھەرگىز كۆڭۈل لەززىتى ئۈستىگە قۇرسا بولمايدۇ. بىرىنچى مەقسەتنى ئەۋلاد قالدۇرۇش دەپ بىلمىكى لازىم. شۇڭا يۈسۈپ خاس ھاجىپ توي قىلىشنى جىنسىي لەززەتلىنىش ئېھتىياجى دەپ قارىماي، بەلكى ئەۋلاد قالدۇرۇش ئېھتىياجى دەپ قارايدۇ. پۈتۈن ئىنسانىيەتنىڭ مەنپەئىتى نۇقتىسىدىن پىكىر بايان قىلغاندا، ئۆيلىنىش ئىنسانلارنىڭ ئۇرۇقىنى ئۇزمەسلىك يولى. ئەگەر ھەممە ئادەم ئۆيلىنىشنى تەرك ئېتىپ، تەركىدۇنيالىق يولىنى تۇتسا، ئىنسان بالىسىنىڭ ئۇرۇقى قۇرۇپ، بۇ دۇنيا قۇرۇق قالىدۇ، دەيدۇ.

ئىككىنچى، توي قىلىشنى ھارامدىن ساقلىنىپ، ھالال، پاك جۈپتى بىلەن ئورتاق تىرىكچىلىك قىلىشنىڭ ئېھتىياجى دەپ قارايدۇ. ئۇ ئاتا ـ ئانىلارغا ئوغۇلنى بالدۇر ئۆيلەندۈر، قىزنى بالدۇر ياتلىق قىل، ئەگەر باھانە ـ سەۋەب بىلەن ئۇلارنىڭ تويىنى كېچىكتۈرىدىكەنسەن، ئۇلار ھارامغا ماڭىدۇ، زىناخورلۇق بىلەن ئۆزىنى بۇلغايدۇ. بۇنىڭ بىلەن ئاغرىمايلا ئۆلىسەن دەپ ئاگاھلاندۇرۇش بېرىدۇ. چۈنكى بۇ خۇسۇستا دىنى شەرىئەتتىمۇ، بالىلارنى ئۆيلەندۈرۈشنىڭ پەرز ئىكەنلىكىنى تەكىتلىگەن دەۋەتلەر بار ئىدى: «ئاراڭلاردىكى بويتاق ئەر ـ ئاياللارنىڭ ۋە ياخشى قۇل ۋە چۆرىلىرىڭلارنىڭ بېشىنى ئوڭلاپ قويۇڭلار؛ ئەگەر ئۇلار يوقسۇز بولىدىغان بولسا (ئۇلارنىڭ يوقسۇزلىقى سىلەرنىڭ ئۇلارنىڭ بېشىنى ئوڭلاپ قويۇشۇڭلارغا توسۇق بولمىسۇن) ئاللا ئۇلارنى ئۆز كەرەمى بىلەن باي قىلىدۇ» ①. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن: «ئى ياشلار، سىلەردىن توي قىلىشقا قادىر بولغانلار توي قىلسۇن، توي قىلىش كـۆزنـى نـامـەھـرەمـدىـن يـۇمدۇرىدۇ، زىنادىن ساقلايدۇ» ②. يۇقىرىقىدەك ھۆكۈم بولغانلىقى ئۈچۈن يۈسۈپ خاس ھاجىپ ئاتا

① «قۇرئان كەرىم» مىللەتلەر نەشرىياتى، 1987-يىلى نەشرى، نۇر سۈرىسى 32 - ئايەت.
② بىرلىككە كەلگەن ھەدىس.

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

ـ ئانىلارغا قاتتىق تەلەپ قويىدۇ. ئەگەردە ئاتا ـ ئانىلار بالىلىرىنى ۋاقتىدا ئۆيلەندۈرمەي، ۋاقتىدا ئەرگە بەرمەي، ئۇلارنىڭ زىنا يولىغا مېڭىشىغا سەۋەب بولۇپ قالسا، ئۇنىڭ گۇناھى ئاتا ـ ئانىغا بولىدىغانلىقىنى ئەسكەرتىدۇ. چۈنكى، مەلۇم مەنىدە بالىلارنى ئۇزۇن ئۆيىدە ساقلاش، بىرىنى كەمبەغەلكەن دەپ، بىرىنى خىزمىتى يوقكەن دەپ، بىرىنى ھۈنىرى يوقكەن دەپ، يەنە بىرىنى ئاتا ـ ئانىسى ئەسكىكەن دەپ ئارقىغا سۈرۈش، ئۇلارنى زىناغا مەجبۇرلىغانلىق بولۇپ قالىدۇ، شۇڭا يۈسۈپ خاس ھاجىپ ئاتا ـ ئانىلاردىن بالىلارنىڭ پاك بولۇشى ئۈچۈن ئۇلارنىڭ ھوقۇقىغا ھۆرمەت قىلىشنى تەشەببۇس قىلىدۇ.

4507 ئوغۇلنى ئۆيلەندۈر، قىزنى ئەرگە بەر،
ياشا دەرد ـ ئەلەمسىز، ئايا قۇتلۇق ئەر.

ئۈچىنچى، يۈسۈپ خاس ھاجىپ ئۆيلەنمەكچى بولغان ئوغۇلغا قانداق قىزلارنى تاللاشنىڭ زۆرۈرلۈكى توغرىسىدا مۇنداق تەربىيە قىلىدۇ.

(1) ئەگەر ئۆيلىنىشنى خالىساڭ، كۆزۈڭنى ئوبدان يۈگۈرۈتۈپ ئەڭ ياخشىسىنى تاللىۋال، ئاۋۋال بىرىنچى شەرت تېگى ـ تەكتى ياخشى، تۇخۇمى ھەم ئۇرۇق ئېسىل بولسۇن. قىزنىڭ ئۆزى ئۇياتچان، ھايالىق، تەقۋا، پاك بولسۇن. بۇ يەردە كۆرسىتىلگەن تېگى ئېسىل، تۇخۇمى ھەم ئۇرىغى ياخشى بولسۇن، دېگەن گەپ، شۇ ئائىلىنىڭ تەبىئىتىگە قارىتىلغان. ياخشى ئائىلىنىڭ قىزى ياخشى تەربىيە كۆرىدۇ، يامان ئائىلىنىڭ قىزى يامان تەربىيە كۆرىدۇ. ياخشى تەبىئەتلىك ئەر ۋە خوتۇندىن ياخشى تەبىئەتلىك ئادەم تۇغۇلىدۇ، يامان تەبىئەتلىك ئەر ـ خوتۇندىن يامان تەبىئەتلىك پەرزەنت تۇغۇلىدۇ. ھايالىق، تەقۋادار ئائىلىدە چوڭ بولغان قىز بىلەن ھاياسىز، ئىمانسىز ئائىلىدە چوڭ بولغان قىزنىڭ خوي پەيلى

ھەرگىز ئوخشىمايدۇ. پاك قىز ئامەت بىلەن كەلسە، ناپاك قىز ئاپەت بىلەن كېلىدۇ.

يۈسۈپ خاس ھاجىپ جەمئىيەتنى ئەتراپلىق كۆزەتكەندىن كېيىن، توي قىلماقچى بولغان ياشلارنىڭ مۇنداق تۆت خىل پەرقلىق ئارزۇدا بولىدىغانلىقىنى ئەسكەرتىپ ئۆتىدۇ: «كىم ئۆيلەنمەكچى بولسا، مۇنۇ تۆت خىل ئايالنىڭ بىرىگە قىزىقىدۇ: بەزىلىرى باي ئايالغا ئۆيلىنىشكە قىزىقىدۇ، يەنە بەزىلىرى گۈزەل خوتۇننى قوغلىشىدۇ. بەزىلەر ئۇلۇغلۇق نامى بىلەن ماختىنىش ئۈچۈن ئېسىل نەسەبلىك ئاياللارغا ھەۋەس قىلىدۇ. بەزىلىرى تەقۋادار، پەزىلەتلىك ئاياللار ئۈچۈن ئۆزىنى بېغىشلايدۇ» (4486—4489).

يۈقىرىقى پەرقلەرنى كۆرسەتكەندىن كېيىن، پەرزەنتلەرگە خوتۇن تاللاشتا نېمىنى ئاساس قىلىش ھەققىدە مۇنداق نەسىھەت قىلىدۇ: ھەي باي خوتۇنغا ھېرىسمەن ئوغۇل، ئاگاھ بولغىنكى، خوتۇننىڭ قۇلى بولۇپ قالمىغايسەن! ئۇ ئاتا ـ ئانىسىنىڭ بايلىقىغا تەمەننا قويۇپ، ساڭا تىلىنى ئۇزارتىدۇ. ئۇنىڭ تەلىپى بەك يۇقىرى بولىدۇ، سۆرىمىكىنىڭ تەس. ئەي گۈزەل جامالغا ھېرىسمەن ئوغۇل، بەك گۈزەل خوتۇننى قوغلاشما، ئۇ سېنى كىشىلەرنىڭ مەسخىرە كۈلكىسىگە قويمىسۇن. چىرايلىق ئايالغا ھەممە ئادەم ھەۋەس قىلىدۇ. ئۇلارنى خۇدانىڭ ئۆزى ساقلىمىسا، سەن قوغداپ بولالمايسەن. ئەي ئېسىل نەسەب، ئالىي ئۇرۇقنى ئىزدىگۈچى ئەر، ئۇلارنىڭ ئارىسىدا ئۆزۈڭنى خار قىلما، ئۇلار نەسەبىنى دەستەك قىلىپ تىلنى ئۇزارتىدۇ، ئۇلارنىڭ نەزىرىدە قۇلدەك تۆۋەن ئورۇندا بولۇپ قالما. ئەي نازۇك، تەقۋادار، پەزىلەتلىك خوتۇنغا كۆڭۈل باغلىغان ئوغۇل، ئۇنداق خوتۇنغا ئېرىشسەڭ يۇقىرىقى تۆت نەرسىگە تولۇق ئېرىشكەن بولىسەن. ئەگەر ئۇنداق خوتۇنغا ئۇچراپ قالساڭ ھەرگىزمۇ پۇرسەتنى قولدىن بېرىپ قويما. باي بولاي دېسەڭمۇ ئۇنداق خوتۇن بىر بايلىق، ئۇ سېنى بېيىتىپ مەڭگۈنى قىزىل قىلىدۇ. پەزىلىتى ياخشى بولسىلا گۈزەللىك دېگەن شۇ. ئاياللارغا نىسبەتەن

ئەڭ قىممەتلىك گۈزەللىك ئەخلاق ـ پەزىلەتتۇر. بىلىملىك، ئەقىللىق كىشىلەرلا بۇنى ھېس قىلالايدۇ. پەزىلەتلىك خوتۇنغا ئۇچرىشالىساڭ ھەممە شەرت ھازىر بولىدۇ. بۇنداق ئايالنى ھەرگىز قولدىن چىقىرىپ قويمىغىن (4486—4503). ئۆيلىنىش ھەربىر كىشىنىڭ بېشىغا كېلىدىغان مۇھىم بىر تاللاش، بىراق ياشلاردا كۆپۈنچە ئەقلىغا ئەمەس، ھېسسىياتقا تايىنىپ ئىش تۇتىدىغان، ھېسسىياتنى ئاساسىي ئورۇنغا قويۇپ خوتۇن تاللايدىغان ئىش ھەرقاچان بولۇپ تۇرىدۇ. بۇنىڭ بەزىسى مەپتۇنلۇق، مۇھەببەت بولسا، بەزىسى تەمە ۋە ھېرىسمەنلىك، قىزغىنلىق، شەھۋانىيلىق بولۇشى مۇمكىن، بىراق شۇنى بىلىش لازىمكى: «يامان ئاياللار يامان ئەرلەرگە لايىقتۇر، يامان ئەرلەر يامان ئاياللارغا لايىقتۇر، ياخشى ئاياللار ياخشى ئەرلەرگە لايىقتۇر، ياخشى ئەرلەر ياخشى ئاياللارغا لايىقتۇر»[1]. يامان ئاياللار ياخشى ئەرلەرنىڭ قولىغا چۈشسە ئېرىگە ھاقارەت كەلتۈرۈشى، ئۇنى خارلىقتا قويۇشى مۇمكىن. ياخشى ئاياللار يامان ئەرلەرنىڭ قولىدا ئازاب چېكىشى مۇمكىن. بىراق تۇرمۇش ئىشىدا قېلىپتا قويغاندەك ياسىۋالغىلى بولمايدۇ. بىراق ھەممىلا ئادەمنىڭ ھەقىقىي ئەر بولۇشىغا ۋە ھەقىقىي خوتۇن بولۇشىغا سالاھىيىتى توشۇشى ناتايىن. بەزى ياشلار بىرلا كۆرۈپ ئاشىق بولۇپ قالىدۇ، بىراق ئۇنى چۈشەنمەيدۇ، بەزىلەرگە تانسا خانىلاردىلا ئىسسىق ئۆتۈشۈپ قېلىپ ئالدىراپ توي قىلىشىدۇ، ئۇزۇن ئۆتمەي كېلىشەلمىدۇق دەپ ئاجرىشىپ كېتىدۇ. ئەسلىي نىكاھ دېگەن قونچاق ئويۇنى ئەمەس، بەلكى ئىنتايىن چوڭ مەسئۇلىيەت. قەددى ـ قامىتى بولسىلا ئەر ھېسابلىنىۋەرمەيدۇ، ھۆسن ـ جامالىنى ئەمەس بەلكى پەزىلەتنى بىرىنچى ئورۇنغا قويغاندىلا، ئائىلىدە بەخت ياراتقىلى بولىدىغانلىقى توغرىسىدا ناھايىتى قىممەتلىك تەۋسىيەلەرنى قىلغان: «كۆرۈنۈشتىكى گۈزەللىككە ئال-

① «قۇرئان كەرىم» سۈرە نۇر 26 ـ ئايەتنىڭ بىر قىسمى.

ـدىنىپ قالساڭ، مەنىۋى گۈزەللىكتىن بەھرىمەن بولالمايسەن، تاشقى گۈزەللىكنىڭ خۇسۇسىيىتى شۇكى، ئۇنىڭ يۈزىدىكى رەڭدارلىق پەقەت قان بىلەن بەلغەمدىنلا ئىبارەت. ئۇنداق ھۆسن ـ جامالنى ماختاپ ئولتۇرما. بۇ، تەڭداشسىز گۆھەرنى بىلمەستىن مۆلدۈر تەرەپكە مايىل بولغاندەك، شەرق قۇياشىدىن يۈز ئۆرۈپ، شام يورۇقىغا مەھلىيا بولغاندەك بىر ئىش. تاشقى گۈزەللىكتە ۋاپا بولمايدۇ، بۇنداق گۈزەللىكنىڭ ساپاسى ۋە ئەبەدىيلىكى پەقەتلا يوق. بۇ خىل گۈزەللىك ئاشىق ۋە شەيدا بولۇشقا ئەرزىمەيدۇ. بۇنداق ئىش كىشىنى رەسۋاچىلىقتىن باشقا تەرەپكە ئېلىپ بارالمايدۇ. ئۇنىڭدا ياخشىلىق ۋە گۈزەللىك داۋاملىق بولۇۋەرمەيدۇ. چۈنكى، بۇ خىل گۈزەللىك ئۇلارغا ۋاقىتلىق ئامانەتكە بېرىلگەن. شۇڭا، ئۇنى بۈگۈن گۈزەل دېسەڭمۇ، ئەتە گۈزەل بولمايدۇ. بۇنداق چىراي ۋە گۈزەللىك مەھبۇبلۇققا يارىمايدۇ». ھەقىقىي سۆيگۈ ۋە ئاشىقلىق مۇنداق بولىدۇ: بىر شەھەردە ناھايىتى قېرى بىر كىشى بار ئىكەن، بۇ بىرقانچە پادىشاھنىڭ دەۋرىنى ئۆز بېشىدىن ئۆتكۈزگەن، كۆپنى كۆرگەن، دەۋران سۈرگەن بىر بوۋاي ئىكەن. كۈنلەرنىڭ بىر كۈنى بۇ قېرى دەرەخنىڭ شۇنداق بىر مېۋىسى پوستىكى، گۈزەللىكى پۈتۈن شەھەرگە داڭ كېتىپتۇ. ئۇ قىز چوڭ بولۇپ، ئاشىقلارنىڭ يۈرەكلىرىنى كۆيدۈرۈشكە باشلاپتۇ. ئاتىسى ئۇزۇن ئۆمۈرلۈك بولغىنى بىلەن قىسقا ئەقىللىق ئىكەن، قىزنىڭ گۈزەللىكىنى ئازايتىش ئۈچۈن چاچلىرىنى تۆۋىدىن كېسىۋېتىپ، چېچىنى ئۇستىرا بىلەن قىرىپ مۇسانىڭ قولىغا ئوخشاش قىلىپ قويۇپتۇ.①

قىزچاقنىڭ مەستانە كۆزلىرىگە مەپتۇن بولغان بىرىگە بىر دوستى:

— ئەي جاپاكەش ئاشىق! ئەمدى بۇ سەۋدايىڭدىن ۋاز كەچ،

① ھەزرىتى مۇسانىڭ قولى قوينىغا سېلىپ چىقارغاندا، يالت ـ يۇلت قىلىپ پارقىرايدىكەن. بۇ قىزنىڭ چېچىنى چۈشۈرۈۋەتكەنگە كىنايە.

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

ئۇستىرا ئۇنىڭ گۈزەللىك شاھىنىڭ پىلىكىنى كەستى، شام ئۆچ-تى، پەرۋانە ئۆچكەن شامدىن قانداق يۈز ئۆرۈسە، سەنمۇ ئۇنىڭدىن يۈز ئۆرۈ. — دەپتۇ.

ئۇ سەممىي ئاشىق پەرياد قىلىپ دەپتۇ:

— ئىپپەتسىزلەرنىڭلا ۋەدىسى ئۆلۈك بولىدۇ. مېنىڭ سۆيگۈ-نۇم گۈزەل يۈزلۈك، ئىسىل خۇلقلىق بولغاچقا، ئاتىسى جاھىللىق بىلەن ئۇنىڭ چېچىنى چۇشۇرۇۋەتكەن بولسا. مېنىڭ كۆڭلۈم ئۇ-نىڭغا قىل بىلەن باغلانغان ئەمەستە، مەن ئۇنىڭ پەزىلىتىدىن، سۆيگۈسىدىن ئېرىپ تۈگەشتىم.

دېمەك، بۇ ھەقتە بالىلارنى ياخشى ساۋاتقا ئىگە قىلىش كې-رەك. چۈنكى نۇقۇل گۈزەللىككىلا مەپتۇن بولغان ۋە تەمە قۇللۇ-قىغا ئەسىر بولۇپ، شۆھرەتكە بېرىلگەنلەرنىڭ تۇرمۇشى ئۇزاق دا-ۋاملاشمايدۇ. بىراق ئۇلارغىمۇ مەيلى، ئۆزىنىڭ ئىستىقبالىدىن كۆرسۇن دەيلى، بىراق بىرقانچە بالا بولغاندىن كېيىن تۇرمۇش ۋەيران بولسا بالىلارغا ئۇۋۋال بولىدۇ. تۇرمۇشتىن مۇنداق ئىشلار-نى ھەرقاچان كۆرۈپ، ئاڭلاپ تۇرىمىزيۇ، ئىبرەت ئالمايمىز. يۈسۈپ خاس ھاجىپ ماناشۇنداق ياشلارغا، ئاتا - ئانىلارغا بۇ ھەقتە چوڭقۇر ئويلىنىش پۇرسىتى بېرىدۇ. بۇ بىر ئۇلۇغۋار ئاتىنىڭ پەرزەنتلىرى-دىن كۈتىدىغان ئالىيجاناب ئۈمىدى.

ئۆتتىنچى، يۈسۈپ خاس ھاجىپ پەرزەنتلەرگە يەنە شۇنى تەۋسى-يە قىلىدۇكى، تېخى ياتلىق بولمىغان ئۆي قىزىنى ئېلىش كېرەك. بۇنىڭدا كۆزدە تۇتۇۋاتقىنى نېمە، «سەندىن بۆلەك ئەر يۈزىنى كۆر-مىگەن بولسا، سېنىلا سۆيىدۇ، باشقىلارغا كۆڭۈل بەرمەيدۇ، يارام-سىز، قىلىقسىز ئىشلارنى قىلمايدۇ. (4478—4477) بۇ ھەقتە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭمۇ قىز ئېلىشقا دەۋەت قىلغان سۆزلىرى بار ئىدى. بىر ساھابە مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامغا ئۆزىنىڭ ئۆيلەنگەن-لىكىنى ئېيتقان، قىز ئالدىڭمۇ ياكى جۇۋانمۇ دەپ سورىغاندا، جۇۋان ئالدىم دەپ جاۋاب بەرگەندە، ئۆزۈڭ بىلەن قوپداش بولغان

قىز ئالساڭچۇ دېگەن. ساھابە بەزى سەۋەبلەرنى كۆرسەتكەندە، يەنە ئۇنداق بولسا ئوبدان قىلىپسەن دېگەن. يۇقىرىقى «قۇرداش قىز ئالساڭچۇ» دېگەن سۆز ئومۇمىي دەۋەت، «ئوبدان قىلىپسەن» دېگەن تەستىق ئالاھىدە ئەھۋاللاردا بولۇۋېرىدۇ دېگەن مۇئەييەنلىك. بىز شۇنى بىلىمىزكى، قىز دېگەن قىز، ئۇنىڭغا يارىتىلىشى بىلەنلا ئاللا ئۆز ھېكمىتى بىلەن پېچەت سالغان. بۇ پېچەت ئۇنىڭ پاكلىقىنى قوغدايدىغان، پاكلىقىغا گۇۋاھ بولىدىغان مۇقەددەس بەلگە. ئۇنى پەقەت تۇنجى قېتىم نىكاھىغا ئالغان ئادەمنىڭلا ئېچىشى ھالال، ئۇنىڭدىن باشقا ھەرقانداق ئادەمنىڭ ھەرقانداق باھانە - سەۋەب بىلەن ئۇ پاكلىق مۇنارىنى ئۆرۈۋېتىشى جىنايەت ۋە زىنادۇر. نىكاھسىز ھالەتتە ئۆزىنى باشقا ئەركەكلەرگە ئىختىيارسىز بەرگەن قىز ئىپلاس، ناپاك ئايالدۇر. بۇنداق ئايال بىلەن بىرگە ئۆتۈش ئەرگە ئېغىر ئازابلارنى ئېلىپ كېلىشى مۇمكىن، چۈنكى تېخى قىز ھالىتىدە، مۇقەددەس بەلگە، پېچەتنى بۇزۇۋېتىشكە ھاياسىز ماقۇل كەلگەن بىر قىز، نىكاھ ئۆتكىلىدىن ئۆتۈۋالغاندىن كېيىن، ئۇنداق بۇزۇقلۇقنى قىلىشتىن تارتىنىپ ئولتۇرارمۇ، ئۇنىڭ قەلبىگە تۇنجى زىلزىلىنى سالغان شۇ يىگىتنىڭ تەسىرى پاك - پاكىز ئۆچۈپ كېتەرمۇ؟ شۇڭا يۇسۇپ خاس ھاجىپ بوۋىمىز باشقىلارنىڭ قولى تەگمىگەن، پاكلىقى بۇزۇلمىغان ئۆي قىزىنى ئېلىشنى تەۋسىيە قىلىۋاتىدۇ. بىراق، بىر قېتىم نىكاھلىق بولغان جۇۋاننى ئۆيلەنمەي تۇرۇپ ئېلىش بىلەن، نىكاھلىق بولماي تۇرۇپلا جۇۋان بولۇپ بولغان ئايالنى ئېلىشنىڭ خاراكتېرى قەتئىي ئوخشىمايدۇ، شۇڭا بۇنىڭغا پەرقلىق مۇئامىلە قىلىشقا توغرا كېلىدۇ.

بەشىنچى، قۇرداش، تەڭتۇش قىزلارنى ئېلىشقا ئىشتىراك قىلىنغان. بۇ ھەقتە مۇنداق دەيدۇ: ئەگەر خوتۇن ئالىدىغان بولساڭ ئۆزۈڭ بىلەن قۇرداشنى ئال (4483).

نىكاھ دېگەن «ئۆمۈر سودىسى» دېگەن ھېكمەتنى ھەرقاچان يادلاپ تۇرىمىز. بىرگە ياشاپ، بىرگە قېرىش، ئاخىرقى ئۆمرىگىچە

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

قەدىناس ئەر – خوتۇنلاردىن بولۇپ، بەختلىك ھالدا باللىرىنى دەرقەمتە بىقىپ قاتارغا قوشۇش نىكاھنىڭ مۇھىم بىر مەقسىتى. ھېچكىم بىر كۆڭۈلۈك ياكى بىرقانچە ۋاقىتلىق توي قىلمايدۇ. ۋاقىتلىق نىكاھ ھارامدۇر. بىراق جەمئىيەتتە بىر قىسىم قىزلار مۇھەببەتتىن ئەمەس، بەلكى مەلۇم بىر تەمە بىلەن ئۆزىدىن ياشتا خېلىلا چوڭ ئادەملەر بىلەن توي قىلىۋالىدۇ، يەنە بەزى ئەرلەر ئۆزىنىڭ ئالىلقاچان پېشقەدەم بولۇپ قالغانلىقىغا قارىماي، ئۆزىنىڭ باللىسىدەك قىزلارنى ئېلىشقا ھەۋەس قىلىپ، بۇرۇنقى ئايالىدىن تانىدۇ. بۇنداق نىكاھ نورمال، دۇرۇس نىكاھ ئەمەس. چۈنكى ئۇنىڭغا توغرا بولمىغان نىيەت يوشۇرۇنغان. بۇنداق نورمالسىز نىكاھ كۆپىنچە باي ئەرلەر ياكى باي ئاياللار بىلەن بولىدۇ، ھەرگىزمۇ نامرات ئەر، نامرات ئاياللار بىلەن بولمايدۇ. بۇنىڭدىن قارىغاندا، ھەرئىككى تەرەپنىڭ مەقسىتى باشقا، ھەرگىزمۇ بۇ مۇھەببەت، ساداقەت ئۈستىگە قۇرۇلغان نىكاھ ئەمەس.

ئەر بىلەن ئايال ئوتتۇرىسىدىكى پەرق نورمال بولغىنى ياخشى. چۈنكى ياش چوڭايغانسېرى ئوتتۇرىدىكى پەرق تېخىمۇ روشەن كۆرۈنۈشكە باشلايدۇ. يەنە بىر تەرەپتىن، بىرى بۇرۇنلا ئىشتىن چىقىپ ھېسسىيات ئورتاقلىقى تۈگەپلا قالماي، بەلكى ئائىلىنىڭ يۈكىمۇ بىر تەرەپنىڭلا ئۈستىگە قالىدۇ. يەنە بىر يامان ئاقىۋەتمۇ باركى، ھېسسىيات جەھەتتە چاڭقىغان بىر تەرەپ، ئۆزىگە باشقا جورا ئىزدەيدۇ. بۇ ئەلۋەتتە ئائىلىگە چوڭ ھاقارەت ئېلىپ كېلىدۇ. شۇڭا بۇ ئىشتا ھەر ئىككى تەرەپ سوغۇق قانلىق بىلەن ئويلاپ ئىش تۇتۇشى، ئاتا – ئانىلارمۇ باللىرىنىڭ بەختىنى مال – دۇنياغا قۇربان قىلىۋېتىشتىن ھەرقاچان ئېھتىيات قىلىشى كېرەك.

ئالتىنچى، يۈسۈپ خاس ھاجىپ پەرزەنتلەرگە شۇنى ئاگاھلاندۇرىدىكى: «سەن خوتۇنۇڭغا ھەرقاچان ياخشى كۆزەتچى بول، ئۇنى ھەرگىز سىرتلارغا چىقارماي، ئۆيدە ساقلا، ئۇلارنىڭ ئىچى چىنىدەك ئۇنداق ئاق بولمايدۇ. ئۆيۈڭگە يات ئەرلەر يولىمىسۇن، ئۇ-

نىڭغا يات ئەرنىڭ كۆزى چۈشسە ھەممە ئىش بۇزۇلىدۇ. كۆز كۆرسە
كۆڭۈل تەقەززا قىلىدۇ، كۆرگەن ئىكەنسەن كۆڭلۈڭ يۈگرەيدۇ.
كۆڭۈلنى تىزگىنلەش ئۈچۈن كۆزنى تىزگىنلەش زۆرۈر. دىققەت
قىلغىنكى، ئەر - ئايالنى ھەرگىزمۇ ھەمداستىخان قىلما. بۇلارنى
بىر يەرگە جەم قىلىپ قويدۇڭمۇ ھەممە تىرىشچانلىقلىرىڭ بىكارغا
كېتىدۇ. ئايالىڭنى سىرتنىڭ ئىشىغا بۇيرۇما، دۇرۇسلۇق يولىدىن
تايىدۇ. خوتۇن كىشى دېگەن بىر گۆشتۈركى، ئۇنى ئوبدان ساقلاش
لازىم. بولمىسا پۇراپ قالىدۇ- دە، ئىشلىتىشكە بولمايدۇ. ئۆيۈڭ-
نىڭ ئىشىكىنى مەھكەم قىل، ئەر زاتى زادى يولىمىسۇن، سەمىڭدە
بولسۇنكى، ئەزەلدىن ئايال زاتىدا ۋاپا يوق. ئۇلارنىڭ كۆزى نەگە
باقسا، كۆڭلى شۇياققا كېتىدۇ. ئايال كىشى جەبىر- ئەلەم سۈيى
بىلەن ئۆستۈرۈلگەن دەرەخكە ئوخشايدۇ. ئۇنىڭ مېۋىسى سەۋەبىدىن
يولدىن ئېزىپ يىلتىزى قۇرۇدى. قانچىلىغان ئابرۇيلۇق، بۈيۈك
ئوغلانلار ئەنە شۇ خوتۇنلار كاساپىتىدىن يەر بىلەن يەكسان بولدى؛
تۇمەنلىگەن مەشھۇر مەرد پالۋانلارنى شۇ خوتۇنلار تىرىك يەرگە
كۆمدى. ئۇلارنىڭ كۆڭلىگە ئاللا ئۆزى ئىنساپ بەرمىسە، بەن-
دىنىڭ ئۇلارنى پاك ساقلىيالىشى ۋە تۇتۇپ بولالىشى
مۇمكىن ئەمەس. (4526—4513)

نىكاھ ئەھدىسى مۆمىن ئەر ۋە مۆمىن ئايالларنىڭ بىر- بىرىگە
خۇدالىق ئۈچۈن قىلىشقان پاكلىق قەسىمى، ساداقەت ئەھدىسى،
بۇ قەسەم مۇقەددەس ۋە مەڭگۈلۈكتۇر. پاكلىق بىر ئائىلىنىڭ ئەڭ
ئاساسلىق تۈۋرۈكى، ئەر - ئايالنىڭ دىيانىتىنى سىنايدىغان ئەڭ
مۇھىم ئۆلچەم، ئائىلىدە تۇرغۇن نۇقسانلارنى، كەمچىلىكلەرنى كە-
چۈرۈۋېتىشكە بولىسىمۇ، لېكىن پاكلىق مۇنارى يىقىلغاندا ئۇنى
تۇرغۇزۇش مۇمكىن ئەمەس. چۈنكى ساداقەتسىزلىك ۋە نىكاھ ئەھ-
دىسىگە ئاسىيلىق قىلىش ئەر بىلەن ئايالنى بىر- بىرىگە باغلاپ
تۇرىدىغان رىشتىنى كۆمپەيكۇم قىلىۋېتىدۇ. ئامانەت- خىيانەتنىڭ
قۇربانى بولىدۇ. ئىسلام ئەقىدىسىدىمۇ نىكاھ ئەھدىسىگە ۋە باشقا

www.uyghurkitap.com

ئەھدىلەرگە ھەرگىز خىيانەت قىلماسلىقا بۇيرۇلغان: «ئى مۆمىنلەر! ئەھدىگە (يەنى ئاللا بىلەن سىلەرنىڭ ئاراڭلاردىكى ۋە سىلەرنىڭ ئۆز ئاراڭلاردىكى ئەھدىگە) ۋاپا قىلىڭلار» نىكاھنىڭ قارار تېپىشى ئىنسانلارنىڭ پاكلىقىنى قوغداش، زىناخورلۇقنىڭ ئالدىنى ئېلىش، نەسەب ئارىلىشىپ كېتىشكە چەك قويۇش ئۈچۈن ئىدى. نىكاھ پاكلىق ئۈستىگە قۇرۇلغان ئىكەن، ئۇ پاكلىق، ساداقەت ئارقىلىقلا مۇستەھكەم ئاساسقا ئىگە بولىدۇ. زىنا قىلغۇچىلارنى دىنمۇ، قانۇنمۇ ئوخشاشلا ئەيىبلەيدۇ. ئىسلام دىنىدا زىنا ھارام دەپ ئېنىق ھۆكۈم قىلىنغان. چۈنكى «زىناغا يېقىنلاشماڭلار، چۈنكى ئۇ قەبىھ ئىشتۇر، يامان يولدۇر.» ① ئەرلەرنىڭ ئۆز خوتۇنىدىن سىرت، باشقا ئاياللار بىلەن جىنسىي مۇناسىۋەت قىلىشىنى ئەيىبلەپ: «بۇنىڭ سىرتىدىن (جىنسىي) تەلەپنى قاندۇرۇشنى تەلەپ قىلغانلار ھەددىدىن ئاشقۇچىلاردۇر.» ② ئىنسانىيەت تارىخىدا بۇزۇقچىلىقا، ئەيش - ئىشرەتكە بېرىلىپ كەتكەن، كەيپ - ساپانى ھايات مەقسىتى قىلىپ، ھالال - ھارامنى ئايرىمىغان نۇرغۇن قوۋملار ھالاك بولغان، ئەر - ئاياللاردا يۈز بېرىدىغان بۇزۇقچىلىق يەنە شۇنداق بىر ھالاكەتتىن بېشارەت بېرىپ تۇرۇپتىكى، زىناخورلۇق كۆپىيىپ كەتكەن مىللەتتە ئاۋۋال مۇنداق ئىككى ئاپەت ئېغىر تەھدىت ئېلىپ كېلىدۇ: بىرى، نەسىل - نەسەبلەر ئارىلىشىپ، ھارامدىن بولغان باللار كۆپىيىپ كېتىدۇ. ھارامدىن بولغان باللار ناپاكلىقنىڭ مەھسۇلاتى بولغانلىقى ئۈچۈن، بۇلارنىڭ ۋۇجۇدىدىمۇ پاكلىق بولمايدۇ. ئۇنداق ئادەم ئائىلىسى ئۈچۈنمۇ ئاپەت، مىللەت ئۈچۈنمۇ جىنايەتكار بولىدۇ. ناپاكلىقتىن پاكلىق، ۋاپادارلىق كەلمەيدىغانلىقى بۇ قانۇنىيەت؛ ئىككىنچىدىن، مىللەتكە ھەر خىل يامان، مەرەز، ساقايماس كېسەللەر چاپلىشىپ، ئۇ مىللەتنىڭ تۇخۇمىنى قۇرۇتىدۇ. بۇ ھەقتە بىزگە يېتىپ كەلگەن بېشارەتلەرمۇ بار: «بى-

---

① «قۇرئان كەرىم» 17 - سۈرە ئەسرا 32 - ئايەت.
② «قۇرئان كەرىم» مىللەتلەر نەشرىياتى، 1987-يىلى نەشرى، 23 - سۈرە مۆمىنۇن 7 - ئايەت.

رەر مىللەت ئىچىدە پاھىشىۋازلىق، زىناخورلۇقنى تەپتارتماستىن ئاشكارا قىلىش باسقۇچىغا يەتكەندە ئاللاتائالا ئۇ مىللەتنى ئىلگىرىكىلەردە بولۇپ باقمىغان كېسەللىكلەرگە مۇپتىلا قىلىدۇ. ھازىر جەمئىيىتىمىزدە، دۇنيادا تارقالغان ئەيدىز ۋە باشقا مەرەز كېسەللەرنىڭ ئاساسلىق سەۋەبى، قالايمىقان جىنسىي مۇناسىۋەت قىلغانلىقتىن پەيدا بولغان.

يۇقىرىقىدەك قورقۇنچلۇق تەقدىرنىڭ چاڭگىلىدىن قۇتۇلۇپ چىقىش ئۈچۈن، جەمئىيەتتىكى ھەربىر ئادەم پاكلىقنى تەكىتلەشى، ناپاكلىققا قارشى تۇرۇشى، ئاتا- ئانىلار پەرزەنتلىرىگە پاكلىقنىڭ خاسىيىتى، ناپاكلىقنىڭ ئاپىتى توغرىسىدا ئەستايىدىل تەربىيە قىلىشلىرى كېرەك. بۇ بىر تەرەپ، ئەڭ مۇھىم بىر تەرەپ شۇكى، ئەرلەر ئاياللارنىڭ ئەڭ ياخشى ساقچىسى بولۇشى، ئاياللار ئېرىنىڭ قوغدىغۇچىسى بولۇشلىرى كېرەك. پەقەت ئېغىزدىلا ئۇنداق قىلما، مۇنداق قىلما دېيىش بىلەن ئىش پۈتمەيدۇ، ئەڭ مۇھىمى يۈسۈپ خاس ھاجىپ دېگەندەك، ئاياللارنىڭ ئەرلەر بىلەن بولغان ئۇچرىشىشىنى قاتتىق كونترول قىلىش كېرەك. ھازىر زامان تەرەققىي قىلىپ، كىشىلەرنىڭ پائالىيەت دائىرىسى ناھايىتى كېڭىيىپ كەتتى، شۇنىڭ ئۈچۈن بۇزۇقچىلىققا كەڭ ئىمكانىيەت يارىتىلىپ كەتتى، بۇ ئىنكار قىلغىلى بولمايدىغان پاكىت. بىراق بەزى كىشىلەردە «توغرا چۈشىنىش» دېگەن يامان بىر چۈشەنچە ئوتتۇرىغا چىقتى. بۇ «توغرا چۈشىنىش» تولىمۇ خەتەرلىكتۇر.

ئەر - ئاياللارنىڭ ئۆزىگە تەۋە بولغان ھەقلىرىنى مۇھاپىزەت قىلىش ھوقۇقى بار. شۇڭا كۆنلەش سۈننەت قىلىنغان. كۆنلىمەيدىغان ئەرلەرنى مۇناپىق دەپ ئاتىغان. ھەدىستە ئۈچ خىل ئادەمنىڭ جەننەتكە كىرمەيدىغانلىقى توغرىسىدا بېشارەت بېرىلىپ، ئۇنىڭ ئۈچىنچىسى «دەيۇز ئادەم» [1] دەپ ئاتىغان. «دەيۇز» نىڭ مەنىسى

① «قۇرئان كەرىم» مىللەتلەر نەشرىياتى، 1987-يىلى نەشرى، سۈرە غاپىر 19 - ئايەت.

خوتۇننى كۆڭلىمەيدىغان ئادەم دېمەكتۇر. يۈسۈپ خاس ھاجىپنىڭ تەكىتلىگىنى يۇقىرىقى دەۋەتلەر ئاساسىدا ئوتتۇرىغا قويۇلغاندۇر. قالغان ئىشلارنى ھەربىر مۆمىن پەرزەنتى جەمئىيەتتە ياشاۋاتقاندىن كېيىن، ئۆزى چۈشىنىۋالالايدۇ. ھەقىقىي چۈشىنىش بولغاندىلا، ئاندىن يۈسۈپ خاس ھاجىپ ئاگاھلاندۇرغان ئىشلارنىڭ ھەقىقەت ئىكەنلىكىنى ھېس قىلىدۇ. بۇنىڭغا رىئايە قىلىنسا ئۇنىڭ بەختى، ئەگەر رىئايە قىلماي «توغرا چۈشىنىپ» كېتىۋەرسە، ئۆزىنىڭ شۇم ئىستىقبالىغا قانداق خەت يېزىلغان بولسا شۇنى كۆرۈشكە تەييارلىق قىلسا بولىدۇ.

* * *

ئائىلە باشقۇرۇشمۇ بىر خىل مۇھىم، ئەڭ مۇھىم ئىقتىدارلارنىڭ بىرى. بەزىلەر ئۇنى دۆلەت باشقۇرماقتىنمۇ تەس دېيىشىدۇ. ئائىلە باشقۇرۇشقا بەلكىم مەلۇم دۆلەتنى باشقۇرغاندەك يۈسۈپ خاس ھاجىپ پەرزەنتلىرىگە ئائىلە باشقۇرۇش توغرىسىدا ئەڭ مۇھىم دەپ قارالغان مۇنداق بىرقانچە ئىشقا دىققەت قىلىشقا تەۋسىيە قىلىدۇ.

بىرىنچى، پاك، تەقۋادار ئايالىنى ھۆرمەتلەش، ئۇنى قەدىرلەپ، لازىملىق نەرسىلەردىن قىسماسلىق تەلەپ قىلىنىدۇ: «خوتۇنۇڭ تەقۋادار بولسا ئۇنى قەدىرلە، نېمە تەلەپ قىلسا شۇنى ھازىر قىلىپ بەر». ئائىلىنىڭ مۇھىم بىر تۈۋرۈكى ئۆزئارا ھۆرمەتتىن كېلىدۇ. مۇھەببەتمۇ تەڭلىك - باراۋەرلىك، ئۆزئارا ھۆرمەتتىن كامال تاپىدۇ. تەڭلىك - باراۋەرلىك بولمىغان جايدا قەدىر - قىممەت بولمايدۇ، ھۆرمەت بولمايدۇ، مۇھەببەتمۇ بولمايدۇ. نۇرغۇن ئائىلىلەرنىڭ غولىغا قۇرۇت چۈشۈرىدىغان بىر ئاپەت شۇكى، بىر - بىرىدىن چوڭلۇق، مەنمەنلىك تالىشىدۇ، ئائىلىدىكى ھۆكۈم-

رانلىق ھوقۇقىنى تالىشىپ ئۆزەڭگە سوقۇشتۇرىدۇ. بەزى ئەرلەر ئاياللىرىنى كىيىم ـ كېچەك، يېمەك ـ ئىچمەكتىن قىسىدۇ، سىرتتا بولۇشچە خەجلەيدۇ، ئۆيىگە بىر ساپاق ئۈزۈم كۆتۈرۈپ كىرىشكە قارنى ئاغرىيدۇ. بۇ نېمە دېگەن نائەھلى ئەر، ئائىلىسىگە كۆيۈنمىگەن ئەر تېخى ئەرلىك سالاھىيىتىنى ئادا قىلمىغان ئەردۇر. بىراق يەنە بىر تەرەپمۇ باركى، بەزى ئاياللار ئۆزىنى بىلمەي، يوتقانغا قاراپ پۇت سۇنماي ، ھەددىدىن ئېشىپ ئىسراپچىلىق يولىغا كىرىدۇ. زۆرۈرىيەتسىز نەرسىلەرگە پۇل خەجلەپ ئائىلىنىڭ ئىقتىسادىنى شامالغا سورۇيدۇ. بۇنداق ئاياللار ئۆيگە كۆيۈنمەيدۇ، ئېرىگە كۆڭۈل بۆلمەيدۇ، ئۇ پەقەت ئۆزىنىلا ئويلايدىغان، شەخسىيەتچى، يالماۋۇز ئاياللارنىڭ تىپىغا كىرىدۇ. يۇقىرىقى ئىشلارنىڭ ھەممىسى ئائىلىنى بۇزىدىغان، بەختسىزلىككە، موھتاجلىققا سۆرەپ كىرىدىغان يامان ئادەتلەردۇر. شۇڭا يۈسۈپ خاس ھاجىپ ئەر ـ ئاياللاردىن ئۆزئارا بىر ـ بىرىنى قەدىرلەش، ئىشلاردا ئورتاق كېڭىشىشنى تەلەپ قىلىۋاتىدۇ.

ئىككىنچى، ئۆي تۇتقاندا پاكىز، تەرتىپلىك، ئازادە بولۇشقا يېتەكلەش تەلىپى. يۈسۈپ خاس ھاجىپ مۇنداق دەيدۇ: «ئۆي ـ جايىڭنى ئازادە، پاكىز تۇت، بەخت ـ دۆلەت ئېرىغ جايدا كۆكىرىدۇ.» ئۇيغۇر خەلقى ئەزەلدىن پاكىزلىقى بىلەن داڭ قازانغان خەلقلەرنىڭ بىرى. ئىسلام دىنىغا ئېتىقاد قىلغاندىن كېيىن پاكىزلىق مەسىلىسى ئەقىدىنىڭ بىر تەركىبىي قىسمىغا ئايلاندى. ئاللا مۇنداق دېگەن: «كىيىمىڭنى پاك تۇت»[1]. مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن: «پاكىزلىق ئىماننىڭ يېرىمىدۇر.»[2] يەنە مۇنداق دېگەن: «شەكسىزكى ئاللا پاكتۇر، پاكلىقنى ياقتۇرىدۇ، ئاللاتائالا پاكىزدۇر، پاكىزلىقنى سۆيىدۇ. ئاللاتائالا سېخىيدۇر، سېخىيلىق-

---

[1] «قۇرئان كەرىم» مىللەتلەر نەشرىياتى، 1987-يىلى ئۇيغۇرچە نەشرى، 4 ـ سۈرە ياسىن 74 ـ ئايەت.

[2] مۇسلىم رىۋايەت قىلغان.

www.uyghurkitap.com ئۇيغۇر كىتاب تورى

نى ياقتۇرىدۇ. ھويلا - ئارامگاھلارنى پاكىز تۇتۇڭلار، يەھۇدىيلارغا ئوخشاپ قالماڭلار.» ① بۇنىڭدىن ئىسلام ئەقىدىسىدە تازىلىقنىڭ قانچىلىك مۇھىم ئورۇندا تۇرىدىغان ئىشلاردىن ئىكەنلىكى مەلۇم بولىدۇ. ئادەمنىڭ تەبىئىتىمۇ پاكىز يارىتىلغان، پاكىزلىقنى تەلەپ قىلىدۇ. مەينەتچىلىك تەن سالامەتلىكىگە تەسىر يەتكۈزۈپ قالماي، بەلكى مەينەتچىلىك بەختسىزلىكنى چىللايدۇ، ئىسلام دىنى پاكىزلىق ئۈستىگە قۇرۇلغان دىن بولغاچقا، پاكىزلىققا ئەھمىيەت بېرىلمىگەن ئائىلىدە ئىسلام يوق، ئىمان يوق دەپ قارايدۇ. نەدە پاكىزلىق بولسا روھمۇ پاكىز بولىدۇ، نەدە مەينەتچىلىك بولسا روھمۇ بۇلغىنىدۇ؛ مەينەت ئائىلىدىن بەرىكەت كۆتۈرۈلۈپ كېتىدۇ، بەختمۇ يۈز ئۆرۈيدۇ. بىر ئائىلىگە نامراتلىق ھاقارەت كەلتۈرەلمەيدۇ، بىراق مەينەتلىك ھاقارەت كەلتۈرىدۇ. ئۇيغۇرلارنىڭ ئەنئەنىسىدە «پاكىزلىق يېرىم دۆلەت» دېگەن ئەقىدە بار. يۈسۈپ خاس ھاجىپ بارلىق كېسەللىك ئېغىزدىن كىرىدۇ، تازىلىقى ياخشى بولمىغان تاماق گالغا تېرىغ بولىدۇ. كېسەللىك دېگەن ئۆلۈمنىڭ قوشنىسى، شۇڭا يېمەك - ئىچمەك تازىلىقىغا تولىمۇ دىققەت قىلىش كېرەك دەپ ئۆگەتكەن. شۇڭا بۇ ئىشتا بولۇپمۇ قىز پەرزەنتلەرگە ئۆينى سەرەمجانلاشتۇرۇش، تەرتىپلىك بولۇش، ئۆينى پاكىز تۇتۇش جەھەتتە ئۈلگە بولۇش ھەم ئۇلاردا شۇنداق ياخشى ئادەتنى ئۆزلەشتۈرۈش كېرەك.

ئۈچىنچى، تىرىشچانلىق، ئىقتىسادچانلىق بىلەن ئائىلە باشقۇرۇشقا ئۆگەتكەن. ئۇ پەرزەنتلەر: «كىرىمىڭگە يارىشا چىقىم قىل، چىقىم بولسا دەرھال كىرىم يولىنى قىل. يولۇم ئۇچۇق بولسۇن دەيدىكەنسەن ھەرقاچان ئېلىم - بېرىمدا ھوشيار بول. ھەي مەرد يىگىت، قولۇڭ قىسقا بولۇپ قالغان چاغلاردا كىشىلەرگە زارلانما ۋە يېلىنما، دوستلىرىڭ موھتاجلىقىڭنى بىلسىمۇ قولۇڭغا قول

① تىرمىزى رىۋايەت قىلغان.

بولالمايدۇ، دۈشمەنلىرىڭ ئاڭلىسا تىنماي كۈلىدۇ. دوست، بۇرادەرلىرىڭنىڭ ئالدىدىمۇ خارلىققا قالىسەن. كۆڭۈل ئاغرىقىدا دىلىڭ ئازار يەيدۇ.» دېگەنگە ئوخشاش قائىدىلەرگە ئەمەل قىلىشقا نەسىھەت قىلىدۇ.

ئىقتىسادچانلىق ۋە تىرىشچانلىق ئۇيغۇرلارنىڭ ئائىلە تەربىيىسىدىكى مۇھىم مەزمۇنلاردىن بىرى ھەم ئائىلە باشقۇرۇش ئىقتىدارىغا مۇناسىۋەتلىك مۇھىم ئىش. ئائىلە باشلىقلىرى ئۆز ئائىلىسىنى ئىقتىسادتىن، يېمەك ـ ئىچمەك، كىيىم ـ كېچەكتىن قىسىپ قىيىماي، باشقىلارنىڭ ئالدىدا بويۇن قىسىپ قالماي، بەختلىك ياشىشى ئۈچۈن تىرىشىپ ـ تىرمىشىپ ئىشلەپ ئىقتىسادى مەسىلىنى ھەل قىلىشقا توغرا كېلىدۇ. بىراق قارىسىغىلا تىرىشقان بىلەن ئائىلىنىڭ ئىقتىسادىي يۈكىنى كۆتۈرگىدەك كىرىمگە ئىگە بولغىلى بولمايدۇ. ئەپلەپ ـ سەپلەپ كۈن ئۆتكۈزۈشنىڭ كويىغا كىرگەن ئادەم ئۆزىنىمۇ، ئائىلىسىنىمۇ بەختلىك قىلالمايدۇ. شۇڭا ئىشلەشنى بىلىشمۇ مۇھىم ئىلىملارنىڭ بىرى. بۇنىڭ ئۈچۈن ئادەم يول تېپىشقا توغرا كېلىدۇ، بۇنداق يول ھۈنەرنىمۇ ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. قەدىمكىلەر بالىلىرىنىڭ جان بېقىشىنىڭ يوللىرىنى ئۆگىنىشى ئۈچۈن ئۇلارنى كارۋانلارغا قاتاتتى، ھۈنەرگە بېرەتتى، ئوقۇتاتتى، تۇرمۇشقا ئارىلاشتۇراتتى، سودا ـ سېتىققا ئارىلاشتۇراتتى. شۇنداق قىلىپ ئۇ بالىلار بارا ـ بارا يېتىلىپ، ئاخىرىدا ئۆزى مۇستەقىل يول تاپالايدىغان، تۇرمۇشنى قامدىيالايدىغان ئىقتىدارغا ئىگە بولۇپ چىقاتتى، بەلكىم بالىلار مەكتەپتە ئوقۇش بىلەنلا تۇرمۇشتا يول تاپالايدىغان ئىقتىدارغا ئىگە بولۇپ كېتىشى ناتايىن. نۇرغۇن بالىلار ئالىي مەكتەپنى پۈتتۈرۈپ، تۈماندا قالغاندەك قىيىنىپ، جەمئىيەتتە مۇستەقىل ئورۇنغا ئىگە بولالمايۋاتىدۇ. شۇڭا مەكتەپتە ئىلىم ـ پەن بىلىملىرىنى ئوقۇتۇش بىلەن تۇرمۇش بىلىملىرىنى ئوقۇتۇپ، تۇرمۇشقا پىششۇرۇشنى بىرلەشتۈرمىگەندە ياخشى ئۈنۈمگە ئىگە بولال-

مايدىغانلىقىمىزنى بارا-بارا ھېس قىلماقتىمىز. «كاسىپ كىشى خۇدانىڭ دوستىدۇر» دېگەن ھېكمەت يادىمىزدىن كۆتۈرۈلۈپ كەتمىسۇن.

كونىلاردا «پۇلنى تاپماقتىن خەجلىمەك تەس» دېگەن بىر ھېكمەت بار. شۇڭا بالىلاردا پۇل تېپىش ئىقتىدارىنى يېتىلدۈرۈشكە قانچىلىك كۈچ سەرپ قىلساق، پۇلنى ئورۇنلۇق چىقىم قىلىشقىمۇ شۇنچىلىك كۈچەپ ئادەتلەندۈرۈشىمىز كېرەك. ئەگەر بالىلار بەتخەج بولۇپ ئۆگىنىپ قالسا، ئاخىرى باشقا بالا بولىدۇ. بەزى ئاتا-ئانىلار ئىقتىسادىي ئاساسىنىڭ كۈچلۈكلىكىگە تەمەننا قويۇپ، بالىلىرىنىڭ ئورۇنسىز بۇزۇپ-چېچىشىغا يول قويىدۇ. بۇ ئەمەلىيەتتە بالىغا قىلىنغان ئاشكارا زىيانكەشلىك، ئۇ بالا شۇ بەتخەجلىكنىڭ سورىقىنى ھامىنى تارتىدۇ. كىرىمگە قاراپ چىقىم قىلمىغاندا، ئاخىرى موھتاجلىق ئازابىنى چېكىدىغان ئىش. موھتاجلىق كۆتۈرگىلى بولمايدىغان ئېغىر يۈك. ئادەم نەچچە يىل كۆرگەن راھەت-پاراغەت بىر كۈنلۈك موھتاجلىق ئالدىدا ھېچنېمە ئەمەس، ئادەم بەختىنى مېھنەت ئىچىدە تاپسا ھەقىقىي بەختلىك بولالايدۇ. تۇرمۇشتا راھەت-پاراغەتنى ماددىي مەئىشەتتىن، مېھنەتسىز تۇرمۇش نېمەتلىرىگە ئېرىشىشنى ئارزۇ قىلىش بىر بەختسىزلىكتۇر. بىر ئائىلە بېشىغا كىيىلگەن ئەر ۋە ئايال تاپقان پۇلنى ئائىلىسى ئۈچۈن، ئائىلىنىڭ مۇھىم ئىشلىرى ئۈچۈن سەرپ قىلغاندا، ئۇ ئورۇنلۇق سەرپ قىلىنغان پۇل بولىدۇ. كوچا مەلىكىلىرىگە، رېستورانغا، ھاراق-شارابقا، كەيپ-ساپاغا، ھەشەم-دەرەمگە خەجلىگەن پۇل ئىسراپخورلۇقتۇر. دىنىي ئەقىدىدە سەرپ قىلغان پۇلنىڭ ئەڭ ئەۋزىلى: «ئائىلىگە ئىشلەتكەن دىنارىڭدۇر» دېيىلگەن. بۇنىڭدىن بالىلارنى ئىقتىسادچانلىققا ئۆگىتىشنىڭ مۇھىملىقى تېخىمۇ ئايان بولىدۇ.

ئادەم ھەردائىم بىر خىللا ئۆتمەيدۇ. بەزىدە باياشاتچىلىق ئىچىـ

ده ئات چاپتۇرغان بولسا، بەزىدە موھتاجلىقتىن بېلى مۈكچىيىپ قېلىشى مۇمكىن. شۇنداق ئەھۋالنىڭ قايسىسىغا دۇچ كەلمىسۇن، بەرداشلىق بېرىش كۈچىنى يېتىلدۈرۈش كېرەك. ئۇيغۇرلاردا «ئاچلىقتىن توقلۇق يامان» دېگەن بىر ھېكمەت بار. بۇنى تۇرمۇشتىكى باياشاتلىق بىلەن نامراتلىققا ھەم تەتبىق قىلىش مۇمكىن. بەزى ئادەملەرگە بايلىق ياراشمايدۇ. ئۇلار قولى ئازراق پۇل كۆرسىلا چەللىدە ئات چاپىدۇ، كىشىلەرنى كۆزگە ئىلمايدۇ، ھەددىدىن ئېشىپ ئەلنى قاقشىتىدۇ، زومىگەرلىك قىلىدۇ. مۇنۇ ئايەت بەلكىم شۇنداق تۇزكور ئادەملەرگە چۈشكەن بولسا كېرەك دەپ ئويلاپ قالىدۇ كىشى: «بىرەر شەھەر (ئاھالىسىنى) ھالاك قىلماقچى بولساق، ئۇنىڭدىكى دۆلەتمەن ئادەملەرنى (بىزگە ئىتائەت قىلىشقا) بۇيرۇيمىز. ئۇلار ئىتائەت قىلماي پىسقى - پاسات قىلىدۇ - دە، ئۇلارغا ئازابىمىز تېگىشلىك بولىدۇ. شۇنىڭ بىلەن ئۇلارنى قورقۇنچلۇق رەۋىشتە ھالاك قىلىمىز»[1]. كۆپ ھاللاردا دۆلەتمەن ئادەملەر مال - دۇنياغا ئېشىنىپ يولدىن ئازىدۇ، ئاقىۋىتىنى ئويلىمايدۇ. خۇددى ئۇچۇشنى بىلىپ چۈشۈشنى بىلمىگەندەك، كېيىن ئۇ يامان ئەھۋالغا قالغاندا، ئۇنىڭ ھالىغا يېتىدىغان ھېچكىم بولمايدۇ. دېمەك، بۇ ئۇلارنىڭ مال - دۇنيانى كۆتۈرەلمىگەنلىكىنىڭ بىر دەلىلى. بەزىلەر نامراتلىقتا، موھتاجلىقتا بەرداشلىق بېرەلمەيدۇ، بەزىلەرنىڭ بەرداشلىق بېرىش ئىقتىدارى يۇقىرى بولىدۇ. ئادەم مەلۇم سەۋەبلەر بىلەن نامراتلىققا چۈشۈپ قالغاندا، موھتاج بولغاندا، ئۇ ئۆتكەلدىن ئوڭۇشلۇق ئۆتۈۋېلىش ئۈچۈن ھەرىكەت قىلىشى كېرەك. بەزىلەر ناھايىتى تېز چاندۇرۇپ، ئۇنىڭغا، بۇنىڭغا دەرد تۆكىدۇ. ئەگەر شۇ دەردىڭنى ئاڭلىغۇچى دەردىڭگە دەرمان بولۇپ، ساڭا ياردەم قىلالايدىغانلىقىغا ئىشەنسەڭ دەردنى، سىرىڭنى

① «قۇرئان كەرىم» مىللەتلەر نەشرىياتى، 1987 - يىلى نەشرى ئۇيغۇرچە 17 - سۈرە ئىسرا 16 - ئايەت.

ئۇنىڭغا ئېيت، ئەگەر ئۇنىڭدىن ياردەم ئۈمىدى بولمىسا، زارلاش، قاقشاش، دەرد تۆكۈش بىلەن نېمىگە ئېرىشىسەن؟ دەردىنى ئۇستىگە دەرتنى يۈكلەيسەن، بىرى. ئۇنىڭ ياردەم قولىنى سۇنماي ئىنسان ئىشەنچىڭنى يەرگە ئۇرغانلىقى، يەنە بىرى. كۆرەلمەسلەرنىڭ ئارقاڭدىن ھىجىيىپ كۈلۈشى. شۇڭا كونىلار بىزگە بىر ئەقىل ئۆگەتكەن «قول سۇنسا يەڭ ئىچىدە» دەپ. شەيخ سەئىدە مۇنداق بىر ھېكمەتلىك ھېكايەتنى بېرىدۇ: «بىر سودىگەر مىڭ دىنار زىيان تارتقان ئىدى. ئوغلىغا: ھېچكىمگە دەپ تاشلىما! دېدى. ئوغلى: ئاتا! سېنىڭ دېگىنىڭچە بولسۇن. ئېيتماي، لېكىن بۇنىڭ نېمە پايدىسى بارلىقىنى چۈشەندۇرۇپ قويساڭچۇ، دەپتۇ. دادىسى ئۇنىڭغا: خاپىلىق ئىككى بولۇپ قالمىسۇن؛ بىرى، سەرمايىنىڭ كېمىيىپ كەتكەنلىكى، يەنە بىرى، ھەسەتخور قوشنىلارنىڭ ئىچى يامانلىق بىلەن خۇشال بولۇشى»[1]. يۈسۈپ خاس ھاجىپ نەزەردە تۇتقان ئىش مانا شۇنداق تۇرمۇش ئەمەلىيىتى ئىسپاتلىغان ھەقىقەت ئىدى. بۇ مەنىدىن مەنە بالىلارنى ئۆزىنىڭ ئىشىغا پۇختا بولۇشقا ئۆگىتىش يۈسۈپ خاس ھاجىپ پەرزەنت تەربىيىسىنىڭ مۇھىم بىر تەلىپى.

تۆتىنچى، قوشنىلار بىلەن ياخشى ئۆتۈش، ياخشى قوشنىلارغا قوشنا بولۇشقا رىغبەتلەندۈرىدۇ. ئادەم يەككە ـ يېگانە ئۆتەلمەيدۇ، بۇ دۇنيا دوست ـ بۇرادەرلەر، ئۇرۇق ـ تۇغقانلار، قوشنىلار بىلەن ئۆزىنىڭ قىممىتىنى تاپىدۇ. ھاياتنىڭ مەنىسى ئۇلارسىز بولمايدۇ. ئۇيغۇرلار دوستلۇققا ئەھمىيەت بېرىدۇ. تۇغقان سۈرۈشتۈرۈشكە ئامراق، قوشنىلارنى تۇغقانلاردىن ئەزىز بىلىدۇ. ئۇيغۇرلاردا «يىراقتىكى تۇغقاندىن يېقىندىكى قوشنا ئەلا» دېگەن گەپ بار. چۈنكى ھاجەت چۈشكەندە يىراقتىكى تۇغقان ئەمەس، يېقىندىكى قوشنا ئەسقاتىدۇ. قوشنىلارنىڭ مېھرى چوڭقۇر بولىدۇ. ئۇلارنى قەدىر-

---

① «گۈلىستان»، مىللەتلەر نەشرىياتى، 1984 ـ يىل ئۇيغۇرچە نەشرى، 190 ـ بەت.

لەش، قوشنىدارچىلىقنىڭ ھەققىنى تولۇق ئادا قىلىش ئىنسانىي
پەزىلەتنىڭ مۇھىم بىر بەلگىسى.

يۈسۈپ خاس ھاجىپ پەرزەنتلەرگە بەرگەن تەربىيىدە قوشنىدار-
چىلىق مەسىلىسىنىمۇ تىلغا ئېلىپ ئۆتىدۇ. «ئۆي سالماقچى بول-
ساڭ چوڭ يول بويلىرىغا، تاشقىن بولىدىغان دەريا بويلىرىغا ئۆي
سالما، بەگلەر بىلەن قوشنا بولما، ساراي - قەسىرگە يېقىن تۇرما،
بۇلاردىن ھەرگىز پايدا كۆرەلمەيسەن. زىيان كەلسە ھېچقانداق چارە
قىلالمايسەن. ئۆي سالماقچى ياكى ئۆي ئالماقچى بولساڭ قوشنا
بولىدىغان ئادەمگە قارا، يەر ئالماقچى بولساڭ سۈيىنى ئارا، يامانغا
قوشۇلمىساڭ ساق - سالامەت بولىسەن. خۇي - پەيلىڭنى دۇرۇس
قىلساڭ، قاناتلىق تۇلپاردەك جەۋلان قىلىسەن. بارغا قانائەت قىل-
ساڭ بەگدەك ياشايسەن، شۇڭا غەم - قايغۇنى ئاز قىلىپ، ئۆزۈڭنى
خۇشال تۇت.»

ئۆي دېگەننى بۈگۈن سېلىپ، كۆڭۈلگە ياقمىسا ئەتىسى كۆ-
چۈپ كېتىدىغان نەرسە ئەمەس. ئۇيغۇرلار مۇقىم ئولتۇراق تۇرمۇشقا
قەدەم قويغان نەچچە مىڭ يىلدىن بۇيان، ئاتا - بوۋىسىنىڭ چىرىغى-
نى ئۆچۈرمەسلىك، موردىن تۈتۈننى ئۈكسۈتمەسلىك ئۈچۈن نەچ-
چە ئەۋلاد بىر ئۆيدە ياشاپ كەلدى. كونىراپ كەتسە يېڭىلىدى.
شۇنداق قىلىپ نەچچە ئەۋلاد قوشنىدارچىلىق مۇناسىۋەتنى ئورنات-
تى. ئۆينىڭ بالدۇر بۇزۇلۇپ، خانىۋەيران بولماسلىقى ئۈچۈن،
ئۇلار چوڭ يول بويىغا، تاشقىن بولىدىغان دەريا بويلىرىغا ئۆي
سېلىشتىن ئېھتىيات قىلىشقان. يەنە بىرى، ساراي - قەسىرگە،
بەگلەرگە قوشنا بولۇشتىن ئۆزىنى تارتىشقا ئاگاھلاندۇرۇپ تۇرۇل-
غان. چۈنكى ئۇ يەردە خاتىرجەملىك، ئاراملىق بولمايدۇ. يەنە
بىرى، بەگلەر بىلەن دوستانىلەرچە قوشنا بولۇش ئوڭاي ئەمەس.
بەگلەر ئۆزىدىن تۆۋەنلەرنى كەمسىتىپ، يوغانچىلىق قىلسا كۆڭۈل
ئارامىدا بولمايدۇ. باللىرىمۇ بەگلەرنىڭ باللىرى بىلەن چېقىشال-

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

مايدۇ. نەتىجىدە ئۇرۇش - جېدەل قوزغىمايدۇ. شۇڭا پەزىلەتلىك، ئۆزى بىلەن يارىشىپ ئۆتەلەيدىغان ئادەملەر بىلەن قوشنا بولۇشقا دەۋەت قىلىنغان. خاتىرجەم، تىنچ ياشاي دېگەن ئادەم ياخشى قوشنا بولۇش، ياخشىلار بىلەن قوشنا بولۇشقا ئىزدىنىشكە دەۋەت قىلىنغان. قوشنىلار بىلەن يارىشىپ ياخشى ئۆتۈش دىنىي ئەقىدىنىڭ ياخشى پەزىلەتلىك، ساۋابلىق ئىشلاردىن سانالغان. ياخشى قوشنا جەننەتكە كىرىدۇ، يامان قوشنا دوزاخقا دەپ ئاگاھلاندۇرۇش بېرىلگەن. «قايسى بىر كىشىنىڭ يامانلىقى ۋە ئازار بېرىشىدىن قوشنىسى ئارام تاپالمىغان بولسا ئۇ جەننەتكە كىرمەيدۇ» [1] يەنە بىر رىۋايەتتە بىر كىشى رەسۇلۇللادىن: «ئى رەسۇلۇللا، پالانچى خوتۇن كېچىلىرى تۇرۇپ ئىبادەت قىلىدۇ، كۈندۈزلىرى روزا تۇتىدۇ، كىشىلەرگە خەير - ئېھسان ۋە باشقا ياخشىلىقلارنى قىلىدۇ، بىراق يامان تىل بىلەن قوشنىسىغا ئازار بېرىدۇ، بۇنىڭ ئاقىۋىتى قانداق بولىدۇ» دەپ سورىغاندا، رەسۇلۇللا: «ئۇ خوتۇنغا ياخشىلىق يوق، ئۇ دوزاخ ئەھلىدۇر» دېگەن. ئۇلار يەنە: «پالانچى خوتۇن پەرز نامازنى ئوقۇيدۇ. كونا كىيىم - كېچەكلەرنى سەدىقە قىلىدۇ، شۇنىڭ بىلەن ئۇ ھېچ كىشىگە ئازار بەرمەيدۇ» دېگەندە، رەسۇلۇللا: «ئۇ خوتۇن جەننەت ئەھلىدۇر» دېگەن [2] بۇنىڭدىن قوشنىدارچىلىق ھەققىنىڭ قانچىلىك يۇقىرى بولىدىغانلىقى چىقىدۇ. رەسۇلۇللا يەنە يامان قوشنىلارنىڭ كىشىلەرگە كەلتۈرىدىغان كۆلپىتىدىن ئېھتىيات قىلىش توغرىسىدا: «ئى ئاللا، مەن ياشايدىغان يەردىكى يامان قوشنىنىڭ يامانلىقىدىن پانىي بېرىشىڭنى تىلەيمەن. پانى دۇنيادىكى قوشنىنىڭ يامانلىقىدىن پەقەت كۆچۈپ كېتىپلا قۇتۇلۇش مۇمە-

---

① بۇخارى رىۋايەت قىلغان. شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى 2004 - يىلى نەشر قىلغان «ئەل ئەدەبۇل مۇفرەدۇ» دېگەن كىتابتىن ئېلىندى.

② بۇخارى رىۋايەت قىلغان. شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى 2004 - يىلى نەشر قىلغان «ئەل ئەدەبۇل مۇفرەدۇ» دېگەن كىتابتىن ئېلىندى.

③ بۇخارى رىۋايەت قىلغان. شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى 2004 - يىلى نەشر قىلغان «ئەل ئەدەبۇل مۇفرەدۇ» دېگەن كىتابتىن ئېلىندى.

كىن»[3] دېگەن. دېمەك، قوشنىدارچىلىق مۇناسىۋەتتىكى قائىدە ـ يوسۇنلارغا ئەمەل قىلىش، قوشنىلار ئۈستىدىن پىتنە ـ پاسات تارقاتماسلىق، يامان گېپىنى قىلماسلىق، ياخشى ئىشلىرى بولسا دېيىش، ئاداۋەت تۇتماسلىق، كەڭ قورساق، ئەپۇچان بولۇش، بالا چاقىلىرىغا يامان كۆز، يامان نىيەتتە بولماسلىق، ئۆزئارا سوۋغا سالام بېرىشىپ مۇھەببەتنى ئاشۇرۇش، ئامەنەتكە خىيانەت قىلماسلىق (قوشنىلار بىر ـ بىرىگە ئامانەتتۇر)، مەنپەئەت مۇناسىۋىتىنى قوشنىدارچىلىق ھەققىدىن ئۈستۈن قويۇۋالماسلىق قاتارلىق پەزىلەت تەلەپلىرىگە رىئايە قىلغاندا، ئۆزىمۇ خاتىرجەملىك تاپىدۇ، قوشنىلارمۇ رازى بولىدۇ. شۇڭا بۇ ھەقتە ئاتا ـ ئانىلار پەرزەنتلەر ئۈچۈن ئۈلگە بولۇپ، ئۇلارنىڭ ياخشى تەسىرگە ئۇچرىشى ئۈچۈن ئاساس سېلىنىشلىرى كېرەك.[1]

بەشىنچى، يۈسۈپ خاس ھاجىپ ئائىلە باشقۇرۇش ئىقتىدارىنى يۇقىرى كۆتۈرۈشتە رول ئوينايدىغان يەنە مۇنداق بىرقانچە قانۇنىيەتلىك تۇرمۇش بىلىملىرىنى ئەسكەرتىپ ئۆتىدۇ. (1) «بارغا قانائەت قىلساڭ بەگدەك ياشايسەن». ئادەمنى نۇرغۇن ئويغا ۋە كويغا سالىدىغان ئىش قانائەتسىزلىك. مانا شۇ قانائەتسىزلىك ئادەمنى ئەڭ قەبىھ، رەزىل ئىشلارنى قىلىشقا ئۈندەيدۇ. بىراق قانائەتسىز ئادەمگە پۈتۈن دۇنيانىڭ بايلىقىمۇ ئازلىق قىلىدۇ. ئۇنداق ئادەمنىڭ بىر يىلقا بايلىقى بولسا، يەنە بىر يىلقا مىلى بولۇشىنى ئارزۇ قىلىدۇ، ئۇنىڭ كۆزىنى گۆر توپىسىدىن باشقا نەرسە تويدۇرالمايدۇ. شۇڭا قانائەت ئەڭ چوڭ بايلىق. پۇل، مالنىڭ كۆپ بولۇشى بايلىق ئەمەس، ئەڭ چوڭ بايلىق كۆڭۈل بايلىقىدۇر. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ يۇقىرىقى تەۋسىيىلىرى ئەڭ ياخشى نەسىھەتتۇر. (2) «ئۆلۈمنى ئۇنۇتمىساڭ سەگەك بولىسەن». ئادەمنى غەپلەتكە قويىدىغان، مەڭگۈ ئۆلمەيدىغاندەك مال ـ دۇنياغا ئۆزىنى ئۇرىدىغان،

① بۇ ھەقتىكى تەپسىلىي قاراشنى باشقا بىر كىتابتا يازغانلىقىم ئۈچۈن گەپنى قىسقارتتىم.

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

قانائەت قىلمايدىغان ئىش مانا شۇ ئۆلۈمنى ئۇنتۇپ قالغانلىقتىن بولىدۇ. ئادەم ئۆلۈپ كېتىدىغانلىقىنى ئويلىغاندا سەگەك بولىدۇ، يامان نام بىلەن لەنەتكە قالىدىغان ئىشلارنى قىلىشتىن ئۆزىنى تارتىدۇ. ياخشى نام قالدۇرۇش ئۈچۈن تىرىشىدۇ. (3) «ئېھتىيات بىلەن سۆزلىسەڭ ئەلەم كۆرمەيسەن». كونىلاردا ئادەمنى تىل شىرى ئۆلتۈرىدۇ دېگەن گەپ بار. ئورۇنلۇق سۆز سۆدەك كىشىلەرگە مەنپەئەت يەتكۈزسە، يامان سۆز ئوتتەك ئادەمنى كۆل قىلىشقا يارايدۇ. نۇرغۇن ئەرلەرنى تىلى تىرىك يەرگە كۆمگەن. شۇڭا يالغان - ياۋىداق سۆزلەرگە، پىتنە - پاساتقا، تۆھمەتكە يېقىن بولماسلىق كېرەك. (4) «ھاياتىڭنى بىھۇدە ئۆتكۈزمىسەڭ پۇشايمان يېمەيسەن». (5) ياخشى ئاتاقتا ئېرىشىش ئۈچۈن قارنى كۆكسىڭنى كەڭ تۇت، سېخىي بول (6) نامىم ئەل ئارىسىدا تارقالسۇن دېسەڭ مۇساپىرلارنى ياخشى كۈت (7) يەنە باشقا ياخشىلىقلارغا ئېرىشمەكچى بولساڭ ھاۋايى - ھەۋەسنى تاشلاپ، نەپسىڭگە يول بەرمە. نەپسىڭنىڭ تەقەززاسىغا يۈگەن سال. ئەگەر مەيلىڭگە قويۇۋەتسەڭ بېشىڭنى يەيدۇ، روزغارىڭنى توپانغا غەرق قىلىدۇ، نەپسىڭگە ئەركىنلىك بەرسەڭ، سېنى قۇل قىلىدۇ. ئۇنىڭغا قاتتىق بولۇپ، ھۆكۈمرانلىق قىلالىساڭ ئاندىن ساڭا بويۇن سۇنىدۇ. ئەي تەقۋادار ئوغۇل يۇقىرىقى تەۋسىيىلەرنى ھاياتىڭنىڭ مىزانى قىل!

ئىقتىدارى بار ئادەملەرمۇ، ئالىملارمۇ تۇرمۇشتا ئاجىز كېلىپ قېلىشى مۇمكىن، بىز تۇرمۇشتىن نۇرغۇن ئىقتىدار ئىگىلىرىنىڭ تۇرمۇشتا، ئائىلە باشقۇرۇشتا، پەرزەنت تەربىيىلەشتە مەغلۇپ بولغانلىقىنى كۆرىمىز. يەنە بىر قىسىم ئاددىي كىشىلەرنىڭ ناھايىتى مۇكەممەل ئائىلە باشقۇرۇش سەنئىتىگە ئىگە ئىكەنلىكىنى بىلىمىز. قارىغاندا بۇ ئالاھىدە بىر خىل سەنئەت بولسا كېرەك. ھېچقانداق ئادەمنىڭ ئائىلىدە بەختسىز بولۇپ قېلىشىنى، تۇرمۇشتا چېچىلاڭغۇ بولۇپ قېلىشىنى، پەرزەنتلىرىنىڭ يارامسىز بولۇپ قېلىشىنى

خالىمايدىغانلىقى بىزگە ئايان. لېكىن تۇرمۇش ھەرگىزمۇ شىرىلداپ ئېقىپ تۇرغان بۇلاق سۈيىدەك جىمجىت ۋە بىر خىللا بولمايدۇ، بەلكى ئۇ دولقۇنلۇق، قىيانلىق بولۇشى مۇمكىن، تۇرمۇشتا ئىككى ئائىلىدە چوڭ بولغان، ئىككى خىل مۇھىتتا چوڭ بولغان ئىككى ياش بىر ياستۇققا باش قويغاندىن كېيىن، بۇلارنىڭ ئارىسىدا ئورتاقلىق بولۇشىمۇ مۇمكىن، قارىمۇ قارشىلىق بولۇشىمۇ مۇمكىن. بىراق، كۆپ تەرەپتە بىرلىككە كېلىش ئۇنچە ئوڭاي ئەمەس. بۇنىڭ ئۈچۈن ئادەمدە توختالغان، سەۋرلىك، يىراقنى ئويلىيالايدىغان بىر خىل قابىلىيەت بولۇشى كېرەك، يەنە بىر جەھەتتىن قورساقنى كەڭرەك تۇتۇش لازىم بولىدۇ. جەمئىيىتىمىزدە ھازىر ئاجرىشىش، باللارنىڭ يېتىم بولۇشى ئاپەتلىك بىر ئىشقا ئايلاندى. بۇ نېمىنى چۈشەندۈرىدۇ؟ بۇ بىر تەرەپتىن باللاردا ئۆي تۇتۇشقا نىسبەتەن تولۇق تەييارلىق يوق، ئۇلار توي قىلىشنى ئويۇن ئورنىدىكى ئىش دەپ قاراۋاتىدۇ، يەنە بىر تەرەپتىن مەسئۇلىيەت يوق. يەنە بىر تەرەپتىن ئۇلاردا تېخى ئۆي باشقۇرۇش، ئۆينى سۆرەپ مېڭىش ئىقتىدارى يېتىلمەيۋاتىدۇ. يەنە بىر سەۋەب شۇكى، بۇزۇلۇشمۇ، ناپاكلىقمۇ مۇھىم ئىجتىمائىي مەسىلە بولۇپ قالدى. ئۇنىڭ ئۈستىگە ياشلاردا ھازىر قائىدە-يوسۇنغا تازا ئېتىبار بەرمەيدىغان بىر خىل ياۋايىلىق شەكىللىنىپ قېلىۋاتىدۇ، ئەمەلىيەتتە قائىدە-يوسۇن بىر ئائىلىنىڭ مۇھىم ئۇمۇرتقىسى بولۇپلا قالماي، بەلكى مىللەتنىڭ ئۇمۇرتقىسى ئىدى. قائىدە-يوسۇنلۇق مىللەت يېڭىلمەيدۇ ۋە ئۆلمەيدۇ، قائىدە-يوسۇنغا ئەھمىيەت بەرمىگەن مىللەتنىڭ قۇيرۇقىنى ئوڭايلا قۇم باسىدۇ. بىز بۇ ھەقىقەتنى بىلمەدۇق، ياكى بىلسەكمۇ خۇپسەن، گاس بولۇۋېلىپ بارامدۇق، مەن بۇ خۇسۇستا «قائىدە-يوسۇنلۇق مىللەت يېڭىلمەيدۇ» دېگەن كىتابىمدا تەپسىلىي توختالماقچى. بىراق بىرەر كىتابنىڭ، بىرەر يۈز كىتابنىڭ يېزىلىشى بىلەن ئائىلە بوھرانىنى توسۇپ قېلىش

مۇمكىن ئەمەس. ئەڭ مۇھىمى ھەربىر ئادەم، ھەربىر ئاتا ـ ئانا، ھەربىر ئائىلە ئۆزىگە، ئائىلىسىگە مەسئۇل بولۇشنى بىلسە ئىدى، نۇرغۇن ئىشلار ئوڭايغا چۈشەتتى. ئەر ئايالىغا، ئايالى ئېرىگە مەسئۇل بولمىسا، ئاتا ـ ئانىلار بالىلىرىغا مەسئۇل بولمىسا، ھەربىر ئادەم ئۆزىگە مەسئۇل بولمىسا بىزنىڭ تىرىشچانلىقلىرىمىزنىڭ ھەممىسى بىكار بولىدۇ. بۇ جەمئىيەتتە ھەربىر ئادەمنىڭ ياشاش ھوقۇقى بولغانغا ئوخشاشلا، مىللەتنىڭ قىممەتلىك ئەنئەنىسىگە مەسئۇل بولۇش قەرزى بار، بۇ قەرز تولىمۇ قىممەتلىك ۋە مۇقەددەستۇر.

# ئون تۆتىنچى باب

## پەرزەنتلەرنىڭ دۇنيادىن بەھرىلىنىش ھوقۇقىنى قولغا بېرەيلى

بۇ دۇنياغا تۆرەلگەن ئادەم بەھرىمەنلىك ھوقۇقى بىلەن تۇغۇلىدۇ. دۇنيانىڭ ئېتىكى ئىنسانلارنىڭ بەھرىمەنلىك ئېتىمىزىدۇر. ئىسلام ئەقىدىسىدىمۇ: «بۇ دۇنيانىڭ بارلىق نېمەتلىرىنى سىلەرنىڭ بەھرىمەن بولۇشۇڭلار ئۈچۈن ياراتتىم» دېگەن ئۇلۇغ چاقىرىق بار. بۇنىڭدىن قارىغاندا بۇ دۇنيانىڭ نېمەتلىرى بارلىق ئىنسانلار ئۈچۈن ئورتاق يارىتىلغان. بايلارغا كۆپ، نامراتلارغا ئاز، ھۆكۈمرانلارغا كۆپرەك، مەھكۇملارغا ئازراق تەقسىم قىلىنغان ئەمەس. بىراق بۇ يەردە ئايدىڭلاشتۇرۇۋېلىشقا تېگىشلىك مۇھىم بىر پەرق بار. ئادەملەرنىڭ ھاياتتىكى، سىياسىي ۋە ئىقتىسادىي ئورنىدىكى پەرق ھەرگىزمۇ ئەزلى تەقسىماتتىكى پەرق ئەمەس. بەلكى ئۇنى كىشىلىك جەمئىيەتتىكى تەڭسىزلىك كەلتۈرۈپ چىقارغان ئىجتىمائىي پەرق. بۇنىڭ يېشىمىنى ئىسلام دىنىنىڭ مۇقەددەس دەستۇرى «قۇرئان كەرىم» دە «كىشىلەرنىڭ بىر - بىرىدىن پەرقى نەسەبى ئەمەس، بەلكى تەقۋادارلىق بىلەن بولىدۇ» دېيىلگەن. بۇ ھەقىقەتنى ئۇلۇغ ئىسلام ئالىمى يۇسۇپ خاس ھاجىپ «ئادەم بىلەن ئادەم ئوتتۇرىسىدا ناھايىتى زور پەرق بار، بۇ پەرق پەقەت ئىلىم - ھېكمەت بىلەنلا كېلىپ چىقىدۇ، ئۇنىڭغا بۇنىڭدىن باشقا چۈشەندۈرۈش يوق» دېگەن.

قەدىمدىن تارتىپ ئىنسانلارغا رودىپايدەك چاپلاشقان بىر ئازغۇن

www.uyghurkitap.com

ئەقىدە ھۆكۈمرانلىق قىلىپ كەلدى. ئۇ بولسىمۇ، بۇ دۇنيادىكى ياخشىلىق، يامانلىق، بايلىق ۋە كەمبەغەللىك، ھۆكۈمرانلىق ۋە مەھكۇملۇقنىڭ ھەممىسى تەقدىرنىڭ ئورۇنلاشتۇرۇشى، ئەسلى تەقسىماتتا بېكىتىلگەن نەرسە، ئۇنى بەندىنىڭ ئۆزگەرتەلىشى مۇمكىن ئەمەس دەپ، ھاياتتىكى بارلىق مەھرۇملۇقلىرىنى قارىغۇ تەقدىرنىڭ شەكىلسىز ئۆشنىسىگە ئارتىپ قويىدى. بۇ خىل خاتا تەرغىبات تاكى بۈگۈنكى كۈنگىچە نۇرغۇن ئاڭسىز كىشىلەرنىڭ روھىي دۇنياسىنى قاماللاپ، ھاياتقا بولغان ئىنتىلىش قەدىمىگە كىشەن بولۇپ كەلمەكتە. بۇ خىل زەئىپ ئاڭنى ئالدى بىلەن بارلىق ئاتا ـ ئانىلار ئۆزىنىڭ كاللىسىدىن چىقىرىۋېتىشى ھەمدە پەرزەنتلىرىنىڭ روھىغا شۇنداق چۈشكۈن خەتەرلىك ئاڭنىڭ سىڭىپ قېلىشىدىن قەتئىي ھەزەر قىلىشى كېرەك.

11 ـ ئەسىردىكى ئائىلە مائارىپىدا ئۇيغۇرلار پەرزەنتلەرگە بېرىلىدىغان تۇرمۇشتىن بەھرىمەن بولۇش ھوقۇقىنى قولغا كەلتۈرۈشنىڭ ئالتۇن ئاچقۇچىغا ئىگە بولغان ئىدى. بۇ ئالتۇن ئاچقۇچ ئۆز دەۋرىنىڭلا ئەمەس، بەلكى ھەرقانداق بىر دەۋرنىڭ قولۇپىغا بىمالال چۈشىدۇ:

224 جاھان تۇتماق ئۈچۈن ئەرگە ئاڭ كېرەك،
ئەل ـ يۇرتنى سوراشقا بىلىم ئەڭ كېرەك.

225 بۇ ئىككى بىرىكسە بولۇر ئەر تولۇق،
تولۇق ئەر جاھان نېمەتىن يەر تولۇق.

يۇقىرىقى ھېكمەت ھاياتنىڭ قانۇنىيىتىنى ئەڭ مۇكەممەل ۋە ئەڭ ئىخچام شەكىلدە يورۇتۇپ بەرگەن بولۇپ، بۇ ھەقىقەتنى ھەربىر ئائىلە ئالتۇن ھەل بىلەن لەۋھەگە يېزىپ ئائىلىسى، پەرزەنت تەربىيىسى ئۈچۈن ئەڭگۈشتەر قىلسا ھەرقاچان ئۇلارغا مەنىۋى ئو-

زۇق بولىدۇ. ھاياتتىكى بەھرىمەنلىك ھوقۇقى، بەختلىك بولۇش
ھوقۇقى، ئۆزىنى تەرەققىي قىلدۇرۇش ھوقۇقى، ئۆزىنىڭ ئىنسانىي
قابىلىيىتىنى جارى قىلدۇرۇش ھوقۇقى قاتارلىقلارنى تولۇق جارى
قىلدۇرۇشقا تۈرتكە ۋە چاقىرىق بولىدۇ.
مەكتەپ تەربىيىسىنىڭ تۈپ مەقسىتىمۇ، ئائىلە تەربىيىسىنىڭ
تۈپ مەقسىتىمۇ پەرزەنتلەر ئۆزىنىڭ نېمىنى ئۆزى تېپىپ يېيەلەيدى-
ـغان، مۇستەقىل ياشىيالايدىغان، تولۇق ئادەم بولۇپ، نېمىنى
پۈتۈن قىلالايدىغان بولسۇن، دېگەن ئارزۇدۇر. ئون يىللاپ مەدرى-
ـسە، مەكتەپلەردە جاپالىق ئوقۇشتىكى مەقسەت يالغۇز بىلىم ئېلىش-
ـلا ئەمەس، بەلكى مانا شۇ ئاڭ ۋە بىلىم بىلەن جەمئىيەتكە ياراملىق
ئادەم بولۇپ، بۇ دۇنيانىڭ مەئىشەتلىرىدىن بەھرىمەن بولۇشقۇ.
ھېچقانداق بىر ئادەم بۇ دۇنيادا موھتاجلىق ۋە خارلىقتا، ئاڭسىز،
نادانلىقتا ياشاپ ئۆتۈشنى خالىمايدۇ. ئاتا - ئانىلارمۇ پەرزەنتىنىڭ
يارامسىز، ئىقتىدارسىز، بىر نانغا زار بولۇپ بويۇن قىسىپ ئۆتۈش-
ـنى خالىمايدۇ. شۇنداق بولسىمۇ نادانلىق، ئاڭسىزلىق، موھتاج-
ـلىق ئەۋلادتىن - ئەۋلادقا مىراس بولۇپ قېلىپ، بۇ دۇنيانىڭ
قىلچىلىكمۇ ھالاۋىتىنى كۆرمەي ئۆتۈۋاتقان كىشىلەر ئازمۇ، شۇلار-
ـنىڭمۇ بۇ بەختسىزلىكتىن قۇتۇلغۇسى، باشقىلاردەك تۇرمۇشنىڭ
ھۇزۇرىنى سۈرگۈسى بار، ئامال قانچە، ئۇلارنىڭ كۆپىنچىسى يەنىلا
چـۆچەكتىكى چۆپىنى يەپ، نامازلىرىدا غايىبتىن بىر تۇگمەس
خەزىنىنىڭ نېسىپ بولۇشىنىڭ تەمەسىدا ياشاۋاتسا، ئەمەلىيەتتە
ھازىرغىچە ھېچقانداق بىر دۇئاگۇيغا ئېتىكاپتا ئولتۇرۇپ تىلىگەن
رىزىق تەلىپى ئۇچۇن پۇچەك يارماق ئاسماندىن چۈشكەن ئەمەس،
بەلكى بۇ ئەسلىي يارالمىش ئىرادىگە، ئەسلىي يارالمىش قانۇنىيەتكە
خىلاب ئىش تۇتقانلىقى ئۇچۇن بارا - بارا موھتاجلىق ئازگىلىغا
بويىنىغىچە پاتقان. بۇ ھەقتە نۇرغۇن ئىبرەتلىك ھېكايىلەرمۇ بار.
ھاياتتا سەۋەبسىز ھېچقانداق بىر ئىشنىڭ ۋۇجۇدقا چىقمايدىغان-
ـلىقىدىن ئىبارەت قانۇنىيەتنى ھەممىمىز ياخشى بىلىمىز، سەۋەبسىز

www.uyghurkitap.com

دۇئاگويلۇقتا بېرىلىپ ئازغانلىقىمىزنى تەن ئالمايمىز. «سەۋەب قىلساڭ سېۋەتتە سۇ توختايدۇ» دېگەن ئۇلۇغ ھېكمەتلەرنى يەكۈنلەپ تۇرۇپ، ئۇنىڭغا ئەمەل قىلمايمىز.

11 ـ ئەسىردىكى ئۇلۇغ دانىشمەن ئالىمىمىز يۈسۈپ خاس ھاجىپ ئائىلە تەربىيىسىدە پەرزەنتلەرگە دۇنيا نېمەتلىرىدىن قانداق قىلغاندا ياخشى بەھرىمەن بولۇپ، بەختلىك ياشاش ھوقۇقىنى قولغا ئالغىلى بولىدۇ دېگەن مەسىلىدە بىزگە ئاجايىپ قىممەتلىك تەلىم ـ تەربىيە ئۈلگىلىرىنى قالدۇرۇپ كەتكەن. ئەپسۇسكى، جاھالەتكە ئەسىر بولغان 800 يىللىق قاباھەت ئىسكەنجىسىدە بۇ ئۇلۇغ ئۇستازنىڭ قىممەتلىك تەۋرۇكلىرىدىن خەۋەرسىز قالدۇق. شۇنچە قىممەتلىك ئەنئەنىمىزدىن شۇنداق يىراقلاپ كەتكەن ئىدۇقكى، روھىمىز تەن قەپىسىمىزدىن چىقىپ كېتىپ، قۇرۇق ئىسكىلىت بولۇپ قالغان تىرىك جەسەتكە ئايلىنىپ قالغان ئىدۇق. بۇ خۇددى يۈسۈپ خاس ھاجىپ تەسەۋۋۇر قىلغان:

157 بىلىمسىز كىشى بارچە ئاغرىق بولۇر،
داۋالانمىسا ئۇ تىرىكلا ئۆلۇر.

پاجىئەسىنىڭ رېئال ئىپادىسىنى كۆرسىتىشى ئىدى.

بۈگۈنكى كۈنگە كەلگەندىچۇ، قانۇنىيەت ئۆزگىرىپ كەتتىمۇ، ئەسلىي ياراتمىش ئىرادە ئۆزگىرىپ كەتتىمۇ. ياق! ھاياتنىڭ قانۇنىيىتى ئۆتمۈشتە بولسۇن، بۈگۈن بولسۇن، كەلگۈسىدە بولسۇن، ۋەتىنىمىزدە بولسۇن، چەت ئەللەردە بولسۇن ھەرگىز ئۆزگەرمەيدۇ. بۇ يەردە كېلىپ چىقىۋاتقان پەرق بەزىلەر قانۇنىيەتكە ئۇيغۇنلىشىپ ياشاۋاتقان بولسا، بەزىلەر يەنىلا قانۇنىيەتكە خىلاپ ئىش تۇتۇپ، ئۆزىگە ـ ئۆزى زۇلۇم سېلىۋاتىدۇ. بۇرۇنمۇ، بۈگۈنمۇ شۇنداقلا قەدىمكىلەرنىڭ ۋە بۈگۈنكى ئالىملارنىڭ بۇ دۇنيانىڭ بەھرىمەنلىك ھوقۇقىنىڭ ئىقتىدار ئىگىلىرىدە، يۇقىرى ساپالىق ئەلنىڭ قولىدا

بولىدىغانلىقى توغرىسىدىكى ھۆكۈمى ئوخشاش، پەرقى ئىبارىلىرى ئوخشىمايدۇ. مەسىلەن، «ساۋاتسىز ئەلدە سوتسىيالىزم قۇرغىلى بولمايدۇ» دېگەن لېنىننىڭ ھۆكمى بىلەن يۇسۇپ خاس ھاجىپنىڭ «ئاڭسىز، بىلىمسىز ئەلدە جاھاننى تۇتۇپ تۇرغىلى، ناننى پۈتۈن قىلغىلى بولمايدۇ» دېگەن ھۆكمى ئوتتۇرىسىدا قانداق ماھىيەتلىك پەرق بار. ماھىيەتلىك پەرق يوق، ئوخشاشلا بىر قانۇنىيەتنىڭ ئوخشىمىغان ئىبارىلەردە ئىپادىلىنىشى خالاس.

ئائىلە مائارىپى ئۇل مائارىپ بولغانلىقى ئۈچۈن، ئاۋۋال ئاتا - ئانىلار ھاياتنىڭ قانۇنىيەتلىرىگە نىسبەتەن ئاڭلىق تونۇشقا ئىگە بولماي تۇرۇپ، پەرزەنتلەرگە ياخشى تەلىم - تەربىيە ئۇستازى بولۇش سالاھىيىتىگە ئىگە بولالمايدۇ. شۇڭا ئاتا - ئانىلار دانىشمەن بوۋىلىرىمىزنىڭ تەلىم - تەربىيە مىراسلىرىدىن ئوزۇق ئېلىشى، ئۆزىدىكى قاتمال، قالاق، زەئىپ ئاڭنى ئىككىلەنمەستىن سىقىپ چىقىرىپ، ئىلغار ئاڭ ۋە ئىلغار دۇنيا قاراش بىلەن قوراللىنىشقا تىرىشىشى كېرەك. بۇ ئەمەلىيەتتە ئاتا - ئانىلارنىڭ بۇرچى. ئاتا - ئانا يارامسىز بولسا، ئۇنىڭدىن قانداقمۇ يارامىلىق پەرزەنت تەربىيىلىنىپ چىقىدۇ. ئۇرۇق قانداق بولسا مېۋىسى شۇنداق بولىدىغانلىقى قانۇنىيەتتۇ.

ئەسكى تۆمۈردىن ياسالمايدۇ كىشى ئۆتكۈر قىلىچ،
رەزىل ئادەم تەربىيىدە، ئەي ھەكىم بولماس ئىنسان.
گەرچە يامغۇر ياخشىلىقتا ھەممىسىگە ئوخشاش، بىراق،
باغدا لالە ئۆسىدۇ، شورلۇقتا يانتاق ھەرقاچان. ①

بۇ شېئىردا ئېلىنغان باغنى ساپالىق، مەسئۇلىيەتلىك ئائىلە دېسەك، شورلۇقنى ئاڭسىز، ئاڭقاۋ، مەدەنىيەتسىز، مەسئۇلىيەت-

---

① شەيخ سەئدى «گۈلىستان» دېگەن كىتابىدا كەلتۈرگەن شېئىر. مىللەتلەر نەشرىياتى، 1984-يىلى نەشرى.

www.uyghurkitap.com

سىز ئائىلىگە ئوخشىتىش مۇمكىن. شۇڭا پەرزەنتلىرىنىڭ يارامىلىق ياكى يارامسىز بولۇپ قېلىشىدىكى مەسئۇلىيەتنىڭ كۆپرەكىنى ئاتا - ئانىلار ئۈستىگە ئېلىشى كېرەك. مەكتەپ ئىنساننىڭ تەبىئىتىنى ئۆزگەرتىشكە قادىر ئەمەس. بىر سىنىپتىكى 40 ئوقۇغۇچىنىڭ ئەقلىي ئىقتىدارى، پەزىلىتى 40 خىل بولىدۇ. ئەمەلىيەتتە ئۇلار ئوخشاش ئوقۇتقۇچىدىن تەربىيە قوبۇل قىلىدۇ. چۈنكى، ئۇ ئوقۇغۇچىلارنىڭ ئائىلە شارائىتى ئوخشاش ئەمەس. 40 ئوقۇغۇچىنى 40 جۈپ ئاتا- ئانا تۇغۇپ ئۆستۈرگەن. ئۇ بالىلارنىڭ تەبىئىتىگە ئاتا - ئانىسىنىڭ تەبىئىتى مىراس قالامدۇ؟ بۇ قانۇنىيەتكىمۇ ئېتىبار بېرىش كېرەك.

يۈسۈپ خاس ھاجىپ ھەم مىللەتنىڭ ئاتىسى ۋە بىر ئائىلىنىڭ ئائىلە باشلىقى. ئۇ «قۇتادغۇبىلىك» تە ئوتتۇرىغا قويغان بايانلىرىنى ھەم مەسئۇلىيەتلىك، ئۇلۇغ دادا سۈپىتىدە پەرزەنتىگە بېرىۋاتقان تەلىم - تەربىيە سۈپىتىدە نەسىھەت قىلىدۇ، يەنە بىر تەرەپتىن، پۈتۈن مىللەتنىڭ ئاتىسى ۋە ئۇستازى سۈپىتىدە ئەۋلادلارغا تەلىم - تەربىيىنىڭ ئەڭ ئىلغار، ئەڭ ئىلمىي ئۈلگىسىنى قالدۇردۇ. بۇ ئۈلگىلەرنى ھازىرقى دەۋردىمۇ ئەستايىدىل، تولۇق، ئۇزۇل - كېسىل ئائىلە تەربىيىسى ئۈچۈن قانۇنىي مىزان قىلالىساقلا پەرزەنتلىرىمىزنىڭ ئىستىقبالى پارلاق بولىدۇ. بىز ھەرگىزمۇ «ياندىكى كەسپىنىڭ قەدىرى يوق» ، «ياندىكى موللام جاموللام، يىراقتىكى موللام داموللام» دېگەندەك، ئۆزىمىزدە شۇنچە ئۇلۇغۋار، قانۇنىيەتكە ئۇيغۇن، ئىلمىي پەرزەنت تەربىيىلەش ئەنئەنىمىز تۇرغان يەردە، ھەرگىزمۇ چەت ئەللەرنىڭ پەرزەنت تەربىيىسىگە قارىغۇلارچە چوقۇنماسلىقىمىز كېرەك ئىدى. چەت ئەللەرنىڭ تۇرمۇش شارائىتى، ئىقتىسادىي ئەھۋالى، قىممەت قارىشى، ئۆرپ - ئادىتى بىزنىڭكى بىلەن ئاسمان - زېمىن پەرق قىلىدۇ. بىزدە قول يەتمەيدىغان شاپتۇل ئاچچىق بولىدىغان، بىراق ھازىر ئۆزىمىزگە قەتئىي ماس كەلمىسىمۇ، ھېلى ئۇ تامغا، ھېلى بۇ تامغا ئۇسىدىغان يامان

بىر خاھىش باش كۆتۈردى. نەتىجىدە تۇتامغا چىققىدەك نەتىجىگە ئېرىشەلمەيۋاتىمىز. ئەسلىدە ئۆزىمىزدە بار بولغان ئىلغار ئۆرنەكلەردىن ئۈنۈملۈك پايدىلىنالىساقلا خېلى زور ئۇتۇقلارغا ئېرىشەلىگەن بولاتتۇق. بىردەم ئۇ شاخقا، بىر دەم بۇ شاخقا ئېسىلىش، بىردەم ئۇ قۇتۇپقا، بىردەم بۇ قۇتۇپقا ئۆتۈپ كېتىش خۇددى چۆلدە تېنەپ قالغان ئادەمدىن نېمە پەرقى. «ئات ئايلىنىپ ئوقۇرىنى تاپىدۇ» دېگەندەك، ھازىر كىشىلەر يەنىلا ئۆزىمىزدە بار بولغان قىممەتلىك نەرسىلىرىمىزنىڭ پايدىلىق ئىكەنلىكىنى بارا- بارا تونۇپ يەتمەكتە. يەنىلا ئوقۇر ئىزدەپ يۈرۈۋەرسەك ئۆزىمىزنىڭ ئوقۇرىنىمۇ تاپالمايدىغان ئەھۋالغا قالىدىغانلىقىمىزدىن ئەنسىرەشمەكتە.

بىز يۇقىرىدا ئەسكەرتىپ ئۆتكىنىمىزدەك دەۋر ئۆزگەرگىنى بىلەن قانۇنىيەت ئۆزگەرمەيدۇ. تۇرمۇش ۋاستىلىرى زامانىۋىلاشقان بىلەن ئائىلە مائارىپىنى زامانىۋىلاشتۇرىمەن دەپ ئازغۇن يولغا كىرسەك بولمايدۇ. پەرزەنت تەربىيىسىمۇ قانۇنىيەتلىك سەنئەت، ئۇ قەدىمدىمۇ شۇنداق بۈيۈك زاتلارنى يېتىشتۈرۈپ چىقارغان، بۈگۈنمۇ شۇنداق بۈيۈك زاتلارنى تەربىيىلەپ چىقىشنىڭ ھۆددىسىدىن چىقالايدۇ. گەپ مانا شۇ قانۇنىيەتنى بايقاپ، ئىلمىي قانۇنىيەت بويىچە پەرزەنت تەربىيىلەشتە.

11 - ئەسىردىكى ئۇيغۇرلارنىڭ ئائىلە مائارىپى دۇنياغا مەشھۇر ئۇلۇغ ئالىم، سىياسىئون ۋە سەركەردىلەرنى يېتىشتۈرۈپ چىققان ئالتۇن بۆشۈك بولغان ئىدى. يۈسۈپ خاس ھاجىپ، مەھمۇد قەشقەرى قاتارلىق ئۇلۇغ ئالىم ۋە دۆلەت ئەربابلىرىنىڭ شۇنداق خاراكتېرلىك، مەسئۇلىيەتچان، ئەقىللىق، پاراسەتلىك بولۇپ تەربىيىلىنىپ يېتىشىپ چىقىشىدا ئائىلە تەربىيىسىنىڭ نىشانلىق تۆھپىسى بار ئىدى. بىزگە مەلۇم بولغان تەلىم- تەربىيە ئۆلگىلىرىدىن قارىغاندا، ئاتا - ئانىلار ئىنتايىن مەسئۇلىيەتلىك ئىدى. ئۇلار پەرزەنتلىرىنى يارامىلىق ئادەم قىلىپ تەربىيىلەشنى تەڭرىنىڭ، دۆلەتنىڭ، ئەلنىڭ ئالدىدا ئۆتەشكە تېگىشلىك مۇقەددەس بۇرچ دەپ

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

بىلەتتى. مەھمۇد قەشقەرى مۇنداق بىر ئۆرنەكنى مىراس قالدۇر-
غان: «ئەي ئوغۇل مەندىن ئۇگۇت ـ نەسىھەت ئال، پەزىلەتلىك
بول، ئەل ئارىسىدا ئۇلۇغ ئالىم بولۇپ بىلىمىڭنى تارقات». بۇ
مەھمۇد قەشقەرىگە دادىسىدىن قالغان، دادىسىغا بوۋىسىدىن قالغان
تەۋسىيە ئىدى. بۇ نەسىھەت پەرزەنت تەربىيىسىدە تەلەپ قىلىنىدى-
غان ئۇمۇمىي تەلەپلەرنىڭ ھەممىسىنى ئۆزىگە مۇجەسسەملىگەن.
ئــاتا ـ ئانىلارنىڭ پەرزەنتلەرگە قالدۇرىدىغان پەزىلەت تەربىيىسى
بىلەن ئىلىم ـ مەرىپەتلىك بولۇشقا ئىمكانىيەت يارىتىپ بېرىشتىن
باشقا يەنە قانداق مىراس قىلىشى مۇمكىن. «قۇتادغۇبىلىك» تە
ئاتا ـ ئانا تەربىيىسىنى قوبۇل قىلىشنىڭ خاسىيىتىنى مۇنداق بايان
قىلغان ئىدى:

186 سۆزۈمنى دېدىم مەن بالامغا، باتۇر،
مېنىڭدىن تۆۋەن ئۇ، تىچۇك تەڭ بولۇر؟

187 ئەي، ئوغلۇم دېدىم مەن ساڭا بۇ سۆزۈم،
ساڭا بۇ نەسىھەتىمنى بەردىم ئۆزۈم.

188 كۈمۈش قالسا ئالتۇن مېنىڭدىن ساڭا،
ئۇنى تۇتمىغىن سەن بۇ سۆزگە تەڭا.

189 كۈمۈشنى ئىشلەتسە، تۈگەر، يوقىلۇر،
سۆزۈمنى ئىشلەتسە، كۈمۈش قازىلۇر.

190 كىشىدىن كىشىگە مىراس سۆز قالۇر،
مىراس سۆزنى تۇتساڭ يۈز پايدا بولۇر.

مانا بۇ ئۇيغۇرلار ئاللىبۇرۇن بىلىپ يەتكەن ئائىلە تەربىيىسى-

نىڭ خاسىيىتى. شۇنداق، ھەممە نەرسىگە زاۋاللىق يېتىدۇ، لې- كىن ئەقىل- پاراسەتتىن تىكلەنگەن خاتىرە مۇنارى مەڭگۈ يىقىلماي- دۇ.

ئۇيغۇر خەلقى ئۇزۇن ئەسىرلىك ئەگرى - توقاي مۇساپىسىدا نۇرغۇن نەرسىلەرگە ئېرىشكەن بولسىمۇ، لېكىن يەنە نۇرغۇن قىم- مەتلىك ئەنئەنىسىنى يوقىتىپ قويدى. ئۇيغۇلارنىڭ 13- ئەسىردىن كېيىنكى تەلىم - تەربىيە ئەنئەنىسىدە بىزگە ئۆلگە بولالىغۇدەك، پەخرلىنەرلىك ئۇلۇغ ئۆلگىلەرنىڭ بارلىقىغا كەلمىگەنلىكىگە بىز ئىق- رار. ئىدىيە جەھەتتە چۈشكۈنلەشتى، ئەقىدە - ئېتىقادى غەرەزلىك بۇرمىلىنىپ، مىللەتنىڭ روھى جەھەتتىكى زاۋاللىقىنى كەلتۈرۈپ چىقاردى. بۇ دەۋردىكى ئىدېئولوگىيە تەرەققىياتقا، گۈللىنىشكە تۈرتكە بولىدىغان مۇنەۋۋەر دۇنيا قاراش بولماستىن، بەلكى كىشى- لەرنى بىخۇدلاشتۇرىدىغان، ھاياتلىق قانۇنىيىتىدىن چەتلەشتۈرد- دىغان، تەركىدۇنيالىققا، خارلىققا، زاۋاللىققا سايە قىلىدىغان ئىد- دىئولوگىيە ئۈستۈنلۈك قازاندى. بۇنداق زەئىپ ئالغ نەچچە ئەسىر داۋاملاشتى، بۇ خىل زەئىپ روھ ئائىلىلەرگىچە چوڭقۇر تەسىر كۆرسىتىپ، نەچچە ئەۋلاد يارىماس ئەۋلادلارنىڭ يېتىشىپ چىقىشى- سىنى تېزلەتتى. گەرچە بۇ دەۋرلەردە بىر قىسىم ئويغاق ئالىملار يېتىشىپ چىقىپ، بەزى ئىلغار پىكىرلىك ئەسەرلەرنى بارلىققا كەل- تۈرگەن بولسىمۇ، لېكىن بىر تەرەپتىن ئاھالىنىڭ 90 پىرسەنتىن كۆپرەكى ساۋاتسىز بولغاچقا، يەنە بىر تەرەپتىن خەلق بىلەن زىيا- لىيلار ئوتتۇرىسىدا تىل ئورتاقلىقى بۇزۇلغاچقا (بۇ يەردە نەزەردە تۇتقىنىمىز ئاتالمىش چاغاتاي تىلى دەپ ئاتالغان ئۆز دەۋرىدىكى ئەدەبىي تىل كلاسسىك ئەدەبىيات تىلى بولۇپ، خەلق تىلىدىن خېلىلا يىراقلىشىپ كەتكەن ئىدى)، ئۇ ئەسەرلەر خەلقىمىز ئارىسى- دا ئۇنۇملۇك رول ئويناش ئىقتىدارىنى يوقاتقان ئىدى. ئۇنىڭ ئۈستىگە، ئۇ ئەسەرلەر پەقەت بىر نۇسخا ياكى ئىككى نۇسخا كۆپەي- تىلگەنلىكى ئۈچۈن، ئۇ ئەسەرلەردىن بەھرىمەن بولۇش ئىمكانىيە- تىمۇ يوق ئىدى. ئىقتىساد جەھەتتىكى ئېغىر موھتاجلىق خەلقنىڭ

www.uyghurkitap.com

بىلىنى پۈكلىۋەتتى، يىلىكىنى قۇرۇتۇۋەتتى. ئومۇمىي خەلق مىل-
لەت سۈپىتىدە ئاڭسىز قېلىش نەتىجىسىدە، جىسمانىي جەھەتتىمۇ،
روھىي جەھەتتىمۇ ناھايىتى زەئىپلىشىپ كەتكەن ئىدى. بۇنداق
ئېغىر قىسمەتلەرنى باشتىن كەچۈرۈۋاتقان خەلقنى پەرزەنتلەرنى ياخ-
شى تەربىيىلىمىدىڭ دەپ ئەيىبكە بۇيرۇشقىمۇ بولمايتتى. ئۇلار
شۇنداق خاراب ھالەتتە ئەپلەپ - سەپلەپ جېنىنى جان ئېتىشنىڭ
ئۆزىلا چوڭ ئۇتۇق ئىدى.

قاراخانىيلار دەۋرى ۋە ئۇنىڭدىن بۇرۇنقى ئۇيغۇرلارنىڭ ئۇند-
ۋېرسال ساپاسى قاراخانىيلاردىن كېيىنكى ھەرقانداق بىر تارىخىي
دەۋردىن يۇقىرى ئىكەنلىكىنى تارىخىي پاكىتلار ئاللىبۇرۇن ئىسپات-
لىغان. بۇنىڭ ئەڭ گەۋدىلىك ئىپادىسى شۇكى، دۇنيانىكى ھەرقاي-
سى ئەللەرنىڭ مىللىي ساپا سېلىشتۇرمىسىدا ئۇيغۇرلارنىڭ مىللىي
ساپاسى ۋە مەدەنىيەت جەھەتتىكى ئۇتۇقلىرى ئەڭ ئىلغار مىللەتلەر-
نىڭ مىللىي ساپاسى ۋە مەدەنىيىتىدىن قېلىشمايتتى. مىللەتنىڭ
كۆپ قىسمى مەدەنىيەتلىك ئائىلە تۇركۇمىگە كىرەلەيتتى. چۈنكى
بۇ دەۋرلەردە بىر قىممەت قارىشى ھۆكۈمران ئىدى. نۇرغۇن مەھسۇ-
لاتلار ئۇيغۇرلارنىڭ قولىدىن چىقىپ دۇنيانىڭ ھەرقايسى جايلىرىدا
ئەزىزلىنەتتى. ئۇستىلارنىڭ قولىدىن مىڭلىغان شاگىرتلار يېتىشىپ
چىقىپ ئۇيغۇر جەمئىيىتىنىڭ مەدەنىيەت ۋە ئىقتىسادىنى ئىلگىرى
سۈرۈشنىڭ تايانچ كۈچىگە ئايلانغان ئىدى.

قاراخانىيلاردىن كېيىن ئۇيغۇلارنىڭ ئىلغار، تەرەققىيپەرۋەر
روھى ھاياتىي كۈچىنى يوقىتىپ، مىللەتنىڭ ئومۇمىي ساپاسىدا
تولىمۇ چېكىنىش ۋەزىيىتى ئىزچىل نەچچە ئەسىر داۋاملاشتى.
شۇنداق قىلىپ ئۆز دەۋرىدە ئۇيغۇرلارغا شاگىرت بولۇشقىمۇ سالاھى-
يىتى توشمايدىغان نۇرغۇن ئەللەر پەن - تېخنىكا جەھەتتە ناھايىتى
تېز ئىلگىرىلەپ، دۇنيانىڭ ئالدىنقى قاتارىغا ئۆتكەن بولسا، ئۇي-
غۇرلار قەدىمكى تۇرمۇش شەكلىنى ساقلاپ قېلىش ئۇياقتا تۇرسۇن،
بەلكى ئىپتىدائىي تۇرمۇش شەكلىگە قايتقاندەك تولىمۇ زەھىپ
ھالغا چۈشۈپ قالدى. غەرب دۇنياسىدىكى پەن - تېخنىكىنىڭ

تەرەققىياتى ئۇلارنىڭ ئىقتىسادىي ۋە مەدەنىيەت جەھەتتىكى ئورنىنى يۇقىرى كۆتۈرۈۋەتتى. ئىقتىسادنىڭ تەرەققىياتى ئۇلارنىڭ پەن - تېخنىكىسى ۋە مائارىپىنى راۋاجلاندۇرۇشنىڭ ئاساسىي تۈۋرۈكى بولۇپ رول ئويناپ بەردى. شۇنداق قىلىپ ئۇلار ئەدەبىي ئويغىنىش دەۋرى ۋە سانائەتلىشىش ئىنقىلابىنى كۈتۈۋېلىشتەك ئۇلۇغ تارىخىي پۇرسەتكە ئېرىشتى. مانا بۈگۈنكى كۈنگە كەلگەندىمۇ، ئۆز دەۋرىدە ئۇلارغا ئۇستاز بولغان بىر مۇنەۋۋەر مىللەت ئۇلارغا شاگىرت بولۇشقىمۇ سالاھىيىتى توشمايدىغان ئەھۋالغا چۈشۈپ قالدۇق، بەلكىم بۇ تارىخنىڭ مەسخىرىسىدۇر.

شۇنداق بولغانلىقى ئۈچۈن، بىز يۈسۈپ خاس ھاجىپ، مەھمۇد قەشقەرىدەك مىڭلىغان ئۇلۇغ ئىنسانلارنى تەربىيىلەپ چىققان قارىخانىلارنىڭ ئائىلە مائارىپىدىن ئىپتىخارلىنىمىز ۋە ئۇنى سېغىنىمىز. بىزگە ئۆز دەۋرىدىكى تەلىم - تەربىيىنىڭ ئەڭ ماھىيەتلىك بولغان قانۇنىيەتلىرىنى يەكۈنلەپ يەتكۈزۈپ بەرگەن «قۇتادغۇبىلىك» تىكى قىممەتلىك ئۇچۇرلاردىن ۋاقىپ بولۇش، ئۇنى ھازىرقى دەۋردىكى ئائىلە مائارىپى ئۈچۈن دەستەك قىلىشنىڭ مىللەتنىڭ ئۇنىۋېرسال ساپاسىنى يۇقىرى كۆتۈرۈش، ئائىلە تەربىيىسى ئۈچۈن ئەڭگۈشتەر قىلىشنىڭ زۆرۈرلۈكىنى تېخىمۇ چوڭقۇر ھېس قىلىمىز.

ئۇيغۇر خەلقى ئاجايىپ ئۇلۇغ پۇرسەتتە ياشاۋاتىدۇ. بۇ پۇرسەتتە ناھايىتى نازۇك ۋە كەسكىن بولغان خىرىسقا ۋە تاللاشقا دۇچ كەلدى. شۇڭا ئائىلە تەربىيىسىنىڭ مىللەتنىڭ ئۇنىۋېرسال ساپاسىنى يۇقىرى كۆتۈرۈش، ئىقتىسادىي ۋە مەدەنىيەت جەھەتتە ئۆزىنى ئوڭشىۋېلىشتا تۈنجى قەدەم ئىكەنلىكىنى، بۇ تۈنجى قەدەم پۇختا بېسىلمىسا، ئۇلۇغۋار غايىلەرنىڭ ھەممىسى كۆپۈككە ئايلىنىدىغانلىقىنى تونۇپ يەتتى. شۇنداق بولسىمۇ، مۇتلەق كۆپ ساندىكى خەلقىمىزنىڭ ياراملىق پەرزەنت تەربىيىلەش ئىقتىدارى يوق. بەزىلەر يەنىلا تېنەپ - تەمتىرەپ يۈرمەكتە. ھەتتا بەزىلەر «بىزنى ئاتا - ئانىمىزمۇ كىتاب كۆرمەي تەربىيىلىگەن ئىكەن» دەپ ئۆزىنىڭ

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

تېخىچىلا ھايۋان بىلەن ئىنسان ئوتتۇرىسىدىكى بىر مەخلۇق ئىكەنلىكىنى ھېس قىلالماي يۈرمەكتە. ئون مىليونغا يېقىن نوپۇسقا ئىگە بۇ مىللەتنىڭ تېخىچىلا كىتاب ئوقۇپ ئۆزىنى ۋە پەرزەنتىنى تەربىيىلەيدىغان ئىقتىدارغا ئىگە كىشىلىرى 0.1 پىرسەنتكە يەتمەيدۇ. بۇنىڭ ئەڭ تىپىك بىر مىسالى شۇكى مەن 2002-يىلى تۇنجى بولۇپ خەلقىمىز ئۈچۈن «ئۇيغۇرلاردا پەرزەنت تەربىيىسى» دېگەن قوللانمىنى زور ئىجتىھات بىلەن يېزىپ بەرگەن ئىدىم. ئۈچ يىل داۋامىدا ئۇنى 0.1 پىرسەنت ئادەممۇ ئېلىپ پايدىلىنىشقا ئىشتىراك قىلمىدى. ئەگەر شۇ كىتابىم يۈز ئائىلىنىڭ بىرىگە، ھەتتا مىڭ ئائىلىنىڭ بىرىگە كىرەلىگەن بولسا ئىدى. مەن شۇ جاپالىق ئەجىرىمدىن تولىمۇ رازى بولغان بولاتتىم. مەن ئۇ كىتابنى خەلققە ئەرزىگۈدەك، پايدىلىنىش قىممىتىگە ئىگە قىلىپ يازالمىغاندىمەنمۇ دەي دېسەم، كىتابنى ئوقۇغان نۇرغۇن كىشىلەر ماڭا تېلېفون بېرىپ، شۇنداق ياخشى كىتابنى يېزىپ بەرگەنلىكىڭىزگە رەھمەت دەپ، تەشەككۈر ئېيتتى. شۇنداق ئەھۋالدا يەنىلا بۇ كىتابنى يېزىشقا ئىشتىراك قىلدىم. چۈنكى بۇ مېنىڭ مەسئۇلىيىتىم. ئەگەر بۇ كىتابىمنى قەدرىگە يېتەلەيدىغان ئوقۇمۇشلۇق كىشىلەردىن مىڭى ئوقۇپ ئۇنى ئەمەلىيەتتە ئىشلىتىشكە ئىرادە قىلالىسىلا، بۇنى مېنىڭ زور ئوتۇقۇم دەپ قارايمەن. چۈنكى مەن بىلگەن، ھېس قىلغانلىرىمنى خەلقىمگە تەقدىم قىلىشنى ئىنسانىي ۋە ۋىجدانىي بۇرچۇم دەپ كېچىنى-كۈندۈزگە ئۇلاپ تىرىشىۋاتقان ئادەم. چۈنكى يۈسۈپ بوۋام ماڭا ھەم ئىنسانىيەتكە بىلىمنى جايىدا ئىشلىتىش توغرىسىدا مۇنداق تەلىم بەرگەن ئىدى:

211 كىشى كۆڭلى تۈپسىز دېڭىزدەك ئېرۇر،
بىلىم ئۈنچە ئوخشاش تۈۋىدە ياتۇر.

212 دېڭىزدىن چىقارمىسا ئۈنچە كىشى،
قالۇر پەرقسىز بولۇپ ئۈنچە ساي تېشى.

2214 گەر ئالىم ئىلمىنى چىقارمىسا تىل،
يورۇتماس ئۇنىڭ ئىلمى ياتسىمۇ يىل.

قەدىمكىلەر «نادانغا ھېكمەت سۆزلىسەڭ زايا كېتىدۇ» دېگەن، يۇسۇپ خاس ھاجىپ بۇ مەنىنى: «مەن سۆزلىرىمنى بىلىملىكلەرگە سۆزلىدىم؛ بىلىمسىزلەرنىڭ تىلىنى بىلمەيمەن. بىلىمسىزلەرگە ھېچقانداق سۆزۈم يوق. ئەي ئالىم، مەن سېنىڭ قۇلۇڭمەن» دەپ ئىپادىلىگەن. شۇنداق، مەنمۇ قەدرىگە يېتىدىغانلارغا بىلگەنلىرىمنى دەۋرەي، دەپ بۇ نازۇك ۋە مۇرەككەپ مەسئۇلىيەتلىك ئىشنى قىلدىم، ھەقىقەت دېگەننى قانچە قېتىم تەكرارلىساڭمۇ ئوشۇقلۇق قىلمايدۇ، دېگەن گەپ بارغۇ، قالغىنى خەلقىمىزنىڭ ئىنساپىغا ئامانەت! بىراق پەرزەنتلىرىمىزنىڭ ھاياتىدا ئېرىشىش مۇمكىن بولغان بەھرىمەنلىك ھوقۇقىغا خىيانەت قىلىشقا ھېچقانداق ئادەمنىڭ ھەققى يوق!

www.uyghurkitap.com

مەسئۇل مۇھەررىرى: پالتاخۇن ئەۋلاخۇن
مەسئۇل كوررېكتورى: قەييۇم تۇرسۇن
مۇقاۋىنى لايىھەلىگۈچى: نۇرمۇھەممەت ئۆمەر ئۇچقۇن

«قۇتادغۇبىلىك» تەتقىقاتى

(2)

# يۈسۈپ خاس ھاجىپنىڭ ئائىلە تەربىيىسى

يارمۇھەممەت تاھىر تۇغلۇق

---

شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى نەشرىياتى نەشر قىلدى
(ئۈرۈمچى شەھىرى غالىبىيەت يولى №14، پوچتا نومۇرى: 830046)
شىنخۇا كىتابخانىلىرى تەرىپىدىن سېتىلىدۇ
ئۈرۈمچى شەھەرلىك جياخۇا مەتبەئەچىلىك چەكلىك
مەسئۇلىيەت شىركىتىدە بېسىلدى
فورماتى: 787×1092 مم 1/32 باسما تاۋىقى: 13.875 قىستۇرما ۋاراق: 2
2006 - يىل 12 - ئاي 1 - نەشرى
2007 - يىل 2 - ئاي 1 - بېسىلىشى
تىراژى: 0001 — 5000

---

ISBN 7-5631-2078-5 ئومۇمىي باھاسى: 40.00 يۈەن
يەككە باھاسى: 20.00 يۈەن